
سەيمىل خانتىڭتون (ئامېرىكا)

# مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى


## ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



سەيمىل خانتىڭتون — زامانىمىزدىكى داڭلىق سىياسىي مۇتەپەككۇر. ئۇنىڭ «ئۆزگىرىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ سىياسىي تەرتىپى» (1968)، «ئۈچىنچى دولقۇن: 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى دېموكراتىيىلىشىش» (1991)، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» (1996) قاتارلىق ئەسەرلىرى دىققەتكە سازاۋەر. خانتىڭتون خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئىستراتېگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇدىرى. ئۇ ئالىي دەرىجىلىك دۆلەت خادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى. ئۇ «دىپلوماتىيە سىياسىتى» ناملىق پەسىللىك ژورنالنى تەسىس قىلىپ،



سەيمىل خانتىڭتون(ئامېرىكا)

# مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى

## ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئادىل ئابدۇقادىر



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

文明的冲突与世界秩序的重建 / (美)享廷顿著； 阿布都热依木译。乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003．12

ISBN 7 - 228 - 08373 - 3

I. 文… II. ①享… ②阿… III.国际政治 - 研究 - 维吾尔语 （中国少数民族语言） IV. D5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2003）第 102406 号

责任编辑：艾则孜 . 吐尔迪
责任校对：艾杰尔古丽 . 吐尔逊
封面设计：铁然

**文明的冲突与世界秩序的重建** （维吾尔文）

（美）塞缪尔·享廷顿 著

阿布都热依木·多来提
阿迪里·阿布都卡迪尔 译

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐解放南路 348 号 邮政编码：830001）
新疆新华书店发行
新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 22 印张 2 插页
2003 年 11 月第 1 版 2003 年 11 月第一次印刷
印数：1 — 5000

ISBN 7 - 228 - 08373 - 3 定价:25.00

# مۇندەرىجە

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز ........................ 1
تەرجىماندىن ........................................ 36
كىرىش سۆز ......................................... 39

## I بۆلۈم كۆپ مەدەنىيەتلىك دۇنيا

بىرىنچى باب دۇنيا سىياسىيسىنىڭ يېڭى ئېراسى ..................1
مۇقەددىمە: بايراق ۋە ھەزارەت سالاھىيىتى.......................... 1
بىر كۆپ قۇتۇپلۇق، كۆپ مەدەنىيەتلىك دۇنيا........................ 11
باشقا دۇنيا ........................................................ 17
ئوخشاشمىغان دۇنيانىڭ سېلىشتۇرمىسى: رېئالىزم ئاددىيلاشتۇرۇش ۋە پەرەز قىلىش ........................................ 31
ئىككىنچى باب تارىختىكى ۋە بۈگۈنكى مەدەنىيەتلەر ....................40
مەدەنىيەتنىڭ خاراكتېرى ............................................ 40
مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ............................... 57
ئۈچىنچى باب ھەممىباب مەدەنىيەت، زامانىۋىلىشىش ۋە غەربلىشىش ..72
ھەممىباب مەدەنىيەت: مەنىسى....................................... 72
ھەممىباب مەدەنىيەت: كېلىپ چىقىش مەنبەسى ....................... 91
غەرب ۋە زامانىۋىلىشىش ............................................. 96
غەرب ۋە زامانىۋىلىشىشقا بولغان ئىنكاس .......................... 105

## II بۆلۈم ئۆزگىرىۋاتقان مەدەنىيەتلەر مۇۋازىنىتى

تۆتىنچى باب غەربنىڭ ئاجىزلىشىشى: كۈچ، مەدەنىيەت ۋە يەرلىكلىشىش ..................................................... 118

غەربنىڭ كۈچى: ھۆكۈمرانلىق ۋە ئاجىزلىشىش ........................ 118
يەرلىكلىشىش: غەيرىي غەرب ھەزارەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى........................ 138
خۇدانىڭ قىساس ئېلىشى........................................................ 147
بەشىنچى باب ئىقتىساد، نوپۇس ۋە رەقىب مەدەنىيەتلەر .............. 162
ئاسىيانىڭ ئۆزىنى تەكىتلىشى .................................................... 163
ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى ........................................................ 176
خىرىستىنىڭ ئۆزگىرىشى........................................................... 197

## III بۆلۈم شەكىللىنىۋاتقان مەدەنىيەتلەر تەرتىپى

ئالتىنچى باب يەر شارى سىياسىيسىنىڭ ھەزارەت جەھەتتە
ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ........................................................ 201
ئىتتىپاق تۈزۈشنى كۆزلەش: سالاھىيەت سىياسىيسى ................ 201
ھەزارەت ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ........................................ 212
مەدەنىيەتلەر قۇرۇلمىسى........................................................ 222
ئارىسالدى دۆلەتلەر: مەدەنىيەت ئۆزگەرتىشنىڭ مەغلۇبىيىتى.......... 231
يەتتىنچى باب يادرو دۆلەتلەر، چەمبىرەك ۋە مەدەنىيەت تەرتىپى ...... 266
مەدەنىيەت ۋە تەرتىپ ........................................................ 266
غەرب چېگراسىنىڭ شەكىللىنىشى ........................................ 269
روسىيە ۋە ئۇنىڭ يېقىن قوشنىلىرى ...................................... 283
جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ ئورتاق گۈللىنىش چەمبىرىكى.......................... 292
ئىسلام: ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى يوق ئاڭ.................................... 306

## IV بۆلۈم مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى

سەككىزىنچى باب غەرب ۋە غەيرىي غەرب مەدەنىيەتلىرى ئارىسىدىكى
مەسىلىلەر.................................................................. 317
غەربنىڭ ھەممىباپچىلىقى...................................................... 317
قوراللارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى............................................... 323
كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە............................................. 337
كۆچمەنلەر.................................................................... 350
توققۇزىنچى باب كۆپ مەدەنىيەتلىك يەر شارى سىياسىيسى .......... 367

يادرو دۆلەت ۋە ئۇزۇك سەپ توقۇنۇشى ........................ 367
ئىسلام ۋە غەرب ........................................ 372
ئاسىيا: جۇڭگو ۋە ئامېرىكا........................................ 391
مەدەنىيەت ۋە يادرو دۆلەت: شەكىللىنىۋاتقان ئىتتىپاق ................ 437
ئونىنچى باب ئۆتكۈنچى ئۇرۇشتىن ئۇزۇك سەپ ئۇرۇشىغىچە .......... 453
ئۆتكۈنچى ئۇرۇش: ئافغانىستان ئۇرۇشى ۋە پارس قولتۇقى ئۇرۇشى...... 453
ئۇزۇك سەپ ئۇرۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ...................................... 466
قانلىق ئىسلام چېگراسى............................................... 472
سەۋەب: تارىخ، نوپۇس ۋە سىياسىي ....................................... 481
ئون بىرىنچى باب ئۇزۇك سەپ ئۇرۇشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى 497
سالاھىيەت: مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى ................................ 497
مەدەنىيەتلەرنىڭ يىغىلىشى: تۇغقان دۆلەتلەر ۋە مۇھاجىرلار.............. 510
ئۇزۇك سەپ ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇش........................................ 551

## V بۆلۈم مەدەنىيەتلەرنىڭ كەلگۈسى

ئون ئىككىنچى باب غەرب، ھەرخىل مەدەنىيەتلەر ۋە دۇنيا مەدەنىيىتى
567 ..............................................................
غەربنىڭ تىرىلىشى............................................................ 567
دۇنيادىكى غەرب .............................................................. 582
مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش ۋە تەرتىپ ................................ 591
مەدەنىيەتنىڭ ئورتاقلىقى......................................................... 603

ئىزاھات ................................................................ 612

# ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز

سەيمىل خانتىڭتون دېگەن بۇ ئىسىم ئۆزلىرىنىڭ بۇگۇنكى ۋە كەلگۈسىدىكى تۇرلۇك مەنپەئىتىگە هوشيار مۇئامىلە قىلىدىغان سىياسىي خەلقلەر ئۈچۈن بەكلا تونۇش. لېكىن، ئۇ ئۇيغۇر جامائىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېخىچە ياتتۇر. بىر قىسىم ئوقۇغان ياشلار خانتىڭتون ئەپەندىنىڭ نامى، ئەسەرلىرى ۋە سىياسىي قاراشلىرىدىن ئاز-تولا خەۋەردار، ئەمما ئۇلارغىمۇ خانتىڭتون تەپەككۇر دۇنياسى سىستېمىلىق تەرزدە مەلۇم ئەمەس. مانا بۇ ئۇيغۇر ئوقۇمۇشلۇقلىرىدا دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيىتىنى تەرەققىيات بىلەن ماس قەدەمدە چۈشىنىشنىڭ تېخى باشلانمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

سەيمىل خانتىڭتون زامانىمىزدىكى داڭلىق سىياسىي مۇتەپەككۇر. ئۇنىڭ «ئۆزگىرىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ سىياسىي تەرتىپى» (1968)، «ئۈچىنچى دولقۇن: 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى دېموكراتىيىلىشىش» (1991)، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» (1996) قاتارلىق ئەسەرلىرى دىققەتكە سازاۋەر. خانتىڭتون خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئىستراتېگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ لىدىرى. ئۇ ئالىي دەرىجىلىك دۆلەت خادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى. ئۇ «دىپلوماتىيە» ناملىق پەسىللىك ژورنىلىنى تەسىس قىلىپ، 1977- يىلىغا قەدەر مەزكۇر ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن. سەيمىل خانتىڭتون سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە دۇنيادىكى ھەر قايسى سىياسىي پىكىر مۇنبەرلىرىدە دائىم تىلغا

ئېلىنىپ تۇرىدىغان شەخس بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ 1993-يىلى «دىپلوماتىيە» ناملىق پەسىللىك ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىمۇ؟» ناملىق ئەسىرى سەۋەبچى بولدى. بۇ ئەسەر خەلقئارادا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى، ھەتتا خانتىڭتون ئەپەندىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە قارشى چۇقانلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. جۇڭگو قاتارلىق ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدە تېخىمۇ شۇنداق بولدى. «دىپلوماتىيە» ناملىق پەسىللىك ژۇرنالدا خانتىڭتونغا رەددىيە بېرىدىغان يەتتە پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. خانتىڭتون بۇنىڭغا جاۋابەن يەنە شۇ ژۇرنالدا «مەدەنىيەت توقۇنۇشى بولماي نېمە؟» (قوشۇمچە ماۋزۇسى: «سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ ئەندىزىسى») دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ نۆۋەتتىكى دۇنيانىڭ سىياسىي تەرتىپىدە مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئامىل بولىدىغانلىقىنى تېما قىلغان ئەسەرلىرى ئاساسىدا 1996- يىلى «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا تۈزۈلۈشى» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇردى.

بۇ كىتابنىڭ كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىغا بولغان تەسىرلىرى ھەققىدە نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. بۇ ھەقتە ئامېرىكىنىڭ نىكسون دەۋرىدىكى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ھەم زامانىمىزدىكى نوپۇزلۇق سىياسىئون ھېنرى كىسىنگېر مۇنداق دەيدۇ: «خانتىڭتون غەربتىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر سىياسىئونلارنىڭ بىرى. ئۇ نۆۋەتتىكى يەر شارى سىياسىتىنىڭ رېئاللىقىنى چۈشىنىشتە پەۋقۇلئاددە چاقىرىق خاراكتېرلىك ئانالىز رامكىسىنى تەمىن ئەتتى»[1]. ئامېرىكىنىڭ يەنە بىر مەشھۇر سىياسىئونى زبىگنىگ برژىنىسكىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بىر ئەقلىي رەۋىشتىكى نادىر ئەسەر، ئۇنىڭ پىكرى يارقىن، تەسەۋۋۇرى مول، كىشىنى چوڭقۇر

[1] پەن جۇڭجى: « «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»نى ئوقۇغاندا تەكلىپ»، مەزكۇر كىتابنىڭ خەنزۇچە نەشرىگە قوشۇمچە، 419- بەت، شىنخۇا نەشرىياتى 1999- يىلى يانۋار 2-نەشرى.

ئۈيلاندۇرىدىغان بولۇپ، بىزنىڭ خەلقئارادىكى ئىشلارنى چۈشىنىشىمىزدە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى[1]. ھەتتا خانتىڭتونغا قارشى مەۋقەدە ئەسەر ئېلان قىلغان گېرمانىيىلىك سىياسىئون ھېرالد مېللېرمۇ ئۇنىڭ تەسىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ مۇھىمى ‹مەدەنىيەت توقۇنۇشى› دېگەن بۇ ئىبارە بىزنىڭ سىياسىي نۇتۇقلىرىمىز ۋە گېزىت-ژۇرناللىرىمىزدا دائىم ئۇچرايدىغان سۆزگە ئايلاندى. بۇ ئەھۋال كىشىنى راستتىنلا ئەندىشىگە سالىدۇ»[2]. مېللېر بۇ يەردە بىر مىللەتنىڭ لۇغەت بايلىقىغا كىرگەن تېرمىن ۋە ئۇقۇملارنىڭ ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇللىرى ۋە تۇرمۇش يوسۇنلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەن. دەرۋەقە «سىنىپىي كۈرەش»، «يومېشچىك»، «دىكتاتورا»، «دېموكراتىيە»، «كىشىلىك ھوقۇق»، «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك» دېگەن ئۇقۇملار ھەرگىزمۇ بىزنىڭ تىلىمىزدىكى ئالاقە ئىستېمالى ئەمەس، بەلكى پىكىرلىرىمىزنى ئەنئەنىمىز ئوربىتىسىدىن چىقىرىدىغان ۋە بىزنى ئۆزگىچە قىممەت قارىشىنىڭ زاپچاسلىرىغا ئايلاندۇرىدىغان روھىي تەپىكۇلەردۇر. «بىز ئۇقۇملارنى ئىشلەتكەنسېرى شۇ ئۇقۇملارنىڭ مۇخلىسلىرىغا ئايلىنىپ قالىمىز. بىر ئۇقۇمنىڭ كەڭ تارقىلىشى شۇ ئۇقۇمغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش خەۋپىنىڭ زورايغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ»[3] دەيدۇ مېللېر. غەربچە قىممەت قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سىياسىي، پەلسەپىۋى ئۇقۇملار 20- ئەسىردىن ئېتىبارەن ئەڭ خىلۋەت شەرق دۆلەتلىرىنىڭ مەتبۇئاتلىرىدىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى، ھەتتا غەربتىن تامامەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىسلام ئەللىرىنىڭ بەزى مۇتەپەككۇرلىرىمۇ غەربچە سىياسىي ئاتالغۇلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا يولۇقتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىمۇ يۇسۇپ

[1] « ‹مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى›نى ئوقۇشقا تەكلىپ» 419- بەت.
[2] ھېرالد مېللېر (گېرمانىيە)، «مەدەنىيەتلەرنىڭ بىللە مەۋجۇتلۇقى»، 11- بەت، شىنخۇا نەشرىياتى 2002-يىلى 1- نەشرى، خەنزۇچە.
[3] « ‹مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى›نى ئوقۇشقا تەكلىپ» 11- بەت.

خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىق كلاسسىكلىرىمىزنى ياۋروپادىن كەلگەن نەزەرىيىۋى ئەندىزىلەر بىلەن باھالاپ، ئۇلارنى سىنىپىي كۆرەش تەلىماتى ۋە ماتېرىيالىزم قاراشلىرىنىڭ جاۋابكارلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتى. فارابىي ئۆزىدىن ئون ئەسىر كېيىن ئاپىرىدە بولغان غەرب ئاتېئىزمچىلىرىنىڭ ئەگىلىكىدە تاسقالدى. بۇ ئەھۋاللار «مەدەنىيەت توقۇنۇشى» ئۇقۇمى مودا بولۇۋاتقان ھازىرقى كۈنىمىزدە مەدەنىيىتىمىزنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈشىمىز ئۈچۈن ئەقەللىي يىپ ئۇچلىرىنى بېرىدۇ.

20- ئەسىردىكى خەلقئارا تەرتىپتە غەرب رېژىسسورلۇق ئورنىنى ئالدى. ئوسمانىيلارنى پارچىلاشتا ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى غەرب مىللەتچىلىك بىلەن دېموكراتىيىنى قورال قىلدى. ئوتتۇرا شەرقتە تارىختا مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان يېڭى دۆلەتلەر بارلىققا كېلىپ، مىللەت سۆپىتىدىكى ئەرەبلەرمۇ پارچە-پارچە دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ستالىنىزمنىڭ تېررورلۇقى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى تارىختىن بۇيانقى ئېتنىك پۈتۈنلۈكىنى يوقىتىپ، «مىللەت» گەۋدىسى سۆپىتىدىكى رېسپوبلىكىلارغا ئايرىلدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، 1945- يىلى يالتا يىغىنى ئېچىلدى. غەرب تەپەككۇرىنىڭ ئىككى پۇشتى بولمىش كاپىتالىزم بىلەن كوممۇنىزمنىڭ ۋەكىللىرى روزۋېلت، چېرچىل، ستالىن بىر يەرگە جەم بولۇپ، دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسىنى يېڭىۋاشتىن سىزىشتى. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى دۇنياۋى تەرتىپ پەيدا بولۇپ، سان-ساناقسىز ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەقدىرى يالتىدا توغۇلغان شەكىلسىز كۆلەڭگىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالدى. دۇنيا كاپىتالىزم ۋە كوممۇنىزمدىن ئىبارەت ئىككى لاگېر ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى دەۋرىگە كىردى. مانىي دىنىدا تەسۋىرلەنگەن دوست-دۈشمەن، ياخشى-يامان ئۇقۇملىرى سىياسىي ساھەدىن ئورۇن ئېلىپ، ئىنسانىيەت بىر-بىرىنى ھەزىرتى ئادەمنىڭ پەرزەنتلىرى دېيىشتىن كۆرە رەقىب ۋە «سىنىپىي دۈشمەن» قاتارىدا

كۆرىنىدىغان بولۇپ كېتىشتى. بۇ خىل يۈزلىنىش بىر قىسىم سىياسىئونلار تەرىپىدىن «سىياسەت مانىزمى»[1] دەپ ئاتالدى. تارىخ 20- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، دۇنيا سىياسىي سەھنىسىنىڭ رېژىسسورلۇقى ئامېرىكىغا ئۆتتى. ئامېرىكا ئۆزىنى دېموكراتىيە ۋە ئادالەتنىڭ ئەلچىسى دەپ ئاتىدى، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى يادرو قىلغان كوممۇنىزم سېپىگە ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشى يۈرگۈزدى. سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ھەر قايسى قاتلىمىدىكى چىركىنلىك زور ھەربىي قۇۋۋەتكە ئىگە بۇ ئىمپېرىيىنىڭ ئىچ باغرىنى ساقايغۇسىز كېسەللەرگە گىرىپتار قىلىپ، ئاخىر يىمىرىپ تاشلىدى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كاپىتالىزم زەپەر تەنتەنىسى ئىچىدە قەددىنى تېخىمۇ رۇسلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئامېرىكىلىق ياپون سىياسىئونى فرانسىس فۇكۇياما «تارىخنىڭ ئاخىرى ۋە ئاخىرقى ئادەم» دېگەن كىتابىنى ئېلان قىلىپ، يېڭى دۇنيا ھەققىدىكى قىياسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ غەرب دېموكراتىيىسى فاشىزم ۋە كوممۇنىزمدىن ئىبارەت ئىككى دۈشمىنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى، دۇنيا دېموكراتىيە بايرىقى ئاستىدا ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىققا يۈزلىنىپ، ئەركىن سودا تېخىمۇ راۋاجلىنىدۇ، غەربچە قىممەت قارىشى ھەممە يەرنى قاپلايدۇ، دېدى. بۇنى 1989- يىلى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ئۈمىدۋار كەيپىياتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىپادىسى دېيىشكە بولاتتى. «تارىخنىڭ ئاخىرى»، «دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپى»، «تارىخنىڭ بۇرۇلۇشى»، «كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ يېتىپ كېلىشى» دېگەن ئىبارىلەر ئىقتىسادشۇناسلار ۋە ئىلىم مەسىلىلىرى ساھەلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان بولدى. لېكىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ سىياسىي رېئاللىقى قانداق بولىدۇ؟ بىزنىڭ ھاياتلىق شارائىتىمىزدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟ ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى

---

[1] « رەمەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»نى ئوقۇشقا تەكلىپ» 19- بەت.

قانداق ھەل قىلىمىز؟ بۇ سوئاللار ئۈچۈن ھەر قانداق بىر پەرەزنى نوپۇزلۇق پىكىر سۈپىتىدە قوبۇل قىلغىلى بولمايتتى. دۇنيانىڭ سىياسىي يۈزلىنىشى كىشىلەرنىڭ بىلىش رامكىسىدىن زىيادە ھالقىپ كەتكەنىدى. ئۈمىدۋارلىق كۆپ ھاللاردا رېئاللىققا قويۇلغان توغرا دىئاگنوزنىڭ نەتىجىسى بولماي، كىشىلەردىكى سۇبيېكتىپ ئارزۇلارنىڭ مۇبالىغە ھالىتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدىن كېيىن ئادالەت ۋە دېموكراتىيىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئۈمىد باغلىغان كىشىلەر بۇ قىسقا مۇددەتلىك ئۆتكۈنچى تارىخنىڭ مازاق قىلىشىغا ئۇچرىدى. پەلەستىن ۋە چېچېنىيىدىكى قانلىق توقۇنۇشلار، كوسوۋودىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقلار، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى نائىلاج سىياسىي قىياپەتلەر 12- ئەسىرنىڭ ئۆيلىغاندەك ئىس-تۈتەكسىز، ئىناق، باياشات، خاتىرجەم ئەسىر بولالمايدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلەر ھەربىي ھازىرلىقلار خام چوتىنى بەس-بەستە كۆپەيتىشى، تەبەسسۇمگە ئورالغان دىپلوماتىيە ئويۇنلىرىنىڭ شىددەتلىك ھەم مۇرەككەپ تۈس ئېلىشى تىنچلىققا بولغان ئىشەنچىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. چۈنكى، بىز ھەقىقىي تىنچلىققا كاپالەت بېرەلەيدىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ئاتموسفېرانىڭ ھىدىنى تېخى ھىدلىيالمىدۇق.

قان قانىنى تۇغىدۇ، ئۇرۇش ئۇرۇشنى تۇغىدۇ. سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىنىڭ بالىياتقۇسىدا نۆۋەتتىكى ئۆچ-ئاداۋەتنىڭ ھامىلىسى يېتىلمەكتە ئىدى. قارىماققا سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى تەلتۆكۈس ئاخىرلاشقاندەك قىلىسمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن قالغان يادرو تەھدىتى ئىنسانىيەتنىڭ بېشىدىن تېخى كەتكىنى يوق، بەلكى ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسىي ئويۇنلارنىڭ كوزىرىغا ئايلانماقتا. كۆرۈنمەس، ئەمما مۇقەررەر بولغان تۈرلۈك تەھدىتلەر ئۆزىنىڭ بەتبەشىرە ئەلپازىنى سەيمىل خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا تۈزۈلۈشى» ناملىق ئەسىرىدە خېلى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. فرانسىس فۇكۇيامانىڭ ئۈمىدۋارلىقىغا تامامەن زىت بولغان بىر قىياس

كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جىددىي تارتىدۇ. «سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم پەرق ئاڭ فورمىسىدا، سىياسىي ياكى ئىقتىسادتا بولماستىن، بەلكى ھەزارەتتە بولىدۇ. ئىنسانلار دۇچ كېلىشى مۇمكىن بولغان ئەڭ تۈپ مەسىلىگە خەلق ۋە مىللەت جاۋاب تېپىشقا ئۇرۇنماقتا. بۇ مەسىلە: دەل مەن كىم؟ دېگەن مەسىلىدۇر» دەيدۇ خانتىڭتون ئەپەندى كىتابىنىڭ بېشىدىلا. ئۇ يەنە: «كىشىلەر ئەجدادى، دىنى، تىلى، تارىخى، قىممەت قارىشى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە تۈزۈملىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بېكىتىدۇ» دەيدۇ، ئۇ ئارقىدىنلا «بىز ئۆزىمىزنىڭ كىم ئەمەسلىكىمىزنى ۋە كىمگە قارشى تۇرىدىغانلىقىمىزنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى چۈشەنگەن بولىمىز». خانتىڭتون دەۋاتقان كىملىك مەلۇم ئورتاق ياشامغا تەۋە كونكرېت بىر شەخسنىڭ، شۇنداقلا بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ كوللېكتىپ كىملىكىدۇر. كوللېكتىپ كىملىك شەخسنىڭ ئۆز كىملىكىنى بايقىشى ۋە قۇرۇپ چىقىشى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. سابىق يۇگوسلاۋىيىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە سېربلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش دەل ئۇلارغا تەۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزگىلەردىن پەرقلەندۈرۈشىدىن كەلگەن. جەڭگاھتا پارتلاۋاتقان نەرسە بومبا ئەمەس، ئىدىيە. «دۆلەتلەرنىڭ گۇرۇپپىلىنىشى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى دەۋرىدىكىدەك ئۈچ گۇرۇھ بويىچە بولماستىن، دۇنيادىكى يەتتە-سەككىز ئاساسلىق مەدەنىيەت بويىچە بولىدۇ» دەيدۇ خانتىڭتون يېڭى ئەسىردىكى دىپلوماتىيە كۆرۈنۈشى توغرىلىق. ئۇنداقتا، ئۇ دەۋاتقان يەتتە-سەككىز مەدەنىيەت قايسى؟

ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيە قىتئەسىدىكى غەرب خرىستىئان مەدەنىيىتى؛

سلاۋيانلارنى ئاساس قىلغان پراۋوسلاۋىيە مەدەنىيىتى؛

ئوتتۇرا ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر قىسىم رايون، فىلىپپىن،

NIEDERSÄCHS. STAATS- U. UNIV. BIBLIOTHEK GÖTTINGEN

مالايسىيا، ھىندىنوزىيىلەرنى قاپلىغان ئىسلام مەدەنىيىتى؛

ھىندىلارنى ئاساس قىلغان بۇددا مەدەنىيىتى؛

ياپون مەدەنىيىتى؛

جۇڭگو ۋە شەرقىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى كۇڭزى مەدەنىيىتى؛

ئافرىقا مەدەنىيىتى (بىرلىككە كېلىش ئىپادىلىرى ئېنىق بولمىغان تۈركۈم)؛

لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتى؛

لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتىنىڭ خاسلىقى ئانچە روشەن ئەمەس بولۇپ، يەنىلا غەرب مەدەنىيىتى لاگېرىغا كىرىدۇ. خانتىڭتون ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇپەسسەل توختىلىپ كەتمىگەن. ئۇ يېقىنقى ئەسىردىكى خەلقئارا توقۇنۇشنىڭ ئوت كۆچى خرىستىئان مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەت» چۈشەنچىسىنىڭ نېگىزىدە دىن تۇراتتى.

كۇڭزى مەدەنىيىتىمۇ خرىستىئان مەدەنىيىتىگە قارشى ھالدا ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بىرگە تۇرىدۇ، دېگەننى كۆڭۈل قويۇپ شەرھلەيدۇ. ئۇ يۇقىرىقى مەدەنىيەتلەر تۈركۈمىنى يادرو دۆلەت ئۇقۇمى ئاساسىدا تەركىبلەيدۇ. ئۇنىڭ يادرو دۆلەت دېگىنى نېگىزلىك قىممەت قاراش جەھەتتە ھەمشىرە دۆلەتلەر بىلەن بىردەك بولغان ھەمدە ھەربىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي كۈچ جەھەتتە ئۇلارغا يېتەكچى بولالايدىغان چوڭ دۆلەتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئامېرىكا ۋە غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر خرىستىئان مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى، جۇڭگو شەرقىي ئاسىيادىكى كۇڭزى مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى، روسىيە پراۋوسلاۋىيە مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى، ياپونىيە ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى، ھىندىستان بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى. بۇ يەردە يادرو دۆلىتى بولمىغان مەدەنىيەتتىن ئافرىقا، ئىسلام مەدەنىيەتلىرى قالدى. خانتىڭتون

سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىران، ئىراق، تۈركىيە، پاكىستان، ھىندىنوزىيە، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرگە بىرمۇبىر قاراپ چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدە مۇسۇلمان ئۈممەتلەرگە ھەقىقىي ۋەكىل بولغۇدەك سالاھىيەت يوق بولۇپ چىقىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ بەزىسى قەبىلىچى، بەزىسى مىللەتچى، بەزىسى نامرات، بەزىسى غەربپەرەس، بەزىسى ئاجىز، بەزىسى مەھكۇم بولۇپ، 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قېقىلغان غەرب ئىشغالىيىتىنىڭ مىخلىرى ئۇلارنى گۇمراھلىققا بەنت قىلىپ تۇراتتى. ئاپتور تۈركىيىنىڭ دۆلەت كىملىكى ھەققىدە خېلى كۆپ توختالغان بولۇپ، مۇستاپا كامالنىڭ غەربچىلىك ئۇرۇنۇشلىرىنى بىچارە قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ: بۈگۈنكى كۈندە تۈركىيىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتى ۋە پارلامېنتى غەربچە قىممەتنى ئۈلگە قىلىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ خەلقى ئىسلامىي ئەقىدىدە. شۇڭا، تۈركىيە ياۋروپا بىرلەشمىسىگە ئەزا بولۇشنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئارزۇ قىلىپ، غەرب دۆلەتلىرىگە دىپلوماتىيىلىك يولغا قويۇش رەۋىشىدە بوپكەلگەن بولسىمۇ، كوممۇنىزم لاگېرىدىن تېخى يېقىندا دۇكان ئايرىپ چىققان شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى. تۈركىيە بولسا ئاسما ھالەتتە قېلىۋەردى (Secularism ئەلمانىيە ـــ دىن بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ ئاجرىلىشى). ئەرەبلەرنى بىر-بىرى بىلەن كېلىشەلمەيدىغان پارچە دۆلەتلەرگە بۆلۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ خەلقلىرىنىڭ قەلبىدە ئىمان، پادىشاھلىرىنىڭ قەلبىدە شەيتان، تۈگىمەس تىنچسىزلىق ۋە نامراتلىق مانا شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇنى خانتىڭتون «يادرو دۆلەتنىڭ بولماسلىقى ئىسلام ئەللىرىدىكى ئىچكى-تاشقى توقۇنۇشلارنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ۋە ئالاھىدىلىكى» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ «يادرو دۆلەت» دېگىنىنى بىز ئۆزىمىزنىڭ گېپى بويىچە «باشپاناھ» دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ.

خانتىڭتون كىتابىدا بۈگۈنكى غەرب مەدەنىيىتى ئۈستۈن ھەربىي كۈچ ۋە ئىقتىسادىي كۈچ يۈزىسىدىن باشقا مەدەنىيەتلەردىن غالىبتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى ئىچ-ئىچىدىن

خوراشقا باشلىدى، دەيدۇ ۋە ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدىكى غەرب مەدەنىيىتى ئىسلامغا بەس كېلەلمەيدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىسلام مۇكەممەل ھاكىمىيەت سىستېمىسى، ئەخلاق سىستېمىسى ۋە بىلىش سىستېمىسىغا ئىگە بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان روھانىيلىق ئەمەس ئىدى. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا ئىسلامنىڭ ئىچكى كىرىۋالغان بىدئەتلەرنى تازىلاپ، پەرز ۋە سۈننەتلەرنىڭ ئەينىيىتى ۋە تەتبىقى بويىچە ئىش كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان كۈچلەر ئۇتتۇرىغا چىقتى. «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى» دېيىلىۋاتقانلار ئەنە شۇلار بولۇپ، غەرب دەل مۇشۇلاردىن ئەنسىرەيتتى.

روشەنكى، شالغۇتلاشقان ئېتىقاد شۇ ئېتىقادنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن پىكرىي مۇجمەللىك، ھاياتىي سەرسانلىق ئەكىلىدۇ. بۇ دەل يات قىممەت قاراشلارنى پىلانلىق سىڭدۈرگۈچىلەرنىڭ تەنتەنىسىدۇر. پارس قولتۇقىدىكى رايونلار ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ غەربلىكلەرنىڭ زىيابەت ئۈستىلىگە ئايلىنىشى بۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى مىسالدۇر. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئىنتېرنېتتىن مۇنداق بىر سۆھبەتنى ئوقۇغانىدىم: سۆھبەتتە بىر مۇخبىر ئىسرائىلىيىنىڭ سابىق باش مىنىستىرى نىتانياھودىن 1998- يىلى 12- دېكابىردا مۇنداق سورىغان:

—— مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى ئەينى چاغدا سىلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا تۈگىشىدۇ، دېگەنىكەن، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

نىتانياھو مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

—— ئۇلارنىڭ قولىدا ھالاك بولىدىغان يەھۇدىيلار بىز ئەمەس. چۈنكى، بىزنى ھالاك قىلالايدىغان ئەرەب مۇسۇلمانلار بۇنداق ھالەتتىكى مۇسۇلمان ئەمەس.

نىتانياھونىڭ جاۋابىنى بۈگۈنكى ئەرەب ئەللىرى توغرىسىدىكى رېئال، ئوبيېكتىپ تەسۋىر دېيىشكە بولاتتى. ئۇ بۈگۈنكىدەك ئايىنىپ

كەتكەن ئەرەبلەردە ئۇيۇشۇش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دېمەكتە ئىدى. ئۇ دەۋاتقان «يەھۇدىي» ماھىيەتتە غەرب مەدەنىيىتىدۇر. چۈنكى، بۈگۈنكى غەرب مەدەنىيىتى يەھۇدىي دىنى ۋە گرېك پەلسەپىسىنىڭ ئەنئەنىلىرى ئاساسىدىكى تەرەققىيات ئىكەنلىكى كۆپچىلىككە ئايان.

خانتىڭتوننىڭ كۆرسىتىشىدە، غەيرىي غەرب ئەللىرى زامانىۋىلىشىش ۋە غەربلىشىش مەسىلىسىگە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل پوزىتسىيە تۇتۇشى مۇمكىن ئىكەن:

1. ئىنكارچىلىق — غەربلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىشنى مۇتلەق رەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

2. كامالىزم — مائارىپ، قانۇن، ئىدىيىلەردە غەربلەشكەن ھالدا زامانىۋىلىشىش ۋە باي بولۇش مەقسىتىگە يېتىش.

3. ئىسلاھاتچىلىق — تۈپ قىممەت قاراش ۋە ئېتىقادنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ زامانىۋىلىشىش، لېكىن غەربلەشمەسلىك.

خانتىڭتون كامالىزمچە پوزىتسىيىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كەسكىن رەۋىشتە ئىزاھلاپ ئۆتىدۇ. ئۇ بۇنداق پوزىتسىيە كىشىلەرنى يەرلىك مەدەنىيەتتىن چەتلىتىش بىلەن بىرگە ھەقىقىي غەربلىشىشكىمۇ ئېلىپ بارمايدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. دېمىسىمۇ تۈركىيىنىڭ ھازىرقى تەڭقىسلىق ۋە موھتاجلىق ھالىتى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. خانتىڭتون ياپونىيىنى ئۈچىنچى خىل پوزىتسىيىگە مىسال قىلىدۇ. بىز ئەمدى «زامانىۋىلىق» دېگەن ئاتالغۇغا دۇچ كېلىۋاتىمىز. «زامانىۋىلىق»نىڭ مەنىسى زادى نېمە؟ خانتىڭتوننىڭ ئىزاھلىشىچە: «زامانىۋىلىق سانائەتلىشىش، شەھەرلىشىش، مائارىپ ۋە بايلىقنىڭ يۇقىرى سەۋىيىدە يۈكسىلىشى، كەسىپلىشىش كۆلىمىنىڭ مۇرەككەپ قاتلامغا كېلىشى» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئارىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «زامانىۋىلىق» چۈشەنچىسىدىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ. ئۇلار ئېتىقاد ۋە

پىسخىك دۇنيانىمۇ زامانىۋىلاشتۇرغاندا، ئاندىن پەن-تېخنىكىدىكى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ۋەھالەنكى، ئىنساننىڭ ياشاش ۋاستىسى تەرەققىي قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەبىئىيىتىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تەبىئىيىتىدە ئۆزگىرىش بولسا ياكى تەرەققىيات بولسا، ئۇنىڭ زاتى ئىنسان بولماي قالىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇ بۇرۇنقى ئىنسانلارغا يات بىر تەبىئەتتە ياشىشى كېرەك بولىدۇ. لېكىن، بىز ئۆز ئىنسانىيلىقىدىن خالىي ياشىغان ئىنساننى تېخى ئۇچراتمىدۇق. دېمەك، ئىنسانىيلىق ئۆزىنى ساقلايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياشاش ۋاستىسىدە تەرەققىيات بولىدۇ. خانتىڭتوننىڭ «زامانىۋىلىق» چۈشەنچىسىدە ئۆلچەم تېخنىكا ۋە ماددىي بايلىققا مەركەزلىشىدۇ.

ھەربىي ۋە ئىقتىساد جەھەتتە شۇنچە قۇدرەت تاپقان، سىياسىي سەھنىنىڭ ئىگىسى بولمىش غەرب دۇنياسىنىڭ چېچىلاڭغۇ، نامرات ھالەتتىكى ئىسلام دۇنياسىدىن ۋەھىمە يېيىشى ئۇلارنىڭ ئىسلامىي ئەقىدىدىكى پۇختىلىقنى چۈشەنگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

خانتىڭتوننىڭ ئېيتقانلىرى ئۆتكەن ئون يىل ئىچىدە كۆرۈلدى. بوسنىيە، چېچىنىيە، تاشقى كاۋكازىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق، سېرىبلانكا قاتارلىق جايلاردىكى كۆرەشلەر، بولۇپمۇ «11-سېنتەبىر تېررورلۇق ۋەقەسى»دىن كېيىنكى دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى بۇرۇلۇشلار كىشىلەرنى خانتىڭتونغا تېخىمۇ قىزىقتۇردى. ئامېرىكا رەئىسى جۇمھۇرى جورجى. ۋ. بۇش ئافغانىستاندىكى تالىبان ھاكىمىيىتىگە يۈرگۈزگەن ھەربىي ھەرىكىتىگە «ئەھلىسەلىپ يۈرۈشى» نامىنى بېرىپ، كېيىن ئۆزگەرتىۋالدى.

كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكى ھەققىدىكى قىسمەن جۈملىلەرمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. مېنىڭچە، بۇ كىتابنىڭ بىزگە نىسبەتەن بىر ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇ ئاز-تولا پىكىرلىك ئادەملىرىمىزنى 21- ئەسىردىكى مىللىي كىملىك مەسىلىسى ھەققىدە ئويغا سالىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا كوللېكتىپ سالاھىيەتنى بىلىش مۇرەككەپلەشتى.

قاتناش ۋە ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتى كۆچمە نوپۇسلارنى كۆپەيتتى. بۇ ئەھۋال ئەسلىدىكى بىرلا ئېتنىك خەلقتىن تەشكىل تاپقان بۆلەكلەرنىڭ مىللىي تەركىبىنى كۆپ خىللاشتۇردى. سودا ۋە تىرىكچىلىك ئېھتىياجى ئوخشىمىغان مىللەت ئەزالىرىنى ئوخشاش بىر مۇھىتقا كەلتۈرۈپمۇ قويىدۇ. بۇنداق شارائىتتا مىللەت ئەزالىرى جۇغراپىيىلىك بىرلىكتىن كۆرە ئېتنىقاد، تىل، قىممەت قاراش بىرلىكى بويىچە ئېتنىك بىر پۈتۈنلۈكنى ساقلايدۇ. كىملىك ماكان ۋە زامانغا قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ مەزمۇن قاتلىمىنى ئاشكارىلايدۇ. بىر ئۇيغۇر بالىسى تەكلىماكاننىڭ گىرۋىدىكى خىلۋەت بىر بوستانلىقتىن مەككىگە ياكى نيۇ-يوركقا بېرىپ قالغىنىدا، ئۇ ئۆزىدىكى كىملىكنىڭ بۇرۇن دىققەت قىلىپ باقمىغان تەرەپلىرىنى بايقاشقا سازاۋەر بولىدۇ. ئەگەر مەككىدىكى بىر ئۇيغۇر مۇھاجىر ئانا ۋەتىنىگە كېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشسە ئۆزى ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئۇ مۇھاجىر سىياسىي جۇغراپىيىنى بىرلىك قىلغاندا سەئۇدى ئەرەبىستانلىق، تارىخى ۋە ئىرقىنى بىرلىك قىلغاندا ئۇيغۇر، دىنىنى بىرلىك قىلغاندا مۇسۇلمان ۋە باشقىلار. ئۇ يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىشى كېرەك. لېكىن، ئۇ قايسى كىملىكنى يېتەكچى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك؟ بۇنى ئۇنىڭ قىممەت قارىشى بەلگىلەيدۇ ۋە ئۆزىمۇ شۇ قىممەت قارىشىغا ئاساسەن ھايات يولى تاللايدۇ. بۇنداق بولغاندا، پاسپورت بەزى ھاللاردا سىياسىي كىملىككە ۋەكىللىك قىلسىمۇ، مىللىي كىملىككە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. 21- ئەسىر بىز ئۈچۈن كىملىك قۇرۇلۇشىدىن باشلىنىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، تەرەققىياتنىڭ خام ئەشياسىغا ئايلىنىپ كەتمەيمىز. ئەكسىچە، تەرەققىيات بىزگە بويسۇنىدۇ. جاھان مۇنبىرىدە شەرەپلىك ئورنىمىز بار بولىدۇ.

مەزكۇر كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىشى ئوقۇرمەنلىرىمىزدە دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمىلىق نەزەر بىلەن كۆزىتىدىغان تۇركۈملەرنى پەيدا قىلىشتا كۆرۈنەرلىك ئۇنۇم پەيدا قىلغۇسى،

سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە شېئىرىي قىزىققانلىق، پىكرىي يەڭگىللەتكىلىك، رومانتىزملىق مەستخۇشلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كىشىنى چىن زىيانلارغا ئۇچرىتىدۇ. بۇ زىيان شۇ قەدەر كۆپكى، ئۇنى ئۆلچەپ بولماس. ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا، ئۆزى بولۇۋاتقان ھەر بىر مەسىلە بويىچە يەنە باشقا ئىلمىي مەنبەلەرگە ئۆتۈشى، ھۆكۈملەرنى ئۆزىنىڭ ئەگلىكىدە تەكرار-تەكرار تاسقاپ كۆرۈشى لازىم. ئەسلىدە بۇ كىتاب بالدۇرراق نەشر قىلىنىشى لازىم ئىدى. «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» ئوقۇمى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئون يىل ئۆتۈپتۇ، بۇ كىتاب ئەمدىلىكتە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قولىغا چىقىپتۇ. سەۋەبى، بىزدە مۇتەپەككۇر تەرجىمانلار يوق دېيەرلىك. تەرجىمان بىر خەلقنىڭ روھىي كەمتۈكلىرىنى سېزىشى ۋە ئۇنىڭغا نېمىنىڭ داۋا بولىدىغانلىقىنى بىلىشى ۋە تېپىشى لازىم. تەرجىمانلىق يۈزەكى قارىغاندا، تىل تەرجىمىچىلىكى، لېكىن چوڭقۇر قارىغاندا، روھ تەرجىمىچىلىكىدۇر. قېرىنداشىمىز ئابدۇرېھىم دۆلەت مۇشۇنداق يىرىك ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشقا ئىرادە باغلاپ، ئۇ ئىشنى تاماملاپتۇ. تەرجىمىنىڭ قانداق چىققانلىقىنى تەرجىمە ئوبزورچىلىرىنىڭ مۇھاكىمىسىگە قالدۇرىمىز. بۇ يەردە بىز ھېچبولمىغاندا ئابدۇرېھىم دۆلەتنىڭ ئەسەر تەرجىمە قىلىشتا تېما تاللىشىدىكى ئاكادېمىكال سەزگۈرلۈكىنى بېكىتەلەيمىز. ئۇنىڭغا ئەجىرلەر نېسىپ بولغاي!

ئىنگلىز پەيلاسوپى بېرتراند روسسېل «غەربنىڭ ئەقىل-پاراسىتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە بىر شائىرنىڭ «يىرىك بىر كىتاب بىر چوڭ ئاپەت» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. كىتاب ئوقۇغاندا نوپۇزغا ئېتىبار بېرىپ كېتىش ياكى مۇئەللىپنىڭ قەلىمىگە مەپتۇن بوپكېتىش تۈپەيلى پىكرىي ئادىشىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، پېقىر تۆۋەندە جانابىي سەيمىل خانتىڭتوننىڭ پىكىر تەلقىنلىرىدىكى جىددىي ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك نۇقتىلارنى ئىلغاپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتى. سىستېمىلىق تەلىم ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان ئىلىم ھەۋەسكارى

بولسامۇ خانتىڭتوننىغا ئۆزىمىزگە خاس مەۋقەدە ئىنكاس بىرىشكە تىرىشىپ باقتۇق.

ماقالىمىزنىڭ بەزى قۇرلىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتكەنىدەك 21-ئەسىرمۇ كىشىلەر ئۈمىد قىلغاندەك ئادىل ۋە خاتىرجەم دەۋر بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. 20- ئەسىر غەرب كۈچلىرىنىڭ ئوسمانىيلارنى پارچىلاش ھەرىكىتى بىلەن باشلانغانىدى. 21- ئەسىرمۇ غەرب كۈچلىرىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەسلىيەتچىلەرگە مۇداخىلە يۈرگۈزۈشى بىلەن باشلاندى. بۇ ئىش بەئەينى خانتىڭتوننىڭ تەسەۋۋۇرىچە بولدى.

ئەگەر بىز ئىنسانىيەت ياشاۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىنى چوڭقۇر ھەم ئەتراپلىق كۆزىتىدىغان بولساق، شۇ قەدەر تەرەققىي تاپقان ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ چەكسىز ئەندىشە ۋە تەشۋىش ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ۋەھىمىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى روشەن ھېس قىلالايمىز. كىشىلەر بۇ خىل ۋەھىمىدىن قوتۇلۇش ئۈچۈن ئۆز رەھبەرلىرىنى ئالماشتۇرۇپمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن، ھەتتا ۋەتەن ئالماشتۇرۇپ بېقىپمۇ ئارام تاپالمىغان بۇنداق قىسمەتنى كۆرۈپ تۇرماقتىمىز. تۈزۈلمە ئالماشتۇرۇشلارمۇ كىشىلەرنىڭ غەم-دىشۋارلىرىغا ئارا تۇرالمىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئوخشاش تىنچلىقنى ۋە ئىنسانلارنىڭ بەختەرلىكىنى قوغدايدىغان خەلقئارا ئورگانلار ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلۇپ تۇرۇپمۇ يەر يۈزى قان ۋە كۆز ياشلاردىن قۇرۇمىدى. تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ، پەن-تېخنىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن بۈگۈنكى ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن ئۆزى ياشاۋاتقان يەر شارىدا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى؟ تىنچلىق بۇنىڭدىن كېيىن ئىشقا ئاشامدۇ؟

يەر شارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى توقۇنۇشلار، يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان رايون خاراكتېرلىك ياكى خەلقئارالىق ماجىرالار، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىۋاتقان

ھەربىي تەييارلىقلىرى تىنچلىقتىن گۇمانلىنىشىمىزنىڭ جانلىق پاكىتى. ئېھتىمال، بەزىلەر يۇقىرىقى سوئالغا ئىلىم-پەن يەنىمۇ تەرەققىي قىلسا، ئۆز ئارا ئالاقە تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، چۈشىنىش چوڭقۇرلاشسا، ھەر خىل دىن ۋە مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۈچەيتىلسە، دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. بۇنداق قاراشلار ۋەھىمىلىك رېئاللىقنى ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ نەزەرىيىسى سۈپىتىدە زىكىر قىلىنىپ كەلدى. ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلدى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ كۈچەيدى. بىراق، دۇنيا يەنىلا تىنچ بولمىدى. مەلۇمكى، تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يەر شارى تىنچلىقىنىڭ ھەقىقىي كاپالىتى ئەمەس.

ئامېرىكا پسىخولوگى ئېرىك فرومنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقى»① دېگەن كىتابىدا بىر جەدۋەل بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇرۇش قېتىمىنىڭ تەرەققىياتقا ئەگىشىپ كۆپەيگەنلىكى ئەكس ئەتكەن:

| يىللار | ئۇرۇش قېتىمى |
|---|---|
| 1499 — 1480 | 9 |
| 1599 — 1500 | 87 |
| 1699 — 1600 | 239 |
| 1799 — 1700 | 781 |
| 1899 — 1800 | 651 |
| 1940 — 1900 | 892 |

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەدەنىيەت ئىپتىدائىي بولغانسېرى ئۇرۇش شۇنچە ئاز بولغان. پەن-تېخنىكا مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ ئۇرۇشمۇ كۆپەيگەن ھەمدە ئۇرۇشنىڭ ۋەيران قىلىش ئىقتىدارىمۇ ھەسسىلەپ ئاشقان.

① مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001- يىلى 1- ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 266- بەت.

مەدەنىيەت نېمە ئۈچۈن تىنچسىزلىق بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ؟

بىز جاۋابنى يەنىلا ئىنساننىڭ ئۆزىدىن ئىزدەيلى. چۈنكى، ئىلىم-پەن نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەنمۇ ۋە ھەر خىل مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەنمۇ ئەنە شۇ ئىنسان. ئىنسان ئۆز ھاياتىدا ھامان ئۆز ئەقلىدىن ھالقىپ كەتكەن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈش قۇۋۋىتى تەكشى بولمىغانلىقتىن مەسىلىلەرگە تاپقان جاۋابلىرىدىمۇ پەرق بولىدۇ. بۇ پىكرىي ئۇسلۇبنىڭ كۆپ خىللىقىنى، شۇنداقلا نەتىجىنىڭمۇ كۆپ خىللىقىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئەھۋال ئوخشاش بولمىغان قىممەت قارىشى ۋە مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە سەۋەبچى بولغان. مۇتەپەككۇر ئىبن تەيمىيەنىڭ «كىشىلەرنىڭ ھەققانىيەتنى قوغدىشى ئۈچۈن ئاللا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، چۈنكى كىشىلەر ھەققانىيەتنىڭ ماھىيىتىنى نۇرغۇن تەرەپلەردىن تونۇمايدۇ ھەم ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمايدۇ»[1] دېگەن سۆزى قوۋملارنىڭ جېدەل-ماجىرالاردىن خالاس تېپىشى ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىكى چىنلىقتا ئۇيغۇن ئورتاق بىر نىزامنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. 20- ئەسىردە فاشىزم، كاپىتالىزم، كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دەھشەتلىك ئۇيۇندا نەچچە ئون مىليون ئادەم ئۆلدى، نەچچە ئون مىليون ئادەم خانىۋەيران بولدى، نەچچە ئون مىليون ئادەم تارىخنىڭ مەھكۇم مۇساپىلىرىگە يۈزلەندى، نەچچە ئون مىليون ئادەم شۇ تۈپەيلى ئۇنىڭغان ئەخلاقسىزلىقنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدە ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىدىن ئايرىلدى. تېخىمۇ كومېدىيىلىك بىر تەرەپ شۇكى، كىشىلەر ئەنە شۇنداق قورقۇنچلۇق، ھېسابسىز بەدەللەرنى تۆلىگەن تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدىن ھېچبىر ئىجابىي يەكۈنگە ئىگە بولالمىدى. ئۇلار پەقەت ئىنسانىيەت ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن قىسمەت ئەمەس، بەلكى

[1] «مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىلىرى»، گەنسۇ مىللەتلەر نەشرىياتى 1993- يىلى ئىيۇل نەشرى، خەنزۇچە.

ئۆزۈن تۇنىدىكى رەزىل چۈش كەبىي كىيىنكىلەرنىڭ ئەسلىمىسى بوپقالدى، خالاس. بۇ رەزىل چۈش يەن-تېخنىكا گۈللىنىشىنىڭ رەڭدار لىباسلىرى ئاستىدا قېپقالدى. قانداقلا بولمىسۇن، شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئادەملەرنى ئەشەددىي خىرىسكارلارغا ئايلاندۇرغان يۇقىرىقى ئىدېئولوگىيىلەر بەرىبىر غەربنىڭ بەچچىدانىدا يېتىلگەن. بۇ بىر تىۇغقانلارنىڭ جېدەللىرى تارىخنىڭ كىيىنكى قەدەملىرىگە ئەبەدىيلىك تەسىر كۆرسەتتىكى، ئىنسانىيەت ھېلىھەم ئەنە شۇ مەشئۇم يىللارنىڭ تەۋرەملىرى ئىچىدە قىمىرلاپ يۈرۈشىدۇ. كۆنىمىزدە مەدەنىيەتنىڭ ھاكىم تىپى سۈپىتىدىكى غەرب مەدەنىيىتى «گۇمانىزم»، «ئەقىلچىلىق»، «پەن-تېخنىكا»، «مىللەت»، «ئەركىنلىك»، «دېموكراتىيە»، «كىشىلىك ھوقۇق»، «دىن» كەبىي چۈشەنچىلەر بىلەن ئەسلىدىكى جەمئىيەت مودېللىرىدىن خوشلاشقان ئاسىيا، ئافرىقىلارنى قورۇپ چىقتى. بۇ تۇپراقلارنىڭ خەلقلىرى غەربتىن ئالغان ئاشۇ ئەگۈشتەرلەرنى دەستەك قىلىشقان ھالدا غەرب مۇئەسسەسەلىرىنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدا ئۆز ھەققىنى دەۋا قىلىشىدىغان بولدى.

مەدەنىيەتنىڭ ھاكىم تىپلىرى ئۆز قىممەت قاراشلىرىنى مەدەنىيەتنىڭ مەھكۇم تىپلىرىغا قوبۇل قىلدۇرۇپ، ئۇنى مەھكۇم تىپلارنىڭ ھايات پرىنسىپىغا ئايلاندۇرۇشنى كۆزلەيدۇ. ھاكىم مەدەنىيەت تىپى مۇشۇنداق يوللار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتلىق چەمبىرىكىنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىدۇ. ئۇنداقتا، خانتىڭتون ئەپەندىنىڭ «دۇنيا تەرتىپى» نىمىنى چىقىش قىلىدۇ؟

«يەر شارىلاشتۇرۇش» نۆۋەتتىكى خەلقئارا يۈزلىنىش بوپقالدى. ئەگەر بىز بۇ گەپنى «يەر شارىلىشىش» دەپ ئالساق ئۇنىڭ بەرىبىر مۇئەييەن ئىجرا قىلغۇچىلىرى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەشەببۇسكارلار، ماسلاشقۇچىلارمۇ بولىدۇ. ئۇنداق ئىكەن «يەر شارىلىشىش» دېگىنىمىزدە «يەر شارىلاشتۇرۇش» ھەم «يەر شارىلاشتۇرۇلۇش» دېگەن ئۇقۇم بىلەن بىرلاۋاقىتتا مەۋجۇت بولغان

بولىدۇ. دەۋرىمىزدە «يەر شارىلاشتۇرۇش»، «بىر قۇتۇپلاشتۇرۇش» دېگەنلەر ئامېرىكا قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ خاھىشىغا ئايلاندى. بۇنىڭغا قارشى ھالدىكى «كۆپ قۇتۇپلاشتۇرۇش»، «كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش» شوئارلىرى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، سىياسىي سەھنىدىكى ھەر قانداق غالىب كۈچ «بىر قۇتۇپلىشىش»نى تاڭغۇسى كېلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا غالىب سىياسىي كۈچنىڭ ئۆزلۈكى ئەمەلگە ئاشىدۇ. خانتىڭتوننىڭ كىتابىنىڭ مەزمۇنىدىن ئامېرىكىنىڭ يەر شارىلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن تارىخىي پۇرسەتتە ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ مەۋجۇتلۇقى، بۇ خىل توقۇنۇشنىڭ نۇقۇل مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى بولماستىن، بەلكى مۇرەككەپ بىر سىياسىي توقۇنۇش بولىدىغانلىقىنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس. يەر شارىلاشتۇرۇشتا ئامېرىكىنىڭ غايەت زور مەنپەئەتى بار، شۇڭلاشقا ئۇ يەر شارىلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسىگە پۈتلىشىدىغان ھەرقانداق توسالغۇنى ئېلىپ تاشلىشى كېرەك. تەبىئىيكى، بىز «مەدەنىيەت» ئۇقۇملىرىنى چۈشىنىشكە دۇچ كەلدۇق: مەدەنىيەت دېگەن نېمە؟

بىر مىللەتنىڭ تىلشۇناسلىقىدا ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇشلىرىدا سۆزلۈكلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى، مەنىلىرىنى مۇستەقىل ئۇقتىدا تۇرۇپ شەرھلىگەن ئىزاھلىق لۇغەتنىڭ بولۇشى ئەقەللىي ئىش. بۇ لۇغەت ئىلمىي ئېھتىياجلارنى ھەل قىلىشتا مۇناسىپ رول ئۆتىيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، بىز ئۇقۇملارنى تەھلىل قىلىش داۋامىدا باشقا تىلدىكى لۇغەتلەرگە موھتاج بولۇشتىن ساقىت بولالايمىز. بىزدىمۇ بىرەر ئۇقۇمنى يېشىشتە ئالدى بىلەن ئانا تىلىمىزدىكى مەتبۇئات-مەنبەلەرنى ئاساس قىلىدىغان، ئاندىن يات تىللاردىكى مەنبەلەردىن پايدىلىنىدىغان پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مەنبەلىرىمىز تەقلىدتىن ياكى كۆچۈرمىدىن خالىي مېھنەتنىڭ سەمەرىسى بولۇشى لازىم. بۇ بويىچە «ئۇيغۇر تىلىنىڭ

ئىزاھلىق لۇغىتى»گە قارايدىغان بولساق «مەدەنىيەت» ھەققىدە نۆۋەندىكى ئىزاھاتنى ئۇچرىتىمىز:

«مەدەنىيەت» ئىسى ئە 1) ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى، ئۇتۇقلىرى، ئادەتتە ئۇ كۆپرەك مەنىۋى بايلىقلارنى، يەنى ئەدەبىيات-سەنئەت، مائارىپ، ئىلىم-پەن قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. 2) بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇپپا، سىنىپ ياكى خەلقنىڭ مەلۇم دەۋردە قولغا كەلتۈرگەن شۇنداق ئۇتۇقلىرىنىڭ دەرىجىسى: سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت، پرولېتارىيات مەدەنىيىتى، بۇرژۇئا مەدەنىيىتى. 3) ئوخشاش بىر تارىخىي دەۋردە تارقىلىش نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشىگە قارىماستىن، ساقلىنىپ قالغان خارابە ئىزلىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ يىغىندىسى. 4) يېزىق ئىشلىتىش قابىلىيىتى، ئومۇمىي ساۋات؛ تەلىم-تەربىيە كۆرگەنلىك، زىيالىيلىق؛ مەرىپەت: مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالماق، مەدەنىيەت ئۆگىنىشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى»[1].

يۇقىرىقى ئىزاھاتتىن بىز «مەدەنىيەت» ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىزگە قانائەتلىنەرلىك ئېنىق جاۋاب ئالالمايمىز. ئۇ ئىزاھاتلار قايسىدۇر بىر لۇغەتتىن تەرجىمە قىلىپ ئېلىنغاندەكلا تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن شۇ ئاتالغۇنىڭ ئىستېمالدىكى تارىخىي قاتلام، ئىجتىمائىي قاتلام ۋە پەلسەپىۋى قاتلامنىڭ ئورگانىك بىرىكمىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنى باشقا ئۇقۇملار خۇسۇسىدىكى ئىزاھلاردىنمۇ بايقىغىلى بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئىستېمالدىكى ئۇقۇملار ئەگەر شۇ مىللەتنىڭ سوتسىئولوگىيە، پەلسەپە، تارىخ، مەدەنىيەتشۇناسلىق ساھەلىرى تەرىپىدىن خاس مەۋقەدە يورۇتۇلمىغانىكەن، ئۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي پەنى بولمىغان بولىدۇ. ئىجتىمائىي پېنى بولمىغان مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي جېنى يوق بولىدۇ.

---

[1] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999- يىلى نەشرى.

تىلىمىزنى پەلسەپىۋى، ئىلمىي، نەزەرىيىۋى تىل دەرىجىسىدە كامالەتكە يەتكۈزۈش ئالدىمىزدىكى مۇھىم ۋەزىپە. ئەگەر بىز بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىمىساق، ئۇچۇر ۋە بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدىكى لاياقەتلىك ئىنسانلاردىن بولالماي قالىمىز. تىل مەجرۇھلۇقى دىل مەجرۇھلۇقىدىن نىشاندۇر. ئۇنىڭدىن كەلگەن پىكرىي كېكەچلىك بىزنى خار ۋە زەبۇنلۇقنىڭ قارا گىردابىغا ئاپىرىدۇ، نەتىجىدە بىز ئاھانەتلىك بىر ئەۋلاد سۈپىتىدە تارىخنىڭ لەنەتلىك سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالىمىز. دوكتور ئابدۇررەشىد جەلىل قارلۇق تىلىمىزدىكى ۋە ئىجتىمائىي ساھەمىزدىكى ئېنىقسىزلىقلارغا خاتىمە بېرىش زۆرۈرىيىتى تۇغرىلىق ئۆزىنىڭ «كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىغا سوتسىئولوگىيىلىك ئىزاھات» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا توختىلىدۇ. ئۇ ماقالىسىدە ياۋروپادىكى، شۇنداقلا تۈركىيە، جۇڭگودىكى زىيالىيلارنىڭ تىلىمىزدا «مەدەنىيەت»، «مەدەنىيلىك» دەپ كېلىنىۋاتقان ئاتالغۇلار ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرى، تەبىر-تەتقىقلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئاندىن خەنزۇ تىلىدىكى «文明» (ئىنگلىزچىدا Civilization) نى «مەدەنىيەت» دەپ ئېلىۋېرىشنى، «文化» (ئىنگلىزچىدا Culture) نى تۈركچە بويىچە «كۇلتۇر» دەپ ئېلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. دوكتور ئابدۇررەشىد جەلىل قارلۇقنىڭ مەزكۇر ماقالىسى بىزنىڭ «مەدەنىيەت» چۈشەنچىمىزدىكى خاتالىقلارنى ۋە ئۇ تۈپەيلى كېلىپ چىققان قايمۇقۇشلارنى تۈنجى بولۇپ سەممىزگە سالىدۇ.

«خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» [1] تە خەنزۇچىدىكى «文化»غا «مەدەنىيەت» دېگەن سۆزنى، «文明» غا «مەدەنىيلىك، مەدەنىي، مەرىپەتلىك» دېگەن سۆزلەرنى قويىدۇ. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» [2] دە «مەدەنىيلىك» كە «مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان ،مەدەنىيەت ئىگىلىگەن ھالەت» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن.

[1] شىنجاڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2001- يىلى ماي 1- نەشرى.
[2] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999- يىلى نەشرى.

ئەگەر بىز «ئىزاھلىق لۇغەت»تىكى «مەدەنىيەت» ۋە «مەدەنىيلىك» كە دائىر بېرىلگەن ئىزاھاتلارنى سېلىشتۇرۇپ قارىساق، ئىككى ئۇقۇمنىڭ پەرقى ھەققىدە تولۇق بىر چۈشەنچە ھاسىل قىلالمايمىز. بېرىلگەن ئىزاھاتلاردا ئۇقۇم خاسلىقى بولمايلا قالماستىن، يەنە خەنزۇچىدىكى ۋە باشقا چەت ئەللەر تىللىرىدىكى ئىستېماللار بىلەن زىتلىشىدۇ. مەزكۇر كىتابتا «文明» ۋە «文化» ئۇقۇملىرى ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلىدۇ. مۇئەللىپ 19- ئەسىردىكى غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەسۋىرلىرىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. قەيت قىلىنىشىچە، «文明» تېخنىكا، ھۈنەر ۋە ماددىي ئامىللارنى بىلدۈرىدۇ. «文化» بولسا قىممەت قاراش، غايە ۋە جەمئىيەتتىكى يۈكسەك ئىستېتىكىلىق ۋە ئەخلاقىيلىقنى بىلدۈرىدۇ. ژانكازېنېۋۋا «文化» بىلەن «文明» نىڭ پەرقلىرى ھەققىدە تارىخىي نۇقتىدىن بايان يورۇتىدۇ. ئۇ گېگىلنىڭ ئوبيېكتىپ روھ ۋە سۇبيېكتىپ چۈشەنچىلىرى بويىچە يېشىم بېرىپ ئۆتىدۇ: « ‹文化› ئىنسانلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تىرىشچانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ‹文明› بولسا ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تىرىشچانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ تىرىشچانلىق كونكرېت ماددىي ئىجادىيەتتە نامايان بولىدۇ »[1].

يۇقىرىقىلاردىن ئايانكى، بىز تېخى تىلىمىزدىكى ئۇقۇملارنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشكە يۈرۈش قىلىپ بولالمىدۇق. بۇ ئىش زاماننىڭ تەلىپىگە لايىق يېڭى ئەۋلاد زىيالىيلارنى كۈتۈپ تۇرماقتا. گېپىمىزگە كەلسەك، مەن دوكتور ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇقنىڭ خەنزۇچىدىكى «文明»نى ئۇيغۇرچە «مەدەنىيەت» دەپ ئېلىش تەشەببۇسىغا قوشۇلىمەن. «文化»نى «كۇلتۇر» دەپ ئېلىش مەسىلىسىگە كەلگەندە، بۇنى كۆپچىلىكنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇش بىلەن بىرگە ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ باقماقچىمەن.

---

[1] «جەمئىيەتشۇناسلىقنىكى ئون چوڭ ئۇقۇم»، 29- بەت، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 2003- يىلى يانۋار 1- نەشرى.

ئىنگلىزچىدىكى «Culture» ئىبارىسى تۈركچىدە «Kultur» (كۇلتۇر) دەپ قوبۇللانغان. ئۇيغۇرچىدىمۇ بۇ سۆزنى ئەينەن قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغان يېرى يوق، مەسىلە كىشىلەرنىڭ ئۇنى قامۇبلىشىدا. بۇ بىر مەزگىللىك تەتقىقات ۋە ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىغا باغلىق. «تېلېۋىزىيە» (television) ئېكسپىلاتاتسىيە (Exploitation) دېگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەرنى ئۆزلەشتۈرگەن يەردە «كۇلتۇر» ئاتالغۇسىنى قوبۇل قىلىش تامامەن مۇمكىن. تۈركچە قوبۇللانغان «كۇلتۇر» سۆزى ياۋروپا تىللىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئەسلىدىكى مەنە ئاساسىدا تۈركچە ئۇقۇم بولۇپ ئۆزلەشكەن. «كۇلتۇر»گە يانداش سۆز ئىزدەشتە تىلىمىزغا تارىختىن بېرى تەسىرى ئۆتۈپ كەلگەن تىللارغا قاراپ بېقىش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك.

«مەدەنىيەت» دېگەن سۆز بىزنىڭ تىلىمىزدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىنگلىزچىدىكى «Civilization»،«Culture» (خەنزۇچىدىكى «文明»، «文化») ئۇقۇملىرىنىڭ ھەر ئىككىسىنى بىلدۈرۈپ كەلدى. بۇنداق تومتاقلىق ئىجتىمائىي ئىلىم ھاياتىمىزدىكى كونكرېت مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىمىزدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. شۇنداقلا مائارىپىمىز، ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزدە نەزەرىيە ئەمەللىقى سادىر قىلدى. تا ھازىرغا قەدەر خەلقىمىزنىڭ تەپەككۇر دوختۇرلىرى بولۇشقا تېگىشلىك زىيالىيلار بۇ ساھەدە قول يۇرۇتمىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇقۇم جەھەتتىكى ئېنىقلىمىلار مۇجمەل ھالەتتىن قۇتۇلمىغان بىر شارائىتتا دەل شۇ خىل ماۋزۇدىكى كىتاب ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى. مانا شۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن «مەدەنىيەت» ھەققىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز.

«مەدەنىيەت» سۆزى بىزنىڭ تىلىمىزغا ئەرەبچىدىن كىرگەن بولۇپ، ئۇقۇم جەھەتتىن ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا مەلۇم پەرق مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ ئۇقۇمىدا «مەدەنىيەت» بىر خىل ئەمەلىي ئىپادە، قىممەت قاراشنىڭ نەتىجىسى. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا،

سۇبيېكتىپ ئامىلنىڭ ئوبيېكتىپ نەتىجىسى. ئەگەر بىز تېخىمۇ ئىنچىكىلىگەن هالدا ئەرەبچە لۇغەتلەرگە قارايدىغان بولساق «مەدەنىيەت» ئىبارىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك «ئەقىدە»، «ھەزارەت»، «سەقافەت» قاتارلىق ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئىبارىلەر بىر-بىرىدىن ھەم پەرقلىق، ھەم مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خۇددى ھالقىلاردەك بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن.

«ئەقىدە» — ئېتىقادتىن ئىبارەت بولۇپ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئىدېئولوگىيىدۇر. ئۇنىڭ مۇئەييەن ئاخىرقى نىشانى ۋە سىياسىي مەقسىتى بولىدۇ. سىياسىي مەقسىتى بولمىغان نەرسە ۋاقىتلىق ۋە ئۆتكۈنچى بولۇپ، ئەقىدە بولۇش شەرتىگە توشمايدۇ. «ھەزارەت» مىللەت، دۆلەت ياكى مەلۇم جۇغراپىيىلىك رايوندىكى كوللېكتىپنىڭ ئاڭ كاتېگورىيىسى بولۇپ، ئۇ ئەقىدىگە ئاساسلىنىدۇ ۋە شۇ ئاساستا قانات يايىدۇ. «مەدەنىيەت» بولسا بىر ئېستېمال قىلىنىۋاتقان ماددىي نەرسىلەرنىڭ كونكرېت شەكىللىرى ۋە ئوبرازى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەلۇم بىر مەدەنىيەت شەكلى ۋاسىتىلىك ھالدا ئەقىدىنىڭ نەتىجىسى. مەدەنىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيە بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان يەنە بىر شەكلى بار. ئۇ پەقەت تېخنىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەلۇم مىللەت ياكى رايون دائىرىسىدە چەكلەنمەيدىغان، ھەر قانداق قوۋمگە ئورتاق بولغان شەكىل. «سەقافەت»نىڭ ئېستېمال مەنىسى «ئاڭ-سەۋىيە»، «بىلىم-سەۋىيە» بولۇپ، مىللەتكە خاس نەقلىي مائارىپنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىز كۆپ تىلغا ئالىدىغان ئىجتىمائىي پەندۇر. مەيلى تەبىئىي پەن ياكى ئىجتىمائىي پەن بولسۇن، ئوخشاشلا ئەقىل ئىشلىتىش ۋە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ تۈنجى قەدەملىرىدە پەرق بار. تەبىئىي پەندە ئىزدەنگۈچى بىلەن نەتىجە ئوتتۇرىسىدىكى ۋاسىتە ماددا بولۇپ، ئۇ ھېچبىر كىشىنىڭ خاھىشى ۋە مەيدانىغا باقمايدۇ. تەبىئەتتىكى قانۇنىيەت بارلىق مىللەتلەرگە ئورتاق بولۇپ، ئۇ تەشۋىقات ياكى تەرغىبات ئارقىلىق ئېرىشىلىدىغان ياكى ئۆزگەرتىپ تاشلىنىدىغان ساھە ئەمەس. بۇ قانۇنىيەت ئەقىل ۋە تەجرىبە ئارقىلىق بايقىلىدۇ. شۇڭا، تەبىئىي پەن

بەزىدە ئەقلىي يەنىمۇ دېيىلىدۇ. ئىجتىمائىي يەن ئادەمدىن ئادەمگە كۆچىدۇ، يەنى ئىزدەنگۈچى بىلەن نەتىجە ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن دۇنيا قاراشتىكى ئادەم ۋاستە بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇئەييەن نەزەرىيىگە ئاساسەن خۇلاسە كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدۇ. شۇڭا ئۇ نەقلىي يەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، تەبىئىي يەنگە مەڭگۈ ئۆزگەرمەس تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. ئىجتىمائىي يەنگە مۇئەييەن مىللەت ياكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىرادىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. دۇنيادا مەلۇم مىللەتكە خاس فىزىكا يوق، ئەمما مۇئەييەن مىللەتكە خاس سىياسىي، تارىخ ۋە مائارىپ بولىدۇ. 20- ئەسىردە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بيۇروكراتلىرىنىڭ كونترولى ئاستىدىكى ئاكادېمىيە ۋە تەجرىبىخانىلار بولغان، بۇ ئورۇنلار لىسىنكودەك سىياسىي بىر تىپنى تىكلەش ئارقىلىق كاپىتالىستىك غەربنىڭ ئىرسىيەت ئىلمىنى ئاغدۇرماقچى بولغان. تارىخ بۇنداق قىلىشنىڭ ئەخمەقانىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ھىتلېر گېرمانىيىسى «گېرمانىيە فىزىكىسى» دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەمما، ئۇمۇ ئۆتكۈنچى ھادىسە بوپقالدى.

دېمەك، «سەقافەت» دېگىنىمىز مائارىپ ياكى ئىجتىمائىي يەن ساھەلىرىنى، «مەدەنىيەت» دېگىنىمىز يەن-تېخنىكا ساھەلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «ھەزارەت» دېگىنىمىز كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇش شەكلى، ئىپادىلىرى ۋە ئىدىيۋى ئامىللىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىلىنىشى ماددىي بولىدۇ. «ھەزارەت»نىڭ ئىپادىلىنىشى كوللېكتىپ ئاڭدا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسى ئەقىدىدۇر. شۇنداق بولغاندا، خەنزۇچىدىكى «文化» (ئىنگلىزچە Culture) (تۈركچە kultur)نى «ھەزارەت» دەپ ئالساق مۇۋاپىق كېلىدۇ. تىلىمىزدا ئەرەب لېكسىكىسى ۋە ئەرەب جۈملە شەكىللىرىنىڭ مىڭ يىللارچە تەسىرى ئۇدۇمى بار. بۇ ئەھۋال خەلقىمىزنىڭ ئاتالغۇ ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى ئەرەبچىگە مايىل ئادىتىنى ۋە ئېگىنى شەكىللەندۈرگەن بولغاچقا، «ھەزارەت» ئۇقۇمى ئاسان ئۆزلىشىشى مۇمكىن.

پەلسەپىۋىلىكى بار تىلدا يېزىلغان ماقالە مەنىنى ئىخچام جۈملىلەر بىلەن ئېنىق ئۇقتۇرالايدۇ. پىكىردىكى مەنتىقىي ئىزچىللىق ئابستراكت ئۇقۇملارنى ئاپتورنىڭ ئويلىغىنىدەك ئېچىپ بېرەلەيدۇ. بىز تىلىمىزدىكى شېئىرىي ئەۋرىشىملىكنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە، تىلىمىزنى ئاتالغۇلاشقان ۋە بۇ ئاتالغۇلارنى سىستېمىلاشقان قىلىپ قۇرۇپ چىقمىساق بولمايدۇ.

مەلۇمكى، پەن ئىنسانلارنىڭ ئاخىرقى غايىسى ئەمەس، بەلكى ۋاستىسى، ئىنسانلارنىڭ بۇ ۋاستە ئارقىلىق ئىمكانىيەت ۋە ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى، چەكسىز ئارزۇ-ئىستەكلىرى ۋە نەپسى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاشنى ئويلايدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ غايىسى. بۇ خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەت كېڭەيتىلگەن ھەزارەتتۇر» دېگىنى بىلەن بىردەك كېلىدۇ.

ئەمدى بىز نەزىرىمىزنى كىتابتىكى مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىغا يۆتكەپ باقايلى: بىز مەدەنىيەتلەر نېمە ئۈچۈن توقۇنۇشىدۇ؟ قانداق توقۇنۇشىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ئاساسەن خرىستىئان بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا مەركەزلىشىدۇ؟ توقۇنۇشتا قايسى خىل مەدەنىيەت غالىب بولىدۇ ۋە بۇ توقۇنۇش قاچان ئاخىرلىشىدۇ؟ دېگەن سوئاللارنى ئۆز-ئۆزىمىزگە قويماي تۇرالمايمىز. چۈنكى، ھەر قانداق توقۇنۇشنىڭ تۈپ سەۋەبى، سەۋەبكارى ۋە مەقسىتى بولىدۇ. بىز خانتىڭتوننىڭ كىتابىنى ئوقۇغاندا، مۇنداق بىر تارىخىي رېئال پاكىتقا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك: دۇنيادا ئۇزاق زامانلاردىن بېرى يۈز بېرىۋاتقان بارلىق توقۇنۇشلار راستىنلا ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇشىمۇ؟ خانتىڭتون يەر شارىنى بىر قانچە مەدەنىيەت رايونىغا ئايرىغاندا، غەربنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسىنى ۋە غەربنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان. مەدەنىيەتلەرنى تىپقا بۆلگەندە، غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس. مەسىلەن، خانتىڭتون يەتتە-سەككىز تىپقا بۆلگەن

بولسا، ئارنولد توينبى 42 تىپقا بۆلىدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى، مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسى كۆپ بولىدۇ. ئەگەر ئىنگلىز مەدەنىيىتى، رۇس مەدەنىيىتى، ئەرەب مەدەنىيىتى،تۈرك مەدەنىيىتى، خەنزۇ مەدەنىيىتى، ياپون مەدەنىيىتى... دەپ تۈرلىگىلى تۇرساق جىق گەپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى ئېتىقاد ياكى ئىدېئولوگىيە بىلەن نىسبەتلەپ قارىساق، بۈگۈنكى دۇنيا ئېنىق ھاكىمىيەت سىستېمىسى ۋە سىياسىي غايىگە ئىگە ئىككىلا ئىدېئولوگىيىگە ئۇيۇشقان بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئىسلام، يەنە بىرى خرىستىئان. ئەگەر بۇددا دىنىمۇ بارغۇ دېيىلسە، ئۇ روھنى پاكلاپ، نىرۋاناغا يېتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن سۈپىتىدە ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن ئۆزىنى تارتىدۇ. سىياسىي مەقسىتى بولمىغان نەرسىنى ئىدېئولوگىيە دېگىلى بولمايدۇ. پەقەت ئۇ بىر خىل مەدەنىيەت ئىپادىسىدۇر. سىياسىي نىشانى بولمىغان كىشىلىك دۇنيا قاراش ۋە ئۇنىڭ ئىپادىسى بولغان مەدەنىيەت سىياسىي نىشانى بار بولغان ئېتىقاد ياكى ئىدېئولوگىيىگە يەم بوپكېتىدۇ. شۇڭا، بىز مەدەنىيەتنىڭ يىلتىزى بولغان ئىدېئولوگىيىنى ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمىگە، ئىستراتېگىيىسىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆز ئىپادىسىنى تۈرلۈك قىياپەتتە كۆرسىتىۋاتقان قىممەت قاراشنى چىقىش نۇقتىسى قىلساق، ئاندىن بىز مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ماھىيەتلىك توقۇنۇش ياكى شەكىلدىكى توقۇنۇش ئىكەنلىكىنى، ئۇزۇن مۇددەتلىك توقۇنۇش ياكى ئۆتكۈنچى توقۇنۇش ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. دېمەك، بىز ئالدى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسى بولغان ئىدېئولوگىيىنىڭ تەۋەلىكىنى بېكىتكەندە، ئاندىن توقۇنۇشنىڭ خاراكتېرىنى توغرا بېكىتەلەيمىز. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھاكىمىيەتكە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتەلەيدىغان ئەقىدىدىن كېلىپ چىققان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئۇزاق مەزگىللىك ۋە ماھىيەتلىك توقۇنۇش بولىدۇ. خانتىڭتوننىڭ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا جىددىي ئېتىبار بېرىشى بۇ

مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. كوممۇنىستىك ئەقىدىدىن ۋاز كېچىپ، كاپىتالىستىك دۇنيا قاراش بويىچە ئۆز ئىجتىمائىي ھاياتىنى باشلىغان روسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپا قىممەت دۆلەتلىرى غەربىي ياۋروپا سىستېمىسى بىلەن ئاسانلا ئورتاقلىق يارىتالىدى. 1894- يىلى 14- مايدا ئىسرائىلىيە زىئونىزم ئاساسىدا دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغاندا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى شۇ ھامان ئېتىراپ قىلدى. ئاتېئىزمنى ئۆز ئەقىدىسىنىڭ ئۇلى قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ھايال ئۆتمەي ئېتىراپ قىلدى. ئوتتۇرا شەرقتە ئىسرائىلىيەدەك بىر دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشى نېمە ئۈچۈن ئۇلاردا ئوخشاش پوزىتسىيە قوزغىدى؟ خەلقىمىزدىكى «گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن» دېگەن تەمسىل بۇ سوئالىمىزغا جاۋاب بولىدۇ.

مەسىلىنىڭ مۇنداق بىر تەرىپىمۇ بار: دۇنيادا بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگۈسى توقۇنۇشلارنى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئامىلى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ ھۆكۈم قىلىش مەلۇم نىسپىيلىككە ئىگە. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، بىر مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان ياۋروپا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنى نېمىدەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ يەنە ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا ۋە كانادانىڭ ئەنگلىيىگە قارشى ئېلىپ بارغان مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ ئەنگلىيە ئىرلاندىيىنى ئىگىلىۋالغاندىن بۇيانقى سەككىز ئەسىرلىك سۈركىلىشنى مەدەنىيەت ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىققان دېيىش مۇمكىنمۇ؟ سىلاۋيان مەدەنىيىتىگە شۇنداقلا خرىستىئان دىنىنىڭ پراۋوسلاۋىيە مەزھىپىگە تەۋە شەرقىي ياۋروپا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا، ئارقىدىنلا ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇش ئارقىلىق روسىيىگە قارشى ھەربىي، سىياسىي ئالدىنقى سەپ ھاسىل قىلغىنىغا نېمە دېيىش

كېرەك؟ كۆرۈش ئاسانكى، ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى چەكسىز ئېھتىياجى ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە تەبىئىيتىنى چىقىش قىلغان ئەقىدىنىڭ باشقۇرۇشىغا كىرمىگۈچە توقۇنۇش ھەر ۋاقىت يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ھاكىم ۋە مەھكۇملىرى بولغاندەك مەدەنىيەتنىڭمۇ ھاكىم ۋە مەھكۇم تىپلىرى بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش باراۋەرلىك تۈسىدىكى ئىختىيارىي ئالماشتۇرۇش بولماستىن، بەلكى ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق مەجبۇرىي ئالماشتۇرۇشتۇر. مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشمۇ تەبىئىي قانۇنىيەت ئاساسىدا يۈز بەرمەيدۇ، بەلكى قۇدرەتلىك سىياسىي، ھەربىي مېخانىزمنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق پىلانلىق، باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ مۇئەييەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن سۈنئىي رەۋىشتە ۋۇجۇدقا چىقىرىلىدۇ.

يۇقىرىدا بىز توقۇنۇشنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرى، ۋاستىلىرى، غايىسى ۋە ئىپادىلىرى ھەققىدە توختالدۇق. توقۇنۇش بولغانىكەن، ئۇ ھامان ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئاخىرلىشىش بىر تەرەپنىڭ غەلىبە قىلىپ مۇتلەق تەشەببۇسكار ئورۇنغا چىقىشى، يەنە بىر تەرەپنىڭ تەشەببۇسكار ئورنىنىڭ يوقىلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. دېمەك، ھازىرقى دۇنيادا نېگىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا كۆپ خىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ئەمەس، بەلكى ئەقىدىسىنىڭ تۇرمۇش ۋە ھاكىمىيەتكە تەتبىقلىنىشىنى ئىزدەۋاتقان مۇستەقىل بىر مەدەنىيەت بىلەن ئۆز ئەقىدىسىگە ئاساسلانغان تۈزۈلمىگە، قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە يەنە بىر مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش مەۋھۇم ھالەتتىن سۈزۈك ھالەتكە ئۆتتى. ھىندىستان ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى بۇددىزم مەدەنىيىتى، يەرلىك ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئۆزلۈكى بولسىمۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش مۇستەقىل ئەقىدە-ئىدېئولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئەمەس، ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە غەرب مەدەنىيىتى كاتېگورىيىسىگە ئاسانلا سىڭىشىپ كېتىدۇ. ئامېرىكا

سىياسىئونى خانتىگتون 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى دۇنيانىڭ سىياسىي يۈزلىنىشىنى ئىنچىكە كۆزەتكەندىن كېيىن، 21- ئەسىردە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان توقۇنۇشنىڭ مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى توقۇنۇش بولىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ دۇنيانىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە چوڭقۇر تەسىرى بولغان ئىككى خىل نىگىزلىك مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك داۋاملىشىدىغانلىقىنى ھەمدە بۇ توقۇنۇش يۈز بېرىدىغان جۇغراپىيىلىك ئورۇننىڭ تېخىمۇ كېڭىيىپ، ھەتتا ئوتتۇرا شەرقتىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ئەمدىلىكتە 20- ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامېرىكا كۆچەپ ئوتتۇرىغا قويغان شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنى شەرققە كېڭەيتىش تەسەۋۋۇرى ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى، شۇنداقلا «11- سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب كۈچلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا بىۋاسىتە قەدەم باستى ۋە ھەربىي بازىلارنى قۇردى. غەرب ئەللىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك مەنپەئەتىگە تەھدىت سالىدىغان ئامىلنى ئىككى دەپ قاراشقا بولىدۇ: بىرى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆزىدىكى ۋە سىرتىدىكى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى. بۇ گۇرۇھلار گەرچە بۇ رايوندا ھاكىمىيەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولمىسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئۆز خەلقىنىڭ ئىدىيىسىدە شەكىللەنگەن ئىدېئولوگىيىلىك ۋاكۇئۇمنى ئىسلام بىلەن تولدۇرۇشقا ئاتلاندى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى كوممۇنىزم تۈزۈلمىسى ۋە ئىپتىقادى ئاستىدا ئۇزۇن يىللار ياشىغان بولسىمۇ، ئون ئەسىر تارىختا ئىگە ئىسلام ئەنئەنىسى خەلقنى ئىسلام چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشقا ئۈندىدى. ئۆز ھاكىمىيىتىدىكى چىركىن تەرەپلەردىن سۆيۈنمىگەن بۇ كىشىلەر ئۈممىدىنى باشقا ياققا بۇرىغاندى. نەتىجىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامېرىكا، روسىيە كەبىي سىرتقى تەسىرىي كۈچلەر پەقەت ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈك ئارقىلىق پۇت تىرەپ تۇرماقتا.

ئامېرىكىغا بولغان تەھدىتىنىڭ يەنە بىرى، ئوتتۇرا ئاسىياغا شىمال تەرەپتىن چېگرىلىنىدىغان روسىيە ۋە شەرق تەرەپتىن چېگرىلىنىدىغان جۇڭگو. ئېلىمىز جۇڭگونىڭ ئامېرىكا ئويلىغاندەك ئۇنداق قەستى بولمىسىمۇ، ئامېرىكا بۇنداق چۈشەنمەيدۇ. روسىيە ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا غەرب قوشۇنلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى خالىمىسىمۇ، ئۇنى دىپلوماتىيە تەبەسسۇمىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇشقا مەجبۇر. ئېلىمىز جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئېنېرگىيە ۋە بىخەتەرلىك جەھەتتىكى مەنپەئەتى ناھايىتى مۇھىم بولسىمۇ، ئەمما بۇ رايوندىكى تەسىرى ۋە يىلتىزى روسىيىنىڭكىدەك چوڭقۇر ئەمەس، شۇڭا جۇڭگو ئۆزىنىڭ كلاسسىك تەمكىنلىكى بىلەن پۇختا دوستانىلىك ئېلىپ بېرىپ، ئۆزئۆن مۇددەتلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ھەمكارلىق ئارقىلىق تېررورىزمنىڭ خەۋپىدىن ساقلىنىشى لازىم. ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىتىدە روسىيىنىڭ بۇ رايوندىكى مەلۇم مەنپەئەتىنى ئېتىراپ قىلىش ھەم بۇ رايوندا ھەربىي بازا تۇرغۇزۇشتەك ئىككى تەرەپلىمە تاكتىكا قوللىنىۋاتىدۇ. جۇڭگوغا نىسبەتەن چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى يادرو كرىزىسىنى ئۇلغايتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تەسىر دائىرىسىنى چەكلەشكە ئۇرۇنىۋاتىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇرەككەپ بىر سىياسىي سەھنە، بۇ سەھنە گويا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربنىڭ دىرىژورلۇق تايىقى ئاستىدا قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئېھتىمال بۇ سەھنىدىكى ئويۇن ئوتتۇرا شەرقتىكى ئويۇن بىلەن ئوڭ تاناسىپ ئوينالسا كېرەك. بۇ ئويۇننىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ بۇ سوئال ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىدىن بولغان زىيالىيلاردىن ياكى باشقا 3- دۇنيا ئەللىرىدىكى زىيالىيلاردىن سورالسا، ئۇلار غەربنىڭ تەڭداشسىز ھەربىي، ئىقتىسادىي قۇۋۋىتىنى نەزەردە تۇتۇشقان ھالدا، چوقۇم غەربنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمما، بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتە ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىنى

سوغۇققان رەۋىشتە تەتقىق قىلىشۋاتقان غەرب زىيالىيلىرى ئۇنچە ئالدىراقسانلىق قىلىپ كەتمەيدۇ. خانتىڭتون ئەپەندى ئەنە شۇنداق زىيالىيلارنىڭ بىرى. ئۇ كىتابىنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىدا غەرب مەدەنىيىتىدىكى چۈشكۈنلۈكلەرنى دەلىللەر بىلەن كۆرسىتىدۇ. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تېشى چىرايلىق، ئىچى سېسىق ئالمىغا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەن غەرب زىيالىيلىرى ئۆز غەلىبىسىگە ئالدىراپ ئىشەنچ باغلىمايدۇ. غەرب ئالىملىرى بۇنىڭدىن 14 ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئەبەدىيلىك توقۇنۇش بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى توغرىلىق بەرگەن بېشارەتلىرىنى ھەرگىز نەزەردىن ساقىت قىلىشۋەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىلمەي تۇرۇپ ھۆكۈم قىلالمايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا چۈشۈپ ئادىل ھۆكۈمران بولۇپ، كرېستنى چېقىپ تاشلىغان، چوشقىلارنى ئۆلتۈرگەن، جىزيە (ئىسلام دىنى ھۆكۈمران جايلاردا غەيرى دىندىكىلەردىن ئېلىنىدىغان مەخسۇس باج)نى ئەمەلدىن قالدۇرغان، پۇل-مال ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان، ھەتتا ھېچكىم قوبۇل قىلىپ ئالمايدىغان بولغان چاغدا (ئۇلار قىيامەتنىڭ قايىم بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئالمايدۇ)، ئاندىن قىيامەت قايىم بولىدۇ». يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا ئاسماندىن چۈشۈپ سىلەرگە ئادىل ھۆكۈمران بولىدۇ، كرېستنى چېقىپ تاشلايدۇ، چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزيىنى ئېلىپ تاشلايدۇ. پۇل-مال شۇ دەرىجىدە كۆپىيىدۇكى، ئۇنى سەدىقە قىلىپ بەرسە، ھېچكىم ئالمايدۇ، بۇ چاغدا ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنغان بىر سەجدە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن ئەۋزەل بولىدۇ»[1].

---

[1] «سەھىھۇل بۇخارىي جەۋھەرلىرى ۋە قەستالانىي شەرھى» ناملىق كىتاب (مىللەتلەر نەشرىياتى)، ئۇيغۇرچە نەشرى، 185-، 263- نومۇرلۇق ھەدىس.

يۇقىرىقى ھەدىسنى ئىسلام دىنىنىڭ بىر پۈتۈن روھى بىلەن تەتبىقلاپ كۆرگەندە، ئۇنىڭدىكى ئىبارىلەرنى مۇنداق شەرھلەش مۇمكىن: كىرىست بۈگۈنكى غەرب دۇنياسىنىڭ نەزىرىدە ھەقنىڭ سىمۋولى، يەنى ئۇلار بىز ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە مۇخلىسلىرى بولىمىز، ئەينى چاغدا ئىيسا پەيغەمبەر مۇشۇ كىرىست (چار مىخ)قا مىخلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، دېيىشىدۇ. ھەدىستىكى «كىرىستنى پاچاقلاش» دەل بۇنداق قاراشنىڭ خاتالىقىنى ۋە يەھۇدىي-نەسارالارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چىن مۇخلىسلىرى ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئازغۇنلاردىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمدى «توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلايدۇ»، دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇ ئۇنى يېيىشنىڭ ھاراملىقىنى ئەسكەرتىشتىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، غەرب دۇنياسىنىڭ كىشىلىرى توڭگۇز گۆشىنى «ئىنجىل»دا ھارام دەپ مەنئى قىلىنغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى يەۋەردى ۋە ئۆزىنى ھەزرىتى ئىيسانىڭ ئۈممەتلىرى دەپ قارىدى. يۇقىرىقى سۆز بۇ ئىشنى پاش قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئىككى جۈملە بېشارەتنى يەنە بىر قەدەر ئىلگىرىلەپ تەھلىل قىلغاندا، بۇ سۆزلەر ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوخشاش بىر سۈزۈك بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچكەنلىكىنى، «ئىنجىل» بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر پەرۋەردىگاردىن نازىل بولغانلىقىنى، خرىستىئانلار «ئىنجىل» دەپ كۆتۈرۈۋالغان كىتابنىڭ ھەق «ئىنجىل»نىڭ ئۆزى ئەمەسلىكىنى دەل ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى پاش قىلىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك، ئىيسا ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلار راستتىنلا مېنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىم بولسا، تالاي يىللاردىن بۇيانقى توقۇنۇش يۈز بەرمىگەن بولاتتى، دەپ ئىسپات بېرىدۇ، دېگەن بېشارەتمۇ ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قوۋم ئوتتۇرىسىدىكى نىزانى ئاخىرلاشتۇرۇدىغانلىقىغا كەلسەك، بۇ قانداقتۇر ئەرەبلەرنىڭ يەھۇدىيلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەستىن،

بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھالقىلىق ئىككى خىل ئىدېئولوگىيىگە ئاساسەن مەيدانغا كەلگەن ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ بىرسىنىڭ يەنە بىرسى ئۈستىدىن غالىب كېلىشى نەتىجىسىدە ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى، ئاخىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئورتاق دىنى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ھەققىدىكى ئىبارىگە كەلسەك، بۇ، پەن-تېخنىكىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۈكسىلىشى ئارقىسىدا ئۇنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ تەبىئەتتىكى بايلىق مەنبەلىرىنى تېپىپ ئېچىش ۋە پايدىلىنىشتىن كەلگەن بايلىق جۇغلانمىسىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر قانداق تۈزۈلمىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تېخىمۇ كۆپ پۇل توپلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. «مەن سىلەرنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن، يېقىن كەلگۈسىدە قايتىپ كېلىمەن»، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى يۇقىرىقى ھەدىس بىلەن بىردەكمۇ، قانداق؟ ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۆزى بىر نېمە دېسۇن!

ئىسلامىي ھەزارەت روھىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان، غەرب ھەزارىتى ماددىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان. دىنىي ھاكىمىيەتتىن ئايرىشتىن ئىبارەت قىممەت قاراش سىستېمىسى غەرب تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىدۇر. ئىسلام بۇنىڭغا قارشىدۇر. ئۆز دىنىنى ئىككى دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ يېتەكچىسى، دەپ بىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشىنى غەرب سىياسىئونلىرى دىققەتتىن خالىي قىلمايدۇ. ئېھتىمال، غەربلىكلەرمۇ مۇنۇ ھەدىسكىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇشقان، ھەتتا ئارقىسىغا يەھۇدىي يوشۇرۇنۇۋالغان تاش: ‹ھەي مۇسۇلمان! ئارقامدا يوشۇرۇنۇۋالغان يەھۇدىي بار، ئۇنى ئۆلتۈرگىن›، دېمىگۈچە قىيامەت بولمايدۇ »[1].

---

[1] «سەھىھۇل بۇخارىي جەۋھەرلىرى ۋە قەستالانىي شەرھى» ناملىق كىتاب (مىللەتلەر نەشرىياتى)، ئۇيغۇرچە نەشرى، 228- نومۇرلۇق ھەدىس.

بۇ ھەدىسنى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى يەر شارىلاشتۇرۇش تەكىتلىنىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ يەر شارىلاشتۇرۇش غەرب مەدەنىيىتىنىڭ پاراۋوز، قالغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ۋاگون بولۇشىدىن دېرەك بېرەمدۇ، يوق؟ بۇ ھەدىس مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن غەربنىڭ داۋانىنىڭ چوققىسىغا چىقىپ قايتىپ چۈشىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرسە، غەربلىكلەر ئۈچۈن خەۋپتىن دېرەك بېرىدۇ. دېمەك، ھەر كىمنىڭ كۆڭلىدە سان بار. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ يۈرىكىدىكى ئاۋانگارت ئەترىتى بولغان يەھۇدىيلارنىڭ يوقىلىشى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەلتۆكۈس بەربات بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما، ئۇششاق دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ ئۆزئارا توقۇنۇش قاينىمىغا كىرىپ قالغان بۈگۈنكى ئەرەبلەر ئۇنداق زەپەرگە قادىر بولالمىسا كېرەك. ئۇلارنىڭ يىمىرىلمەس ئېتىقادىنى مەركەز قىلغان مۇستەھكەم سىياسىي سىستېمىغا كېلىشىدىن پەيدا بولىدىغان تەڭداشسىز كۈچ دەل يىراقنى كۆرىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈمىدىدۇر. شۇنداقلا، غەرب سىياسىئونلىرىنىڭ ئەندىشىسىدۇر.

سەيمىل خانتىڭتوننىڭ مەزكۇر كىتابىنى شۇ خىل ئەندىشىنىڭ تۈرتكىسىدە يېزىلمىدى، دېگىلى بولارمۇ؟!

— ئابدۇقادىر جالالىدىن

2003- يىلى ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

# تەرجىماندىن

دەسلەپتە بۇ كىتابنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا، كېيىن ئۆزۈم تەرجىمە قىلىپ قالارمەن دەپ ھەرگىز ئويلىمىغانىدىم. كېيىن دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، بولۇپمۇ «11- سىنتەبىر ۋەقەسى»نىڭ پارتلىشى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاندىكى ھەربىي ھەرىكىتى قاتارلىق دۇنيا سىياسىيسىدىكى بىر قاتار ۋەقەلەر بۇ كىتابنى قولۇمغا قايتا ئېلىشقا مەجبۇرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتابنى ئۇيغۇر قېرىنداشلارغا بىر تونۇتۇش نىيىتىگە كېپقالدىم.

تەرجىمە قىلىش ھەرگىزمۇ كىتابنى ئوقۇغاندەك ئۇنداق ئوڭاي، ئازادە بولمىدى. نۇرغۇن ئاتالغۇ ۋە بەزىبىر ئۇزۇن مۇرەككەپ جۈملىلەرگە كۆچەشكە توغرا كەلدى. چۈشىنىكسىز، مۇرەككەپ جايلىرى ئىنگلىزچىسىگە سېلىشتۇرۇلدى. ئەسلىدە ھەممىنى بىردىنبىر سېلىشتۇرۇپ چىقماقچى ئىدىم. ئەمما، بۇنىڭغا بەكلا ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىكەن ھەم مەنمۇ بۇ كىتابنى تېزرەك چىقىرىشقا ئالدىراپ قالدىم. چۈنكى، تەرجىمە قىلىش داۋامىدا بۇ كىتابنى ئەسلىدە بالدۇرلا تەرجىمە قىلىش كېرەكلىكىنى، ھېلىمۇ بىزدە بەك كېچىكىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەلۋەتتە، بىزمۇ بىلىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى ۋاقتىدا بىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، بىلىشتىكى كېچىكىش ھەرىكەتتىكى كېچىكىشكە سەۋەب بولىدۇ. گەرچە بىز دۇنيا سىياسىيسىغا ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمىسەكمۇ، ئەمما دۇنيا سىياسىيسى بىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەم بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇگۈنكى دۇنيانى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ مەسىلىلەرنى قايسى نۇقتىدىن كۆزىتىش كېرەك؟ بىزنىڭ

مەنپەئەتىمىزگە نېمىلەر پايدىلىق، نېمىلەر زىيانلىق؟ قايسى ئامىللار بىزگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر بىز ئەزەلدىن ئۇچرىشىپ تۇرغان، ئەمما كۆڭۈل بولمىگەن مەسىلىلەردۇر. بۇ مەسىلىلەر بىزدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئاۋامنىڭمۇ كۆڭۈل بۆلۈش ئوبيېكتىغا ئايلىنىشى نۆۋەتتىكى تەخىرسىز ئېھتىياجدۇر.

تەرجىمە جەريانىدا تىلىمىزنىڭ ئىلمىي ئىپادىلەش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلدىم. بىزنىڭ تىلىمىز ئادەم تىللايدىغان، شېئىر يازىدىغان، يۇمۇر توقۇيدىغان تىلغا باي بولغان بىلەن يىرىك ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارنىڭ نۇرغۇنىغا تىلىمىزدا ئۇدۇل كېلىدىغان سۆز تېپىلمىدى. ئەلۋەتتە، بۇ تىلدىكى مەسىلە ئەمەس، بەلكى بىزدىكى مەسىلە. بىزدىكى تىلشۇناسلىق نېمىنى تەتقىق قىلىدۇ؟ بۇنى بىلمىدىم.

ھېس قىلغان يەنە بىر مەسىلە شۇكى، بۇنداق كىتاب ئەسلىدە بىر نەچچەيلەننىڭ بىرلىشىپ ئىشلىشىنى تەلەپ قىلىدىكەن. ۋەھالەنكى، بىزدە بۇنداق ھەمكارلىق تولىمۇ ئاجىز.

تەرجىمە جەريانىدا نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قىزغىن، سەمىمىي ياردىمىگە نائىل بولدۇم. ئۇلارغا قانچە تەشەككۈر ئېيتساممۇ ئازلىق قىلىدۇ. دوستۇم ئادىل ئابدۇقادىر كىتابنىڭ 9-، 10-بابلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى، بولمىسا كىتابنىڭ چىقىشى يەنە بىر نەچچە ئاي ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتەتتى. ئابدۇقادىر جالالىدىن كۆرۈپ چىقىپ، قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەردى ھەمدە نۇرغۇن ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى تۈزىتىپ، بېكىتىپ بەردى. ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز يېزىپ بېرىشى بىر قالتىس ئىش. تۇران سودا چەكلىك شىركىتى كىتابقا كېتەرلىك بارلىق چىقىمنى ئۈستىگە ئالدى. «ئۇيغۇرلار ئالارمۇ؟ زىيان چىقارمىكىن؟» دەپ ئىققىنسادىي كەلگۈسىگە تازا كۆڭۈل

توختىتالمايۋاتقان بۇنداق بىر كىتاب ئۆچۈن مەيدىسىگە مۇشتلاش خىلى جۇرئەت تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۇران لايىھىلەش مەركىزىدىكى خادىملار كىتابنىڭ خەنزۇچە نەشرىدە ئېلىنمىغان بىر نەچچە پارچە خەرىتىنى ئىنگلىزچە نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈپ ئېلىشتا زور تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسەتتى. كىتابنىڭ سۈپەتلىك، مەزمۇنى تولۇق، تېز چىقىشىغا ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. ئۇلارغىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن.

ئۇنىڭدىن باشقا كىتابتىكى بەزى ئاتالغۇلارنى شۇ بەت ئاستىغا ئىزاھات بېرىپ چۈشەندۈرۈپ قويدۇم. تەرجىمىدە قاملاشمىغان، نامۇۋاپىق جايلار بولۇپ قالسا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى سورايمەن.

بۇ كىتاب بىر غەرب سىياسىئونىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى بولغاچقا، ئاپتور خەلقئارالىق مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلغاندا، ئۆز مەيدانىدا تۇرۇپ مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ كىتابتا ئوتتۇرىغا قويغان بەزى قاراشلىرى توغرا بولۇشى ناتايىن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەزكۇر كىتابنى ئوقۇغاندا تەنقىدىي پوزىتسىيىدە بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

# كىرىش سۆز

1993-يىلى «دىپلوماتىيە» ناملىق پەسىللىك ژۇرنالنىڭ يازلىق سانىدا مېنىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىمۇ؟» ناملىق بىر ماقالەم ئېلان قىلىندى. مۇھەررىرلەرنىڭ دېيىشىچە، ماقالىنىڭ بۇ ئۈچ يىلدىن بۇيان قوزغىغان بەس-مۇنازىرىسى 1940- يىلدىن بۇيان بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ھەر قانداق بىر ماقالىنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، بۇ ماقالە قوزغىغان بەس-مۇنازىرە مېنىڭ باشقا ھەر قانداق ئەسىرىم قوزغىغان بەس-مۇنازىرىدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. بۇ ماقالەم ھەققىدە ھەر قايسى دۆلەت، قىتئەلەردىن ئوخشىمىغان ئىنكاس، باھالار كەلدى. كىشىلەر مەن بۇ ماقالەمدە ئوتتۇرىغا قويغان ھازىر مەيدانغا كېلىۋاتقان دۇنيا سىياسىيسىغا كېلىدىغان ئەڭ چوڭ مەركىزىي خەۋپ ئوخشىمىغان ھەزارەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئىختىلاپ توقۇنۇشىدىن كېلىدۇ، دەيدىغان نۇقتىئىنەزەرگە ئوخشىمىغان ئىنكاسلاردا بولدى. بەزىلەر قىزىقسىندى، بەزىلەر قورقتى، بەزىلەر غەزەپلەندى، يەنە بەزىلەر تېڭىرقاپ قالدى. ئىشقىلىپ نېمىلا بولمىسۇن، ماقالە ھەر قايسى ھەزارەت خەلقلىرىنىڭ نېرۋىسىنى ئۇبدانلا بىر سىلكىپ قويدى.

كىشىلەرنىڭ بۇ ماقالىگە بولغان قىزىقىشى، خاتا چۈشەنچىسى ھەم بۇ ھەقتىكى بەس-مۇنازىرىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلىشىم كېرەك ئىكەن، دېگەن يەرگە كەلدىم. بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى مەلۇم بىر پەرەزنى بايان قىلىشتۇر. بۇ ماقالە

دەل مۇشۇنداق بىر سىناق ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ماۋزۇسىدىكى مەسىلە ئىزچىل ئومۇمىيۈزلۈك نەزەرگە ئېلىنماي كەلگەنىدى. بۇ كىتاب دەل بۇ ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىگە تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئەتراپلىق، تەپسىلىي چۈشەنچە بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەن بۇ كىتابتا ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلدىم، قايتا شەرھلىدىم، تەبىر بەردىم، تولۇقلىدىم ھەم ماقالىدە تىلغا ئېلىنمىغان ياكى مۇنداقلا ئۆتۈپ كەتكەن ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى قايتا بايان قىلدىم. بۇ مەسىلىلەر «مەدەنىيەت ھەققىدىكى ئۇقۇم، چۈشەنچە، مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى، كۈچ ۋە مەدەنىيەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىدىكى ھەزارەتنىڭ يەرلىكلىشىشى، مەدەنىيەتنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسى، غەرب ھەممىباپچىلىقىدىن مەيدانغا كەلگەن توقۇنۇشلار، مۇسۇلمان ئۇرۇشخۇمارلىرى، جۇڭگونىڭ ئۆزىنى تەكىتلىشى، جۇڭگونىڭ كۈچلىنىشىگە قارىتا ئەگىشەيلىمۇ ياكى تەڭپۇڭ تۇرايلىمۇ دېگەندەك ئىنكاسلار، ئۆزۈك سەپ ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، غەرب مەدەنىيىتى ۋە غەيرىي غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كېلەچىكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».
ماقالىدە تىلغا ئېلىنماي قالغان بىرىنچى مەسىلە: نوپۇس كۆپىيىشىنىڭ كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىغا، مۇقىمسىزلىقىغا بولغان ھالقىلىق تەسىرى مەسىلىسى. ئىككىنچى مۇھىم مەسىلە بولسا كىتابنىڭ ماۋزۇسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە ئاخىرىدا خۇلاسىلەنگەن مۇنۇ بىر جۈملە سۆز: «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى دۇنيا تىنچلىقىغا بولغان ئەڭ زور تەھدىت، مەدەنىيەتلەر ئاساسىغا قۇرۇلغان بىر خەلقئارالىق تەرتىپ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك كاپالەتتۇر».

بۇ كىتابنى بىر ئىجتىمائىي پەن ئەسىرى دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يەر شارى سىياسىيسىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ شەرھىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ

كىتاب ئالىملارغا نىسبەتەن ئەھمىيىتى بار، سىياسەت تۈزگۈچىلەرگە ئەسقاتىدىغان يەر شارى سىياسىيسىنى كۆزىتىدىغان بىر رامكا ياكى قېلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ رامكىنىڭ ئەھمىيەتلىكلىكى ۋە ئەسقېتىشچانلىقى ھەرگىز ئۇنىڭ ھازىر يەر شارى سىياسىيسىدا يۈز بېرىۋاتقان ھەر قانداق بىر ئىشنى شەرھلەيدىغان ياكى شەرھلىمەيدىغانلىقى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ (ئېنىقكى بۇ ئۇنى قىلالمايدۇ)، بەلكى ئۇنىڭ باشقا رامكىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك، ئەسقاتىدىغان، خەلقئارالىق تەرەققىياتنى كۆزىتىدىغان بىر كۆزنەك بىلەن تەمىنلەپ بېرەلىگەن-بېرەلمىگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. يەنە كېلىپ مەڭگۈ ئۈنۈملۈك رامكىمۇ يوق. گەرچە مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنىڭ 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 21- ئەسىرنىڭ بېشىدىكى يەر شارى سىياسىيسىنى چۈشىنىشكە ياردىمى بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇسۇلنى 21-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى يەر شارى سىياسىيسىنى چۈشىنىشكە ياردىمى بار دېگىلى بولمايدۇ.

باشتا ماقالە، ئاخىرىدا كىتاب بولۇپ چىققان بۇ پىكىر- ئىدىيىلىرىمنى باشتا 1992-يىلى ئۆكتەبىردە ۋاشىنگتوندا تەسىس قىلىنغان ئامېرىكا كارخانا تەتقىقات ئورنىدا سۆزلىگەن بىرادلى لېكسىيەمدە ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. كېيىن يەنە ئولىن تەتقىقات ئورنىنىڭ «ئۆزگىرىۋاتقان بىخەتەرلىك مۇھىتى ۋە ئامېرىكا دۆلەت مەنپەئەتى» ھەققىدىكى تەتقىقات تۈرىگە تەييارلاپ بەرگەن تېزىستا ئوتتۇرىغا قويدۇم. بۇ تۈرنى سىمىس رىچاردسون فوند جەمئىيىتى تەسىس قىلغانىدى.

بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مەن ئامېرىكىنىڭ سودا، سىياسىي، ئىلىم ساھەسىدىكى نۇرغۇن ئەربابلار بىلەن بىللە نۇرغۇن يىغىن، مۇھاكىمىلەرگە قاتناشتىم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئارگېنتىنا، بېلگىيە، جۇڭگو، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، كورېيە، ياپونىيە، ليۇكسېمبورگ، روسىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، سىنگاپور، جەنۇبىي ئافرىقا، ئىسپانىيە، شۋېتسىيە، شۋېتسارىيە تەيۋەن قاتارلىق دۆلەتلەردە

بۇ ماقالە ھەققىدىكى مۇنازىرە-مۇھاكىمىلەردە بولدۇم. بۇ يىغىنلار ماگا ھىندى دىنى مەدەنىيىتىدىن باشقا ئاساسلىق مەدەنىيەتلەرنى بىر قاتار ئۇچراشتۇردى. مەن يىغىن ئەھلىنىڭ چوڭقۇر پىكىر-نوقتىئىنەزەرلىرىدىن كۆپ مەنپەئەت ئالدىم. 1994-يىلىدىن 1995-يىلىغىچە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر تەتقىقات سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرىغا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا دەرس ئۆتتۈم، بۇ جەرياندا ئوقۇغۇچىلارمۇ ناھايىتى ئاكتىپلىق بىلەن مېنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزىرىم ھەققىدە پىكىر بايان قىلىشتى ھەم باھالارنى بەردى. باھالارنىڭ نۇرغۇنلىرى تەنقىد خاراكتېرىدە ئىدى. بۇلارمۇ مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشىمغا يەنە بىر تۈرتكە بولدى. بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشىمۇ يەنە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى جون . ئولىن ئىستراتېگىيە تەتقىقات ئورنى ۋە خەلقئارا ئىشلار تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئىلمىي مۇھىتى ۋە قوللىشىدىن كۆپ مەنپەئەت ئالدى. بۇ ئەسەرنىڭ قوليازمىسىنى مايكىل . رىچ، روبېرت. كوفېن، فەرىد . زەكەرىيە، سكوت زىممىرمان قاتارلىقلار تولۇق كۆرۈپ چىقتى. شۇلارنىڭ باھاسىغا ئاساسەن مەن ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنىغا قايتا زور ئۆزگەرتىش كىرگۈزدۈم. بۇ كىتاب يېزىلىش جەريانىدا سكوت زىممىرمان باشتىن-ئاخىر تەتقىقات جەھەتتە كەم بولسا بولمايدىغان ياردەملەرنى بەردى. ئۇنىڭ قىزغىن، مىننەتسىز ياردىمى بولمىغان بولسا، بۇ كىتاب ھەرگىز ۋۇجۇدقا چىقمىغان بولاتتى. تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىدىن پېتىر.جون، كرىستىئان . بىرىگىسلارمۇ كۆپ ياردەملەردە بولدى. گرىبىس . ماگىستېرس دەسلەپكى نۇسخىسىنى ئۇرۇپ چىقتى. كارول . ئېدۋارد بۇنى ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قايتا-قايتا ئۇرۇپ چىقتى، ھەتتا ئۇنىڭغا نۇرغۇن جايلىرى ياد بوپكەتكەندى.

جورج بورچارد نەشرىيات شىركىتىدىكى رېنىس.شانىون، لايىن كوكىس ۋە سىمون - سكۇستېر نەشرىيات شىركىتىدىكى روبېرت، ئاسافنا، روبېرت بېندىر، بونناللار بۇ ئەسەرنى ناھايىتى

ئەستايىدىللىق بىلەن تەھرىرلەپ چىقتى. مەن بۇلارنىڭ بۇ كىتابنىڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىگە بەرگەن ياردىمىگە كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. شۇلارنىڭ ياردىمىدىلا بۇ كىتاب ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشى چىقتى. يېتەرسىزلىكلىرى بولسا ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئۆزۈم مەسئۇل.

مېنىڭ بۇ كىتابىم جون ئولىن فوند جەمئىيىتى ۋە سىمىس رىچاردسون فوند جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، بۇ كىتابنىڭ نەشردىن چىقىشى بىر نەچچە يىل كېيىنگە سۈرۈلۈپ كېتىش مۇمكىن ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ سېخىي ياردىمىگە چىن دىلىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن. باشقا نۇرغۇن فوند جەمئىيەتلەر بارغانسېرى دىققىتىنى دۆلەت ئىچى مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئولىن ۋە رىچاردسون فوند جەمئىيەتلىرىمۇ ئۇرۇش، تىنچلىق، دۆلەت ۋە خەلقئارا بىخەتەرلىك تەتقىقاتلىرىغا ئايىماي ياردەم بېرىپ، كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ماختاشقا ئەرزىيدۇ.

# I بۆلۈم كۆپ مەدەنىيەتلىك دۇنيا

## بىرىنچى باب
## دۇنيا سىياسىيسىنىڭ يېڭى ئېراسى

### مۇقەددىمە: بايراق ۋە ھەزارەت سالاھىيتى

روسسىيە ۋە ئامېرىكا ئالىملىرى 1992- يىلى 3- يانۋاردا موسكۋادىكى ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ يىغىن زالىدا بىر يىغىن ئاچتى. بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى مەۋجۇت بولۇشتىن قالغان، روسسىيە فېدېراتسىيىسى بىر مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلانغانىدى. نەتىجىدە ئىلگىرى زالدىكى مۇنبەرگە زىننەت سۈپىتىدە قويۇلغان لېنىنىنىڭ ھەيكىلى يوقاپ كەتتى. ئالدى تامغا بولسا روسسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ بايرىقى ئېسىلدى. بىر ئامېرىكىلىق شۇ چاغدا بايراقنىڭ تەتۈر ئېسىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنى روسسىيىلىك ساقچىلارغا دەپ قويغاندىن كېيىن، ئۇلار بىرىنچى قېتىملىق تەنەپپۇس ۋاقتىدىلا ئۇنى ئوڭشاپ قويۇپتۇ.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يىللاردا كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتى ۋە بۇ سالاھىيەتنىڭ سىمۋوللىرىدا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى. يەر شارى سىياسىيسى مەدەنىيەت لىنىيىلىرى بويىچە قايتا شەكىللىنىشكە باشلىدى. تەتۈر ئېسىلىپ قالغان بايراق بۇ ئۆزگىرىشنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى. ئەمما، باشقا

نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ بايرىقى بارغانسېرى تېخىمۇ ئېگىز، نۇقسانسىز ئېسىلىشقا باشلىدى. روسىيىلىكلەرمۇ ۋە باشقا مىللەت كىشىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھەزارەت سالاھىيىتىنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق سىمۋوللىرىغا ئەگىشىپ ئىلگىرىلەيدىغان، سەپەرۋەرلىككە كېلىدىغان بولدى.

1994-يىلى 18-ئاپرېلدا 2000 ئادەم سارايېۋودا يىغىلىپ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى (NATO) ياكى ئامېرىكىنىڭ بايراقلىرىنى ئەمەس، بەلكى سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە تۈركىيىنىڭ بايرىقىنى لەپىلدەتتى. بۇ سارايېۋولىقلار شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى، ب د ت ياكى ئامېرىكىنىڭ بايراقلىرىنى ئەمەس، بەلكى سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيىلەرنىڭ بايراقلارنى لەپىلدىتىپ، ئۆزىنى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى بىلەن بىر دەپ تونۇدى ھەم دۇنياغا كىملەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي دوستلىرى، كىملەرنىڭ ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويدى.

1994-يىلى 16- ئۆكتەبىردە 2000 ئادەم لوس ئانژېلىستا «مېكسىكا دۆلەت بايرىقى دېڭىزى» ئاستىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئامېرىكىنىڭ قانۇنسىز كۆچمەن ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا بېرىدىغان نۇرغۇن پاراۋانلىق تۈرلىرىنى رەت قىلىش ماقۇللانغان 187- قانۇن لايىھىسىگە ئېتىراز بىلدۈردى. بەزى كۆزەتكۈچىلەر مۇنداق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى: «نېمىشقا بۇلار مېكسىكا بايرىقى كۆتۈرۈشۈۋالىدىيۇ، ئەمما يەنە نېمىدەپ دۆلەتتىن ھەقسىز مائارىپ تەلەپ قىلىدۇ؟» ئۇلار ئامېرىكىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىشى كېرەككقۇ؟ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ نامايىشچىلار ئامېرىكا بايرىقىنى كۆتۈرۈشۈپ نامايىش قىلدى، ئەمما بايراق تەتۈر ئىدى. بۇ بايراقلار 187- نومۇرلۇق قانۇن لايىھىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ماقۇللانغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇ 59% كالىفورنىيىلىك سايلىغۇچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى.


سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيادا بايراقنىڭ قىممىتى بولىدۇ. باشقا ھەزارەت سالاھىيىتى سىمۋوللىرىنىڭمۇ

شۇنداق، مەسىلەن، كرېست، ھىلال ئاي، ھەتتا ھىجابلار. چۈنكى، ھەزارەتنىڭ ئۆز قىممىتى بولىدۇ. كۆپ سانلىق كىشىلەرگە نىسبەتەن ھەزارەت سالاھىيىتى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەر ھازىر يېڭىچە تۈس ئالغان كونا سالاھىيىتىنى بايقاپ، يېڭىچە تۈستىكى كونا بايراق ئاستىدا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. نەتىجىدە بۇ يېڭىچە تۈس ئالغان كونا دۈشمەنلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشقا سەۋەب بولۇۋاتىدۇ.


مايكىل دىبدىننىڭ «تىنىق مارجان كۆل» دېگەن رومانىدىكى ۋېنتسىيە مىللەتچىسى ھازىرقى دۇنيانى ئۈمىدسىزلىك بىلەن مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ھەقىقىي دۈشمىنىڭ بولماي تۇرۇپ، ھەقىقىي دوستۇڭ بولمايدۇ. بىز ياتلارغا نەپرەتلەنمەي تۇرۇپ، ئۆزىمىزنى سۆيەلمەيمىز. بۇلار بىز بىر ئەسىردىن كېيىن قايتا ئازاب بىلەن بايقىغان كونا ھەقىقەت، تېخىمۇ ھېسسىياتقا تولغان ساختا گەپ. بۇلارنى ئىنكار قىلغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىسىدىكى مىراسىنى، مەدەنىيىتىنى، تۇغۇلۇش ھوقۇقىنى، ئۆزلىرىنى ئىنكار قىلغان بىلەن ئوخشاش. ئۇلارنى زىنھار ئەپۇ قىلىشقا بولمايدۇ». بۇ كونا ھەقىقەتلەر ئىچىندىكى شۇم ھەقىقەت سىياسىئونلار، ئالىملارنىڭ نەزىرىنىڭ سىرتىدا قالماسلىقى كېرەك. سالاھىيىتىنى، ئىسمىنىڭ يىلتىزىنى سۈرۈشتۈرۈۋاتقانلار ۋە بۇنى قايتا بېكىتىۋاتقانلار ئۈچۈن دۈشمەن كەم بولسا بولمايدۇ، ئەڭ خەتەرلىك يوشۇرۇن دۈشمەن دۇنيادىكى ئاساسلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزۈلمە لىنىيىسى بويىدا پەيدا بولىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ مەركىزىي تېمىسى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادىكى بىرلىشىش، بۆلۈنۈش، توقۇنۇشلارنىڭ ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈۋاتقان ھەزارەت ۋە ھەزارەت سالاھىيىتى، تېخىمۇ كەڭرەك قىلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت سالاھىيىتى. بۇ كىتابنىڭ بەش بۆلۈمى مۇشۇ مەركىزىي تېمىنى تەپسىلىي شەرھلەيدۇ.


## 1920- يىلىدىكى غەرب ۋە غەيرىي غەرب دۇنياسى




(1-باب 1-خەرىتە)




## 1960- يىللار: سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى دۇنيا




(1-باب 2-خەرىتە)



## 1990-يىللار: مەدەنىيەتلەر دۇنياسى



(1-باب 3-خەرىتە)



1- بۆلۈم: يەر شارى سىياسىيسى تارىختا تۇنجى قېتىم كۆپ قۇتۇپلىشىش، كۆپ مەدەنىيەتلىشىش بىلەن خاراكتېرلەندى. زامانىۋىلىشىش غەربلىشىشتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ يا ھەقىقىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ھەممىباب مەدەنىيەت شەكىللەندۇرەلمىدى يا غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ غەربلىشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمىدى.

2- بۆلۈم: مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقى ئۆزگىرىۋاتىدۇ. غەربنىڭ تەسىرى نىسپىي ئاجىزلىشىۋاتىدۇ. ئاسىيا مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي، سىياسىي كۈچىنى كۈچەيتىۋاتىدۇ. ئىسلام دۇنياسىدا نوپۇس پارتلاش خاراكتېرلىك كۆپىيىپ، مۇسۇلمان دۆلەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ قوشنىلىرىنىڭ مۇقىمسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. غەيرىي غەرب مەدەنىيەتلىرىمۇ ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتىنى قايتا مۇئەييەنلەشتۈرۈۋاتىدۇ.

3- بۆلۈم: مەدەنىيەتنى ئۇل ئاساس قىلغان دۇنيا تەرتىپى مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. مەدەنىيىتى ئوخشاش جەمئىيەتلەر بىر-بىرى بىلەن ھەمكارلىشىۋاتىدۇ. بىر مەدەنىيەتكە تەۋە جەمئىيەتنى يەنە باشقا بىر مەدەنىيەتكە تەۋە جەمئىيەتكە ئۆزگەرتىۋېتىش تىرىشچانلىقلىرى مۇۋەپپەقىيەتسىز بولۇۋاتىدۇ. دۆلەتلەر ئۆز مەدەنىيىتى ئىچىدىكى يېتەكچى، يادرو (ئاساسلىق كۈچلۈك) دۆلەت ئەتراپىغا ئۇيۇشۇۋاتىدۇ.

4- بۆلۈم: غەربنىڭ ھەممىباپچىلىقى بارغانسېرى ئۇنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىبغىرى ئىسلامىيەت ۋە جۇڭگو بىلەن بولغان توقۇنۇش. رايون خاراكتېرلىك ئۆزۈلمە لىنىيىدىكى ئۇرۇش كۆپىنچە ھاللاردا مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش بولۇپ قېلىپ، «تۇققان دۆلەتلەرنىڭ قايتا بىرلىشىشى»نى ۋە كۆنسىرى كۈچىيىۋاتقان تەھدىتنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ، شۇ سەۋەبلىك يادرو دۆلەتلەر بۇ ئۇرۇشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ.

5- بۆلۈم: غەربنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ غەربچە سالاھىيىتىنى قايتىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە، شۇنداقلا غەربلىكلەرنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى بىر خىل (ئورتاق) ئۇنىۋېرسال ھەزارەت ئەمەس، بەلكى ئۆزگىچە بىر مەدەنىيلىك دەپ قارىشىغا ھەمدە ئۇنى يېڭىلىشىغا، قوغدىشىغا ۋە غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ خىرىسىدىن ساقلىنىشىغا تايىنىدۇ. مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى يەر شارى خاراكتېرلىك ئۇرۇشتىن ساقلىنىش دۇنيا رەھبەرلىرىنىڭ يەر شارى سىياسىيسىنىڭ كۆپ ھەزارەتلىك خاراكتېر-ئالاھىدىلىكىنى ھىمايە قىلىشى ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشىغا باغلىق.

## بىر كۆپ قۇتۇپلۇق، كۆپ مەدەنىيەتلىك دۇنيا

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيا سىياسىيسى تارىختا تۇنجى قېتىم كۆپ قۇتۇپلۇق، كۆپ مەدەنىيەتلىك بولۇش بىلەن خاراكتېرلەندى. ئىنسانلار تارىخىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم مەزگىللىرىدە مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقە ئىزچىل داۋاملاشمىغان، ھەتتا پەقەت مەۋجۇت بولمىغان. كېيىن ھازىرقى زامان دەۋرىنىڭ باشلىنىشىغا ئەگىشىپ، مىلادىيە 1500-يىللىرىدىن باشلاپ يەر شارى سىياسىيسىدا ئىككى قۇتۇپ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. 400 يىل مابەينىدە غەرب مىللىي دۆلەتلىرى — ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىسپانىيە، ئاۋسترىيە، پىرۇسسىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەر غەرب مەدەنىيىتى ئىچىدە بىر كۆپ قۇتۇپلۇق خەلقئارالىق سىستېما ھاسىل قىلدى. ئۇلار ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشتى، رىقابەتلەشتى ۋە ئۆز ئارا ئۇرۇش قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەرب مىللەتلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، باشقا مەدەنىيەتلەرنى مۇستەملىكە قىلدى، بويسۇندۇردى، شۇنداقلا ئۇلارغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى (خەرىتە 1.1 گە قاراڭ). سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە يەر شارى سىياسىيسى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈندى. دۇنيا ئۈچ بۆلەككە

ئايرىلىپ كەتتى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئەڭ بايإشات، دېموكراتىك جەمئىيەتلەر ئىدېئولوگىيە، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى نامرات كوممۇنىستىك جەمئىيەتلەر بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك رىقابەتكە چۈشۈپ قالدى. نۇرغۇن توقۇنۇشلار بۇ ئىككى لاگېرنىڭ سىرتىدىكى نامرات، سىياسىيسى مۇقىمسىز، يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان ياكى شەرتنامە تۈزۈشنى رەت قىلغان 3- دۇنيا ئەللىرىدە يۈز بەردى (1.2 خەرىتىگە قاراڭ).

1980-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى كوممۇنىستىك جەمئىيەتلەر گۇمران بولدى. شۇنىڭ بىلەن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن ئىبارەت خەلقئارالىق سىستېما تارىختا ئايلاندى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ مۇھىم پەرق ئىدېئولوگىيىلىك، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرق بولماستىن، بەلكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقتۇر. ھەر قايسى ئەل-قوۋملار، ئىنسانلار دۇچ كېلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە بىز كىم؟ دېگەن سوئالغا ئەڭ ئەھمىيەتلىك مەسىلە قاتارىدا قاراپ، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ جاۋاب بېرىۋاتىدۇ. كىشىلەر ئەجدادلىرى، دىنى، تىلى، تارىخى، قىممەت سىستېمىسى، ئۆرپ-ئادەت، تۈزۈملىرى بىلەن ئۆزلىرىنى (باشقىلاردىن) پەرقلەندۈرىدۇ. ئۇلار قەبىلە، ئىرق، دىنىي گۇرۇھ، مىللەت، شۇنداقلا باشقا ئەڭ كەڭ دائىرىلىك قاتلاملاردا ئۆزلىرىنىڭ ھەزارەت سالاھىيىتىنى بېكىتىدۇ. كىشىلەر سىياسىي ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى بەلگىلەيدۇ. بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىزدىن باشقا ھېچكىم ئەمەسلىكىمىزنى ھەممىدە ئۆزىمىزنىڭ كىمگە قارشى تۇرىدىغانلىقىمىزنى چۈشەنگىنىمىزدە، ئۆزىمىزنىڭ سالاھىيىتىنى ئاندىن بىلەلەيمىز. دۆلەتلەر يەنىلا دۇنيا ئىشلىرىدىكى ئاساسلىق ئامىل. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ئىلگىرىكىدەك ھوقۇق ۋە بايلىق قوغلىشىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش بىلەن بىرگە يەنە ھەزارەت پەرقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

ھازىر دۆلەتلەرنى سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدىكىدەك ئۈچ گۇرۇھقا بۆلۈشكە قارىغاندا، دۇنيادىكى يەتتە-سەككىز ھەزارەتكە ئايرىش ئەڭ مۇھىم ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. غەرب جەمئىيىتىدىن سىرت يەنە شەرقىي ئاسىيا جەمئىيىتىمۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەربىي كۈچ ۋە سىياسىي تەسىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئاساسىنى ياراتتى. ھوقۇق ۋە ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ھەزارەت، قىممەت سىستېمىسىنى كېڭەيتتى ھەم غەرب ئۇلارغا «تاڭغان ھەزارەت قىممەت سىستېمىسىنى رەت قىلدى». ھېنرى كىسسىنگېر بۇ مەسىلىگە بالدۇرلا دىققەت قىلغان ۋە مۇنداق دېگەنىدى: «21- ئەسىردىكى خەلقئارا سىستېما... ئاز دېگەندە ئالتە ئاساسلىق كۈچنى، يەنى ئامېرىكا، ياۋروپا، جۇڭگو، ياپونىيە، روسىيە، ھىندىستان، شۇنداقلا نۇرغۇن ئوتتۇراھال دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»①. كىسسىنگېر تىلغا ئالغان ئالتە خىل ئاساسلىق كۈچ ئوخشىمايدىغان بەش خىل مەدەنىيەتكە تەۋە، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى مۇھىم ئىسلام دۆلەتلىرىمۇ بار. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى، زور نوپۇسى، نېفىت بايلىقى ئۇلارنى دۇنيا ئىشلىرىدا تەسىرگە ئىگە قىلغان. بۇ يېڭى دۇنيادا رايون سىياسىيسى ئىرق-مىللەت سىياسىيسى، يەر شارى سىياسىيسى ھەزارەت سىياسىيسى بولىدۇ. ھەزارەت توقۇنۇشى دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەر رىقابىتىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ.

بۇ يېڭى دۇنيادا ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك، مۇھىم، خەتەرلىك توقۇنۇش ئىجتىمائىي سىنىپلار، باي-نامراتلار ياكى ئىقتىسادىي رايون قىلىپ ئايرىلغان گۇرۇھلار ئارىسىدىكى توقۇنۇش بولماستىن، بەلكى ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتكە تەۋە خەلقلەر ئارىسىدىكى توقۇنۇشتۇر. قەبىلە ئۇرۇشلىرى ۋە ئىرقىي توقۇنۇشلار مەدەنىيەتلەر ئىچىدە يۈز بېرىدۇ. ئەمما، ئوخشاشمىغان دۆلەتلەر ۋە گۇرۇھلار ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ «تۇققان دۆلەت»لىرىنى قوللىغاندا، بۇ ئوخشاشمىغان ھەزارەتكە تەۋە دۆلەت-گۇرۇھلار ئارىسىدىكى زوراۋانلىقنىڭ كۆپىيىش

خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ[2]. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن سوۋېت سىياسىي ئالاقىلىرى قەبىلىلەر ئارا قانلىق توقۇنۇش كەڭ كۆلەملىك توقۇنۇش پەيدا قىلالمىدى. رۇئاندا قەبىلىلەرنىڭ قانلىق توقۇنۇشلىرى ئۇگاندا، زايىر، بۇرۇندىلارغىچە كېڭەيگەن بولسىمۇ، ئەمما تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە كېڭەيمىدى. بوسنىيە، كاۋكاز، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كەشمىردىكى مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى قانلىق توقۇنۇشلار ئېھتىمال تېخىمۇ چوڭراق ئۇرۇشقا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. يۇگوسلاۋىيىدىكى توقۇنۇشتا روسىيە سېربلارنى دىپلوماتىيە جەھەتتە قوللىدى، ئەمما سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە، ئىران، لىۋىيىلەر بوسنىيىلىكلەرگە ماددىي بايلىق ۋە قورال-ياراغ بىلەن ياردەم بەردى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئىدېئولوگىيە، سىياسىي ھوقۇق، ئىقتىسادىي مەنپەئەت جەھەتلەردىكى سەۋەبتىن بولماستىن، بەلكى ھەزارەت ئۇرۇق-تۇققانچىلىقى سەۋەبىدىندۇر. ۋاسلوف ناۋېر مۇنداق دېگەن: «ھەزارەتلەر توقۇنۇشى كۈچىيىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ ھازىر تارىختىكى ھەر قانداق چاغدىكىدىن خەتەرلىك بولۇپ قالدى». ۋاك دېلور مۇنداق قارايدۇ: «كەلگۈسىدىكى توقۇنۇش ئىقتىسادىي ياكى ئىدېئولوگىيە ئامىللىرى تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى ھەزارەت تۈپەيلىدىن پارتلايدۇ»[3]. ئەڭ خەتەرلىك ھەزارەت توقۇنۇشى ھەزارەت ئۆزۈلمە قاتلام لىنىيىسىنى بويلاپ يۈز بەرگەن توقۇنۇشلاردۇر.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا ھەزارەت ھەم پارچىلايدىغان، ھەم بىرلىككە كەلتۈرىدىغان ئامىلدۇر. كىشىلەر خۇددى ئىككى گېرمانىيە ياكى ئىككى چاۋشيەندەك، ئىدېئولوگىيە تەرىپىدىن ئايرىلىپ، يەنە ھەزارەت تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلىدۇ، يەنە ھەزارەت تەرىپىدىن پارچىلىنىدۇ. جەمئىيەت ئىدېئولوگىيە ياكى تارىخىي ۋەزىيەت تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلىدۇ، ئەمما يەنە مەدەنىيەت تەرىپىدىن پارچىلىنىدۇ. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى، يۇگوسلاۋىيە، بوسنىيىلەردەك پارچىلىنىدۇ ياكى ئۇكرائىنا، نىگېرىيە، سۇدان، ھىندىستان، سىرىلانكا ۋە باشقا دۆلەتلەرگە

ئوخشاش جىددىي ۋەزىيەتتە قالىدۇ. ھەزارەت تۇققانچىلىقى مۇناسىۋىتى بار دۆلەتلەر ئىقتىساد ۋە سىياسىي جەھەتلەردە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىدۇ. مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى دۆلەتلەر ئاساسىغا قۇرۇلغان ياۋروپا ئىتتىپاقىدەك مەدەنىيەتتىن ھالقىغان خەلقئارالىق تەشكىلاتلارمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ. 45 يىللىق «تۆمۈر پەردە» ياۋروپانىڭ ئاساسلىق ئايرىلىش سىزىقى بوپكەلگەن. بۇ سىزىق شەرققە نەچچە يۈز ئىنگلىز مىلى يۆتكەلدى. ھازىر ئۇ بىر جەھەتتىن غەرب خرىستىئان مىللەتلىرىنى مۇسۇلمانلاردىن، يەنە بىر تەرەپتىن پراۋوسلاۋىيە دىنىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان چېگراغا ئايلاندى.

پەلسەپىۋى پەرەز، قىممەت سىستېمىسى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئۆرپ-ئادەت، شۇنداقلا ئومۇمىيۈزلۈك تۇرمۇش قارىشى جەھەتلەردە ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا زور پەرقلەر بار. دۇنيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا يامرىغان دىنىي گۈللىنىش ھەرىكەتلىرى بۇ پەرقلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. مەدەنىيەتنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادقا بولغان تەسىرى دەۋرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. بىراق، روشەنكى ھەزارەتلەر ئارىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى زور پەرقلەر ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەردە يىلتىز تارتقان. خۇددى مۇقىم دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈمگە ئىگە بولۇش جەھەتتە شەرقىي ئاسىيا جەمئىيىتى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقنىڭ ھەزارەت ئارقا كۆرۈنۈشى بولغاندەك، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيىتىنىڭمۇ ھەزارەت ئارقا كۆرۈنۈشى بار. ئىسلام مەدەنىيىتى دېموكراتىيىنىڭ نېمە ئۈچۈن كۆپ قىسىم ئىسلام دۇنياسىدا ئەمەلگە ئاشالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. كېيىنكى كوممۇنىزم جەمئىيىتى بولغان شەرقىي ياۋروپا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئۆز ھەزارەت سالاھىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. غەرب خرىستىئان دىنى ئەنئەنىسىگە ئىگە دۆلەتلەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە دېموكراتىك سىياسىي جەھەتتە ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. پراۋوسلاۋىيە دىنى

دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەرەققىيات ئىستىقبالى تېخى ئېنىق ئەمەس، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ بولسا تولىمۇ خىرە.

غەرب مەدەنىيىتى كەلگۈسىدىكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە يەنىلا ئەڭ كۈچلۈك مەدەنىيەت، ئەمما ئۇلارنىڭ كۈچى باشقا مەدەنىيەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا تۆۋەنلەۋاتىدۇ. غەرب ئۆزىنىڭ قىممەت سىستېمىسىنى كېڭەيتىۋاتقان، مەنپەئەتىنى قوغداۋاتقان چاغدا، غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرى مۇنداق تاللاشقا دۇچ كەلگەن بولىدۇ: بەزىلىرى غەربتىن ئۆرنەك ئېلىپ، غەربكە قوشۇلۇشقا ئۇرۇنىدۇ ياكى ئەگىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كۇڭزى مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى جەمئىيەتلىرى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسەتمەكچى ياكى «تەڭپۇڭ كۈچلەر» ئارقىلىق غەرب بىلەن باراۋەر تۇرماقچى بولىدۇ. شۇڭا، كېيىنكى سوغۇق ئۇرۇش مەزگىلىدە دۇنيا سىياسىيسىنىڭ بىر ئاساسلىق ئوقى غەربنىڭ كۈچى ۋە ھەزارىتى بىلەن غەيرىي غەربنىڭ كۈچى ۋە ھەزارىتىنىڭ ئۆز ئارا رول ئوينىشى بولىدۇ.

قىسقىسى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيا يەتتە ياكى سەككىز خىل مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەدەنىيەتتىكى ئورتاقلىق ۋە پەرق دۆلەت مەنپەئەتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. دۇنيادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەردىن كېلىپ چىقىدۇ. تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشقا ئايلىنىپ قېلىش ئېھتىمالى ئەڭ زور توقۇنۇشلار ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتكە تەۋە دۆلەت، گۇرۇھلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشتىن كېلىدۇ. خەلقئارا يىغىنلاردىكى مۇنازىرە قىلىنىدىغان ئاچقۇچلۇق مەسىلە مەدەنىيەت ئارىسىدىكى پەرقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۈچمۇ ئۇزۇندىن بېرى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەن غەربتىن غەيرىي غەرب مەدەنىيىتىگە يۆتكىلىۋاتىدۇ. يەر شارى سىياسىيسى كۆپ قۇتۇپلىشىش، كۆپ مەدەنىيەتلىشىش بىلەن خاراكتېرلەندى.

## باشقا دۇنيا

**خەرىتە ۋە ئەندىزە.** ھەزارەت ئامىللىرى ۋە ئوخشاشمىغان ھەزارەتلىكلەرگە تەۋە دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن سىزىلىپ قالغان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ دېكوراتسىيىسى بەك ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىلگەن. ئۇنىڭدا نۇرغۇن نەرسىلەر چۈشۈپ قالغان، بەزى نەرسىلەر بۇرمىلانغان، بەزىلىرى مۇجمەللەشتۈرۈۋېتىلگەن. ئەگەر بىز بۇ دۇنيا ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنايلى ۋە ئۈنۈملۈك پائالىيەت قىلايلى دېسەك، بىزگە رېئاللىقنىڭ بەزى ئاددىيلاشتۇرۇلغان خەرىتىلىرى، بەزى نەزەرىيە، ئۇقۇم، قېلىپ، ئەندىزىلەرنىڭ بولۇشى زۆرۈر. خۇددى ۋىلىيام . جىمىس ئېيتقاندەك، بۇ ئىدىيۋى قۇرۇلمىلار بولمىسا، تولىمۇ مۇجمەللىك، چۈشىنىكسىزلىك كېلىپ چىقىدۇ. توماس كوفىن ئۆزىنىڭ «ئىلىم-پەن ئىنقىلابىنىڭ قۇرۇلمىلىرى» دېگەن كلاسسىك ئەسىرىدە مۇنداق كۆرسىتىدۇ: ئىدىيۋى ئىلىم-پەندىكى ئىلگىرىلەشلەر يېڭى ۋە يېڭىلا مەيدانغا كەلگەن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە بارغانسېرى ئاجىز كېلىۋاتقان بىر ئەندىزىنىڭ ئورنىنى بۇ مەسىلىلەرنى تېخىمۇ قايىل قىلارلىق چۈشەندۈرەلەيدىغان يېڭى ئەندىزىلەرنىڭ ئېلىنىشى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ: « بىر نەزەرىيە ئەندىزە بولۇپ قوبۇل قىلىنىش ئۈچۈن، بۇ نەزەرىيە باشقا نەزەرىيىلەردىن ياخشىراق كۆرۈنۈشى كېرەك. ئەمما، ئۇنىڭ دۇچ كەلگەن ھەر قانداق بىر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشى ھاجەت ئەمەس، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس [4].

جون لۇيىس مۇنداق دەيدۇ: «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىمۇ شۇ يەردىن ئۆتىدىغان يولنى ئىزدەشتە مەلۇم بىر خەرىتىگە موھتاج بولىدۇ. خەرىتە سىزىش ئىلمى (كارتوگرافىيە) بىزگە ئۆزىمىزنىڭ قەيەردىلىكىنى ھەم قەيەرگە مېڭىش ئېھتىماللىقىمىزنى

ئىدىيىلەشتۈرۈپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ». خۇددى ئۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلەر رىقابىتىدىن شەكىللەنگەن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دۇنياسى دېكوراتسىيىسى دەل شۇنداق بىر مودېل. ئۇنى تۇنجى قېتىم ھارىي ترۇمان رايونلار سىياسىيسى خەرىتە ئىلمى جەھەتتىكى بىر مەشىق سۈپىتىدە بايان قىلغان. ئۇ «ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدىغان ئۇقۇملار بىلەن خەلقئارالىق دېكوراتسىيىسىنى تەسۋىرلىگەن ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پات ئارىدا يولغا قويىدىغان مۇپەسسەل چەكلەش ئىستراتېگىيىسى ئۈچۈن يول ھازىرلىغان». دۇنيا قاراش ۋە سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى نەزەرىيىسى خەلقئارا سىياسىيسى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان يېتەكچى[5].

40 يىلدىن بۇيان خەلقئارا مۇناسىۋەت تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئەمەلىيەتچىلىرى خەلقئارا ئىشلارنىڭ ناھايىتى ئىدىيىلەشتۈرۈلگەن، ئەمما بەك پايدىلىق ئەندىزە، ئاتالغۇلىرى بويىچە پىكىر قىلدى ۋە ھەرىكەت قىلدى. ئەمما، بۇ ئەندىزىلەر ھازىرقى دۇنيا سىياسىيسىدا يۈز بېرىۋاتقان ھەممە نەرسىگە جاۋاب بېرەلمىدى. كوخىنىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، يەنە نۇرغۇن ئايرىم ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ، بەزىدە بۇ ئەندىزىلەر ئالىملار ۋە سىياسىئونلارنىڭ كۆزىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشىدەك چوڭ ئۆزگىرىش-تەرەققىياتلارنى كۆرۈشتىن خىرەلەشتۈرۈپ قويىدۇ. ئەمما يەر شارى سىياسىيسىنىڭ ئىدىيىلەشتۈرۈلگەن مودېلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ باشقا ھەر قانداق مودېل ياكى ئەندىزىگە قارىغاندا، مۇھىم ھادىسىلەرنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇ خەلقئارا ئىشلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ مۇھىم چىقىش نۇقتىسى ھەم ئومۇمەن دېگۈدەك قوبۇل قىلىنغان، ھەم ئىككى ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ دۇنيا سىياسىيسى ھەققىدە پىكىر قىلىش يولىنى شەكىللەندۈردى.

ئىدىيىلەشتۈرۈلگەن ئەندىزىلەر ئىنسان تەپەككۇرى ۋە پائالىيىتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ. شۇڭا، بىز يا نەزەرىيە، قېلىپلارغا ئېنىق

تەبىر بېرىشىمىز ۋە ئۇلارنى ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچى قىلىشىمىز ياكى بىز بۇ خىل يېتەكچىلىككە موھتاجلىقىمىزنى ئىنكار قىلىپ، پەقەت كونكرېت «ئوبيېكتىپ» پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ، ھەر بىر مەسىلىنى «ئۆزىنىڭ قىممىتى بويىچە» بىر تەرەپ قىلالايمىز دەپ پەرەز قىلىشىمىز كېرەك. لېكىن، شۇنداق پەرەز قىلساق، بىز ئۆزىمىزنى ئالدىغان بولىمىز. چۈنكى، بىزنىڭ مېڭىمىزنىڭ پىنھان جايلىرىغا رېئاللىقنى قانداق چۈشىنىشىمىزنى، قانداق ئىشلارغا كۆڭۈل قويۇشىمىزنى ھەم ئۇنىڭ مۇھىملىقى ۋە قىممىتىگە قانداق ھۆكۈم قىلىشىمىزنى بەلگىلەيدىغان قاراش، خاھىشلار يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بىز ئېنىق ئەندىزىلەرگىمۇ، خىرە-تۇتۇق ئەندىزىلەرگىمۇ موھتاج، شۇندىلا بىز:

1) رېئاللىقنى رەتلىيەلەيمىز ۋە ئۇنىڭدىن خۇلاسە چىقىرالايمىز؛

2) ھادىسىلەر ئارىسىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى چۈشىنەلەيمىز؛

3) ئەگەر تەلەيلىكرەك بولۇپقالساق كەلگۈسى تەرەققىياتىنىمۇ پەرەز قىلالايمىز؛

4) مۇھىم ۋە مۇھىم ئەمەس نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرەلەيمىز؛

5) ئۇ ئەندىزىلەر نىشانىمىزغا يېتىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھەر قانداق ئەندىزە ياكى خەرىتە بىر ئابىستراكت نەرسە بولۇپ، ئۇ بەزى مەقسەتلەرگە قارىغاندا باشقا بەزى مەقسەتلەرگە پايدىلىق. يول خەرىتىسى بىزگە Aئورۇندىن Bئورۇنغا قايسى يول بىلەن بېرىشنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئەمما، ئايروپىلانغا ئولتۇرساق ئۇنىڭ بىزگە پايدىسى بولمايدۇ. بۇ چاغدا بىز سىمسىز ئاۋىئاتسىيە ئانتېنىسى، ئۇچۇش يولى ۋە يەر شەكلى خەرىتىسىگە موھتاج بولىمىز. خەرىتە بولمىسا بىز ئېزىپ قالىمىز. خەرىتە قانچە تەپسىلىي بولسا، ئۇ رېئاللىقنى شۇنچە تولۇق ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. دەرىجىدىن تاشقىرى تەپسىلىي خەرىتىمۇ نۇرغۇن مەقسەتلەر ئۈچۈن پايدىلىق ئەمەس.

ئەگەر بىز بىر يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ئارقىلىق بىر چوڭ شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە بارماقچى بولساق، بىز قاتناش قوراللىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە مۇناسىۋەتسىز مۇرەككەپ يوللار ئارىسىدىكى ئۆزىمىزنىڭ ئاساسلىق يولىنى تاپقىلى بولمايدىغان خەرىتىگە موھتاج ئەمەس. بۇنداق خەرىتىدىن بىز قايمۇقۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتىن، پەقەت بىرلا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى بار خەرىتىمۇ يەنە نۇرغۇن ئەمەلىي ئەھۋالنى تەمىنلىيەلمەسلىكى، ئەگەر بۇ يول چوڭراق بىرەر ۋەقە بىلەن توسۇلۇپ قالغان بولسا، بىزنى باشقا يەنە بىر يول تېپىشتىن مەھرۇم قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. قىسقىسى بىز مەقسىتىمىزگە ئەڭ ياخشى رەۋىشتە خىزمەت قىلالايدىغان ھەم رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ھەم رېئاللىقنى ئاددىيلاشتۇرغان بىر خەرىتىگە موھتاج. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە دۇنيا سىياسىيسىنىڭ تۆۋەندىكىدەك نۇرغۇن خەرىتە ۋە ئەندىزىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

***بىر دۇنيا: خۇشاللىق ۋە ماسلىق.*** ناھايىتى كەڭ دائىرىدە شەرھلەنگەن بىر ئەندىزە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى يەر شارى سىياسىيسىدىكى ئەڭ زور توقۇنۇشنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە نىسپىي تىنچ بولغان بىر دۇنيانىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، دېگەن پەرەز ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە فرانسىس فۇكوياما ئوتتۇرىغا قويغان «تارىخنىڭ تۈگۈنى» نەزەرىيىسى ئەڭ كەڭ دائىرىدە مۇلاھىزە قىلىنغان ئەندىزە بولۇپ قالدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز تارىخنىڭ بۇنداق بىر تۈگۈنىنى، يەنى ئىنسانىيەت ئىدېئولوگىيە تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ھەم ئىنسانلار ھۆكۈمەت شەكلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى فورمىسى بولغان غەرب ئەركىن دېموكراتىيىسىنىڭ ئومۇملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز». ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۇنى جەزم قىلىشقا بولىدۇكى، بەزى توقۇنۇشلار 3- دۇنيا ئەللىرىدە يۈز بېرىدۇ. ياۋروپادىكىلا ئەمەس، يەر

شارى مىقياسىدىكى توقۇنۇش ئاياغلاشقان بولسىمۇ، غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە، بولۇپمۇ جۇڭگو ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ماركسىزم-لېنىنىزم ئېتىقادچىلىرى ماناگوئا، پىگراڭ، كامبىرج، ماسسا چۇسېتىدا ھېلىھەم مەۋجۇت، ئەمما ئەركىن دېموكراتىيە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلدى. كەلگۈسىدە كىشىلەر ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئىدىيە كۈرەشلىرىگە ئەمەس، ئادەتتىكى ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇ ئاخىرىدا تولىمۇ كۆڭۈلسىز بىر ھالدا خۇلاسىلەپ: بۇلار تولىمۇ زېرىككەرلىك دەيدۇ»⑥.

ماسلىققا بولغان تەقەززالىق كەڭ دائىرىدە قارشى ئېلىندى. سىياسىي داھىيلار ۋە ئىلىم پېشۋالىرى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان قاراشلارنى شەرھلەشتى. بېرلىن تېمى ئۆرۈلدى. كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتلەر تەختتىن غۇلىدى. ئەمدى ب د ت نىڭ مۇھىملىقى تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. سابىق كوممۇنىزمنىڭ رەقىبلىرى ئەمدى «ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى»دە بولىدۇ ۋە «چوڭ سودىلىشىش» قا چۈشىدۇ. تىنچلىق ساقلاش ۋە تىنچلىق يارىتىش كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلىدۇ. دۇنيادىكى يېتەكچى دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭى «يېڭى دۇنيا تەرتىپى»نى جاكارلىدى. دۇنيادىكى يېتەكچى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇدىرى بىخەتەرلىك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر پروفېسسورنى ئىشقا قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. چۈنكى، بۇنىڭ ھازىر زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. «خۇداغا شۈكرى! ئەمدى ئۇرۇشنى تەتقىق قىلمايمىز، چۈنكى بۇنىڭغا ئەمدى ئېھتىياج قالمىدى».

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىكى پەۋقۇلئاددە خۇشاللىق پەيتتە ماسلىق ھەققىدە خاتا تۇيغۇ مەيدانغا كەلدى ھەم تېزلا بۇنىڭ خاتا تۇيغۇ ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. دۇنيا 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىغا ئوخشاشمايدۇ. ئەمما، تېخىمۇ تىنچ بوپكېتىشى ناتايىن. ئۆزگىرىشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ئىلگىرىلەشنى ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ. 20-ئەسىردىكى ھەربىر زور توقۇنۇش

ئاخىرلاشقاندا، مۇشۇنداق خىياللار مودا بولغانىدى. 1-دۇنيا ئۇرۇشى «ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان»، دېموكراتىيە ئۈچۈن دۇنيانى بىخەتەر قىلىدىغان دۇنيا ئۇرۇشى دەپ قارالغان. فرانكلىن روزۋېلتمۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى كۆپ تەرەپلەر ھەرىكەت سىستېمىسىنى، باشقىلارنى چەتكە قاقىدىغان ئىتتىپاقداشلارنى، كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى ۋە نەچچە ئەسىردىن بۇيان سىناق قىلىنىپ كېلىۋاتقان، ئەمما ھەمىشە مەغلۇپ بولۇۋاتقان ھوقۇق-تاكتىكا ئويۇنلىرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ». ئۇلارنىڭ ئورنىنى «بارلىق تىنچلىقنى سۆيىدىغان دۆلەتلەردىن تەركىب تاپقان دۇنيا تەشكىلاتى» ۋە «مەڭگۈلۈك تىنچلىق قۇرۇلمىسىنىڭ باشلىنىشى» ئالىدۇ⑦. ئەمما بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى كوممۇنىزم، فاشىزمنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، بىر ئەسىردىن ئۇزاق داۋاملاشقان دېموكراتىيە تۈزۈمىگە قاراپ مېڭىۋاتقان يۈنىلىشنى ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ھەقىقىي يەر شارى ئۇرۇشىنى مەيدانغا كەلتۈردى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن تۇغۇلغان خاتا تىنچلىق تۇيغۇلىرى تېزلا نۇرغۇن ئىرقىي توقۇنۇش ۋە «ئىرقىي تازىلاش»لار، قانۇن-تەرتىپلەرنىڭ بۇزۇلۇشى، دۆلەتلەر ئىتتىپاقى ۋە دۆلەتلەر توقۇنۇشىنىڭ يېڭى شەكىللىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، يېڭى كوممۇنىزم ۋە فاشىزمنىڭ تىرىلىشى، دىنىي ئەسلىيەتچىلىكنىڭ كۈچىيىشى، روسىيىنىڭ غەرب بىلەن بولغان «تەبەسسۇم دىپلوماتىيىسى» ۋە «ماقۇللۇق سىياسىتى»نىڭ ئاخىرلىشىشى، ب د ت ۋە ئامېرىكىنىڭ رايونلاردىكى قانلىق توقۇنۇشلارنى توختىتىشقا قۇربى يەتمەسلىكى، ئۆزىنى كۈچەيتىۋاتقان جۇڭگونىڭ ئۆزىنى تەكىتلىشىنىڭ كۈچىيىشى قاتارلىقلار تەرىپىدىن يوق قىلىندى. بېرلىن تېمى ئۆرۈلگەندىن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە دۇنيادا «ئىرقىي يوقىتىش» دېگەن سۆز سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ھەر قانداق چاغدىكىگە قارىغاندا كۆپ ئاڭلىنىدىغان بولدى. بىر تىنچ دۇنيا ئەندىزىسى رېئاللىقتىن تولىمۇ يىراقلىشىپ، سوغۇق

مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنياغا يېتەكچىلىك قىلالمايدىغان بولدى.

***ئىككى دۇنيا: بىز ۋە ئۇلار.*** گەرچە بەزى زور توقۇنۇشلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دۇنيا مىقياسىدا يېڭى بىر دۇنياغا نىسبەتەن ئورتاق تەقەززالىق تۇغۇلسىمۇ، ئەمما پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئىككى دۇنيا تەپەككۇر ئەندىزىسى يەنە باش كۆتۈردى. كىشىلەر بىر-بىرىنى مەن-سەن، بىز-ئۇ، گۇرۇھنىڭ ئىچى ۋە سىرتى، بىزنىڭ مەدەنىيەتمىز ۋە ئۇلارنىڭ ياۋايىلىقى دەپ ئايرىيدىغان بولدى . ئالىملار ئىلگىرى غەرب، شەرق، جەنۇب، شىمال، مەركەز ۋە ئەتراپ دېگەنلەرگە ئاساسەن دۇنيانى تەھلىل قىلاتتى. مۇسۇلمانلارمۇ دۇنيانى Darl—Islam ۋە Daral—Harb يەنى «ئىسلام (تىنچلىق) ماكانى» ۋە «ئۇرۇش ماكانى» دەپ ئايرىيتتى. بۇ خىل ئايرىش سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى دۇنيانى، ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ «تىنچ رايون»، «قالايمىقان رايون» دەپ ئايرىغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنقىسى دۇنيا نوپۇسىنىڭ 15% نى ئىگىلەيدىغان غەرب بىلەن ياپونىيىنى، قالغىنى باشقا بارلىق كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ⑧.

دۇنيانى ئىككى تەركىبدىن تۈزۈلگەن دېيىش مەلۇم دەرىجىدە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىككى تەركىبنى قانداق بېكىتىشكە باغلىق. ھەر خىل ناملار ئاستىدىكى ئەڭ ئومۇملاشقان ئايرىش باي (تەرەققىي تاپقان، زامانىۋىلاشقان) ۋە نامرات (ئەنئەنىۋى، تەرەققىي قىلىۋاتقان ياكى تەرەققىي تاپمىغان) دۆلەت دەپ ئايرىشتۇر. تارىختىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل ئىقتىسادىي ئايرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنى غەرب ۋە شەرق ئارىسىدىكى ھەزارەت ئايرىش ئۇسۇلىدۇر. كېيىنكىسى ئىقتىسادىي باياشاتلىقتىكى پەرقنى ئازراق تەكىتلەپ، تۈپكى پەلسەپە، قىممەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى پەرقلەرنى كۆپرەك تەكىتلەيدۇ⑨. بۇلار ھەربىر ئەمەلىيەتنىڭ مەلۇم بىر تەركىبىي قىسمىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ ھەم چەكلىمىلىككە ئىگە. باي زامانىۋى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنى نامرات، ئەنئەنىۋى دۆلەتلەردىن

پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. نامرات، ئەنئەنىۋى دۆلەتلەرمۇ شۇنداق. بايلىقتىكى پەرق بەلكىم جەمئىيەتلەر ئارىسىدىكى توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئەمما، پاكىتلار شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، بۇ خىل توقۇنۇشلار ئاساسەن باي، كۈچلۈك جەمئىيەتلەر نامرات، ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەرنى بويسۇندۇرماقچى، مۇستەملىكە قىلماقچى بولغاندا ئاندىن يۈز بېرىدۇ. غەرب ئىلگىرىكى 400 يىلدا مۇشۇنداق قىلىپ كەلگەنىدى. كېيىن بەزى مۇستەملىكىلەر قارشىلىق كۆرسىتىپ، مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرگە قارشى ئازادلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر مۇستەملىكە ئىمپېرىيىسى قۇرۇش ئىرادىسىنى يوقاتتى. بۈگۈنكى دۇنيادا، مۇستەملىكىسىزلەندۈرۈش مەيدانغا كەلدى. مۇستەملىكىلەرنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشلىرى ئازادلىققا ئېرىشىپ بولغان مىللەتلەر توقۇنۇشىنىڭ ئورنىنى ئالدى.

تېخىمۇ ئومۇمىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، باي دۆلەتلەر بىلەن نامرات دۆلەتلەر ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپمۇ شۇنى، نامرات دۆلەتلەردە باي دۆلەتلەرگە قارشى خىرىس شەكىللەندۈرەلەيدىغان سىياسىي ئىتتىپاقلىق، ئىقتىسادىي-ھەربىي كۈچ كەمچىل. ئاسىيا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى مۆلۈكدارلار بىلەن ھېچنېمىسى يوقلار ئارىسىدىكى ئاددىي پاسىلدا خىرەلىشىۋاتىدۇ. باي دۆلەتلەر بىر-بىرى بىلەن سودا ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشى، نامرات دۆلەتلەر ئۆز ئارا زوراۋانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. ئەمما، نامرات جەنۇب بىلەن باي شىمال ئارىسىدىكى خەلقئارا سىنىپلار ئۇرۇشى خۇددى بەختلىك، تىنچ دۇنيادەك رېئاللىقتىن تولىمۇ يىراق.

دۇنيانى ھەزارەت جەھەتتىن ئىككىگە ئايرىشنىڭ تېخىمۇ پايدىسى يوق. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، غەرب بىر ئەمەلىي گەۋدە، ئەمما غەيرىي غەرب دۆلەتلىرىنىڭ غەرب ئەمەسلىكىدىن باشقا يەنە قانداق ئورتاقلىقى بار؟ ياپونىيە، جۇڭگو، ھىندىستان، مۇسۇلمانلار،

ئافرىقا مەدەنىيەتلىرىدە دىن، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، تۇرمۇش، ئۆمۈمىي قىممەت قارىشى جەھەتلەردە دىگۇدەك ھېچقانداق ئورتاقلىق يوق. غەيرىي غەرب دۇنياسىنىڭ بىردەكلىكى ۋە غەرب، شەرق دەپلا ئايرىش غەرب ئويدۇرۇپ چىقارغان ئەپسانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ئەپسانە شەرقچىلىق (ئورئېنتالىزملىق) يېتەرسىزلىكىگە ئىگە. بۇنىڭغا ئېدۋارد . سەيد جايىدا تەنقىد-رەددىيە بەرگەن. چۈنكى، بۇ ئەپسانە «(ياۋروپا، غەرب ‹بىز›) ۋە ياتلار (ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي، شەرق ‹ئۇلار›) ئارىسىدىكى پەرق»نى تەرغىب قىلغان ھەم ئالدىنقىسى (بىز) كېيىنكىلىرىدىن (ئۇلار) تۇغما ئەۋزەل دەپ قارىغانىدى ⑩. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە دۇنيا خېلى يۇقىرى دەرىجىدە بىر ئىدېئولوگىيە تۇركۇمىنى بويلاپ، ئىككى قۇتۇپلاشقانىدى. ئەمما، بىرلا قۇتۇپلۇق ھەزارەت تۇركۇملىرى يوق ئىدى. «شەرق» ۋە «غەرب»نىڭ ھەزارەت جەھەتتىن ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىشى قىسمەن جەھەتتىن ياۋروپا مەدەنىيىتىنى غەرب مەدەنىيىتى دەپ ئاتايدىغان ئۆمۈملىشىپ كەتكەن قاملاشمىغان ئادەت تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققانىدى. «غەرب ۋە شەرق»نىڭ ئورنىنى ئالىدىغىنى بىر قەدەر مۇۋاپىق نام «غەرب ۋە باشقىلىرى»، بۇ ھېچ بولمىغاندا، غەربتىن باشقا، نۇرغۇن مەقسەتلەرگە نىسبەتەنمۇ دۇنيادا نوقۇل شەرقلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن غەرب ئەمەس جايلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىما قىلىدۇ. دۇنيا بەكلا مۇرەككەپ. ئاددىيلا ئىقتىسادىي نۇقتىدىن جەنۇب ۋە شىمال ياكى ھەزارەت نۇقتىسىدىن شەرق ۋە غەرب دەپ ئاتاپ قويۇشنىڭ تازا ئەھمىيىتى يوق.

***ئەخمىنەن 184 دۆلەت.*** سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ ئۈچىنچى خەرىتىسى ئادەتتە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى «رېئالىستىك» دەپ ئاتىلىدىغان نەزەرىيىلەردىن كېلىدۇ. بۇ نەزەرىيىلەرگە ئاساسلانغاندا، دۆلەتلەر دۇنيا ئىشلىرىدىكى ئاساسلىق، شۇنداقلا بىردىنبىر مۇھىم پائالىيەتچى. دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ھۆكۈمەتسىزلىك

ھالىتىدە بولىدۇ. شۇڭا، دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى زورايتىدۇ. ئەگەر بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ كۈچىنى زورايتىپ، بىر يوشۇرۇن تەھدىت بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ كۈچىنى زورايتىش ياكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدۇ. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادىكى تەخمىنەن 184 دۆلەتنىڭ مەنپەئەت ۋە ھەرىكىتىنى مۇشۇ پەرەزگە ئاساسەن قىياس قىلىشقا بولىدۇ⑪.

دۇنيانىڭ بۇ خىل «رېئالىستىك» پورترېتى خەلقئارا ئىشلارنى تەھلىل قىلىش ۋە دۆلەتلەر ھەرىكىتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى باشلىنىش نۇقتىسى بولالايدۇ. دۆلەت ھازىرمۇ، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىن خېلى بىر مەزگىلگىچە دۇنيا ئىشلىرىدىكى ھۆكۈمران گەۋدە. ئۇلار ئارمىيىنى ساقلاپ، دىپلوماتىيە يۈرگۈزۈپ، كېلىشىم-توختام ئىمزالاپ، خەلقئارا تەشكىلاتلارنى كونترول قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سودىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلارنى خېلى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىدۇ. ھەر قايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرى دۆلىتىنىڭ تاشقى بىخەتەرلىكىنى باشتا ئويلايدۇ (گەرچە ئۇلارنىڭ پات-پات ئىچكى تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇپ، بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئېھتىمالى بولسىمۇ). ئومۇمەن، بۇ دۆلەتچىلىك ئەندىزىسى بىرىنچى دۇنيا ياكى ئىككىنچى دۇنيا ئەندىزىسىگە قارىغاندا، دۇنيا سىياسىيسىنى تېخىمۇ ئەمەلىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ ھەم يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىيالايدۇ.

ئەمما، بۇمۇ ئېغىر دەرىجىدە چەكلىمىلىكتىن خالىي ئەمەس.

بۇ ئەندىزە بارلىق دۆلەتلەر ئوخشاش ئۇسۇلدا ئۆز مەنپەئەتىگە مۇئامىلە قىلىشىدۇ ۋە ھەرىكەت قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ ئاددىيلا كۈچنى دۆلەت ھەرىكىتىنى چۈشىنىشنىڭ بىردىنبىر چىقىش نۇقتىسى قىلغان، ئەمما ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنمىگەن.

دۆلەتلەر ئۆز مەنپەئەتىنى كۆچكە، شۇنداقلا باشقا نۇرغۇن ئامىللارغا ئاساسلىنىپ بەلگىلەيدۇ. دۆلەتلەر ئەلۋەتتە كۆچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا تىرىشىدۇ. ئەگەر ئۇلار قىلىدىغان ئىش مۇشۇلا بولغان بولسا، ئۇنداقتا غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى 40-يىللارنىڭ ئاخىرىدىلا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرغان بولاتتى. دۆلەتلەر ئۆزلىرى ھېس قىلغان تەھدىتكە قارىتا ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ياۋروپا دۆلەتلىرى شۇڭا شەرقتىن كەلگەن سىياسىي، ئىدېئولوگىيە، ھەربىي تەھدىتلەرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار بىر خىل تىپىك رېئالىستىك نەزەرىيىمۇ پەرەز قىلالمايدىغان يۇسۇندا ئۆز مەنپەئەتىگە مۇئامىلە قىلدى. قىممەت، ھەزارەت، تۈزۈلمە دۆلەتلەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى قانداق بەلگىلىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى ئىچكى قىممەت ۋە تۈزۈلمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قالماستىن، بەلكى خەلقئارالىق قائىدە، تۈزۈلمىلەرنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ. ئاساسلىق بىخەتەرلىك غېمىدىن باشقا مەسىلىلەردە ئوخشاشمىغان تىپتىكى دۆلەتلەر ئوخشاشمىغان ئۇسۇللاردا مەنپەئەتىنى بەلگىلەيدۇ. ئورتاق ھەزارەت تۈزۈلمىسىگە ئىگە دۆلەتلەر بىر-بىرىدىكى ئورتاق مەنپەئەتنى كۆرىدۇ. دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئورتاقلىقى بار، شۇڭا ئۇلار ئۆز ئارا ئۇرۇش قىلىشمايدۇ. كانادانىڭ باشقا بىر دۆلەت بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئامېرىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن مۇداپىئە كۆرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق.

ئاساسلىق نۇقتىدا دۆلەتچىلىك ئەندىزىسى قارىشى تارىختا ئىزچىل توغرا بوپكەلگەن. ئەمما، دەل شۇ سەۋەبتىن، ئۇ بىزنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يەر شارى سىياسىيسىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ياكى ئۇنىڭدىن ئاۋۋالقى يەر شارى سىياسىيسىغا قانداق ئوخشىمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرەلمەيدۇ. روشەنكى، ئۇلار ئارىسىدا پەرق بار. دۆلەتلەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى ئىزدىشى بىر تارىخىي باسقۇچتا باشقىچە بولسا، يەنە بىر تارىخىي باسقۇچتا يەنە باشقىچە بولىدۇ.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا دۆلەتلەر بارغانسېرى مەدەنىيەتكە ئاساسەن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى بەلگىلەۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزى بىلەن ئوخشىشىدىغان ياكى ئورتاق ھەزارەتكە ئىگە دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىۋاتىدۇ ھەم ئىتتىپاق تۈزۈۋاتىدۇ ھەمدە ھەزارىتى ئوخشىمايدىغان دۆلەتلەر بىلەن توقۇنۇشۇۋاتىدۇ. دۆلەتلەر باشقا دۆلەتلەرنىڭ نىيىتىگە ئاساسەن ئۆزىگە كېلىدىغان تەھدىتنى مۆلچەرلەشتۈرۈۋاتىدۇ. بۇ نىيەتلەر، شۇنداقلا بۇلارغا قانداق قاراش ئۇسۇلىمۇ ھەزارەت مەنپەئەتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراۋاتىدۇ. جامائەت ۋە سىياسىئونلارنىڭ نەزىرىدىمۇ ئۆز ئارا چۈشىنىدىغان ۋە ئىشىنىدىغان مىللەتلەردىن بىر-بىرىگە تەھدىت كېلىشى ناتايىن. چۈنكى، ئۇلار ئورتاق تىل، دىن، قىممەت، تۈزۈلمە، ھەزارەتكە ئىگە، ھەتتا ئۇلار تەھدىت مۇنداق دۆلەتلەردىن، يەنى جەمئىيىتى باشقا ھەزارەتكە تەۋە دۆلەتلەردىن كېلىدۇ، دەپ قارىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلار بۇ دۆلەتلەرنى چۈشەنمەيدۇ ھەم ئۇلارغا ئىشەنمەيدۇ. ھازىر ماركسىزم-لېنىنىزمچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەركىن دۇنياغا تەھدىت پەيدا قىلمايدىغان، ئامېرىكىمۇ كوممۇنىزمغا تەھدىت پەيدا قىلمايدىغان ئەھۋالدا بۇ ئىككى دۇنيادىكى دۆلەتلەر تەبىئىيلا تەھدىت باشقا ھەزارەتكە تەۋە جەمئىيەتلەردىن كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

گەرچە دۆلەت يەنىلا خەلقئارا ئىشلاردىكى ئاساسلىق پائالىيەتچى بولسىمۇ، ئۇلار مەلۇم دەرىجىدە ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، فۇنكسىيىسى ۋە ھوقۇقىنى يوقىتىۋاتىدۇ. خەلقئارالىق ئورگانلار ھازىر دۆلەتلەرنىڭ ئۆز زېمىنى دائىرىسىدە قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا ھۆكۈم قىلىش، ئۇلارنى چەكلەش ھوقۇقىمىز بار، دەپ جار سېلىۋاتىدۇ. بەزى ئەھۋال ئاستىدا كىشىنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەكرەك تارتىدىغىنى ياۋروپادىكى خەلقئارالىق ئورگانلار ئىلگىرى پەقەت دۆلەتلەر ئىجرا قىلىدىغان مۇھىم فۇنكسىيىلەرنى ئىجرا قىلماقتا. كۈچلۈك خەلقئارالىق مەمۇرىي ئورگانلار قۇرۇپ چىقىلدى ھەم ئۇلار

ىۋاسىتە شەخس، پۇقرالارغا قەدەر تەسىر كۆرسەتمەكتە. يەر شارى مىقياسىدا دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ھوقۇقىنى يوقىتىپ مېڭىشتەك يۈزلىنىش مەۋجۇت، بۇنىڭ جەريانىمۇ ھوقۇقىنى دۆلەتتىن تۆۋەن رايونلۇق، ئۆلكىلىك، يەرلىك سىياسىي گەۋدىلەرگە چۈشۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت بولماقتا. نۇرغۇن دۆلەتلەردە (تەرەققىي تاپقان دۇنيا دۆلەتلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ھەقىقىي ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ۋە دۆلەتتىن ئايرىلىشتەك رايون خاراكتېرلىك ھەرىكەتلەر مەيدانغا كەلمەكتە. ھەر قايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرى مەبلەغنىڭ ئۆز دۆلىتىگە كىرىش، چىقىشىنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز قالماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدىيە، تېخنىكا، تاۋارنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئېقىپ كېتىشىمۇ تېزگىنلەنمەيۋاتىدۇ. قىسقىسى، دۆلەتلەر چېگرالىرى بارغانسېرى نېپىزلىشىپ كەتمەكتە. بۇ تەرەققىياتلارنىڭ ھەممىسى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى بىر-بىرىگە قاتتىق سوقۇلىدىغان «بىلياردچە» دۆلەتلەرنىڭ يوقىلىشىنى تېزلەتتىدۇ. بۇ خىل دۆلەتلەر 1648-يىلىدىكى ۋېستىۋالىيە شەرتنامىسىدىن بۇيان ئىزچىل ئەندىزە دەپ قارىلىپ كەلمەكتە⑫. ھازىر تېخىمۇ مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىق خەلقئارالىق تەرتىپنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھالەتكە تېخىمۇ ئوخشاپ قالدى.

***مۇتلەق قالايمىقانچىلىق.*** دۆلەتلەرنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە «مەغلۇپ دۆلەت»لەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھۆكۈمەتسىز دۇنيانىڭ تۆتىنچى خىل دېكوراتسىيىسىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ ئەندىزە ھۆكۈمەت نوپۇزىنىڭ يىمىرىلىۋاتقانلىقىنى، دۆلەتلەرنىڭ پارچىلىنىۋاتقىنىنى، قەبىلە، ئىرق، دىنىي توقۇنۇشلارنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، خەلقئارالىق جىنايەت تەشكىلاتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىنى، پاناھلانغۇچىلارنىڭ ھەسسىلەپ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، يادرو قورالى ۋە باشقا كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنىڭ كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقى، تېررورلۇقنىڭ يامراپ، قىرغىنچىلىق ۋە ئىرقىي تازىلاشنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. 1993- يىلى نەشر

قىلىنغان ئىككى پارچە بازارلىق كىتابنىڭ ناممۇ بۇ قالايمىقانچىلىققا يېتىپ قالغان دۇنيانىڭ قىياپىتىنى كىشىنى تولىمۇ قايىل قىلارلىق تەرزدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بۇ ئىككى كىتابنىڭ بىرى بىرژىنىسكىنىڭ «كونتروللىسىزلىق» دېگەن كىتابى، يەنە بىرى دانىل پاترىكنىڭ «چوڭ قالايمىقانچىلىق» دېگەن كىتابى[13].

دۆلەتچىلىك ئەندىزىسىگە ئوخشاش، قالايمىقانچىلىق ئەندىزىسىمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. ئۇ دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ جانلىق، ئېنىق قىياپىتىنى سىزىپ بەردى. ئۇنىڭ دۆلەتنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئەندىزە بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن بۇيانقى دۇنيا سىياسىيسىدا يۈز بەرگەن زور ئۆزگىرىشلەرنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈردى. مەسىلەن، 1993- يىلىنىڭ بېشىغىچە پۈتۈن دۇنيادا تەخمىنەن 48 مەيدان ئىرق-مىللەت ئۇرۇشى يۈز بەردى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا 164 قېتىملىق «تېررىتورىيە-ئىرق-مىللەت تەلىپى ۋە چېگرا بىلەن مۇناسىۋەتلىك توقۇنۇشلار» يۈز بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە 30 نەچچە قېتىملىقى مەلۇم شەكىلدىكى قوراللىق توقۇنۇش بولدى [14]. ئەمما قالايمىقانچىلىق ئەندىزىسى ھەددىدىن زىيادە ئەمەلىيەتكە يېقىن بولغاچقا، دۆلەتچىلىك ئەندىزىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ يېتەرسىز. دۇنيا قالايمىقان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ پۈتۈنلەي تەرتىپسىز ھالەتتە ئەمەس. دۇنيانى ئومۇمىيۈزلۈك، پەرقسىز ھالدا ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىدە دەيدىغان ئەندىزە دۇنيانى چۈشىنىدىغان، ۋەقەلەرنى بىرتەرەپ قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىملىقىنى دەڭسەيدىغان، دۇنيانىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىنىڭ يۈزلىنىشىنى تەخمىن قىلىدىغان ئوخشاشمىغان تىپتىكى قالايمىقانچىلىقنى پەرقلەندۈرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەب-نەتىجىلىرىنى پەرەز قىلىدىغان، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرىنى يېتەكچى يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئېتەلمەيدۇ.

# ئوخشاشمىغان دۇنيانىڭ سىلىشتۇرمىسى: رېئالىزم ئاددىيلاشتۇرۇش ۋە پەرەز قىلىش

بۇ تۆت ئەندىزىنىڭ ھەربىرى رېئالىزم ۋە ئاددىيلاشتۇرۇشنىڭ ئاز-تولا پەرقلىق بىرلەشمىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ تۆت ئەندىزىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا يېتەرسىزلىكى ۋە چەكلىمىلىكى بار. شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ يېتىشسىزلىك، چەكلىمىلىكلەرنى ھەرخىل ئەندىزىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈش دۇنيانىڭ ھەم پۈتۈنلىنىۋاتقان، ھەم پارچىلىنىۋاتقان جەريانىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق يوقاتقىلى بولىدۇ⑮. پارچىلىنىش ۋە پۈتۈنلىشىشتىن ئىبارەت ئىككىلا خىل يۈزلىنىش ھەقىقەتەن مەۋجۇت. شۇڭا، مۇرەككەپرەك بىرەر ئەندىزە ئاددىيراق ئەندىزىگە قارىغاندا ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ يېقىن. ئەمما، بۇ رېئالىزم ئۈچۈن ئاددىيلاشتۇرۇشنى قۇربان قىلىدۇ، ھەتتا مۇشۇنداقلا كېتىۋەرسە، بارلىق ئەندىزە، نەزەرىيىلەرنى رەت قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قارىمۇقارشى ئىككى خىل يۈزلىنىش بولغان پارچىلىنىش ۋە پۈتۈنلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەندىزە قانداق مۇھىتتا قايسى خىل يۈزلىنىشنىڭ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. بىز دۈچ كەلگەن مەسىلە قانداق قىلغاندا، ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر ئابستراكت تەپەككۇر قاتلىمىدا باشقا ئەندىزىلەرگە قارىغاندا، ھالقىلىق ۋەقەلەرنى، يۈزلىنىشنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىر ئەندىزە ئوتتۇرىغا قويۇشتۇر.

بۇ تۆت ئەندىزە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. دۇنيانىڭ ھەم بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ تۇرۇشى، ھەم تۆپتىن شەرق ۋە غەرب، جەنۇب ۋە شىمال دەپ ئايرىلىپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر مىللىي دۆلەتلەر*نىڭ

---

* بۇ ئىنگلىزچىدە «nation-state»، خەنزۇچىدا «民族国家» دېيىلىدۇ. بۇ بىرلا مىللەتنى ئاساس قىلغان دۆلەتنى كۆرسىتىدۇ.

پارچىلانغانلىقى ھەم كونسايىن كۆچىيىۋاتقان ئىچكى توقۇنۇشلار تۈپەيلىدىن تېمە قىلارنىي بىلەلمەي قالغان بولسا، ئۇنىڭ خەلقئارا ئىشلاردىكى مۇستەھكەم ئۇل تاش بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. دۇنيا بىر ياكى ئىككى ۋە ياكى 184 دۆلەت ۋە ياكى سانسىز قەبىلە، ئىرق-مىللەت گۇرۇھلىرىدۇر.

دۇنيانى يەتتە-سەككىز مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك، يۇقىرىقى قىيىنچىلىقلاردىن ساقلىنىپ قالالايمىز. ئۇ بىر ياكى ئىككى دۇنيا ئەندىزىسىدەك ئاددىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن رېئاللىقنى قۇربان قىلمايدۇ، شۇنداقلا دۆلەتچىلىك ياكى قالايمىقانچىلىق ئەندىزىسىدەك، رېئاللىق ئۈچۈن ئاددىيلاشتۇرۇشنى قۇربان قىلمايدۇ. ئۇ بىزگە دۇنيانى چۈشىنىش، بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان توقۇنۇشلار ئىچىدىن مۇھىم ۋە مۇھىم ئەمەسلىرىنى ئايرىش، كەلگۈسىنىڭ تەرەققىياتىنى پەرەز قىلىپ، سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرنى يېتەكچى يول بىلەن تەمىنلەپ بېرىشتە قوللىنىدىغان، ئىگىلەش ئاسان، چۈشىنىشلىك بىر رامكا تىكلەپ بەردى. ئۇمۇ باشقا ئەندىزىلەرنىڭ ئامىللىرى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ ھەم بۇ ئامىللارنى بىرلەشتۈرىدۇ. ئۇ باشقا ئەندىزىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا بىر-بىرىگە قارىغاندا بەكرەك سىغىشالايدۇ. مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن دۇنيانى كۆزىتىش مۇنداق قارايدۇ:

● دۇنيادىكى بىر گەۋدىلىشىش كۈچلىرى ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولۇپ، ھەزارەت كېڭىيىشى، مەدەنىيەت ئېڭىغا نىسبەتەن توسقۇنلۇق كۈچى پەيدا قىلىۋاتىدۇ.

● مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، دۇنيادىكى ئىككى ئاساسلىق پەرق ھازىرقى ھۆكۈمران ئورۇندىكى غەرب مەدەنىيىتى بىلەن باشقا مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا. ئەمما، باشقا مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىمۇ دېگۈدەك ھېچقانداق ئورتاقلىق يوق. قىسقىسى، دۇنيا بىر بىرلىككە كەلگەن غەرب ۋە بىر نەچچە تەركىبتىن شەكىللەنگەن غەيرىي غەربتىن تەركىب تاپقان.

● مىللىي دۆلەتلەر يەنىلا دۇنيا ئىشلىرىدىكى مۇھىم ئامىل. ئەمما ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى، بىرلىشىشى، توقۇنۇشى بارغانسېرى ھەزارەت ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتىدۇ.

● دۇنيا ھەقىقەتەن ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىدىكى قەبىلە، مىللەتلەر توقۇنۇشلىرىغا تولغان. ئەمما، مۇقىملىقتا ھەقىقىي تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغىنى ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتكە تەۋە دۆلەت-گۇرۇھلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشتۇر.

شۇنداق قىلىپ، مەدەنىيەت ئەندىزىسى 20-ئەسىر ئاياغلىشىش ھارپىسىدىكى دۇنيادا نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، نىسبەتەن ئاددىي، ئەمما بەك ئاددىي دېگىلى بولمايدىغان بىر خەرىتە سىزىپ بەردى. ئەمما، ھەر قانداق ئەندىزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئەسقېتىشى ناتايىن. دۇنيا سىياسىيسىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئەندىزىسى 40يىل ئىچىدە ئۈنۈملۈك بوپكەلگەن. ئەمما، 80-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن كېيىن ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر مەزگىلدە بۇ مەدەنىيەت ئەندىزىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش تەقدىرگە ئۇچرايدۇ. ئەمما، كۆز ئالدىمىزدىكى باسقۇچتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ مۇھىم ۋە ئانچە مۇھىم ئەمەس نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرۈشىمىز ئۈچۈن بىزگە بىر ئۈنۈملۈك يول كۆرسىتىپ بەردى. مەسىلەن، 1993-يىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى 48 قېتىملىق توقۇنۇشنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت گۇرۇھلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن. مەدەنىيەت ب د ت نىڭ باش كاتىپى ۋە ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپىنىڭ تىنچلىقنى قوغداش تىرىشچانلىقلىرىنى بۇ توقۇنۇشلارغا مەركەزلەشتۈرۈشكە ئېلىپ باردى. بۇ توقۇنۇشلارنىڭ باشقا توقۇنۇشلارغا قارىغاندا، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كېتىش ئېھتىمالى يۇقىرىراق ئىدى.

ئەندىزىدىن قىياس تۇغۇلىدۇ. بىر ئەندىزىنىڭ توغرىلىق ۋە ئۈنۈملۈكلۈكىنى ئۆلچەيدىغان كەسكىن سىناق مۇنداق بىر دەرىجىگە يېتىشى لازىم، يەنى بۇ ئەندىزىدىن كەلتۈرۈپ چىقارغان قىياس

نەتىجىسى ئۆزىنىڭ باشقا ئەندىزىلىرىنىڭ قىياس نەتىجىسىدىن تېخىمۇ توغرا، دەل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلىشى كېرەك. مەسىلەن، دۆلەتچىلىك ئەندىزىسى جون . مىرشىمىرنىڭ مۇنۇ قىياسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى: «ئۇكرائىنا ۋە روسىيە ئارىسىدىكى ۋەزىيەت تەرەققىياتى ئۇلار ئارىسىدا بىخەتەرلىك رىقابىتى يۈز بېرىدىغان دەرىجىگىچە يەتتى. روسىيە ۋە ئۇكرائىنادەك ئۆز ئارا ناھايىتى ئۇزاق مەزگىللىك قوغدالمىغان ئورتاق دۆلەت چېگراسىغا ئىگە دۆلەتلەر ھەمىشە بىخەتەرلىك ئەندىشىسىدىن كېلىپ چىقىدىغان رىقابەتكە پېتىپ قالىدۇ. روسىيە ۋە ئۇكرائىنا ئېھتىمال بۇ ئەندىشىسىنى يېڭەلىشى، بىللە ئىناق ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇلار ئۇنداق قىلسا، بۇ بىر غەلىتە ئەھۋال بولىدۇ»[15]. يەنە بىر جەھەتتىن مەدەنىيەت ئەندىزىسى روسىيە ۋە ئۇكرائىنا ئارىسىدىكى قويۇق ھەزارەت ئالاقىسىنى، تارىخىي بېقىندىلىقىنى، كىشىلەر ئارىسىدىكى باغلىنىشنى، ئىككى دۆلەت ئىچىدىكى رۇسلار بىلەن ئۇكرائىنالىقلارنىڭ ئارىلىشىپ ياشاۋاتقانلىقىنى بەكرەك تەكىتلەپ، دىققەتنى ئۇكرائىنانى پراۋوسلاۋىيە شەرق ئۇكرائىناسى ۋە ئۇنئاتىزم* كاتولىك دىنى غەربىي ئۇكرائىناسى دەپ ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن مەدەنىيەت ئۈزۈك سىپىگە* مەركەزلەشتۈرىدۇ. بۇ ئۇزاقتىن بېرى مەۋجۇت بوپكەلگەن ئاساسلىق بىر تارىخىي پاكىت. بۇ دۆلەتنى بىرلىككە كەلگەن ھەم ئۆزلۈك سالاھىيىتىگە ئىگە گەۋدە دەپ قارايدىغان «رېئالىستىك» دۆلەت ئۇقۇمى بىلەن بىردەك، ۋەھالەنكى مىرشىمىر بۇلارنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. دۆلەتچىلىك تەتقىقات ئۇسۇلى روسىيە ۋە ئۇكرائىنا ئارىسىدىكى ئۇرۇش ئېھتىماللىقىنى روشەنلەشتۈردى. مەدەنىيەت تەتقىقات ئۇسۇلى بولسا، بۇ خىل ئۇرۇشنىڭ پارتلاش مۇمكىنچىلىكىنى ئەڭ تۆۋەن چەكتە قىياس

* ئۇنئاتىزم — ھەر خىل شەرقچە قائىدە-مۇراسىملارنى ساقلاپ قالغان كاتولىك دىنى مەزھىپى.

* ئۈزۈك سەپ — ئىنگلىزچىدا «fault line»، خەنزۇچىدا «断层线» دەپ ئاتىلىدۇ. كىتابتىكى ئىپادىلىگەن مەنىسىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر جۇغراپىيىۋى چېگرا، سىزىق بولماستىن، ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ تۇتاشقان چېگرالىرىدۇر.

قىلدى ۋە ئۇكرائىنانىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى يورۇتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەزارەت ئامىللىرى ئارقىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان قىياسىدىن چىققان بۆلۈنۈش. ئۇ بەلكىم چېخوسلوۋاكىيىنىڭ بۆلۈنۈشىدىن دەھشەتلىكرەك بولۇشى، ئەمما يۇگوسلاۋىيىدىكىدەك قانلىق بوپكەتمەسلىكى مۇمكىن. بۇ ئوخشاشمىغان قىياسلارمۇ ئوخشاشمىغان تەدبىر-سىياسەتلەرنىڭ رەت تەرتىپىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مىرشىمىرنىڭ ئېھتىماللىققا يېقىن ئۇرۇش ۋە روسىيىنىڭ ئۇكرائىنانى بېسىۋېلىشى ھەققىدىكى دۆلەتچىلىك قىياسلىرى ئۇنىڭ ئۇكرائىنادا يادرو قورالى بولۇشىنى قوللىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەدەنىيەت تەتقىقات ئۇسۇلى بولسا، روسىيە ۋە ئۇكرائىنانىڭ ھەمكارلىشىشىغا ئىلھام بېرىدۇ؛ ئۇكرائىنانىڭ يادرو قورالىدىن ۋاز كېچىشىگە تۈرتكە بولۇپ، زور مىقداردىكى ئىقتىسادىي ياردەم ۋە باشقا تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۇكرائىنانىڭ مۇستەقىللىقىنى، بىرلىكىنى قوغداشقا ياردەم بېرىشىنى ھەم يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئۇكرائىنانىڭ بۆلۈنۈپ كېتىش ئېھتىماللىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زۆرۈر تەدبىر ئويلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى نۇرغۇن مۇھىم تەرەققىياتلار مەدەنىيەت ئەندىزىسى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، شۇ تەرەققىياتلار توغرۇلۇق بەزى پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ. بۇ تەرەققىياتلار مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يۇگوسلاۋىيىنىڭ پارچىلىنىشى، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى تېررىتورىيىلىرىدىكى ئۇرۇشلار، دىنىي ئەسلىيەتچىلىكنىڭ پۈتۈن دۇنيادا باش كۆتۈرۈشى، روسىيە، تۈركىيە، مېكسىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سالاھىيەت تالاش-تارتىشلىرى، ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە سودا توقۇنۇشىنىڭ كەسكىنلىشىشى، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ غەربنىڭ ئىران ۋە لىۋىيىگە قاراتقان بېسىمىغا بولغان قارشىلىقى، ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە كۇڭزى مەدەنىيىتى دۆلەتلىرىنىڭ

يـــادرو قورالىغـــا ۋە توشـــۇش قورالىرىغـــا ئىرىشىشـــكە بولغـــان ئىرىشچانلىقى، جۇڭگونىڭ «چىكارىگەر» دۆلەتلىك زور رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، يېڭى دېموكراتىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ پەقەت بەزىبىر دۆلەتلەردىلا مۇستەھكەملىنىشى، شەرقىي ئاسىيادىكى قورال مۇسابىقىسىنىڭ تەرەققىي قىلىش قاتارلىقلار.

مەدەنىيەت ئەندىزىسى بىلەن دۇنيانىڭ ھازىر مەيدانغا كېلىۋاتقان ئۆز ئارا يېقىنلىقى 1993- يىلى ئالتە ئاي ئىچىدە دۇنيادا مۇشۇ ئەندىزىگە ماس ھالدا يۈز بەرگەن تۆۋەندىكى ۋەقەلەر ئارقىلىق دەلىللەندى:

● سابىق يۇگوسلاۋىيىدىكى كرودىيىلىكلەر، مۇسۇلمانلار، سېربلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش داۋاملىشىۋاتىدۇ ھەم بارغانسېرى كەسكىنلىشىۋاتىدۇ.

● غەرب بوسىنىيىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئەمەلىي ياردەم بېرەلمىدى. سېربلارنىڭ ئىرقىي يوقىتىش ھەرىكىتىنى ئەيىبلىگەندەك، كرودىيىلىكلەرنىڭ ئىرقىي يوقىتىش ھەرىكىتىنى ئەيىبلىيەلمىدى.

● روسىيە كرودىيىدىكى سېربلارنىڭ كرودىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىكتە تىنچلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭەشگە ئەزا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەرىكىتىگە قاتنىشىشنى خالىمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىران ۋە باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلەر 18000 كىشىلىك ئارمىيە ئەۋەتىپ بوسىنىيىدىكى مۇسۇلمانلارنى قوغدىدى.

● ئەرمىنىيىلىكلەر بىلەن ئەزەربەيجانلىقلارنىڭ توقۇنۇشى كەسكىنلەشتى. تۈركىيە ۋە ئىران ئەرمىنىيىلىكلەرنى ئۆزى بېسىۋالغان زېمىندىن چېكىنىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئارمىيىسىنى ئەزەربەيجان چېگراسىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئىران ئورۇنلاشتۇرغان ئارمىيە ئەزەربەيجان چېگراسىدىن ھالقىپ كەتتى. رۇسلار ئىراننىڭ

ھەرىكىتىنى «توقۇنۇشنى كۈچەيتىۋېتىدۇ»، ھەمدە «ئۇنى خەلقئارالىشىش گىردابىغا ئىتتىرىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇردى.

● روسسىيە ئارمىيىسى ۋە مۇجاھىد پارتىزانلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇش ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇزۇلمىدى.

● ۋېنادىكى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا ئامېرىكا باش كاتىپى ۋورن . كرىستوف رەھبەرلىكىدىكى غەرب ئىسلام، كۇڭزى ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلىشىپ قالدى. ئالدىدىكىلەر «ھەزارەت نىسپىيچىلىكى»نى ئەيىبلىدى، كېيىنكىلەر بولسا «غەرب ھەممىباپچىلىقى»غا قارشى تۇردى.

●روسسىيە ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي پىلانچىلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەرزدە دىققىتىنى «جەنۇبتىن كېلىدىغان تەھدىتكە» قاراتتى.

● پۈتۈنلەي دېگۈدەك مەدەنىيەت چېگراسىنى بويلاپ تاشلانغان بېلەت ئارقىلىق 2000-يىلىدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتى بېيجىڭغا ئەمەس، سىدنېيغا بېرىلدى.

● جۇڭگو پاكىستانغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا زاپچاسلىرى سېتىپ بەرگەنلىكتىن، ئامېرىكا جۇڭگوغا ئىمبارگو يۈرگۈزدى. جۇڭگو-ئامېرىكا ئارىسىدا جۇڭگو ئىرانغا يادرو تېخنىكىسى ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ دېگەندەك گەپلەر بىلەن قارشىلىشىش يۈز بەردى.

● گەرچە ئامېرىكا كۈچلۈك ئېتىراز بىلدۈرگەن بولسىمۇ، جۇڭگو يەنىلا يادرو سىنىقىنى توختىتىش كېلىشىمىنى قايرىپ قويۇپ، يادرو سىنىقىنى ئېلىپ باردى. شىمالىي چاۋشيەن يادرو قوراللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى ھەققىدە يەنە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى رەت قىلدى.

● ئاشكارىلىنىشىچە، ئامېرىكا گوۋۇيۇەنى ئىران، ئىراققا «قوش چەكلەش» سىياسىتى يۈرگۈزۈۋېتىپتۇ.

● ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئىككى «زور رايونلار توقۇنۇشى» ئۈچۈن تەييارلىغان يېڭى ئىستراتېگىيىنى جاكارلىدى. بىرى چاۋشيەنگە، يەنە بىرى ئىران ياكى ئىراققا قارىتىلغان.

● ئىران زۇڭتۇڭى «خەلقئارا ئىشلاردىكى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن» جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننى بىرگە ئىتتىپاق تۈزۈشكە چاقىرىق قىلدى.

● گېرمانىيىدىكى يېڭى ماقۇللانغان قانۇن پاناھلىق بېرىش چېكىنى ناھايىتى تۆۋەنلىتىۋەتتى.

● روسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىن ۋە ئۇكرائىنا زۇڭتۇڭى لىئونىت كراۋچۇك قارا دېڭىزدىكى فلوت ۋە باشقا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا كېلىشىم ئىمزالىدى.

● ئامېرىكىنىڭ باغدادنى بومباردىمان قىلىشى ئەمەلىيەتتە غەرب ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشتى، ئەمما دېگۈدەك ھەممە مۇسۇلمان ھۆكۈمەتلىرى ئۇنى ئامېرىكىنىڭ «قوش ئۆلچىمى»نىڭ بىر مىسالى دەپ ئەيىبلىدى.

● ئامېرىكا سۇداننى تېررورچى دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگۈزدى ھەم مىسىرلىق شەيخ ئۆمەر ئابدۇراھماننى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى «ئامېرىكىغا قارشى بىر مەيدان شەھەر تېررورلۇق ھۇجۇمى قوزغىماقچى» دەپ كۆرسەتتى.

● ئاخىر پولشا، ۋېنگرىيە، چېخىيە، سلوۋاكىينى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا قوبۇل قىلىش ئىستىقبالى روشەنلەشتى.

● 1993- يىلى روسىيە زۇڭتۇڭ سايلىمى ھەقىقەتەن روسىيەنىڭ بىر «ئارىسالدى» (Torn) دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ خەلقى ۋە سەرخىللىرى ئۇلار غەربكە كىرىشى كېرەكمۇ ياكى غەربكە جەڭ ئېلان قىلىشى كېرەكمۇ دېگەننى مۇئەييەنلەشتۈرەلمىدى.

ئەگەر 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا يۈز بەرگەن ھەر قانداق ۋەقەلەرنى تىزىملاپ چىقساق، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىسى بىلەن تولىمۇ يېقىنلىقىنى بايقايمىز.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا كانادا سىياسىئونى لىستىر پىئارسون تولىمۇ ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن غەيرىي

غەرب ئەللىرىنىڭ گۈللىنىۋاتقانلىقىنى ۋە ھاياتىي كۈچىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندى. ئۇ ئاگاھلاندۇرۇپ: «شەرقتە مەيدانغا كەلگەن بۇ يېڭى سىياسىي جەمئىيەتلەرنىڭ بىز غەربلىكلەرگە تونۇشلۇق سىياسىي جەمئىيەتنى كۆچۈرۈشنى خىيال قىلىش بىر ئەخمىقانىلىك. شەرق مەدەنىيىتىنىڭ بۇ گۈللىنىشى يېڭى شەكىل ئالىدۇ» دېگەندى. ئۇ «بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيانقى» خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىزچىل ياۋروپا دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، «ئەڭ كەڭ دائىرىلىك مەسىلىلەر ئەمدى ئوخشاش مەدەنىيەتكە ئىگە دۆلەتلەر ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا يۈز بېرىدىغانلىقىنى»[17] كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇزاققا سوزۇلغان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى پېئارسون پەرەز قىلغان يېتىپ كېلىۋاتقان تەرەققىياتنى كېچىكتۈرۈۋەتتى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى ئۇ 1950- يىللىرىلا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ھەزارەت، مەدەنىيەت كۈچلىرىنى ئازاد قىلدى. كەڭ ئالىملار ۋە كۆزەتكۈچىلەر بۇ يەر شارى سىياسىيسىدىكى يېڭى ئامىللارنىڭ رولىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە تەكىتلىدى[18]. فېرناند برودېل ئىلگىرىلا ئاقىلانىلىك بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەندى: «بۈگۈنكى دۇنياغا قىزىقىدىغان، بولۇپمۇ قىزىقىپلا قالماي، ئازتولا رولى بولۇشىنى ئىستەيدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن دۇنيا خەرىتىسىدىن بۈگۈن قانداق مەدەنىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ چېگراسىنى، مەركىزىنى، ئەتراپىنى، دائىرىسىنى، كىشىلەر ئۇ يەردە نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋانى، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئومۇمىي ۋە ئالاھىدە مەۋجۇتلۇق (شەكىل)لىرى ۋە بىرلىشىش شەكىللىرىنى چۈشىنىۋېلىش ھەقىقەتەن (زۆرۈر). بولمىسا، نەقەدەر ئاپەت خاراكتېرلىك چۈشەنچە خاتالىقى يۈز بېرىشى مۇمكىن-ھە!»[19].

# ئىككىنچى باب

# تارىختىكى ۋە بۈگۈنكى مەدەنىيەتلەر

## مەدەنىيەتنىڭ خاراكتېرى

ئىنسانىيەت تارىخى مەدەنىيەت تارىخىدۇر. مەدەنىيەتتىن باشقىچە يول بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇ تارىخ قەدىمكى سۇمېر، مىسىر مەدەنىيەتلىرىدىن تاكى كلاسسىك مەدەنىيەت ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكا مەدەنىيىتى، خرىستىئان مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگىچە ھەم جۇڭگو مەدەنىيىتى ۋە ھىندى مەدەنىيىتىگىچە بولغان خىلمۇخىل مەدەنىيەت دەۋرلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن. پۈتكۈل تارىخ مابەينىدە مەدەنىيەت ئىنسانلارغا ئەڭ كەڭ مەنىدە سالاھىيەت ھازىرلاپ بەرگەن. نەتىجىدە، ماكس ۋېبېر، ئېمىل دۇركېيم، ئوسۋال سپېنگلېر، پىترىم سوروكىن، ئارنولد توينبى، ئالفېرد ۋېبېر، كروبېر، فىلىپ باگبى، كاررول كىگلى، روستون كولبورن، كرىستوف داۋسون، ئېسىندانت، فېرناند برودېل، ۋىلىيام مىكنېيىل، بوزمان، ئىمانۇئېل ۋاللېرستېيىن، فىلىپ فېرناندېز-ئامېستو قاتارلىق نۇرغۇن كۆزگە كۆرۈنگەن تارىخشۇناس، جەمئىيەتشۇناس، ئىنسانشۇناسلار مەدەنىيەتنىڭ يىلتىزى، شەكىللىنىشى، گۈللىنىشى، ئۆز ئارا رولى، مۇۋەپپەقىيىتى، ئاجىزلىشىشى، يوقىلىشى ھەققىدە ئىنچىكە تۈردە كەڭ دائىرىدە ئىزدەنگەن[1]. بۇلار زور ھەجىملىك چوڭقۇر پىكىرلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ، مەدەنىبەتنىڭ سېلىشتۇرما ئانالىزىغا كۈچ سەرپ

قىلغان. كۆزىتىش نۇقتىسى، ئۇسۇلى، مەركىزىي نۇقتىسى، ئۇقۇم جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقلار بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمما، مەدەنىيەتنىڭ خاراكتېرى، سالاھىيىتى، ئۆزگىرىشىدىكى مەركىزىي مەسىلىلىرى ھەققىدە يەنىلا كەڭ دائىرىدە بىرلىككە كەلگەن ئورتاق پىكىر مەۋجۇت.

بىرىنچى، بىر مەنبەلىك مەدەنىيەت ۋە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ھەققىدىكى قاراش ھەققىدە ئىختىلاپ مەۋجۇت. مەدەنىيەت ھەققىدىكى قاراشلار 18- ئەسىردىكى فرانسۇز مۇتەپەككۇرلىرى تەرىپىدىن «ياۋايىلىق»قا قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەدەنىيلەشكەن جەمئىيەت ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە ئوخشاشمايدۇ. چۈنكى، ئۇ مۇقىم ئولتۇراقلاشقان، شەھەرلەشكەن ھەم ساۋاتلىق. مەدەنىيلىشىش ياخشى ئىش، مەدەنىيلەشمەسلىك بولسا يامان ئىش. مەدەنىيەت ئومۇمەن كىشىلەرنى جەمئىيەتكە باھا بېرىدىغان، ھۆكۈم قىلىدىغان بىر ئۆلچەم بىلەن تەمىن ئەتتى. 19-ئەسىردە ياۋروپالىقلار نۇرغۇن ئىدىيە، دىپلوماتىيە، سىياسىي ئېنېرگىيىلىرىنى غەيرىي ياۋروپا جەمئىيەتلىرىنىڭ ياۋروپا كونتروللۇقىدىكى خەلقئارا سىستېمىغا ئەزا بولغۇدەك دەرىجىدە تولۇق «مەدەنىيلەشكەن» ياكى «مەدەنىيلەشمىگەنلىك»ىگە ھۆكۈم قىلىدىغان ئۆلچەمنى شەرھلەشكە سەرپ قىلدى. يەنە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كىشىلەر بارغانسېرى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ھەققىدە گەپ قىلىشىدىغان بولدى. بۇ «مەدەنىيەتنى بىر خىل ياكى بىردىنبىر غايە دەپ چۈشەندۈرۈشتىن ۋاز كېچىش»تىن ھەم نېمىنىڭ مەدەنىيلىشىش ئىكەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان پەقەت بىرلا ئۆلچەم بار دېگەن قاراشتىن ۋاز كېچىشتىن دېرەك بەردى. بۇ ئۆلچەمنى برودېلنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ئاز ساندىكى ئىمتىيازلىق مىللەت، گۇرۇھ ياكى ئىنسانلارنىڭ ‹سەر خىل›لىرى بىلەنلا چەكلىنىدىغان» ئۆلچەم ئىدى. ئەكسىچە، نۇرغۇن مەدەنىيەت مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز يولى بويىچە مەدەنىيلەشكەن. قىسقىسى، بىر مەنبەلىك مەدەنىيەت

قارىشى «ئۆزىنىڭ بەزى نوپۇزىنى يوقاتتى»، بىر مەنبەلىك مەنىسىدىكى مەدەنىيەت، ئەمەلىيەتتە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تولىمۇ مەدەنىيەتسىز سانىلىشى مۇمكىن ئىدى②.

كىتابىمىزنىڭ كۆگۈل بۆلىدىغىنى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت، ئەمما بىر مەنبەلىك ۋە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ئارىسىدىكى ئىختىلاپ يەنىلا كىتابىمىز كۆگۈل بۆلىدىغان بىر تېما. بىر مەنبەلىك ھەزارەت قارىشى بىر ھەممىباب مەدەنىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى مۇنازىرىدە قايتا كۆرۈلدى. بۇ مۇنازىرە ئۇزاققا داۋاملىشالمايدۇ. ئەمما، ھەر قايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ تېخىمۇ مەدەنىيەتلىشىۋاتقان ياكى مەدەنىيەتلەشمەيۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئىزدىنىپ كۆرۈش يەنىلا پايدىلىق. بۇ دەل كىتابىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بابىنىڭ ۋەزىپىسى.

ئىككىنچى، گېرمانىيىدىن باشقا جايدا مەدەنىيەت بىر ھەزارەت گەۋدىسى دەپ قارىلىدۇ. 19- ئەسىردىكى گېرمانىيە مۇتەپەككۇرلىرى ماھارەت، تېخنىكا، ماددىي ئامىللىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەدەنىيەت بىلەن قىممەت، غايە ۋە بىر جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ھالەتتىكى ئىدىيە-سەنئىتىنى، ئەخلاق ساپاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەزارەت ئارىسىدىكى پەرقنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ خىل پەرقلەندۈرۈش گېرمانىيىدە ساقلىنىپ كەلدى، ئەمما باشقا جايلاردا قوبۇل قىلىنمىدى، بەزى ئىنسانشۇناسلار بۇ ئىككىسىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇردى ھەم ئېيتىدائىي، ئۆزگەرمەس شەھەرلەشكەن جەمئىيەت تەسەۋۋۇرىنى ھەزارەتكە، تېخىمۇ مۇرەككەپ، تەرەققىي قىلغان، شەھەرلەشكەن، ئۆزگىرىشچان جەمئىيەتنى مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ۋەھالەنكى، ھەزارەت بىلەن مەدەنىيەتنى پەرقلەندۈرۈش تىرىشچانلىقلىرى ئەزەلدىن كىشىلەر تەرىپىدىن چۈشىنىلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرمانىيىدىن باشقا جايدا كىشىلەر بىرودىلىنىڭ «گېرمانىيىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ھەزارەتنى ئۆزىنىڭ ئۇلى

بولغان مەدەنىيەتتىن ئايرىۋېتىش كىشىنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ» دېگەن قارىشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ[3].

مەدەنىيەت ۋە ھەزارەت بىر مىللەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تۇرمۇش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەت چوڭايتىلغان ھەزارەت. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى «قىممەت، قائىدە، تۈزۈلمە ۋە بىر بەلگىلىك جەمئىيەتتىكى كىشىلەر تارىختىن بۇيان ئىنتايىن مۇھىم بىلىپ كەلگەن تەپەككۇر ئۇسۇلىنى» ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[4]. برودېلغا نىسبەتەن «مەدەنىيەت» ـــ بىر بوشلۇق، بىر ھەزارەت ساھەسى ھەم «ھەزارەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ھادىسىلىرىنىڭ يىغىندىسى». ۋاللېرستېيىن بولسا مۇنداق تەبىر بېرىدۇ: مەدەنىيەت بولسا دۇنيا قاراش، ئۆرپ-ئادەت، قۇرۇلما ۋە بەزىبىر تارىخىي بىر پۈتۈنلۈكلەرنى شەكىللەندۈرگەن ھەم بۇ ھادىسىنىڭ باشقىچە ۋارىيانتلىرى بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان (ھەمىشە بىرلا ۋاقىتتا بوپكېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ) ھەزارەتنىڭ (ماددىي ھەزارەت ۋە ئالىي ھەزارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۆز ئارا ئالاھىدە باغلىنىشىدىن شەكىللەنگەن سىستېمىدۇر.

داۋسوننىڭ قارىشىچە، مەدەنىيەت ـــ «بەلگىلىك مىللەتنىڭ ھەزارەت ئىجادىيلىقىنىڭ نەتىجىسى بولغان ئالاھىدە بىر ئىپتىدائىي جەرياننىڭ مەھسۇلى». دۇركېيم ۋە ماۋسقا نىسبەتەن مەدەنىيەت «بىر بەلگىلىك مىقداردىكى مىللەتنى قورشاپ تۇرغان ئەخلاق مۇھىتى، ھەر بىر مىللەت پەقەت بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ ئالاھىدە شەكلى». سپېنگلېرنىڭ نەزىرىدە بولسا مەدەنىيەت ـــ ھەزارەتنىڭ ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغان تەقدىر-مەنزىلى ... تەرەققىي قىلغان ئادەملەر يېتەلەيدىغان بىر خىل ئەڭ تاشقى ۋە سۈنئىي ھالەت ... شەكىللىنىشتىن پىشىپ يېتىلگىچە بولغان جەريان». ھەزارەت ئەمەلىيەتتە بارلىق مەدەنىيەتكە بېرىلگەن بارلىق تەبىرلەرنىڭ ئورتاق تېمىسى[5].

ئافىرىنالىقلار سىپارتالىقلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەمدى سىپارتالىقلارنى پارسلارغا ساتمايدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەندە، ئۇلار ئەڭ كلاسسىك ئۇسۇلدا مەدەنىيەتنى بەلگىلەيدىغان ھەزارەتنىڭ ئاچقۇچلۇق ئامىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان:

*چۈنكى، بىز شۇنداق قىلىشقا مايىل بولساقمۇ، چوڭقۇر ئويلىنىشلار بىزنى بۇنىڭدىن توسۇپ قويىدۇ. مۇھىمى ئىلاھلارنىڭ ھەيكەللىرى ۋە ئۇراللىرى كۆيدۈرۈلدى ۋە ئۆرۈلۈۋېتىلدى، بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن چوقۇم بۇنىڭ قىساسىنى ئالىمىزكى، ھەرگىزمۇ بۇنداق جىنايەتنى سادىر قىلغان كىشىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزمەيمىز. گرېكلار ئوخشاش قانغا، ئوخشاش تىلغا، ئوخشاش ئىبادەتخانا ۋە ئورتاق نەزىر قىلىش ئۇسۇلىغا ئىگە، شۇنداقلا ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزمۇ ئوخشاش. ئافىرىنالىقلار ئەگەر بۇلاردىن چەتنەيدىكەن چوقۇم ياخشىلىق كۆرمەيدۇ.*

قان سىستېمىسى، تىل، دىن، تۇرمۇش ئۇسۇلى گرېكلارنىڭ ئورتاق نەرسىلىرى، شۇنداقلا ئۇلارنى پارسلار ۋە غەيرىي گرېكلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەردۇر[6]. خۇددى ئافىرىنالىقلار تەكىتلىگەندەك، مەدەنىيەتنى بەلگىلەيدىغان بارلىق ئوبيېكتىپ ئامىللار ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى دىن. ئىنسانلار تارىخىدىكى ئاساسلىق مەدەنىيەتلەر ئەمەلىيەتتە دۇنيادىكى ئاساسلىق دىنلار بىلەن باراۋەر كېلىدۇ. ھېلىقىدەك ئورتاق تىللىق، بىر ئىرقتا تەۋە، ئەمما دىن جەھەتتە پەرقلىنىدىغان كىشىلەر خۇددى لىۋان، سابىق يۇگوسلاۋىيە ۋە جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى كىشىلەردەك بىر-بىرىنى قىرغىن قىلىشى مۇمكىن[7].

ھەزارەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن كىشىلەرنى ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلىكلەرگە ئايرىش بىلەن بەدەن ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئوخشاشمىغان ئىرق، مىللەتكە ئايرىشنىڭ ئارىسىدا زور دەرىجىدە بىردەكلىك مەۋجۇت، ئەمما مەدەنىيەت بىلەن ئىرق بىر گەپ ئەمەس (باراۋەر ئەمەس). ئوخشاش ئىرقتىكى كىشىلەردە مەدەنىيەت

تۆپىلىدىن چوڭقۇر بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىشى، ئوخشاشمىغان ئىرقتىكى كىشىلەر مەدەنىيەت تۆپىلىدىن بىردەكلىككە مېڭىشى مۇمكىن. كۆچلۈك بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنى ئوخشاشمىغان ئىرقتىن بارلىققا كەلگەن جەمئىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كىشىلەر توپى ئارىسىدىكى ھالقىلىق پەرق ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى، ئېتىقادى، تۈزۈلمىسى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى پەرق بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ بەدەن شەكلى ياكى تېرىسى جەھەتتىكى پەرق ئەمەس.

ئۈچىنچى، مەدەنىيەت بەك كەڭ دائىرىلىك. يەنى مەدەنىيەتنى بىر پۈتۈن نەزەرگە ئالماي تۇرۇپ، باشقا تەركىبلىرىنى تولۇق چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. توينبى مەدەنىيەت «باشقا مەدەنىيەت ئۆز ئىچىگە ئالمىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەدەنىيەت بىر پۈتۈن گەۋدە»، دەيدۇ. مېلكو مۇنداق دەيدۇ:

*مەدەنىيەت مەلۇم دەرىجىدە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. مەدەنىيەتنىڭ ھەر قايسى تەركىبلىرى شۇ تەركىبلەرنىڭ ئۆز ئارا بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە پۈتۈن گەۋدە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەرىپىدىن تەبىرلىنىدۇ. ئەگەر مەدەنىيەت دۆلەتلەردىن تەركىب تاپقان بولسا، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى سىرتىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن قويۇق بولىدۇ. ئۇلار ئۆز-ئارا تېخىمۇ كۆپ ئۇرۇشۇشى ياكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشى، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر-بىرىگە تايىنىشى، ئۇلاردا ئومۇملاشقان بىر ئېستېتىكا ۋە پەلسەپە ئېقىمى مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن[8].*

بىر مەدەنىيەت ئەڭ كەڭ دائىرىلىك ھەزارەت گەۋدىسى. يېزىلار، رايونلار، ئىرقىي گۇرۇھلار، مىللىي-دىنىي گۇرۇھلار ھەزارەت كۆپخىللىقىنىڭ ئوخشاشمىغان قاتلاملىرىدا يەنە ئۆزىگە خاس ھەزارەتكە ئىگە. ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىدىكى يېزىنىڭ مەدەنىيىتى شىمالىدىكى يېزىلارنىڭكىگە ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، ئۇلار

گېرمانىيە يېزىلىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئورتاق ئىتالىيە مەدەنىيىتىگە ئىگە. ياۋروپا مەھەللىلىرى ئۆزىنى جۇڭگو ياكى ھىندىستان مەھەللىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ھەزارەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئەمما، جۇڭگولۇقلار، ھىندىلار، غەربلىكلەر تېخىمۇ چوڭ بىر مەدەنىيەت گەۋدىسىنىڭ بىر تەركىبى ئەمەس. ئۇلار بەزى مەدەنىيەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا، مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ھەزارەت گۇرۇپپىسى، كىشىلەرنىڭ ھەزارەت سالاھىيىتىنىڭ ئەڭ كەڭ دائىرىسى. بۇ بولمىسا، ئادەملەرنىڭ باشقا جانلىقلاردىن پەرقى قالمايدۇ. مەدەنىيەتمۇ بەزى ئورتاق ئوبيېكتىپ ئامىللار بىلەنمۇ، تىل، تارىخ، دىن، ئۆرپ-ئادەت، تۈزۈلمە ۋە ئادەملەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئۆزلۈك سالاھىيىتى بىلەنمۇ تەبىرلىنىدۇ. ئادەملەرنىڭ سالاھىيىتىنىڭ ئوخشاشمىغان قاتلىمى بولىدۇ. بىر رىم پۇقراسى ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى پەرقلىق دەرىجىدە بەلگىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، بىر رىملىق، ئىتالىيىلىك، كاتولىك، خرىستىئان، ياۋروپالىق، غەربلىك دېگەندەك.

ئادەم تەۋە بولغان مەدەنىيەت ئۆزى سالاھىيەتلىنىدىغان ئەڭ كەڭ سالاھىيەت دائىرىسىدۇر. مەدەنىيەت ئەڭ كەڭ دائىرىدىكى «بىز»، بىز بۇنىڭ ئىچىدە ھەزارەت جەھەتتە ئۆز ئۆيىمىزدە تۇرغاندەك ھېس قىلىمىز، چۈنكى بۇ بىزنى ئۇنىڭ سىرتىدىكى بارلىق «ئۇلار»دىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. مەدەنىيەت خۇددى جۇڭگو مەدەنىيىتىدەك كۆپ ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىمۇ، ئىنگلىزچە سۆزلەيدىغان كارىبلارنىڭ مەدەنىيىتىدەك ناھايىتى ئاز ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىمۇ مۇمكىن. پۈتكۈل تارىختا سەپسالىدىغان بولساق، نۇرغۇن كىچىك ئىنسانلار توپىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ھەزارەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، ئەمما ئۇلاردا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى ھەزارەت سالاھىيىتىنىڭ كەملىكىنى بايقايمىز. كىشىلەر ئەزەلدىن ھەجىم ۋە مۇھىملىقىغا ئاساسەن مەدەنىيەتلەرنى ئاساسلىق مەدەنىيەت ۋە قىرغاق مەدەنىيەت (باگىبى) ياكى ئاساسلىق مەدەنىيەت

ۋە قىرغاق مەدەنىيەت ياكى كۆز ئاچالمىغان مەدەنىيەت دەپ ئايرىپ كەلگەن (تويىنبى). كىتابىمىزنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىنسانلار تارىخىدىكى ئاساسلىق مەدەنىيەتلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان نەرسىلەر زادى نېمىلەر؟ دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت.

مەدەنىيەتلەرنىڭ ئېنىق چېگراسىمۇ، روشەن باشلىنىش ۋاقتىمۇ ھەم ئاخىرلىشىش ۋاقتىمۇ بولمايدۇ. ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى قايتا بېكىتەلەيدۇ ھەم شۇنداق قىلىدۇ. نەتىجىدە مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ ماڭىدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھەزارىتى ھەم ئۆز ئارا رول ئوينايدۇ، ھەم بىرىكىدۇ. ھەرخىل مەدەنىيەتلەر ھەزارەتنىڭ ئوخشاشلىق ۋە پەرقلىنىش دەرىجىسىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ، ئەمما مەدەنىيەت مەنىلىك گەۋدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چېگرا بەكلا روشەن ھەم ھەقىقەتەن مەۋجۇت.

ئۈچىنچى، مەدەنىيەتنىڭ ئەجىلى بار، ئەمما ئۆمرى بەك ئۇزۇن. ئۇلار تەرەققىي قىلىدۇ، تەڭشىلىدۇ، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۇزاقتا سوزۇلغان بىرىكىشى، «ئىنتايىن ئۇزۇن مەزگىللىك رېئاللىق». ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە خاسلىقى ۋە ئالاھىدە ئىككەنلىكى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي سىجىللىق ھېسابلىنىدۇ. ئىمپېرىيە گۈللىنىدۇ، يەنە ھالاك بولىدۇ. ھۆكۈمەت تەختكە چىقىدۇ، يەنە چۈشىدۇ، ئەمما مەدەنىيەت يەنىلا ئاۋۋالقىدەك «سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ھەتتا ئىدېئولوگىيە بوران-چاپقۇنلىرىدىمۇ ساقلىنىپ قالىدۇ»[9]. بوزمان خۇلاسىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيا تارىخى تۆۋەندىكى قاراشنى توغرا دەلىللىدى: سىياسىي تۈزۈم بولسا مەدەنىيەتنىڭ يۈزىدىكى بىر دەملىك ھوقۇق ۋاسىتىسى، تىل ۋە ئەخلاقتا بىرلىككە كەلگەن بىر جەمئىيەتنىڭ تەقدىرى. ئەجدادلار شۇلارنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆز ئارا بىرلىشىدۇ، شۇڭا ئۇلار جەمئىيەتنىڭ داۋام قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ»[10]. ئەمەلىيەتتە، 20-ئەسىردىكى بارلىق ئاساسلىق مەدەنىيەتلەر مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان ياكى لاتىن

ئامېرىكىسىنىڭ ھەزارىتىدەك ئۇزاق داۋاملاشقان بىر مەدەنىيەتنىڭ بىۋاسىتە ۋارىسلىرى بولدى.

گەرچە مەدەنىيەت ئۇزاق داۋاملاشسىمۇ، ئەمما ئۆزگىرىدۇ. ئۇلار ھەرىكەتچان بولۇپ، گۈللىنىدۇ، ھالاك بولىدۇ، بىرلىشىدۇ، بۆلۈنىدۇ. خۇددى ھەر قانداق بىر تارىخچىغا ئايان بولغىنىدەك، ئۇلارمۇ يوقىلىدۇ، ۋاقىت دۆۋىلىرىگە كۆمۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش باسقۇچلىرىنى ھەر خىل شەكىللەردە ئىزاھلىغىلى بولىدۇ. كىگلى مەدەنىيەت ھەرىكىتى يەتتە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ دەپ قارايدۇ: قوشۇلۇش، ھامىلىدار بولۇش، كېڭىيىش، توقۇنۇش، دۇنياۋى ئىمپېرىيىگەئايلىنىش، ئاجىزلىشىش ۋە تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراش. مېلكو تىپىك فېئودالىق تۈزۈمدىن تىپىك دۆلەت تۈزۈمىگە، تىپىك دۆلەت تۈزۈمىدىن تىپىك ئىمپېرىيە تۈزۈمىگە ئۆتۈشتەك ئۆزگىرىش قېلىپىنى خۇلاسىلەپ چىققان. توينبى مەدەنىيەتنىڭ باش كۆتۈرۈشىنى خىرىسقا قايتۇرۇلغان ئىنكاس، ئۇ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا بىر يۈكسىلىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتىدۇ، بۇ باسقۇچتا ئاز ساندىكى ئىجادكار كىشىلەر بەرپا قىلغان مەدەنىيەت مۇھىتى بارغانسېرى تېزگىنلىنىدۇ، ئارقىدىنلا قالايمىقانچىلىق دەۋرى باشلىنىپ، دۇنياۋى دۆلەت مەيدانغا كېلىدۇ ۋە بۇ دۇنياۋى دۆلەت ئاخىر يىمىرىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. گەرچە بۇ نەزەرىيىلەر ئارىسىدا پەرق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك مەدەنىيەت قالايمىقانچىلىق، توقۇنۇشنى بېسىپ ئۆتۈپ، دۆلەتكە ئايلىنىدۇ، يەنە چىرىيدۇ ۋە يىمىرىلىدۇ، دەپ قارايدۇ[11].

بەشىنچى، مەدەنىيەت بىر سىياسىي گەۋدە ئەمەس، بەلكى ھەزارەت گەۋدىسى، ئۇ ھەرگىزمۇ تەرتىپ ساقلاش، ئادالەت بەرپا قىلىش، باج يىغىش، ئۇرۇش قىلىش، شەرتنامە، كېلىشىم تۈزۈش دېگەندەك ئىشلارنى ياكى ھۆكۈمەت قىلىدىغان ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. سىياسىي تەركىبلەر بىر مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. بىر مەدەنىيەت بىر ياكى

بىر قانچە سىياسىي تەركىبنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. بۇ تەركىبلەر بەلكىم قەلئە دۆلەتلىرى، ئىمپېرىيە، فېدېراتسىيە، فېدېراتسىيە بىرلەشمىسى، مىللىي دۆلەت، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇشى مۇمكىن. مانا مۇشۇ تەركىبلەرنىڭ ئوخشاشمىغان ھۆكۈمەت شەكىللىرى بولىدۇ. بىر مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغاندا ئۇنىڭ سىياسىي تەركىبلىرىنىڭ سانى ۋە خاراكتېرىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ ۋە ئۇلار سىياسىي بىر گەۋدە بولۇپ، بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن. لۇسىيان پاي جۇڭگو «بىر دۆلەت بولۇپ ياسىنىۋالغان بىر مەدەنىيەت» دېگەنىدى[21]. ياپونىيمۇ ھەم بىر دۆلەت، ھەم بىر مەدەنىيەت. ئەمما مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەدەنىيەتلەر بىردىن ئارتۇق دۆلەتنى ياكى باشقا سىياسىي گەۋدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىرقى دۇنيادا مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەدەنىيەتلەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاخىردا ئالىملار تارىختىكى ئاساسلىق مەدەنىيەتلەر ۋە ھازىرقى زاماندىكى مەدەنىيەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشتە بىردەك پىكىرگە كېلەلمىدى. ئەمما، ئۇلار ھەممىشە تارىختا مەۋجۇت بولغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئومۇمىي سانىغا نىسبەتەن ئوخشاشمىغان پىكىرلەرنى تەشەببۇس قىلىشتى. كىگلى تارىختا ناھايىتى روشەن 16 خىل مەدەنىيەت بولغان، بۇنىڭدىن باشقا يەنە سەككىز خىل مەدەنىيەت بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان. توينبى ئاۋۋال 20 نى كېيىن 23نى كۆرسەتكەن. سپېنگلېر سەككىز خىل ئاساسلىق مەدەنىيەتنى تەپسىلىي مىساللار بىلەن شەرھلىگەن، مكنېيىل پۈتكۈل تارىخ مابەينىدە توققۇز خىل مەدەنىيەت مەۋجۇت، دەپ تەھلىل قىلغان ياكى ياپونىيە مەدەنىيىتى ۋە پراۋوسلاۋىيە مەدەنىيىتىنى جۇڭگو مەدەنىيىتى ۋە غەرب مەدەنىيىتىدىن ئايرىپ چىقاندا 11 خىل مەدەنىيەت بار دەپ قارىغان. برودېل توققۇز خىل مەدەنىيەتنى ئايرىغان. روستورانىي ھازىرقى زاماندىكى ئاساسلىق يەتتە خىل مەدەنىيەتنى كۆرسەتكەن[13]. بۇ پەرقلەر قىسمەن دەرىجىدە

جۇڭگولۇقلار ۋە ھىندىلارنىڭكىگە ئوخشاش ھەزارەت گورۇپپىلىرىنى پۈتكۈل تارىختا بىر ياكى ئىككى ۋە ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق يېقىن مەدەنىيەتلەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىرى يەنە بىرىنىڭ ئەۋلادى دەپ قاراش-قارىماسلىقىمىزغا باغلىق. گەرچە مۇشۇنداق پەرقلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەتلەر سالاھىيىتىگە بولغان تونۇشىدا ئىختىلاپ يوق. خۇددى مېلكو يازما يادىكارلىقلارنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن يەكۈنلىگىنىدەك، كىشىلەر ھېچ بولمىغاندا تۆۋەندىكى كۆز قاراشلارغا نىسبەتەن ئورتاق تونۇشقا ئىگە: تارىختا ئاز دېگەندىمۇ ئاساسلىق 12 خىل مەدەنىيەت مەۋجۇت بولغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يەتتىسى يوقالغان (مىسسوپوتامىيە مەدەنىيىتى، مىسىر مەدەنىيىتى، كىرىتان مەدەنىيىتى، كلاسسىك مەدەنىيەت، ۋىزانتىيە مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا ئامېرىكا مەدەنىيىتى، ئاندىس مەدەنىيىتى)، بەشى ھازىرمۇ مەۋجۇت (جۇڭگو، ياپونىيە، ھىندى، ئىسلام، غەرب مەدەنىيىتى) [14]. بەزى ئالىملار يۇقىرىقىلارغا پىراۋوسلاۋىيە مەدەنىيىتىنى ئۇنىڭ ئانا مەدەنىيىتى بولغان ۋىزانتىيە ۋە غەرب خرىستىئان مەدەنىيىتىدىن پەرقلىنىدىغان مۇستەقىل مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن قوشۇپ قويىدۇ. بىز بۈگۈنكى دۇنيانى چۈشىنىش ئۈچۈن بۇ ئالتە مەدەنىيەتكە لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتى ۋە ئافرىقا مەدەنىيىتىنىمۇ قوشۇپ قويىشىمىز مۇمكىن.

دېمەك، ھازىرقى دۇنيادىكى ئاساسلىق مەدەنىيەتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

***جۇڭخۇا (Sinc) مەدەنىيىتى.*** بارلىق ئالىملار بىرگە، ئۆزگىچە جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ تارىخىنى ئاز دېگەندە مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 1500-، ھەتتا 2500-يىللارغىچە سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ ياكى ئىككى خىل جۇڭگو مەدەنىيىتى مەۋجۇت بولۇپ، بۇنىڭ بىرى مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يەنە بىرىگە ۋارىسلىق قىلغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەن «دىپلوماتىيە» ناملىق پەسىللىك ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان

ماقالەمدە بۇ مەدەنىيەتنى كۇڭزى مەدەنىيىتى دەپ ئاتىغانىدىم. ئەمما، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى دەپ ئاتاش تېخىمۇ توغرىراق. گەرچە كۇڭزىچىلىق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبى بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگو مەدەنىيىتى كۇڭزىچىلىقلا ئەمەس. ئۇ بىر سىياسىي گەۋدە بولغان جۇڭگودىنمۇ ھالقىپ كەتكەن. نۇرغۇن ئالىملار ئىشلەتكەن «جۇڭخۇا» دېگەن سۆز جۇڭگو، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە باشقا جايلاردىكى جۇڭگولۇقلار توپىنىڭ ئورتاق ھەزارىتىنى، شۇنداقلا چاۋشيەن، ۋېيتنامنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھەزارىتىنى جايىدا ئىپادىلەپ بەرگەن.

***ياپونىيە مەدەنىيىتى.*** بەزى ئالىملار بىر يېگانە يىراق شەرق مەدەنىيىتى نامى ئاستىدا ياپونىيە مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ قارايدۇ. ئەمما، كۆپىنچە ئالىملار بۇنداق قارىماستىن، بەلكى ياپونىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچە بىر مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، مىلادىيە 400 — 100يىللار ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

***ھىندى مەدەنىيىتى.*** كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئاز دېگەندىمۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1500- يىللار مابەينىدە جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدا بىر ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىر-بىرىگە ۋارىسلىق قىلغان مەدەنىيەت بولغان، دەپ قارايدۇ. بۇ مەدەنىيەتلەر ئادەتتە «Indic India» ياكى «Hindu» مەدەنىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ. كىشىلەر «Hindu» مەدەنىيىتى، دەپ ئاتايدۇ. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 يىل مابەينىدە، ھىندى دىنى ئىزچىل يا ئۇنداق يا مۇنداق شەكىلدە جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھەزارەت مەركىزى بوپكەلدى. ئۇ «پەقەت دىن ياكى ئىجتىمائىي تۈزۈم بوپقالماستىن، بەلكى ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى»[15]. گەرچە ھىندىستاندا مۇھىم مۇسۇلمانلار رايونلىرى ۋە باشقا كىچىك ھەزارەتلەر بولسىمۇ، ئۇ بۈگۈنكى دەۋردە ئىزچىل ھالدا يادرولۇق رول ئوينىماقتا.

«Hindu» دېگەن سۆزمۇ خۇددى «جۇڭخۇا» دېگەن سۆزدەك ھەزارەتنىڭ نامىنى ئۇنىڭ يادرولۇق دۆلىتىنىڭ نامىدىن ئايرىدى. چۈنكى، بۇنداق ئەھۋالدا بىر مەدەنىيەتنىڭ ھەزارىتى بىر دۆلەتتىن ھالقىپ كەتكەندە، مۇشۇنداق قىلىش ئېھتىياجغا ئۇيغۇن بولىدۇ.

***ئىسلام مەدەنىيىتى.*** نۇرغۇن مۇھىم ئالىملار ئۆزگىچە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئىسلام دىنى مىلادىيە 7- ئەسىرلەردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، كېيىن ناھايىتى تېزلىكتە تارقىلىپ، شىمالىي ئافرىقا، ئىبېرىيە يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇقى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغىچە كېڭەيگەن. نەتىجىدە نۇرغۇن ئالاھىدە ھەزارەتلەر ۋە ئىككىلەمچى مەدەنىيەتلەر ئىسلام مەدەنىيىتى ئىچىگە كىرگەن. بۇ ئەرەب، تۈرك، پارس، مالاي ھەزارەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

***غەرب مەدەنىيىتى.*** غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتىنى ئادەتتە مىلادىيە 700 — 800- يىللارغىچە سۈرگىلى بولىدۇ. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئۈچ چوڭ تەركىبدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىغا قەدەر تارقالغان.

***لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتى.*** بۇ غەرب مەدەنىيىتىدىن پەرقلىنىدىغان ئۆزگىچە بىر سالاھىيەت. گەرچە لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتى ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋلادى بولسىمۇ، لېكىن ياۋروپاغا ياكى شىمالىي ئامېرىكىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بىر يولدا ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇ مۇستەبىتلىك، گۇرۇھۋازلىقتەك ھەزارەتكە ئىگە. بۇ خىل ھەزارەت ياۋروپادا ئاجىز. شىمالىي ئامېرىكىدا بولسا قەتئىي مەۋجۇت ئەمەس. ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكا دىنىي ئىسلاھاتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەمدە كاتولىك دىنى بىلەن پروتېستانت دىنى ھەزارىتىنى بىرلەشتۈرگەن. تارىختىن قارىغاندا، گەرچە ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى مەۋجۇت بولسىمۇ، لاتىن ئامېرىكىسى يەنىلا كاتولىك دىنىنىڭ دۇنياسى. لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتى

بەزىبىر يەرلىك ھەزارەتلەرنى بىرلەشتۈرگەن، بۇ ھەزارەتلەر ياۋروپادا ئىلگىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، شىمالىي ئامېرىكىدىمۇ يوقىتىلغان، پەقەت مېكسىكا، ئوتتۇرا ئامېرىكا، پېرۇ، بولىۋىيىنى بىر تەرەپ قىلغان ئارگېنتىنا ۋە چىلىنى بىر تەرەپ قىلغان رايون ئارلىقىدا زور ئوخشىماسلىقلار بار. لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان دۆلەتلىرىدە مودا بولغان ئەندىزە ئوتتۇرىسىدا زور ئوخشىماسلىقلار بار. سوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، لاتىن ئامېرىكىلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئۆزلۈك سالاھىيىتىگە نىسبەتەن ئىختىلاپ مەۋجۇت. بەزىلەر: «بىز غەربنىڭ بىر قىسمى دەيدۇ»، يەنە بەزىلەر «بىزنىڭ ئۆزگىچە ھەزارىتىمىز بار»، دەيدۇ. لاتىن ئامېرىكىسى ۋە شىمالىي ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە ئۇلارنىڭ ھەزارەت پەرقى تەپسىلىي بايان قىلىنغان[15]. لاتىن ئامېرىكىسىنى غەرب مەدەنىيىتى تەركىبىدىكى ئىككىلەمچى مەدەنىيەت ياكى غەربكە زىچ باغلانغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما، ئۇ زادى غەرب مەدەنىيىتىگە تەۋەمۇ ياكى تەۋە ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپ بار. دىققەتنى مەدەنىيەتنىڭ خەلقئارا سىياسىي مەنىسىگە مەركەزلەشتۈرىدىغان (لاتىن ئامېرىكىسى بىر تەرەپ، شىمالىي ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا بىر تەرەپ بولغان ئەھۋالدىكى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تەتقىقاتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كېيىنكىسى مۇۋاپىقراق ھەم پايدىلىق نامدۇر.

دېمەك، غەرب ياۋروپانى، شىمالىي ئامېرىكا ۋە ياۋروپالىقلار ئولتۇراقلاشقان دۆلەتلەرنى، يەنى ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، غەربنىڭ ئاساسلىق ئىككى تەركىبىي قىسمى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. ئامېرىكىلىقلار تارىختىن بۇيان ئۆز جەمئىيىتىنى ياۋروپا جەمئىيىتىگە قارىمۇقارشى دەپ قاراپ كەلگەن، يەنى ئامېرىكا ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، پۇرسەت، ۋە ئىستىقبالغا تولغان بىر زېمىن.

ياۋروپا بولسا زۇلۇم، سىنىپىي كۈرەش، دەرىجە تۈزۈمى ۋە قالاقلىقتا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ھەتتا بەزىلەر ئامېرىكىنى ئۆزگىچە بىر مەدەنىيەت دەپ قارايدۇ. ئامېرىكا بىلەن ياۋروپانى بۇنداق قارىمۇقارشىلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇنداق بىر پاكىتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى: ئاز دېگەندىمۇ 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئامېرىكىنىڭ غەيرىي غەرب مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئالاقىسى ناھايىتى چەكلىك بولغان. ئەمما، ئامېرىكا دۇنيا سەھنىسىگە چىقىپلا، ياۋروپانىڭ كەڭ دائىرىلىك سالاھىيەت تۇيغۇسى بىلەن تېخىمۇ كۈچلەندى[17]. گەرچە 19- ئەسىردە ئامېرىكا ئۆزىنى ياۋروپاغا ئوخشىمايمىز ۋە زىت دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئەمما 20-ئەسىردە ئامېرىكا ئۆزىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى بىر گەۋدە، يەنى ياۋروپانى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربنىڭ بىر تەركىبى، يەنە كېلىپ بۇ گەۋدىنىڭ رەھبىرى دەپ قارايدىغان بولدى.

شۇنىڭ بىلەن «غەرب» دېگەن سۆز ھازىر ئومۇميۈزلۈك ھالدا، ئىلگىرى غەرب خرىستىئان دۇنياسى دەپ ئاتىلىدىغان يەرلەرنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن غەرب بىردىنبىر بەلگىلىك بىر مىللەت، دىن ياكى جۇغراپىيىۋى ناملارغا ئاساسەن ئەمەس، بەلكى چەمبەرسىمان يۆنىلىشكە ئاساسەن تونۇلىدىغان بىر مەدەنىيەت بولدى*. بۇ خىل تونۇش ئۇسۇلى مەدەنىيەتنى ئۆزىنىڭ تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ھەزارەت مۇھىتىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىۋالىدۇ. تارىختىن قارىغاندا، غەرب مەدەنىيىتى ياۋروپا مەدەنىيىتىدۇر. ھازىرقى زاماندا غەرب مەدەنىيىتى ياۋروپا ئامېرىكا مەدەنىيىتى ياكى شىمالىي

* «شەرق» ۋە «غەرب» دېگەن ناملار بىلەن جۇغراپىيىۋى رايونلارنى تونۇش ئادەمنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ، ھەم بۇ ئىرقىي مەركەزچىلىك بوپقالىدۇ. «شىمال» بىلەن «جەنۇب»نىڭ ئىككى قۇتۇپىدا ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىنىدىغان مۇقىم پايدىلىنىش نۇقتىسى بار. «غەرب»، «شەرق»نىڭ بۇنداق پايدىلىنىش نۇقتىسى يوق. بۇ يەردىكى مەسىلە: نېمىگە نىسبەتەن شەرق ۋە غەرب؟ بۇ سىزنىڭ قەيەردە تۇرغانلىقىڭىزغا باغلىق. «غەرب»، «شەرق» ئومۇمەن دەسلەپتە ياۋروپا-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە غەربىي قىسمىنى كۆرسەتكەن. شۇنداقتىمۇ بىر ئامېرىكىلىققا نىسبەتەن، يىراق شەرق ئەمەلىيەتتە يىراق غەرب. جۇڭگو تارىخىدىكى كۆپ قىسىم مەزگىللەرگە نىسبەتەن غەرب ھىندىستاننى كۆرسەتكەن، ياپونىيىدە بولسا جۇڭگونى كۆرسەتكەن. ( قاراڭ، ۋىلىيام E ئاف «ياپونىيە نۇقتىئىنەزىرىدىن ‹شەرق غەرب› مەسىلىسىگە قاراشتىن ئەسلىمە»، «سېلىشتۇرما مەدەنىيەت ئوبزورى» ژۇرنىلىنىڭ 1985- يىلى كۈزدىكى ۋە 1986- يىلىدىكى ئەتىيازلىق 13- 14- سانلىرىغا بېسىلغان. 228- بەت — ئەسلىي كىتابتىن.

ئاتلانتىك ئوكيان مەدەنىيىتىدۇر. خەرىتىدىن ياۋروپا، ئامېرىكا، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيانىنى تاپقىلى بولىدۇ، ئەمما غەربنى تاپقىلى بولمايدۇ. «غەرب» دېگەن ئاتالغۇ «غەربلىشىش» دېگەن ئۇقۇمنى پەيدا قىلدى ھەم كىشىنى مۇجمەل يولغا باشلاپ قويىدىغان غەربلىشىش بىلەن زامانىۋىلىشىشنى بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان قاراش پەيدا قىلدى: ياپونىيىنى «ياۋروپا-ئامېرىكىلىشىۋاتىدۇ» ئەمەس، «غەربلىشىۋاتىدۇ» دەپ قارايدىغان بولدى. ئەمما، ياۋروپا-ئامېرىكا مەدەنىيىتى ئومۇميۈزلۈك غەرب مەدەنىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ. گەرچە بۇ ئاتالغۇدا ئېغىر نۇقسان بولسىمۇ، ئەمما بىز بۇ يەردە يەنىلا مۇشۇنى قوللىنىمىز.

***ئافرىقا مەدەنىيىتى (ئېھتىمال مەۋجۇت).*** برودېلدىن باشقا كۆپىنچە تەتقىقاتچىلار ئۆزگىچە بىر ئافرىقا مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي دېڭىز قىرغاقلىرى ئىسلام مەدەنىيىتىگە تەۋە. تارىختا ئېفىئوپىيە ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا جايلارغا ياۋروپانىڭ جاھانگىرلىك ۋە مۇستەملىكچىلىك پائالىيەتلىرى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئامىللىرىنى ئېلىپ بارغان. جەنۇبىي ئافرىقىدا گوللاندىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە مۇستەملىكچىلىرى بىر نەچچە خىل ياۋروپا ھەزارىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئەڭ مۇھىمى ياۋروپا جاھانگىرلىرى خرىستىئان دىنىنى سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى كۆپ قىسىم رايونلارغىچە تارقاتقان. پۈتكۈل ئافرىقىدا قەبىلە سالاھىيىتى ئومۇميۈزلۈك كۈچلۈك، ئەمما ئافرىقىلىقلارنىڭ سالاھىيەت تۇيغۇسى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ. شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، جەنۇبىي ئافرىقا سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ يادروسىغا ئايلىنىشى قىلىشى ۋە بۇ جايدا ئۆزگىچە بىر مەدەنىيەت شەكىللىنىشى مۇمكىن.

دىن مەدەنىيەتنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي ئامىل. خۇددى كرىستوفېر. داۋسسون ئېيتقاندەك، «ئۇلۇغ دىن ئۇلۇغ مەدەنىيەت

قۇرۇلىدىغان ئاساس»[19]. ۋېبېر ئوتتۇرىغا قويغان «بەش دۇنياۋى دىن» ئىچىدىكى تۆت دىن — خرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنى، ھىندى دىنى ۋە كۇڭزىچىلىق ھازىرقى ئاساسلىق مەدەنىيەتلەر بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن. بەشىنچى دىن — بۇددا دىنىنىڭ ئەھۋالى سەل ئوخشاشمايدۇ. نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى، بۇددا دىنى ئىسلام دىنى ۋە خرىستىئان دىنىغا ئوخشاش دەسلەپكى مەزگىلدىلا ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن ھەم خرىستىئان دىنىغا ئوخشاش ئۆزى مەيدانغا كەلگەن زېمىندا ساقلىنىپ قالالمىغان. مىلادىيە 1- ئەسىردىن باشلاپ ماھايانا بۇددىزمى جۇڭگوغا كىرگەن، كېيىن چاۋشيەن، ۋېيتنام، ياپونىيىگە تارقالغان. بۇ جەمئىيەتلەردە كىشىلەر ئوخشاشمىغان شەكىللەردە بۇددا دىنىنى ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ھەزارىتىگە (مەسىلەن، كۇڭزىچىلىق ۋە داۋجىياۋ دىنى دېگەندەك) سىڭدۈرگەن، ماسلاشتۇرغان ھەم ئۇنى چەكلىگەن. شۇڭا، بۇددا دىنى بۇ جەمئىيەتلەردىكى ھەزارەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى بولسىمۇ، ئەمما بۇ جەمئىيەتلەر ئۆزىنى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبى دەپ قارىمىغان ھەم ئۇنداق بولۇپمۇ شەكىللەنمىگەن. لېكىن، زېراۋادا بۇددا دىنىنىڭ ئەرسىلىرىنى، ھەقىقەتەن سىرىلانكا، بېنگال، تايلاند، لائوس، كامبودژا قاتارلىق دۆلەتلەردە بار، دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شىزاڭ، موڭغۇلىيە ۋە بۇتاندىكى كىشىلەر تارىختا ماھايانا بۇددا دىنىنىڭ لاماي ۋارىيانتى دەپ قارالغان. بۇ جەمئىيەتلەر بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىنچى رايونىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەمما، بۇددا دىنىنىڭ ئەمەلىيەتتە ھىندىستاندا يوقىلىشى ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو، ياپونىيە ھەزارىتىگە سىڭىپ كېتىشى ئۇنىڭ بىر چوڭ دىن بولسىمۇ، ئەمما ئەزەلدىن بىر ئاساسلىق مەدەنىيەتنىڭ ئۇلى بولمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ[20] *.

* ئۇنداقتا يەھۇدىي مەدەنىيىتىنى قانداق چۈشىنىمىز؟ كۆپ ساندىكى مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى ئۇنى ناھايىتى ئاز تىلغا ئالىدۇ. ئېتىقادچىلىرىنىڭ سانىغا قارىغاندا، يەھۇدىي دىنى بىر ئاساسلىق مەدەنىيەت بولالمايدۇ. تويىنبى ئۇنى دەسلەپكى سۈرىيە مەدەنىيىتىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن ۋە بېسىلغان مەدەنىيەت دەپ قارايدۇ. ئۇ تارىختا خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنى بىلەن ئالاقىسى بولغان. يەنە كېلىپ يەھۇدىيلار بىر نەچچە ئەسىر ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھەزارەت سالاھىيىتىنى غەرب، پراۋوسلاۋىيە ۋە ئىسلام مەدەنىيەتلىرى ئىچىدە ساقلىغان ئىسرائىلىيىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن يەھۇدىيلار مەدەنىيەتنىڭ بارلىق ئوبيېكتىپ سالاھىيەتلىرىگە ئىگە بولدى: دىن، تىل، ئۆرپ-ئادەت، ئەدەبىيات، تۇزۇلمە تېررىتورىيە ۋە سىياسىي ئائىلە. ئۇنداقتا ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ سالاھىيىتىچۇ؟ باشقا مەدەنىيەتلەر ئىچىدە ياشايدىغان يەھۇدىيلارنىڭ

## مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت


***كەچۈرمىشلەر:*** مىلادىيىدىن 1500 يىل بۇرۇنقى مەدەنىيەت. مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئىككى باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. ھازىر دەل ئۈچىنچى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ھەر قايسى مەدەنىيەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن دەسلەپكى 3000 يىل ئىچىدە ئايرىم ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا ئاساسەن دېگۈدەك ئالاقە بولمىغان بولغاندىمۇ بەك چەكلىك بولغان ياكى تولىمۇ قىسقا ۋە جىددىي بولغان. تارىخشۇناسلار بۇ مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ― «كەچۈرمىشلەر»[21] دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جايىدا ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەدەنىيەت ۋاقىت ۋە بوشلۇق تەرىپىدىن ئايرىۋېتىلىدۇ. ناھايىتى ئاز ساندىكى مەدەنىيەتلەرلا ئوخشاش بىر دەۋردە بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بېخامىن سكۋارتز ۋە ئېيسىنىدانىت دەلىللىگەندەك، ئوق دەۋرى (Axialage) ۋە ئىلگىرىكى ئوق دەۋرى ئارىسىدا غايەت زور پەرق بار. بۇ پەرق ئۇلارنىڭ «مۇقەددەس» تەرتىپ ۋە ئادەتتىكى تەرتىپ» ئارىسىدىكى پەرقنى ئېتىراپ قىلىش-قىلماسلىقىدا. ئوق دەۋرىدىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئەجدادلىرىغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە بىر بىلىم قاتلىمى تارقاتقان مۇقەددەس رىۋايەتلىرى بار ئىدى. بۇ قاتلام «يەھۇدىيلارنىڭ بېشارەتچىلىرى ۋە پوپلىرىدىن، يۇنانىنىڭ پەيلاسوپلىرى ۋە ئاقىللىرىدىن، جۇڭگونىڭ دانىشمەنلىرىدىن، ھىندىستاننىڭ بىراھمانلىرىدىن، بۇددا دىنىنىڭ سانگا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ

---

مەدەنىيەت سالاھىيىتى دەرىجىسى ئۆز ئارا ئوخشاش ئەمەس. بەزىلىرى پۈتۈنلەي يەھۇدىي دىنى ۋە ئىسرائىلىيە بىلەن سالاھىيەتلىنىدۇ. بەزىلىرى يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ ھەمدە ئۆزى ئولتۇراقلاشقان مەدەنىيەت بىلەن سالاھىيەتلىنىدۇ. ئەمما، كېيىنكى ئەھۋال ئاساسەن غەربتە ئولتۇراقلاشقان يەھۇدىيلار ئارىسىدا مەۋجۇت. موردكاي كاپلان: «بىر مەدەنىيەت ھالىتىدىكى يەھۇدىي دىنى» (فىلادېلفىيە: يەھۇدىي دىنى گۈللىنىش ھەرىكىتى نەشرىياتى 1981- يىللىق نەشرى. بۇ كىتاب 1934- يىلى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان) بۇ كىتابنىڭ 173 — 208- بەتلەرگە قارالسۇن — ئەسلى كىتاب ئىزاھاتى.

ئۆلىما»لىرىدىن تەركىب تاپقاندى[②]. بىر مەدەنىيەتنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ۋە بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە بىر مەدەنىيەتنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن بەزى دىنلار ئىككى ياكى ئۈچ مەدەنىيەتنى ئۆزىتىپ قويىدۇ.

شەرقىي يېرىم شاردىكى مەدەنىيەت 2.1- رەسىم.




2.1- رەسىم. ياۋروپا-ئاسىيادىكى ئاساسلىق مەدەنىيەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى: (كاررول كىگلىنىڭ «مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى — تارىخىي ئانالىز مۇقەددىمىسى» دېگەن كىتابىدىن. ئىندىيانا پولىس: (ئەركىنلىك نەشرىياتى. 2- نەشرى 82- بەت).

مەدەنىيەت جۇغراپىيىلىك جەھەتتىمۇ ئۆز ئارا ئايرىلىپ تۇرغان. مىلادىيەدىن 1500 يىللار ئىلگىرى ئاندىس مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ئامېرىكا مەدەنىيىتى ۋە باشقا مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا ياكى ئۆز ئارا دېگۈدەك ھېچقانداق ئالاقە بولمىغان. نىل دەرياسى ۋادىسى، ھىندى دەرياسى ۋادىسى، دەجلە-ئېفرات ۋادىلىرى ۋە خۇاڭخې دەريا

ۋادىلىرىدىكى دەسلەپكى مەدەنىيەتلەر بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسەتمىگەن. شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىز، غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ھىندىستان رايونىدىكى مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقىلەر ئاخىرىدا ھەقىقەتەن قويۇقلاشتى. ئەمما، مەدەنىيەتلەرنى ئايرىپ تۇرىدىغان مۇساپە ۋە چەكلىك قاتناش ۋاستىلىرى، بېرىش-كېلىش ۋە سودا مۇناسىۋەتلىرىنى چەكلەپ قويدى. گەرچە ئوتتۇرا دېڭىز ۋە ھىندى ئوكياندا بەزى سودا ئالاقىلىرى بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما «شۇ ۋاقىتتىكى ئاساسلىق قاتناش ۋاستىسى يەنىلا ئات ئىدى. مىلادىيىدىن 1500- يىللار ئىلگىرىكى مەدەنىيەتلەرنى ھەرگىزمۇ دېڭىزدىكى كېمىلەر بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرمىغان»[23].

گەرچە ئىدىيە ۋە تېخنىكىلار بىر مەدەنىيەتتىن يەنە بىر مەدەنىيەتكە يۆتكەلسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا نەچچە ئەسىر ۋاقىت كېتەتتى. ئەڭ مۇھىمى ئىستېلا كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەزارەتنىڭ تارقىلىشى بولماستىن، بەلكى بۇددا دىنىنىڭ ھىندىستاننىڭ شىمالىدا پەيدا بولۇپ، 600 يىلدىن كېيىن جۇڭگوغا تارقالغان بولۇشى مۇمكىن.

مىلادىيە 8- ئەسىردە جۇڭگولۇقلار مەتبەئەنى ئىجاد قىلدى. 11- ئەسىردە ھەرىكەتچان مەتبەئە كەشىپ قىلىندى. ئەمما، 15- ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن بۇ تېخنىكا ياۋروپاغا تارقالدى. قەغەز ياساش تېخنىكىسى مىلادىيە 2- ئەسىرلەردە جۇڭگودا پەيدا بولغان، ئەمما 7- ئەسىردە ياپونىيىگە، 8- ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىياغا، 10- ئەسىردە شىمالىي ئافرىقىغا، 12- ئەسىردە ئىسپانىيىگە، 13- ئەسىردە شىمالىي ياۋروپاغا تارقالدى. جۇڭگونىڭ يەنە بىر كەشپىياتى — پورۇخ 9- ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن، نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن ئەرەبلەرگە، 14- ئەسىردە ئاندىن ياۋروپاغا تارقالدى[24].

مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك يەنە بىر خىل مۇناسىۋەت بىر مەدەنىيەت كىشىلىرىنىڭ يەنە بىر مەدەنىيەت كىشىلىرىنى مەغلۇپ قىلىشى، يوقىتىشى، بويسۇندۇرۇشىدۇر. بۇ خىل ئالاقە ئادەتتە زورلۇق كۈچ بىلەن ئېلىپ

بىرلىپلا قالماستىن، يەنە قىسقا مەزگىللىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مىلادىيە 7- ئەسىرلەردىن باشلاپ ئىسلام ۋە غەرب ئارىسىدا، ئىسلام ۋە ھىندىلار ئارىسىدا ھەقىقەتەن خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان، بەزىدە بۇ مەدەنىيەت ئالاقىلىرى خېلى كۈچلۈك بولغان. ئەمما، بۇ خىل ئالاقە كۆپىنچە ھاللاردا سودا، ھەزارەت، ھەربىي مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن. مەسىلەن، گەرچە ھىندىستان ۋە جۇڭگو پات-پات تاشقى مىللەتلەر (موغۇللار ۋە موڭغۇللار)نىڭ تاجاۋۇزى ۋە قۇل قىلىشىغا ئۇچرىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇزاق مەزگىللىك «يېغىلىق دەۋرى»نى باشتىن كەچۈرگەن. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، گرېكلارنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇرۇش ۋە سودىلىرى ئۇلارنىڭ پارس ۋە باشقا غەيرىي گرېكلار بىلەن بولغان ئۇرۇش، سودىلىرىدىن كۆپ بولغان.

***ئەسىر: غەربنىڭ كۆتۈرۈلۈشى.*** ياۋروپا خرىستىئان مەدەنىيىتى ئۆزگىچە بىر مەدەنىيەت سۈپىتىدە ئەڭ بالدۇر 8-، 9- ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن. ئەمما، بىر نەچچە يۈز يىل ئىچىدە ئۇ باشقا نۇرغۇن مەدەنىيەتلەردىن ئارقىدا قالغان. تاڭ، سۇڭ، مىڭ سۇلالىرى دەۋرىدىكى جۇڭگو، 8 — 12- ئەسىرلەردىكى ئىسلام دۇنياسى، 8-، 12- ئەسىرلەردىكى ۋىزانتىيە، بايلىق، تېررىتورىيە، ھەربىي كۈچ، سەنئەت، ئەدەبىيات، ئىلىم-پەن جەھەتلەردە ياۋروپادىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنىدى[25]. 11 — 13- ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ياۋروپالىقلار تولىمۇ قىزغىن ۋە سىستېمىلىق ھالدا «تېخىمۇ يۇكسەك ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ۋىزانتىيە مەدەنىيىتىنىڭ مۇۋاپىق ئامىللىرىدىن ئۆرنەك ئالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ مىراسلارنى ياۋروپانىڭ ئالاھىدە شارائىتى ۋە مەنپەئىتىگە ماسلاشتۇرغانىدى». بۇنىڭ تۆرتىكىسىدە ياۋروپا مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. يەنە شۇ مەزگىلدە، ۋېنگرىيە، پولشا، سىكاندىنوۋىيە، بالتىق دېڭىز قىرغاقلىرى غەرب خرىستىئان دىنىغا بەيئەت قىلدى. ئۇنىڭدىن

كېيىن يەنە رىم قانۇنى ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ باشقا تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلدى. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ شەرقىي چېگراسى شۇنىڭ بىلەن مۇقىملاشتى ھەم شۇ يەردە تۇراقلىشىپ، زور ئۆزگىرىش يۈز بەرمىدى. 12 — 13- ئەسىرلەردە غەربلىكلەر ھەرخىل ئامال-چارىلەر بىلەن ئىسپانىيىنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتتى ھەم ئوتتۇرا دېڭىزدا ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. ئەمما، تۈركلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشى «غەرب ياۋروپاسىنىڭ چەت ئەلدىكى بىرىنچى ئىمپېرىيىسىنى غۇلاتتى»[26]. ئەمما، 1500- يىللارغا كەلگەندە، ياۋروپادا ھەزارەت جەھەتتىكى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى، ئىجتىمائىي كۆپ مەنبەچىلىك، ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلدى. سودىنىڭ كېڭىيىشى سودا ۋە تېخنىكا، يەر شارى سىياسىيسىنىڭ يېڭى بىر دەۋرى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى چەكلىك ھالدا پات-پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان كۆپ تەرەپلەر سوقۇلۇششى غەربنىڭ باشقا بارلىق مەدەنىيەتلەرگە بولغان سىجىل، توسۇۋالغۇسىز يەككە يۆنىلىشلىك سوقۇلۇشىغا ئورۇن بوشاتتى. 15- ئەسىر ئاياغلاشقاندا مورلار ئاخىر ئىبېرىيە (ئىسپانىيە، فرانسىيە) يېرىم ئارىلىنى قايتا بويسۇندۇردى. پورتۇگالىيىلىكلەر ئاسىياغا، ئىسپانىيىلىكلەر ئامېرىكا قىتئەسىگە سىڭىپ كىرىشنى تېزلىتىشكە باشلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 250 يىل ئىچىدە پۈتۈن غەربىي يېرىم شارى ۋە ئاسىيانىڭ ئاساسلىق جايلىرى ياۋروپانىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالدى. 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياۋروپالىقلار ئاۋۋال ئامېرىكىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن ھايتىدىكى بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقىدىن چېكىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆپ قىسىم لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى قوزغىلىپ ياۋروپانىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسەتتى ھەم مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. ئەمما، 19- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، قايتا كۈچلەنگەن ياۋروپا جاھانگىرلىكى دېگۈدەك پۈتكۈل ئافرىقىنى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىۋالدى. جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھىندى يېرىم ئارىلى ۋە

ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى. 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركىيىدىن باشقا پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرق بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا غەربنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالدى. 1800- يىلى ياۋروپالىقلار ياكى ئىلگىرىكى ياۋروپانىڭ مۇستەملىكىسى (جەنۇبىي ئامېرىكا ۋە شىمالىي ئامېرىكا) يەر يۈزىنىڭ % 35نى ئىگىلىگەن بولسا، 1878- يىلىغا كەلگەندە بۇ سان %67 گە، 1914- يىلى %84كە يەتتى. 1920- يىلىغا كەلگەندە، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيىلەر تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىنغاندا، بۇ نىسبەت تېخىمۇ كۆپەيدى. 1800-يىلى بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسى 1 مىليون 500 مىڭ كۋادرات ئىنگلىز چاقىرىم يەرنى 20 مىليون نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، 1900-يىلىغا كەلگەندە، ئايال پادىشاھ ۋىكتورىيە دەۋرىدىكى «كۈن پاتماس ئىمپېرىيەII» 11 مىليون كۋادرات ئىنگلىز چاقىرىم يەر، 390 مىليون نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالدى[27]. ياۋروپانىڭ كېڭەيمىچىلىكى جەريانىدا ئاندىس ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكا مەدەنىيىتى غەلىبىلىك يوقىتىلدى. ھىندى مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى ئافرىقا مەدەنىيىتى بىلەن بىرگە بويسۇندۇرۇلدى. جۇڭگوغىمۇ سىڭىپ كىردى ھەم جۇڭگو غەربنىڭ تەسىرىگە بېقىنىپ قالدى. پەقەت روسىيە، ياپونىيە، ئېفئوپىيىدىن ئىبارەت ھوقۇق يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى مەدەنىيەتلەرلا غەربنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالىدى ھەم مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالىدى. مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى 400 يىللىق مۇناسىۋەت باشقا جەمئىيەتلەرنىڭ غەرب مەدەنىيىتىگە بېقىنىشىدىن شەكىللەندى.

بۇ ئۆزگىچە ۋە جىددىي تەرەققىياتنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك: غەربنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە سىنىپلار مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى؛ شەھەرلەر ۋە سودىنىڭ گۈللىنىشى؛ غەرب جەمئىيىتىدىكى ھوقۇقنىڭ ھەر خىل دەرىجىدىكىلەر ۋە ئاقسۆڭەكلەر، دىنىدىن خالىي نوپۇز ۋە دىنىي نوپۇز ئارىسىدا نىسپىي

تارقىلىشى (تەڭشىلىشى)؛ غەرب مىللەتلىرىنىڭ مىللىي ئېڭىنىڭ ئويغىنىشى ۋە دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. غەربنىڭ كېڭىيىشىنىڭ بىۋاسىتە مەنبەسى تېخنىكا، يەنى ئارىلىقى يىراق مىللەتلەرگە يەتكۈزىدىغان دېڭىز قاتناش قوراللىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ۋە بۇ مىللەتلەرنى بويسۇندۇرىدىغان ھەربىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشى. خۇددى جېفرى پاركېر كۆرسەتكىنىدەك، «غەربنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ناھايىتى زور دەرىجىدە قورال كۈچكە ھەم ياۋروپالىقلار، ھەم ئۇلارنىڭ تاشقى رەقىبلىرى ئارىسىدىكى ھەربىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىنىڭ روشەن دەرىجىدە ياۋروپاغا پايدىلىق بولغانلىقىغا تايىنىشتىن كەلگەن. غەربلىكلەر 1500 — 1750- يىللاردا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ياساپ چىققان تۇنجى يەر شارى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاچقۇچى ‹ھەربىي ئىنقىلاب› دەپ ئاتالغان ئۇرۇش قوزغاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتىن كەلگەن». غەرب ئارمىيىسىنىڭ تەشكىللىنىشى، ئىنتىزامى، مەشىق جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى، شۇنداقلا سانائەت ئىنقىلابى ئارقىلىق ئېرىشكەن قورال-ياراغ، قاتناش، داۋالاش، ئارقا سەپ قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلەردىكى ئەۋزەللىكلەر غەربنىڭ كېڭىيىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى[28]. غەربنىڭ دۇنيانى قولغا كەلتۈرۈشى ئۇلارنىڭ ئىدىيە-قىممەت، دىنلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن ئەمەس (باشقا مەدەنىيەتلەردىن دېگۈدەك ھېچكىم بۇلارغا بەيئەت قىلمىغان)، بەلكى ئۇلارنىڭ تەشكىللىك ھەربىي كۈچ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىغا تايىنىشتىن كەلگەن. غەربلىكلەر ھەمىشە بۇنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئەمما غەيرىي غەربلىكلەر ئەزەلدىن ئۇنتۇپ قالغىنى يوق.

1910- يىلىغا كەلگەندە دۇنيا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە تارىختىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ مۇستەھكەم بىر گەۋدىگە ئايلاندى. خەلقئارا سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ نىسبىتى، تارىختىكى ھەر قانداق دەۋردىكىدىن يۇقىرى بولدى، ھەتتا 70-، 80- يىللاردىن بۇرۇن بۇ نىسبەتكە تېخى يېقىنلاشمىدى. خەلقئارا

سىلىنىنىڭ مەبلەغ ئومۇمىي سىلىنىمىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىمۇ ھەر قانداق دەۋردىكىدىن يۇقىرى بولدى [29]. بۇ چاغدا مەدەنىيەت غەرب مەدەنىيىتىدىن، خەلقئارا قانۇن گىروتىيوسىنىڭ ئەنئەنىۋى غەرب خەلقئارا قانۇنىدىن دېرەك بەردى. (گىروتىيوس 1583—1645-يىللىرىدىكى گوللاندىيە قانۇنشۇناسى. ئۇنىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق قانۇنى» (1625) خەلقئارا قانۇننىڭ ئۆلچىمىنى تۇرغۇزغان.) خەلقئارا سىستېما غەربنىڭ ۋېستفالىيە سىستېمىسى بولدى، ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق ھەزارەتلەشكەن مىللىي دۆلەتلەر ۋە ئۇلار كونترول قىلغان مۇستەملىكە زېمىنلىرى ئىدى.

غەرب بەلگىلىگەن بۇ خەلقئارا سىستېمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مىلادىيە 1500- يىلىدىن كېيىنكى بىر نەچچە ئەسىر ئىچىدىكى يەر شارى سىياسىيسىدىكى ئىككىنچى چوڭ تەرەققىيات. غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرى ئارىسىدا قىلىپلاشقان بېقىندۇرۇش- بېقىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆز ئارا رول ئوينىشىدىن باشقا، غەرب جەمئىيەتلىرى بىر-بىرىگە تېخىمۇ باراۋەر ئاساستا ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشتى. بۇ بىر يەككە مەدەنىيەت ئىچىدىكى سىياسىي گەۋدىلەر ئارىسىدىكى ئۆز ئارا تەسىر، جۇڭگو، ھىندىستان، گرېتسىيە مەدەنىيىتىدە يۈز بەرگەن ئۆز ئارا تەسىرلەر بىلەن تولىمۇ ئوخشىشىدۇ. ئۇلار «تىل، قانۇن، دىن، مەمۇرىيەت ئەمەلىيىتى، يېزا ئىگىلىكى، يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى، تۇققاندارچىلىق» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەزارەت ئورتاقلىقى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ياۋروپالىقلار «ئورتاق ھەزارەتكە ئىگە ھەم ھاياتىي كۈچكە ئىگە سودا تۈرى، خادىملارنىڭ توختىماي يۆتكىلىشى ھەمدە ھۆكۈمران جەمەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە قۇدىلىششى ئارقىلىق كەڭ دائىرىلىك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى». ئۇلار ئەمەلىيەتتە توختىماي ئۆز ئارا ئۇرۇشتى. ياۋروپا دۆلەتلىرىدە تىنچلىق دائىملىق ھادىسە ئەمەس، بىر ئايرىم ھادىسە ئىدى [30]. گەرچە بۇ مەزگىلدە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى تولا ھاللاردا ياۋروپانىڭ 1/4 دەپ قارىلىدىغان زېمىنى

كونترول قىلغان بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر بۇ ئىمپېرىيىنى ياۋروپانىڭ خەلقئارا سىستېمىسىدىكى بىر ئەزا دەپ قارىمايتتى.

غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ سىياسىيسى تەخمىنەن 150 يىلچە داۋاملاشقان غايەت زور دىنىي بۆلۈنۈش، دىنىي ئۇرۇش ۋە سۇلالىلەر ئۇرۇشىنىڭ كونتروللۇقىدا داۋاملاشتى. ۋېستفالىيە كېلىشىمىدىن كېيىنكى 150 يىل ئىچىدە غەرب دۇنياسىنىڭ توقۇنۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدە پادىشاھ ۋە ئىمپېراتور، ھاكىممۇتلەق شاھ ۋە ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن شاھلار ئارىسىدىكى توقۇنۇش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ بيۇروكرات ئاپپاراتلىرى، ئارمىيە، سودا، ئىقتىسادىي كۈچىنى، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىمى ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان زېمىننى كېڭەيتىشنى ئويلايتتى. مىللىي دۆلەت قۇرۇش جەريانىدا فرانسىيە ئىنقىلابىدىن باشلاپ ئاساسلىق توقۇنۇشلار شاھلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشقا ئەمەس، مىللەتلەر ئارىسىدىكى توقۇنۇشقا ئايلاندى. 1793-يىلى خۇددى پالمىر ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، شاھلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش ئاياغلاشتى. مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش باشلاندى»[11]. 19-ئەسىرنىڭ ئەندىزىسى تاكى 1-دۇنيا ئۇرۇشىغىچە داۋاملاشتى.

1917-يىلى روسىيە ئىنقىلابى تۈپەيلىدىن، مىللىي دۆلەت توقۇنۇشلىرىدىن باشقا، يەنە ئىدېئولوگىيە توقۇنۇشى كۆپەيدى. توقۇنۇش ئاۋۋال فاشىزم، كوممۇنىزم ۋە ئەركىن دېموكراتىيە ئارىسىدا بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كېيىنكى ئىككىسى ئارىسىدا بولدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدا بۇ ئىدېئولوگىيە توقۇنۇشى ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتتە گەۋدىلىنىپ، ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ئارقىلىق سالاھىيىتىنى بەلگىلىدى. ھەر ئىككىلى دۆلەت ئەنئەنىۋى ياۋروپاچە مىللىي دۆلەت ئەمەس ئىدى. ماركسىزم ئاۋۋال روسىيىدە، ئاندىن جۇڭگو، ۋېيتنامدا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى. بۇ ياۋروپا خەلقئارا سىستېمىسىدىن كېيىنكى ياۋروپا كۆپ مەدەنىيەت سىستېمىسىغا ئۆتۈش باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلدى.

ماركسىزم ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى. ئەمما، ئۇ ھەم ئۇ يەردە يىلتىز تارتمىدى، ھەم غەلىبە قىلالمىدى. زامانىۋىلاشقان ۋە ئىنقىلابىي سەرخىللار ئۇنى غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىگە ئېلىپ كىردى. لېنىن، ماۋزېدوڭ، خوجمىڭ ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە ماسلاشتۇردى ھەم ئۇنىڭ بىلەن غەرب ھوقۇقىغا جەڭ ئېلان قىلدى، ھەم خەلقنى ھەرىكەتلەندۈردى. مىللىي سالاھىيىتىدە ھەم دۆلىتىنىڭ غەربكە نىسبەتەن ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇشىدا چىڭ تۇردى. ئەمما، بۇ ئىدېئولوگىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەختتىن غۇلىشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن جۇڭگو، ۋيېتنامغا ماس كېلىشى، ھەرگىزمۇ بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ غەربنىڭ يەنە باشقا ئەركىن دېموكراتىيە ئىدېئولوگىيىسىنى ئەكىرىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇنداق يەرەز قىلىدىغان غەربلىكلەر بەلكىم غەيرىي غەرب ھەزارىتىنىڭ ئىجادچانلىقى، ئەسلىگە كېلىشچانلىقى ۋە خاسلىقىدىن تاسادىپىيلىق ھېس قىلسا كېرەك.

***ئۆز ئارا تەسىر: بىر كۆپ مەدەنىيەتلىك سىستېما.*** كۆپ مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر مەدەنىيەتنىڭ باشقا بارلىق مەدەنىيەتلەرنى يەككە تەرەپلىك تەسىر كۆرسىتىپ كونترول قىلىش باسقۇچىدىن، بارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا كۈچلۈك، سىجىل ۋە كۆپ تەرەپلىك ئۆز ئارا رول ئوينايدىغان باسقۇچىغا كىردى. مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئاساسلىق ئىككى ئالاھىدىلىكى يوقىلىشقا باشلىدى.

بىرىنچى، باشتا تارىخشۇناسلار ئامراق «غەرب كېڭەيمىچىلىكى» تۈگىدى. «غەربكە بولغان قارشىلىق» باشلاندى. غەربنىڭ كۈچى باشقا مەدەنىيەتلەرگە نىسبەتەن تەرتىپسىز ھالەتتە توختاپ قالدى، ھەتتا تەتۈر ھالەتتە نىسپىي ئاجىزلاشتى. 1990- يىلىدىكى دۇنيا خەرىتىسى بىلەن 1920- يىلىدىكى دۇنيا خەرىتىسىدە ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشاشلىق يوق، غەربنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ، شۇنداقلا سىياسىي تەسىرىنىڭ تەگېۈكلۈقىدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى

(كېيىنكى بابتا بۇ ھەقتە تەپسىلىي ئىزاھ بېرىلىدۇ). ئەمما، غەرب يەنىلا باشقا جەمئىيەتلەرگە نىسبەتەن زور تەسىرگە ئىگە. ئەمما، غەرب ۋە باشقا مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆنسېرى غەربنىڭ بۇ مەدەنىيەتلەر ئىچكى قىسمىدىكى تەرەققىياتىغا بولغان ئىنكاسى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىۋاتىدۇ، غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرى پەقەتلا غەرب ياراتقان تارىخىي ئوبيېكتلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى پەيدىنپەي ئۆزلىرىنىڭ ۋە غەرب تارىخىنىڭ ئىلگىرى سۈرگۈچىلىرى، ياراتقۇچىلىرىغا ئايلىنىۋاتىدۇ.

ئىككىنچى، بۇ تەرەققىياتلار تۈپەيلىدىن، خەلقئارا سىستېما غەربتىن ھالقىپ، كۆپ مەدەنىيەتلەشكەن سىستېما بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەرب دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى توقۇنۇش (بۇ توقۇنۇش نەچچە ئەسىردىن بۇيان بۇ سىستېمىنى ئىدارە قىلىپ كەلگەنىدى) يوقالدى. 20- ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە غەرب بىر مەدەنىيەت سۈپىتىدە ئۆز تەرەققىياتىنىڭ «يېغىلىق» دەۋرىگە، ئۆزىنىڭ «ئۇنىۋېرسال دۆلەت» لىك باسقۇچىغا كىردى. بۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا غەرب مىللىي دۆلەتلىرى ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدا ئىككى يېرىم دۆلەت بولۇپ ئۇيۇشقان ۋاقىتتىمۇ، بۇ باسقۇچ يەنىلا ئاياغلاشمىدى. ئەمما، بۇ ئىككى گەۋدە ۋە ئۇنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى بىر ئىنتايىن مۇرەككەپ تورنىڭ رەسمىي ۋە غەيرىي رەسمىي ئاپپارات-تۈزۈلمە ئارقىلىق بىر-بىرىگە باغلاندى. ئىلگىرى مەدەنىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلىتى ئىمپېرىيە ئىدى، ئەمما دېموكراتىيە تۈزۈمى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ سىياسىي شەكلى بولغانلىقتىن بۇيان، مەيدانغا كېلىۋاتقان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلىتى ئىمپېرىيە ئەمەس، بەلكى فېدېراتسىيە، فېدېراتسىيە بىرلەشمىسى، شۇنداقلا خەلقئارالىق ھاكىمىيەت ۋە تەشكىلاتلارنىڭ يۇغۇرۇلمىسى بولدى.

20- ئەسىردىكى سىياسىي ئىدېئولوگىيىلەر ئەركىنچىلىك (لىبېرالىزم)، سوتسىيالىزم، ھۆكۈمەتسىزلىك، گۇرۇھۋازلىق، ماركسىزم،

فاشىزم، كوممۇنىزم، ئىجتىمائىي دېموكراتىيە، مۇتەئەسسىپلىك، دۆلەتچىلىك، فاشىزم ۋە خرىستىئان دىنى دېموكراتىيىسى قاتارلىقلار. ئۇلار بىر ۋاقىتتا ئورتاق، يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇللىرى. باشقا ھېچقانداق مەدەنىيەت تېخى مۇنداق بىرەر مۇھىم سىياسىي ئىدېئولوگىيىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمىگەن. ئەمما، غەربتە بىرەر ئاساسلىق مۇھىم دىن مەيدانغا كەلمىگەن.

دۇنيادىكى چوڭ دىنلارنىڭ ھەممىسى غەيرىي غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار كۆپىنچە ئەھۋاللاردا غەرب مەدەنىيىتىدىن بالدۇر مەيدانغا كەلگەن. دۇنيا غەرب باسقۇچىدىن چىقىپ كەلگەندە، كېيىنكى مەزگىلدىكى غەرب مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىدېئولوگىيە ئاجىزلىدى. دىن ۋە باشقا شەكىلدىكى مەدەنىيەتنى ئاساس قىلغان سالاھىيەت، ئېتىقاد، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالدى. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلى —— ۋېستىفالىيە شەرتنامىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان دىن ۋە خەلقئارالىق سىياسىينىڭ بۆلۈنۈشى ئاياغلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. خۇددى ئېدۋارد مورتىمر ئېيتقاندەك، دىن «بارغانسېرى خەلقئارا ئىشلارغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە باشلىدى»[⑫]. غەرب كەلتۈرۈپ چىقارغان مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى سىياسىي-ئىدىيە توقۇنۇشى مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ھەزارەت ۋە دىن توقۇنۇشلىرىغا ئورۇن بوشىتىشقا باشلىدى.

يەر شارىنىڭ سىياسىي خەرىتىسىمۇ 1920- يىلىدىكى بىر دۇنيادىن 60- يىللاردىكى ئۈچ دۇنياغا، كېيىن 90- يىللاردىكى ئالتە دۇنياغا قاراپ كېڭەيدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ 1920- يىللاردىكى يەر شارى غەرب ئىمپېرىيىسىدىن 60- يىللاردىكى چەكلىك «ئەركىن دۇنيا» (كوممۇنىزمغا قارشى تۇرغۇن غەيرىي غەرب دۆلەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)غا قالدى. 90- يىللارغا كەلگەندە بۇ خەرىتە تېخىمۇ كىچىكلەپ، ئۇنىڭدا تېخىمۇ چەكلىك «غەرب»لا قالدى. سۆز

ئىشلىتىش جەھەتتىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر 1988 — 1993- يىللىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىدىيولوگىيە ئىبارىسى بولغان «ئەركىن دۇنيا» ئاتالغۇسىنىڭ ئىشلىتىلىشىنىڭ ئازىيىشى ۋە مەدەنىيەت ئىبارىسى بولغان«غەرب»نىڭ ئىشلىتىلىشىنىڭ كۆپىيىشىدە (2.1 جەدۋەلگە قاراڭ) ھەم بارغانسېرى ئىسلام دىنىنى بىر خىل ھەزارەت، سىياسىي ھادىسە دەپ تىلغا ئېلىشتا ۋە «كۆچلىنىۋاتقان جۇڭگو»، روسىيە ۋە ئۇنىڭ «يېقىن قوشنىلىرى»، ياۋروپا ئىتتىپاقى دېگەندەك مەدەنىيەت مەزمۇنى سىڭگەن ئاتالغۇلارنى كۆپىرەك قوللىنىشتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئۈچىنچى باسقۇچتا مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بىرىنچى باسقۇچتىكىدىن تېخىمۇ كۆپ ۋە جىددىي؛ ئىككىنچى باسقۇچتىكى تېخىمۇ باراۋەر ھەم ھەر ئىككى تەرەپكە نەپ ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداقلا، بۇ مۇناسىۋەتلەر سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىكىگە ئوخشاشمايدۇ. غەرب ۋە باشقا مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا ئورغۇن غەيرىي غەرب مەدەنىيەتلىرى ئارىسىدا، ھەرگىزمۇ بىر خىللا بۆلۈنۈش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرمايدۇ. بەلكى، كۆپ خىل بۆلۈنۈش مەۋجۇت بولىدۇ.

ھېدلېي بۇل مۇنداق قارايدۇ: «ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق دۆلەت ئارىسىدا يېتەرلىك ئالاقە بولسا ھەم بىر-بىرىنىڭ قارارلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتەلىسە ھەم بىر-بىرىنى ھېچ بولمىغاندا مەلۇم دەرىجىدە بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ ھەرىكەت قىلغاندا» بىر خەلقئارا سىستېما مەيدانغا كېلىدۇ. ئەمما، پەقەت بىر خەلقئارا سىستېما ئىچىدىكى دۆلەت «ئورتاق مەنپەئەت ۋە ئورتاق قىممەت»، كە ئىگە بولغاندا، « ئۆزلىرىنى ئورتاق بىر يۈرۈش قائىدىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۇچرايمىز دەپ قارىغاندا»، «ئورتاق ئاپپاراتلار ھەرىكەتلەنگەندە»، ئاندىن بىر خەلقئارالىق جەمئىيەت مەۋجۇت بولىدۇ[33]. خۇددى سۇمېر، يۇنان، مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى بىرىنچى ئەسىردىكى يۇنان، جۇڭگو، ھىندىستان ۋە ئىسلام ئەجدادلىرىنىڭ خەلقئارا سىستېمىسىغا ئوخشاش، 17- ئەسىردىن

19- ئەسىرگىچە بولغان ياۋروپا خەلقئارا سىستېمىسىمۇ بىر خەلقئارالىق جەمئىيەت ئىدى. 19 — 20- ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ياۋروپانىڭ خەلقئارا سىستېمىسى ئەمەلىيەتتە باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ بارلىق جەمئىيەتلىرىگە قەدەر كېڭەيدى. بەزى ياۋروپا تۈزۈلمە-تەدبىرلىرى بۇ دۆلەتلەرگە چىقىرىلدى. ئەمما، بۇ جەمئىيەتلەردە ياۋروپا خەلقئارا جەمئىيىتىنى يۆلەيدىغان ئورتاق ھەزارەت كەمچىل ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيىلىرىگە ئاساسلانغاندا، دۇنيا شۇ سەۋەبتىن تەرەققىياتى ياخشى بىر خەلقئارالىق سىستېما بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بىر ناھايىتى ئىپتىدائىي بىر خەلقئارا جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ.

ھەربىر مەدەنىيەت ئۆزىنى دۇنيانىڭ مەركىزى دەپ قارايدۇ ھەم ئۆزىنىڭ تارىخىنى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئاساسلىق سورۇنى سۈپىتىدە يېزىپ چىقىدۇ. باشقا مەدەنىيەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، غەرب تېخىمۇ شۇنداق. ئەمما، بۇ خىل يەككە مەدەنىيەت نۇقتىئىنەزىرى كۆپ مەدەنىيەتكە ئىگە بۇ دۇنيادا بارغانسېرى ئۆزىنىڭ باغلىنىشچانلىقى ۋە ئۈنۈمىنى يوقىتىپ ماڭماقتا. مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى ئۇزۇندىن بېرى بۇ روشەن ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىپ كەلمەكتە. 1918- يىلى سىپېنگلېر غەربتە مودا بولۇۋاتقان تارىخنى ئاددىيلا قەدىمكى، ئوتتۇرا ئەسىر، ھازىرقى زامان دەپ ئايرىشتەك تار تارىخىي قاراشنى ئەيىبلەپ، ئۇنى پەقەت غەربكىلا ماس كېلىدۇ، دېگەنىدى. ئۇ كوپېرنىكنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلىنى «پىتولېمىينىڭ تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلى»نىڭ ئورنىغا ھەمدە «زور مىقداردىكى كۆچلۈك ھەزارەتلەرنىڭ كومېدىيىلىك سورۇنى»نى «تارىخنى تۈز سىزىق بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ دەيدىغان قۇرۇق ئويدۇرما»[34]نىڭ ئورنىغا دەسسىتىش زۆرۈر دەپ قارىغان. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن توينبى ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان «خاتا تۇيغۇ»دىكى غەربنىڭ دۇنيانى غەربنى بويلاپ ئايلىنىۋاتىدۇ، «شەرق ئۆزگەرمەيدۇ»، «ئىلگىرىلەش»تىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس، دەيدىغان «تار ۋە

ھاكاۋۇرلۇق»نى تەنقىد قىلغان. ئۇ سپېنگلېرغا ئوخشاش تارىخنى يەككە يۈنىلىشلىك، دەپ قارايدىغان پەرەزنى ئېتىراپ قىلمىغان. بۇ پەرەز «بىرلا مەدەنىيەت ئېقىنى بار، ئۇ بولسىمۇ بىز، باشقا بارلىق مەدەنىيەتلەر ئېقىنى يا ئۇنىڭغا بېقىنىدۇ ياكى قۇملۇقلارغا سىڭىپ كېتىدۇ»[35] دەپ قارىغان. توينبېدىن كېيىن 50 يىل ئۆتكەندىن كېيىن برودېل ئوخشاشلا بىر تېخىمۇ كەڭ مەۋقە-نەزەرگە موھتاجلىقىمىزنى ھەمدە «چوڭ ھەزارەتلەر توقۇنۇشلىرىنى ھەم دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقىنى چۈشىنىش» كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى[36]. ئەمما، بۇ ئالىملار ئاگاھلاندۇرغان خاتا تۇيغۇ، بىرتەرەپلىمىلىك ھېلىھەم مەۋجۇت، ھەتتا بۇ 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا تار دائىرىدىكى ياۋروپا مەدەنىيىتى ھازىرقى دۇنيانىڭ ھەممىباب مەدەنىيىتى دېيىدىغان تەمەننالىقا ئايلىنىپ قالدى.

2.1 - جەدۋەل . «ئەركىن دۇنيا» ۋە «غەرب» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى

| نيو يورك ۋاقىت گېزىتى | 1988 | 1993 | % نىسبەتتىكى ئۆزگىرىشى |
|---|---|---|---|
| ئەركىن دۇنيا | 71 | 44 | -38 |
| غەرب | 46 | 144 | +213 |
| ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى | | | |
| ئەركىن دۇنيا | 112 | 67 | -40 |
| غەرب | 36 | 87 | +142 |
| پارلامېنت خاتىرىسى | | | |
| ئەركىن دۇنيا | 356 | 144 | -68 |
| غەرب | 7 | 10 | +43 |

مەنبە: Lxis/Nexis . يۇقىرىقى سانلار «ئەركىن دۇنيا»، «غەرب» دېگەن ئاتالغۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ياكى شۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماقالىلەرنىڭ سانى. «غەرب» تىلغا ئېلىنغان ھەر قانداق جايدا، ئۇنىڭ مەدەنىيەت ياكى سىياسىي گەۋدىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ شۇ جايدا ئىشلىتىلىشىنىڭ مۇۋاپىقلىقى تەكشۈرۈلگەن.

# ئۈچىنچى باب

# ھەممىباب مەدەنىيەت، زامانىۋىلىشىش ۋە غەربلىشىش

## ھەممىباب مەدەنىيەت: مەنىسى

بەزى كىشىلەر ھازىر نايپول تىلغا ئالغان «ھەممىباب مەدەنىيەت» مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ[1]. ئۇنداقتا ھەممىباب مەدەنىيەت نېمىنى كۆرسەتمەكچى؟ بۇ قاراش ئومۇمەن ئىنسانلار ھەزارەتتە ئوخشىشىۋاتىدۇ، پۈتۈن دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر كۆنسېرى ئورتاق قىممەت، ئېتىقاد، سان، ئەمەلىيەت، تۈزۈلمە قوبۇل قىلىۋاتىدۇ، دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، بۇ قاراش بەزى ئاساسلىق، ئەمما مۇناسىۋەتسىز، بەزى مۇناسىۋەتلىك، ئەمما ئىككىلەمچى، شۇنداقلا بەزى ھەم مۇناسىۋەتسىز، ھەم ئىككىلەمچى نەرسىلەردىن دېرەك بېرىۋاتىدۇ.

بىرىنچى، ئەمەلىيەتتە ھەممە جەمئىيەتتىكى ئىنسانلار بەزىبىر ئورتاق تۈپكى قىممەتكە ئىگە. مەسىلەن، قاتىللىقنى جىنايەت دەپ قاراش دېگەندەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى ئورتاق تۈپكى تۈزۈلمىلەرگىمۇ ئىگە. مەسىلەن، مەلۇم شەكىلدىكى ئائىلە. كۆپىنچە جەمئىيەتلەردىكى كۆپىنچە ئادەملەر شۇنداق ئوخشىشىپ كېتىدىغان «ئەخلاق تۇيغۇسى»غا، يەنى «يۈزەكى قاتلام»دىكى نېمىنىڭ ھەقىقەت، نېمىنىڭ سەپسەتە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تۈپكى

ئۇقۇملاردىكى ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ئەخلاقىغا ئىگە[2]. ئەگەر ھەممىباب مەدەنىيەتنىڭ مەنىسى شۇ بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ھەم ئاساسلىق، ھەم مۇھىم. شۇنداقلا، يەنە ھەم يېڭى ئەمەس، ھەم مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. ئەگەر ئىنسانلار تارىختا بەزىبىر ئاز ساندىكى ئاساسلىق قىممەت ۋە تۈزۈملەرگە ئورتاق ئىگە بولغان بولسا، بەلكىم بۇ ئىنسانلار ھەرىكىتىدىكى بەزى مەڭگۈلۈك نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگەن، ئەمما ئىنسانلار ھەرىكىتىنىڭ ئۆزگىرىشى شەكىللەندۈرگەن تارىخنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر ھەممىباب مەدەنىيەت بارلىق ئىنسانلار مەۋجۇدىيىتىگە ماس كەلسە، ئۇنداقتا بىز ئىنسانلار ئىرق-مىللەت قاتلىمى ئاستىدىكى ئاساسلىق ئىنسانلار ھەزارەت تۈركۈمىنى نېمىدەپ ئاتايمىز؟ ئىنسانلار بەزى ئىككىلەمچى توپلارغا، يەنى قەبىلە، مىللەت ۋە ئادەتتە مەدەنىيەت دېيىلىدىغان تېخىمۇ كەڭ ھەزارەت گەۋدىلىرىگە ئايرىۋېتىلىدۇ. ئەگەر مەدەنىيەت دېگەن سۆز ئىنسانىيەت بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇش سۈپىتىدە ئورتاق ئىگە بولىدىغان نەرسە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلسە ھەم شۇ دائىرىدە چەكلەپ قويۇلسا، ئۇنداقتا كىشىلەر يا پۈتكۈل ئىنسانىيەت گەۋدىسى بولالمىغان ھەزارەت گەۋدىلىرىنى كۆرسىتىدىغان بىر ئاتالغۇ ئىجاد قىلىشى ياكى بۇ چوڭ، ئەمما كەڭ دائىرىلىك ئىنسانلار گۇرۇپپىسى بولالمىغانلارنى يوقاپ كېتىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشى كېرەك. مەسىلەن، ۋاسلاۋ خاۋېل مۇنداق كۆرسەتكەن: «بىز ھازىر بىر يەككە يەر شارى مەدەنىيىتى ئىچىدە ياشاۋاتىمىز، ئۇ پەقەت بىر يۈزەكى تاشقى كۆرۈنۈش، ئۇ خىلمۇخىل ھەزارەت، مىللەت، دىن، تارىخى ئەنئەنە ۋە تارىخى يوسۇندا شەكىللەنگەن پوزىتسىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم دەرىجىدىن ئالغاندا يەر شارى مەدەنىيىتىنىڭ ‹ئاستىدا› تۇرىدۇ»[3]. ئەمما، «مەدەنىيەت»نى پەقەت يەر شارى دائىرىلىكلا دەپ قاراش ھەم ھېلىقى ئىنچىل مەدەنىيەت دەپ ئاتالغان ئەڭ چوڭ ھەزارەت گەۋدىلىرىنى ھەزارەت

ياكى «ئىككىلەمچى مەدەنىيەت» دەپ ئاتاش پەقەت سۆز مەنىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ*.

ئىككىنچى، «ھەممىباب مەدەنىيەت» دېگەن بۇ سۆز مەدەنىيەتلەشكەن جەمئىيەتلەردە مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرنى (مەسىلەن شەھەر، يېزىق دېگەندەك) كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇلارنى ئىپتىدائىي جەمئىيەت ۋە ياۋايى ئادەملەردىن پەرقلەندۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ «ھەممىباب مەدەنىيەت» دېگەن سۆزنىڭ 18-ئەسىردىكى ئالاھىدە مەنىسى. ئۇنىڭ ئۇستىگە دەل مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەممىباب مەدەنىيەت مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىنسانشۇناسلارنى ۋە ھەرخىل ئىپتىدائىي ئىنسانلار توپىنىڭ يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قارايدىغان كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويىدۇ. مەدەنىيەت بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پۈتكۈل ئىنسانلار تارىخىدا ئىزچىل كېڭەيگەن. مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ھەرخىل مەدەنىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن زىت ئەمەس.

ئۈچىنچى، «ھەممىباب مەدەنىيەت» دېگەن بۇ سۆز غەرب مەدەنىيىتىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ھەم باشقا مەدەنىيەتتىكى بەزى كىشىلەرنىڭ قىياس، قىممەت، تەشەببۇسلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى داۋوس ھەزارىتى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ھەر يىلى تەخمىنەن نەچچە ئون دۆلەتتىن كەلگەن مىڭغا يېقىن سودىگەر، بانكىر، ھۆكۈمەت خادىملىرى، زىيالىيلار، مۇخبىرلار شۋېيتسارىيىنىڭ داۋوستىكى دۇنيا ئىقتىسادىي مۇھاكىمە مۇنبىرىگە يىغىلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە فىزىكا، جەمئىيەتشۇناسلىق، سودا ئىلمى، قانۇنشۇناسلىقتا ئىلمىي

* ھايۋارت ئالكېر مېنىڭ «دىپلوماتىيە» ناملىق پەسىللىك ژۇرنالدا ئېلان قىلغان ماقالەمدە دۇنياۋى مەدەنىيەت ئۇقۇمىنى تەبىر دائىرىسىدىن چىقىرىپ تاشلىغانلىقىمنى توغرا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. چۈنكى، مەن مەدەنىيەت «ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن ئەڭ يۇكسەك بولغان ھەزارەت گورۇپپىسى، كىشىلەرنىڭ ئەڭ كەڭ دائىرىلىك ھەزارەت سالاھىيىتى بولۇپ، ئىنسانىيەت شۇ مەدەنىيەت بىلەن باشقا جانلىقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ» دەپ تەبىر بەرگەنىدىم. ئەلۋەتتە بۇ كۆپ ساندىكى مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىنى ئىشلىتىشتىكى ئۇسۇلى، ئەمما مەن مەزكۇر بابتا بۇ تەبىر ئىچىگە پۈتۈن ئىنسانلار سالاھىيەتلىنىدىغان غەرب، ئىسلام، كۇڭزى مەدەنىيەتلىرىنى تولۇقلايدىغان ياكى ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان بىر يەككە يەر شارى ھەزارىتى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى كىرگۈزۈپ قويدۇم.

ئۈنۋانى بارلا بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھۆكۈمەت، شىركەت ۋە ئىلمىي ئورگانلاردا ئىشلەيدۇ ھەم ئىنگلىز تىلىغا پىششىق، دېگۈدەك چەت ئەللەردە يۇرىدۇ. ئۇلار ئاساسەن شەخسچىلىك*، بازار ئىقتىسادى، سىياسىي دېموكراتىيە دېگەندەك، غەرب مەدەنىيەت ئەھلىلىرىدە ئورتاق مەۋجۇت مەسىلىلەردە ئورتاق قاراشقا ئىگە. ئەمەلىيەتتە داۋوس كىشىلىرى بارلىق خەلقئارالىق ئورگانلارنى، نۇرغۇن دۇنياۋى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى، شۇنداقلا زور مىقداردىكى دۇنيا سىياسىي، ھەربىي خىزمەت ئورۇنلىرىنى كونترول قىلغان. شۇڭا، داۋوس ھەزارىتى ئىنتايىن مۇھىم. ئەمما بۇ ھەزارەتتە قانچىلىك ئادەملەردە بار؟ غەربنى ھېسابلىمىغاندا، بەلكىم 50 مىليونغا يەتمەس، يەنى دۇنيا نوپۇسىنىڭ 1% دىنمۇ ئاز. ئۇ تېخى ئومۇمىيۈزلۈك ھەزارەت ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە داۋوس ھەزارىتىدە ئورتاقلىققا ئىگە رەھبەرلەر بەلكىم ئۆز جەمئىيىتىدە ھوقۇق تۇتقان بولۇشى ناتايىن. ھېدلېي بۇل كۆرسەتكىنىدەك، «ئورتاق بىلىم ھەزارىتى سەرخىللار قاتلىمىدىلا مەۋجۇت، ئۇنىڭ نۇرغۇن جەمئىيەتلەردىكى يىلتىزى چوڭقۇر ئەمەس... ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ دىپلوماتىيە قاتلىمىنىڭ ئورتاق ئەخلاق ھەزارىتى دەپ ئاتالغان نەرسىلەرنى ياكى ئورتاق بىلىم ھەزارىتىدىن پەرقلىنىدىغان بىر يۈرۈش قىممەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان-ئالمىغانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا تېگىشلىك»④.

تۆتىنچى: بىر خىل قاراش غولداپ قالدى. يەنى، غەرب ئىستېمال ئەندىزىسى ۋە ئاممىۋى ھەزارەت پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدا تارقىلىپ، بىر ھەممىباب مەدەنىيەت يارىتىۋاتىدۇ. بۇ خىل ھۆكۈم ھەم چوڭقۇر ئەمەس، ھەم باغلىنىشلىق ئەمەس. تارىختا ھەزارەت مودېلىرى ئەزەلدىن بىر مەدەنىيەتتىن يەنە بىر مەدەنىيەتكە يۆتكىلىپ تۇرغان.

---

* بۇنى شەرھلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىز ھازىرغا قەدەر «个人主义» نى شەخسىيەتچىلىك دەپ تەرجىمە قىلغان ۋە شۇنداق چۈشەنگەن. ئەمما، «个人主义» يەنى «individulism»نىڭ مەنىسى بىز ھازىرغا قەدەر چۈشىنىپ كەلگەندەك، ئۆزىنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەش، ئۆزىنىلا مەركەز، ئاساس قىلىش دېگەن بولماستىن، بەلكى شەخسكە ئېتىبار بېرىش، شەخسنى ھۆرمەتلەش، شەخسنىڭ پائالىيەتچانلىقى، مۇھىملىقى، ئىززەت-ھۆرمىتىنى تەكىتلەش دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئۇ كوللېكتىپىزم، يەنى «Collcctivism» غا قارشى ئېيتىلغان.

بىر مەدەنىيەتنىڭ يېڭىلىنىش ھەمىشە باشقا مەدەنىيەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. ئەمما، ئۇلار پەقەت ھەزارەت نەتىجىلىرى بولمىغان بەزىبىر تېخنىكا ھەم ۋاقىتلىق مودىلاردىنلا ئىبارەت. ئۇ مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ تۈپكى ھەزارەتلىرىنى ئۆزگەرتمىگەن. قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ بۇنى «قوبۇل قىلىش»تىكى سەۋەبى يا بۇلار تولىمۇ غەلىتە، جەلپكار، يا بولمىسا ئۇلارغا تېگىشلىك. ئىلگىرىكى بەزى ئەسىرلەردە غەرب دۇنياسىدا ھەمىشە جۇڭگو، ھىندى ھەزارىتىدىن كەلگەن بۇيۇملارغا زوقلىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان. 19-ئەسىردە جۇڭگو ۋە ھىندىستاندا غەربتىن كەلگەن ھەزارەت مودا بولۇشقا باشلىدى. بۇ مەلۇم نۇقتىدىن غەربنىڭ كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئاممىۋى ھەزارەت ۋە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ دۇنيادا مودا بولۇشى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ غەلىبىسىگە ۋەكىللىك قىلدى، دەيدىغان ھۆكۈم، دەل غەرب ھەزارىتىنىڭ مۇھىملىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتى چوڭ ئاساسىي قانۇن (Magna Carta) بولۇپ، ھەرگىزمۇ (Magna Mac) (ئامېرىكىنىڭ مەلۇم بىر داڭلىق مەھسۇلاتى بولۇشى مۇمكىن)ئەمەس، غەيرىي غەربلىكلەر بەلكىم كېيىنكىسىنى قۇبۇل قىلىشى مۇمكىن، ئەمما بۇنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىنقىسىنى قوبۇل قىلىشىغا ھېچقانداق پايدىسى يوق.

بۇ ھۆكۈمنىڭ ئۇلارنىڭ غەربنىڭ پوزىتسىيىسىگە مۇئامىلە قىلىشىغا نىسبەتەنمۇ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. ئوتتۇرا شەرقنىڭ مەلۇم جايىدا بىر نەچچە ياش پادىچى كىيىملىرىنى كىيىشى، كولا ئىچىشى، جاز مۇزىكىلىرىنى ئاڭلىشى مۇمكىن. شۇنداقلا، يەنە نامازدىن بوشىغاندا، بومبا ياساپ، ئامېرىكىنىڭ ئايروپىلانىنى پارتلىتىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. 70 — 80- يىللار ئارىلىقىدا ئامېرىكىلىقلار نەچچە مىليون ياپونىيىنىڭ ماشىنىلىرى، ئېلېكتىر سايمانلىرىنى ئىشلەتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ «ياپون»لىشىپ قالغىنى يوق. ئەكسىچە، ياپونىيە بىلەن تېخىمۇ دۈشمەنلىشىپ كەتتى. پەقەت

تولىمۇ باللارچە پىكىر قىلىندىغان كىشىلەرلا غەيرىي غەرب كىشىلىرىنى غەرب مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلىتىش بىلەن «غەربلىشىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۇيلاپ باقايلى، غەربلىكلەر ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى گازلىق ئىچىملىك، ئۆڭگەن پادىچى كىيىملىرى، مايلىق تاماقلار دەپ قارىسا، بۇ دۇنياغا نىسبەتەن غەرب ھەققىدە نىمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

ئاممىۋى ھەزارەت ھەققىدىكى بىر قەدەر مۇرەككەپ قاراشلار دىققەتنى ئىستېمال بۇيۇملىرىغا ئەمەس، تارقىتىش ۋاستىلىرىگە، يەنى كوكاكولاغا ئەمەس، ھوللىۋودقا مەركەزلەشتۈرگەن. ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن يەر شارى كىنو، تېلېۋىزىيىسىگە بولغان مونوپولى ئايروپىلان ياساش مونوپولىيىسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. 1993- يىلىدىكى ئەڭ دىققەتكە سازاۋەر 100 كىنونىڭ ئىچىدە 88ى ئامېرىكىنىڭ كىنوسى بولغان. ئىككى ئامېرىكا تەشكىلاتى ۋە ئىككى ياۋروپا تەشكىلاتى پۈتۈن يەر شارى مىقياسىدىكى خەۋەر يىغىش، تارقىتىشنى كونترول قىلغان⑤. بۇ ئەھۋال ئىككى ھادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى: بىرى ئىنسانلارنىڭ مۇھەببەت، جىنسىيەت، زوراۋانلىق، سىرلىق ئىشلار، قەھرىمانلىق ۋە بايلىققا بولغان ئومۇميۈزلۈك قىزىقىشى، يەنە بىرى، مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسىدىكى شىركەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ بۇ خىل قىزىقىشىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئىقتىدارى. ئەمما تۆۋەندىكى قاراشلارنى ئىسپاتلايدىغان ئىسپات ئاساسەن ياكى پۈتۈنلەي يوق: (1) ئومۇميۈزلۈك يەر شارى خەۋەرلىشىشىنىڭ مەيدانغا كېلىشى قاراش ۋە ئېتىقادنىڭ ئوخشىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. خۇددى مايكىل ۋىلاخوس ئېيتقاندەك، «كۆڭۈل ئېچىش ھەزارەت ئۆزگىرىشى ئەمەس». (2) كىشىلەر ئۆزىدە ئىلگىرى بار قىممەت ۋە قاراشلارغا ئاساسەن خەۋەرلىشىشنى چۈشەندۈرىدۇ. كىسورى ماھبۇبانى «ئوخشاش كۆرۈنۈشلەر پۈتكۈل يەر شارىدىكى مىليونلىغان ئائىلىلەرگە كىرگەندە، كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بىر خىل كۆرۈنۈشكە بولغان قارىشى خىلمۇخىل ۋە ئۆز ئارا قارىمۇقارشى بولىدۇ. باشقۇرۇلىدىغان بومبا

[library stamp]

باغدادقا چۈشكەندە، غەربنىڭ ھۇجرا ئۆيلىرىدە تەنتەنە كۆتۈرۈلىدىغانلىقىغا، بۇنىڭ سىرتىدا ياشايدىغانلارنىڭ ھەممىسى، غەرب ئەمدى دەرھال ئاق تەنلىك سىيرىلارغا ئەمەس، بەلكى ئاق تەنلىك بولمىغان ئىراقلىقلار، سومالىيلىقلارغا جازا يۈرگۈزىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقىغا، ئەمما سىيرىلارنى قانداق بىر ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىسۇن، ئۇنىڭ خەۋپىنىڭ بىشارىتى » ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغانىدى⑥.

يەر شارى خەۋرلىشىشى غەرب كۈچىنىڭ بۈگۈنكى زامانىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنىڭ بىرى. ئەمما، غەربنىڭ بۇ زومىگەرلىكى غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىدىكى نارودنىك سىياسىئونلارنىڭ غەربنىڭ ھەزارەت جاھانگىرلىكىنى ئەيىبلەشكەن ھەم خەلقنى ئۆزىنىڭ يەرلىك ھەزارىتىنى قوغداش، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىشىغا مەدەت، تۈرتكە بولماقتا. شۇڭا، غەربنىڭ يەر شارى خەۋرلىشىشىنى كونترول قىلىش دەرىجىسى غەيرىي غەرب مىللەتلىرىنىڭ غەربكە بولغان نارازىلىق ۋە دۈشمەنلىكىنىڭ مۇھىم سەۋەبى. ئۇنىڭدىن باشقا، 90- يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بەزى ئاسىيا جەمئىيەتلەرنىڭ ئىشتىھايىغا ماس يەرلىك ۋە رايونلۇق تارقىتىش كەسىپلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى⑦. مەسىلەن، 1994- يىلى CNN (ئامېرىكا سىملىق تېلېۋىزىيە خەۋىرى شىركىتى) ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۆرۈرمەنلىرىنى 55 مىليون دەپ تەخمىن قىلغان (ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ دەل داۋوس ھەزارىتى ئەھلىنىڭ سانىغا تەڭ ھەم شۈبھىسىزكى بۇ كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئۇنىڭ كۆرۈرمىنى) ھەم ئۇنىڭ لىدىرىنىڭ پەرىزىچە، بۇلارنىڭ ئىنگلىزچە رادىئوسى ئېھتىمال 2% دىن 4%كىچە بازارنى جەلپ قىلالىشى مۇمكىن ئىكەن. دېمەك، رايونلارنىڭ، يەنى مەدەنىيەتلەرنىڭ توردا ئىسپان، ياپون، ئەرەب، فرانسۇز (غەربىي ئافرىقا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ)

ۋە باشقا تىللاردا ئاڭلىتىش بېرىلىدۇ. ئۈچ ئالىم خۇلاسە چىقىرىپ: «يەر شارى بويىچە بىرلىككە كەلگەن خەۋەر تەھرىرلەش ئىشخانىسى قۇرۇش يەنىلا بىر خام خىيال» دېگەنىدى⑧. رونالد دور دىپلوماتلار ۋە ئاممىۋى ئالاقە خادىملىرى ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن يەر شارى بىلىم ھەزارىتى ھەققىدە تەسىرى چوڭقۇر بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما، ئۇمۇ كۆچەيتىلگەن خەۋەرلىشىشنىڭ تەسىرىگە قارىتا تولىمۇ تۆۋەن چەكتىكى مۇنۇ يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويغان: «باشقا ئىشلار ئوخشاش بولغان ئەھۋالدا، خەۋەرلىشىش زىچلىقىنىڭ ئېشىشى مىللەتلەر ئارىسىدا، ھېچبولمىغاندىمۇ ئوتتۇرا قاتلامدا ياكى دۇنيانىڭ دىپلوماتلىرى ئارىسىدا ھەمراھلىق تۇيغۇسى ئاساسىنىڭ كېڭىيىشىگە كاپالەتلىك قىلالايدۇ». ئەمما، دەيدۇ ئۇ تولۇقلاپ: «بەزىبىر ئوخشىماسلىق ئېھتىماللىقى بولغان ئىشلار ھەققەتەن ئىنتايىن مۇھىم»⑨.

**تىل.** ھەر قانداق ھەزارەت ياكى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسلىق ئامىلى تىل ۋە دىن. ئەگەر بىر ھەممىباب مەدەنىيەت مەيدانغا كېلىۋاتقان بولسا، ئۇنداقتا بىر ھەممىباب تىل ۋە ھەممىباب دىنغا بولغان مايىللىق مەيدانغا كېلىشكە تېگىشلىك بوپقالىدۇ. كىشىلەر ھەمىشە مەلۇم بىر ھەممىباب تىلغان بولغان تەلپىنى ئىپادىلەيدۇ. خۇددى «ۋول ستىرېت كۈندىلىك گېزىتى» گېزىتىنىڭ بىر تەھرىرى ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، «دۇنيا تىلى بولسا ئىنگلىز تىلىدۇر»⑩. بۇ بەلكىم ئىككى ئىشتىن دېرەك بېرىشى، ئۇنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرىلا بەلكىم ھەممىباب مەدەنىيەت قارىشىنى قوللىشى مۇمكىن. ئۇ دۇنيا نوپۇسىنىڭ بارغانسېرى كۆپ قىسمى ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدۇ، دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنى قوللىغۇدەك ھېچقانداق ئىسپات يوق، ئەمما ھەققەتەنمۇ دەل شۇنىڭ ئەكسىچە ئەھۋالنى ئىسپاتلايدىغان ئىشەنچلىك ئىسپات تاپقىلى بولىدۇ. (يۇقىرىقى ئىسپاتلارنىڭ مۇتلەق توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن) بىز ئېرىشەلىگەن 30 (1958—1992) يىللىق سانلىق مەلۇماتلار دۇنيادا تىل ئىشلىتىش ھالىتىدە تېخى ئالاھىدە كەسكىن ئۆزگىرىش

بولمىغانلىقىنى، ئىنگلىز، نېمىس، فرانسۇز، رۇس، ياپون تىلىنى سۆزلەيدىغانلارنىڭ روشەن تۆۋەنلىگەنلىكىنى؛ خەنزۇ تىلى سۆزلەيدىغانلارنىڭمۇ سەل تۆۋەنلىگەنلىكى؛ ھىندى، مالاي-ھىندونېزىيە، ئەرەب، بېنگال، ئىسپان، پورتۇگال ۋە باشقا تىلدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دۇنيادىكى ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدىغانلارنىڭ ئاز دېگەندە 1 مىليون ئادەم ئىشلىتىدىغان ھەرخىل تىللار ئىچىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى 1958- يىلىدىكى 9.8%تىن 1992- يىلىدىكى 7.6% كە چۈشكەن. دۇنيا نوپۇسىدا ئاساسلىق بەش خىل غەرب تىلى (ئىنگلىز تىلى، فرانسۇز تىلى، نېمىس تىلى، ئىسپان تىلى، پورتۇگال تىلى)نىڭ نىسبىتى 1958- يىلىدىكى 24.1%تىن 1992- يىلىدىكى 20.8% كە چۈشتى. 1992- يىلى خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىنى سۆزلەيدىغانلار دۇنيا نوپۇسىنىڭ 15.2%نى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئىنگلىز تىلىنى سۆزلەيدىغانلارنىڭ 2 ھەسسىسىگە يېقىن، يەنە باشقا 3.6% نوپۇس باشقا دىئالېكتتىكى خەنزۇ تىلىدا سۆزلەيدۇ. (3.2 ـ جەدۋەلگە قاراڭ)

ئاساسلىق تىللارنى سۆزلەيدىغان كىشىلەر (بىر مىليون ئادەم بىرلىك قىلىنغان 100% لىك نىسبەتتە)

| يىل / تىل | 1958 | 1970 | 1980 | 1992 |
|---|---|---|---|---|
| ئەرەب تىلى | 2·7 | 2·9 | 3·3 | 3·5 |
| بېنگال تىلى | 2·7 | 2·9 | 3·2 | 3·2 |
| ئىنگلىز تىلى | 9·8 | 9·1 | 8·7 | 7·6 |
| ھىندى تىلى | 5·2 | 5·3 | 5·3 | 6·4 |
| خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسى | 15·6 | 16·6 | 15·8 | 15·2 |
| رۇس تىلى | 5·5 | 5·6 | 6·0 | 4·9 |
| ئىسپان تىلى | 5·0 | 5·2 | 5·5 | 6·1 |

3.1- جەدۋەل

مەنبەسى: نىسبەت سانلىرى سېئاتىلغا تەسىس قىلىنغان ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى پسىخولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى سىدنېي كۇلبېرت توپلىغان سانلىق مەلۇماتلاردىن ئېلىنغان، بۇ مەلۇماتلار 1 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس

سۆزلەيدىغان ھەرخىل تىللارنىڭ ئادەم سانى ۋە ھەر يىلى «دۇنيا يىلنامىسى ۋە پاكىتلىرى» (World Almanal and Book of Facts)دە ئېلان قىلىنغان دوكلاتلاردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن ھېسابلاپ چىقىلغان. ئۇ تەخمىنى «ئانا تىلى»دا سۆزلىگۈچىلەر ۋە «غەيرىي ئانا تىلى» سۆزلىگۈچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ مەنبەسى — پۈتۈن مەملىكەتتىكى نوپۇسنىڭ ستاتىستىكىسى. نوپۇستىن ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى، سىمسىز ئالاقە ۋە تېلېۋىزىيە-رادىئو تەكشۈرۈشلىرى، نوپۇس ئېشىشى سانلىق مەلۇماتلىرى، ئىككىنچى قول تەتقىقات ۋە باشقا مەنبەلەر.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، دۇنيادىكى 92% ئادەمگە نىسبەتەن چەت ئەل تىلى ھېسابلىنىدىغان تىلنىڭ دۇنيا تىلى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، يەنە باشقا بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەگەر ئۇ ئوخشاشمىغان تىللار گۇرۇپپىسى ۋە ئادەملەر ئۆز ئارا ئالاقىلىشىدىغان ۋە دۇنيادا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىدىغان تىل بولغان ياكى تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى بىلەن ئېيتقاندا، دۇنيادىكى ئاساسلىق «تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئالاقىلىشىش تىلى» (LWC Language of Commanicaton) (Wider) بولغان تەقدىردىمۇ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ[11]. ئۆز ئارا ئالاقىلىشىشقا موھتاج كىشىلەر ئالاقىلىشىش قورالى تېپىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مۇئەييەن ئەھۋالدا، ئۇلار ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن كەسپىي خادىملارغا تايىنىدۇ، بۇلار ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تىلنى راۋان ئىشلىتەلەيدۇ، يېزىق، ئېغىز تىلىغا پىششىق. ئەمما، بۇنداق قىلىش بەك قولايسىز بولۇپ، ۋاقىت كۆپ كېتىدۇ، كۆپ بەدەل تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، پۈتۈن تارىختا تولىمۇ ئورتاق قوللىنىدىغان تىللار مەيدانغا كېلىپ تۇرغان. قەدىمكى زاماندا ۋە ئوتتۇرا ئەسىردە لاتىن تىلى، غەربتە بىر نەچچە ئەسىر ئەتراپىدا فرانسۇز تىلى، ئافرىقىنىڭ نۇرغۇن رايونلىرىدا سۋاخىرى تىلى مەيدانغا كەلگەن. 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ئىنگلىز تىلى مەيدانغا كەلدى. دىپلوماتلار، سودىگەرلەر، ئالىملار، ساياھەتچىلەر ۋە ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىدىغان يېمەك-ئىچمەك كەسپىدىكىلەر، ئۇچقۇچىلار، ھاۋا قاتناش قورالىرىنى باشقۇرغۇچىلار بىر

ئۇنۇملۇك ئۆز ئارا ئالاقىلىشىش ۋاستىسىغا موھتاج بولدى. ھازىر بۇ ۋاستە ئاساسەن ئىنگلىز تىلى بولۇۋاتىدۇ.

بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خۇددى مىلادىيە كالېندارى دۇنيانىڭ ۋاقىت ھېسابلاش ۋاستىسى، ئەرەب رەقىمى دۇنيانىڭ سان ھېسابلاش ۋاستىسى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلىرىغا نىسبەتەن ئونلۇق ئۆلچەم دۇنيانىڭ ئۆلچەش ۋاستىسى بولغىنىدەك، ئىنگلىز تىلى دۇنيادا بىلىم ئالاقىسى ئېلىپ بېرىشتا تايىنىدىغان بىر ۋاستە. ئەمما، بۇ خىل شەكىلدە ئىنگلىز تىلى ئىشلىتىش، پەقەت ھەزارەتلەر ئارىسىدا بىلىم ئالماشتۇرۇشتىنلا ئىبارەت. بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئۆز ئارا ئايرىلىپ تۇرغان مەدەنىيەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت. ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل، تىل پەرقلىرى ۋە مەدەنىيەت پەرقلىرىنى يوقىتىشتىكى ۋاستە بولماستىن بەلكى، ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ۋاستە. تىل ئالاقە قورالى، ھەرگىزمۇ سالاھىيەت ۋە ئىجتىمائىي توپلارنىڭ مەنبەسى ئەمەس. ياپونىيىنىڭ بانكىرلىرى ۋە ھىندونېزىيىنىڭ سودىگەرلىرى ئۆز ئارا ئىنگلىزچە سۆزلىشىدۇ، ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭ ئىنگلىزلىشىپ ياكى غەربلىشىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. نېمىسچە ۋە فرانسۇزچە سۆزلەيدىغان شۋېيتسارىيىلىكلەرنىڭ ئىنگلىزچە سۆزلىشىمۇ ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئىنگلىزلاشقىنىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئىنگلىز تىلى بىر خىل قوشۇمچە دۆلەت تىلى بولۇپ ھىندىستاندا ساقلىنىپ قالدى، گەرچە نېھرۇ بۇنى بەك قوللاپ كەتمىسىمۇ، بۇ ھىندىستاندىكى ھىندى تىلى ئىشلەتمەيدىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تىل مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش قىزغىنلىقىنى، شۇنداقلا ھىندىستاننىڭ يەنىلا بىر كۆپ تىللىق جەمئىيەت بولۇش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. خۇددى مەشھۇر تىلشۇناسلار جوسۇف فىشرمان كۆزەتكىنىدەك، ئەگەر مەلۇم بىر تىل بەلگىلىك بىر ئىرق-مىللەت گەۋدىسى، دىن ياكى ئىدېئولوگىيە بىلەن بىردەك بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇ ئورتاق تىل قىلىنىشى ياكى كەڭ قوللىنىلىدىغان تىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن. ئىلگىرى ئىنگلىز تىلىنىڭ نورغۇن مۇشۇنداق

ئالاھىدىلىكلىرى بار ئىدى. يېقىنقى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئىنگلىز تىلى «مىللەتسىزلەشتى» پاكى خۇددى ئىلگىرى ئاكادران، ئارامى (قەدىمكى غەربىي ئاسىيادىكى ئورتاق تىللار — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن) گرېك، لاتىن تىللىرىدەك ئىنتايىن تۆۋەن دەرىجىدە مىللەتلەشتى. «ئىنگلىز تىلىنىڭ بىر خىل ئارتۇقچە تىل بولۇشى ھەم ئۆتكەنكى چارەك ئەسىردە كىشلەرنىڭ ئۇنىڭ مەنبەسى بولغان ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنى بىر ئېتنىك ئىدېئولوگىيە كونتېكستىغا قويۇپ چوڭقۇر، كەڭ دائىرىلىك كۆزەتمىگەنلىكى، ئىنگلىز تىلىنىڭ تەلىيى»⑫. ئىنگلىز تىلىنىڭ مەرىپەت ئالاقىلىرىدا قوللىنىلىشى مىللەتلەرنىڭ بۆلۈنۈۋاتقان ھەزارەت سالاھىيىتىنى ساقلاپ قېلىشىغا ياردەم بەردى ھەمدە بۇ خىل سالاھىيەتنى ھەقىقەتەن كۈچەيتتى. دەل كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەزارىتىنى ساقلاپ قالماقچى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلار ئىنگلىز تىلىنى باشقا ھەزارەت كىشىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

3.2-جەدۋەل: خەنزۇ تىلى ۋە غەرب تىللىرى سۆزلەيدىغانلار

| تىل | 1958 | | 1992 | |
|---|---|---|---|---|
| | مەزكۇر تىلنى سۆزلەيدىغانلار سانى | دۇنيا نوپۇسىدىكى نىسبىتى (مىليون بىرلىك) | مەزكۇر تىلنى سۆزلەيدىغانلار سانى | دۇنيا نوپۇسىدىكى نىسبىتى (مىليون بىرلىك) |
| پۇتۇڭخۇا | 444 | 15.6 | 907 | 15.2 |
| گۇاڭدۇڭ تىلى | 43 | 1.5 | 65 | 1.1 |
| ۋۇ تىلى | 39 | 1.4 | 64 | 1.1 |
| مىن تىلى | 36 | 1.3 | 50 | 0.8 |
| كىجىيا تىلى | 19 | 0.7 | 33 | 0.6 |
| خەنزۇ تىلى | 581 | 20.7 | 1119 | 18.8 |
| ئىنگلىز تىلى | 278 | 9.8 | 456 | 7.6 |
| ئىسپان تىلى | 142 | 5.0 | 362 | 6.1 |
| پورتۇگال تىلى | 74 | 2.6 | 177 | 3.0 |
| نېمىس تىلى | 120 | 4.2 | 119 | 2.0 |
| فرانسۇز تىلى | 70 | 2.5 | 123 | 2.1 |
| غەرب تىللىرى | 684 | 24.1 | 1237 | 20.8 |
| دۇنيادىكى جەمئىي | 2845 | 44.5 | 5979 | 39.4 |

مەنبەسى: ئاۋۋالقى جەدۋەلگە ئوخشاش

پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدىغانلار بارغانسېرى باشقا تىللارنى قوللىنىۋاتىدۇ. ئىنگلىز تىلى ئاللىقاچان يەرلىكسىزلەشتۈرۈلدى، ھەتتا ئۇ ئۆزىنى ئەنگلىيە ئىنگلىز تىلى ۋە ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىدىن پەرقلەندۈرىدىغان يەرلىك تۈسلەرنى قوبۇل قىلدى. بۇ خىل ئەھۋال تولىمۇ ئېغىر بولۇپ كەتكەندە، خەنزۇ تىلىنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرىدا سۆزلىشىدىغانلاردەك، ئىنگلىز تىللىقلارمۇ بىر-بىرىنى چۈشەنمەيدۇ. نېگىرىيىنىڭ ئىنگلىز تىلى، ھىندى ئىنگلىز تىلى ۋە باشقا شەكىلدىكى ئىنگلىز تىللىرى ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ھەزارەتلىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەكتە. ھەتتا، شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، خۇددى رومان تىللىرى لاتىن تىلىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەندەك، ئۇلار يەنە ھەم ئۆزگىچە، ھەم باغلىنىشلىق تىل بولۇشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ پەرقىنى ساقلايدۇ. ئەمما، ئىتاليان، فرانسۇز، ئىسپان تىللىرى بۇنىڭغا ئوخشاشمايدۇ، بۇ تىللار ئىنگلىز تىلىدىن ئايرىلىپ چىققان تىللار يا جەمئىيەتتىكى ئاز بىر تۈركۈم كىشىلەر سۆزلەيدىغان تىل بولۇپ قالىدۇ ياكى ئاساسەن ئالاھىدە تىل گۇرۇپپىلىرى ئارىسىدىكى ئالاقىدە ئىشلىتىلىدۇ.

مانا بۇ جەريانلارنى ھىندىستاندىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، 1983-يىلى ھىندىستاندىكى 733 مىليون نوپۇس ئىچىدە 18 مىليون ئادەم ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيتتى. 1991-يىلى 867 مىليون ئادەم ئىچىدە بولسا 20 مىليون ئادەم ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدىغان بولدى. دېمەك، ھىندىستاندا ئىنگلىز تىلىنى سۆزلەيدىغانلارنىڭ نىسبىتى 2% - 4% ئەتراپىدا نىسپىي مۇقىملىقنى ساقلىدى[13]. دائىرىسى تولىمۇ كىچىك ۋە تار بولغان سەرخىللار قانلىمىدىن باشقا يەردە ئىنگلىز تىلى، ھەتتا ئورتاق ئالاقە تىلىمۇ ئەمەس. يېڭى دېھلى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىككى ئىنگلىز تىلى پروفېسسورى مۇنداق دېگەن: «ئاساسلىق ئەمەلىيەت شۇكى، بىر ئادەم كەشمىردىن تاكى كانىياكومارىنىڭ ئەڭ جەنۇبى چېتىغىچە سەپەر قىلسا، سەپەر جەريانىدىكى ئالاقىلىشىش قورالى ئىنگلىز تىلى ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر ھىندى تىلى». ئۇنىڭدىن باشقا ھىندى ئىنگلىز تىلى ئۆزگە يەنە

ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرمەكتە، ئۇ ھىندىلاشتۇرۇلماقتا ياكى شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خۇددى تارىختىكى سانسكرىت، پارس تىللىرىدەك، ئوخشاشمىغان يەرلىك تەلەپپۇزدىكى ھەرخىل ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىگۈچىلەر ئارىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئىنگلىز تىلى بارغانسېرى يەرلىكلەشمەكتە⑭.

تارىختا تىلنىڭ دۇنيادىكى تارقىلىش ئەھۋالى، دۇنيادىكى كۈچنىڭ تەقسىملىنىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەڭ كەڭ ئىشلىتىلىۋاتقان ئىنگلىز تىلى، خەنزۇ تىلى، پۇتۇڭخۇاسى، ئىسپان تىلى، پارس، ئەرەب، رۇس تىللىرى ھەممىسى ئىمپېرىيە تىلى ياكى تارىختا شۇنداق ئىدى. بۇ ئىمپېرىيىلەر باشقا مىللەتلەرنىڭ بۇ تىلنى ئىشلىتىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلغان. كۈچ ئىشلىتىشتىكى ئۆزگىرىش تىل تەقسىماتىدىكى ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. پۈتۈن دۇنيادا «ئىككى ئەسىردىن بۇيان ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكە، سودا، سانائەت، ئىلىم-پەن ۋە مالىيە كۈچى، ئالىي مائارىپ، ھۆكۈمەت، سودا-تىجارەت، تېخنىكا قاتارلىق ساھەلەردە زور مىراسلارنى قالدۇردى»⑮. ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئۆز مۇستەملىكىلىرىدە ئۆز تىلىنى ئىشلىتىشتە چىڭ تۇردى. ئەمما، كۆپ ساندىكى ئىلگىرىكى مۇستەملىكىلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئۆزىنىڭ يەرلىك تىلنى ئىمپېرىيە تىلىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە تىرىشتى ھەم ئوخشاشمىغان دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچلەنگەن دەۋرلىرىدە رۇس تىلى پراگادىن خانويغىچە ئورتاق تىل ئىدى. روسىيىنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، رۇس تىلىنى ئىككىنچى تىل قىلىپ ئىشلىتىدىغانلار ماس ھالەتتە ئازايدى. باشقا شەكىلدىكى ھەزارەت تەركىبلىرىدەك، كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان كۈچ خەلقنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ تىلىنى قوغداش قىزغىنلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ھەم باشقا كىشىلەرنىمۇ بۇ تىلنى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردى. بېرلىن تېمى ئۆرۈلۈپ، كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان مەزگىلدە،

بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيە يېڭى بىر غايەت زور مەخلۇققا ئوخشاپ قالدى. كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر يۈزلىنىش شۇكى، ھېلىقى ئىنگلىز تىلىغا پىششىق گېرمانىيىلىكلەرمۇ خەلقئارالىق يىغىنلاردا نېمىس تىلىدا سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى غەيرىي ياپونلارنىڭ ياپون تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىمۇ شۇنىڭدەك خەنزۇ تىلى قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. خەنزۇ تىلى تېزلىكتە شياڭگاڭدا ئىنگلىز تىلىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ئاساسلىق تىلغا ئايلانماقتا[16]. چەت ئەلدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى رولىنى نەزەردە تۇتقاندا، خەنزۇ تىلى ئاللىقاچان بۇ رايونلاردىكى نۇرغۇن خەلقئارا سودىلاردىكى ئاساسلىق تىلغا ئايلانماقتا. غەربنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەرگە بولغان كۈچىنىڭ ئاجىزلىششىغا ئەگىشىپ، باشقا جەمئىيەتلەردە ئىنگلىز تىلى ۋە باشقا غەرب تىللىرىنى ئىشلىتىش، شۇنداقلا بۇ تىللار ئارقىلىق ھەر خىل ئىجتىمائىي ئالاقە ئېلىپ بېرىش بارغانسېرى ئازىيىدۇ. ئەگەر كەلگۈسىدە جۇڭگو غەربنىڭ ئورنىنى ئېلىپ دۇنيادىكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە مەدەنىيەتكە ئايلانغاندا، ئىنگلىز تىلى ئۆزىنىڭ ئورتاق تىللىق ئورنىنى خەنزۇ تىلىغا بوشىتىپ بېرىدۇ.

سابىق مۇستەملىكىلەر مۇستەقىللىققا يۈرۈش قىلسا ھەم مۇستەقىل بولغاندا، يەرلىك تىلنى ئىشلىتىپ، ئىمپېرىيە تىلىنى بېسىش بولسا، مىللەتچى قەھرىمانلارنىڭ ئۆزىنى غەرب مۇستەملىكىچىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ، ئۆز سالاھىيىتىنى بەلگىلەشتىكى بىر خىل شەكىل بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، مۇستەملىكىلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، بۇ جەمئىيەت سەرخىللىرى يەنە ئۆزىنى مۇشۇ جەمئىيەتتىكى ئاۋامدىن پەرقلەندۈرۈشكە موھتاج بولىدۇ. ئىنگلىز تىلى، فرانسۇز تىلى ياكى باشقا غەرب تىللىرىنى پىششىق ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇلار بۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. نەتىجىدە، غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ سەرخىللىرىنىڭ غەربلىكلەر بىلەن بولغان ئالاقە ئىقتىدارى ئۇلارنىڭ ئۆز خەلقى بىلەن بولغان ئالاقە

ئىقتىدارىنى بىسىپ چۈشىدۇ (بۇ خىل ۋەزىيەت 17- 18- ئەسىرلەردە غەرب دۆلەتلىرىدىكىدەك باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن ئاقسۆڭەكلەر فرانسۇز تىلىنى ئىشلىتىپ ئالاقە قىلىدىغان، ئەمما ئۆز تىلىنىڭ دىئالىكتلىرىنى سۆزلىيەلمەيدىغان ئەھۋالغا ئوخشاشمايدۇ). غەيرىي غەرب دۆلەتلىرىدە ئىككى قارىمۇقارشى يۈزلىنىش مەيدانغا كەلمەكتە. بىر جەھەتتىن، ئىنگلىز تىلى ئالىي مەكتەپ ستۇدېنتلىرىنىڭ يەر شارى ئىقتىسادى ۋە بازىرىدىكى ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى قوراللاندۇرىدىغان ۋاسىتە بولماقتا. يەنە بىر جەھەتتىن، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي بېسىم يەرلىك تىلنى ئىشلىتىشنى ئومۇملاشتۇرماقتا. ئەرەب تىلى شىمالىي ئافرىقىدا فرانسۇز تىلىنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئوردۇ تىلى پاكىستاندا ئىنگلىز تىلىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ تىلى بولدى. يەرلىك تىلدىكى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى ھىندىستاندا ئىنگلىز تىلىدىكى تارقىتىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئورنىنى ئالدى. 1948- يىلى ھىندىستان مائارىپ كومىتېتى بۇ تەرەققىياتنى پەرەز قىلىپ، شۇ چاغدىلا مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: «ئىنگلىز تىلى ئىشلىتىش خەلقنى ئاز ساندىكى ھۆكۈمرانلار ۋە كۆپ ساندىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلاردىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈۋېتىدۇ، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنىڭ تىلىنى سۆزلىيەلمەيدۇ ھەم چۈشىنەلمەيدۇ». 40 يىلدىن كېيىن ئىنگلىز تىلىنى سەرخىللار تىلى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بۇ پەرەزنى ئىسپاتلىدى ھەم «قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ سايلاش ھوقۇقى ئاساسىغا ئورنىتىلغان بىر دېموكراتىك تۈزۈمدە بىر تەتۈر ھادىسىنى، يەنى ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدىغان ھىندىستان ۋە سىياسىي ئېڭى بار ھىندىستانىنىڭ بارغانسېرى ئۆز سەنىمىگە دەسسىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى». بۇ «ئىنگلىز تىلى بىلىدىغان ئاز ساندىكى يۇقىرى قاتلام زاتلىرى بىلەن ئىنگلىز تىلى بىلمەيدىغان، ئەمما سايلاش ھوقۇقى بار نەچچە مىليون ئاۋام ئارىسىدا جىددىي كەيپىيات پەيدا قىلدى»[17].

غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشىغا ھەمدە بۇ جەمئىيەتلەردىكى خەلقنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشلارغا كەڭ

دائىرىدە قاتنىشىشىغا ئەگىشىپ، غەرب تىلىنى ئىشلىتىش تۆۋەنلەپ، يەرلىك تىللار تېخىمۇ مودا بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى ئەسلىدە بېسىلغان ھەم ئۇنتۇلغان تىللارنىڭ تارقىلىشى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. كۆپ ساندىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيىتىدىكى كىشىلەر ئەنئەنىۋى تىللارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئېستون، لاتۋ، لىتۋا، ئۇكرائىن، گرۇزىن ۋە ئەرمەن تىللىرى ھازىر ئۆزلىرى تەۋە مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت تىلى، مۇسۇلمانلار جۇمھۇرىيەتلىرىدىمۇ شۇنىڭدەك ئەھۋاللار مەيدانغا كەلدى. ئەزەربەيجانلار، قىرغىزلار، تۈركمەنلەر، ئۆزبېكلەرنىڭ يېزىقى رۇسلارنىڭ سىرىللىك (Cyrillic) يېزىقىدىن قېرىنداش تۈركمەنلەرنىڭ غەربچە يېزىق شەكلىگە ئۆزگەردى. پارسچە سۆزلەيدىغان تاجىكىستان، ئەرەبچە يېزىق ئۇسۇلىنى ئىشلەتتى. يەنە بىر تەرەپتە سېربلار ھازىر تىلىنى سېربىيە-كروئات تىلى ئەمەس، بەلكى سېرب تىلى دەپ ئاتايدۇ ھەم ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كاتولىك دۈشمىنى بولغان غەربنىڭ يېزىق شەكلىنى قېرىندىشى بولغان رۇسلارنىڭ سىرىللىك يېزىق شەكلىگە ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كرودىيىلىكلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى كروئات تىلى دەپ ئاتىدى ھەم تىلىدىن تۈرك سۆزلۈكلىرى ۋە باشقا تىل سۆزلۈكلىرىنى چىقىرىپ تاشلىماقچى بولدى. بوسنىيىدە بولسا «ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ بالقان دۆلەتلىرىدىكى 450 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى تۈپەيلىدىن قېلىپ قالغان تىل چۆكۈندىلىرى» تەسىرىدىن «تۈرك، ئەرەب تىلى سۆزلۈكلىرى قايتىدىن ئىشلىتىلىشكە باشلىدى»[18]. تىل مەدەنىيەت سالاھىيىتى ۋە مەدەنىيەت چېگراسى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش ئۈچۈن قايتا قۇرۇلۇۋاتىدۇ. كۈچىنىڭ تارىلىشىغا ئەگىشىپ، يەرلىك تىل ئىشلىتىشتىن كېلىپ چىققان قالايمىقانچىلىقلارمۇ كېڭىيىدۇ.

**دىن.** بىر ھەممىباب دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىش ئېھتىماللىقى بىر ھەممىباب تىلىنىڭ مەيدانغا كېلىش ئېھتىماللىقىدىن كۆچلۈك بولۇپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يەر شارى خاراكتېرلىك دىنىي گۈللىنىش مەيدانغا كەلدى (مەزكۇر كىتاب 4- باب، ئاخىرقى پاراگرافقا قاراڭ). بۇ گۈللىنىش دىنىي ئاڭنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن دىنلار ئارىسىدىكى پەرق كېڭەيدى. دىنىي گۈللىنىش ئوخشاشمىغان دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ نوپۇسىدىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى ناتايىن. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ھەققىدىكى سانلىق مەلۇمات تىل ئىشلەتكۈچىلەر ھەققىدىكى سانلىق مەلۇماتتىن بەك تولۇقسىز ھەم ئىشەنچسىز. 3.3- جەدۋەلدىكى سانلىق مەلۇماتلار بىر پارچە كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىۋاتقان ماتېرىيالدىن ئېلىنغان. بۇ ۋە بەزى باشقا سانلىق مەلۇماتلار پۈتۈن دۇنيادىكى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ سانىدا بۇ ئەسىردە ئۈنچە كەسكىن ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ماتېرىيالدا خاتىرىلەنگەن ئەڭ زور ئۆزگىرىش «دەھرىيلەر» ۋە «ئاتېئىزمچىلار»نىڭ نىسبىتى 1900-يىلىدىكى 0.2% تىن 1980- يىلىدىكى 20.9% كە كۆپەيگەنلىكى. شۇنىڭغا جەزم قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ بەلكىم دىندىن ئايرىلىشتەك زور ئۆزگىرىشنى ۋە 1980- يىلىدىكى دىنىي گۈللىنىشنىڭ كۈچ توپلاۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما دەھرىيلەرنىڭ 20.9% لىك كۆپىيىش نىسبىتى «جۇڭگودىكى خەلق ئىچىدىكى دىن»لارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئازىيىش سانىغا تەڭ كېلىپ قالىدۇ. كېيىنكىسى 1900-يىلىدىكى 23.5% تىن 1980- يىلىدىكى 4.5% كە چۈشۈپ قالغان. بۇ ئەمەلىيەتتە باراۋەر ئېشىش ۋە تۆۋەنلەش بولۇپ، كوممۇنىزمنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن جۇڭگونىڭ زور مىقداردىكى مىللىي دىنلار ئېتىقادچىلىرىنىڭ قايتىدىن دەھرىيلەر دەپ ئايرىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئىككى ئاساسلىق ئېتىقاد ئۆزگەرتىش كۆچىگە ئىگە دىن — ئىسلام دىنى ۋە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ نىسبىتىنىڭ بۇ 80 يىلدا كۆپەيگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. غەرب خرىستىئانلىرى 1960-يىلى دۇنيا نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 26.9% نى ئىگىلەيتتى، 1980- يىلى 30% كە يەتتى. مۇسۇلمانلار تېخىمۇ تېز كۆپەيدى. 1900-يىلىدىكى 12.4% تىن 1980-يىلىدىكى 16.5% كە يەتتى ھەم يەنە بىر قىياستا 18% دەپ قارىلىدۇ. 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 10 نەچچە يىلىدا ئىسلام دىنى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ مۇرىتلىرى ئافرىقىدا زور دەرىجىدە كۆپەيدى. كورىيەدىمۇ كىشىلەرنىڭ خرىستىئان دىنىغا بەيئەت قىلىشىدەك زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. تېزلىكتە زامانىۋىلىشىۋاتقان جەمئىيەتلەردە ئەگەر ئەنئەنىۋى دىنلار زامانىۋىلىشىش ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىسا، ئىسلام ۋە خرىستىئان دىنلىرىنىڭ تارقىلىش كۆچى تېخىمۇ زور بولىدۇ. بۇ جەمئىيەتلەردە غەرب ھەزارىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك رولچىلىرى يېڭى كلاسسىك ئىقتىسادشۇناسلار، بۈرچ تۈيغۇسى كۈچلۈك دېموكراتچىلار ياكى كۆپ دۆلەت شىركەتلىرىدىكى مەمۇرىي خادىملار ئەمەس، بەلكى خرىستىئان دىنىنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرى بولىدۇ ھەم داۋاملىق شۇنداق بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. مەيلى ئادام سىمىت ياكى توماس جېففېرسون بولسۇن، ھېچقايسىسى شەھەر كۆچمەنلىرى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق، ھېسسىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. گەرچە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خرىستىئان دىنىمۇ قاندۇرالاسلىقى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پۇرسىتى يەنىلا باشقىلىرىدىن ياخشىراق.

يىراققىراق نەزەر سالغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (ئىسلام دىنىنى كۆزدە تۇتماقچى — ت) ئۇتۇپ چىقىدۇ. خرىستىئان دىنى ئاساسەن تەشۋىقات بىلەن كىشىلەرنى بەيئەت قىلدۇرۇپ ئۆز ئېتىقادچىلىرىنىڭ سانىنى ئاۋۇتىدۇ، ئەمما ئىسلام دىنى بولسا ھەم يۇقىرىقىدەك يول بىلەن، ھەم نوپۇس كۆپىيىش شەكلى بىلەن ئۆز

ئېتىقادچىلىرىنىڭ سانىنى ئاۋۇتىدۇ. 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدا خرىستىئانلارنىڭ دۇنيا نوپۇسىدىكى ئىگىلەيدىغان نىسبىتى، تەخمىنەن 30% كە يەتكەندىن كېيىن تۇراقلاشتى. ھازىر تۆۋەنلەشكە باشلىدى. 2025- يىلىغا بارغاندا دۇنيا نوپۇسىنىڭ 25% نى ئىگىلىشى مۇمكىن. مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى ئىنتايىن يۇقىرى نىسبەتتە كۆپەيگەچكە، (5-بابقا قاراڭ) مۇسۇلمانلارنىڭ نىسبىتى سىجىل ئاشىدۇ. ئەسىر ھارپىسىدا بەلكىم 20% كە يېتىشى، 2025- يىلى دۇنيا نوپۇسىنىڭ 30% نى ئىگىلىشى مۇمكىن⑲.

3.3- جەدۋەل. ئاساسلىق دىنلارنىڭ دۇنيا نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى

| دىن / يىل | 1900 | 1970 | 1980 | 1985(تەخمىنى) | 2000(تەخمىنى) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىسلام دىنى | 12.4 | 15.3 | 16.5 | 17.1 | 19.2 |
| خرىستىئان دىنى | 26.9 | 30.6 | 30.0 | 29.7 | 29.9 |
| پراۋوسلاۋىيە دىنى | 7.5 | 3.1 | 2.8 | 2.7 | 2.4 |
| دەھرىيلەر | 0.2 | 15.0 | 16.5 | 16.9 | 17.1 |
| ھىندى دىنى | 12.5 | 12.8 | 13.3 | 13.5 | 13.7 |
| بۇددا دىنى | 7.8 | 6.4 | 6.3 | 6.2 | 5.7 |
| جۇڭگو خەلق دىنلىرى | 23.5 | 5.9 | 4.5 | 3.9 | 2.5 |
| ئاتېئىزمچىلار | 0.0 | 4.6 | 4.5 | 4.4 | 4.2 |
| قەبىلە دىنلىرى | 6.6 | 2.4 | 2.1 | 1.9 | 1.6 |

مەنبەسى: داۋىد بارېرىت تەھرىرلىگەن «دۇنيا خرىستىئان دىنى ئېنسىكلوپېدىيىسى: مىلادىيە 1900 — 2000- يىلىغىچە بولغان ھازىرقى زاماندىكى ئاساسلىق دىنلارنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتى» دىن ئېلىندى. (ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1982- يىلى نەشرى)

## ھەممىباب مەدەنىيەت: كېلىپ چىقىش مەنبەسى

ھەممىباب مەدەنىيەت دېگەن ئۇقۇم غەربنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچە مەھسۇلى. 19- ئەسىردە «ئاق تەنلىكلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى» ئىدىيىسى غەربنىڭ غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىگە بولغان سىياسىي،

ئىقتىسادىي ھۆكۈمرانلىقىنى كېڭەيتىشىنى ئاقلاشنىڭ ۋاستىسى بولغانىدى. 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھەممىباب مەدەنىيەت ئۇقۇمى غەربنىڭ باشقا جەمئىيەتلەردىكى ھەزارەت ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە ئۇ جەمئىيەتلەرنىڭ غەربنىڭ تۈزۈلمە ۋە ئەمەلىيىتىدىن ئۆرنەك ئېلىشىنى ئاقلاشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندى. ھەممىبابچىلىق غەربنىڭ غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىدېئولوگىيە قورالى. يەككە مەدەنىيەت ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ ئەسەبىي قوللىغۇچىلىرى ئىچىدە خۇددى بەيئەت قىلغۇچى ۋە قىرغاقتا قالغۇچىلاردا كۆرۈلگەن ئەھۋالدىكىدەك، غەربتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان زىيالىيلار بار. مەسىلەن، نايپول، فۇئاد ئاجامىلارغا نىسبەتەن ھەممىباب مەدەنىيەت ئۇقۇمى «مەن كىم؟» دېگەن مەسىلىگە كىشىنى ناھايىتى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە جاۋاب بەردى. ئەمما، «ئاق تەنلىك زەڭگى» دېگەن ئىبارە ئەرەب زىيالىيلىرىنىڭ بۇ كۆچمەنلىرىنى ئاتاشتا قوللىنىلىدىغان ئىبارىسى ئىدى⑳. ھەممىباب مەدەنىيەت ئىدىيىسى باشقا مەدەنىيەتلەر ئىچىدە ئاساسەن قوللاشقا ئېرىشەلمىدى. غەيرىي غەرب، غەرب ھەممىباب دەپ قارايدىغان نەرسىنى غەربنىڭ دەپ قارىدى. غەربلىكلەر پۈتۈن يەر شارىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنىڭ پايدىلىق ئالامەتلىرى دەپ جاكارلىغان تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ كېڭىيىشى دېگەندەك ئالامەتلەرنى غەيرىي غەربلىكلەر غەربنىڭ قەبىھ جاھانگىرلىكى دەپ جاكارلىدى. غەيرىي غەربلىكلەر غەربنىڭ دۇنيانى يەككە دەيدىغان قارىشىدىن تەھدىت ھېس قىلىدۇ.

ھەممىباب مەدەنىيەتنىڭ نېمە ئۈچۈن پەيدا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان ئۈچ خىل قاراش بار. ھەممىباب مەدەنىيەت مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ دەيدىغان ھۆكۈم بۇ ئۈچ قاراشتىن بىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان. بىرىنچى، بىرىنچى بابتا بايان قىلىپ ئۆتكەن سوۋېت كوممۇنىزمىنىڭ غۇلىشى تارىخنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن ۋە ئەركىن دېموكراتىيىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىدىن دېرەك بېرىدۇ دەيدىغان قاراش. بۇ قاراشنىڭ خاتا

يىرى شۇكى، ئۇ پەقەت بىرلا تاللاش مەۋجۇت دەپ قارايدۇ. ئۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى كۆزىتىش نۇقتىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، كوممۇنىزمنىڭ بىردىنبىر ۋارىسى ئەركىن دېموكراتىيە، ئالدىنقىسىنىڭ ھالاكىتى كېيىنكىسىنىڭ ئومۇملىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمما، ھازىر ھەرخىل شەكىلدىكى مۇستەبىتلىك، مىللەتچىلىك، گۇرۇھۋازلىق ۋە بازار كوممۇنىزمى (جۇڭگودىكىدەك) مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ھېلىھەم دۇنيادا ئوبدان ياشاۋاتىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، نۇرغۇن ئەلمانىيىچە (دىندىن خالىي) ئىدېئولوگىيىلەرنىڭ سىرتىدا يەنە نۇرغۇن دىنىي تاللاش ئىمكانىيەتلىرى مەۋجۇت. ھازىرقى زامان دۇنياسىدا ئېھتىمال دىن كىشىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئاساسلىق، بىردىنبىر كۈچ بولۇشى مۇمكىن. تۆۋەندىكىدەك قاراش تولىمۇ تەمتانىلىقنىڭ ئىپادىسى: «سوۋېت ئىتتىپاقى غۇلىدى، شۇنىڭ بىلەن غەرب مەڭگۈلۈك غەلىبىگە ئېرىشتى، ئەمدى مۇسۇلمانلار، جۇڭگولۇقلار، ھىندىلار ۋە باشقىلار غەربنىڭ لىبېرالىزمىنى (ئەركىنچىلىك) دەرھال قوبۇل قىلىدۇ». سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئىنسانلارنى بۆلۈۋېتىشى ئاخىرلاشتى، ئەمما ئىرق، مىللەت، دىن، ھەزارەت توقۇنۇشلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۆلۈنۈش يەنىلا مەۋجۇت، يەنە كېلىپ تېخىمۇ كۆپ توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ.

ئىككىنچى قاراش، مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ئۆز ئارا رولىنىڭ (ئادەتتە سودا، مەبلەغ سېلىش، ساياھەت، تارقىتىش ۋاسىتىلىرى، ئېلېكترونلۇق خەۋەرلىشىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۈچىيىشى دۇنياۋى ئورتاق ھەزارەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ؛ قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ھەقىقەتەن مەبلەغ، خادىم، تاۋار، بىلىم، ئىدىيە ۋە ئوبرازلارنىڭ پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئېقىشىشىنى ئەرزانلاشتۇردى ۋە قولايلاشتۇردى؛ شۈبھىسىزكى، يۇقىرىقى خەلقئارالىق ئالاقىلەر ھەقىقەتەن كۆچەيدى؛ ئەمما بۇ خىل ئېقىشىشنىڭ كۈچىيىشى قانداق تەسىرلەرنى پەيدا

قىلىدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە نىسبەتەن ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت.

سودا ھەقىقەتەن توقۇنۇشنى كۈچەيتىپ، ئازايتالامدۇ؟ سودىنىڭ مىللىي دۆلەتلەر ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى ئازايتىش ھەققىدىكى قاراشلار تېخى ئىسپاتلانغىنى يوق. ئەكسىچە، بۇنىڭغا قارشى ئوخشىمىغان ئىسپاتلار بار. 20- ئەسىرنىڭ 60— 70- يىللىرىدا خەلقئارا سودا زور دەرىجىدە كېڭەيدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى. ئەمما، 1913- يىلى خەلقئارا سودا رېكورت بۇزىدىغان سەۋىيىگە يەتكەن، ئەمما ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا مىللىي دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئارا قىرغىنچىلىقى مىسلىسىز كۆلەمدە بولدى[21]. شۇنداق يۇقىرى ھالەتتىكى خەلقئارا سودا ئۇرۇشنى توسالمىغان يەردە، قانداق ھالەت توسالايدۇ؟ بۇ ئىسپات سودا تىنچ لىبېرالىزم ۋە خەلقئارالىزمنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ، دەيدىغان قاراشنى قوللىيالمايدۇ. 90- يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان مۇلاھىزىلەر بۇ قاراشلارغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۈبھە پەيدا قىلدى. بىر تۈرلۈك تەتقىقات خۇلاسىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «خەلقئارا سىياسىيغا نىسبەتەن، سودىنىڭ ئىشىشى زور بىر پارچىلاش كۈچى بولالايدۇ...»، «خەلقئارا تۈزۈمدە كونسايىن ئېشىۋاتقان سودا خەلقئارا جىددىي ۋەزىيەتنى پەسەيتەلىشى ياكى خەلقئارا مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس»[22]. يەنە بىر تۈرلۈك تەتقىقات دەلىللەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە بىر-بىرىگە تايىنىشى تىنچلىقنى مەيدانغا كەلتۈرۈشىمۇ، ئۇرۇشنى مەيدانغا كەلتۈرۈشىمۇ مۇمكىن، بۇ كەلگۈسى سودىغا بولغان تەقەززالىققا باغلىق». ئىقتىسادنىڭ ئۆز ئارا تايىنىشى پەقەت «ھەر قايسى دۆلەتلەر ئۈمىد قىلغان يۇقىرى دەرىجىدىكى سودا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان يېقىن كەلگۈسىدىمۇ داۋاملىشالىسا»، ئاندىن تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەگەر ھەر قايسى دۆلەتلەر كۈتكەن

يۇقىرى دەرىجىدىكى ئۆز ئارا تايىنىش داۋاملاشمىسا، ئۇرۇش پارتلىشى مۇمكىن[23].

سودا ۋە خەۋەرلىشىشنىڭ تىنچلىق ۋە سالاھىيەت تۇيغۇسىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەسلىكى ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بايقىغانلىرى بىلەن بىردەك. ئىجتىمائىي پسىخولوگىيىدە پەرق نەزەرىيىسى مۇنداق قارايدۇ: «كىشىلەر بەلگىلىك بىر ئارقا كۆرۈنۈشكە ئاساسەن ئۆزىگە باشقىلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان مەلۇم نەرسە ئارقىلىق تەبىر بېرىدۇ (سالاھىيىتىنى بېكىتىدۇ — ت)». «بىر ئادەم ئۆزىدىكى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە، بولۇپمۇ ئۆزى تۇرغان ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ئۆزىنى تونۇيدۇ. 12 نەپەر ئايال بار بىر شىركەتتە بىر ئايال پسىخولوگ ئۆزىنى پسىخولوگ دەپ قارايدۇ، يەنە 12 نەپەر ئەر پسىخولوگنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى ئايال دەپ قارايدۇ»[24]. كىشىلەر ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى باشقىلار بىلەن بولغان پەرقى ئارقىلىق بېكىتىدۇ. خەۋەرلىشىش، سودا، ساياھەتنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى تەسىرلىشىش كېڭەيدى ۋە كىشىلەر بارغانسېرى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت سالاھىيىتىگە ئالاھىدە قارايدىغان بولدى. ئۆز ئارا بېرىش-كېلىش قىلىدىغان ئىككى ياۋروپالىقنىڭ بىرى گېرمانىيىلىك، بىرى فرانسىيىلىك بولسا، ئۇلار بىر-بىرىنى گېرمانىيىلىك ۋە فرانسىيىلىك دەپ قارايدۇ. ئەمما، بىر گېرمانىيىلىك ۋە بىر فرانسىيىلىك بىر مىسىرلىق ۋە بىر سەئۇدىلىق ئەرەب بىلەن بېرىش-كېلىش قىلغاندا، بىر-بىرىنى ياۋروپالىق ۋە ئەرەب دەپ قارايدۇ. فرانسىيىگە كۆچۈپ كەلگەن شىمالىي ئافرىقا كۆچمەنلىرى فرانسىيىلىكلەر ئارىسىدا دۈشمەنلىك كەيپىياتى قوزغاپ قويۇۋاتىدۇ. ئەمما كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان پولشالىقلار كۆنسايىن قوبۇل قىلىنىۋاتىدۇ. كانادا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئامېرىكىغا سالغان مەبلىغى ياپونىيىنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، ئەمما ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىگە بولغان نارازىلىقى ئالدىنقى دۆلەتلەرگە بولغان نارازىلىقلىرىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. خۇددى رونالد خاروۋتىز

كۆرسەتكىنىدەك: «بىر ئىبو نىگىرىيىنىڭ شەرقىي رايونىدا ئۆۋىرى ئىبوسى ياكى ئونىتشا ئىبوسى، لاگوستا بولسا پەقەتلا بىر ئىبو، لوندوندا ئۇ بىر نىگىرىيىلىك، نيويوركتا بولسا بىر ئافرىقىلىق»[25]. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، يەر شارلىشىش نەزەرىيىسىمۇ شۇنداقراق بىر خۇلاسە چىقاردى: «بىر كۇنسايىن يەر شارلىشىۋاتقان دۇنيادا (بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى — تارىختا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان مەدەنىيەت، جەمئىيەت ۋە باشقا ئەندىزىلەرنىڭ ئۆز ئارا تايىنىشى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بۇ ئەندىزىلەرگە بولغان كەڭ دائىرىلىك تونۇش) مەدەنىيەت، جەمئىيەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى كۈچەيدى». دىنىنىڭ يەرشارى خاراكتېرلىك گۈللىنىشى، «خۇداغا قايتىش»لار كىشىلەرنىڭ دۇنيانى «يەككە سورۇن» دەيدىغان قاراشلىرىغا قايتۇرۇلغان جاۋاب بولۇپ قالدى[26].

## غەرب ۋە زامانىۋىلىشىش

ھەممىباب مەدەنىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىغا ئېلىپ بېرىلغان ئۆچىنچى خىل ئاقلاش ھەم ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان يەكۈن، ھەم 18- ئەسىردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كەڭ دائىرىلىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىلىدۇ. زامانىۋىلىشىش سانائەتلىشىش، شەھەرلىشىش، ساۋاتلىقلار نىسبىتى، مائارىپ سەۋىيىسى، باياشاتلىق دەرىجىسى، ئىجتىمائىي سەپەرۋەرلىك دەرىجىسى، تېخىمۇ مۇرەككەپ، كۆپ خىللاشقان كەسىپ قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ 18- ئەسىردىكى ئىلىم-پەن، قۇرۇلۇش بىلىملىرىنىڭ شىددەتلىك تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. بۇ تەرەققىيات ئىنسانلارنى ئۆز مۇھىتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كونترول قىلىش ۋە پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۇردى. زامانىۋىلىشىش بىر ئىنقىلاب جەريانى. پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتكە ئۆتۈش جەريانىنىلا ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ئۆزى

مىلادىيىدىن 5000 يىللار ئاۋۋال دەجلە-فۇرات، نىل، ھىندى دەريا ۋادىلىرىدا مەيدانغا كەلگەن[27]. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى ئادەملەرنىڭ پوزىتسىيىسى، قىممىتى، بىلىمى، مەدەنىيىتى ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەردىكى كىشىلەرنىڭكىگە زور دەرىجىدە ئوخشىمايدۇ. بىرىنچى بولۇپ زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان غەرب مەدەنىيىتى ئاۋۋال زامانىۋىلاشقان ھەزارەتكە ئېرىشتى. يۇقىرىقى بايانلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، باشقا جەمئىيەتلەر يۇقىرىقىغا ئوخشىشىدىغان مائارىپ، خىزمەت، بايلىق، سىنىپ قۇرۇلمىلىرىنىڭ قېلىپىغا ئىگە بولغاندا، بۇ ھازىرقى زامان غەرب مەدەنىيىتى دۇنيانىڭ ھەممىباب مەدەنىيىتىگە ئايلىنىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئارىسىدا زور پەرق بار. ئەمما، بۇ زامانىۋى ھەزارەتكە ئىگە جەمئىيەتلەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە جەمئىيەتلەرگە قارىغاندا بىر-بىرىگە بەكرەك ئوخشىشىدۇ، دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. روشەنكى، بەزى ئىنتايىن زامانىۋىلاشقان ھەم بەزى ئىنتايىن ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيانى يەنە بىر زامانىۋىلىق دەرىجىسى ئاساسەن ئوخشاش يۇكسەك ھالەتتىكى جەمئىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنياغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار خۇسۇسىيەتداش ئەمەس. ئۇنداقتا ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا قانداق بولىدۇ؟ بۇنداق دۇنيا نەچچە يۈز يىل ئاۋۋال مەۋجۇت ئىدى. ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتداشلىقى ئومۇميۈزلۈك زامانىۋىلىققا ئىگە كەلگۈسى دۇنيادىن تۆۋەنرەك بولارمىدى؟ ئېھتىمال، ئۇنداق بولمىسا كېرەك. برودېل مۇنداق قارايدۇ: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگو بىلەن ۋالۇيس سۇلالىسى دەۋرىدىكى فرانسىيە ماۋزېدوڭ دەۋرىدىكى جۇڭگو بىلەن 5- جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى فرانسىيىگە قارىغاندا، بەكرەك ئوخشىشىدۇ»[28].

ئەمما ھازىرقى زامان جەمئىيەتلىرى مۇنۇ ئىككى سەۋەب تۈپەيلىدىن ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەرگە قارىغاندا بىر-بىرىگە بەكرەك ئوخشىشى مۇمكىن: بىرىنچى، ھازىرقى زامان جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆز

ئارا رولىنىڭ كۆچىيىشىمۇ گەرچە بىر ئورتاق ھەزارەت يارىتالمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ھەقىقەتەن تېخنىكا، كەشپىيات ئەمەلىيىتىنىڭ بىر جەمئىيەتتىن بىر جەمئىيەتكە يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، بۇنىڭ سۈرئىتى، دەرىجىسىنى ئەنئەنىۋى دۇنيادا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئىككىنچى، ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەر يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدۇ، زامانىۋى جەمئىيەتلەر بولسا، سانائەتنى ئاساس قىلىدۇ، بۇ سانائەت قول سانائەتتىن ئەنئەنىۋى سانائەتكە ھەم بۇنىڭدىن بىلىمنى ئاساس قىلغان سانائەتكە يۆتكەلگەن سانائەت بولۇشى مۇمكىن. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەندىزىسى ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشقان جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، سانائەت ئەندىزىسىگە قارىغاندا، تەبىئىي مۇھىتقا بەكرەك تايىنىدۇ. ئۇلار تۇپراق، كىلىمات قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئوخشاشمىغان شەكىلدىكى يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈملىرى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ھۆكۈمەتلەر شەكىللىنىشى مۇمكىن. ۋىتفوگېلنىڭ سۇ ئىنشائاتى مەدەنىيىتى قارىشى مەيلى قانچىلىك ماختاشقا سازاۋەر بولسۇن، ھەقىقەتەنمۇ كەڭ كۆلەملىك سۇغىرىش سىستېمىسىغا تايانغان يېزا ئىگىلىك ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن بيۇروكراتىك سىياسىي نوپۇزنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. بۇنى باشقىچە چۈشەندۈرۈش ھەقىقەتەن قىيىن. مۇنبەت تۇپراق ۋە شۇنىڭغا مۇۋاپىق ھاۋا كىلىماتى زور كۆلەمدىكى تېرىقچىلىقنى ھەم بۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى مۇمكىن. بۇ جەمئىيەت ئاز ساندىكى باي پومېشچىكلار سىنىپى ۋە تېرىقچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەڭ دېھقانلار، قۇللار ۋە يانچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كەڭ كۆلەمدىكى يېزا ئىگىلىكىگە پايدىسىز شارائىتلار مۇستەقىل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ئاساس قىلغان جەمئىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى مۇمكىن. قىسقىسى، يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىدە يەر ئەھۋالى جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى ياراتقان. ئەكسىچە، سانائەت جەمئىيىتى يەرلىك تەبىئىي شارائىتقا ئانچە بەك

تايىنىپ كەتمەيدۇ. سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ پەرقى جۇغراپىيىۋى پەرقتىن ئەمەس، ھەزارەت ۋە جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ پەرقىدىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى: ئالدىنقىسى بولسا ئوخشىشىپ كېتەلەيدۇ، كېيىنكىسى بولسا مۇمكىن ئەمەس.

ھازىرقى زامان جەمئىيەتلىرى شۇڭا نۇرغۇن ئورتاقلىقلارغا ئىگە، ئەمما ئۇلار مۇقەررەر ھالدا خۇسۇسىيەتداش بولۇپ كېتەمدۇ؟ ئۇلار چوقۇم شۇنداق بولىدۇ دەيدىغان قاراش تۆۋەندىكى نۇقتىئىنەزەر ئۈستىگە قۇرۇلغان: زامانىۋى جەمئىيەتلەر چوقۇم مەلۇم بىر يەككە تىپقا يېقىن، يەنى غەرب تىپى. زامانىۋى مەدەنىيەت بولسا غەرب مەدەنىيىتى. غەرب مەدەنىيىتى دېمەك زامانىۋى مەدەنىيەت. ئەمما، بۇ خىل ئوخشاشلىق پۈتۈنلەي ساختا. غەرب مەدەنىيىتى 8-، 9- ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن، ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى كېيىنكى ئەسىرلەردە تەرەققىي قىلغان. ئۇ 17- ۋە 18- ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئاندىن زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. غەرب زامانىۋىلىشىشتىن ئىلگىرى، يەنىلا غەرب ئىدى، غەربنى باشقا مەدەنىيەتلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرغان ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلەر غەربتە زامانىۋىلىشىش ئىشقا ئېشىشتىن ئىلگىرىلا شەكىللىنىپ بولغان.

زامانىۋىلىشىشتىن ئاۋۋالقى نەچچە يۈز يىل ئىچىدىكى، غەرب جەمئىيىتىنىڭ بۇ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرى قايسىلار؟ ئالىملار بۇ ھەقتە ھەرخىل جاۋابلارنى بېرىشتى. بۇ جاۋابلار بەزى ئىنچىكە تەپسىلاتلاردا پەرقلىنىدۇ، ئەمما غەرب مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى بولغان تۈزۈلمە، ئەمەلىيەت، ئېتىقاد جەھەتلەردە پىكىر بىردەك. ئۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[29]:

***كلاسسىك مىراسلار.*** ئۈچىنچى ئەۋلاد مەدەنىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن غەرب ئىلگىرىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ نۇرغۇن نەرسىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ دىققەتكە سازاۋىرى كلاسسىك مەدەنىيەت غەرب كلاسسىك مەدەنىيەتتىن

نۇرغۇن مىراسلارنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، بۇلار يۇنان پەلسەپىسى ۋە ئەقىلچىلىك، رۇم قانۇنى، لاتىن تىلى، خرىستىئان دىنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلام ۋە پراۋوسلاۋىيە مەدەنىيىتىمۇ كلاسسىك مەدەنىيەتتىن بەزى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلغان، ئەمما ھەر قانداق جەھەتتە غەربكە يەتمەيدۇ.

***كاتولىك دىنى ۋە پروتېستانت دىنى.*** غەربنىڭ خرىستىئان دىنى ئاۋۋال كاتولىكىزم، ئاندىن پروتېستانىزم بولۇپ، بۇ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىردىنبىر ئەڭ مۇھىم تارىخىي ئالاھىدىلىكى. ھەقىقەتەن ئۇ مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى مىڭ يىلنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىدا كىشىلەر ھازىر غەرب مەدەنىيىتى دەپ قاراۋاتقان نەرسىنى غەرب خرىستىئان دۇنياسى دەپ ئاتىغان. غەربتە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ پىششىق يېتىلگەن ئىجتىمائىي توپ ئېڭى بار. بۇ ئۇلارنى مورلار، تۈركلەر، ۋىزانتىيىلىكلەر ۋە باشقا مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. خۇدا ۋە ئالتۇن ئۈچۈن غەربلىكلەر 16- ئەسىردە ئىستېلانى باشلىدى. دىنىي ئىسلاھات، ئىسلاھاتقا قارشى تۈرۈش ھەم غەرب خرىستىئان دۇنياسىنىڭ شىمالدىكى پروتېستانت دىنى ۋە جەنۇبتىكى كاتولىك دىنى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىشى غەرب تارىخىنىڭ يەنە بىر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى. بۇ پراۋوسلاۋىيە دىنىدىمۇ مەۋجۇت ئەمەس، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىنمۇ زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

***ياۋروپادىكى تىللار.*** تىل دىندىنلا قالسا بىر ھەزارەتكە تەۋە خەلقنى يەنە بىر ھەزارەتكە ۋە خەلقتىن پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىل. غەرب ئۆزىدە تىلنىڭ كۆپ خىللىقى جەھەتتە باشقا كۆپىنچە مەدەنىيەتلەرگە ئوخشاشمايدۇ. ياپون تىلى، ھىندى تىلى، خەنزۇ ئورتاق دىئالېكتى، ھەتتا ئەرەب تىللىرى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ يادرولۇق تىلى ھېسابلىنىدۇ. غەرب لاتىن تىلىغا ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەرخىل مىللەتلەر ۋە شۇلارغا ئەگەشكەن تىللار مەيدانغا كەلدى. بۇ تىللار رۇم تىللىرى سىستېمىسى ۋە ئارىيان تىللىرى سىستېمىسىغا

ئايرىلدى. 16- ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ تىللارنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى شەكىللىرى ئاساسەن شەكىللىنىپ بولدى.

***مەنىۋى نوپۇز ۋە ئەلمانىيە (دىندىن خالىي) نوپۇزنىڭ ئايرىلىشى.*** پۈتكۈل غەرب تارىخىدا ئاۋۋال بىرلا دىنىي جەمئىيەت، ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن دىنىي جەمئىيەتلەر دۆلەت بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولغان. خۇدا ۋە پادىشاھ، دىنىي جەمئىيەت ۋە دۆلەت، مەنىۋى نوپۇز ۋە ئەلمانىيچە نوپۇز غەرب ھەزارىتىدە ئەزەلدىن ئومۇميۈزلۈك قوش مەنبە بولۇپ كەلگەن. غەرب مەدەنىيىتىدىن باشقا، پەقەت ھىندى مەدەنىيىتىدىلا دىن ۋە سىياسىي روشەن ئايرىلغان. ئىسلام دىنىدا خۇدا دېمەك — پادىشاھ دېمەكتۇر. جۇڭگو، ياپونىيىدە پادىشاھ دېمەك خۇدا دېمەكتۇر. پراۋوسلاۋىيە دىنىدا بولسا، خۇدا پادىشاھنىڭ كىچىك ھەمراھى. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى بولغان دىن ۋە دۆلەتنىڭ ئايرىلىشى ۋە قايتا-قايتا يۈز بەرگەن توقۇنۇشلار باشقا مەدەنىيەتلەردە مەۋجۇت ئەمەس. بۇ خىل نوپۇزنىڭ بۆلۈنۈشى غەربتە ئەركىنلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئىنتايىن پايدىلىق.

***قانۇن-تۈزۈم.*** قانۇن تۈزۈم بىر مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ يادروسى دەيدىغان ئۇقۇم رۇمدىن مىراس قالغان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇتەپەككۇرلار پادىشاھلار ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە ئاساسلىنىدىغان تەبىئىي قانۇن ئىدىيىسىنى تەپسىلىي شەرھلىگەن. ئومۇمىي قانۇن ئەنئەنىسى بولسا ئەنگلىيىدە تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. 16- ۋە 17- ئەسىرلەردىكى مۇتلەقچىلىك مەزگىلىدە قانۇن-تۈزۈمگە ئەمەلىيەتتە ئانچە رىئايە قىلىنمىغان. ئەمما، ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقى مەلۇم تاشقى كۈچلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشى كېرەك دەيدىغان ئىدىيە يەنىلا داۋاملىشىپ كەلگەن. لاتىنچە مەشھۇر ھېكمەت «Non sub homine sed sub Deo et lege»نىڭ مەنىسى دەل شۇ. قانۇن-تۈزۈم ئەنئەنىسى ئاساسىي قانۇن ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشقا ئاساس سېلىپ بەردى، بۇ يەنە مۈلۈك ھوقۇقى دىكتاتورا ھوقۇقىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدىن ساقلىنىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

باشقا كۆپ ساندىكى مەدەنىيەتلەردە قانۇن-تۈزۈم ئىدىيە ۋە ھەرىكەتكە تەسىر كۆرسىتىش جەھەتتە مۇھىم ئامىل ھېسابلانمايدۇ.

***ئىجتىمائىي كۆپ مەنبەچىلىك.*** تارىختا غەرب جەمئىيىتى ئىزچىل ھالدا يۇقىرى دەرىجىدە كۆپ مەنبەلىك بولۇپ كەلگەن. دېتچ دىققەت قىلغاندەك، غەربنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بولسا «نىكاھ ۋە قاندا[*]شلىق مۇناسىۋىتى ئۈستىگە قۇرۇلمىغان كۆپ خىل ئۆز ئۆزىگە خوجا گۇرۇھلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە داۋاملىشىشى»دىن ئىبارەت[30]. 6-ۋە 7- ئەسىرلەردىن باشلاپ، بۇ گۇرۇھلار باشتا موناستىر، موناخلار ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، كېيىن ياۋروپا ۋە باشقا نۇرغۇن رايونلاردىكى باشقا جەمئىيەت، گۇرۇھلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان[31]. جەمئىيەتلەرنىڭ كۆپ مەنبەلىكلىكى سىنىپىي كۆپ مەنبەچىلىك تەرىپىدىن تولۇقلاندى. كۆپ ساندىكى غەربىي ياۋروپا جەمئىيەتلىرى نىسبەتەن كۈچلۈك بولغان ئۆز-ئۆزىگە خوجا ئاقسۆڭەكلەر، نۇرغۇن دېھقانلار، ئاز ساندىكى، ئەمما ناھايىتى مۇھىم سودا-تىجارەتچىلەر قاتلاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كۆپ ساندىكى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچى مۇتلەق پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ يىلتىز تارتىشى، مۇستەھكەملىنىشىنى چەكلەش جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم ئىدى. ياۋروپانىڭ كۆپ مەنبەچىلىكى روسىيە، جۇڭگو، ئوسمان ئىمپېرىيىسى ۋە باشقا غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىدە مەۋجۇت بولغان شەھەر ئاھالىسىنىڭ نامراتلىقى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئاجىزلىقى، ھاكىممۇتلەق بيۇروكرات ئىمپېرىيىلەر بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ.

***ۋەكىل ئاپپاراتلىرى.*** جەمئىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىكى ئەڭ دەسلەپتە دەرىجە، پارلامېنت ۋە ئاقسۆڭەكلەر، دىنىي زاتلار، سودىگەر ۋە باشقا گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان باشقا ئاپپاراتلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئاپپاراتلار زامانىۋىلىشىش جەريانىدا ھازىرقى زامان دېموكراتىيە تۈزۈلمىسىگە ئايلانغان ۋەكىللەر تۈزۈلمىسى شەكلىنى ھازىرلاپ بەردى. بەزى مىساللاردا بۇ ئورگانلارنىڭ مۇتلەقچىلىك مەزگىللىرىدە بىكار قىلىنغان ياكى زور دەرىجىدە

چەكلەنگەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ. ئەمما، مۇشۇنداق ئەھۋاللار يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار فرانسىيىدىكىدەك قايتا تىرىلىپ، سىياسىي ئىشتىراكنى كېڭەيتىشنىڭ قورالىغا ئايلانغان. بۈگۈنكى دەۋردىكى ھېچقانداق مەدەنىيەتتە بۇنىڭغا سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان مىڭ يىللار بۇرۇنقى ۋەكىللەر ئاپپاراتى ئەنئەنىسى يوق. يەرلىك قاتلامدا، تەخمىنەن 19- ئەسىرلەردە باشلانغان ئاپتونومىيە ھەرىكىتى ئاۋۋال ئىتالىيىنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە تەرەققىي قىلىپ، ئاندىن شىمالغا كېڭەيگەن. بۇ ھەرىكەتلەر «دىنىي بىشوپلار، يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر ۋە باشقا ئىمتىيازدىلەرنى شەھەر ئاھالىسى بىلەن ئورتاق ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشقا مەجبۇرلىغان ھەمدە ھەمىشە ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى باش ئەگدۈرگەن»[63]. شۇنىڭ بىلەن، دۆلەت قاتلىمىدىكى ۋەكىللەر تۈزۈمى يەرلىك قاتلامدىكى ئاپتونومىيە تەدبىرلىرى بىلەن تولۇقلانغان بولۇپ، كېيىنكىسى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

***شەخسچىلىك.*** غەرب مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتلەردىلا مەۋجۇت بولغان شەخسچىلىك ئاڭ، خۇسۇسىي ھوقۇق ئەنئەنىسى ۋە ئەركىنلىك ئەنئەنىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. لىبېرالىزم 14- ۋە 15- ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن. دېيتچ تەرىپىدىن «رومېئو ۋە ژۇلىيتتا ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان شەخسنىڭ تاللاش ھوقۇقى 17- ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئاندىن غەربتە ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىندى.

باراۋەر خۇسۇسىي ھوقۇقتا بولغان تەلەپ (ئەنگلىيىدىكى ئەڭ نامرات ئادەم ئەڭ باي ئادەمگە ئوخشاش ياشايدۇ) ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىنمىغان تەقدىردىمۇ، روشەن ئىپتىلىدى. 20- ئەسىردىكى ھەرقايسى مەدەنىيەتلەردە شەخسچىلىك يەنىلا غەربنىڭ روشەن بەلگىسى ئىدى. بىر ئالىم 50 دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مىسالنى تەھلىل قىلغاندا، شەخسچىلىك كۆرسەتكۈچى جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشكەن 20 دۆلەت

پورتۇگالىيەدىن باشقا بارلىق غەرب دۆلەتلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئىسرائىلىيىمۇ بار ئىدى [33]. شەخسچىلىك بىلەن كوللېكتىۋىزم ھەققىدە ھەزارەتتىن ھالقىپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان بىر يازغۇچى باشقا كوللېكتىۋىزم ئەۋج ئالغان يەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، غەربتە شەخسچىلىكنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندا ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ: «غەربتە ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغان قىممەت پۈتۈن دۇنيا مىقياسىغا نىسبەتەن ئەڭ قىممەتسىز»، «غەربلىكلەر ۋە غەيرىي غەربلىكلەر ئىزچىل ھالدا لىبېرالىزمنى غەربنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى دەپ بىلىدۇ» [34].

يۇقىرىقىلار غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ شەرھلىنىپ بولغانلىقىدىن، شۇنداقلا بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ غەرب جەمئىيىتىدە ھەمىشە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىنمۇ دېرەك بەرمەيدۇ. روشەنكى، ئۇلار ھەمىشە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى، غەرب تارىخىدا، ھەمىشە نۇرغۇن پادىشاھلارنىڭ قانۇن-تۈزۈمنى كۆزگە ئىلماي، ۋەكىللەر ئاپپاراتىنى توختىتىپ قويىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرغان. ئەمما، بۇ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەر باشقا مەدەنىيەتلەردە يوق ئىدى دېگەنلىك ئەمەس. روشەنكى، باشقا مەدەنىيەتلەردىمۇ بۇنداق ئالاھىدىلىكلەر بولغان. مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم» ۋە ئىسلام شەرىئىتى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئاساسلىق قانۇنى بولغان. ياپونىيە ۋە ھىندىستاندىمۇ غەربتە مودا بولغان سىنىپىي تۈزۈملەر بولغان (بەلكىم شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار بەلگىلىك مەزگىل دېموكراتىك ھۆكۈمەتلەرنى ساقلاپ قالغان ئاران ئىككى غەيرىي غەرب جەمئىيىتى بولسا كېرەك). يەككە نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئامىللارنىڭ ئىچىدە نوقۇل غەربكىلا خاس بولغان بىرەرىمۇ يوق ئىدى. ئەمما، بۇ ئامىللار پەقەت غەربكىلا مەجەسسەملىشىپ، غەربكە ئۆزگىچىلىك ئاتا قىلغان مەدەنىيەتلەر دېگەن سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك بولغان بۇ ئۇقۇم، ئەمەلىيەت، تۈزۈملەر ئۆزگەرمەس، ھېچ بولمىغاندا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئىزچىل ئۆزگەرمەس، كەم بولسا بولمايدىغان

يادروسىنىڭ بىر قىسمىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلارنى غەربچە نەرسىلەر دېيىشكە بولىدۇ، ئەمما ئۇلار غەربنىڭ زامانىۋىلىقى ھەققىدىكى نەرسىلەر ئەمەس. ئۇلار غەربنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا ناھايىتى زور دەرىجىدە يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغان ئامىللاردۇر.

## غەرب ۋە زامانىۋىلىشىشقا بولغان ئىنكاس

غەربنىڭ كېڭىيىشى غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە غەربلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىلىم داھىيلىرى غەربنىڭ تەسىرىگە تۆۋەندىكى ئۈچ خىل شەكىلنىڭ بىرىدە (ياكى بىردىن كۆپرەكىدە) ئىنكاس قايتۇرۇشتى: زامانىۋىلىشىش ۋە غەربلىشىشنى رەت قىلىش، ئىككىلىسىنى قوبۇل قىلىش، زامانىۋىلىشىشنى قوبۇل قىلىپ غەربلىشىشنى رەت قىلىش.

1) ئىنكارچىلىق. ياپونىيە 1542- يىلى تۇنجى قېتىم غەرب بىلەن ئالاقە قىلغاندىن باشلاپ 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىنكارچىلىق يولىدا ماڭدى. ئۇ پەقەت چەكلىك زامانىۋىلىشىش شەكىللىرىگىلا يول قويۇپ، غەرب ھەزارىتىنى ئېلىپ كىرىشنى قاتتىق چەكلىدى. كىشىنىڭ ئەڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى، ئۇلارنىڭ چەكلىگەنلىرى ئىچىدە خرىستىئان دىنىمۇ بار. غەربلىكلەر 17- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تولۇق قوغلاپ چىقىرىلدى. ياپونىيە 1854- يىلى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى پېررىينىڭ بېسىمى ئاستىدا مەجبۇرىي ئىشىكنى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن ۋە 1868- يىلدىكى مىگجى يېڭىلىقچا كۆچۈشىدىن كېيىنكى غەربتىن ئۆگىنىش دولقۇنى بىلەن بۇ ئىنكارچىلىق ئاخىرلاشتى. بىر نەچچە ئەسىر ئىچىدە جۇڭگومۇ ھەرقانداق خىلدىكى زامانىۋىلىشىش ۋە غەربلىشىشنى چەكلىمەكچى بولدى. گەرچە جۇڭگو 1602- يىلى خرىستىئان دىنىنى تارقاتقۇچىلارنىڭ جۇڭگوغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ،

1722- يىلى يەنە ئۇلارنى قوغلاپ چىقاردى. جۇڭگونىڭ ياپونىيىگە ئوخشىمايدىغان يېرى جۇڭگونىڭ رەت قىلىش سىياسىتى زور دەرىجىدە جۇڭگونىڭ مەركىزىي ئىمپېرىيىلىك ئوبرازىغا ھەمدە جۇڭگو ھەزارىتىنى باشقا ھەزارەتتىن ئەۋزەل دەپ قەتئىي ئىشىنىدىغان ئېتىقادىغا يىلتىز تارتقان. ياپونىيىنىڭ بېكىنمىچىلىكىگە ئوخشاش، جۇڭگونىڭ بېكىنمىچىلىكىمۇ غەربنىڭ قورال كۈچى تەرىپىدىن ئاخىرلاشتۇرۇلغان (بۇ 1839- يىلىدىن 1842- يىلىغىچە بولغان جۇڭگو-ئەنگلىيە ئەپيۇن ئۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ). خۇددى بۇ مىساللار كۆرسەتكىنىدەك، 19- ئەسىردە غەربنىڭ كۈچى غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ نوقۇل چەتكە قېقىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇشىنى بارغانسېرى قىيىنلاشتۇرۇۋەتكەن ھەم ئاخىردا ئۇنىڭغا قەتئىي ئىمكانىيەت بەرمىگەن.

20- ئەسىردە قاتناش ۋە خەۋەرلىشىشنىڭ ئىلغارلىشىشى ۋە يەر شارى دائىرىلىك بىر-بىرىگە تايىنىشنىڭ كۈچىيىشى چەتكە قېقىشتا تۆلەيدىغان بەدەلنى ئىنتايىن ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. بەزىبىر تىرىكچىلىكىنىلا كۆزلەيدىغان كىچىك، چەت يېزا رايونلىرىدىن باشقا جايلارغا نىسبەتەن زامانىۋىلىق مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇۋاتقان ۋە يۈكسەك دەرىجىدە بىر-بىرىگە تايىنىدىغان بۇ دۇنيادا زامانىۋىلىشىشنى ۋە غەربلىشىشنى رەت قىلىش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. دانىيل پايپىس مۇنداق يازىدۇ: «پەقەت ئەڭ ئەسەبىي ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىلا زامانىۋىلىشىشنى ۋە غەربلىشىشنى رەت قىلىدۇ. ئۇلار تېلېۋىزورنى دەرياغا تاشلىۋەتتى، سائەت تاقاشنى چەكلىدى، ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل ئىشلىتىشنى رەت قىلدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ پروگراممىسىنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغانلىقى، بۇ گۇرۇھلارنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى. بەزى ئەھۋاللاردا، مەسىلەن، نىگېرىيىدىكى كانو شەھىرىدىكى يېڭى ئىزالا گۇرۇھى، مىسىر زۇڭتۇڭى ساداتنى ئۆلتۈرگەن گۇرۇھ، مەككىدىكى مەسچىتكە ھۇجۇم قىلغان گۇرۇھ، شۇنداقلا مالايسىيادىكى دەۋەت گۇرۇھلىرى يەرلىكلەر بىلەن بولغان

تۇقۇنۇشتىن كېيىن ئىز-دېرەكسىز غايىب بولدى»[36]. ئىز-دېرەكسىز غايىب بولۇش 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋام قىلغان نوقۇل ئىنكارچىلىق سىياسىتىنىڭ تەقدىرىنى خۇلاسىلىدى. تويىنبىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئەسەبىيلىك ئىشەنچلىك ئاقىلانە يول ئەمەس.

***كامالىزم.*** غەربكە بولغان ئېھتىماللىقى ئىككىنچى خىل ئىنكاس، تويىنبى ئېيتقان ھېرودىئانىزم (Herodianism). يەنى زامانىۋىلىشىش ۋە غەربلىشىشكە قۇچاق ئېچىش. بۇ ئىنكاس تۆۋەندىكى قاراش ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ: زامانىۋىلىشىش ھەم زۆرۈرىيەت، ھەم تەقەززالىق. يەرلىك ھەزارەت زامانىۋىلىشىش بىلەن سىغىشالمايدۇ، چوقۇم ئۇنى چۆرۈۋېتىش ۋە يوقىتىش كېرەك. مۇۋەپپەقىيەتلىك زامانىۋىلىشىش ئۈچۈن، چوقۇم پۈتۈنلەي غەربلىشىش كېرەك، زامانىۋىلىشىش ۋە غەربلىشىش بىر-بىرىنى كۈچەيتىدۇ ھەم بىرگە ماڭىدۇ. بۇ ئۇسۇل 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بەزى ياپونىيە ۋە جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ پىكىرلىرىدە تېخىمۇ تېپىكلەشكەن. ئۇلار زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جەمئىيىتى چوقۇم ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى تىلىدىن ۋاز كېچىشى، ئىنگلىز تىلىنى دۆلەت تىلى قىلىپ قوللىنىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنىڭ غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىدىكى سەرخىللار ئارىسىغا قارىغاندا، غەرب سەرخىللىرى ئارىسىدا بەكرەك مودا بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇ بىزگە: «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەيدىكەنسەن، چوقۇم بىزگە ئوخشاش بولۇشۇڭ كېرەك، بىزنىڭ ئۇسۇلىمىز — بىردىنبىر ئۇسۇل» دەيدىغان ئۇچۇرنى يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭ نەزەرىيىۋى دەلىلى شۇكى: «بۇ غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ دىنىي قىممەت قارىشى، ئەخلاق قۇرۇلۇشى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ھېچبولمىغاندىمۇ، سانائەتچىلىك قىممەت قارىشى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن زىتلىشىدۇ، بەزىدە دۈشمەنلىشىدۇ». شۇڭا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات تۇرمۇش ۋە جەمئىيەتنى تۈپتىن، ئۆزلۈملۈك رەۋىشتە قايتا قۇرۇشنى ھەم بۇ مەدەنىيەتلەردىكى كىشىلەر

چۈشەنگىنىدەك، ھاياتلىقنىڭ ئەينى مەنىسىنى قايتا چۈشەندۈرۈش»نى تەلەپ قىلىدۇ[37]. پايپىس ئىسلام دىنىنى تىلغا ئالغاندا مۇشۇنداق بىر قاراشنى روشەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

*جەمئىيەتنىڭ بىنورمال ھالىتىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلا تاللاش يولى بار، چۈنكى زامانىۋىلىشىش غەربلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ... ئىسلامدا زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئۇسۇل بولمىدى... ئەلمانىيەدىنمۇ ساقلانغىلى بولمايدۇ، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى ئۆزىگە ئەگىشىپ كېلىدىغان (ھەمراھ) ئىدىيە جەريانىنىمۇ قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ سىياسىي تۈزۈلمىمۇ شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. مەزمۇندىن ئۆرنەك ئېلىش شەكىلدىن ئۆرنەك ئېلىش مۇقەررەر يۇقىرى ئورۇندا تۇرغاچقا، چوقۇم غەرب مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. ياۋروپا تىللىرى ۋە غەرب مائارىپىنىڭ تەسىرىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، گەرچە غەرب مائارىپى ئەركىن پىكىر قىلىش ۋە خالىغانچە ياشاشنى تەشەببۇس قىلىسىمۇ، پەقەت مۇسۇلمانلار غەرب ئەندىزىسىنى قوبۇل قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلار تېخنىكىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. شۇندىلا ئۇلار ئاندىن تەرەققىي قىلالىشى مۇمكىن[38].*

پايپىس بۇلارنى يېزىشتىن 60 يىل بۇرۇن ئاتا تۈرك مۇستاپا كامال مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر خۇلاسە چىقارغان ھەم ئوسمان ئىمپېرىيىسى خارابىسىدە بىر يېڭى تۈركىيىنى قۇرغان ھەم ئۇنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، غەربلەشتۈرۈش ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدى. مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ھەم ئۆزىنىڭ ئىسلام تارىخىنى چۆرۈۋەتكەن چاغدا، مۇستاپا كامال تۈركىيىنى دىن، مىراس، ئۆرپ-ئادەت، تۈزۈلمە جەھەتتە ئىسلامىي جەمئىيەتكە ئايلاندۇرغان، ئەمما ئۇنىڭ ھۆكۈمران سەرخىللىرى تۈركىيىنى زامانىۋى، غەربچە ھەم غەرب بىلەن بىردەك بولۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان بىر ئارىسالدى دۆلەت* كە ئايلاندۇرۇپ

* ئارىسالدى دۆلەت، يەنى ئىنگلىزچىدا «torn country»، خەنزۇچىدا «无所适从的国家»، بۇ ئۆزىنىڭ

قويدى. 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرى بەزى دۆلەتلەر كامالىزمچە يول تۇتتى ھەم غەربچە سالاھىيەتنى غەيرىي غەربچە سالاھىيەتنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولدى. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى 6- بابتا تەھلىل قىلىنىدۇ.

***ئىسلاھاتچىلىق.*** رەت قىلىش بىر جەمئىيەتنى بارغانسېرى كىچىكلەۋاتقان ھازىرقى زامان دۇنياسىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ قويىدىغان ئۈمىدسىز بىر ئىش. نەچچە ئەسىر داۋاملاشقان ھەزارەتنى ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ھەزارەتنى پۈتۈنلەي يېڭىچە ھەزارەت ئەكىرىپ، دەسسىتىشتەك كامالىزم بولسا بىر قىيىن ۋە ئازابلىق ئىش. ئۈچىنچى خىل تاللاش بولسا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى يەرلىك ھەزارەتنىڭ ئاساسلىق قىممەت، ئەمەلىيەت، تۈزۈملىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتۇر. چۈشىنىشكە بولىدۇكى، غەيرىي غەرب سەرخىللىرى ئىچىدە بۇ خىل ئۇسۇل ئەڭ ئومۇملاشقان. جۇڭگودا چىڭ خانىدانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە كىشىلەر «جۇڭگو بىلىمىنى ئاساس قىلىش، غەرب بىلىمىدىن پايدىلىنىش» دەيدىغان شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ياپونىيىدە «ياپونىيە روھى، غەرب تېخنىكىسى» دەيدىغان شوئارلار پەيدا بولغان. 19- ئەسىرلەرنىڭ 30- يىللىرىدىكى مىسىردا مۇھەممەد ئەلى «ھەزارەتنى ھەددىدىن زىيادە غەربلەشتۈرۋەتمەيدىغان تېخنىكا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى سىناق قىلىپ باققان». ئەمما، بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. نەتىجىدە ئەلى «مىسىر تەقدىرىنىڭ ھەزارىتىنى غەربلەشتۈرمىگەن، تېخنىكىسىنى زامانىۋىلاشتۇرغان ياپونىيىنىڭ ۋە ياكى ھەزارىتىنى غەربلەشتۈرۈش ئارقىلىق زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان تۈركىيىنىڭ تەقدىرى ئەمەسلىكى»نى تونۇپ يەتتى[69]. ئەمما، 19- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جامالىددىن ئافغانى، مۇھەممەد ئابدۇ ۋە باشقا ئىسلاھاتچىلار يېڭى سىناقلار ئارقىلىق ئىسلام دىنى بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ ئارىلىقىنى


---

قايسى مەدەنىيەتكە تەۋەلىكىنى بېكىتىشتە ئىككىلىنىپ قالغان، ئۆزى باشقا مەدەنىيەتتە، ئەمما ھاكىمىيىتى باشقا مەدەنىيەت بىلەن سالاھىيەتلەنمەكچى بولغان، ھەم شۇنداق قىلغان دۆلەتلەر.

تەڭشەمەكچى بولدى ھەم «ئىسلام دىنى بىلەن ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنلىرى ۋە غەرب ئىدىيىسىنىڭ جەۋھەرلىرىنىڭ سىغىشالايدىغانلىقى»نى دەلىللىدى ھەمدە «بىر ھازىرقى زامان ئىدىيىسى ۋە تۈزۈلمىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، مەيلى پەن-تېخنىكا تۈزۈمى ياكى سىياسىي تۈزۈلمە — (ئاساسىي قانۇنچىلىق ۋە ۋەكىللەر تۈزۈمى) بولسۇن، بىر ئىسلامىي نەزەرىيىۋى ئاساس» يارىتىپ بەردى. بۇ دائىرىسى كەڭ ئىسلاھاتچىلىق كامالىزمغا مايىل. ئۇ زامانىۋىلىقنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، غەربنىڭ تۈزۈلمىسىنىمۇ قوبۇل قىلدى. بۇ خىل ئىسلاھاتچىلىق 19- ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىدىن 20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىغىچە بولغان جەريانىدا مۇسۇلمانلار سەرخىللىرىنىڭ غەرب ئەۋزەللىكىگە قايتۇرغان ئاساسلىق ئىنكاسى بولدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئاۋۋال كامالىزمنىڭ، كېيىن ئەسلىيەتچىلىك تۈسىنى ئالغان تېخىمۇ ئەشەددىي ئىسلاھاتچىلىقنىڭ خىرىسىغا ئۇچرىدى.

رەت قىلىش، كامالىزم ۋە ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىلىرىنىڭ نېمىلەرنىڭ مۇمكىن، نېمىلەرنى قوبۇل قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدىكى جاۋابلىرى ئوخشاشمىغان قاراشلار ئۈستىگە قۇرۇلغان. رەت قىلىشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، زامانىۋىلىشىشنىمۇ، غەربلىشىشنىمۇ قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، بۇ ھەر ئىككىسىنى رەت قىلىش مۇمكىن. كامالىزمغا نىسبەتەن زامانىۋىلىشىشنىمۇ، غەربلىشىشنىمۇ قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدۇ. شۇڭا، ھەر ئىككىلىسى مۇمكىنچىلىككە ئىگە. ئىسلاھاتچىلارغا نىسبەتەن زامانىۋىلىشىشنى ماھىيەت جەھەتتە غەربلىشىپ كەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا قوبۇل قىلىش مۇمكىنچىلىكىمۇ بولىدۇ. ئەمما، غەربلىشىشنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، كامالىزم ۋە بىلەن ئىنكارچىلىق زامانىۋىلىشىش ۋە غەربلىشىشنى قوبۇل قىلىش مەسىلىسىدە، كامالىزم بىلەن ئىسلاھاتچىلىق غەربلەشمىگەن شەرت ئاستىدا زامانىۋىلاشقىلى بولامدۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلىدە توقۇنۇشۇپ قالىدۇ.

3.1 رەسىم، ئۈچ خىل ھەرىكەت يولىنى بىلدۈرىدۇ. ئىنكارچىلىق A نۇقتىدا توختاپ قېلىشى، كامالىزم بولسا بۇلۇڭ سىزىقىنى بويلاپ B نۇقتىغا يۆتكىلىشى، ئىسلاھاتچىلىق بولسا ئېھتىمال تەكشى ھالەتتە C نۇقتىغا قاراپ مېڭىشى مۇمكىن. ئەمما، جەمئىيەت ئەمەلىيەتتە قايسى يولنى بويلاپ ئىلگىرىلەيدۇ؟ روشەنكى، غەيرىي غەرب جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ يولىنى بويلاپ ئىلگىرىلەيدۇ، ھەتتا بۇلارنىڭ يولى بۇ ئۈچ خىل يولغا زور دەرىجىدە ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. مازرۇئى ھەتتا مىسىر ۋە ئافرىقا «تېخنىكا زامانىۋىلىشىشى بولمىغان ھەزارەت غەربلىشىشىنىڭ ئازابى جەريانىدا D نۇقتىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ»، دەپ قارايدۇ. غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ غەرب جەمئىيىتىگە بولغان ئىنكاسىدا زامانىۋىلىشىش ۋە غەربلىشىشتىن ئىككىسىدىن بىرىنىڭ ئېلېمېنتلىرى بار، ئۇلار A نۇقتىدىن E نۇقتىغىچە بولغان ئەگرى سىزىقنى بويلاپ مېڭىشى مۇمكىن. باشتا غەربلىشىش بىلەن زامانىۋىلىشىش بىر-بىرى بىلەن زىچ باغلانغان، غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرى غەرب ھەزارىتىنىڭ نۇرغۇن ئامىللىرىنى قوبۇل قىلغان، زامانىۋىلىشىش سۈرئىتىمۇ ئاستا بولغان. ۋەھالەنكى، زامانىۋىلىشىشنىڭ قەدىمى تېزلەشكەندە، غەربلىشىشنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلىدى، يەرلىك ھەزارەت قايتا گۈللەندى. شۇنىڭ بىلەن يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن زامانىۋىلاشتۇرۇش غەرب جەمئىيەتلىرى بىلەن غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرى ئارىسىدىكى ھەزارەت تەڭپۇڭلۇقىنى ئۆزگەرتىپ، يەرلىك ھەزارەت ئېتىقادىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.





3.1 رەسىم. غەربنىڭ تەسىرىگە بولغان ئوخشاشمىغان ئىنكاس.

شۇڭا، ئۆزگىرىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا غەربلىشىش زامانىۋىلىشىشنى ئىلگىرى سۈرگەن. كېيىنكى مەزگىللەردە زامانىۋىلىشىش ئىككى خىل شەكىلدە غەيرىي غەربلىشىش ۋە يەرلىك ھەزارەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. جەمئىيەت قاتلىمىدا زامانىۋىلىشىش جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي، ھەربىي، سىياسىي كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بۇ جەمئىيەت خەلقىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ساقلاشقا، مەدەنىيىتىنىڭ كېڭەيتكۈچىلىرى بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى. شەخس قاتلىمىدا ئەنئەنە ئارغامچىسى بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەندە، زامانىۋىلىشىش ياتلىشىش تۇيغۇسى ۋە بىنورماللىق تۇيغۇسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ھەم بۇنىڭغا زادى قايسى دىن جاۋاب بېرەلەيدۇ؟ دەيدىغان سالاھىيەت كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 3.2-جەدۋەلدىكى ئاددىي شەكىل بۇ ئۆزگىرىش جەريانىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ قاراشنىڭ ئاساسىدىكى ئەندىزىسى ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىلىرى ۋە تارىخىي تەجرىبىلەر بىلەن بىردەك. رېينىر بائۇم «ئۆزگەرمەسلىك ھەققىدىكى قىياسقا» ئالاقىدار تەمىنلەنگەن پاكىتلارنى كۆرۈپ چىقىپ مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: «كىشىلەرنىڭ ئەھمىيەتلىك نوپۇز ۋە ئەھمىيەتلىك شەخسىي مۇستەقىللىق ھەققىدىكى ئىزدىنىشى ھەرخىل ئۆزگىچە ھەزارەت ئەندىزىلىرى ئىچىدە يۈز بېرىدۇ. بۇ جەھەتلەردە ھەزارەت ھالقىغان، خۇسۇسىيىتى ئوخشاشلىشىۋاتقان دۇنياغا قاراپ ئىلگىرىلەش جەريانىدىكى ئۆز ئارا ئوخشىشىپ قېلىش مەۋجۇت بولمايدۇ. ئەكسىچە، تەرەققىياتنىڭ تارىخىي باسقۇچلىرى ۋە زامانىۋىلىقنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا ئۆزگىچە شەكىلدە تەرەققىي قىلغان ئەندىزىلەرنىڭ ئۆزگەرمەسلىك خۇسۇسىيىتى مەۋجۇت ئىدى»[41]. خۇددى فروبېنىئۇس، سپېنگلېر، بوزمان ۋە باشقىلار تەپسىلىي شەرھلىگەندەك، نەزەرىيە ئارىيەتكە ئېلىش ئۆز ھەزارىتىنىڭ يادرولۇق ئامىللىرىنىڭ داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش ئۈچۈن باشقا

ھەزارەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن تاللاپ ئۆرنەك ئېلىشىنى، ئۇنى ماسلاشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى تەكىتلەيدۇ[42]. دۇنيادىكى بارلىق غەيرىي غەرب ھەزارەتلىرىنىڭ ھەممىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىلى ئاز دېگەندىمۇ 1000 يىل بولدى. خاتىرىلەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى باشقا مەدەنىيەتلەردىن ئۆرنەك ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۈچەيتكەن. ئالىملار مۇنداق قارايدۇ: جۇڭگونىڭ ھىندىستاندىن بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشى جۇڭگونىڭ «ھىندىلىشىپ» كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمىدى. جۇڭگونىڭ بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشى جۇڭگونىڭ مەقسىتى ۋە ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا، جۇڭگونىڭ ھەزارىتى يەنىلا جۇڭگوچە تۇرىۋەردى. جۇڭگولۇقلار ھازىرغىچە غەربلىكلەرنىڭ ئۇلارنى خرىستىئان دىنىغا بەيئەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقلىرىنى ئىزچىل ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىتىپ كەلمەكتە. ئەگەر كەلگۈسىدە جۇڭگو ھەقىقەتەن خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۆز ھەزارىتىنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرى بىلەن سىغىشالىغان ئەھۋال ئاستىدىلا، ئاندىن خرىستىئان دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى، ئۆزگەرتىلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئەرەبلەرمۇ ماھىيەتتە «مەنپەئەتپەرەس مەقسىتى ئۈچۈن» غەربنىڭ «گرېك مىراس»لىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، باھالايدۇ، پايدىلىنىدۇ. ئۇلار بەزى تاشقى شەكىل، تېخنىكىلاردىن ئۆرنەك ئېلىشقا ناھايىتى قىزىققاچقا، گرېك ئىدىيىلىرى ئىچىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي تۇتقۇسى بولغان قۇرئان كەرىمدىكى بىلىم، پرىنسىپلاردىن ئىبارەت «ھەقىقەت» بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدىغان ئامىللارنى قانداق ئىلغىۋېتىشنى بىلىدۇ[43]. ياپونىيىمۇ مۇشۇنداق ئەندىزىگە ئەگەشكەن. مىلادىيە 7- ئەسىردە ياپونىيە جۇڭگو ھەزارىتىنى قوبۇل قىلىپ، «ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي بېسىم بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇنى ئالىي مەدەنىيەت»كە ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە ئەسىر داۋامىدا، چوڭ قورۇقلۇقنىڭ تەسىرىدىن

نىسبەتەن ئامان قالغان مەزگىللەر (بۇ مەزگىللەردە ئۇلار ئىلگىرى ئالغان ئۆرنەكلىرىنى قايتا تاللىغان، پايدىلىقلىرىنى قوبۇل قىلغان) ۋە ئالاقىنى قايتا باشلاش ۋە ھەزارەتتىن ئۆرنەك ئېلىش مەزگىللىرى نۆۋەتلىشىپ ئالمىشىپ تۇرغان»[44]. مۇشۇ مەزگىللەردە ياپون ھەزارىتى يەنىلا ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاپ قالغان.




رەسىم 3.2 زامانىۋىلىشىش ۋە دىنىنىڭ گۈللىنىشى

كامالىزمنىڭ غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرى غەربلىشىش ئارقىلىق زامانىۋىلىشالايدۇ، دەيدىغان مۆتىدىل فورمىسى تېخىچە ئىسپاتلانمىدى. كامالىزم قارىشىنىڭ غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرى زامانىۋىلىشىش ئۈچۈن چوقۇم غەربلىشىشى كېرەك، دەيدىغان ئەسەبىي شەكلىمۇ بىر ئۇمۇمىيۈزلۈك تېما بولۇپ شەكىللەنمىدى. ئەمما، ئۇ مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى: غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرى ئىچىدە يەرلىك ھەزارەتلىرى زامانىۋىلىشىشقا زور توسالغۇ بولۇپ قالغان، زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەركۇر ھەزارەت چوقۇم غەرب ھەزارىتىگە ماھىيەت جەھەتتىن ئورۇن بوشىتىشى زۆرۈر بولۇپ قالغان جەمئىيەتلەر بارمۇ، يوق؟ نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ۋاستە ھەزارەتكە ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك ھەزارەتكە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. ۋاستە ھەزارەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇ «ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئارىلىق نىشان بولۇپ، ئۇلار ئاخىرقى نىشاندىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل تۇرىدۇ». بۇ سىستېمىلار «خۇددى كونا بوتۇلكىغا يېڭى ھاراق قاچىلىغاندەك، ئوڭايلا ئۆز-ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ... بۇنداق سىستېمىلار ئۆزلىرىنىڭ تۈپكى ئىجتىمائىي تۈزۈلمىلىرىنى ئۆزگەرتمەستىن، يېڭىلاپ تۇرىدۇ. ئىنقىراق دېگەندە، يېڭىلاش ئەبەدىيلىك ئۈچۈن

خىزمەت قىلىدۇ». مەڭگۈلۈك سىستېمىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى «ئارىلىق نىشان ۋە ئاخىرقى نىشان زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ... جەمئىيەت، دۆلەت، نوپۇز... دېگەنلەر مىڭبىر مۇشەققەتتە تىكلەنگەن، يۈكسەك بىرلىككە كەلگەن سىستېمىنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دىن بىلىش يېتەكچىسى بولۇپ، ھەممە يەردە مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنداق سىستېمىلار ئىزچىل يېڭىلىنىشقا قارشى تۇرىدۇ»[45]. ئاپتور بۇ كاتېگورىيىلەرنى ئافرىقا قەبىلىلىرىدىكى ئۆزگىرىشنى تەھلىل قىلىشتا ئىشلىتىدۇ، ئېسىندانتىمۇ ئاپتورنىڭكىگە ئوخشىشىدىغان ئۇسۇلدا بەزى بۈيۈك ئاسىيا مەدەنىيەتلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭكىگە ئوخشاش خۇلاسە چىقىرىدۇ: «جەمئىيەت، ھەزارەت، سىياسىي تۈزۈلمىدە ئۆزىگە خوجا بولۇش ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىچكى ئۆزگىرىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ»[46]. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ۋاسىتە خاراكتېرى كۈچلۈكرەك ياپونىيە، ھىندىستان جەمئىيەتلىرى كۆڭزى، ئىسلام جەمئىيىتىدىن تېزرەك زامانىۋىلىشىشقا كىرەلىدى. ئۇلار غەربنىڭ تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇت ھەزارىتىنى قوغداش ئىقتىدارى يۇقىرى. بۇ جۇڭگو جەمئىيىتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى چوقۇم ئوخشاش ۋاقىتتا زامانىۋىلىشىش ۋە غەربلىشىشتىن ۋاز كېچىشى ياكى بىرلا ۋاقىتتا ھەر ئىككىلىسىنى قوبۇل قىلىشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرەمدۇ، يوق؟ تاللاش مۇشۇنىڭدىلا چەكلىنىپ قالماسلىقى مۇمكىن. ياپونىيىدىن باشقا سىنگاپور، تەيۋەن، سەئۇدى ئەرەبىستان، مەلۇم جەھەتتە ئىرانمۇ زامانىۋى جەمئىيەتكە ئايلاندى. ئەمما، غەربلىشىپ كەتمىدى، ئىران پادىشاھى ھەقىقەتەنمۇ كامالىزم يولىغا ماڭماقچى بولۇپ، زامانىۋىلىشىش ۋە غەربلەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما، بۇ زامانىۋىلىققا ئەمەس، بەلكى غەربكە قارشى كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان. جۇڭگو روشەنكى ئىسلاھاتچىلىق يولىغا ماڭدى.

ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىدا ئىزچىل قىيىنچىلىق مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. پايپىسنىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرى ئۇنىڭ غەربلىشىش زامانىۋىلىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەيدىغان

قارىشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ: ئىسلام دىنى بىلەن ئىقتىسادىي ئىشلار (مەسىلەن، پايدا، پەرھىز تۇتۇش (يېمەكلىكلەردىن)، مىراس قانۇنى، ئاياللارنىڭ خىزمەتكە قاتنىشىشى دېگەندەك) جەھەتتىكى زامانىۋىلىق ئۆز ئارا تېپىشىدۇ، ئەمما ئۇ ماكسىن رودىنسوننىڭ سۆزىنى قوشۇلغان ئاساستا نەقىل ئالىدۇ: «ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى زامانىۋى كاپىتالىزم يولىغا مېڭىشتا توسۇپ قويغانلىقى ھەققىدە كىشىنى قايىل قىلغۇدەك ھېچقانداق ئىسپات يوق». ئۇ يەنە ئىقتىسادتىن باشقا يەنە نۇرغۇن جەھەتلەردە:

> *ئىسلام دىنى ۋە زامانىۋىلىشىش ئۆز ئارا توقۇنۇشمايدۇ. تەقۋادار مۇسۇلمانلار ئىلىم-پەن تەتقىقاتى ئېلىپ بارالايدۇ، زاۋۇتلاردا ئۈنۈملۈك ئىشلىيەلەيدۇ ياكى ئىلغار قوراللاردىن پايدىلىنالايدۇ، زامانىۋىلىشىش بىر سىياسىي ئىدېئولوگىيە ياكى بىر يۈرۈش تۈزۈلمىنى تەلەپ قىلمايدۇ. چۈنكى، سايلام، دۆلەت چېگراسى، شەھەر ئاھالىلىرى بىرلەشمىسى، شۇنداقلا غەرب تۇرمۇشىنىڭ باشقا بەلگىلىرى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن چوقۇم بولمىسا بولمايدىغان نەرسە ئەمەس. ئىسلام دىنى بىر ئەقىدە بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقۇرۇش مەسلىھەتچىلىرى ۋە دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئوخشاشلا قاندۇرالايدۇ، شەرىئەت زامانىۋىلىشىشقا ئەگىشىپ كەلگەن دېھقانچىلىقتىن سانائەتكە ئۆتۈش، يېزىدىن شەھەرگە كۆچۈش ياكى ئىجتىمائىي تۇرغۇنلۇقتىن ئىجتىمائىي ئېقىشىشقا ئۆتۈش ۋە ياكى ئاممىۋى مائارىپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك خەۋەرلىشىش، يېڭىچە قاتناش قوراللىرى، داۋالاش دېگەنلەرگە قارىتا قارشى پىكىردە بولغىنى ھەم ئۆلارغا ھۇجۇم قىلغىنىمۇ يوق. [47]*

ئوخشاشلا غەربلىشىشكە قارشى يەرلىك ھەرىكەتنى قوللىغۇچى ئەسەبىيلەرمۇ ئېلېكترونلۇق ئالاقە، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور دېگەندەك زامانىۋى تېخنىكىلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى رەت قىلمايدۇ.

قىسقىسى، زامانىۋىلىشىش چوقۇم غەربلىشىش دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ، غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىمۇ ئۆز ھەزارىتىدىن ۋاز

كەچمەي، پۈتۈنلەي غەربنىڭ قىممەت، تۈزۈلمە ئەمەلىيىتىنى قوبۇل قىلمايمۇ زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ ھەم ئاشۇردى. غەربلىشىش ھەقىقەتەن مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، غەيرىي غەرب ھەزارىتى زامانىۋىلىشىشقا قانچىلىك تۇسالغۇ پەيدا قىلمىسۇن، بۇ تۇسالغۇلار غەيرىي غەرب ھەزارەتلىرىنىڭ غەربلىشىشكە نىسبەتەن پەيدا قىلغان تۇسالغۇلىرىغا قارىغاندا ھېچقانچە گەپ ئەمەس. خۇددى برودېل ئېيتقاندەك، زامانىۋىلىشىش ياكى «يەككە» مەدەنىيەتنىڭ غەلىبىسى نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان دۇنيادىكى ھەر قايسى بۈيۈك مەدەنىيەتلەردىكى تارىخىي ھەزارەتتە گەۋدىلىنىدىغان كۆپ مەنبەچىلىكنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەيدىغان قاراش تولىمۇ «سەبىيلەرچە»[48]. ئەكسىچە، زامانىۋىلىشىش ئۇ ھەزارەتلەرنى كۈچەيتتى ھەم غەربنىڭ نىسپىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى. دۇنيا تۈپتىن ئۆزگىرىپ تېخىمۇ زامانىۋىلىشىۋاتىدۇ، ئەمما ناھايىتى ئاز غەربلىشىۋاتىدۇ.

# II بۆلۇم ئۆزگىرىۋاتقان مەدەنىيەتلەر مۇۋازىنىتى

## تۆتىنچى باب
## غەربنىڭ ئاجىزلىشىشى: كۈچ، مەدەنىيەت ۋە يەرلىكلىشىش

### غەربنىڭ كۈچى: ھۆكۈمرانلىق ۋە ئاجىزلىشىش

باشقا مەدەنىيەتلەرگە نىسبەتەن غەربنىڭ كۈچى ئىككى خىل شەكىلدە ئايان بولىدۇ: بىرىنچى خىل شەكىلدە غەرب ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، غالىب ھەم پۈتۈنلەي دېگۈدەك ھۆكۈمران ئورۇندا. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن غەربنىڭ بىردىنبىر ئەڭ كۈچلۈك رەقىبى يوقىلىپلا قالماي، دۇنيا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ نىشانى، مەنپەئىتى، خاھىشى بويىچە تەشكىللىنىشكە باشلىدى. بۇنىڭغا ياپونىيىمۇ پات-پات ھەسسە قوشتى. قېپقالغان بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت ئامېرىكا سىياسىي جەھەتتە ئەنگلىيە، فرانسىيە بىلەن، ئىقتىسادىي جەھەتتە گېرمانىيە، ياپونىيە بىلەن ھەل قىلغۇچ سىياسەت بەلگىلەيدىغان بولدى. غەرب باشقا مەدەنىيەت ۋە رايونلاردا ئورغۇن مەنپەئەتلەرگە، شۇنداقلا باشقا مەدەنىيەت، رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، بىخەتەرلىكىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان كۈچكە ئىگە بىردىنبىر مەدەنىيەت. باشقا مەدەنىيەتلەرگە تەۋە

جەمئىيەتلەر ھەمىشە ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىش، مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن غەربنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ. بىر يازغۇچى خۇلاسىلىگەندەك، غەرب:

- خەلقئارا پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىغا ئىگە ھەم ئۇنى تىزگىنلىيەلەيدۇ؛
- بارلىق قاتتىق ئوبوروتلارنى كونترول قىلغان؛
- دۇنيادىكى ئاساسلىق خېرىدار، ئىستېمالچى؛
- دۇنيادىكى پىششىقلانغان مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپ قىسمىنى تەمىنلەيدۇ؛
- خەلقئارا كاپىتال بازىرىغا ھۆكۈمران؛
- نۇرغۇن جەمئىيەتلەرگە خېلى زور دەرىجىدە يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىيالايدۇ؛
- كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ئارىلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە؛
- دېڭىز قاتنىشى لىنىيىسىنى كونترول قىلغان؛
- ئەڭ ئىلغار تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ؛
- تېخنىكا مائارىپىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا؛
- ئالەم ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسىنى كونترول قىلغان؛
- ئاۋىئاتسىيە سانائىتىنى كونترول قىلغان؛
- خەلقئارا خەۋەرلىشىش سىستېمىسىنى كونترول قىلغان؛
- يۇقىرى تېخنىكىلىق قورال-ياراغ سانائىتىنى كونترول قىلغان[1].

ئىككىنچى خىل شەكىل بىلەن بىرىنچى خىل شەكىل زور دەرىجىدە ئوخشاشمايدۇ. بۇ خىل شەكىلدە غەرب بولسا بىر ئاجىزلىشىۋاتقان مەدەنىيەت، باشقا مەدەنىيەتلەرگە نىسبەتەن غەربنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتلەردىكى كۈچى ئاجىزلاۋاتىدۇ. غەربنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدا ئېرىشكەن غەلىبىسى غەربنى كۈچەيتمەستىن، بەلكى خوراتتى. غەرب بارغانسېرى ئۆزىنىڭ ئىچكى مەسىلىلىرى ۋە ئېھتىياجىغا دىققەت قىلماقتا.

چۈنكى، ئۇ ئىقتىسادنىڭ ئىشىش سۈرئىتى ئاستىلاش، نوپۇس بىر ئىزدا توختاپ قېلىش، ئىشسىزلىق، غايەت زور ھۆكۈمەت قىزىل رەقىمى، كەسپىي ئەخلاقنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشى، ئامانەت نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى دېگەندەك مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەر (ئامېرىكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئىجتىمائىي يىمىرىلىش، زەھەرلىك چېكىملىك، جىنايەتنىڭ يامرىشى دېگەندەك مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. ئىقتىسادىي كۈچ شەرقىي ئاسىياغا يۆتكەلمەكتە. سىياسىي كۈچ، ھەربىي تەسىرمۇ شەرقىي ئاسىياغا يۈرۈشمەكتە. ھىندىستان ئىقتىساد سەكرىشىنىڭ قىرغىقىدىلا تۇرۇۋاتىدۇ. ئىسلام دۇنياسى غەربكە بارغانسېرى دۈشمەنلىك نەزىرىدە قارىماقتا. باشقا جەمئىيەتلەرنىڭ غەربنىڭ دىكتاتورىسىنى، ۋەز-نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلىش خاھىشىمۇ پارغا ئايلانماقتا. كىشىلەر 80- يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكىنىڭ ئاجىزلىشىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق كەسكىن تالاش-تارتىشنى باشلىۋەتتى. 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر تۈرلۈك كۆچلەر سېلىشتۇرما ئانالىزى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر يەكۈن چىقاردى:

*نۇرغۇن مۇھىم تەرەپلەردە ئۇنىڭ (ئامېرىكىنىڭ) نىسپىي كۈچى تېز سۈرئەتتە ئاجىزلاشماقتا. ئامېرىكىنىڭ نوقۇل ئىقتىسادىي كۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، ئۇنىڭ ئورنى ياپونىيىگە، ئاخىرىدا جۇڭگوغا نىسبەتەن تەۋرەپ قېلىشى مۇمكىن. ھەربىي ساھەدە ئامېرىكا ۋە نۇرغۇن زورىيىۋاتقان رايونلار كۈچى (ئىران، ھىندىستان، جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن) ئارىسىدىكى سېلىشتۇرمىدا تارازا مەركەزدىن قىرغاققا ئاغىدۇ. ئامېرىكىنىڭ بەزى تەشكىللەش كۈچى باشقا دۆلەتلەرگە يۆتكىلىدۇ ۋە دۆلەت ھالقىغان شىركەت دېگەندەك بەزىبىر كۈچلەر (بەزى يۇمشاق كۈچلەر) غەيرىي دۆلەت فۇنكسىيىلىرىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ* [2].

بۇ ئىككى قارىمۇقارشى تەسەۋۋۇردىن قايسىسى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى؟ جاۋاب شۇكى، ھەر ئىككىلىسى غەرب ھازىر مۇتلەق

ئۇستۇنلۇكتە ھەم 21- ئەسىرگە كىرگەندىمۇ كۈچ، تەسىر جەھەتتە يەنىلا بىرىنچىلىكنى ساقلايدۇ. ئەمما، مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى كۈچلەر مۇۋازىنىتىدە بەزى تەدرىجىي، رەھىمسىز، توپىكى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. غەربنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەرگە بولغان كۈچى ئاجىزلىماقتا. غەربنىڭ «باش»لىقلىق ئورنىنىڭ ئاجىزلىششىغا ئەگىشىپ، ئۇ يەنە نۇرغۇن كۈچىنى يوقىتىدۇ. قالغىنىمۇ رايون ئاساسىدا بىر نەچچە ئاساسلىق مەدەنىيەتكە ۋە ئۇنىڭ يادرولۇق دۆلەتلىرىگە تارقىلىپ كېتىدۇ، ئەڭ مۇھىم كۈچ زورىيىشى ئاسىيا مەدەنىيىتىدە كۆرۈلۈۋاتىدۇ ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. جۇڭگو يەر شارى خاراكتېرلىك تەسىر كۈچ جەھەتتە غەربكە خىرىس قىلالايدىغان دۆلەتكە ئايلىنىۋاتىدۇ. بۇ خىل مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى كۈچلەر يۆتكىلىشى غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ كونسايىن كۆتۈرۈلۈشى ۋە ئۆز مەدەنىيىتىنى كېڭەيتىپ، غەرب مەدەنىيىتىنى تاشلىۋېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ.

غەربنىڭ ئاجىزلىششى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچىدىن، بۇ بىر ئاستا جەريان. غەربنىڭ كۈچىيىشىگە 400 يىلچە ۋاقىت كەتكەن، ئاجىزلىششىغىمۇ بەلكىم شۇنچىلىك ۋاقىت كېتىش مۇمكىن. 80- يىللاردا مەشھۇر ئەنگلىيە ئالىمى ھېدلېي بۇل مۇنداق دېگەن: «ياۋروپانىڭ ياكى غەربنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنى كونترول قىلىشى 1900- يىللار ئەتراپىدا يۇقىرى پەللىگە يەتكەن»③. سپېنگلېر ئەسەرلىرىنىڭ بىرىنچى تومى نەشر قىلىنغان 1918- يىلدىن باشلاپ «غەربنىڭ ئاجىزلىششى» ئىزچىل 20- ئەسىر تارىخىنىڭ باش تېمىسى بولغان. ئاجىزلىشش جەريانى بۇ ئەسىرنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقىتلىرىدا ئىزچىل داۋاملاشتى. ئەمما، تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ سۈرئەت تېخىمۇ تېزلىشىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ كۈچىدىكى ئىقتىساد ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئېشىش كۆپىنچە S شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. باشتا ئاستا، ئۇنىڭدىن كېيىن جىددىي

تېزلىشىدۇ، ئارقىدىنلا تۆۋەنلەپ، ئاخىرىدا تۇرغۇنلىشىدۇ. دۆلەتنىڭ ئاجىزلىشىشىمۇ. خۇددى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش S شەكلىدە تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن. ئاۋۋال ئوتتۇرا ھال سۈرئەتتە، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرى سۈرئەتتە ئاجىزلىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا تۆۋەن نۇقتىغا چۈشىدۇ. غەربنىڭ ئاجىزلىشىشىمۇ بۇ جەرياننىڭ يەنىلا دەسلەپكى باسقۇچىدا، ئەمما كەلگۈسىدە چوقۇم ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئاجىزلىشىدىغان كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئىككىنچىدىن، ئاجىزلىشىش تۈز سىزىقلىق شەكلىدە بولمايدۇ. ئۇ تولىمۇ قانۇنىيەتسىز بولۇپ، بەزىدە توختاپ قالىدۇ، بەزىدە چېكىنىدۇ. غەربنىڭ ئاجىزلىقى ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ئۇ قايتىدىن ئۆزىنىڭ كۈچىدە چىڭ تۇرۇشى مۇمكىن. غەربنىڭ ئېچىۋېتىلگەن دېموكراتىك جەمئىيەتلىرى غايەت زور ئۆزىنى يېڭىلاش كۈچىگە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەرگە ئوخشاشمايدىغىنى، غەربنىڭ ئىككى ئاساسلىق كۈچ مەركىزى بار. بۇل دىققەت قىلغان غەربنىڭ 1900- يىللىرىدىكى ئاجىزلىشىشى غەربنىڭ ياۋروپا قىسمىنىڭ ئاجىزلىشىشى ئىدى. 1910- يىلىدىن 1945- يىلىغىچە ياۋروپادا ئۆزگىچە پايدىسىز بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ، ئۇ ئىچكى قىسمىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرگە چىرمىلىپ قالدى. ئەمما، 20- ئەسىرنىڭ 40- يىللىرى غەربتە ئامېرىكا باسقۇچى باشلاندى ھەم 1945- يىلى ئامېرىكا دۇنيانىڭ رەھبەرلىكىنى قىسقىلا مۇددەت قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئورنىنى 1918- يىلىدىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغىلى بولاتتى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى مۇستەملىكىسىزلىشىش ھەرىكەتلىرى ياۋروپانىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇردى. ئەمما، بۇلار يېڭى دۆلەت ھالقىغان جاھانگىرلىك بىلەن ئەنئەنىۋى مۇستەملىكە جاھانگىرلىكىنىڭ ئورنىنى ئالغان ئامېرىكىنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرالمىدى. ئەمما، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي كۈچى ئامېرىكا بىلەن

تەڭلىشـــەلەيتتى هـــەم ئامېرىكىنىـــڭ ئىقتىســـادىي كۆچىمـــۇ ياپونىيىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا تۆۋەن ئورۇندا تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئامېرىكا ئىقتىسادىي، ھەربىي كۆچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشتى. 1991- يىلى يەنە بىر مەشھۇر ئەنگلىيە ئالىمى باررى بۇزان «كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان رېئاللىق شۇكى، مەركەز مۇستەملىكىسىزلىشىشتىن بۇيانقى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ ھۆكۈمران ئورۇندا، قىرغاق بولسا تېخىمۇ بېقىندى ھالەتتە تۇرماقتا» دەپ كۆرسەتتى④. ۋەھالەنكى، بۇ خىل قاراشنىڭ توغرۇلۇقى مۇشۇ قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەربىي غەلىبىلەرنىڭ ئۇنتۇلۇشى بىلەن خىرەلىشىپ كەتتى.

ئۈچىنچى، كۆچ بىر ئادەم ياكى توپنىڭ يەنە بىر ئادەم ياكى توپنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. ھەرىكەت ئادەتتە يېتەكلەش، مەجبۇرلاش ياكى ھەيدەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق ئۆزگىرىدۇ. بۇ كۆچ يوشۇرۇن كۆچىنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي، تۈزۈم، نوپۇس، سىياسىي، تېخنىكا، ئىجتىمائىي ۋە باشقا جەھەتلەردىكى كۆچ مەنبەسىگە موھتاج. بىر دۆلەت ياكى گۇرۇھنىڭ كۆچى ئادەتتە ئۇ ئىدارە قىلىۋاتقان مەنبەلەر بىلەن ئۇلار ئۆزى تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان باشقا دۆلەت ۋە گۇرۇھلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى مەنبەلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق مۆلچەرلىنىدۇ. غەربنىڭ كۆپ قىسىم مۇھىم كۆچ (ھەممىسى ئەمەس) مەنبەلىرىگە بولغان ئىگىدارچىلىقى 20- ئەسىردە يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا مەدەنىيەتلەرگە نىسبەتەن تۆۋەنلەشكە باشلىدى.

***تېررىتورىيە ۋە نوپۇس.*** 1490- يىلى غەرب جەمئىيىتى بالقاندىن باشقا ئاساسەن دېگۈدەك پۈتكۈل ياۋروپا يېرىم ئارىلىنى، يەنى 52 مىليون 500 مىڭ كۋادرات ئىنگلىز چاقىرىم يەر شارى قۇرۇقلۇقىنىڭ (ئانتاركتىكادىن باشقا) تەخمىنەن بىر مىليون 500 مىڭ ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان زېمىنىنى كونترول قىلدى. 1920- يىلى غەربنىڭ تېررىتورىيىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپ غەرب

يەر شارى قۇرۇقلۇقىنىڭ 25 مىليون 500 مىڭ كۇۋادرات ئىنگلىز چاقىرىم زېمىنىنى بىۋاسىتە كونترول قىلدى. 1993- يىلىغىچە غەرب كونترول قىلغان تېررىتورىيىنىڭ يېرىمى كېمىيىپ 12 مىليون 700 مىڭ كۇۋادرات ئىنگلىز چاقىرىمغا چۈشۈپ قالدى. غەربنىڭ تېررىتورىيىسى ياۋروپانىڭ ئەسلىي مەركىزىي رايونلىرىدىن باشقا، يەنە شىمالىي ئامېرىكىلىق، ئاۋستىرالىيىلىك، يېڭى زېللاندىيىلىك كۆچمەنلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا قايتتى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرما بولغىنى مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تېررىتورىيىسى 1920- يىلدىكى 1 مىليون 800 مىڭ كۇۋادرات ئىنگلىز چاقىرىمدىن 1993- يىلدىكى 11 مىليون كۇۋادرات ئىنگلىز چاقىرىمغا كېڭەيدى. بۇنداق ئۆزگىرىش نوپۇسنى كونترول قىلىش جەھەتتىمۇ يۈز بەردى. 1900- يىلى غەرب نوپۇسى دۇنيا نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 30% تىنى ئىگىلەيتتى، غەرب ھۆكۈمىتى بولسا دۇنيا نوپۇسىنىڭ 45%گە ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى، 1920- يىلى 48% كە يەتتى. 1993- يىلى بىر نەچچە كىچىك مۇستەملىكە قالدۇقلىرىدىن باشقا (شياڭگاڭ دېگەندەك)، غەرب ھۆكۈمىتى غەربلىكلەرگىلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولدى. غەربلىكلەر دۇنيا نوپۇسىنىڭ 13% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. كېلەر ئەسىردە بۇ نىسبەت 11% كە، 2025- يىلى 10%كە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن[5]. 1993- يىلى غەربنىڭ جەمئىي نوپۇسى جۇڭگو، ئىسلام، ھىندى مەدەنىيەتلىرى نوپۇسىدىن كېيىنكى 4- ئورۇندا تۇرغان.

4.1- جەدۋەل: ھەرقايسى مەدەنىيەتلەر كونتروللۇقىدىكى تېررىتورىيە (1990—1993)

| يىل \ مەدەنىيەتلەر | غەرب | ئافرىقا | جۇڭخۇا | ھىندى | ئىسلام | ياپون | لاتىن | پراۋوسلاۋىيە | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1900 | 2029 | 16·4 | 431·7 | 5·4 | 359·2 | 16·1 | 772·1 | 873·3 | 746·8 |
| 1920 | 2544·7 | 40 | 391·3 | 5·4 | 181·1 | 26·1 | 809·8 | 1025·8 | 225·8 |
| 1971 | 1200·6 | 463·6 | 393·6 | 131·6 | 918·3 | 1412 | 783·3 | 1034·6 | 230·2 |
| 1993 | 1271·1 | 568·2 | 392·3 | 127·9 | 1105·4 | 14·5 | 781·9 | 716·6 | 271·8 |

بىرلىكى: كۇۋادرات كىلومېتىر

ئىگىلىگەن نىسبىتى

| مەدەنىيەتلەر / يىل | غەرب | ئافرىقا | جۇڭخۇا | هىندى | ئىسلام | ياپون | لاتىن | پراۋوسلاۋىيە | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1900 | 38·7 | 0·3 | 8·2 | 0·1 | 6·8 | 0·3 | 14·7 | 16·6 | 14·3 |
| 1920 | 48·5 | 0·8 | 7·5 | 0·1 | 3·5 | 0·5 | 15·4 | 19·5 | 4·3 |
| 1971 | 24·4 | 8·8 | 7·5 | 2·5 | 17·5 | 0·3 | 14·9 | 19·7 | 4·4 |
| 1993 | 24·2 | 10·8 | 7·5 | 2·4 | 21·1 | 0·3 | 14·9 | 13·3 | 5·2 |

ئەسكەرتىش: بۇ شۇ ۋاقىتتىكى دۆلەت چېگراسىغا ئاساسەن ھېسابلانغان.
مەنبە: «سىياسىئونلار يىلنامىسى» (نىيويورك: سىپىنت مارتىن نەشرىياتى، 1901 — 1927)؛ «دۇنيا كىتابلار ئاتلىسى» (چىكاگو: ساھە كارخانىلىرى ساھەلىرى مائارىپ شىركىتى، 1970- يىلى)؛ «بىرتانىيە يىلنامىسى» (چىكاگو: بۈيۈك بىرتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى نەشرىيات شىركىتى 1994- يىلى)

4·2 جەدۋەل. دۇنيادىكى ئاساسلىق مەدەنىيەتلەرگە تەۋە دۆلەتلەرنىڭ نوپۇسى (بىرلىكى 10 مىڭ) (1993- يىلى)

| | | | |
|---|---|---|---|
| جۇڭخۇا مەدەنىيىتى | 134,090 | لاتىن ئامېرىكىسى | 50·750 |
| ئىسلام مەدەنىيىتى | 92,760 | ئافرىقا مەدەنىيىتى | 39·120 |
| هىندى مەدەنىيىتى | 91·580 | پراۋوسلاۋىيە مەدەنىيىتى | 26·130 |
| غەرب مەدەنىيىتى | 80·540 | ياپونىيە مەدەنىيىتى | 12·470 |

مەنبە: بىرتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىدىن، «1994- يىللىق يىلنامە» (چىكاگو: بىرتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى نەشرىيات شىركىتى 1994 – يىلى، 764 — 769 - بەتلەر)

4·3 جەدۋەل: مەدەنىيەتلەرنىڭ سىياسىي كونتروللۇقىدىكى دۇنيا نوپۇسى 1900 — 2025 (پىرسەنت)

| مەدەنىيەتلەر / يىل | دۇنيادىكى جەمئىيسى* | غەرب | ئافرىقا | جۇڭخۇا | هىندى | ئىسلام | ياپون | لاتىن | پراۋوسلاۋىيە | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1900 | 1·6 | 44·3 | 0·4 | 19·3 | 0·3 | 4·2 | 3·5 | 3·2 | 8·5 | 16·3 |
| 1920 | 1·9 | 48·1 | 0·7 | 17·3 | 0·3 | 2·4 | 4·1 | 4·6 | 13·9 | 8·6 |
| 1971 | 3·7 | 14·4 | 5·6 | 22·8 | 15·2 | 13·0 | 2·8 | 8·4 | 10·0 | 5·5 |
| 1990 | 5·3 | 14·7 | 8·2 | 24·3 | 16·3 | 13·4 | 2·3 | 9·2 | 6·5 | 5·1 |
| 1995 | 5·8 | 13·1 | 9·5 | 24·0 | 16·4 | 15·9+ | 2·2 | 9·3 | 6·1≠ | 3·5 |
| 2010 | 7·2 | 11·5 | 11·7 | 22·3 | 17·1 | 17·9+ | 1·8 | 10·3 | 5·4≠ | 2·0 |
| 2025 | 8·5 | 10·1 | 14·4 | 21·0 | 16·9 | 19·2+ | 1·5 | 9·2 | 4·9≠ | 2·8 |

ئىزاھ: شۇ ۋاقىتتىكى دۆلەت چېگرىلىرىغا ئاساسلىنىپ ھېسابلاندى. 1995 — 2025 كىچە بولغان ھېسابتا 1994- يىلىدىكى چېگرا ئاساس قىلىندى.
* دۇنيا نوپۇسى 100 مىليون بىرلىك قىلىپ ھېسابلاندى.

≠ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسى، گرۇزىيە ۋە يۇگوسلاۋىيىنىڭ نوپۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەنبە: ب د ت نوپۇس مەھكىمىسى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۇچۇرلار ۋە سىياسەت ئانالىز تارمىقى: «دۇنيا نوپۇسى ھەققىدە پەرەز، 1992- يىلى تۈزىتىلگەن نەشرى» (نيويورك: ب د ت، 1993- يىلى)؛ «سىياسەتئونلار يىلنامىسى» (نيويورك: سېينت مارتىن نەشرىياتى، 1901 — 1927)؛ (دۇنيا يىلنامىسى ۋە ۋەقەلەر خاتىرىسى) (نيويورك: خەۋەر نەشرىياتى، 1970 — 1993).

سان جەھەتتە، غەرب نوپۇسىنىڭ سانى دۇنيا نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئىزچىدە تۆردە ئازلاۋاتىدۇ. سۈپەت جەھەتتە، غەربلىكلەر ۋە باشقىلار ئارىسىدىكى نىسبەتتىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بەرمەكتە. غەيرىي غەرب جەمئىيەت كىشىلىرى تېخىمۇ ساغلاملاشماقتا، تېخىمۇ شەھەرلەشمەكتە، ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە، تېخىمۇ ياخشى مائارىپتا تەربىيىلەنمەكتە. مۇشۇ ئەسىر (20- ئەسىر)نىڭ 90- يىللىرىنىڭ باشلىرىغىچە لاتىن ئامېرىكىسى، ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرق ، جەنۇبىي ئاسىيا، شەرقىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيالاردا بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 30 يىل ئاۋۋالقى 2/3 دىن 1/2 بولدى. بۇ رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك يۇقىرىلىدى، بولۇپمۇ ئافرىقىدا 11 يىل، شەرقىي ئاسىيادا 23 يىل يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ كۆپىنچە قىسمىدا ئاران 1/3 گىمۇ يەتمەيدىغان ئوتتۇرا ياشلىقلار ساۋاتلىق ئىدى. 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئافرىقا دۆلەتلىرىدىن باشقا دېگۈدەك بارلىق دۆلەتلەر نوپۇسىنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى يېرىم ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 50% ھىندىستانلىق ۋە 75% جۇڭگولۇق خەت ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان بولدى. 1970- يىلى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر نوپۇسىنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر نوپۇسىنىڭ 41%گە توغرا كەلدى. 1992- يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 71% بولدى. 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا

ئافرىقىدىن باشقا جايلاردىكى ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيىسى ئالدى. ئەڭ مۇھىمى 60- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاسىيا، لاتىن ئامېرىكىسى، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقىدىكى 1/3گە يەتمەيدىغان ئوقۇش يېشىدىكىلەر ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىسى ئالغان بولسا، 90-يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئافرىقىدىن باشقا جايلاردىكى ئوقۇش يېشىدىكى 50% ئادەم ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىسى ئالدى. 1960- يىلى شەھەر ئاھالىسى تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەر نوپۇسىنىڭ 1/4 نىمۇ ئىگىلىمەيتتى. ئەمما، 1960- يىلدىن 1992- يىلىغىچە شەھەر ئاھالىسى ئىگىلىگەن نىسبەت لاتىن ئامېرىكىسىدا 49%تىن 73% كە، ئەرەب دۆلەتلىرىدە 34% تىن 55% كە، ئافرىقىدا 14%تىن 29%كە، جۇڭگودا 18%تىن 27%كە؛ ھىندىستاندا 19%تىن 26%كە يەتتى.

4.4 جەدۋەل: ھەر قايسى مەدەنىيەت ياكى دۆلەتلەرنىڭ دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە تۇتقان ئورنى (دۇنيا ئومۇمىي مىقدارى = 100%)

| يىل / دۆلەت | 1750 | 1800 | 1830 | 1860 | 1880 | 1900 | 1913 | 1928 | 1938 | 1953 | 1963 | 1913 | 1980 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| غەرب | 18·2 | 23·3 | 31·1 | 53·7 | 68·8 | 77·4 | 81·6 | 84·2 | 78·6 | 74·5 | 65·4 | 61·2 | 57·8 |
| جۇڭگو | 32·8 | 33·3 | 29·8 | 19·7 | 12·5 | 6·2 | 3·4 | 3·4 | 3·1 | 3·5 | 3·5 | 3·9 | 5·0 |
| ياپونىيە | 3·8 | 3·5 | 2·8 | 2·6 | 2·4 | 2·4 | 2·7 | 3·3 | 5·2 | 2·9 | 5·1 | 8·8 | 9·1 |
| ھىندىستان/پاكىستان | 24·5 | 19·7 | 17·6 | 8·6 | 2·8 | 1·7 | 1·4 | 1·9 | 2·4 | 1·7 | 1·8 | 2·1 | 2·3 |
| *سوۋېت / روسىيە | 5·0 | 5·6 | 3·6 | 7·0 | 7·6 | 8·8 | 8·2 | 5·3 | 9·0 | 16·1 | 20·9 | 20·1 | 21·1 |
| برازىلىيە بىلەن مېكسىكا | - | - | - | 0·8 | 0·6 | 0·7 | 0·8 | 0·8 | 0·8 | 0·9 | 1·2 | 1·6 | 2·2 |
| باشقىلار | 15·7 | 14·6 | 13·1 | 7·6 | 5·3 | 2·8 | 1·7 | 1·1 | 0·9 | 1·6 | 2·1 | 2·3 | 2·5 |

*سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىدىكى دۆلەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەنبە: پاۋىل بايروك: «1750- يىلدىن 1980- يىلغىچە بولغان خەلقئارانىڭ سانائەتلىشىش دەرىجىسى»، «ياۋروپا ئىقتىساد تارىخى ژۇرنىلى»، 1982- يىللىق كۈزلۈك سانى (11-سان)، 219 — 334 بەتلەر.

ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى، مائارىپ، شەھەرلىشىش جەھەتلەردىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر ئىقتىدارىمۇ، ئارزۇلىرىمۇ كۈچەيگەن بىر تۈركۈم جەمئىيەت تەرىپىدىن ھەرىكەتلەندۈرۈلگەن نوپۇسنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلار سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشالايدۇ، لېكىن ساۋاتسىزلار بۇنداق قىلالمايدۇ، ھەرىكەتلەندۈرۈلگەن جەمئىيەت تېخىمۇ كۈچلۈك، جۇشقۇن بولىدۇ. 1953- يىلى ئىراندا ئاران 15% ئادەم ساۋاتلىق ئىدى. شەھەر ئاھالىسىمۇ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 17%تىنى تەشكىل قىلاتتى. روزۋېلت ۋە ئاز ساندىكى ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ جاسۇسلىرى بىر قېتىملىق توپىلاڭنى ئوڭايلا باستۇرۇپ، ئىران پادىشاھىنى قايتا تەختكە چىقاردى. ئەمما، 1979- يىلىغا كەلگەندە، 50% ئىرانلىق ساۋاتلىق بولۇپ، 47%ى شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقاندا، ئامېرىكىنىڭ كۈچلۈك ھەربىي كۈچىمۇ ئىران پادىشاھىنىڭ شاھلىق ئورنىنى ساقلاپ قالالمىدى. روشەن بىر چوڭقۇر ھاڭ جۇڭگولۇقلار، ھىندىلار، ئەرەبلەر، ئافرىقىلىقلارنى ياپونلار، رۇسلار، غەربلىكلەردىن ئايرىپ تۇرىدۇ. ئەمما، بۇ ھاڭ تېزلىكتە تارىيىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر ھاڭ پەيدا بولىدى. غەربلىكلەر، ياپونىيىلىكلەر، روسىيىلىكلەرنىڭ يېشى ئاساسەن تۇراقلىشىپ قالدى. نوپۇسنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان دەم ئېلىشقا چىققانلار ئىشلەپ چىقارغۇچىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ يۈكى بولسا كۆپ ساندىكى باللاردۇر، باللار كەلگۈسىدىكى ئىشچىلار ۋە ئەسكەرلەردۇر.

**ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى.** غەربنىڭ يەر شارى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىگىلەيدىغان نىسبىتى 20- ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىدا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولسا كېرەك. ئەمما، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. 1750- يىلى جۇڭگو دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 1/3نى، ھىندىستان 1/4نى ئىگىلىگەن، غەرب بولسا 1/5نىمۇ

ئىگىلىيەلىگەنىدى. غەرب 1830- يىلىغا كەلگەندە جۇڭگودىن ئازراق ئېشىپ كەتتى. كېيىن نەچچە ئون يىل ئىچىدە خۇددى پاۋىل بايروك كۆرسەتكەندەك غەربنىڭ سانائەتلىشىشى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىنىڭ سانائەتسىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1913- يىلى غەربىي غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى تەخمىنەن 1800- يىلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 2/3 قىسمىلا توغرا كەلدى. 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، غەرب ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئېشىپ، 1928- يىلىغا كەلگەندە ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپ، دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 84.2%نى ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى يۇقىرى بولماسلىق ۋە سانائەتلىشىش دەرىجىسى تۆۋەن دۆلەتلەرنىڭ 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ تېز ئېشىشى سەۋەبىدىن، غەربنىڭ دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەنلەشكە باشلىدى. 1980- يىلىغا كەلگەندە، غەرب يەر شارى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 57.8%نى ئىگىلىدى. بۇ ئاساسەن غەربنىڭ 120 يىل ئاۋۋالقى، يەنى 19- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرى دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىگە باراۋەر كېلىدۇ⑦.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئاۋۋالقى ئىقتىسادىي ئومۇمىي قىممەت ھەققىدە ئىشەنچلىك سانلىق مەلۇمات تاپقىلى بولمايدۇ. ئەمما، 1950- يىلى غەرب دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 64%نى ئىگىلىگەنىدى، 80- يىللىرىغا كەلگەندە بولسا 49%كە چۈشۈپ قالدى (4.5 جەدۋەلگە قاراڭ). مۆلچەرلىنىشچە، 2013- يىلىغا بارغاندا غەرب دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ ئاران % 30نى ئىگىلەيدىكەن. 1991- يىلىدىكى باشقا بىر تورلۇك مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، دۇنيادىكى ئىقتىسادىي كۈچى ئەڭ زور يەتتە دۆلەتنىڭ تۆتى ياپونىيە (ئىككىنچى ئورۇندا)، جۇڭگو (ئۈچىنچى ئورۇندا)، روسىيە (ئالتىنچى

ئورۇندا)، ھىندىستان (يەتتىنچى ئورۇندا)قاتارلىق غەيرىي غەرب دۆلەتلىرى ئىكەن. 1992- يىلى ئامېرىكا دۇنيادىكى بىرىنچى ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەت ئىدى، ئون چوڭ ئىقتىسادىي دۆلەتنىڭ بەشى غەرب دۆلىتى، قالغان بەشى بەش بولسا جۇڭگو، ياپونىيە، ھىندىستان، روسىيە، برازىلىيە قاتارلىق مەدەنىيەتتىكى باشلامچى دۆلەتلەر ئىدى. بەزى توغرا قىياسلارغا ئاساسلانغاندا، 2020- يىلىغا بارغاندا ئىقتىسادتا كۆچلۈك ئالدىنقى ئورۇندىكى دۆلەتلەر بەش مەدەنىيەتكە تەۋە دۆلەتلەر بولۇپ، ئالدىنقى ئون دۆلەتنىڭ ئاران ئۈچى غەرب دۆلىتى. ئەلۋەتتە، غەربنىڭ نىسپىي ئاجىزلىشىشى زور دەرىجىدە شەرقىي ئاسىيانىڭ كۆتۈرۈلۈش سەۋەبىدىن بولىدۇ.

4.5 جەدۋەل: ھەر قايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە نىسبىتى (1950 — 1992) (بىرلىكى پىرسەنت)

| يىل / مەدەنىيەتلەر | غەرب | ئافرىقا | جۇڭخۇا | ھىندى | ئىسلام | ياپون | لاتىن | *پراۋوسلاۋىيە | +باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 64·1 | 0·2 | 3·3 | 3·8 | 2·9 | 3·1 | 5·6 | 16·0 | 1·0 |
| 1970 | 53·4 | 1·7 | 4·8 | 3·0 | 4·6 | 7·8 | 5·2 | 17·4 | 1·1 |
| 1980 | 48·6 | 2·0 | 6·4 | 2·7 | 6·3 | 8·5 | 7·7 | 16·4 | 1·4 |
| 1992 | 48·9 | 2·1 | 10·0 | 3·5 | 11·0 | 8·0 | 8·3 | 6·2 | 2·0 |

*1992- يىلدىكى پراۋوسلاۋىيە دىنى مەدەنىيىتى ھەققىدىكى مۆلچەر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يۇگوسلاۋىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

+ «باشقىلار» باشقا مەدەنىيەتلەرنى ۋە بەزى قۇلاقنى كېسىپ بۇرۇننى ياماشتەك ھەرىكەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان خاتالىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەنبە: 1950-، 1970-، 1980- يىلىدىكى پىرسەنتنى خېرىبېرت بىلوك ئۆزگەرمەس ئامېرىكا دوللىرىنىڭ باھاسىغا ئاساسەن ھېسابلاپ چىققان. قاراڭ: «1980- يىللىق پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي قىممىتى: ئىجادىي توختاش» (ۋاشىنگتون ئالاھىدە رايونى: ئامېرىكا گوۋۇيۈەنى ئاممىۋى ئىشلار ئىدارىسى، 1980- يىلى)، (30-، 45 - بەتلەر)· 1992- يىلدىكى پىرسەنت «1994- يىللىق دۇنيا تەرەققىيات دوكلاتى» ئىچىدىكى دۇنيا بانكىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ھەققىدىكى 30- قىياس جەدۋىلىگە ئاساسەن ھېسابلانغان (نيويورك: ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994- يىلى).

ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى غەربنىڭ سۈپەت ئەۋزەللىكىنى قىسمەن دەرىجىدە خىرەلەشتۈرۈپ قويىدى. غەرب ۋە ياپونىيە ئاساسەن بارلىق ئىلغار تېخنىكىنى مونوپول قىلىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما تېخنىكا يەنىلا تارقىلىۋاتىدۇ. ئەگەر غەرب ئەۋزەللىكىنى ساقلاپ قالىمەن دەيدىكەن، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن تېخنىكا تارقىلىشنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشى كېرەك. ئەمما غەرب ياسىغان بىر-بىرىگە باغلىنىپ كەتكەن بۇ دۇنيادا تېخنىكىنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەرگە كېڭىيىپ كېتىشىنى ئاستىلىتىش قىيىنلىشىپ كەتتى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى يەككە، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان، ھەممە ئېتىراپ قىلغان تەھدىت مەۋجۇت بولمىغاچقا ھەم تېخنىكىنى كونترول قىلىش تەدبىرلىرىنىڭ ئۈنۈمى چەكلىك بولغاچقا، ئەھۋال تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى.

قارىماققا تارىخنىڭ كۆپىنچە مەزگىللىرىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئەڭ كۈچلۈكتەك كۆرۈنىدۇ. 20- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تېخنىكىنىڭ كېڭىيىشى ۋە غەيرىي غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تارىختىكى ۋەزىيەتنى قايتا روياپقا چىقىرىۋاتىدۇ. بۇ بىر ئاستا جەريان بولسىمۇ، ئەمما 21- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن بولمىغاندىمۇ، 21- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، دۇنيا ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى تارقىلىش ئەھۋالى 1800- يىلىدىكى ئەھۋالغا ئوخشىشىپ كېتىشى ئېھتىمالغا يېقىن. شۇ چاغدا غەربنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا بولغان 200 يىللىق «مونوپول»لىقىمۇ ئاخىرلىشىدۇ.

***ھەربىي ئىقتىدار.*** ھەربىي ئىقتىدار تۆت جەھەتتىكى ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: سان، ئەسكىرىي كۈچ، قورال-ئۈسكۈنە، بايلىق مەنبەسى. تېخنىكا — قورال-ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ۋە ئىلغارلىقىنى؛ تەشكىللىچانلىق — ئۇيۇشۇش كۈچىنى، ئىنتىزامچانلىق — مەشىق ۋە ئارمىيىنىڭ جاسارىتى، شۇنداقلا قوماندانلىق ۋە كونترول قىلىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۈنۈملۈكلىكىنى، ئىجتىمائىيلىق — جەمئىيەتنىڭ

ئارمىيىنى ئۆنۈملۈك ئىشلىتىش ئىقتىدارى ۋە ئارزۇسىنى كۆرسىتىدۇ. 20- يىللاردا غەرب بۇ جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ناھايىتى ئالدىدا ئىدى. كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە غەربنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەرگە بولغان ھەربىي كۈچى ئاجىزلىدى، بۇ خىل ئاجىزلاش ھەربىيلەر سېلىشتۇرمىسىدىكى ئۆزگىرىشتە ئىپادىلەندى. گەرچە بۇ ھەربىي ئىقتىدارنى ئۆلچەشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆلچىمى بولمىسىمۇ، يەنىلا ئۆلچەملەرنىڭ بىرى. زامانىۋىلىشىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستىكىنى ئويغاتتى ھەم بۇنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى، بۇنداق قىلمىغان دۆلەتلەر ناھايىتى ئاز. 30- يىللاردا ياپونىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ناھايىتى كۈچلۈك ئارمىيە قۇرغانىدى. بۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىپادىلەندى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىككى ئارمىيىنىڭ بىرىگە ئىگە ئىدى. ھازىر غەرب دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە زور مىقداردا دائىمىي ھەربىي كۈچ تۇرغۇزۇش ئىقتىدارنى مونوپول قىلىۋالدى، غەرب ئىقتىدارنى داۋاملىق ساقلاپ قالالامدۇ، يوق؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. ئەمما، بۇنىڭغا يەنىلا غەرب ئۇ ئىقتىدارنى داۋاملىق ساقلاپ قالالايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىش كېرەك. چۈنكى، كەلگۈسىدىكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە بىرەر غەيرىي غەرب دۆلىتى ياكى دۆلەتلەر گۇرۇھلىرى غەربنىڭكىگە ئوخشاش ئىقتىدارغا ئىگە بولالمايدۇ.

4.6 جەدۋەل: ھەر قايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ دۇنيا ھەربىي خادىملار سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (پىرسەنت)

| يىل \ مەدەنىيەتلەر | دۇنيادىكى جەمئىيسى | غەرب | ئافرىقا | جۇڭخۇا | ھىندى | ئىسلام | ياپون | لاتىن | پراۋوسلاۋىيە | باشقىلار+ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1900 | 1,008.6 | 43.7 | 1.6 | 10.0 | 0.4 | 16.7 | 1.8 | 9.4 | 16.6 | 0.1 |
| 1920 | 864.5 | 48.7 | 3.8 | 17.4 | 0.4 | 3.6 | 2.9 | 10.2 | 12.8* | 0.5 |
| 1970 | 3399.1 | 26.8 | 2.1 | 24.7 | 6.6 | 10.4 | 0.3 | 4.0 | 25.1 | 2.3 |
| 1996 | 2,579.7 | 21.1 | 3.4 | 25.7 | 4.8 | 20.0 | 1.0 | 6.3 | 14.3 | 3.5 |

ئىزاھ: شۇ يىلدىكى دۆلەت چېگراسى ئاساسىدا ھېسابلاندى.

دۇنيا بويىچە قوراللىق قىسىم ئومۇمىي خادىملىرىنى سانىنى ھېسابلاشتا

(ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان) 10 مىڭ بىرلىك قىلىندى.
* بۇنىڭ ئىچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ ئادەم سانى م . گ ماكىنتوش 1924- يىلى تەخمىنەن ھېسابلانغان. خ . د لىدېل خارت: «قىزىل ئارمىيە: 1918 — 1945- يىلىدىكى قىزىل ئارمىيە ۋە 1946- يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان قىزىل ئارمىيە» دېگەن كىتابىدىن. (نيۇيورك: خاركورت برېيس، 1956- يىلى).
مەنبە: ئامېرىكا ھەربىي ھازىرلىقلارنى تىزگىنلەش، ئارمىيە قىسقارتىش مەھكىمىسى: «دۇنيا ھەربىي خىراجىتى ۋە قورال ئۆتۈنۈپ بېرىش» (ۋاشىنگتون كولۇمبىيە رايونى: مەركىزۇر مەھكىمە، 1971 — 1994)؛ «سىياسىئونلار يىلنامىسى» (نيويورك: سىپېنت مارتىن نەشرىياتى، 1901 — 1927- يىلىغىچە).

ئومۇمەن، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۈزۈلۈشىدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە يەر شارىنىڭ ھەربىي ئىقتىدار جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىگە تۆۋەندىكى بەش خىل يۈزلىنىش يېتەكچىلىك قىلدى:

بىرىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقى قوراللىق قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن تېزلا يوقالدى. روسىيىدىن باشقا ئوكرائىنالا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، مۇھىم ھەربىي ئىقتىدارغا ۋارىسلىق قىلالىدى. روسىيە ئارمىيىسى كۆلەم جەھەتتە زور دەرىجىدە كىچىكلەپ كەتتى ھەم ئوتتۇرا ياۋروپا، بالتىق دېڭىز بويىدىكى دۆلەتلەردىن چېكىنىپ چىقتى. ۋارشاۋا تەشكىلاتى تارقىلىپ كەتتى. ئامېرىكىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىگە خىرىس قىلىش نىشانىدىن ۋاز كېچىلدى. ھەربىي ئەسلىھەلەر يا بىر تەرەپ قىلىنىپ، يا خالىغانچە بۇزۇۋېتىلىپ، ئىشلەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. دۆلەت مۇداپىئە خام چوتى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ، ئەسكەر-ئوفىتسېرلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك جاسارىتى سۇندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا روسىيە ئارمىيىسى ئۆزىنىڭ بۇرچى ۋە تەلىماتلىرىنى قايتا بەلگىلەپ، روسىيىلىكلەرنى قوغداش ۋە يېقىن رايونلاردىكى توقۇنۇشلاردا ئوينايدىغان رولى ئۈچۈن قايتا قۇرۇلۇش ئېلىپ باردى.

ئىككىنچى، روسىيە ھەربىي ئىقتىدارىنىڭ جىددىي ئاجىزلىششى غەربنىڭ ھەربىي خىراجەت چىقىمىنىڭ ئازىيىشى،

ئەسكەر كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇش ھۆكۈمىتى (چوڭ بۇش) ۋە كلىنتون ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانى بويىچە، ئامېرىكىنىڭ ھەربىي خىراجىتى 35% ئازىيىدىكەن، يەنى 1990- يىلدىكى 342 مىليارد 300مىليون دوللار (1994- يىلدىكى ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قىممىتى بويىچە) 1998- يىلغىچە ئازىيىپ 223 مىليارد 300 مىليون دوللارغا قالىدىكەن. شۇ يىلدىكى (1998-يىلى) ھەربىي قۇرۇلما سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان ۋاقىتتىكى ھەربىي قۇرۇلمىنىڭ يىرىمىدىن 2/3 قىسمىغىچە قالىدىكەن. ئارمىيىنىڭ سانى 2 مىليون 100 مىڭدىن 1 مىليون 400 مىڭغا ئازىيىدىكەن. نۇرغۇن مۇھىم قورال-ياراغ تەتقىقات تۈرلىرى ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە قالدۇرۇلۇۋاتىدۇ. 1985- يىلدىن 1995- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاساسلىق قوراللارنىڭ يىللىق سېتىۋېلىش مىقدارى 29 پاراخوتتىن ئالتىگە، 943 ئايروپىلاندىن 127 گە، 720 تانكىدىن 0گە، ئىستراتېگىيىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا 45تىن 18گە قالغان. 80- يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيەمۇ دۆلەت مۇداپىئە قىسمى ۋە ھەربىي ئىقتىدار جەھەتتە قىسقارتىش ئېلىپ باردى. 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (مۆلچەرلىنىشىچە) گېرمانىيىنىڭ قوراللىق قىسىم ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 370 مىڭدىن 340 مىڭغا، ھەتتا 320 مىڭغا ئازىيىدىكەن. فرانسىيىنىڭ 1990- يىلدىكى 290 مىڭ ئەسكىرى ئازىيىپ، 1997- يىلغا بارغاندا 225 مىڭ ئادەمگە قالىدىكەن. ئەنگلىيىنىڭ 1985- يىلدىكى 377100 دىن 1993-يىلدىكى 274800غا ئازايدى. شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ياۋروپادىكى ئەزا دۆلەتلىرى ئەسكەرلەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى قىسقارتىش ھەم ئەسكەر قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ھەققىدە مۇزاكىرىلەشتى.

ئۈچىنچى، شەرقىي ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتى روسىيە ۋە غەربنىڭكىگە قەتئىي ئوخشاشمايدۇ. بۇ يەردە ھەربىي خىراجەتنى

كۆپەيتىش ۋە ئارمىيىنى ياخشىلاش كونتەرتىپكە كىرگۈزۈلگەن، بۇ جەھەتتە جۇڭگو ئۈلگە، باشقا شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىمۇ ئىقتىسادىي بايلىقىنىڭ ئېشىشى ۋە جۇڭگونىڭ ھەربىي تەييارلىقىنىڭ كېڭىيىشىنىڭ تۈرتكىسىدە، ھەربىي زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئارمىيىنى كېڭەيتىشنى باشلىدى. ياپونىيە ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئىلغار ھەربىي ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرۈۋاتىدۇ. تەيۋەن، تايلاند، مالايسىيا، سىنگاپور، ھىندونېزىيىلەر ئارمىيىگە بەس-بەستە مەبلەغ سېلىپ، روسىيە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىن ئايروپىلان، تانكا، پاراخوت سېتىۋالماقتا. شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى (شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى) نىڭ مۇداپىئە چىقىمى 1985- يىلىدىن 1993- يىلىغىچە تەخمىنەن 10% تۆۋەنلىدى (539 مىليارد 600 مىليون دوللاردىن 485 مىلياردقا چۈشتى، 1993- يىلىدىكى ئامېرىكا دوللىرىنىڭ ئۆزگەرمەس قىممىتى بويىچە)، دەل يەنە شۇ مەزگىلدە شەرقىي ئاسىيانىڭ ھەربىي خىراجىتى 50% ئېشىپ، 89 مىليارد 800 مىليون دوللاردىن 134 مىليارد 800 مىليون دوللارغا يەتتى[9].

تۆتىنچى، كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قورallarنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىي ئىقتىدار پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا كېڭىيىۋاتىدۇ. بەزى دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، قورال-ياراغ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى. مەسىلەن، 60- يىللاردىن 80- يىللارغىچە كۆرەش ئايروپىلانى ياسىيالايدىغان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت بىردىن سەككىزگە كۆپەيدى. ئىستراتېگىيىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياسايدىغان دۆلەت يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، يەتتىگە كۆپەيدى. تانكا ياسايدىغان دۆلەت بىردىن ئالتىگە، تىك ئۇچار ياسىيالايدىغان دۆلەتمۇ بىردىن ئالتىگە كۆپەيدى. 90- يىللاردىكى ئاساسلىق يۈزلىنىش قورال-ياراغ سانائىتىنىڭ يەرشارىلىشىشى بولدى. بۇ بەلكىم غەربنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى يەنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇشى مۇمكىن[10]. نۇرغۇن غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرى

(روسىيە، جوڭگو، ئىسرائىلىيە، ھىندىستان، پاكىستان بەلكىم شىمالىي چاۋشيەنمۇ بولۇشى مۇمكىن) يادرو قورالىغا ئىگە بولدى ياكى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىگە بولۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ (ئىران، ئىراق، لىۋىيە، ئالجىرىيىگىمۇ ئىگە بولۇشى مۇمكىن) ياكى زۆرۈر تېپىلغاندا تېز سۈرئەتتە يادرو قورالى ياساپ چىقالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ (ياپونىيە).

بەشىنچى، بۇ تەرەققىياتلار رايونلىشىشنى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيە ۋە ھەربىي كۈچىنىڭ ئاساسلىق يۆزلىنىشىگە ئايلاندۇردى. رايونلىشىش روسىيە ۋە غەربنىڭ ئارمىيە قىسقارتىشى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيە كۈچەيتىشى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلەپ بەردى. روسىيىنىڭ ئەمدى يەر شارى خاراكتېرلىك ھەربىي كۈچى قالمىدى. ئىستراتېگىيە ۋە ئەسكىرىي كۈچىنى قوشنا دۆلەتلەردىن مۇداپىئە كۆرۈشكە مەركەزلەشتۈردى. جوڭگو ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىسىنى ۋە ئارمىيىسىنى قايتا تەڭشەپ، مۇھىم نۇقتىنى يەرلىككە كۈچ ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە جوڭگونىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى مەنپەئىتىگە قويدى. ياۋروپا ئۆز چېگراسى ئەتراپىدىكى تىنچسىز ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ۋە غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقى ئارقىلىق ھەربىي تەڭشەش ئېلىپ باردى. ئامېرىكىمۇ ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىسىنى ئېنىق ھالدا يەر شارى مىقياسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى چەكلەش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن بىرلا ۋاقىتتا پارس قولتۇقى ۋە شەرقىي شىمالىي ئاسىيادا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان رايون خاراكتېرلىك جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا ئۆزگەرتتى. ۋەھالەنكى، ئامېرىكىنىڭ بۇنداق مەقسەتكە يېتەلەيدىغان ھەربىي ئىقتىدار ھازىرلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئامېرىكا ئىراقنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن پارس قولتۇقىغا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان 75% ئايروپىلانلىرىنى، 42% زامانىۋىلاشقان ئۇرۇش قىلىش تانكىلىرىنى، 46% ئاۋئاماتكىسىنى،

37% قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئەسكىرىنى، 46% دېڭىز ئارمىيە ئەسكىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. كەلگۈسىدە زور ھەجىمدە ھەربىي قىسقارتىش بولغاچقا، ئامېرىكىنىڭ غەربىي يېرىم شارىنىڭ سىرتىدىكى بەزى رايونلار ۋە كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى ناھايىتى مۈشكۈل. پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەربىي بىخەتەرلىكى بارغانسېرى يەر شارى كۈچ تەقسىماتى ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى ھەرقايسى رايونلار ئىچكى قىسمىدىكى كۈچ تەقسىماتى ۋە ھەر قايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ يادرولۇق دۆلەتلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە تاياناتتى.

قىسقىسى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا غەرب يەنىلا 21-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى نەچچە ئون يىلىدا ئەڭ كۈچلۈك مەدەنىيەت بولۇۋېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ بەلكىم پەن-تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرى، پەن-تەتقىقات، ئىجادىيەت ئىقتىدارى، خەلقئارا ۋە ھەربىي ئارمىيىگە كېرەكلىك تېخنىكىلارنى ئىگىلاش جەھەتتە يەنىلا ئەمەلىي ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇشى مۇمكىن. ئەمما، باشقا كۈچ مەنبەلىرى بارغانسېرى غەيرىي غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ يادرولۇق ۋە يېتەكچى دۆلەتلىرىنىڭ قولىغا ئۆتمەكتە. غەربنىڭ بۇ بايلىقلارغا بولغان كونتروللۇقى 20- يىللاردا يۇقىرى چەككە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن روشەن تۆۋەنلىدى. 21- ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىغا بارغاندا، يەنى 100 يىلدىن كېيىن غەرب دۇنيا تېررىتورىيىسىنىڭ 24%، (ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 49%كە يەتكەنىدى) دۇنيا نوپۇسىنىڭ 10%نى (ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 48% كە يەتكەنىدى)، ئىجتىمائىي سەپەرۋەرلىككە كەلگەن نوپۇسنىڭ 20% — 15%نى، دۇنيا ئىقتىسادىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 30%نى (ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 70% كە يەتكەنىدى)، ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 25% (84% ئىدى)، شۇنداقلا دۇنيا ئەسكىرىي كۈچىنىڭ 10% (ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 45% كە يەتكەنىدى)نى كونترول قىلىشى مۇمكىن.

1919- يىلى ۋودروۋ ۋىلسون، لويىد جورج ۋە جورجىس كىلىمىنكولار بىرلىكتە پۈتۈن دۇنيانى كونترول قىلغانىدى. ئۇلار پارىژدا ئولتۇرۇپ، قايسى دۆلەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى، قايسىسىنىڭ يوقىلىشىنى، قايسى يېڭى دۆلەتلەرنى پەيدا قىلىشنى، ئۇلارنىڭ چېگراسىنى قانداق سىزىشنى، ئۇلارغا كىمنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى، شۇنداقلا ئوتتۇرا شەرق ۋە دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىدا يەڭگۈچى دۆلەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى تەقسىماتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىيەلەيتتى. ئۇلار يەنە روسىيىگە ھەربىي جەھەتتە ئارىلىشىشنى قانداق ئېلىپ بېرىشنى، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە يول قويۇشىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈشنى قارار قىلىشالايتتى. 100 يىلدىن كېيىن بۇنداق ھوقۇق يۈرگۈزەلەيدىغان سىياسىئونلار گۇرۇھلىرى بولمايدۇ. ھەرقانداق گۇرۇھ بۇ ئۈچ غەرب دۆلىتىدىن تۈزۈلمەستىن، بەلكى دۇنيادىكى يەتتە ياكى سەككىز ئاساسلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ يادرولۇق دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ، ناكاسونى، ئىندىرا گەندى، يېلتسىن، خۇمەينى، سۇخارتولارنىڭ ۋارىسلىرى، رېگان، ساچىر خانىم، مىتران ۋە كوللارنىڭ ۋارىسلىرى بىلەن رىقابەتلىشىدۇ. غەرب جاھان سورايدىغان دەۋر ئاخىرلىشىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەربنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە باشقا كۈچ مەركەزلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشى يەر شارى خاراكتېرلىك يەرلىكلىشىش ۋە غەيرىي غەرب ھەزارەتلىرىنىڭ گۈللىنىش قەدىمىنى تېزلىتىۋاتىدۇ.

## يەرلىكلىشىش: غەيرىي غەرب ھەزارەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى

ھەزارەتنىڭ دۇنيا بويىچە تارقىلىش ئەھۋالى كۈچنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. سودا دۆلەت بايرىقىغا ئەگىشىشىمۇ، ئەگەشمەسلىكىمۇ مۇمكىن، ئەمما ھەزارەت ھەمىشە دېگۈدەك ھوقۇقنى قوغلىشىۋاتىدۇ. تارىختا ئومۇمەن بىرلا ۋاقىتتا

مەدەنىيەتنىڭ ھەمدە شۇ خىل مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ بۇ خىل كۆچى ئارقىلىق باشقا جەمئىيەتلەرگە ئۆزىنىڭ قىممىتى، ئەمەلىيىتى، تۈزۈلمىسىنى كېڭەيتكەن. بىر ھەممىباب مەدەنىيەت بىر ئۇنىۋېرسال كۆچكە موھتاج بولىدۇ. رۇمنىڭ كۆچى كلاسسىك دۇنيانىڭ چەكلىك دائىرىسىدە ئاساسەن دېگۈدەك بىر ھەممىباب مەدەنىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. 19- ئەسىردە مۇستەملىكچىلىك بىلەن ئىپادىلەنگەن ياۋروپانىڭ كۆچى ۋە 20- ئەسىردىكى ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىكى غەرب مەدەنىيىتىنى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا كېڭەيتتى. ھازىر ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىكى ئاللىبۇرۇن ئاخىرلاشتى. ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىكمۇ كۈنسايىن ئاجىزلىشىۋاتىدۇ، تارىختا يىلتىز تارتقان يەرلىك ئۆرپ-ئادەت، تىل، ئېتىقاد ۋە تۈزۈملەرنىڭ ئۆزىنى تەكىتلىشىگە ئەگىشىپ، غەرب ھەزارىتى يىگىلىمەكتە. زامانىۋىلىشىش ئېلىپ كەلگەن غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرى كۈچىنىڭ كۈنسايىن ئېشىشى غەيرىي غەرب ھەزارەتلىرىنىڭ پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا گۈللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ*.

جوسېف نەي دەلىللەپ مۇنداق دەيدۇ: ئىقتىساد ۋە ھەربىي كۈچنى ئاساس قىلغان قوماندانلىق ھوقۇقى — «قاتتىق كۈچ» بىلەن بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ ھەزارىتى ۋە ئىدېئولوگىيىسىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ئارقىلىق «باشقا دۆلەتلەرنىمۇ ئۆزى موھتاج بولغان نەرسىگە موھتاج قىلىدىغان» «يۇمشاق كۈچ» ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. خۇددى نەي كۆرۈپ يەتكەندەك، دۇنيادا ھازىر «قاتتىق كۈچ» كەڭ دائىرىدە تارقىلىۋاتىدۇ. ئاساسلىق دۆلەتلەر «ئىلگىرىكىدەك ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى كۈچ مەنبەلىرىگە تايىنىپ مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغان

* ھەممىباب مەدەنىيەت مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ ھەم چوقۇم مەيدانغا كېلىدۇ، شۇنداقلا غەربلىشىشنى زامانىۋىلىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ قارايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۆچ بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك سەل قارىدى. ئۇلار زاكسون-لوگىكىسىنىڭ غەربنىڭ دۇنياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېڭىيىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشىنى قوللايدىغانلىقىنى، مۇبادا باشقا جەمئىيەتلەر ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەشتە ئەركىن بولسا، ئۆزلىرىنىڭ كونا ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت، ئەمەلىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، بۇ ھەممىباب مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلىدىغانلارنىڭ نەزىرىدە ئىلگىرىلەشكە زىيانلىق. ۋەھالەنكى، ھەممىباب مەدەنىيەتنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان كىشىلەر، ئادەتتە ئۇنىۋېرسال ئىمپېرىيىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. (ئەسلىي كىتاب ئىزاھى).

بولدى»، نەي يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بىر دۆلەتنىڭ «مەدەنىيىتى ۋە ئىدىيولوگىيىسى جەلپكار بولسا، باشقا دۆلەتلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى تېخىمۇ خالايدۇ». شۇڭا، يۇمشاق كۈچمۇ «قاتتىق كۈچتەك ئوخشاشلا مۇھىم»[11]. ۋەھالەنكى، نېمە ھەزارەت ۋە ئىدىيولوگىيىنى جەلپكارلىققا ئىگە قىلالايدۇ؟ ئۇلار ماددىي غەلىبە ياكى تەسىرنى مەنبە قىلىدۇ، دەپ قارالغاندا، جەلپكار بولىدۇ. يۇمشاق كۈچ قاتتىق كۈچ ئۈستىگە قۇرۇلغاندىلا كۈچ بولالايدۇ. ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي قاتتىق كۈچنىڭ ئېشىشى ئىشەنچنى، مەغرۇرلۇق تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ، شۇنداقلا باشقا مىللەتلەرنىڭكىگە قارىغاندا ئۆز ھەزارىتى ۋە يۇمشاق كۈچىنىڭ تېخىمۇ ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ ھەم شۇ ئارقىلىق شۇ ھەزارەت ۋە ئىدىيولوگىيىنىڭ باشقا مىللەتلەرگە بولغان جەلپ قىلىش كۈچى زور دەرىجىدە كۈچىيىدۇ. ئىقتىسادىي، ھەربىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىششى ئۆزىدىن گۇمانلىنىش تۇيغۇسى ۋە سالاھىيەت كرىزىسى ھەمدە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچىنى باشقا ھەزارەتلەردىن ئىزدەشنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي، سىياسىي ئىقتىدارى ئاشقاندا، ئۇلار بارغانسېرى ئۆزلىرىنىڭ قىممىتى، تۈزۈلمىسى، ھەزارىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆككە كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ.

كوممۇنىزم ئىدىيولوگىيىسى 50 — 60 يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ھەربىي كۈچى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەر قايسى رايون خەلقلىرىنى جەلپ قىلغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى قامدىيالماي قالغاندا، بۇ خىل جەلپ قىلىش كۈچمۇ شۇنىڭ بىلەن بىرگە غايىب بولدى. غەربنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۈزۈلمىسىنىڭ باشقا ھەزارەت خەلقىنى ئۆزىگە قىزىقتۇرالىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار غەربنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۈزۈلمىسىنى غەربنىڭ كۈچى ۋە بايلىقىنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش

نەچچە ئەسىر داۋام قىلدى. خۇددى ۋىليام مىكنىيىل كۆرسەتكەندەك، 1000 - يىلدىن 1300- يىلغىچە خرىستىئان دىنى، رۇم قانۇنى ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ باشقا ئامىللىرى ۋېنگىرىيىلىكلەر، پولشىلىقلار، لىتۋالىقلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان، «غەرب ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھەربىي ئىقتىدارىغا بولغان ئەيمىنىش ۋە قايىللىق كىشىلەرنىڭ غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشىغا تۈرتكە بولغان»[12]. غەربنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، لىبېرالىزم، دېموكراتىيە قاتارلىق ئۇقۇملىرىنى باشقا مەدەنىيەتلەرگە تېڭىش ئىقتىدارى تۆۋەنلىدى. ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەرنى جەلپ قىلىش كۈچىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا ئاجىزلىدى.

بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيان، غەيرىي غەرب مىللەتلىرى غەرب جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي پاراۋانلىقى، ئىلغار تېخنىكىلىرى، ھەربىي كۈچى ۋە سىياسىي ئۇيۇشۇشچانلىقىدىن زوقلىنىپ كەلگەنىدى. ئۇلار غەربنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۈزۈلمىسىدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىزدەشكەن، شۇنداقلا مۇۋاپىق جاۋابقا ئېرىشكەندە ئۇنى ئۆز جەمئىيىتىدە ئىشلىتىپ باققانىدى. ئۇلار تېخىمۇ باي، كۈچلۈك بولۇش ئۈچۈن، غەربنى دوراشقا مەجبۇر بولغانىدى. ۋەھالەنكى، بۇ خىل كامالىزمچە پوزىتسىيە شەرقىي ئاسىيادا ئاللىقاچان يوقالدى. شەرقىي ئاسىيا ئۆز ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئۆزلىرىنىڭ غەرب ھەزارىتىنى كىرگۈزۈشكە باغلىماستىن، بەلكى ئۆز ھەزارىتىگە باغلىدى. ئۇلار دەلىللەپ: ئۆزلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىۋاتقانلىقىدىكى سەۋەب دەل ئۆزلىرىنىڭ غەربكە ئوخشاشمىغانلىقىدا، دېيىشتى. شۇنىڭغا ئوخشاش، غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرى ئۆزلىرىنى غەربكە سېلىشتۇرغاندا ئاجىز ھېس قىلسا، ئۆزلىرىنىڭ غەربنىڭ كونتروللۇقىغا بولغان قارشىلىقىنىڭ ھەققانىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇلار يەنىلا ئاپتونومىيە، لىبېرالىزم، دېموكراتىيە، مۇستەقىللىق دېگەندەك

غەربچە ئۇقۇملارغا ئاساسلاندى. ئۇلار ھازىر ئاجىز ئەمەس، بەلكى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئىلگىرى مەنپەئىتىنى قوغداشتا تايانغان قىممەت قاراشلىرىغا ئىككىلەنمەيلا ھۇجۇم قىلالايدۇ. غەربكە بولغان ئاسىيلىق ئەڭ باشتا غەرب قىممەت قاراشلىرىنىڭ ھەممىباپلىقىنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش بولسا، ھازىر غەيرىي غەرب قىممەتلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەكىتلەش ئارقىلىق ئىسپاتلاش بولدى.

بۇ پوزىتسىيەلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى رونالد دور ئېيتقان «ئىككىنچى ئەۋلاد يەرلىكلىشىش»نىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئىلگىرىكى غەربنىڭ مۇستەملىكىلىرى بولغان ياپونىيە، جۇڭگودەك مۇستەقىل دۆلەتلەردە «بىرىنچى بولۇپ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى يولغا قويغان تۇنجى كىشى ياكى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى ئەۋلادلار» چەت ئەل (غەرب) ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا، تۇنجى دۇنياۋى تىلدا تەربىيە قوبۇل قىلغان. ئۇلار تۇنجى قېتىم چەتكە چىققان ھەم ئاسان تەسىرگە ئۇچرايدىغان ياشلار، ئۆسمۈرلەر بولغاچقا، ئۇلار غەربنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تۈپتىن قوبۇل قىلغان. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئىككىنچى ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز دۆلىتىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد كىشىلەر قۇرغان ئۇنىۋېرسىتېتلاردا تەربىيىلەنگەن، دەرس ئۆتۈشتە مۇستەملىكچىلەرنىڭ تىلى ئەمەس، يەرلىك تىل قوللىنىلغان. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ «شەھەر مەدەنىيىتى ۋە دۇنيا مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئالاقىسى تېخىمۇ ئاجىز»، «بىلىم تەرجىمە ئارقىلىق يەرلىكلەشكەچكە، بۇ خىل بىلىملەرنىڭ دائىرىسىمۇ تار، سەۋىيىسىمۇ تۆۋەن بولغان». بۇ ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىلگىرىكى چاغلاردا غەرب تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىن رازى ئەمەس ئىدى، شۇڭا ھەمىشە «چەتكە قېقىش، قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ قوزغىتىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى»[13]. غەربنىڭ

تەسىرىنىڭ ئاجىزلىششىغا ئەگىشىپ، ياش، ئىرادىلىك رەھبەرلەر غەربنىڭ ئۆزلىرىنى كۆچ-بايلىق بىلەن تەمىنلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا قاراپ تۇرالمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيىتىدىن مۇۋەپپەقىيەت يولىنى ئىزدىشى كېرەك، شۇڭا ئۇلار چوقۇم ئۆز جەمئىيىتىنىڭ قىممەت قاراشلىرى ۋە ھەزارىتىگە ماسلىششى كېرەك.

يەرلىكلىشىشنى ئىككىنچى ئەۋلادنىڭ تاماملىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئىقتىدارلىق، ئۆتكۈر، ماسلىششچان بىرىنچى ئەۋلاد رەھبەرلەر ئۆز-ئۆزىنى يەرلىكلەشتۈرۈش ئېلىپ باردى. مۇھەممەد ئەلى جىنناھ، خارى لى (لىگۇئاگىياۋ — ئۇ.ت)، سولۇمون. باندارانائىكىلار ئوخشاش بىرخىل بولۇپ دەسلەپكى مىسالى. ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى، لىنكولىن ئادۋوكاتلىق ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. (جىنناھ لوندون لىنكولىن ئادۋوكاتلىق ئىنستىتۇتىنى، لى گۇاڭياۋ كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنى، باندارائىك ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى — خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن) ھەممىسى كۆزگە كۆرۈنگەن قانۇنشۇناسلار، ئۆز جەمئىيىتىدىكى ئۇزۇل-كېسىل غەربلەشكەن سەرخىللار. جىنناھ بىر قەتئىي ئەلمانىيچى، خارى لى (لى گۇاڭياۋ) بىر ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېت ئەزاسىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «سۈۋەيش قانىلىنىڭ شەرقىدىكى ئەڭ ياخشى قېرىنداش ئىنگلىز». باندارائىك كىچىكىدىن خىرىستىئان دىنى مۇرىتى. ۋەھالەنكى، ئۇلار دۆلىتىنى مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، يەرلىكلىشىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە قايتتى. ئۇلار بۇ جەرياندا، ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى، ئىسمىنى، كىيىملىرىنى، ئېتىقادىنى ئۆزگەرتتى. ئەنگلىيە ئادۋوكاتى، ئەلمانىيچى جىنناھ ئىسلام دىنىنى پاكىستاننىڭ دۆلەت ئاساسى قىلىشنىڭ قىزغىن تەشەببۇسچىسىغا ۋە پاكىستاننىڭ «ئۇلۇغ داھىيسى»غا

ئايلاندى. ئانگلولىشىپ كەتكەن* خارى لى خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇا سىنى ئۆگەندى ھەم تولىمۇ سۆزمەن كۇڭزى مەدەنىيىتى تەرغىباتچىسى ۋە لى گۇاڭياۋغا ئايلاندى. خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باندارالىك بۇددا دىنىغا بەيئەت قىلدى ھەم سىنخالىس مىللەتچىلىكىگە مۇراجىئەت قىلىدىغان بولدى.

80 — 90- يىللاردا يەرلىكلىشىش پۈتكۈل غەيرىي غەرب دۇنياسىنىڭ تەرەققىيات كونتېرتىپىگە ئايلاندى. ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى ۋە «قايتا ئىسلاملىشىش» مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ باش تېمىسى بولدى. ھىندىستاندا غەربنىڭ فورما ۋە قىممەت قاراشلىرىنى رەت قىلىش، سىياسىي ۋە جەمئىيەتنى «ھىندىلاشتۇرۇش» ئومۇمىيۈزلۈك يۈزلىنىش بولدى. شەرقىي ئاسىيادا بولسا، ھۆكۈمەت كۇڭزى تەلىماتلىرىنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ، سىياسىي ۋە ئىلىم ساھەسىنىڭ داھىيلىرى دۆلىتىنىڭ «ئاسىيالىشىش»ىنى مۇزاكىرە قىلىشماقتا. 80- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياپونىيە «ياپون ۋە ياپونلۇقلار نەزەرىيىسى»گە چۆكۈپ كەتتى. كېيىن ياپونىيىلىك مۇھىم بىر زىيالىي: «ياپونىيىنىڭ تارىختا مۇنداق بىر ئايلىنىشىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى، يەنى (ياپونىيىنىڭ) سىرتقى ھەزارەتنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى نۇسخىلاپ، ساپلاشتۇرۇپ، يەرلىكلەشتۈرگەندىن كېيىن سىرتتىن قوبۇل قىلغان ۋە ئىجادىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ خوراپ، ساقلانغىلى بولمايدىغان قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىپ، ئاخىرىدا يەنە تاشقى دۇنياغا نىسبەتەن ئىشىكنى ئېچىۋەتكەن»لىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھازىر ياپونىيە «بۇ جەرياننىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنى ئېلىپ بارماقتا»[14].

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، غەرب مەدەنىيىتى تەشەببۇسچىلىرى بىلەن سىلاۋيان ھەزارىتى تەشەببۇسچىلىرى ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى توقۇنۇشنىڭ قايتا يۈز

* ئانگلو-ساكسونلار — ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسى.

بېرىشىگە ئەگىشىپ، روسىيە قايتىدىن بىر «ئارىسالدى» دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئەمما، كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە رۇسچە ئۇسلۇب ۋە غەربچە ئېتىقادغا ئىگە يېلتسىن، غەربلەشكەن گورباچېفنىڭ ئورنىنى ئالغاندا، يۇزلىنىشمۇ ماس هالدا غەربلىشىشتىن سلاۋيانلىشىشقا ئۆزگەردى. ئەمما يېلتسىن يەنىلا پراۋوسلاۋىيە يەرلىكلەشتۈرۈشىنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرگەن رۇس مىللەتچىلىرىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى.

دېموكراتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت يەرلىكلىشىشنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرى سۈردى. غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ غەربنىڭ دېموكراتىيە تۈزۈملىرىنى قوللىنىشى يەرلىكچىلىك ۋە غەربكە قارشى سىياسىي هەرىكەتلەرگە ئىلهام بەردى ھەم ئۇلارنى كۈچكە ئېرىشتۈردى. 60- ۋە 70- يىللاردا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى غەربلەشكەن ۋە غەربپەرەس ھۆكۈمەتلەر سىياسىي ئۆزگىرىش ۋە ئىنقىلابنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. 80- ۋە 90- يىللاردا سايلامدا مەغلۇب بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. دېموكراتىيىلىشىش بىلەن غەربلىشىش توقۇنۇشۇپ قالدى. دېموكراتىيە ئەزەلدىن دۇنياۋىلاشقان ئەمەس، بەلكى رايونلاشقان جەرياندۇر. غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ سىياسىئونلىرى سايلام بېلەتكە ئۆزىنىڭ قانچىلىك غەربلىشىپ كەتكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق ئېرىشمىدى، ئەكسىچە سايلام رىقابىتى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي ئېتىقادىنى ئەڭ جەلپكار نەرسە دەپ تەشۋىق قىلىشقا تۈرتكە بولدى، بۇ ئېتىقادلار بولسا ئادەتتە ئىرقىي، مىللىي، دىنىي تۈسكە ئىگە ئىدى.

نەتىجىدە، ئامما سەپەرۋەرلىككە كېلىپ غەرب مائارىپىنى قوبۇل قىلغان ۋە غەربكە مايىل سەرخىللارغا قارشى تۇردى. ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىنىڭ مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى بىر قانچە قېتىملىق سايلامدا ئىپادىسى ياخشى بولدى. ئەگەر ئارمىيە بىكار قىلىۋەتمىگەن بولسا، ئالجىرىيىدىكى 1992- يىلىدىكى سايلامدا ئۇلار هاكىمىيەتنى

قولىغا ئالاتتى. ھىندىستاندا سايلىغۇچىلارنى تالىشىش رىقابىتى ئىجتىمائىي ئامىمىغا مۇراجىئەت قىلىشقا ۋە ئامما ئارىسىدىكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ پارتلىشىغا مەدەت بولغان بولۇشى مۇمكىن[15]. سىرىلانكىدا 1956- يىلى سىرىلانكا ئەركىنلىك پارتىيىسى غەربكە مايىل، سەرخىللار قارشىغا ئىگە بىرلىككە كەلگەن خەلق پارتىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، 80- يىللاردا پاتخىكا چىنتانايادىكى سىنخانىس مىللەتچىلىرى ھەرىكىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. 1949- يىلىدىن بۇرۇن، جەنۇبىي ئافرىقا ۋە غەرب سەرخىللىرى جەنۇبىي ئافرىقىنى بىر غەرب دۆلىتى دەپ قارىغانىدى. ئىرق ئايرىيدىغان ھاكىمىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، غەرب سەرخىللىرى ئۇنى غەرب دۆلەتلىرى لاگېرىدىن تەدرىجىي سىقىپ چىقىرىۋەتتى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر بولسا يەنىلا ئۆزلىرىنى غەربلىك ساناپ يۈرۈشتى. ئەمما، ئۇلار غەرب خەلقئارا تەرتىپىدىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، غەربنىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ يۈكسەك دەرىجىدە غەربلەشكەن نېگىر سەرخىللىرىنىڭ ھوقۇق تۇتۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەگەر ئىككىنچى ئەۋلاد يەرلىكلىشىش ئامىللىرى رول ئوينىاپ قالسا، ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ كاللىسىدا خوسالار، زۇلۇلار ۋە ئافرىقىلىقلارنىڭ ھەزارەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ ئۇقۇم پەيدا بولۇپ، بۇلار ئۇلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرىغا ئايلىنىدۇ. جەنۇبىي ئافرىقا بارغانسېرى ئۆزىنى بىر ئافرىقا دۆلىتى دەپ قارايدۇ.

19- ئەسىردىن ئاۋۋالقى ھەر قايسى مەزگىللەردە، ۋىزانتىيىلىكلەر، ئەرەبلەر، جۇڭگولۇقلار، تۈركلەر، موڭغۇللار، رۇسلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچىگە ۋە مۇۋەپپەقىيىتىگە ناھايىتى ئىشىنەتتى. ئەينى چاغدا، ئۇلارمۇ غەرب ھەزارىتىنىڭ قالاقلىقى، تۈزۈلمىسىنىڭ چىرىكلىكى، ئاجىزلىقىنى مەنسىتمەيتتى. ھازىر غەربنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ نىسپىي ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل پوزىتسىيە قايتا مەيدانغا كەلدى. كىشىلەر «ئۇنى قوبۇل قىلىشنىڭ

ھاجىتى قالمىغانلىقى»نى ھېس قىلىشتى. ئىران بۇنىڭ تىپىك مىسالى. ئەمما، بىر كۆزەتكۈچىنىڭ ئېيتقىنىدەك: «غەربنىڭ قىممەت قاراشلىرى ئوخشاشمىغان شەكىلدە قارشىلىققا ئۇچرىماقتا، ئەمما باشقا جايلاردىكى قارشىلىق مالايسىيا، ھىندونېزىيە، سىنگاپور، جۇڭگو ۋە ياپونىيىدىكىدەك قەتئىي ئەمەس»[16]. بىز غەربنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى «بىر ئىلگىرىلەشچان دەۋرنىڭ ئاخىرلىشىپ»، ھەرخىل مەدەنىيەتلەر بىرگە مەۋجۇت بولغان، ئۆز ئارا رىقابەتلەشكەن، بىر-بىرىگە ماسلاشقان، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسەتكەن بىر دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز[17]. يەرلىكلىشىشنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك جەريانى دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا مەيدانغا كەلگەن دىنىي گۈللىنىش ئارقىلىق كەڭ دائىرىدە ئىپادىلەندى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاسىيا ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھەزارەت گۈللىنىشى ھەممىدىن بەك دىققەتنى تارتىدۇ، كېيىنكىسى زور دەرىجىدە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ۋە نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى تۈرتكىسىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

## خۇدانىڭ قىساس ئېلىشى

20- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئىلىم ساھەسىنىڭ سەرخىللىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئىنسانلار مەۋجۇدىيىتىدىكى مۇھىم ئامىل بولغان دىننىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارىغانىدى. بۇ قاراش بۇ يۈزلىنىشنى قارشى ئالىدىغانلار تەرىپىدىنمۇ، بۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغانلار تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىندى. ھازىرقى زامان ئەلمانىيىچىلىرى ئىلىم-پەن، ئەقىلچىلىق، پراگماتىزمنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ھازىرقى مەۋجۇت دىنلارنىڭ يادروسىنى شەكىللەندۈرگەن خۇراپاتلىق، ئەپسانە، غەيرىي ئەقلىيلىق ۋە دىنىي مۇراسىملارنى يوقاتقانلىقىدىن تەنتەنە قىلىشقان. ئۇلار مەيدانغا كېلىۋاتقان

جەمئىيەتنى بىر سىغدۇرۇشچان، ئەقلىي، ئەمەلىي ئۇنۇمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، تەرەققىيپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر ۋە دىنىدىن خالىي جەمئىيەت بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەندىشىگە چۈشكەن مۇتەئەسسىپلەر ئاگاھلاندۇرۇپ، دىنىي ئېتىقاد، دىنىي تۈزۈلمە ۋە دىنىنىڭ شەخس ۋە كوللىكتىپقا بولغان ئەخلاقىي يېتەكچىلىك رولىنىڭ يوقىلىشى قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئاخىرىدا ھۆكۈمەتسىزلىك، چۈشكۈنلۈك، مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېيىشتى. ئېللىئوت مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىزنىڭ خۇدايىڭ بولمىسا، ئۇنداقتا سەن گىتلېر ياكى ستالىننى ھۆرمەتلىسەڭ بولىدۇ»[18].

20- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى بۇ ئۈمىد-ئەندىشىلەرنىڭ قىلچە ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى پۈتۈن يەر شارى مىقياسىدا قانات يايدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەر شارى خاراكتېرلىك دىنىي گۈللىنىش يۈز بەردى. گىگلېس كېپېل بۇ قېتىمقى گۈللىنىشنى «خۇدانىڭ قىساس ئېلىشى» دەپ ئاتىدى. ئۇ بارلىق قۇرۇقلۇق، بارلىق مەدەنىيەت، بارلىق دۆلەتتە يۈز بەردى. 70- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خۇددى كېپېل ئېيتقاندەك، دىنىدىن خالىيلىشىش ۋە دىن بىلەن دىنىدىن خالىيلىشىشنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىش يۆزلىنىشىدە «تەتۈر ئۆزگىرىش يۈز بەردى». ئۇ دىنىدىن خالىي قىممەت قاراشلارغا ماسلىشىشنى ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ئۈچۈن بىر مۇقەددەس ئۇل قۇرۇپ بېرىشنى، ئەگەر زۆرۈر تېپىلغاندا، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىپ مەقسەتكە يېتىشنى نىشان قىلىدىغان يېڭىچە بىر خىل دىنىي ئۇسۇل شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ خىل ئۇسۇل كۆپ خىل شەكىلدە ئىپادىلەندى. ئۇ مەغلۇبىيەتلىك مودېرنىزمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئوڭۇشسىزلىق ۋە نامراتلىقنى خۇدادىن ئايرىلىپ قالغانلىققا باغلىدى. ئۇنىڭ باش تېمىسى بولسا ئەقىدىلەرنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى «ياۋروپاغا ئىككىنچى

قېتىم ئىنجىل تارقىتىش» بولدى. نىشانى «ئىسلامنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەس، زامانىۋىلىقنى ئىسلاملاشتۇرۇش» بولدى[19]. بۇ خىل دىنىي گۈللىنىش قىسمەن جەھەتتە ئەسلىدە يوق يېڭى ئەزالارنى قوبۇل قىلغان بەزى دىنلار تەرىپىدىن تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، كېڭەيتىلدى. ئەمما، تېخىمۇ چوڭراق دائىرىدە دىنىي گۈللىنىش كىشىلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىغا قايتىشىنى ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈشىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى ھەم ئەنئەنىۋى دىنلارغا يېڭى مەنە بەردى. خرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنى، يەھۇدىي دىنى، ھىندى دىنى، بۇددا دىنى ۋە پراۋوسلاۋىيە دىنلىرىنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكى بىپەرۋا ئېتىقادچىلىرى قوزغىغان يېڭى ئىخلاسمەنلىك، دىن تارقىتىش، ئىبادەت دولقۇنىنى باشتىن كەچۈردى. بارلىق دىنلارنىڭ ئىچىدە ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكىتى دىنىي ئەقىدە، تۈزۈملەرنى پاكلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۇنىڭ شەكلى ئۇرۇشقاقلىق تۈسىنى ئالدى ھەمدە دىنىي ئەھكاملار بىلەن شەخسنى، جەمئىيەتنى، ئاممىۋى ھەرىكەتلەرنى قايتا قۇرۇپ چىقتى. ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكىتى شىددەتلىك بولدى، بەلكىم ئۇ غايەت زور سىياسىي تەسىر پەيدا قىلىشىمۇ مۇمكىن. ۋەھالەنكى، بۇلار پەقەت 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىنسانلار تۇرمۇشىغا ئوخشاشمىغان تۈس، ئالاھىدىلىك ئېلىپ كەلگەن تېخىمۇ چوڭقۇر دىنىي دولقۇننىڭ تاشقى بۆزغۇنلىرىدىنلا ئىبارەت، خالاس. دۇنيا مىقياسىدا دىنىنىڭ گۈللىنىشى ئەسلىيەتچى ئەسەبىيلەرنىڭ پائالىيىتىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. ھەر قايسى جەمئىيەتلەردە بۇ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، خىزمىتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت پىلانلىرىدا گەۋدىلەندى. دىنىدىن خالىي كۈگزى ھەزارىتىنىڭ گۈللىنىشىدە ئاسىيالىقلار قىممەت قاراشلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش شەكلى قوللىنىلدى. ئەمما، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا دىنىي ھەزارەتنىڭ گۈللىنىشى دىنىي قىممەت قارىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە ئىپادىلەندى. خۇددى جورج ۋېيگىل ئېيتقاندەك: «دۇنيانىڭ

دىنسىزلىششى 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئاساسلىق ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى»[20].

ئىلگىرى كوممۇنىزم دۆلەتلىرىدە دىنىنىڭ ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ رېئال ئەھمىيىتى ئىزچىل رەۋىشتە تىلغا ئېلىنىپ كەلگەنىدى. دىنىي گۈللىنىش ئالبانىيىدىن ۋېيتنامغىچە بولغان نۇرغۇن جايلارنى قاپلاپ، ئىدېئولوگىيە يىمىرىلىشى پەيدا قىلغان بوشلۇقنى تولدۇردى. 1994- يىلى روسىيىدە 25 ياشتىن تۆۋەن 30% ياش ئۆزلىرىنىڭ ئاتېئىزمچىلاردىن خۇداغا ئىشەنگۈچىلەرگە ئۆزگەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. موسكۋا رايونىدىكى چېركاۋنىڭ سانى 1988- يىلىدىكى 50تىن 1993- يىلى 250كە كۆپەيدى. دىن سىياسىي داھىيلارنىڭ بىردەك ھۆرمەتلىشى، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. خۇددى بىر ئۆتكۈر كۆزەتچى خەۋەر قىلغىنىدەك روسىيىنىڭ شەھەرلىرىدە: «چېركاۋلارنىڭ ئاۋازى يەنە كۆكنى قاپلىدى، ئالتۇندا سىرلانغان چېركاۋ مۇنارلىرى يەنە پارقىرىدى. تېخى ئۆتكەندىلا چۆلدەرەپ قالغان چېركاۋلاردىن يېقىملىق مۇناجاتلار ياڭرىدى. چېركاۋ ئەڭ ئالدىراشچىلىقتا چۆمگەن جاي بولۇپ قالدى»[21]. پراۋوسلاۋىيە دىنى يۇگوسلاۋىيە جۇمھۇرىيىتىدە گۈللەنگەن چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيانىمۇ بىر مەيدان ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى قاپلىدى. 1989- يىلى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا 160 مەسچىت ۋە بىر ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى بار ئىدى. 1993- يىلىغا كەلگەندە 10000غا يېقىن مەسچىت ۋە ئون دىنىي ئىنستىتۇت بار بولدى. گەرچە بۇ بىر مەيدان گۈللىنىش ئەسلىيەتچىلىكنىڭ بەزى سىياسىي پائالىيەتلىرىگە چېتىلغان بولسىمۇ، ئەمما سەئۇدى ئەرەبىستان، ئىران ۋە پاكىستانلارنىڭ مەدەتىگە ئېرىشتى. ئەمما، ئۇ ئاساسەن ئۇلى ناھايىتى چوڭقۇر ۋە كەڭ غول ھەزارەت گۈللىنىشى ئىدى[22].

بۇ يەرشارى خاراكتېرلىك دىنىي گۈللىنىشنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ روشەنكى، ھەرقايسى دۆلەت، مەدەنىيەتلەردە ئوخشاشمىغان ئالاھىدە سەۋەبلىرى بار. ئەمما، نۇرغۇن ئوخشاشمىغان

سەۋەبلەرنىڭ بىرلا ۋاقىتتا دۇنيا مىقياسىدا ئوخشاش بىر ھادىسىنى قوزغىشى مۇمكىن ئەمەس. يەر شارى خاراكتېرلىك ھادىسىلەر يەر شارى خاراكتېرلىك جاۋابقا موھتاج. مەيلى بەزى ئالاھىدە دۆلەتلەردە يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئالاھىدە ۋەقەلەرنىڭ يەنە بەزى ئالاھىدە سەۋەبلىرى بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، بۇنىڭدا چوقۇم يەنىلا بەزى ئومۇمىي سەۋەبلەر بار. ئۇلار زادى قايسىلار؟

يەر شارى خاراكتېرلىك دىنىي گۈللىنىشنىڭ ئەڭ روشەن، ئەڭ گەۋدىلىك سەۋەبى دەل دىنىي يوقىتالايدۇ دەپ قارالغان نەرسىلەر — 20- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دۇنيانى قاپلىغان، ئىقتىساد، جەمئىيەت ۋە ھەزارەت زامانىۋىلىشىش جەريانى. سالاھىيەت ۋە كۆچ سىستېمىسى ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن مەنبە يىمىرىلدى. كىشىلەر يېزىلاردىن شەھەرلەرگە كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ يىلتىزىدىن ئايرىلدى، يېڭى خىزمەت بىلەن شۇغۇللاندى ياكى خىزمەت قىلمىدى. ئۇلار زور بىر تۈركۈم يات كىشىلەر بىلەن بىللە ياشاش جەريانىدا، يېڭى بىر يۈرۈش مۇناسىۋەتلەرگە دۇچ كەلدى. ئۇلار بىر يېڭى سالاھىيەت مەنبەسىگە، يېڭىچە بىر مۇقىم جەمئىيەتكە، شۇنداقلا ئۇلارغا مەنە ۋە مەقسەت تۇيغۇسى ھېس قىلدۇرالايدىغان بىر قاتار ئەخلاق قائىدىلىرىگە موھتاج ئىدى. مەيلى غول ئېقىم ياكى ئەسلىيەتچىلىك دىنى بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجلىرىنى قاندۇردى. خۇددى لى گۇاڭياۋ شەرقىي ئاسىيانىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندەك:

> *بىز 50 يىل ئىچىدىلا سانائەتلەشتۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىقتۇق. غەربتە 200 يىل ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ۋاقىتتا تاماملانغان ئىشنى بىز 50 يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاز ۋاقىتتا تاماملىدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىگە سىغدالدى، شۇڭا چوقۇم يانلىشىش ۋە خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر سىز ئاشۇ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان كورېيە، تايلاند، شياڭگاڭ، سىنگاپورلارغا قارىسىڭىز ئادەمنىڭ دىققىتىنى*

*قوزغايدىغان ھادىسە — دىنىنىڭ گۈللىنىشىنى بايقايسىز. كونا ئۆرپ-ئادەت ۋە دىنلار — ئەجدادلارغا چوقۇنۇش، شامان دىنلىرى كىشىلەرنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. كىشىلەر ئىنسانلارنىڭ ياشاش مەقسىتى ۋە بىز نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە مەۋجۇت بولۇپ قالغان؟ دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچە ئىزدەۋاتىدۇ. بۇ جەمئىيەتتىكى غايەت زور بېسىم پەيدا قىلغان باسقۇچ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك* [23].

كىشىلەر ئەقىلگىلا تايىنىپ ياشىمايدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىگە بىرەر تەبىر بەرمىگۈچە ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەقلىي ھەرىكەت ئېلىپ بارالمايدۇ ۋە دەڭسىيەلمەيدۇ. مەنپەئەت سىياسىي سالاھىيەتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. جەمئىيەت ئۇچقاندەك ئۆزگىرىۋاتقان مەزگىللەردە تىكلەنگەن سالاھىيەت يوقالدى، چوقۇم ئۆزلۈكنى قايتا تەبىرلەش، قايتا يېڭى سالاھىيەت تۇرغۇزۇش كېرەك. ھېلىقى «مەن كىم؟ مەن قەيەرگە تەۋە؟» دېگەن مەسىلىگە يولۇققانلارغا دىن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەردى. كىشىلەرنىڭ شەھەرلىشىش ئارقىلىق يوقاتقان نەرسىلىرىنى دىنىي جامائەت بىر كىچىك ئىجتىمائىي توپ بىلەن تولۇقلاپ بەردى. خۇددى ھەسەن تۇرابى ئېيتقاندەك، بارلىق دىنلار: «كىشىلەرگە سالاھىيەت تۇيغۇسى ۋە تۇرمۇش نىشانى بەخش ئەتتى. بۇ جەرياندا كىشىلەر يېڭى بىر تارىخىي سالاھىيەتنى بايقىدى ۋە ئۇنى تۇرغۇزۇشتى. مەيلى كىشىلەرنىڭ قانداق ھەممىباب نىشانى بولسۇن، دىن ئېتىقادچىلار ۋە ئەمەسلەر ئارىسىغا، ئۆز توپى ئىچىدىكى ئېسىلزادىلەر ۋە يات توپ سىرتىدىكى تۆۋەن قاتلامدىكى ئادەملەر ئارىسىغا بىر پاسىل سىزىپ بېرىپ، ئۇلارغا سالاھىيەت تۇيغۇسى بەخش ئەتتى» [24].

بېرنارد لۇيس مۇنداق قارايدۇ: «مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ توپ سالاھىيەت ۋە ساداقەت نىشانىنى ئىرق، مىللەت، تېررىتورىيە بويىچە ئەمەس ئىسلامنى ئۆلچەم قىلغان توپ ئىچىدىن ئىزدەش يۈزلىنىشى مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ». گىگلىس كېپېلمۇ سالاھىيەتنى

ئىزدەشنىڭ مەركىزىي ئورۇن تۇتقانلىقىنى تەكىتلەپ: «تېگىدىن ئىسلاملىشىش — ئاللىقاچان مەنىسىنى يوقاتقان، قالايمىقان، ياتلاشقان دۇنيادا سالاھىيىتىنى قايتا تۇرغۇزۇشتىكى بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم ئۇسۇل»، دەيدۇ[25]. ھىندىستاندا «بىر خىل يېڭىچە ھىندى دىنىي سالاھىيىتى تىكلىنىۋاتىدۇ»، بۇ زامانىۋىلىشىش كەلتۈرۈپ چىقارغان جىددىي ۋە ياتلاشقان ھالەتكە قايتۇرۇلغان ئىنكاس[26]. روسىيىدە، دىنىي گۈللىنىش «سالاھىيەتكە ئەسەبىيلەرچە ئىنتىلىشنىڭ مەھسۇلى، بۇ خىل سالاھىيەتنى رۇسلارغا پەقەت پراۋوسلاۋىيە دىنىلا بىرەلەيدۇ. چۈنكى ئۇ كىشىلەرنى 1000 يىل ئاۋۋالقى روسىيە بىلەن باغلايدىغان ئارغامچا». ئىسلام جۇمھۇرىيەتلىرىدە بولسا دىنىنىڭ گۈللىنىشى ئوخشاشلا «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئارزۇسى، يەنى موسكۋا تەرىپىدىن نەچچە 100 يىل بېسىلىپ ياتقان سالاھىيىتىگە بولغان ئىنتىلىشنى مەنبە قىلغان[27]. بولۇپمۇ ئەسلىيەتچىلىك «قالايمىقان، سالاھىيىتىنى، مەنىسىنى، بىخەتەرلىكىنى يوقاتقان جەمئىيەت قۇرۇلمىسىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى بىر ئۇسۇل. بۇلارنى زامانىۋى ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەندىزىلەرنى تېز سۈرئەتتە قوبۇل قىلىپ، جەمئىيەتنى دىنىدىن خالىيلاشتۇرۇش، ئەلمانىيە، پەن-مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات كەلتۈرۈپ چىقارغان». ۋىلىيام مىكنېيىل بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ: مۇھىم ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكەتلىرى جەمئىيەتتىن كەڭ دائىرىدە ئەزا قوبۇل قىلىش ھەرىكەتلىرىدۇر، چۈنكى ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئەمدىلا ھېس قىلغان ئىنسانىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇردى ياكى يېقىنلاشتى. نوپۇسنىڭ يەرگە بولغان بېسىمى تۆپىلىدىن كونا، يېزىچە تۇرمۇش ئۇسۇلى كۆپىنچە كىشىلەرگە نىسبەتەن مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قالغان، شەھەرنى ئاساس قىلغان ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرىنىڭ يېزىلارغا سىڭىپ كىرىشى ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ كونىچە تۇرمۇش يولىنى چىرىتىۋاتقان بارلىق دۆلەتلەردە بۇ ھەرىكەتلەر يۈز بەردى»[28].

تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك قىلىپ ئېيتقاندا، دۇنيانى قاپلىغان دىنىي گۈللىنىش ئەلمانىيە، ئەخلاق نىسپىيچىلىكى ۋە ئۆزىنى قويۇۋېتىشلارغا نىسبەتەن قايتۇرۇلغان ئىنكاستۇر ھەم تەرتىپ، ئىنتىزام، خىزمەت، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش ۋە ئىنسانلار ئىتتىپاقلىقى قىممىتىنىڭ قايتا مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشىدۇر. دىنىي گۇرۇھلار دۆلەت بيۇروكراتلىرى سەل قارىغان ئېھتىياجلارنى قاندۇردى. بۇ ئېھتىياجلار داۋالاش ۋە دوختۇرخانا مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى بىلەن تەمىنلەش، يەسلى ۋە مەكتەپلەر، ياشانغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، تەبىئىي ئاپەت ۋە باشقا ئاپەتلەردىن كېيىنكى جىددىي قۇتقۇزۇش، ياردەم، ئىقتىساد چېكىنگەن چاغدىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ياردەملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەرتىپ ۋە شەھەر ئاھالىلىرى جەمئىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان بوشلۇقلار دىنىي گۇرۇھلار، بولۇپمۇ ئەسلىيەتچى گۇرۇھلار تەرىپىدىن تولدۇرۇلدى[29].

ئەنئەنىۋى جەھەتتە يېتەكچى ئورۇندىكى دىن يىلتىزسىزلارنىڭ ھېسسىي، ئىجتىمائىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالمىغاندا، ئۇنى باشقا دىنىي گۇرۇھلار قاندۇردى ھەم بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ئەزالىرىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى، ھەم دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تۇرمۇشتىكى تەسىرىنى كېڭەيتتى. كورېيە تارىختا بۇددىستلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەت، 1950- يىلى خىرىستىئان دىنى مۇرىتلىرى نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 1% — 3% گىچە ئىگىلىدى. كورېيە ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلغان باسقۇچقا كىرگەندە، كەڭ كۆلەملىك شەھەرلىشىش ۋە كەسىپ تەقسىماتىغا ئەگىشىپ، بۇددا دىنى بارغانسېرى باب كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. «شەھەرگە ئېقىپ كىرگەن نەچچە مىليون كىشى ۋە ئاللىقاچان ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن يېزىلاردىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن، كورېيىنىڭ يېزا ئىگىلىك دەۋرىدىكى جانسىز بۇددا دىنى ئۆزىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى يوقاتتى. شەخسنى قۇتقۇزۇشنى، شەخسنىڭ تەقدىرىنى تەرغىب قىلىدىغان خىرىستىئان دىنى قالايمىقان ۋە ئۆزگىرىشچان مەزگىللەردە

كىشىلەرگە تېخىمۇ زور تەسەللى بەردى»[30]. 80- يىللارغا كەلگەندە خرىستىئان مۇرىتلىرى، پىرسايتېرلار، (پېشۋالار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى) كاتولىكلار كورېيە نوپۇسىنىڭ 30% نى ئىگىلىدى.

بۇنداق ئۆزگىرىش لاتىن ئامېرىكىسىدىمۇ يۈز بەردى. لاتىن ئامېرىكىسىدا پروتېستانت دىنى مۇخلىسلىرى 1960- يىلى تەخمىنەن يەتتە مىليون بولغان بولسا، 1990- يىلىغا كەلگەندە 50 مىليونغا كۆپەيگەن. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كاتولىك روھانىيلىرى 1989- يىلى پروتېستانت دىنىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى سەۋەبىنىڭ «كاتولىك دىنىنىڭ شەھەر تۇرمۇشىنىڭ تېخنىكىلىقىغا دەرھال ماسلىشالمىغانلىقى» ۋە «دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ كاتولىك دىنى بىلەن ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ پسىخىك ئېھتىياجىغا ئىنكاس قايتۇرمىغانلىقى»دا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتى. بىر برازىلىيىلىك باستېرنىڭ دېيىشىچە، كاتولىك دىنىغا ئوخشاشمايدىغان يېرى، پروتېستانت دىنىي جەمئىيەتلىرى «شەخسنىڭ كىشىلىك مۇھەببەت، داۋالىنىش ۋە روھىي جەھەتتىكى تۈپكى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇردى». پروتېستانت دىنىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نامراتلارنىڭ ئارىسىدا تارقىلىشى بىر دىنىنىڭ يەنە بىر دىنىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى بولماستىن، ئاساسلىقى دىنغا ئىشىنىش ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش نىسبىتىنىڭ غايەت زور دەرىجىدە ئېشىشى، يەنى پاسسىپ كاتولىك مۇرىتلىرىنىڭ ئاكتىپ تەقۋادار، ئىنجىلپەرەس مۇخلىسلارغا ئايلىنىشى بولدى. مەسىلەن، برازىلىيىدە 90- يىللارنىڭ بېشىدا 20% ئادەم ئۆزىنى پروتېستانت مۇخلىسى، 73% ئادەم ئۆزىنى كاتولىك مۇخلىسى دەپ جاكارلىغانىدى، ۋەھالەنكى ئىبادەت كۈنىدە پروتېستانت چېركاۋلىرىغا 20 مىليون ئادەم، كاتولىك چېركاۋلىرىغا 12 مىليونغىچە ئادەم يىغىلدى[31]. دۇنيادىكى باشقا دىنلارغا ئوخشاش، خرىستىئان دىنىمۇ زامانىۋىلىشىش بىلەن زىچ باغلانغان بىر گۈللىنىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، لاتىن

ئامېرىكىسىدا ئۇ كاتولىك شەكلىنى ئەمەس، پروتېستانت دىنى شەكلىنى ئالدى.

كورېيە ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللار بۇددا دىنى ۋە كاتولىك دىنىنىڭ زامانىۋىلىشىش جەريانىدا روھىي جاراھەتكە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ پسىخىك، ھېسسىي ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. باشقا جايلاردا دىنىي ئېتىقادنى ئالماشتۇرۇشنىڭ يۈز بېرىش-بەرمەسلىكى ئەسلىدىكى دىنىنىڭ شۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ مۇشۇ خىل ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش-قاندۇرالماسلىقىغا باغلىق بولىدۇ. كۆزگە چېلىقىنىڭ ھېسسىيات جەھەتتە جانسىزراق بولۇشى (جۇشقۇنلۇقىنىڭ كەم بولۇشى) تۈپەيلىدىن، ئۇ مۇخلىسلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش جەھەتتە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. پروتېستانت دىنى لاتىن ئامېرىكىلىقلارنى، ئەسلىيەتچىلىك مۇسۇلمانلار ۋە ھىندى مۇرىتلىرىنى جەلپ قىلغاندەك، كاتولىك دىنى ۋە خرىستىئان دىنىمۇ كۆزگە چېلىقىدىغان دۆلەتلەردىكى كىشىلەرنى جەلپ قىلالىشى مۇمكىن. جۇڭگودا 80- يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئىقتىساد يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە، خرىستىئان دىنىمۇ، «بولۇپمۇ ياشلار ئىچىدە» تارقىلالىغاندى. ئېھتىمال، شۇ چاغدا 50 مىليون جۇڭگولۇق خرىستىئان دىنى مۇخلىسى بولغان بولۇشى مۇمكىن. ھۆكۈمەت بۇنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش مەقسىتىدە 1994- يىلى چەت ئەللىكلەرنىڭ دىن تەشۋىق قىلىشىنى، دىنىي مەكتەپلەرنى ۋە باشقا دىنىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇشنى چەكلىدى ھەم دىنىي گۇرۇھلارنىڭ مۇستەقىل ھەم چەت ئەلنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن پائالىيەت قىلىشىنى چەكلىدى. سىنگاپوردىمۇ جۇڭگودىكىدەك، تەخمىنەن 5% ئادەم خرىستىئان مۇرىتى بولدى. 80- يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ئىنجىل تەشۋىقاتچىلىرىنى «نازۇك دىنىي تەڭپۇڭلۇق»نى بۇزۇۋەتمەسلىكنى ئاگاھلاندۇردى ھەم كاتولىك دىنى ئۆزگىنى خادىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىنىي خىزمەتچىلەرنى

ئۆتىۋۈپ تۇردى، ئوخشاشمىغان شەكىللەردە خرىستىئان دىنى گۇرۇپپىلىرى ۋە شەخسلىرىنى ئاۋارە قىلدى[32]. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە شۇنىڭغا ماس سىياسىي ئېچىۋېتىشكە ئەگىشىپ، غەرب دىنىي جەمئىيەتلىرىمۇ پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرىگە كىرىپ، گۈللىنىۋاتقان پراۋوسلاۋىيە دىنى بىلەن رىقابەتلەشتى. ئۇ يەردىمۇ ھۆكۈمەت كىشىلەرنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشتىن توستى. 1993- يىلى پراۋوسلاۋىيە دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ كۈچلۈك تەلپى ئارقىسىدا روسىيە پارلامېنتى قانۇن ماقۇللاپ، چەت ئەل دىنىي گۇرۇھلىرى روسىيە تەۋەسىدە دىنىي تەشۋىق، دىنىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغاندا، ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشىنى ياكى مەلۇم بىر روسىيە دىنىي تەشكىلاتىغا تەۋە بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، يېلتسىن بۇ لايىھىنى تەستىقلاشنى رەت قىلىپ، ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇردى[33]. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ ئىش «خۇدانىڭ قىساس ئېلىشى» بىلەن يەرلىكلىشىش توقۇنۇشۇپ قالغان جايلاردا ئالدىنقىسىنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. چۈنكى، ئەگەر كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي ئېتىقادى ئۇلارنىڭ زامانىۋىلىشىش جەريانىدىكى دىنىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان باشقا دىنغا يۈزلىنىدۇ.

زامانىۋىلىشىش جەريانىدا گىرىپتار بولغان پسىخىكىلىق، روھىي، ئىجتىمائىي جاراھەتلەردىن باشقا، دىنىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولغان بىر ئامىل يەنە غەربنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشىدىن ئىبارەت. 19- ئەسىردىن باشلاپ غەيرىي غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ غەربكە قايتۇرغان بىر ئىنكاسى غەربتىن بىر يۈرۈش ئىدېئولوگىيە قوبۇل قىلىش بولغان. 19- ئەسىردە غەيرىي غەرب سەرخىللىرى غەرب لىبېرالىزملىق قىممەت قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، غەربكە ئەڭ دەسلەپتە ئەركىن

مىللەتچىلىك شەكلىدە قارشىلىق كۆرسەتتى. 20- ئەسىردە روسىيە، ئاسىيا، ئەرەبلەر، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ سەرخىللىرى سوتسىيالىزم، ماركسىزم ئىدېئولوگىيىسىنى ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ كىردى ھەم غەرب كاپىتالىزمى ۋە غەرب جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى مىللەتچىلىك بىلەن بىرلەشتۈردى. كوممۇنىزمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەختتىن غۇلىشى، شۇنداقلا سوتسىيالىزم ئىقتىسادىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلالماسلىقى، ھازىر بىر ئىدېئولوگىيە بوشلۇقى ھاسىل قىلدى. غەرب ھۆكۈمەت گۇرۇھلىرى بۇ بوشلۇقنى خەلقئارا ئورگانلار، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى، دۇنيا بانكىسى دېگەندەك، يېڭىچە كلاسسىك ئىقتىسادشۇناسلىق ۋە دېموكراتىيە سىياسىيشۇناسلىقى بىلەن تولدۇرماقچى بولدى. بۇ تەلىماتلار غەيرىي غەرب ھەزارەتلىرى ئىچىدە قانچىلىك دەرىجىدە سىجىل تەسىرىنى ساقلىيالايدۇ؟ ھازىرچە بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. ئەمما كىشىلەر ئەڭ يېڭى بىردىنبىر دىنىدىن خالىي خۇدا — كوممۇنىزمنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىشتى. يەنە بىر كىشىنى قايىل قىلىدىغان يېڭى دىنىدىن خالىي خۇدا بولمىغاچقا، كىشىلەر پۈتۈن قىزغىنلىق، ئېتىقادى بىلەن ھەقىقىي خۇداغا يۈزلەندى. دىن ئىدېئولوگىيىنىڭ، دىنىي مىللەتچىلىك دىنىدىن خالىي مىللەتچىلىكنىڭ ئورنىنى ئالدى[34].

خرىستىئان دىنىي گۈللىنىش ھەرىكىتىدىن باشقا دىنىي گۈللىنىش ھەرىكەتلىرى ئەلمانىيىگە، ھەممىباپچىلىققا ۋە غەربكە قارشى. ئۇلار يەنە بىروس لاۋرېنس ئېيتقان «زامانىۋىلىق»تىن پەرقلىنىدىغان «مودېرنىزم» بىلەن باغلىنىشلىق نىسپىيچىلىققا، شەخسچىلىككە، ئىستېمالچىلىققا قارشى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلار شەھەرلىشىشنى، سانائەتلىشىشنى، تەرەققىيات، كاپىتالىزمنى، ئىلىم-پەن، تېخنىكىنى، شۇنداقلا بۇ ئامىللارنىڭ جەمئىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئىنكار قىلمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار زامانىۋىلىششقا قارشى ئەمەس. خۇددى لى گۇاڭياۋ ئېيتقاندەك، ئۇلار

زامانىۋىلىشىشنى، «شۇنداقلا ئىلىم-پەن، تېخنىكىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى ئۆزگىرىشنى» قوبۇل قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار «غەربلەشتۈرۈۋېتىلگەن قاراشلارنى قوبۇل قىلمايدۇ». تۇرابى مىللەتچىلىك ۋە سوتسىيالىزم ھېچقايسىسى ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ. «دىن تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى»، ئىسلام دىنى پاكلىنىش ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋردە خۇددى پروتېستانت دىنى ياۋروپا تارىخىدا رول ئوينىغاندەك رول ئوينايدۇ. دىن ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىت ئەمەس[65]. ئىسلام ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالجىرىيە، ئىران، مىسىر، لىۋان، تۇنىسلاردەك تېخىمۇ ئىلغار، تېخىمۇ دىندىن خالىي مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى كۈچى ناھايىتى زور[66]. دىنىي ھەرىكەتلەر، بولۇپمۇ ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكەتلىرى زامانىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشقا بەك ماھىر. ئۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ئامېرىكىدا پروتېستانت دىنى ئىنجىل تەرغىباتچىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ھاۋادىن دىن تارقاتقانلىقى كىشىنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەك تارتىدۇ.

دىنىي گۈللىنىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان كىشىلەر ھەر قايسى ساھەلەردىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ زور كۆپ قىسمى شەھەر نوپۇسى ۋە ئاقما نوپۇس. شەھەرگە يېڭىدىن كۆچۈپ بارغان ئادەملەر دىنىي گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ بىرىنچى تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئادەتتە ھېسسىيات، ئىجتىمائىي-ماددىي جەھەتتە قوللاش، يېتەكلەشكە موھتاج بولىدۇ. بۇ جەھەتتە دىنىي گۇرۇھلار باشقا ھەر قانداق ئورگانغا قارىغاندا ياخشىراق ئىش قىلالايدۇ. خۇددى رېگىس دېبرايى ئېيتقاندەك، دىن كىشىلەرگە نىسبەتەن «ئەپيۇن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاجىزلارنىڭ ۋىتامىنى»[67]. يەنە بىر ئاساسلىق تەركىبىي قىسىم رونالد دور ئېيتقان «ئىككىنچى ئەۋلاد يەرلىكلىشىش ھادىسىسى»نىڭ يېڭى ئوتتۇرا قاتلىمى، خۇددى كېپىل

كۆرسەتكەندەك: «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىك گۇرۇھلىرىدىكى ئاكتىپلار ياشىنىپ قالغان مۇتەئەسسىپلەر ياكى ئىلىپنىڭ سۇنۇقىنى ئۇقمايدىغان دېھقانلار ئەمەس». مۇسۇلمانلار ۋە باشقىلارغا نىسبەتەن دىنىي گۈللىنىش بىر شەھەرلىشىش ھادىسىسى بولۇپ، ئۇ زامانىۋىلىشىش خاھىشىغا ئىگە، ياخشى تەربىيىلەنگەن، كەسپىي تارماقلار، ھۆكۈمەت ۋە سودا ساھەلىرىدىكى كەسپچان كىشىلەرنى جەلپ قىلدى[18]. مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا بەزى ياشلار دىنغا ئېتىقاد قىلدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى دىندىن خالىي، ھىندى دىنىنىڭ ئەھۋالى ئومۇمەن مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ داھىيلىرىمۇ يەرلىكلەشكەن 2- ئەۋلاد كىشىلەر بولۇپ، كۆپىنچىسى «مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سودىگەر ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرى». ھىندىستان ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۇلارنى «قىزىل كىيىملىك يۇپپىس»لار دەپ ئاتىدى. 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرى بارغانسېرى «ھىندىستاندىكى تۇراقلىق ئوتتۇرا قاتلام ھىندى دىنى مۇرىتلىرى، سودىگەرلەر، بوغالتىرلار، ئادۋوكاتلار، ئىنژېنېرلار، شۇنداقلا قەلەمدارلار، زىيالىيلار، مۆتىۋەرلەر ۋە مۇخبىرلار»غىچە كېڭەيدى[19]. كورىيىدە 60-، 70- يىللاردا كاتولىك ۋە خرىستىئان دىنى پېشىۋالار يىغىنىغا بارغانسېرى يۇقىرىقىدەك كىشىلەر توپلاندى.

يەرلىك دىن ۋە تاشقى دىن زامانىۋىلاشقان جەمئىيەتتىكى يېگىدىن كۆتۈرۈلگەن سەرخىللارغا مەنە ۋە نىشان كۆرسىتىپ بەردى. رونالد دور «ئەنئەنىۋى دىنلارنىڭ قىممەت خاسلىقى»نىڭ «ئۆز ئارا ھۆرمەتلەشنى، باشقا دۆلەتلەرنى كونترول قىلىۋېلىشقا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىغا ھەم ھەمىشە شۇ جايدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارغا قارشى تۇرىدىغانلىقىغا، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى كونترول قىلىۋالغان دۆلەتلەرنىڭ قىممەت قاراشلىرى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلغان»لىقىغا دىققەت قىلغانىدى. ۋىليام مىكنىيىلىنىڭ كۆرسىتىشىچە، «ئىسلام دىنىنى قايتا مۇئەييەن-

لەشتۈرۈش، ئۇ قانداق كونكرېت مەزھەپ شەكلىنى ئېلىشىدىن قەتئىينەزەر ياۋروپا، ئامېرىكىنىڭ شۇ جايلاردىكى تەسىرىگە تېخىمۇ قارشى تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ»[40]. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، غەيرىي غەرب دىنلىرىنىڭ گۈللىنىشى غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىدىكى غەربلىشىشكە قارشى تۇرۇشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىپادىلىنىشى بولۇپ، بۇ خىل گۈللىنىش زامانىۋىلىقنى ئىنكار قىلمايدۇ. بەلكى، غەربنى، غەربكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىسپىچىلىق، ئەلمانىيە ۋە چىرىك ھەزارەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ ئاتالمىش «غەربنىڭ زەھەرلىشى» (Westoxification)گە بولغان قارشىلىقى. غەرب ھەزارىتىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان مۇستەقىللىق خىتابنامىسى، بىر مەغرۇر بايانات: «بىز زامانىۋىلىشىمىز، ئەمما سىلەر بولۇپ قالمايمىز».

# بەشىنچى باب

# ئىقتىساد، نوپۇس ۋە رەقىب مەدەنىيەتلەر

يەرلىكلىشىش ۋە دىنىي گۈللىنىش يەر شارى خاراكتېرلىك هادىسە. ئەمما، ئۇلار ئاسىيا ۋە ئىسلام ئەللىرى ھەزارىتىنىڭ ئۆز ئۆزىنى تەكىتلىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە بولغان خىرىسىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 25 يىلىدا ھاياتىي كۈچكە ئەڭ تويۇنغان مەدەنىيەتلەر بولۇپ قالدى. ئىسلام خىرىسى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك مەيدانغا كەلگەن ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ سىياسىيسىنىڭ، ھەزارەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدا غەربنىڭ قىممەت قاراشلىرى ۋە تۈزۈملىرىگە قارشى تۇرۇشتا ئىپادىلەندى. ئاسىيانىڭ خىرىسى بارلىق ئاسىيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ، يەنى جۇڭخۇا مەدەنىيىتى، ياپون مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە مۇسۇلمانلار مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن بولغان پەرقىنى ۋە بەزىدە ئۇنىڭ ئارىسىدىكى ئورتاقلىقنى تەكىتلەشتە ئىپادىلەندى. بۇ ئورتاقلىقلار ھەمىشە كۇڭزىچىلىق بىلەن سالاھىيەتلەندى. ئاسىيالىقلار ۋە مۇسۇلمانلار ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ غەرب مەدەنىيىتىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ھىندى مەدەنىيىتى، پراۋوسلاۋىيە مەدەنىيىتى، لاتىن ئامېرىكا مەدەنىيىتى ۋە ئافرىقا مەدەنىيەتلىرى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئەمما، 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ غەرب مەدەنىيىتىدىن ئىلغار ئىكەنلىكىنى جاكارلاشتا

ئارىسالدى بولۇپ قالدى. ئاسىيا ۋە ئىسلام ئەللىرى بەزىدە يالغۇز، بەزىدە قول تۇتۇشۇپ غەرب دۆلەتلىرىگە نىسبەتەن ئىشەنچكە تولۇۋاتقانلىقىنى ۋە كېڭىيىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى.

بۇ خىرىسلارنىڭ كەينىگە ھەم ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك، ھەم ئوخشاشمىغان سەۋەبلەر يوشۇرۇنغان. ئاسىيالىقلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى كۆچىيىۋاتقان ئىقتىسادىغا يىلتىز تارتقان. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشەنچىسى بولسا ئىجتىمائىي ئىبقىشىش ۋە نوپۇس كۆپىيىشىدىن كەلگەن. بۇ خىرىسلارنىڭ ھەربىرى يەر شارى سىياسىيسى بىلەن توقۇنۇشۇۋاتىدۇ ۋە يەر شارى سىياسىيسىنىڭ ئىنتايىن مۇقىمسىز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ، 21- ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىنمۇ ئىزچىل شۇنداق بولىدۇ. ئەمما بۇ توقۇنۇشلارنىڭ زور پەرقى بار. جۇڭگو ۋە باشقا ئاسىيا جەمئىيەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ھۆكۈمەتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە بايلىق بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقاندا تېخىمۇ ئىشتەيلىك قىلىپ قويىدى. مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە نوپۇسنىڭ ئېشىشى، بولۇپمۇ 15 — 20 ياشقىچە بولغانلارنىڭ كۆپىيىشى ئەسلىيەتچىلىك، تېررورلۇق، زوراۋانلىق ۋە كۆچمەنلەرنى يېڭى قان بىلەن تەمىنلىدى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاسىيا ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كۈچىنى ئاشۇردى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى مۇسۇلمانلار ھۆكۈمەتلىرى ۋە غەيرىي مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە تەھدىت پەيدا قىلدى.

## ئاسىيانىڭ ئۆزىنى تەكىتلىشى


شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىكى دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم تەرەققىياتلارنىڭ بىرى. بۇ جەريان 50- يىللاردا ياپونىيىدە باشلانغان. ياپونىيە غەيرىي غەرب دۆلەتلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى بىر ئايرىم ھادىسە دەپ قارالغان.

ئەمما، ئىقتىسادىي تەرەققىيات باشقا تۆت كىچىك يولۋاستىمۇ (شياڭگاڭ، تەيۋەن، كورېيە، سىنگاپور)، كېيىن جۇڭگو، مالايسىيا، تايلاند، ھىندونېزىيە، فىلىپپىن، ھىندىستان، ۋيېتناملارغا تەسىر كۆرسەتتى. بۇ دۆلەتلەر ئون يىل ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېشىش نىسبىتىنى ئۇدا 8% — 10%كىچە ساقلىدى، ئاسىيا بىلەن دۇنيا ئارىسىدىكى سودىمۇ ئىزچىل يۇقىرى سۈرئەتتە ئاشتى، كېيىن ئاسىيانىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ شىددەت بىلەن كېڭەيدى. ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيىتى ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئىقتىسادىدىكى ماغدۇرسىزلىق ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئىقتىسادىي بوھران بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلدى.

ھازىر ياپونىيىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئاسىيا ئايرىم ھادىسىگە ئايلانماقتا. غەربلا باي، ئەمما غەيرىي غەرب تەرەققىي قىلمىغان ھالەت 20- ئەسىردىن ھالقىيالمايدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىشنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. خۇددى كىسورى ماخبۇبانى كۆرسەتكەندەك، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ئايرىم-ئايرىم ھالدا 58 يىل ۋە 47 يىلدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمنى بىر قاتلىغان، بۇ جەرياننى ياپونىيە 33 يىلدا، ھىندونېزىيە 17 يىلدا، كورېيە 11 يىلدا، جۇڭگو بولسا ئون يىلدىلا تاماملىغان. 80- يىللار ۋە 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى يىلىغا 8% لىك سۈرئەت بىلەن ئاشقان، جۇڭگونىڭ كەينىگىلا تۆت كىچىك يولۋاس تىزىلغان (5.1 جەدۋەلگە قاراڭ). 1993- يىلى دۇنيا بانكىسىنىڭ جاكارلىشىچە، «جۇڭخۇا ئىقتىساد رايونى» ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيىدىن كېيىنكى «4- ئېشىش نۇقتىسى» بولغان. كۆپ سانلىق قىياسلارغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگو 21- ئەسىرنىڭ بېشىدا ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىپ قالىدىكەن. 90- يىللاردا ئىقتىسادتا 2-، 3- ئورۇندىكى دۆلەتلەرگە ئىگە ئاسىيا، 2020- يىلىغا بارغاندا بەلكىم دۇنيادىكى بەش چوڭ ئىقتىسادىي رايوننىڭ تۆتىگە؛ دۇنيادىكى ئون چوڭ

ئىقتىسادىي دۆلەتنىڭ يەتتىسىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئاسىيا دۆلەتلىرى يەر شارى ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 40% نى ئىگىلەيدۇ. ئىقتىسادىي رىقابەتتىكى كۆپ سانلىق كۈچلۈك دۆلەتلەر ئاسىيا دۆلەتلىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن①. ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى مۆلچەردىكىدىنمۇ بالدۇر بولغان ۋە سۈرئىتى تۆۋەنلىسىمۇ ئاستىلىغان تەقدىردىمۇ، ئەمەلگە ئېشىپ بولغان ئېشىشنىڭ ئاسىيا ۋە دۇنياغا كۆرسەتكەن تەسىرى غايەت زور بولىدۇ.

5.1-رەسىم. ئىقتىساد جېڭى: ئاسىيا ۋە غەرب




مەنبە: دۇنيا بانكىسى: 1995-، 1991- يىللىرىدىكى دۇنيا جەدۋىلى (بالتىمور: خون . خوپكىن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى. 1995-، 1991-يىلى). (جۇڭخۇا مىنگو مەمۇرىيەت ستاتىستىكا مەركىزى، جۇڭگو تەيۋەن رايونىدىكى يۇقرالارنىڭ ستاتىستىكىسىدىن ئۈزۈندە، 1951-؛ 1995-يىلى) ئىزاھ: سان ئۇدا ئۈچ يىللىق ئوتتۇرىچە قىممەتنى كۆرسىتىدۇ.

شەرقىي ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاسىيا بىلەن غەربنىڭ، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئۆزگەرتمەكتە. غەلىبىلىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات بۇنى ياراتقان ۋە بۇنىڭدىن نەپ ئېلىۋاتقانلارغا ئىشەنچ، ئۆزلۈك تەكىتلىمىسى ئېلىپ كەلدى. بايلىق خۇددى كۈچكە ئوخشاش، ئارتۇقچىلىقنىڭ دەلىلى، ئەخلاق ۋە ھەزارەت ئەۋزەللىكىنىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ قارىلىدۇ. ئاسىيالىقلار ئىقتىسادتا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن چاغدا، ئۇلار ئىككىلەنمەستىن ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى تەكىتلەيدۇ، ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى غەرب ۋە باشقا جەمئىيەتلەرنىڭكىدىن ئەۋزەل دەپ كۆككە كۆتۈرىدۇ. ئاسىيا جەمئىيەتلىرى بارغانسېرى ئامېرىكىنىڭ تەلىپى ۋە مەنپەئىتىگە سەل قاراۋاتىدۇ ھەمدە بارغانسېرى ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بېسىمىغا قارشى تۇرالايدىغان ئىقتىدار ھازىرلاۋاتىدۇ.

1993- يىلى باش ئەلچى توكوممى «ھەزارەت گۈللىنىشىنىڭ ئاسىيانى قاپلاۋاتقانلىقىغا» دىققەت قىلغانىدى. بۇ ئاسىيالىقلارنىڭ «ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقانلىقىنى» ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ «غەرب ۋە ئامېرىكىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى مۇقەررەر ئەڭ ياخشى» دەپ قارىمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ[②]. بۇ گۈللىنىش ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ بارغانسېرى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئۆزگىچە ھەزارەت سالاھىيىتىنى ۋە ئاسىيا ھەزارىتىنىڭ غەرب ھەزارىتىدىن پەرقلىنىدىغان ئورتاقلىقلىرىنى تەكىتلەشتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ھەزارەت گۈللىنىشىنىڭ ئەھمىيىتى شەرقىي ئاسىيادىكى ئىككى ئاساسلىق دۆلەت بىلەن غەرب ھەزارىتىنىڭ ئۆز ئارا رولىنىڭ ئۆزگىرىشىدە گەۋدىلىنىدۇ.

19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەرب ئۆزىنى جۇڭگو ۋە ياپونىيىگە تاڭغاندا، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ كۆپ ساندىكى سەرخىللىرى قىسقا مەزگىللىك كامالىزم قىزغىنلىقىدىن كېيىن ئىسلاھاتچىلىق يولىنى تاللىۋالدى. مىجى يېڭىلىقا كۆچۈش ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ،

بىر جۇشقۇن ئىسلاھاتچىلار گۇرۇھى ياپونىيىدە ھوقۇق تۇتتى، ئۇلار غەربنىڭ تېخنىكىسا، تۈزۈملىرىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ياپونىيىنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى باشلىۋەتتى. ئەمما، بۇ جەرياندا ياپونىيە ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ھەزارەت جەۋھەرلىرىنى ساقلاپ قالدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن جەھەتلەردە زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ياردىمى تەگدى، ھەم 30-، 40- يىللاردا ھەزارەت ئامىللىرىنى يېڭىۋاشتىن شەرھلەپ ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ خەلقنى ئۆزلىرىنىڭ جاھانگىرلىك ھەرىكىتىنى قوللاشقا چاقىرىق قىلدى ھەم بۇنى ئاقلىدى. يەنە بىر تەرەپتە، جۇڭگودا چىرىكلەشكەن چىڭ سۇلالىسى غەربنىڭ دولقۇنىغا ماسلىشالمىدى. نەتىجىدە، جۇڭگو ياپونىيە ۋە ياۋروپا جاھانگىرلىرى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى، ھاقارەتلەندى، ئېزىلدى. 1910- يىلى چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئىچكى ئۇرۇش، بۆلۈنۈش مەملىكەتنى قاپلىدى. رىقابەتلىشىۋاتقان جۇڭگو زىيالىيلىرى ۋە سىياسىي داھىيلىرى غەربنىڭ نۇرغۇن ئۆز ئارا رىقابەتلىشىۋاتقان قاراشلىرىنى قوبۇل قىلدى. يەنى، سۇن جۇڭشەننىڭ ئۈچ مەسىلەك سىياسىتى، لياڭ چىچاۋنىڭ لىبېرالىزمى، ماۋزېدوڭنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزملىرى. 40- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىدىيە غەربنىڭ مىللەتچىلىك، لىبېرالىزم، دېموكراتىيە تۈزۈمى، خرىستىئان دىنى قاتارلىقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، جۇڭگو ئاخىر سوتسىيالىستىك دۆلەت بولۇپ قۇرۇلدى.

ياپونىيىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇب بولۇشى ھەزارىتىنىڭ ئۇزۇل-كېسىل ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ياپونىيىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ كەلگەن بىر غەربلىك 1994- يىلى مۇنداق دېگەن: «بۇ دۆلەتتىكى دىن، ھەزارەت ۋە باشقا بارلىق روھىي ئامىللارنىڭ ئۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرۇلغانلىقىغا ئىشەنگىمىز كەلمەيدۇ. مەغلۇبىيەت تۈزۈمگە نىسبەتەن ئۇزۇل-كېسىل زەربە بولغان. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھەر قانداق نەرسە ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان ھەم تاشلىۋېتىلگەن»③. بۇ دۆلەتتە غەربكە مۇناسىۋەتلىك

بارلىق نەرسىلەر، بولۇپمۇ غالىب دۆلەت ئامېرىكىنىڭ نەرسىلىرى ياخشى، كۆڭۈلدىكىدەك نەرسىلەر دەپ قارىلىشقا باشلىغان. شۇڭا، جۇڭگو سوۋېتتىن ئۆرنەك ئېلىۋاتقاندا، ياپونىيە ئامېرىكىنى دوراشقا باشلىغانىدى.

70- يىللارنىڭ ئاخىرىدا كوممۇنىزم ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرالمىدى. كاپىتالىزمنىڭ ياپونىيىدىكى ۋە باشقا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى يېڭى جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ سوۋېت ئەندىزىسىدىن ۋاز كېچىشىگە سەۋەب بولدى. ئون يىلدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى سوۋېت ئەندىزىسىنى قوبۇل قىلىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ دەلىللەپ بەردى. جۇڭگولۇقلار شۇنداق قىلىپ غەربكە يۈزلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەت ئىچىگە يۈزلىنىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. نۇرغۇن زىيالىيلار ۋە باشقا كىشىلەر پۈتۈنلەي غەربلىشىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ خىل يۈزلىنىش كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «دەرياغا مەرسىيە» ۋە تيەنئەنمېن مەيدانىغا تىكلەنگەن ئەركىنلىك ئايال ئىلاھىنىڭ ھەيكىلىدە ھەزارەت ۋە ئامموۋى يۈكسەكلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتتى. ۋەھالەنكى، بۇ خىل يۈزلىنىش يا 800 مىليون خەلقنىڭ، يا بېيجىڭدىكى نەچچە يۈز سىياسەتچىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. پۈتۈنلەي غەربلىشىش 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا خۇددى 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكىدەك ئاقمىدى. شۇنىڭ بىلەن رەھبەرلەر «جۇڭگونىڭكىنى ئاساس قىلىش، غەربنىڭكىدىن پايدىلىنىش» تىن ئىبارەت يېڭىچە ئەندىزىنى تاللاپ، بىر جەھەتتە كاپىتالىزمنى يولغا قويۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىغا كىرىش قەدىمىنى تېزلەتتى، يەنە بىر جەھەتتە، سىياسىي نوپۇزچىلىق بىلەن ئەنئەنىۋى جۇڭگو ھەزارىتىنى بىرلەشتۈردى. بۇ ھاكىمىيەت جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىقتىساد ھازىرلاپ بەرگەن ھەرىكەت ھەقلىقلىقى* بىلەن، جۇڭگو

* ھەقلىقلىق — «legitimacy»، خەنزۇچىدا «合法性» دەپ ئىپادىلەنگەن. بۇ سىياسىي ئاتالغۇ بولۇپ، خەنزۇچىدا ئىپادىلەنگىنىدەك، نوقۇل قانۇنغىلا ئۇيغۇنلۇقنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ھەر قانداق بىرەر

ھەزارىتىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى ھازىرلىغان مىللەتچىلىك ھەقلىقلىقىنى ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنقىلابىنىڭ ھەقلىقلىقى ئورنىغا دەسسەتتى. بىر ئوبزورچى مۇنداق دەيدۇ: «تيەنئەنمىن ۋەقەسىدىن كېيىنكى ھاكىمىيەت جۇڭگو مىللەتچىلىكىنى ھەقلىقلىقنىڭ يېڭى مەنبەسى قىلىشنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلدى» ھەم مەقسەتلىك ھالدا ئامېرىكىغا قارشى كەيپىيات شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق ئۆز كۈچى ۋە ھەرىكىتىنى ئاقلىدى[4]. جۇڭگونىڭ بىر خىل ھەزارەت مىللەتچىلىكى مۇشۇنداق مەيدانغا كەلدى. بىر شياڭگاڭ رەھبىرى 1994- يىلى «بىز جۇڭگولۇقلاردا تارىختا بولۇپ باقمىغان مىللەتچىلىك تۇيغۇسى پەيدا بولدى، بىز جۇڭگولۇق ھەم بۇنىڭدىن پەخىرلىنىمىز»، دېدى. جۇڭگودا 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا بىر خىل «جۇڭگوغا ھەقىقىي تەۋە بولغان نەرسىلەرگە قايتىشتەك ئومۇميۈزلۈك قىزغىنلىق پەيدا بولدى، بۇ نەرسىلەر پاترىئارخال تۈسىنى ئالغان، چەتكە قاقىدىغان، ھوقۇقپەرەسلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان نەرسىلەر ئىدى. بۇ خىل تارىخىي تەكرارلىنىش جەريانىدا دېموكراتىيە خۇددى لېنىنىزمغا ئوخشاش ئىشەنچسىز دەپ قارالدى، چۈنكى ئۇ پەقەتلا بىر چەت ئەللىكلەر تاڭغان نەرسە ئىدى»[5].

20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى جۇڭگو زىيالىيلىرى ۋېبېرنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان خۇلاسىگە كېلىپ، كۇڭزىچىلىقنى جۇڭگونىڭ قالاقلىقىنىڭ يىلتىزى، دەپ قارىغانىدى. 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بولسا جۇڭگونىڭ سىياسىي داھىيلىرى خۇددى غەربنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرىغا ئوخشاش، ئۇنى جۇڭگونىڭ ئىلگىرىلىشىنىڭ ئاساسى دەپ مەدھىيىلىدى. 80- يىللاردا جۇڭگو ھۆكۈمىتى كۇڭزىچىلىقنى تەكىتلەشكە باشلىدى، پارتىيە رەھبەرلىرى

---

سىياسىي پائالىيەت، سىياسىي گەۋدىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان ئادالەت پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىك ھالىتىنى نەزەردە تۇتىدۇ. مەسىلەن، «国家的合法性»، يەنى «دۆلەتنىڭ ھەقلىقلىقى»، بۇ بىر دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولالىشىدىكى شۇ دۆلەت پۇقرالىرى ئېتىراپ قىلغان، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كۆڭلىدىن قوبۇل قىلغان ئەھۋال شۇ دۆلەتنىڭ ھەقلىقلىقى بولىدۇ. سىياسىيشۇناسلىقتا بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئۇقۇم.

ئۇنى جۇڭگو ھەزارىتىنىڭ «غول ئىقىنى» دەپ جاكارلىدى⑥. ئەلۋەتتە، لى گۇاڭياۋمۇ كۆزقارىشىدا ئىشتىياق باغلىدى ھەم ئۇنى سىنگاپورنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سەۋەب دەپ قارىدى ھەم دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا كۆزى قىممەت قارىشىنى تەشۋىق قىلدى. 90- يىللاردا تەيۋەن ھۆكۈمىتى ئۆزىنى «كۇڭزى ئىدىيىسىنىڭ ۋارىسى» دەپ جاكارلىدى. لى دېڭخۇي تەيۋەننىڭ دېموكراتلىشىشىنى تاڭ، كۇڭزى، (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5- ئەسىر)، مىڭزى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىر)لارغىچە تۇتىشىدىغان «جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى»غا باغلىدى⑦. جۇڭگولۇق رەھبەرلەر مەيلى مۇستەملىكىنى ياكى دېموكراتىيىنى ئاقلىسۇن، ئۇلار غەربتىن قوبۇل قىلىنغان ئۇقۇملاردىن ئەمەس، ئورتاق جۇڭگو ھەزارىتىدىن ھەقلىق ئىزدەشتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياپونىيىنىڭ 80- يىللاردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن كىشىلەر ھېس قىلغان ئامېرىكا ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە «ئاجىزلىشىشى» ئۆز ئارا سېلىشتۇرما شەكىللەندۈردى. بۇ كىشىلەرنى كۆنسايىن غەرب ئەندىزىسىنىڭ مەستخۇشلۇقىدىن قۇتقۇزۇپ، بارغانسېرى ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ئاساسىنىڭ ئۆز ھەزارىتىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى. 1945- يىلىدىكى ھەربىي ئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇ سەۋەبتىن ۋاز كېچىلگەن ياپونىيە ھەزارىتى 1985- يىلى ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈردى ھەم قايتىدىن قوبۇل قىلىندى. ياپونلۇقلار غەرب جەمئىيىتىنى چۈشەنگەنسېرى «غەربنىڭ ئەزاسى بولۇشنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئۇنداق كۆڭۈلدىكىدەك ئىش ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز تۈزۈمىدىن ئىبرىشكەن يەكۈنى ئىدى». گەرچە مىجى يېڭىلىقىدا كۆچۈش مەزگىلىدىكى ياپونلۇقلار «ئاسىيادىن ئايرىلىپ، ياۋروپاغا قوشۇلۇش» سىياسىتىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ھەزارەت گۈللىنىش دەۋرىگە كەلگەندە،

«ئامېرىكىدىن يىراقلىشىپ، ئاسىياغا قوشۇلۇش» سىياسىتىنى قوللىدى[8]. بۇ يۈزلىنىش بىرىنچىدىن ياپونىيە ھەزارەت ئەنئەنىسىنى قايتىدىن تونۇشنى، ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلارنى قايتىدىن تەكىتلەشنى؛ ئىككىنچىدىن، تىرىشىپ ياپونىيىنى «ئاسىيالاشتۇرۇش»نى (بۇنىڭدا تالاش-تارتىش زور)، گەرچە ياپونىيىنىڭ ئۆزگىچە ھەزارىتى بولسىمۇ، ئومۇمىي ئاسىيا ھەزارىتى بىلەن سالاھىيەتلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيىنىڭ غەرب بىلەن سالاھىيەتلىنىشى جۇڭگوغا قارىغاندا كۈچلۈك بولغانلىقى ھەم غەرب ھەرقانچە ئاجىزلىشىپ كەتسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدەك غولاپ كەتمەيدىغانلىقىدىن، ياپونىيىنىڭ غەربتىن يۆتۈلەي ۋاز كېچىش مۇددىئاسى جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە غەرب ئەندىزىسىدىن ۋاز كېچىش مۇددىئاسىدەك كۈچلۈك بولمىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ياپونىيىگە نىسبەتەن ياپونىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ياپونىيىنىڭ جاھانگىرلىك تارىخىنى تېخىچە ئۇنتۇپ قالماسلىقى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ باشقا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىچىدىكى ئىقتىسادىي مەركەزلىك ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەر غەربتىن يىراقلىشىش ئاسىياغا قېتىلىشقا قارىغاندا ئاسانراق بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ[9]. ياپونىيە قايتا ئۆزىنىڭ ھەزارەت سالاھىيىتىنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى، غەرب ھەزارىتى ۋە باشقا ئاسىيا ھەزارەتلىرى بىلەن بولغان پەرقىنى تەكىتلەيدۇ.

گەرچە جۇڭگو ۋە ياپونىيە ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىدىن يېڭى قىممەتلەرنى بايقىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك، تېخىمۇ ئورتاق ھالدا ئاسىيا ھەزارىتىنىڭ غەربكە زىت بولغان ئومۇمىي قىممەتلىرىنى تەكىتلىدى. سانائەتلىشىش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن ئىقتىسادىي ئېشىش 1980- ۋە 1990- يىللىرىدىكى شەرقىي ئاسىيالىقلار تەرىپىدىن «ئاسىيانىڭ ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى»

دەپ ئاتالغان ئۇقۇمنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ پوزىتسىيە ئاساسلىق تۆت خىل تەركىبتىن تەشكىل تاپقان:

بىرىنچى، ئاسىيالىقلار ئۆز ئىقتىسادىنىڭ داۋاملىق تېز ئاشىدىغانلىقىغا ھەم ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ غەربنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ دۇنيا ئىشلىرىدىكى تەسىرى بارغانسېرى زورايماقتا. ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى ئاسىيا جەمئىيىتىدە بىر خىل كۈچ ئېڭىنى ئويغاتتى ۋە بىزدىمۇ غەربكە قارشى تۇرالايدىغان ئىقتىدار بار، دەيدىغان ئىشەنچنى تۇرغۇزدى. بىر داڭلىق ياپونىيە مۇخبىرى 1993- يىلى «ئامېرىكا چۈشكۈرسە، ئاسىيا زۇكام بولۇپ قالىدىغان كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى»، دېدى. بىر مالايسىيا ئەمەلدارى بۇ ئوخشىتىشنى تولۇقلاپ: «ئامېرىكا ئىسمىداپ قالغان تەقدىردىمۇ ئاسىيا يۆتىلىپ قالمايدۇ» دېدى. يەنە بىر ئاسىيا داھىيسى ئاسىيا بىلەن ئامېرىكا مۇناسىۋىتى «ئەيمىنىش دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىپ، رەددىيەنىڭ باشلىنىش» دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ، دېدى. مالايسىيانىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى كېيىپلا: «ئاسىيانىڭ كۈنسايىن گۈللىنىشى ھازىر ئاسىيانىڭ يەر شارىدىكى ئاساسلىق سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى يەنە باشقا ئەستايىدىل ئويلىشىشقا تېگىشلىك تاللاشلار بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ»، دېدى[⑪]. شەرقىي ئاسىيالىقلار غەربنىڭ ئاسىيا جەمئىيىتىنى كىشىلىك ھوقۇق ۋە باشقا قىممەت قاراشلىرى جەھەتتە ئۆز ئۆلچىمىگە ئەگەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى تېز يوقىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى، ئاسىيالىقلار بۇ خىل ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەتنىڭ زور دەرىجىدە ئاسىيا ھەزارىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىگە، ئاسىيا ھەزارىتىنىڭ غەرب ھەزارىتىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. 80- يىللاردىكى كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان كۈنلەردە ياپونىيىنىڭ ئىقتىساد، ئېكسپورت، سودا سومىسى، تاشقى پېرېۋوت جۇغلانمىسى شىددەت بىلەن ئاشقاندا، ياپونىيىلىكلەر خۇددى سەئۇدى

ئەرەبىستانلىقلاردەك، ئۆزىنىڭ يېڭى ئىقتىسادىي كۈچىنى كۆككە كۆتۈرگەن، غەربنىڭ ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىنى مەنسىتمەسلىك بىلەن تىلغا ئالغان ھەم ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە غەربنىڭ ئاجىزلىشىشىنى ئۆز ھەزارىتىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە غەرب ھەزارىتىنىڭ چۈشكۈنلۈكىگە باغلىغانىدى. 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاسىيا غەلىبىسى نەزەرىيىسى پەقەت «سىنگاپور ھەزارەت ھۇجۇمى» ئىچىدە يەنە بىر قېتىم روشەن ئىپادىلەندى. لى گۇاڭياۋدىن باشلاپ ۋەزىپىدە تۇرغان سىنگاپور رەھبەرلىرى ئاسىيانىڭ غەربكە نىسبەتەن كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆككە كۆتۈردى ھەمدە ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇپ، ئاسىيا غەلىبىسىنىڭ سەۋەبىنى يىلتىزى كۇڭزى ھەزارىتى بولغان ئاسىيا ھەزارىتىنىڭ تەرتىپ، ئىنتىزام، ئائىلە، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ئەمگەكچانلىق، كوللېكتىۋىزملىق، ئىقتىسادچانلىق قاتارلىق ئارتۇقچىلىقىغا؛ غەربنىڭ ئاجىزلىشىش سەۋەبىنى بولسا، ئۆزىنى قويۇۋېتىش، ھۇرۇنلۇق، شەخسچىلىك، جىنايەت، پەسكەش مائارىپ، نوپۇزغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش، «ئىدىيىۋى قاتماللىق» قاتارلىقلارغا باغلىدى. شەرق بىلەن رىقابەتلىشىش ئۈچۈن ئامېرىكا «ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنىڭ ئاساسلىق تەسەۋۋۇرىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېقىش ھەم بۇ جەرياندا شەرقىي ئاسىيا جەمئىيەتلىرىدىن ئاز-تولا بىر نەرسە ئۆگىنىش كېرەك»، دەپ قارىدى[11].

شەرقىي ئاسىيالىقلارغا نىسبەتەن، شەرقىي ئاسىيانىڭ مۇۋەپپەقىيىتى شەرقىي ئاسىيا ھەزارىتىنىڭ شەخسچىلىكنى ئەمەس، كوللېكتىۋىزملىقنى تەكىتلىگەنلىكىدە. لى گۇاڭياۋ مۇنداق دەيدۇ: «شەرقىي ئاسىيالىقلاردا (ياپونىيىلىكلەر، كورىيىلىكلەر، تەيۋەنلىكلەر، شياڭگاڭلىق، سىنگاپورلۇقلار) كۈچلۈك ئومۇملۇق ئېڭىغا ئىگە قىممەت قارىشى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت بار، بۇلار باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىش جەريانىدا قىممەتلىك نەرسە بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. شەرقىي ئاسىيا ھەزارىتىنىڭ قىممەت قارىشى (كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتى شەخسنىڭ مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن

دېگەندەك) كوللېكتىپنىڭ تىرىشچانلىقىنى قوللىدى، بۇ دەل تېز تەرەققىياتنى تېخىمۇ تېزلىتىشتە تولىمۇ زۆرۈر». مالايسىيىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ: «ياپونلار ۋە كورېيىلىكلەرنىڭ خىزمەت ئەقىدىسى بولغان — ئىنتىزامچانلىق، سادىقەتمەنلىك، تىرىشچانلىقلار ئۇلارنىڭ دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىنى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولدى. بۇ خىل خىزمەت ئەقىدىسى دۆلەت ۋە كوللېكتىپ شەخستىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەيدىغان پەلسەپىدىن كەلگەن»[12].

ئۈچىنچى، گەرچە شەرقىي ئاسىيالىقلار ئاسىيادىكى ھەر قايسى جەمئىيەتلەر ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ پەرقىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا مۇھىم ئورتاقلىق مەۋجۇت، دەپ قارايدۇ. جۇڭگودىكى بىر غەيرىي سىياسىي قاراش ئىگىسى مۇنداق دەيدۇ، بۇنىڭ يادروسى «كۆڭزىچىلىق قىممەت سىستېمىسى، تارىخ ئۇنى نۇرلاندۇرغان، بۇ رايوندىكى كۆپ سانلىق دۆلەتلەر بۇنى قوبۇل قىلىدۇ»، بولۇپمۇ ئۇ ئىقتىسادچانلىقنى، ئائىلە، خىزمەت، ئىنتىزامنى تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا مۇھىم بولغىنى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەخسچىلىك «يۇمشاق» مۇستەبىتلىكنى ۋە ئىنتايىن چەكلىك دېموكراتىيىنى يولغا قويىدى. ئاسىيا جەمئىيەتلىرى غەرب بىلەن غەربكە قارشى قىممەت قاراشلارنى قوغداش، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە. ئاسىيالىقلار ئاسىيانى ئىچكى قىسمىدىكى بۇ يېڭى شەكىلدىكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىتتىپاقلىقىنى كېڭەيتىش ۋە شەرقىي ئاسىيا ئىقتىساد مەجلىسى قۇرۇش دېگەندەك ھەمكارلىققا موھتاج، دەپ قارايدۇ. گەرچە شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ بىۋاسىتە ئىقتىسادىي مەنپەئىتى يەنىلا توختىماي غەرب بازىرىغا كىرىشتە بولسىمۇ، ئەمما يەنە تېخىمۇ ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە رايونچىلىق غول ئېقىم بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، شەرقىي ئاسىيا چوقۇم بارغانسىرى ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغ سېلىش ۋە سودىنى

كۆچەيتىشى كېرەك[13]. بولۇپمۇ ياپونىيە، ئاسىيا تەرەققىياتىنىڭ رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، چوقۇم ئۆزىنىڭ تارىختىكى «ئاسىياسىزلىشىش ۋە غەربلىشىش» سىياسىتىدىن ۋاز كېچىشى، «قايتا ئاسىيالىشىش يولىغا» مېڭىشى ياكى تېخىمۇ كەڭرەك قىلىپ ئېيتقاندا «ئاسىيانىڭ ئاسىيالىشىشىنى» ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. بۇ سىنگاپور ئەمەلدارلىرى قوشۇلىدىغان يول[14].

تۆتىنچى، شەرقىي ئاسىيا، ئاسىيانىڭ تەرەققىياتى ۋە قىممەت قارىشى باشقا غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ غەربتىن ئېشىپ كېتىشىدە ئۆرنەك ئېلىشقا تېگىشلىك ئۈلگە، غەربمۇ ئۇلارنى بۇلار بىلەن ئۆزىنى يېڭىلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. شەرقىي ئاسىيالىقلار «ئانگلو-ساكسونلارنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسى ئىلگىرىكى 40 يىلدا ئىزچىل چوقۇنۇشقا ئېرىشىپ كەلدى ھەم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە بىر ئۈنۈملۈك سىياسىي سىستېما قۇرۇشىدىكى ئەڭ ياخشى ۋاستە دەپ قارالدى. ھازىر ئۇ ئۆز رولىنى يوقاتتى»، دېيىشتى. شەرقىي ئاسىيا ئەندىزىسى ھازىر ئۇنىڭ ئورنىنى ئېلىۋاتىدۇ، مېكسىكا، چىلى، ئىران، تۈركىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرى خۇددى ئىلگىرىكى بىر نەچچە ئەۋلاد كىشىلەر غەربنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگەنگەندەك شەرقىي ئاسىيانىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىۋاتىدۇ. ئاسىيا چوقۇم «ھەممىباب قىممەتكە ئىگە قىممەت قاراشلىرىنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىتىشى... كېرەك، بۇنى تارقىتىش ئاسىيانىڭ بولۇپمۇ شەرقىي ئاسىيانىڭ جەمئىيەت سىستېمىسىنى سىرتقا كېڭەيتىشتىن دېرەك بېرىدۇ». ياپونىيە ۋە باشقا ئاسىيا دۆلەتلىرى چوقۇم «تىنچ ئوكيان يەر شارىزم»نى ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئاسىيانى يەر شارىلاشتۇرۇش» ئارقىلىق «ھەل قىلغۇچ يېڭى دۇنيا تەرتىپىنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك»[15].

كۈچلۈك جەمئىيەت ھەممىباب بولىدۇ. ئاجىز جەمئىيەتلەر تار دائىرىلىك بولىدۇ. شەرقىي ئاسىيانىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى

كونسايىن كۆچىيىپ، ئاسىيا ھەممىباپچىلىقىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ۋەھالەنكى، ھەممىباپچىلىق ئەزەلدىن غەربنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. زۇڭلى ماخادىر 1996- يىلى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە «ئاسىيانىڭ قىممەت قاراشلىرى ھەممىباپ، ياۋروپانىڭ بولسا ياۋروپاغىلا تەۋە»، دەپ جاكارلىدى[16]. ئاسىيا ھەممىباپچىلىقىغا ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگىنى ئاسىيالىقلارنىڭ «غەربشۇناسلىقى» بولۇپ، ئۇ غەرب شەرقشۇناسلىقى شەرقنى تەسۋىرلىگەندە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىنكار پوزىتسىيە بىلەن غەربنى تەسۋىرلىدى. شەرقىي ئاسىيالىقلارغا نىسبەتەن ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ئۇنىڭ ئەخلاق ئەۋزەللىكىنىڭ دەلىلى. ئەگەر كەلگۈسىدە ھىندىستان شەرقىي ئاسىيانىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دۇنيادىكى ئىقتىساد ئەڭ تېز تەرەققىي قىلغان رايون بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا دۇنيا ھىندىستان ھەزارىتىنىڭ ئەۋزەللىكى، فامىلە تۈزۈمىنىڭ ئىقتىسادقا قوشقان تۆھپىسى، ھىندىستاننىڭ قانداق قىلىپ يىلتىزىغا قايتقانلىقى، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىدىن قېپقالغان، جۇلاسىنى يوقاتقان غەرب مىراسلىرىنى قانداق يېڭىپ، مەدەنىيەتتە ئالدىنقى قاتاردىكى ئورۇنغا ئۆتكەنلىكىنى كەڭ دائىرىدە مەخسۇس تەتقىق قىلىشقا تەييارلىنىشى كېرەك. ھەزارەتنىڭ تەكىتلىمىسى ماددىي مۇۋەپپەقىيەتتىن كېلىدۇ. قاتتىق كۈچ يۇمشاق كۈچنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى

ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئاسىيا كونسايىن ئۆزىنى تەكىتلەۋاتقان مەزگىلدە زور تۈركۈمدىكى مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىغا قايتىپ، ئۇنى سالاھىيەت، مەنە، مۇقىملىق، ھەقلىقلىق، تەرەققىيات، كۈچ، ئۈمىدنىڭ مەنبەسى دەپ قارىدى. «ئىسلام ھەل قىلىش چارىسىدۇر» دەيدىغان شوئار بۇ خىل ئۈمىدنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى ئىدى. ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى كەڭلىكى ۋە

چوڭقۇرلۇقىدىن ئېيتقاندا، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ غەربكە نىسبەتەن يېڭىۋاشتىن ئۆزىنى تەڭشەشىنىڭ ئەڭ يېڭى باسقۇچى، ئۇ غەرب ئىدېئولوگىيىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىدىن «ھەل قىلىش چارىسى» ئىزدەش ئۇچۇن تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇ زامانىۋىلىقنى قوبۇل قىلىپ، غەرب ھەزارىتىنى شاللىۋەتتى ھەم قايتىدىن ئىسلام دىنىغا ھازىرقى زامان دۇنياسىدا ياشاشنىڭ يېتەكچىسى سۈپىتىدە ئېتىقاد قىلدى. خۇددى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ بىر ئەمەلدارى 1994- يىلى ئېيتقىنىدەك: «چەت ئەلنىڭ نەرسىسىنى كىرگۈزۈش ياخشى ئىش، مەسىلەن، پەن-تېخنىكا دېگەندەك، ئەمما چۈشىنىكسىز ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈملەرنى ئېلىپ كىرىش زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن —— بۇنى ئىران شاھى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ... ئىسلام دىنى بىزگە نىسبەتەن بىر خىل دىنلا ئەمەس، بەلكى بىر خىل تۇرمۇش يولى، بىز سەئۇدىلىقلار زامانىۋىلىشىمىز، ئەمما غەربلەشمەيمىز»[17].

ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىدۇر. ئۇ كەڭ دائىرىدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىلىم-پەن، ھەزارەت، ئىجتىمائىي، سىياسىي پائالىيەتلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. ئىسلام دىنىدىكى «ئەسلىيەتچىلىك» ئادەتتە سىياسىي ئىسلام دىنى دەپ قارىلىدۇ، ئۇ پەقەت بىر دائىرىسى تېخىمۇ كەڭرەك بولغان ئىسلام دىنى قارىشى، ئەمەلىيىتى ۋە ئىسلام چاقىرىقلىرىنىڭ تىرىلىشى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىغا قوشقان تۆھپىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدىن ئىبارەت. گۈللىنىش ھەرىكىتى غول ئېقىن، ئۇ ھەرگىزمۇ ئەسەبىيلىك ئەمەس، ئۇ ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە، تەنھا، يېتىم ھادىسە ئەمەس.

گۈللىنىش ھەرىكىتى بارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارغا ۋە كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ھەزارەت تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسەتتى. جون ئېسپوزىتو مۇنداق يازىدۇ:

*ئىسلام دىنىنىڭ شەخسىنىڭ تۇرمۇشىدا تىزگىنلىگەنلىكىنىڭ ئالامىتى تۇرغۇن: دىنىي ئىبادەتلەرگە بارغانسېرى قىزىقىش (مەسچىتكە بېرىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش)، دىنىي پروگراممىلار ۋە نەشرىيات بويۇملىرىنىڭ كەڭ تارقىلىشى، ئىسلامچە كىيىنىش ۋە ئىسلامچە قىممەت قاراشلارنى تېخىمۇ تەكىتلەش، سوپىزمنىڭ (تەسەۋۋۇپ) تىرىلىشى. بۇ خىل ناھايىتى كەڭ ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان گۈللىنىش يەنە ئاۋامنىڭ تۇرمۇشىدا ئىسلام دىنىدا قايتىدىن چىڭ تۇرۇش بىلەنمۇ ئىپادىلەندى. ئىسلام خاھىشىغا ئىگە ھۆكۈمەت، تەشكىلات، قانۇن، بانكا، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورۇنلىرى ۋە مائارىپ ئورگانلىرى كۈنسېرى كۆپەيدى. ھۆكۈمەت ۋە ئۆكتىچى پارتىيىلەرمۇ ئىسلام دىنىغا يۈزلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى يۇقىرى كۆتۈردى ۋە ئاممىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى... كۆپ ساندىكى ھۆكۈمرانلار ۋە ھۆكۈمەتلەر، مەسىلەن، تۈركىيە، تۇنىس، دېگەندەك دىندىن خالىي دۆلەتلەر (دىن-سىياسىي ئايرىلغان) ئىسلام دىنىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تونۇپ يېتىپ، ئىسلام مەسىلىلىرىگە نىسبەتەن سەزگۈرلۈكىنى تېخىمۇ ئاشۇردى ۋە ئىسلام مەسىلىلىرىدىن ئەندىشە قىلىدىغان بولدى.*

يەنە بىر مەشھۇر ئىسلام ئالىمى ئەلى ھىلال شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاراشنى بايان قىلدى، ئەلى بۇ گۈللىنىش ھەرىكىتى ئىسلام شەرىئىتىنى غەرب قانۇنىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئۈچۈن، قايتا تۈزۈپ چىقىشنى، دىنىي تىل ۋە ئالامەتلەرنى بارغانسېرى كۆپ ئىشلىتىشنى، ئىسلام مائارىپىنى كېڭەيتىشنى (بۇ ئىسلام مەكتەپلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپەيگەنلىكىدە ۋە دۆلەت مەكتەپلىرىدىكى دەرسلەرنىڭ ئىسلاملاشقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ)، ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە ئالاقىدار قانۇن-تۈزۈملىرىگە پەيدىنپەي ئەمەل قىلىشنى (مەسىلەن، ئاياللارنىڭ يۈزىنى يۆگىشى، ھاراقنى چەكلەش دېگەندەك)، ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار

جەمئىيىتىدىكى دىنىدىن خالىي ھۆكۈمەتلەرگە قارشى پائالىيەتلەرنىڭ تەشكىللەش ھوقۇقىنى قولىغا ئالغانلىقى؛ شۇنداقلا ئىسلام دىنى دۆلەتلىرى ۋە جەمئىيەتلىرىنىڭ خەلقئارا ئىتتىپاقلىقىنى كەڭ دائىرىدە كۈچەيتكەنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارايدۇ[18]. خۇدانىڭ قىساس ئېلىشى گەرچە بىر يەر شارى خاراكتېرلىك ھادىسە بولسىمۇ، ئەمما، خۇدا ئىسلام ئۈممىتى دۇنياسىدىن ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك، ئەڭ ئۈزۈل-كېسىل قىساس ئالدى.

سىياسىي ئىپادىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ماركسىزم بىلەن سەل ئوخشىشىپ كېتىدىغان جايلىرى بار. ئۇنىڭ ئۆز ئايەتلىرى، غايىۋى جەمئىيەتلىرى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى بار بولۇپ، تۈپتىن ئۆزگەرتىشتە چىڭ تۇرىدۇ، مەۋجۇت ھاكىمىيەت، دۆلەتلەرنى رەت قىلىدۇ، شۇنداقلا مۆتىدىل ئىسلاھاتتىن باشلاپ زوراۋانلىق ئىنقىلابىغا قەدەر بىر قاتار ئوخشاشمايدىغان تەشەببۇسلىرى بار. ئەمما، بۇنى خرىستىئان دىنىدىكى پروتېستانت دىنى ئىسلاھاتىغا تەققاسلاش تېخىمۇ مۇۋاپىق. بۇ ئىككى دىنىنىڭ ئىككىلىسى مەۋجۇت تۈزۈلمىنىڭ قاتماللىقى ۋە چىرىكلىكىگە قارىتا قايتۇرۇلغان ئىنكاس بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ئۆزىنىڭ تېخىمۇ پاك، تېخىمۇ تەلەپچان دىنىي فورمىسىغا قايتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ خىزمەت، تەرتىپ، ئىنتىزامنى تەرغىب قىلىدۇ؛ ھەر ئىككىلىسىنىڭ شەكىللىنىۋاتقان جۇشقۇن ئوتتۇرا قاتلامغا نىسبەتەن جەلپكارلىقى كۈچلۈك. ھەر ئىككىلىسىنىڭ مۇرەككەپ ھەرىكەتلىرى، نۇرغۇن ئوخشاشمىغان تارماقلىرى بولسىمۇ، ئەمما خرىستىئان لىيۇتېرىزم بىلەن كالۋىنىزم*، ئىسلام دىنىدا بولسا شىئە مەزھىپى بىلەن سۈننىي مەزھىپى ئەسلىيەتچىلىكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ھەتتا، جون سالۋىن ۋە ھۇمەينىنىڭ ئۆز

* خرىستىئان دىنى كالۋىن مەزھىپىنىڭ دىنىي تەلىماتلىرى. 16- ئەسىردىكى دىنىي ئىسلاھاتتا كالۋىن تەشەببۇس قىلغان. لىيۇتېر ئىسلاھاتىدىن سەل كېيىنرەك مەيدانغا كەلگەن. كالۋىن لىيۇتېرنىڭ بەزى قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭمۇ ئۆزگىچە تەشەببۇسلىرى بولغان. — ئۇ . ت

جەمئىيىتىگە تاگماقچى بولغان چەكلەش پرىنسىپلىرى بەكمۇ ئوخشىشىدۇ. خرىستىئان دىنى ئىسلاھاتى ۋە ئىسلام گۈللىنىش ھەركىتىنىڭ يادرولۇق روھى — تۈپكى ئىسلاھات. بىر پاكلىق دىنىنىڭ باستىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلاھات چوقۇم ئومۇميۈزلۈك بولۇشى كېرەك... ھەممە جايلارنى، ھەممە ئادەمنى، ھەممە كەسىپنى، سوتچىنى، پەسكەش قانۇن ئىجراچىسىنى، ئۇنىۋېرسىتېتلارنى، شەھەرلەرنى، دۆلەتلەرنى، سۆپەتسىز مەكتەپلەرنى، روزا تۇتىدىغان كۈننى، دىنىي مۇراسىملارنى، خۇداغا بولغان ئىبادەتنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك». تۇرابىمۇ مۇنداق دېگەن: «بۇ خىل ئويغىنىش ئومۇميۈزلۈك بولىدۇ، چۈنكى ئۇ خۇسۇسىي تەقۋادارلىق ياكى ئىلىم-پەن، ھەزارەت، سىياسىي قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئويغىنىشلارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى بولۇپ، مەقسەت جەمئىيەتنى ھەممە جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك قايتا قۇرۇپ چىقىشتۇر»[19]. 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئىسلام گۈللىنىشىنىڭ شەرقىي يېرىم شار سىياسىيسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش 16- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى پروتېستانت دىنى ئىسلاھاتىنىڭ ياۋروپا سىياسىيسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىق بىلەن ئوخشاش.

ئىسلام گۈللىنىش ھەركىتى بىر مۇھىم ھالقىدا خرىستىئان دىنىدىن پەرقلىنىدۇ. خرىستىئان دىنىنىڭ تەسىرى ئاساسەن شىمالىي ياۋروپادىلا چەكلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىسپانىيە، ئىتالىيە، شىمالىي ياۋروپا، خابسبورگ خانىدانلىقى تېررىتورىيىلىرىدە ئاساسەن دېگۈدەك تەرەققىي قىلالمىغان. ئىسلام دىنىنى بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئىسلام گۈللىنىش ھەركىتى ئاساسەن بارلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى قاپلىدى. 70- يىللاردىن باشلاپ ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىسى، ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادەت، تۈزۈملىرى، سىياسىيسى، تەشكىلاتلىرى مەراكەشتىن ھىندونېزىيىگىچە، نىگېرىيىدىن قازاقىستانغىچە بولغان دۇنيادىكى 1 مىليارد مۇسۇلماننىڭ ئېتىقاد قىلىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى.

ئىسلاملىشىش خاھىشى ئاۋۋال ھەزارەت ساھەسىدە كۆرۈلۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ساھەلەرگىچە كېڭەيدى. زىيالىيلار ۋە سىياسىي داھىيلار مەيلى ئۇنى ياقتۇرسۇن-ياقتۇرمىسۇن، ئۇنىڭغا سەل قارىيالمايدۇ ياكى ئۇنىداق مۇنداق يوللار بىلەن ئۇنىڭغا ماسلىشىشتىن ساقلىنالمايدۇ. ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش خەتەرلىك ۋە خاتا. 1995- يىلى ئىراندىن باشقا مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەر ھەزارەت، ئىجتىمائىي، سىياسىي جەھەتتە 15 يىل ئاۋۋالقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىسلاملىشىپ كەتتى[20].

كۆپ ساندىكى دۆلەتلەردە ئىسلاملىشىشنىڭ يادرولۇق ئامىلى ئىسلام ئىجتىمائىي تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىسلام گۇرۇھلىرىنىڭ مەۋجۇت تەشكىلاتلارغا بولغان كونتروللۇقى بولدى. ئىسلامىزمچىلار ئىسلام مەكتەپلىرىنى قۇرۇش ۋە دۆلەت قۇرغان مەكتەپلەردە ئىسلامنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئەمەلىيەتتە، ئىسلام گۇرۇھلىرى ئىسلامچە «پۇقرالار جەمئىيىتى» بەرپا قىلدى. ئۇ دائىرە، جانلىقلىق جەھەتتە دىنىدىن خالىي جەمئىيەتلەردە كۆپ كۆرۈلىدىغان ئاجىز تۈزۈلمىلەر بىلەن باراۋەر تۇردى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدى. مىسىردا 1990- يىلىنىڭ بېشىدا ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى بىر كەڭ تەشكىلات تورى قۇرۇپ، ھۆكۈمەت بوش قويۇپ قويغان بوشلۇقلارنى توشقۇزدى. مىسىردىكى نۇرغۇن نامرات پۇقرالارنى سەھىيە، پاراۋانلىق، مائارىپ ۋە باشقا جەھەتلەردىكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى. 1992- يىلى قاھىرەدىكى يەر تەۋرەشتىن كېيىن بۇ تەشكىلاتلار «بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا، كوچىلارغا چىقىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان پۇقرالارغا يېمەكلىك، ئەديال تارقىتىپ بەردى، ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇش خىزمىتى بولسا تولىمۇ كېچىكتى». ئىئوردانىيىدە مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى «ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي، ھەزارەت ئۇل مۇئەسسەسەلىرى»نى

تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، 90- يىللارنىڭ بېشىغىچە ئاران 4 مىليون نوپۇسى بار كىچىك بىر دۆلەتتە بىر چوڭ دوختۇرخانا، 20 ئامبۇلاتورىيە، 40 ئىسلام مەكتىپى، 127 قۇرئان ئۆگىنىش مەركەزلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. قوشنا غەربىي قىرغاق ۋە گازا رايونىدا ئىسلام تەشكىلاتلىرى «ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار تەشكىلاتى، دىن، جەمئىيەت، مائارىپ جەمئىيىتى» قاتارلىق تەشكىلاتلارنى قۇردى ۋە باشقۇردى. بۇ يەسلىدىن باشلاپ، بىر ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەر خىل مەكتەپلىرى، ئامبۇلاتورىيە، دارىلئېتام، ساناتورىيە، ئىسلام ئەدلىيە-ھۆكۈمەت سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 70 — 80- يىللاردا ئىسلام تەشكىلاتلىرى پۈتكۈل ھىندونېزىيىگە كېڭەيدى. 80- يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە مۇھەممەدىيە دەپ ئاتىلىدىغان ئالتە مىليون ئەزاسى بار تەشكىلات بىر «دىندىن خالىي دۆلەت ئىچىدىكى دىنىي پاراۋانلىق دۆلىتى» بولۇپ تەشكىللەندى ھەم مەكتەپ، ئامبۇلاتورىيە، دوختۇرخانا، ئىنستىتۇت، ئۇنىۋېرسىتېتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تورنى ئىنچىكىلىك بىلەن بەرپا قىلىپ، دۆلەت ئۈچۈن «بوشلۇقنى تولدۇرۇش» مۇلازىمەت قىلدى. ھىندونېزىيە ۋە باشقا مۇسۇلمانلار جەمئىيەتلىرىدە ئىسلام تەشكىلاتلىرى سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن چەكلەنسىمۇ، 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ئورگانلىرى بىلەن تەڭلىشەلەيدىغان دەرىجىدە مۇلازىمەت قىلدى㉑.

ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئىپادىسى ئۇنىڭ جەمئىيەت، ھەزارەت جەھەتلەردىكى ئىپادىسىدەك ئومۇمىيۈزلۈك بولمىدى، ئەمما ئۇ يەنىلا 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى بىردىنبىر ئەڭ مۇھىم سىياسىي تەرەققىيات ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام ھەرىكىتىنى سىياسىي جەھەتتىن قوللاشنىڭ دەرىجىسى ۋە شەكىللىنىشى، دۆلەتلەرنىڭ ئوخشاشماسلىقى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. ئەمما، يەنىلا مەلۇم كەڭ

دائىرىلىك يۈزلىنىش مەۋجۇت. ئومۇمەن، بۇ ھەرىكەتلەر يېزىلاردىكى سەرخىللارنىڭ، دېھقانلارنىڭ، مويسىپىتلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلىدى. باشقا دىنلاردىكى ئەسلىيەتچىلەردەك، ئىسلامىزمچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىدىكىسى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئىشتىراكچىلىرى ۋە بۇ جەريانىنىڭ مەھسۇلى. ئۇلار پائالىيەتچان، زامانىۋىلىق خاھىشىغا ئىگە ياشلار بولۇپ، كۆپىنچىسى ئۈچ خىل قاتلامدىن كەلگەن.

كۆپ قىسىم ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەردىكىدەك، ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ يادرولۇق تەركىبى ئوقۇغۇچى ۋە زىيالىيلار. كۆپىنچە دۆلەتلەردە ئەسلىيەتچىلەر ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەشكىلاتلارنى كونترول قىلغان بولۇپ، بۇ سىياسىينى ئىسلاملاشتۇرۇش جەريانىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى. 70- يىللاردا، مىسىر، پاكىستان، ئافغانىستان ئالىي مەكتەپلەردە ئىسلامىزمنىڭ «بۆسۈشى» مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە كېڭەيدى. ئىسلامىزمنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى تېخنىكا ئىنستىتۇتلىرى، قۇرۇلۇش خادىملىرى، پەن-تەتقىقات خادىملىرىغا نىسبەتەن ئالاھىدە كۈچلۈك. 90- يىللاردا سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئالجىرىيە ۋە باشقا جايلاردىكى «ئىككىنچى ئەۋلاد يەرلىكلىشىش» ئۆز دۆلىتىنىڭ تىلىدا تەربىيە ئالىدىغان ستۇدېنتلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىدە ئىپادىلەندى. شۇڭا، ئۇلار پەيدىنپەي ئىسلامىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلىدى. ئىسلامىزمچىلار ئاياللارغا نىسبەتەنمۇ كۈچلۈك جەلپكارلىققا ئىگە[22]. مەسىلەن، تۈركىيىدە كونا بىر ئەۋلاد دىندىن خالىي ئاياللار بىلەن ئۇلارنىڭ ئىسلام خاھىشىغا ئىگە قىزلىرى، قىز نەۋرىلىرى ئارىسىدا روشەن چېگرا بار[23]. مىسىردىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان بىر تەكشۈرۈشتە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق بەش خىل ئالاھىدىلىكى بايقالغان. بۇ باشقا دۆلەتلەردىكى ئىسلامىزمچىلارنىڭمۇ تىپىك ئالاھىدىلىكى: ئۇلار ياش، كۆپىنچىسى 20 — 30 ياشلاردا؛ 80% تى ستۇدېنت ياكى

ئاسپىرانت؛ بىرىنچىدىن كۆپرەكى سەرخىل ئالىي مەكتەپلەر ياكى مېدىتسىنا، قۇرۇلۇش ساھەلىرى دېگەندەك ئەڭ يۇقىرى ئەقلىي ئىقتىدار تەلەپ قىلىدىغان كەسپىي تېخنىكا ساھەلىرىدىن كەلگەن، 70% تىن كۆپرەكى تۆۋەن قاتلامنىڭ ئوتتۇرا تەبىقىلىرىدىن (يەنى «ئوتتۇرا ھال، نامرات ئەمەس»)، كەلگەن بولۇپ، ئائىلىسى بويىچە تۇنجى ئالىي مائارىپ تەربىيىسى قوبۇل قىلغانلار؛ ئۇلار بالىلىق دەۋرىنى يېزا-بازارلاردا ئۆتكۈزگەن، كېيىن چوڭ شەھەرلەرنىڭ پۇقراسى بولۇپ قالغان[24].

ئوقۇغۇچىلار ۋە زىيالىيلار ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئۇرۇشقاق، غوللۇق، ھۇجۇم ئەترەتلىرىنى شەكىللەندۈردى. شەھەردىكى ئوتتۇرا قاتلامۇ كۆپ ساندىكى ھەرىكەتچان ئۇنسۇرلارنى شەكىللەندۈردى. بۇ كىشىلەر مەلۇم دەرىجىدە ئادەتتە «ئەنئەنىۋى» دەپ ئاتىلىدىغان ئوتتۇرا قاتلامدىن كەلگەن. يەنى، سودىگەر، ۋاستىچى، كىچىك تىجارەتچىلەر، يايمىچىلار. ئۇلار ئىران ئىنقىلابىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئالجىرىيە، تۈركىيە، ھىندونېزىيەدىكى ئەسلىيەتچىلەرنى كۈچلۈك قوللىغان. ئەمما، ئەسلىيەتچىلەر تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئوتتۇرا قاتلامدىكى تېخىمۇ «زامانىۋى» قىسمىغا مەنسۇپ. ئىسلامىزمنىڭ ئاكتىپلىرى «ئەڭ ياخشى تەربىيە كۆرگەن، ئەڭ ئەقىللىق ياشلار ئىچىدە كۆپىلۈكىدىن نىسبەتلەشتۈرگىلى بولمايدىغان»لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن، (دوختۇر، ئادۋوكات، ئىنژېنېر، ئالىم ‹پەن-تېخنىكا جەھەتتە›، ئوقۇتقۇچى، قەلەمكەشلەر)[25].

ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئۈچىنچى مۇھىم ھىمايىچىلىرى شەھەرگە يېڭىدىن كۆچۈپ كىرگەن كىشىلەر. 70— 80- يىللاردا پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدىكى شەھەرلەرنىڭ نوپۇسى شىددەت بىلەن ئاشتى. ئەسلىدىمۇ نامرات رايوندا ياشاپ كەلگەن، شەھەرگە ئېقىپ كىرگەن كۆچمەنلەر، ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن مەنپەئەتلەندى. ئېرنىست گېللنېر مۇنداق كۆرسەتتى، ئىسلام دىنى بۇ «يېڭى كۆچمەن»لەرگە «ئىززەتلىك

سالاھىيەت» بەردى. ئىستانبۇل، ئەنقەرە، قاھىرە، ئاسيۇت، ئالجىر، فېس، گازا رايونلىرىدا ئىسلامىزم پارتىيە-گۇرۇھلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا «ئېزىلگەن ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان كىشىلەر»نى تەشكىللىدى ھەم جەلپ قىلدى. ئولىۋىر روي مۇنداق دەيدۇ: «ئىنقىلابىي ئىسلام ئاممىسى» بولسا «ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى...». شەھەرلەرگە يېڭىدىن كەلگەن نەچچە مىليون دېھقان مۇسۇلمانلار شەھەرلىرىنىڭ نوپۇسىنى ئۈچ ھەسسە كۆپەيتىۋەتتى»[26].

90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە پەقەت ئىران بىلەن سۇدانىدىلا ئىسلام ھۆكۈمىتى ھوقۇق تۇتۇۋاتاتتى. ئاز ساندىكى بىر نەچچە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە — تۈركىيە، پاكىستانلاردا مەلۇم دەرىجىدە دېموكراتىيە ھەقلىقلىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھاكىمىيەتلەر بار ئىدى. باشقا 40 نەچچە مۇسۇلمانلار دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيەتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پادىشاھلىق، بىر پارتىيىلىك، ھەربىي ھاكىمىيەت، شەخسىي مۇستەبىتلىك تۈزۈمى ياكى يۇقىرىقى بىر نەچچە خىل تۈزۈمنىڭ بىرلەشمىسى، بىرەر چەكلىك ئائىلە ياكى جەمەت-قەبىلە ئاساسىغا قۇرۇلغان دېموكراتىك بولمىغان ھۆكۈمەتلەر ئىدى. ئۇلار بەزى ئەھۋالدا ئېغىر دەرىجىدە چەت ئەلنىڭ ياردىمىگە تايىناتتى. مەراكەش ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان ھاكىمىيەتلىرى مۇئەييەن شەكىلدىكى ئىسلامىي ھەقلىقلىقىنى ئېلىپ كىردى. ۋەھالەنكى، بۇ ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىسلام، دېموكراتىيە ياكى مىللەتچىلىك قىممەت قارىشىغا ئاساسلىنىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئاقلايدىغان ھەر قانداق ئاساس كەمدىن-كەم كۆرۈلەتتى. كېلىمىنت ھېنرى مورنىڭ گېپى بويىچە ئۇلار «پارتىزانلارچە ھاكىمىيەتلەر» بولۇپ، زالىم، چىرىك، جەمئىيەتنىڭ ئارزۇ-ئېھتىياجلىرىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنىدى. بۇنداق ھاكىمىيەتلەر ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلىشى، غۇلاپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما، ھازىرقى زامان دۇنياسىدا ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش ۋە غۇلاش ئېھتىماللىقى بەك يۇقىرى. شۇڭا، 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر مۇھىم مەسىلە كىمنىڭ ئورۇنباسار

بولۇپ قىلىش ئېھتىماللىقى ئەڭ يۇقىرى؟ دېگەن مەسىلە بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارلىرى كىم؟ 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دېگۇدەك بارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ئورۇنباسار ھاكىمىيەت بولۇپ قىلىش ئېھتىماللىقى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى ئىسلام ھاكىمىيىتى ئىدى.

70 — 80- يىللاردا دېموكراتىيىلىشىش دولقۇنى پۈتۈن دۇنيانى قاپلىدى. بۇ دولقۇننىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگىمۇ ناھايىتى چەكلىك دائىرىدە تەسىر كۆرسەتتى. دېموكراتىيە ھەرىكىتى جەنۇبىي ياۋروپا، لاتىن ئامېرىكىسى، شەرقىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ياۋروپادا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان چاغدا، ئىسلام ھەرىكىتىمۇ مۇسۇلمانلار دۆلەتلىرىدە كۈچكە ئىگە بولغانىدى. ئىسلامىزم خرىستىئان دىنىي جەمئىيىتىدە فۇنكسىيە جەھەتتىن مۇستەبىتلىككە قارشى دېموكراتىك ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى ئالدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئىجتىمائىي يۆتكىلىش، مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ پائالىيەت ھەقلىقلىقىنى يوقىتىشى، خەلقئارا مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا دېموكراتىك دولقۇنغا ئەمەس، بەلكى ئىسلامىزمغا تۈرتكە بولغان نېفىت باھاسىنىڭ ئۆسۈشى قاتارلىقلار. روھانىيلار، باستېرلار ۋە ئادەتتىكى مۇرىتلار دىنىي گۇرۇھلارنىڭ خرىستىئان جەمئىيىتىدە مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئىسلام گۇرۇھلىرى، مەسچىتنى ئاساس قىلغان دىنىي جامائەتلەر ۋە ئىسلامىزمچىلار مۇسۇلمانلار جەمئىيەتلىرىدە ئوخشاشلا قارشى تۇرۇش رولىنى ئوينىدى. پوپلار پولشانىڭ كوممۇنىزم ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشتا، ئاياتۇللاھ ئىران ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشتا مۇھىم كۈچ بولدى.

80 — 90- يىللاردا ئىسلامىزم ھەرىكىتى كۆپىنچە ھاللاردا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۆكتىچى گۇرۇھلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئۇنى مونوپول قىلدى. ئۇلارنىڭ كۈچىيىشىگە قىسمەن جەھەتتە ئۆكتىچى گۇرۇھلارنىڭ باشقا تاللاش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقى سەۋەب بولغانىدى. سولچىللىق ھەرىكىتى ۋە كوممۇنىزم

ھەرىكىتى ئاللىقاچان ئابرۇيىنى يوقاتتى، ئارقىدىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە خەلقئارا كوممۇنىزمنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى. ئەركىن، دېموكراتىك ئۆكتىچى گۇرۇھلار كۆپىنچە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە مەۋجۇت ئىدى. ئەمما، ئۇلار پەقەت سانى چەكلىك زىيالىيلار ۋە باشقا غەربتە يېتىشىپ چىققان بولغان بىلەنلا چەكلىنىپ قالاتتى. بەزىبىر ئالاھىدە ئەھۋاللاردىن باشقا، ئەركىن دېموكراتچىلار مۇسۇلمانلار جەمئىيەتلىرىدە كەڭ دائىرىلىك قوللاشقا ئېرىشەلمەيتتى. ھەتتا، ئىسلام لىبېرالىزمىمۇ يىلتىز تارتىپ تۇرالمايتتى. فۇئاد ئاجامى مۇنداق دەيدۇ: «دېگۇدەك ھەربىر مۇسۇلمان جەمئىيىتىدە لىبېرالىزم ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيە ئەنئەنىلىرىنى يېزىش خۇددى غەلىبىسە قىلىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن كىچىك بولغان مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، مەغلۇپ بولغان ئادەمنىڭ ۋەز ئېيتقىنىغا ئوخشاش بىر ئىش»[27]. ئەركىن دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك مەغلۇبىيىتى 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان ئىزچىل بىر ئەسىر داۋاملاشقان، قايتا-قايتا تەكرارلانغان ھادىسە. بۇ خىل مەغلۇبىيەت ھېچبولمىغاندا مەلۇم دەرىجىدە ئىسلام ھەزارىتى ۋە جەمئىيىتىنىڭ غەربنىڭ ئەركىنلىك ئىدىيىلىرىگە سوغۇق مۇئامىلە تۇتقانلىقىدىن كەلگەن.

ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئۆكتىچى گۇرۇھلارغا ئوگۇشلۇق يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئۆزىنى بىردىنبىر ئورۇنباسار قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى، مۇشۇ ھاكىمىيەتلەر سىياسىتىنىڭمۇ زور ياردىمىگە ئېرىشتى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە نۇرغۇن ھۆكۈمەتلەر — ئالجىرىيە، تۈركىيە، ئىئوردانىيە، مىسىر، ئىسرائىلىيە ھۆكۈمەتلىرى بەزىدە ئىسلامىزمنىڭ كوممۇنىزمچىلار ۋە دۈشمەنلىشىۋاتقان مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرۇشىنى ئىلھاملاندۇرغان ۋە قوللىغانىدى. تاكى دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىغا قەدەر سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە باشقا دېڭىز قولتۇقى دۆلەتلىرى ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتلىرىغا ۋە ئىسلامىزم گۇرۇھلىرىغا غايەت زور ماددىي ياردەم

بەرگەنىدى. ئىسلام گۇرۇھلىرىنىڭ ئۆكتىچىلىك ھەرىكەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئىقتىدارى ھۆكۈمەتنىڭ باشقا دىنىدىن خالىي قارشىلىقلارنى باستۇرۇشى ئارقىلىقمۇ كۈچەيدى. ئەسلىيەتچىلىكنىڭ كۈچى ئادەتتە دىنىدىن خالىي دېموكراتىك پارتىيە ۋە مىللەتچى پارتىيىلەرنىڭ كۈچى بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولىدى. ئۇلارنىڭ مەراكەش، تۈركىيىدەك مەلۇم دەرىجىدە كۆپ پارتىيە رىقابىتىگە يول قويىدىغان دۆلەتلەردىكى كۈچى بارلىق ئۆكتىچى كۈچلەرنى باستۇرىدىغان دۆلەتلەردىكىدىن ئاجىز بولىدى[28]. ۋەھالەنكى، دىنىدىن خالىي قارشىلىقنى باستۇرۇش دىنىي قارشىلىقنى باستۇرۇشتىن ئوڭاي ئىدى. كېيىنكىسى مەسچىت، پاراۋانلىق تەشكىلاتلىرى، فوند جەمئىيەتلىرى ۋە باشقا ھۆكۈمەت باستۇرغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدىغان مۇسۇلمانلار ئورگانلىرىدىن تۈزۈلگەن تور ئىچىدە ياكى ئۇنىڭ ئارقىسىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەركىن دېموكراتچىلارنىڭ بۇنداق قوغدىنىش قاتلىمى يوق، شۇڭا، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللۇقى ۋە باشقۇرۇشىغا ئوڭاي ئۇچرايدۇ.

ئىسلامىزم يۈزلىنىشىنىڭ تەرەققىياتىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، بەزى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى دۆلەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەردە دىنىي مائارىپنى كېڭەيتتى. بۇ خىل تەربىيە ھەمىشە ئىسلامىزمچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياكى شۇنداق ئىدىيىلەرنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرىدى. ھۆكۈمەت يەنە دىنىي ئورگانلار ۋە دىنىي مائارىپ ئورگانلىرىنى قوللاشنى كۈچەيتتى. بۇ ئىشلار مەلۇم دەرىجىدە ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى، ھۆكۈمەت يەنە ئۇلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئىسلام ئورگانلىرى ۋە مائارىپىنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتتى. ئەمما، بۇ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ۋە كىشىلەرنىڭ ئىسلام قىممەت قارىشى تەربىيىسى قوبۇل قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇلارنى ئىسلامىزم چاقىرىقلىرىغا مايىل ھەمدە ئىسلامىزمچە نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئۇرۇشقاق قىلىپ قويدى.

گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ۋە ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ چاقىرىق كۈچى، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىسلام تۈزۈمى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تەشەببۇس

قىلىشىغا ۋە ئىسلامىزمچە سىمۋول، ئادەت-يوسۇنلارنى ھاكىمىيەت قاتلىمىغا ئېلىپ كىرىشكە سەۋەب بولدى. ئەڭ كەڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئۇلارنىڭ دۆلىتى ۋە جەمئىيىتىنىڭ ئىسلامچە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ياكى قايتا ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. 70 — 80- يىللاردا سىياسىي داھىيلار ھاكىمىيىتى ئۆزىنى ئىسلام دىنى بىلەن سالاھىيەتلەشكە ئالدىراپ كەتتى. ئىئوردانىيە پادىشاھى ھۈسەيىن دىندىن خالىي ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەرەب دۇنياسىدا ئاساسەن دېگۈدەك ئىستىقبالى يوقلۇقىنى ئېتىراپ قىلىپ، «ئىسلام دېموكراتىيىسى» ۋە «ئىسلام دىنىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تىلغا ئالدى. مەراكەش پادىشاھى ھەسەن ئۆزىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ «مۆئمىنلارنىڭ قوماندانى» ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. برونېينىڭ سۇلتانى باشتا ئىسلامچە پائالىيەتلەر بىلەن تونۇلمىغانىدى، كېيىن «بارغانسېرى تەقۋادار» بولۇپ كەتتى ھەم ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى «مالايلارنىڭ (مالاي مىللىتىنى كۆرسىتىدۇ) ئىسلام ھۆكۈمىتى» دەپ بېكىتتى. تۇنىستىكى ئىبنى ئەلى ھەمىشە نۇتۇقلىرىدا ئاللاھتىن ھىمايە تىلەيدىغان بولدى، ئىسلام گۇرۇھلىرىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان جەلپكارلىقىنى چەكلەش ئۈچۈن ئۆزىنى «ئىسلام تونىغا ئورىدى»[29]. 90- يىللاردا سۇخارتو «تېخىمۇ مۇسۇلمانلىشىش» سىياسىتىنى يولغا قويدى. باڭلادېشتا «ئەلمانىيە» پرىنسىپى ئاساسىي قانۇندىن چىقىرىۋېتىلدى. 90- يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە تۈركىيىنىڭ دىندىن خالىي، كامالىزمچە سالاھىيىتى تۇنجى قېتىم كەسكىن خىرىسقا دۇچ كەلدى[30]. ئۆزىنىڭ ئىسلامغا بولغان ئېتىقادىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھۆكۈمەت داھىيلىرىدىن ئۆزەل، سۇخارتو، كەرىموفلار ھەجگە بېرىشقا ئالدىراپ كەتتى.

مۇسۇلمانلار دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەتلىرىمۇ ئىسلاملاشقان قانۇن بىلەن ئىش كۆردى. ھىندونېزىيىدە ئىسلام قانۇنىي ئۇقۇملىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى دىندىن خالىي قانۇن سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلدى. مالايسىيادا

زور مىقداردا غەيرىي مۇسۇلمانلار بولغاچقا، بىرى دىندىن خالىي، بىرى ئىسلامچە بولغان ئىككى يۈرۈش مۇستەقىل قانۇن سىستېمىسى يولغا قويۇلدى[31]. پاكىستاندا گېنېرال زىيائۇلھەق ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە ھۆكۈمەت قانۇن ۋە ئىقتىسادنى ئىسلاملاشتۇرۇش ئۈچۈن كەڭ دائىرىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ جازا تۈزۈمىنى قوللىنىپ، ئىسلام شەرىئىتى سوت سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى، ئىسلام شەرىئىتى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي قانۇنى دەپ ئېلان قىلىندى.

باشقا يەر شارى خاراكتېرلىك دىنىي گۈللىنىشنىڭ ئىپادىلىرىگە ئوخشاش، ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى ھەم زامانىۋىلىشىشنىڭ مەھسۇلى، ھەم زامانىۋىلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈش تىرىشچانلىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچكى يوشۇرۇن سەۋەبى غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ يەرلىكلىشىش يۈزلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شەھەرلىشىش، ئىجتىمائىي سەپەرۋەرلىك، ساۋاتلىقلار نىسبىتى، مائارىپ سەۋىيىسىنىڭ ئېشىشى، خەۋەرلىشىش-تارقىتىش ۋاسىتىلىرىنىڭ كېڭىيىشى، غەرب ۋە باشقا ھەزارەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى قاتارلىقلار ئومۇمىي ئامىللاردۇر. بۇ جەھەتلەردىكى تەرەققىياتلار ئەنئەنىۋى يېزا ۋە قەبىلە رامكىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ياتلىشىش ۋە سالاھىيەت كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىسلام دىنىنىڭ سىمۋول، ئەقىدە، ئېتىقادلىرى بۇ پسىخىك ئېھتىياجنى قاندۇردى. ئىسلام پاراۋانلىق تەشكىلاتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ زامانىۋىلىشىش جەريانىدىكى ھەزارەت، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇردى. مۇسۇلمانلار ئىسلام ئىدىيىسى، ئۆرپ-ئادەت، تۈزۈلمىسىگە قايتىپ، زامانىۋىلىشىش ئۈچۈن يېتەكچى نىشان ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھازىرلاش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى[32].

كىشىلەر ئىسلام گۈللىنىشىنىمۇ «غەربنىڭ كۈچىنىڭ ۋە ئىمتىيازىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى... غەرب ئۆزىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈن كونتروللۇق ئورنىدىن ۋاز كەچكەندىن كېيىن، غايىسى ۋە تۈزۈلمىلىرىمۇ قىممىتىنى يوقاتتى» دەپ قارايدۇ. تېخىمۇ كونكرېت

ئىپتىقاندا، 70- يىللاردىكى نېفىت ساھەسىنىڭ گۈللىنىشى ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولدى، ئۇ نۇرغۇن مۇسۇلمانلار دۆلەتلىرىنىڭ بايلىقى ۋە كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى ھەم ئۇلارنىڭ غەرب بىلەن بولغان بېقىنىش، بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتتى. خۇددى جون كېللىي شۇ چاغلاردا كۆزەتكىنىدەك: «سەئۇدى ئەرەبىستانلىقلارغا نىسبەتەن غەربلىكلەرگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان جازا ئۇلارنى ھەسسىلەپ مەمنۇن قىلىۋېتىدۇ، چۈنكى بۇ جازالار سەئۇدى ئەرەبىستانلىقلارنىڭ كۈچى ۋە مۇستەقىللىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى (ئۇلار ئۆزلىرى ئاتايىن كۆرسەتمەكچى بولغىنىدەك) ئۇلارنىڭ خرىستىئان دىنىنى مەنسىتمەسلىكى ۋە ئىسلامنى ئۇلۇغلايدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. نېفىت بايلىقى مول مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى «مۇبادا تارىخىي، دىنىي، ئىرقىي، ھەزارەت مۇھىتىغا قويساق، ئۇ پەقەت ئۇلارنىڭ خرىستىئان غەربىنى مۇسۇلمانلار شەرقىگە بويسۇندۇرۇشقا بولغان دادىل ئۇرۇنۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس»[33]. سەئۇدى ئەرەبىستانى، لىۋىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ نېفىت بايلىقى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىشىگە ياردەم بەردى. مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىقى ئۇلارنىڭ غەرب ھەزارىتى ۋە ئۆزىنىڭ ھەزارىتىگە بولغان تەلۋىلەرچە قىزغىنلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە بۇرىشىنى ھەم غەيرىي ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئورنى ۋە مۇھىملىقىدا چىڭ تۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خۇددى غەربنىڭ بايلىقى ئىلگىرى ھەزارىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ ئىسپاتى دەپ قارالغىنىدەك، ھازىر نېفىت بايلىقى ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ قارالدى.

نېفىت باھاسىنىڭ ئېشىشى پەيدا قىلغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ 80- يىللاردا يوقىلىشقا باشلىدى، ئەمما نوپۇسنىڭ ئېشىشى يەنىلا بىر مۇھىم سىجىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندى. شەرقىي ئاسىيانىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىقتىسادىي تەرەققىياتى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئىسلامنىڭ گۈللىنىشىنىمۇ ئوخشاشلا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نوپۇسنىڭ پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىسلام دۆلەتلىرى نوپۇسىنىڭ ئېشىشى بولۇپمۇ بالقان، شىمالىي ئافرىقا، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى

ئۆزىنىڭ قوشنا دۆلەتلىرى ۋە دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. 1965- يىلىدىن 1990- يىلىغىچە يەر شارى نوپۇسى 3 مىليارد 200 مىليونىدىن 5 مىليارد 300 مىليونغا يېتىپ، يىللىق ئېشىش سۈرئىتى 1.85% بولدى. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ نوپۇس ئېشىش سۈرئىتى ئومۇمەن 2%نى ساقلاپ كەلدى، ھەتتا بەزىدە 2.5%تىن ئېشىپ كەتتى، بەزىدە 3% كىمۇ يەتتى. مەسىلەن، 1965- يىلىدىن 1990- يىلىغىچە مەغرىب رايونىدىكى نوپۇسىنىڭ يىللىق ئېشىش سۈرئىتى 2.65% بولۇپ، 29 مىليون 800 مىڭ نوپۇس 59 مىليونغا كۆپەيدى. ئالجىرىيىنىڭ نوپۇسى يىلىغا 3% ئاشتى. ئوخشاش مەزگىلدە مىسىر نوپۇسىنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى 2.3% بولۇپ، 29 مىليون 400 مىڭ نوپۇس 52 مىليون 400 مىڭغا كۆپەيدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا 1970- يىلىدىن 1993- يىلىغىچە ئارىلىقتا تاجىكىستان نوپۇسىنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى 2.9%، ئۆزبېكىستاننىڭ 2.6%، تۈركمەنىستاننىڭ 2.5%، قىرغىزىستاننىڭ 1.9% بولدى. ئەمما، نوپۇسىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك رۇس بولغان قازاقىستان نوپۇسىنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى 1.1% بولدى. پاكىستان ۋە باڭلادېشنىڭ 2.5%تىن، ھىندونېزىيىنىڭ 2%تىن يۇقىرى بولدى. قىسقىسى، 1980- يىلى مۇسۇلمانلار دۇنيا نوپۇسىنىڭ 18%نى تەشكىل قىلغان بولسا، 2000- يىلى 20% تىن ئېشىپ كەتتى، 2025- يىلى 30%كە يېتىشى مۇمكىن[34].

مەغرىب رايونى ۋە باشقا جايلار نوپۇسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى ۋە ھازىر تۆۋەنلەشكە باشلىدى. ئەمما، نوپۇس ناھايىتى زور مىقداردا كۆپەيگەن بولۇپ، پۈتۈن 21- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كىشىلەر بۇ كۆپىيىشنىڭ تەسىرىنى ھېس قىلىپ قالىدۇ، كەلگۈسىدىكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە مۇسۇلمانلار نوپۇسىدا ياشلارنىڭ سانى كۆپلۈكىدىن نىسبەتلەشتۈرگىلى بولمايدۇ، 10 — 20 ياشقىچە بولغان نوپۇسلار شىددەت بىلەن كۆپەيدى (5.1- جەدۋەلگە قاراڭ). بۇنىڭدىن باشقا، بۇ ياشتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەھەر نوپۇسى ھەم ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىسى قوبۇل قىلغان. نوپۇس كۆلىمى بىلەن ئىجتىمائىي سەپەرۋەرلىكنىڭ بىرلىشىشىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ چوڭ سىياسىي ئاقىۋىتى بار:

بىرىنچى، ياشلار قارشىلىق كۆرسىتىش، مۇقىمسىزلىق، ئىسلاھات، ئىنقىلابنىڭ غوللۇق كۈچلىرى. تارىختا ياشلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغان مەزگىل دەل مۇشۇ خىل ھەرىكەتلەر كۆپ يۈز بەرگەن مەزگىللەر بىلەن ئۇدۇل كېلىدۇ. ئېيتىلىشىچە، «خرىستىئان دىنىدىكى پروتېستانت دىنىي ئىسلاھاتى تارىختىكى ياشلار ھەرىكىتىنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرى» ئىكەن. جېك گولدستون قايىل قىلارلىق تەرزدە مۇنداق دەيدۇ: نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى 17- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ ئاساسلىق ئامىلى[35]. غەرب دۆلەتلىرىدىكى ياشلار نوپۇسىنىڭ كۆرۈنەرلىك كۆپىيىشى 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون نەچچە يىلىدىكى «دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرى» بىلەن ۋاقىت جەھەتتە ئۇدۇل كېلىدۇ. 19- ئەسىردىكى سانائەتلىشىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ۋە سىرتقا كۆچۈش ياۋروپا جەمئىيىتىدە ياشلارنىڭ سىياسىيغا بولغان تەسىرىنى ئازايتتى. ئەمما، 20- ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىدا ياشلارنىڭ سانى يەنە بىر قېتىم كۆپىيىپ، فاشىزم ۋە چېكىدىن ئاشقان ھەرىكەتلەرنى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى[36]. 40 يىلدىن كېيىن، يەنى 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تۇغۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى مەزگىلىدە تۇغۇلغان بىر ئەۋلاد كىشىلەر 60- يىللاردىكى نامايىش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىدە سىياسىي تەسىرىنى جارى قىلدۇردى.

ئىسلام ياشلىرىمۇ ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىگە ئۆزىنىڭ تامغىسىنى باستى. 70- يىللاردىكى گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇنىڭ 80- يىللاردىكى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ئاساسلىق مۇسۇلمانلار دۆلەتلىرىنىڭ نوپۇسى زور دەرىجىدە ئاشتى ھەم دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 20% دىن ئېشىپ كەتتى. نۇرغۇن مۇسۇلمانلار دۆلەتلىرىدە 70 — 80- يىللىرىدا يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. باشقا دۆلەتلەردە كېيىنكى ئەسىرنىڭ بېشىدا (21- ئەسىر-ت) يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ (5.1- جەدۋەل). بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي ۋە يۇقىرى پەللىسى (ئالاھىدە ئەھۋالدىن باشقا) ئوتتۇرىچە 20%تىن يۇقىرى. مۆلچەرلىنىشىچە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئەرەب ياشلىرى نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى 21- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا يۇقىرى پەللىگە يېتىشتىن بۇرۇن توختىمايدۇ. بۇ


ياشلار ئىسلام دىنىي تەشكىلاتلىرى ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرىگە زاپاس كۈچ تەمىنلىدى. تازا قاملاشمىغىنى شۇ بولدىكى، ئىران نوپۇسىدىكى ياشلارنىڭ نىسبىتى 70- يىللاردا شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، 70- يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا %20 كە يەتتى. 1979- يىلى دەل ئىران ئىنقىلابى يۈز بەردى. 90- يىللارنىڭ بېشىدا ئالجىرىيىدە مۇشۇ پەللىگە يەتتى، بۇ مەزگىلدە دەل ئىسلام قۇتقۇزۇش فرونتى سايلامدا غەلىبىگە ئېرىشتى. مۇسۇلمانلار ياشلىرىنىڭ كۆپىيىشىدىمۇ زور رايون پەرقى كۆرۈلدى (2.5- جەدۋەل). گەرچە سانلىق مەلۇماتلارغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش زۆرۈر بولسىمۇ، ئەمما مۆلچەرلىنىشچە بوسنىيە، ئالبانىيىدە ياشلارنىڭ سانى ئەسىر ئالمىشىش مەزگىلىدە شىددەت بىلەن تۆۋەنلەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتە ياشلار نوپۇسى كۆپىيىشىنىڭ دېڭىز قولتۇقى رايونىدا يەنىلا پۈرسىتى كۆپ. 1988- يىلى سەئۇدى ئەرەبىستان شاھزادىسى ئابدۇللاھ ئۆز دۆلىتىگە بولغان ئەڭ زور تەھدىت ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ ياشلار ئارىسىدا گۈللىنىشى، دېدى. بۇ پەرەزلەر بويىچە بولغاندا، بۇ تەھدىت 21- ئەسىرگىچە داۋاملىشىدۇ.

مۇسۇلمانلار دۆلەتلىرىدىكى ياشلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى

| 70-يىللار | 80-يىللار | 90-يىللار | 2000—2009يىللار | 2010—2019يىللار |
|---|---|---|---|---|
| بوسنىيە | سۈرىيە | ئالجىرىيە | تاجىكىستان | قىرغىزىستان |
| بالىن | ئالبانىيە | ئىراق | تۈركمەنىستان | مالايسىيا |
| ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى | يەمەن | ئىئوردانىيە | مىسىر | پاكىستان |
| ئىران | تۈركىيە | مەراكەش | ئىران | سۈرىيە |
| مىسىر | تۇنىس | باڭلادىش | سەئۇدى ئەرەبىستان | يەمەن |
| قازاقىستان | پاكىستان | ھىندونېزىيە | كۇۋەيت | ئىئوردانىيە |
| | مالايسىيا | | سۇدان | ئىراق |
| | قىرغىزىستان | | | ئومان |
| | تاجىكىستان | | | لىۋىيە |
| | تۈركمەنىستان | | | ئافغانىستان |
| | ئەزەربەيجان | | | |

مەنبە: 15 — 24 ياشقىچە بولغان نوپۇسنىڭ ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ياكى يېتىدۇ دەپ مۆلچەرلەنگەن. ئاساسەن %20 دىن يۇقىرى بولغان ئون يىل. بەزى دۆلەتلەردە بۇ نىسبەتنىڭ يۇقىرى پەللىسى ئىككى قېتىم كۆرۈلىدۇ.

5.2-جەدۋەل. نوپۇس خىرىسى: ئىسلام دۇنياسى، روسىيە ۋە غەرب




مەنبە: ب د ت نوپۇس مەھكىمىسى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۇچۇرلار ۋە سىياسەت تەھلىل قىلىش ئورنى: «دۇنيا نوپۇس مۆلچەرى 1994- يىلى تۈزىتىلگەن نەشرى» (نيويورك: ب د ت، 1995-يىلى)، ب د ت نوپۇس مەھكىمىسى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۇچۇرلار ۋە سىياسەت تەھلىل قىلىش ئورنى: «دۇنيا نوپۇسىنىڭ جىنس ۋە ياش جەھەتتە تارقىلىشى» (نيويورك: ب د ت، 1994- يىلى)

بەزى ئاساسلىق ئەرەب دۆلەتلىرىدە (ئالجىرىيە، مىسىر، مەراكەش، سۈرىيە، تۇنىس) يېشى 20 دىن ئاشقان، خىزمەت ئىزلەۋاتقان ياشلارنىڭ سانى 2010- يىلغىچە كۆپىيىدۇ. 1990-يىلغا قارىغاندا تۇنىستا ئىقتىساسلىقلار بازىرىغا كىرىدىغانلار كۆپىيىدۇ. ئالجىرىيە، مىسىر، مەراكەشتە ئىشسىز ياشلار 50% كۆپىيىدۇ، سۈرىيىدە 100% تىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئەرەب جەمئىيىتىدە ساۋاتلىقلار سانىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى تەربىيە

كۆرگەن ياشلار بىلەن ساۋاتسىز ياشانغانلار ئارىسىدا بىر هالاك پەيدا قىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن، «بىلىم بىلەن كۈچنىڭ ياتلىشىشى» ئېهتىمال «سىياسىي سىستېمىنى جىددىي هالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن»[38].


كۆپ نوپۇس شۇنىڭغا لايىق بايلىق مەنبەسىگە موهتاج. شۇڭا، نوپۇسى زىچ ۋە شىددەت بىلەن كۆپەيگەن جەمئىيەتنىڭ كىشىلىرى كېڭىيىشكە، زېمىن بېسىۋېلىشقا، نوپۇسى كۆپىيىشى ئاز مىللەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىشكە مايىل. شۇڭا، ئىسلام ئەللىرى نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى ئىسلام دۇنياسى چېگراسىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى. نوپۇس بېسىمى بىلەن ئىقتىسادىي بوهران بىرلىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ غەرب ۋە باشقا غەيرىي مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە كۆچۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نوپۇس مەسىلىسىنى شۇ جەمئىيەتلەردىكى ئېغىر مەسىلىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. بىر مەدەنىيەت نوپۇسىنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى بىلەن يەنە بىر مەدەنىيەت نوپۇسىنىڭ ئاستىلىشى ۋە توختىشىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا يۈز بېرىشى هەر ئىككىلا جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بېسىم پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، 70- يىللاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نوپۇس نىسبىتىدە كەسكىن ئۆزگىرىش يۈز بەردى. مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى 24% ئاشتى. روسىيىلىكلەرنىڭ بولسا 6.5% ئاشتى. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كومپارتىيە رەهبەرلىرىنىڭ زور دىققىتىنى قوزغىدى[39]. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئالبانىيىلىكلەر نوپۇسىنىڭ تېزلىكتە كۆپىيىشى، سېربلار، گرېكلار، ئىتالىيانلارنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئىسرائىلىيىلىكلەر پەلەستىنلىكلەرنىڭ نوپۇسىغا دىققەت قىلىدۇ، ئىسپانىيە نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 0.2% يەتمەيدۇ، ئۇنى ئەنسىرىتىدىغىنى ئۇنىڭ مەغرىبتىكى قوشنا دۆلەتلىرىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئىسپانىيىنىڭكىدىن ئون هەسسە

ئارتۇق، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي دارامىتىمۇ ئىسپانىيىنىڭ 1/10 گە توغرا كېلىدۇ.

## خىرىسنىڭ ئۆزگىرىشى

ھەرقانداق جەمئىيەت ئىككى خانلىق نىسبەتتىكى ئىقتىساد ئېشىشىنى چەكسىز مۇددەتكىچە ساقلاپ تۇرالمايدۇ. ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى 21- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مەلۇم بىر مەزگىلدە مۇقىملىشىدۇ. ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى 70- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا زور دەرىجىدە تۆۋەنلىگەن، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئامېرىكا، ياۋروپادىن روشەن ئېشىپ كېتەلمىدى. ئاسىيادىكى باشقا «ئىقتىسادىي مۆجىزە» ياراتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتىمۇ تۆۋەنلەپ ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادنىڭ «نورمال سەۋىيىسى»گە يېقىنلىشىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ھەرقانداق دىنىي گۈللىنىش ۋە ھەزارەت ھەرىكەتلىرىمۇ چەكسىز داۋاملىشىپ كەتمەيدۇ. مەلۇم بىر مەزگىلدە ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىمۇ پەسكويغا چۈشىدۇ ياكى تارىخ قوينىدا غايىب بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئادەم كۆچى تەمىنلەپ بېرىدىغان نوپۇس 21- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 20 ياكى 30 يىلىدا ئازايسا، بۇ (يەنى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ پەسكويغا چۈشۈشى)نىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بەك زور. ئۇ چاغدا ئۇرۇشخۇمارلار، پېشقەدەم ئەسكەرلەر ۋە كۆچمەنلەر ئازىيىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك توقۇنۇشى (10- بابقا قاراڭ) ئازىيىشى مۇمكىن. ئىسلام دۇنياسى ۋە غەربنىڭ مۇناسىۋىتى گەرچە بەك يېقىنلىشىپ كەتمىسىمۇ، توقۇنۇش ئازىيىپ، يېرىم ئۇرۇش (9- بابقا قاراڭ) سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغا، ھەتتا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى تىنچلىققا ئورۇن بوشىتىشى مۇمكىن.

5.3-جەدۋەل. مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ كۆپىيىشى




مەنبە: 2-.5 جەدۋەلنىڭكى بىلەن ئوخشاش.

ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تېخىمۇ زور بايلىق، تېخىمۇ ئۈنۈۋېرسال ئىقتىساد، خەلقئارا ئىشلارغا كۆپلەپ قاتنىشىش، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بۇرژۇئازىيە ۋە باي ئوتتۇرا قاتلامدىن ئىبارەت مىراسلارنى قالدۇرۇپ قويىدۇ، بەلكىم بۇلار تېخىمۇ كۆپ مەنبەلەشكەن ھەم تېخىمۇ دېموكراتىك سىياسىينى مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، بۇ دېموكراتىك سىياسىي غەربكە تېخىمۇ مايىل بولۇشى ناتايىن. ئەكسىچە، كۈچىنىڭ زورىيىشى بىلەن ئاسىيا خەلقئارا ئىشلاردا ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى تېخىمۇ قوغدايدىغان، غەربنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان شەكىلدە يەر شارى يۈزلىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا تىرىشىدىغان، غەربنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىدىن ۋاز كېچىپ، خەلقئارا تۈزۈلمىنى قايتا قۇرىدىغان بولىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ

گۈللىنىشى خرىستىئان دىنى ئىسلاھاتىغا ئوخشاش ھەرىكەتلەردەك، مۇھىم مىراسلارنى قالدۇرۇپ قويىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىدىكى ئورتاق نەرسىلەر ۋە ئۆزلىرىنى غەيرىي مۇسۇلمانلاردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ. يېڭى بىر ئەۋلاد رەھبەرلەر بەلكىم ئەسلىيەتچى بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار چوقۇم ئۆزىدىن ئاۋۋالقىلارغا قارىغاندا ئىسلام دىنىغا تېخىمۇ كۆچلۈك ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ يەرلىكلىشىشى كۈچىيىدۇ. گۈللىنىش ھەرىكىتى جەمئىيەتتە بىر ئىسلامىزمچە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ تورىنى قالدۇرۇپ قويىدۇ. ئەمما، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق، ساماھىيەت، مەنە، ئېتىقاد مەسىلىرىگە نىسبەتەن «ھەل قىلىش چارىسى» ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئىجتىمائىي ئادالەت، سىياسىي زۇلۇم، ئىقتىسادىي قالاقلىق، ھەربىي ئاجىزلىق قاتارلىق مەسىلىرىنىڭ ھەل قىلىش چارىسى ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەپ قويىدۇ. بۇ مەغلۇبىيەتلەر بەلكىم سىياسىي رول ئويناۋاتقان ئىسلام دىنى ھەققىدىكى نۇرغۇن ئارزۇ-خىياللارنى بەربات قىلىشى، ئۇنىڭغا پايدىسىز ئىنكاس پەيدا قىلىشى ۋە بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان باشقا «ھەل قىلىش چارىسى»نى ئىزدەشكە سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ھەتتا تېخىمۇ كۈچلۈك غەربكە قارشى مىللەتچىلىك مەيدانىغا كېلىشى، ئىسلامنىڭ مەغلۇبىيىتى تۈپەيلىدىن غەرب ئەيىبلىنىشى ياكى مالايسىيا، ھىندونېزىيىنىڭ ئىقتىسادى ئىزچىل تەرەققىي قىلسا، بەلكىم ئۇلار تەرەققىيات جەھەتتە بىر «ئىسلام ئەندىزىسى» بەرپا قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن غەرب ۋە ئاسىيا ئەندىزىسى بىلەن رىقابەتلىشىشى مۇمكىن.

قانداقلا بولمىسۇن، كەلگۈسىدىكى نەچچە ئون يىلدا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتى غەرب كونترول قىلىۋاتقان خەلقئارا تەرتىپنىڭ مۇقىمسىزلىقىغا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى ئىزچىل تەرەققىي قىلسا، يەنە ھەر قايسى مەدەنىيەتلەر مۇۋازىنىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۇنىڭدىن

باشقا ھىندىستاندىمۇ ئىقتىساد ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، ھەتتا ئۇ دۇنيا ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر چوڭ رىقابەتچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا دۆلەتلەرنىڭ مۇقىمسىزلىقىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. زور تۈركۈمدىكى ئوتتۇرا مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن ياشلار ئىسلام گۈللىنىشىنى كۈچ بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشقاقلىقى، مىلىتارىزمى ۋە كۆچمەن بولۇشىنى كۈچەيتىپ قويىدۇ. نەتىجىدە، 21- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە غەيرىي غەرب كۈچلىرى ۋە مەدەنىيىتى ئۈزلۈكسىز گۈللىنىشى، شۇنداقلا غەيرىي غەرب مەدەنىيىتىگە تەۋە ھەر قايسى مىللەتلەر غەرب بىلەن، بىر-بىرى بىلەن توقۇنۇشى، ھەتتا شۇ مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ توقۇنۇش يۈز بېرىشى مۇمكىن.

# III بۆلۈم شەكىللىنىۋاتقان مەدەنىيەتلەر تەرتىپى

## ئالتىنچى باب
## يەر شارى سىياسىيسىنىڭ ھەزارەت جەھەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

### ئېتىپاق تۈزۈشنى كۆزلەش: سالاھىيەت سىياسىيسى

زامانىۋىلىششىنىڭ تۈرتكىسىدە يەر شارى سىياسىيسى ھەزارەت چېگراسىنى بويلاپ قايتا قۇرۇلۇۋاتىدۇ، ھەزارىتى ئوخشىشىدىغان مىللەت ۋە دۆلەتلەر بىر گەۋدىلىشىۋاتىدۇ، ھەزارىتى ئوخشاشمايدىغان مىللەت-دۆلەتلەر بولسا بۆلۈنۈۋاتىدۇ. ئىدېئولوگىيە ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ئىتتىپاق تۈزۈش ھەزارەت ۋە مەدەنىيەتكە ئاساسەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە ئورۇن بوشىتىۋاتىدۇ، يېڭىۋاشتىن سىزىلغان سىياسىي چېگرالار بارغانسېرى ئىرق-مىللەت، دىن، ھەزارەت چېگرالىرى بىلەن بىردەكلىشىۋاتىدۇ. ھەزارەت ئورتاق گەۋدىلىرى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى لاگېرىنىڭ ئورنىنى بېسىۋاتىدۇ. مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ئۈزۈك سەپلەر يەر شارى سىياسىي توقۇنۇشلىرىنىڭ مەركىزىي لىنىيىسىگە ئايلىنىۋاتىدۇ. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە دۆلەتلەر ئىتتىپاق

تۇزمىسىمۇ، ئىتتىپاق تۈزۈشنى ئۆزگەرتىسىمۇ، بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە ئۆتىسىمۇ بولاتتى. بىر دۆلەت رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىك مەنپەئەتىگە بولغان تونۇشى، تەكتىپۇك كۆچلەرگە بولغان مۆلچىرى ۋە ئىدىيولوگىيىسىگە ئاساسەن قايسى تەرەپتە تۇرۇشنى بەلگىلەيتتى. ۋەھالەنكى، بۈگۈنكى يېڭى دۇنيادا مەدەنىيەت سالاھىيىتى بىر دۆلەتنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشى ياكى قارشىلىشىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل. گەرچە بىر دۆلەت سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىتتىپاق تۈزۈشتىن ساقلىنالىغان بىلەن، ئەمما ھازىر بەلگىلىك بىر سالاھىيەتكە ئىگە بولماي مۇمكىن ئەمەس. ھازىر «سەن قايسى تەرەپتە؟» دېگەن سوئال تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولغان «سەن كىم؟» دېگەن سوئالغا ئالماشتى. ھەربىر دۆلەت بۇنىڭغا چوقۇم جاۋاب بېرىشى كېرەك. مەدەنىيەت سالاھىيىتىگە بولغان جاۋاب مەزكۇر دۆلەتنىڭ دۇنيا سىياسىيىدىكى ئورنى، ئۇنىڭ دۈشمىنى، دوستلىرىنى بەلگىلەيدىغان بولدى.

90- يىللاردا يەر شارى خاراكتېرلىك سالاھىيەت كرىزىسى يۈز بەردى. يەر شارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر «بىز كىم؟»، «بىز قەيەردە؟»، «كىملەر بىز بىلەن بىر ئەمەس؟» دېگەن سوئاللارنى قويۇشقا باشلىدى. بۇ سوئاللار يېڭى دۆلەت قۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان خەلقلەرگىلا ئەمەس، سابىق يۇگوسلاۋىيىدەك ئادەتتىكى دۆلەتلەر ئۈچۈنمۇ مەركىزىي مەسىلە ئىدى. 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مىللىي سالاھىيەت مەسىلىسىنى جىددىي كەسكىن مۇزاكىرە قىلغان دۆلەتلەر ئالجىرىيە، كانادا، جۇڭگو، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ھىندىستان، تۈركىيە، ياپونىيە، مېكسىكا، مەراكەش، روسىيە، جەنۇبىي ئافرىقا، سۈرىيە، تۇنىس، تۈركىيە، ئوكرائىنا، ئامېرىكا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە، سالاھىيەت مەسىلىسى ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتكە تەۋە كىشىلەردىن تەركىب تاپقان دۆلەتلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى.

كىشىلەرگە نىسبەتەن سالاھىيەت كرىزىسىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم ئامىلى قانداشلىق، ئېتىقاد، ساداقەتمەنلىك ۋە ئائىلىدۇر.

ئەجدادلىرى، دىنى، تىلى، قىممەت قارىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ئوخشىشىدىغان كىشىلەر بىلەن بىر يەرگە جەم بولىدۇ، بۇ جەھەتلەردە ئوخشاشمايدىغانلار يىراقلىشىدۇ. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە غەربنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئاۋستىرىيە، فىنلاندىيە، شۋېتسىيىلەر غەربتىن ئايرىلىپ بىتەرەپ دۆلەتلەر بولۇشقا مەجبۇر بولغان؛ ھازىر بولسا ئۇلار ھەزارەت جەھەتتە تۇققان كېلىدىغان ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرەلەيدىغان بولدى. سابىق ۋارشاۋا ئەھدىنامىسى تەشكىلاتى دۆلەتلىرىدىن كاتولىك ۋە پروتېستانت دىنى دۆلەتلىرى پولشا، ۋېنگرىيە، چېخىيە جۇمھۇرىيىتى، سلوۋاكىيىلەر ئاستا-ئاستا ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىغا ئايلىنىۋاتىدۇ. بالتىق دېڭىزى جۇمھۇرىيەتلىرىمۇ ئۇلارنىڭ كەينىگە تىزىلىۋاتىدۇ. ياۋروپادىكى ئاساسلىق چوڭ دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ بىر مۇسۇلمان دۆلىتى بولغان تۈركىيىنى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرگۈزۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى، ياۋروپا قورۇقلۇقىدا بوسنىيىدىن باشقا يەنە بىر مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ كۆپىيىپ قالىدىغانلىقىدىن كۆڭلى غەش بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرۈشتى. شىمالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىنىڭ ئۆز ئارا ۋە شۋېتسىيە، فىنلاندىيە بىلەن يېڭىچە (ياكى كونىچە) ئىتتىپاق تۈزۈشىگە تۈرتكە بولدى. شۋېتسىيىنىڭ باش ۋەزىرى بىۋاسىتە روسىيىگە بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ «يېقىن قوشنىسى» ئىكەنلىكىنى، ئەگەر روسىيە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلسا ئەمدى قول قوشتۇرۇپ تۇرمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

بالقان رايونىدىمۇ مۇشۇنىڭدەك ئىتتىپاق تۈزۈشلەر بولدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە گرېتسىيە ۋە تۈركىيە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ، بۇلغارىيە، رۇمىنىيەلەر بولسا ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. يۇگوسلاۋىيە بولسا بىتەرەپ دۆلەت ئىدى. ئالبانىيە بولسا تەنھا دۆلەت بولۇپ، بەزىدە كوممۇنىزم جۇڭگوسى بىلەن بىرلىشىپ قوياتتى. ھازىر سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى

ئىتتىپاق تۈزۈش ئىسلام دىنى ۋە پراۋوسلاۋىيە دىنىغا يىلتىز تارتقان ئىتتىپاق تۈزۈشكە ئورۇن بوشاتتى. بالقاندىكى بەزى رەھبەرلەر گىرېتسىيە، سېربىيە، بۇلغارىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پراۋوسلاۋىيە ئىتتىپاقى بەرپا قىلماقچى بولدى. گىرېتسىيە زۇڭلىسى: «بالقان ئۇرۇشى پراۋوسلاۋىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئارغامچىسىنى نامايان قىلدى... بۇ بىر باغلايدىغان ئارغامچا. ئىلگىرى ئۇ يوشۇرۇن ھالەتتە بولۇپ، بالقان ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. بۇ تۇراقسىز دۇنيادا كىشىلەر سالاھىيەت، بىخەتەرلىك ئىزدەش بىلەن بىر ۋاقىتتا نامەلۇم خەتەرلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يىلتىز ۋە باغلىنىش ئىزدەۋاتىدۇ»، دېدى. بۇ قاراشلار سېربىيىدىكى ئاساسلىق ئۆكتىچى پارتىيىنىڭ رەھبىرىنىڭ سۆزىدە ئەكس ئەتتى: «شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپانىڭ ۋەزىيىتى پات ئارىدا ئىسلامىزىمنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن سېربىيە، بۇلغارىيە، گىرېتسىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پراۋوسلاۋىيە دىنى دۆلەتلىرىنىڭ يېڭى بالقان ئىتتىپاقى بەرپا قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ». ياۋروپانىڭ شىمال تەرىپىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى سېربىيە ۋە رۇمىنىيە كاتولىك دىنىدىكى ۋېنگرىيە بىلەن ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك ئورتاق مەسىلىلەر ئۈستىدە زىچ ھەمكارلىشىۋاتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى تەھدىتىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، گىرېتسىيە ۋە تۈركىيىنىڭ ئېگېي دېڭىزى ۋە سىپرۇستىكى ھەربىي تەڭپۇڭلۇقى، ئۇلارنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى رولى، شۇنداقلا ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپلىرىنىڭ كەسكىنلەشكەن چاغلىرىدا بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ «تەبىئىي بولمىغان» ئىتتىپاقى ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. تۈركىيە ئۆزىنىڭ بالقاندىكى مۇسۇلمانلارنى قوغداش رولىنى تەكرار تەكىتلەپ، بوسنىيىگە ياردەم بەردى. سابىق يۇگوسلاۋىيىدە روسىيە پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى سېربىيىنى قوللىدى، گېرمانىيە كاتولىك دىنىدىكى كرودىيىگە مەدەت بەردى. مۇسۇلمانلار دۆلەتلىرى بوسنىيە ھۆكۈمىتىنى قوللىدى. سېربىيىلىكلەر ۋە

كرودىيىلىكلەر بوسنىيە مۇسۇلمانلىرى ۋە ئالبانىيە مۇسۇلمانلىرى بىلەن جەڭ قىلدى. قىسقىسى، بالقان يەنە بىر قېتىم دىنىي چېگرا بويىچە بالقانلاشتى. خۇددى مىسخا گىللىپنىنى كۆرسەتكەنىدەك: «ئىككى ئوق شەكىللىنىۋاتىدۇ، بىرى پراۋوسلاۋىيە يەكتىكىگە، يەنە بىرى ئىسلام ھىجاپىغا ئورالغان». ئۇنىڭ ئۈستىگە «بېلگراد — ئافىنا ئوقى ۋە ئالبانىيە — تۈركىيە ئوقى ئارىسىدا بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىۋاتقان تەسىر كۈچ تالىشىش كۈرىشى» مەۋجۇت[1].

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسى ئىچىدە پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى بېلورۇسىيە، مولدوۋا، ئۇكرائىنالار روسىيەگە مايىل بولدى، ئەرمېنىيە ۋە ئەزەربەيجان ئۆز ئارا ئۇرۇش قىلدى، ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى بولغان روسىيە ۋە تۈركىيىلەر ئۇلارنى بىر تەرەپتىن قوللاشقا، بىر تەرەپتىن توقۇنۇشنى چەكلەپ تۇرۇشقا ئۇرۇندى. روسىيە ئارمىيىسى تاجىكىستاندا مۇسۇلمان ئەسلىيەتچىلىرى بىلەن، چېچىنىيىدە مۇسۇلمان مىللەتچىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر قايسى مۇسۇلمانلار جۇمھۇرىيەتلىرى ئۆز ئارا ھەرخىل شەكىلدىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي ھەمكارلىقلارنى كۈچەيتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىدۇ ھەمدە مۇسۇلمان قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كېڭەيتىۋاتىدۇ. تۈركىيە، ئىران، سەئۇدى ئەرەبىستانلار بۇ يېڭى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىككىنچى قۇرۇقلۇقتا، ھىندىستان بىلەن پاكىستان كەشمىر مەسىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەربىي تەڭپۇڭلۇق مەسىلىلىرىدە يەنىلا بىر-بىرى بىلەن زىددىيەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ كەشمىردىكى كۈرەشلىرى كەسكىنلەشتى. ھىندىستاندا مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندى دىنى ئەسلىيەتچىلىرى ئارىسىدا يېڭى توقۇنۇش يۈز بەردى.

شەرقىي ئاسىيا ئالتە خىل ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتكە تەۋە خەلقنىڭ ئائىلىسى. ئۇ يەردە ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىش ۋە

رايونلار ئارا توقۇنۇشلار باش كۆتۈردى. كىچىكرەك ئۈچ جۇڭگولۇقلار رايونى ۋە دۆلىتى — تەيۋەن، شياڭگاڭ، سىنگاپور، شۇنداقلا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى چەت ئەللىك جۇڭگولۇقلار گۇرۇھلىرى، پەيدىنپەي جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىغا مايىل بولۇشقا ۋە يۆلىنىشكە باشلىدى. چاۋشيەن ۋە كورىيە گەرچە ئىككىلىنىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، بىرلىككە كېلىش نىيىتىدە بولماقتا. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدە مۇسۇلمانلار بىر تەرەپ، جۇڭگولۇقلار ۋە خرىستىئانلار بىر تەرەپ بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى باغانسىرى جىددىيلىشىپ، بەزىدە ھەتتا زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرىغا تەرەققىي قىلماقتا.

لاتىن ئامېرىكىسىدا ئىقتىسادىي ئىتتىپاقلار (جەنۇب ئورتاق بازىرى، ئاندىس شەرتنامىسى گۇرۇھى، ئۈچ دۆلەت گۇرۇھى (مېكسىكا، كولۇمبىيە، ۋېنسۇئېلا)، ئوتتۇرا ئامېرىكا ئورتاق بازىرى) يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشتى ھەم ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئوخشاش ھەزارەت ئورتاقلىقى ئاساسىغا قۇرۇلسا، تەرەققىياتىنىڭ تېخىمۇ تېز، سىجىل بولىدىغانلىقىنى قايتا ئىسپاتلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامېرىكا بىلەن كانادا مېكسىكىنى شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا كېلىشىمىگە ئەكىرىشكە كۈچەۋاتىدۇ، بۇ كېلىشىمنىڭ ئۇزاققىچە ئۇتۇقلۇق بولۇشى زور دەرىجىدە مېكسىكىنىڭ ھەزارەت جەھەتتە ئۆزىنى لاتىن ئامېرىكىسىغا ئەمەس، شىمالىي ئامېرىكىغا تەۋە دەپ بېكىتىشىگە باغلىق.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر يېڭىدىن ھەم قايتىدىن قارشىلىشىش ۋە ئىتتىپاق تۈزۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدىغان گۇرۇھلارنى ۋە ئوخشاش ھەزارەتكە ئىگە دۆلەت-گۇرۇھلارنى ئىزچىل ئىزدەپ يۈرىدۇ. سىياسىئونلار دۆلەت، مىللەت چېگراسىدىن ھالقىغان «بۈيۈك» ھەزارەت گۇرۇھلىرى، «بۈيۈك سېربىيە»، «بۈيۈك جۇڭگو»، «بۈيۈك تۈركىيە»، «بۈيۈك ۋېنگرىيە»، «بۈيۈك كرودىيە»، «بۈيۈك ئەزەربەيجان»، «بۈيۈك روسىيە»، «بۈيۈك ئالبانىيە»، «بۈيۈك

ئىران»، «بۈيۈك ئۆزبېكىستان»لارنى تەرغىب قىلىۋاتىدۇ، كىشىلەر مۇشۇنىڭ بىلەن سالاھىيەتلىنىپ يۈرىدۇ.

سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىتتىپاقلار ھەزارەت ۋە مەدەنىيەت ئىتتىپاقلىرى بىلەن مەڭگۈ بىردەك بولالامدۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۇنداق بولمايدۇ. تەكچۈك كۆچلەر غېمى بەزىدە مەدەنىيەت ھالقىغان ئىتتىپاق تۈزۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن، فرانسىيە پادىشاسى فرانس I ئوسمانلى تۈركلىرى بىلەن بىرلىشىپ خابسبورگ سۇلالىسىگە قارشى تۇرغاندا ئەھۋال شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بىر دەۋردە شەكىللەنگەن دۆلەت مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋەتلىرى يېڭى دەۋردىمۇ داۋاملىشالايدۇ. ئەمما، ئۇلار تېخىمۇ ئاجىزلىشىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا چوقۇم يېڭى دەۋر ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇ مۇناسىۋەتلەرنى تەكشەش لازىم. شۆبھىسىزكى، تۈركىيە، گرېتسىيە يەنىلا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى، ئەمما ئۇلارنىڭ باشقا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاجىزلىشىشى مۇمكىن. ئامېرىكىنىڭ ياپونىيە، كورىيەلەر بىلەن بولغان بىخەتەرلىك مۇناسىۋىتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىدۇ. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىدىكى كۆپ ھەزارەتلىك خەلقئارالىق تەشكىلاتلارمۇ بىردەكلىكنى ساقلاش جەھەتتە بارغانسېرى چوڭ قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ھىندىستان، پاكىستاندىكى دۆلەتلەر سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتنىڭ ھەمراھى ئىدى، ھازىر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قايتا بەلگىلەشكە، ھەزارەت سىياسىيسىدىكى رېئاللىقنى نەزەرگە ئالىدىغان يېڭى ھەمكارلىق ئىزدەشكە باشلىدى. ئىلگىرى غەربنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، روسىيىنىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرغان ئافرىقا دۆلەتلىرى، پەيدىنپەي جەنۇبىي ئافرىقىغا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ياردىمىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

نىمە ئۈچۈن ھەزارەت ئورتاقلىقى كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە ئۇيۇشقاقلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن ھەزارەتتىكى پەرق بۆلۈنۈش ۋە توقۇنۇشنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ؟ چۈنكى:

بىرىنچىدىن، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئارا رىقابەتلىشىدىغان ۋە بىر-بىرىنى كۈچەيتىدىغان ئوخشاشمىغان سالاھىيەتلىرى بار: تۇققاندارچىلىق، كەسىپ، ھەزارەت، تۈزۈلمە، جۇغراپىيىۋى، تەربىيىلىنىش، پارتىيە، ئىدېئولوگىيە ۋە باشقا جەھەتلەردىكى سالاھىيەتلەر. بىر جەھەتتىكى سالاھىيەت بەلكىم يەنە بىر جەھەتتىكى سالاھىيەت بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالى شۇكى، 1914- يىلى گېرمانىيە ئىشچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارا پرولېتارىياتلىق سىنىپىي سالاھىيىتى ۋە گېرمان خەلقى ۋە ئىمپېرىيىسىدىن ئىبارەت مىللىي سالاھىيىتى ئارىسىدا مەجبۇرىي تاللاش ئېلىپ بېرىشقا دۇچ كەلدى.

سالاھىيەت ئادەتتە بىۋاستە، يۈزمۇ-يۈز قاتلامدا ئەڭ مەنىلىك بولىدۇ. ئەمما، تار دائىرىدىكى سالاھىيەت كەڭ دائىرىدىكى سالاھىيەت بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشى ناتايىن. بىر ھەربىي ئەمەلدار تۈزۈلمە جەھەتتە ئۆزىنىڭ لىيەنى، تۇەنى، دىۋىزىيىسى بىلەن سالاھىيەتلىنەلەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىر ئادەم ھەزارەت جەھەتتە ئۆزىنىڭ قەبىلە-ئۇرۇقى، مىللىتى، دىنى، مەدەنىيىتى جەھەتتىن سالاھىيەتلىنىدۇ. تۆۋەن قاتلامدىكى ھەزارەت سالاھىيىتى پەيدىنپەي روشەنلىشىپ، بەلكىم ئۆزىنى يۇقىرىراق قاتلامدىمۇ گەۋدىلەندۈرۈشى مۇمكىن. خۇددى بېرىك ئېيتقاندەك: «پۈتۈنلۈككە بولغان مۇھەببەت، قىسمەنلىككە بولغان مۇھەببەت تۈپەيلىدىن يوقاپ كەتمەيدۇ... بىز بۇ جەمئىيەتتىكى ئۆزىمىز تەۋە بولغان ئاشۇ قىسمەن ئادەملەرنى سۆيۈشىمىز باش پرىنسىپ (خۇددى ئىلگىرىمۇ شۇنداق بولغاندەك، ئۇ مۇھەببەتنىڭ بىخى)». ھەزارەت مۇھىم ھېسابلىنىدىغان دۇنيادا لىيەن بولسا قەبىلە-ئۇرۇق، تۇەن بولسا مىللەت، دىۋىزىيە بولسا مەدەنىيەتتۇر. پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدە ھەزارەت

چېگراسىغا ئاساسەن ئۆزىنى پەرقلەندۈرۈشى مەدەنىيەت گۇرۇھلىرى ئارىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ بارغانسېرى كەسكىنلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەدەنىيەت ئەڭ كەڭ دائىرىدىكى مەزارەت گەۋدىسى. شۇڭا، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت گۇرۇھلىرى ئارىسىدىكى توقۇنۇش يەر شارى سىياسىيسىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالىدۇ.

ئىككىنچىدىن، 3-، ۋە 4- بابلاردا مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدەك، مەزارەت سالاھىيىتىنىڭ كۆنسايىن روشەنلىشىشى جەھەتتىكى زور دەرىجىدە شەخسلەر قاتلىمىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى زامانىۋىلىشىشىنىڭ مەھسۇلى. بۇ جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق ۋە ياتلىشىش تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك سالاھىيەت ئېھتىياجىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىجتىمائىي جەھەتتە، غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ ئىقتىدار ۋە كۈچىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى يەرلىك سالاھىيەت ۋە مەزارەتنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

ئۈچىنچىدىن، ھەر قانداق سالاھىيەت (خۇسۇسىي، قەبىلىۋى، ئېتنىك، مىللىي، مەزارەت جەھەتتىكى) پەقەت «باشقىلار» (باشقا ئادەملەر، قەبىلىلەر، مەزارەتلەر) بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ. تارىختا ئوخشاش مەدەنىيەتتىكى دۆلەتلەر ۋە باشقا گەۋدىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت باشقا مەدەنىيەتتىكى دۆلەتلەر ۋە گۇرۇھلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن پەرقلىنەتتى. «بىزگە ئوخشاش» ئادەملەرگە قىلىنىدىغان مۇئامىلىنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى بىلەن بىزگە ئوخشاشمايدىغان «ياۋايىلار»غا قىلىنىدىغان مۇئامىلىنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى ئاسمان-زېمىن پەرقلىنەتتى. خرىستىئان دۆلەتلىرىنىڭ بىر-بىرى بىلەن باردى-كەلدى قىلىش پرىنسىپى ئۇلارنىڭ تۈركلەر ۋە باشقا «غەيرىي دىندىكىلەر» بىلەن بولغان باردى-كەلدى قىلىش پرىنسىپىغا ئوخشاشمايتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە خەلقىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن باشقا دۆلەت ۋە خەلقىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئوخشاشمايتتى. جۇڭگولۇقلارنىڭ جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىلەن باشقا چەت ئەللىكلەرگە تۇتقان

پوزىتسىيىسى ئوخشاشمايدۇ. ئىنسانلار تارىخىدا ئەزەلدىن مەدەنىيەت ئىچىدىكى «بىز» بىلەن مەدەنىيەت سىرتىدىكى «ئۇلار» مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. مەدەنىيەت ئىچىدىكى ھەرىكەتلەر بىلەن مەدەنىيەت سىرتىدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ پەرقى تۆۋەندىكىلەردىن كۆرۈلىدۇ:

1) بىزدىن ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىدۇ، دەپ قارالغان ئادەملەرگە نىسبەتەن پەيدا بولىدىغان ئەۋزەللىك تۇيغۇسى (بەزىدە پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى)؛

2) بۇ خىل كىشىلەردىن قورقۇش ۋە ئىشەنمەسلىك؛

3) تىل ۋە كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىدىكى پەرقتىن كېلىپ چىققان ئۆز ئارا ئالاقىدىكى قىيىنچىلىق؛

4) باشقا مىللەتلەرنىڭ تەسەۋۋۇر، مۇددىئا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلىرى بىلەن پىششىق تونۇشماسلىق.

بۈگۈنكى دۇنيادا قاتناش ۋە خەۋەرلىشىشنىڭ ياخشىلىنىشى ئوخشاشمايدىغان مەدەنىيەت خەلقلىرىنىڭ ئارىسىدا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ كۆچلۈك، تېخىمۇ سىممېترىك، تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك تەسىرلىشىشنى مەيدانغا كەلتۈردى، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سالاھىيىتى بارغانسېرى روشەنلىشىشكە باشلىدى. فرانسىيىلىكلەر، گېرمانلار، بېلگىيىلىكلەر ۋە گوللاندىيىلىكلەر بارغانسېرى ئۆزىنى ياۋروپالىق دەپ قارايدىغان بولدى. ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇسۇلمانلار بوسنىيىلىكلەر ۋە چېچەنلەرنى ئۆزى بىلەن بىر دەپ تونۇدى ھەم ئۇلارغا ياردەم بەردى. شەرقىي ئاسىيادىكى پۈتكۈل جۇڭگولۇقلار (مۇھاجىرلار ـــ ت) ئۆز مەنپەئىتىنى جۇڭگو قۇرۇقلۇقىغا باغلايدىغان بولدى. رۇسلار سېربلار ۋە باشقا پراۋوسلاۋىيە مىللەتلىرىنى ئۆزى بىلەن بىر تونۇيدىغان ھەم ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغان بولدى. بۇ كەڭ دائىرىدىكى مەدەنىيەت سالاھىيەتلىرىنىڭ كىشىلەرگە مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى پەرقنى، شۇنداقلا «بىز»نى «ئۇلار»دىن پەرقلەندۈرۈپ

تۇرىدىغان ئاشۇ خۇسۇسىيەتلىرىنى چوقۇم ساقلاش كېرەكلىكىنى ئېنىق چۈشىنىپ يەتمەي ئىچكىرىلەپ دېرەك بەردى.

تۆتىنچىدىن، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتكە تەۋە دۆلەتلەر ۋە گۇرۇھلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ يىلتىزى ھەمىشە ھەر قايسى گۇرۇھلار ئارىسىدا توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەرسىلەرگە تاقىلىدۇ. مەسىلەن، خەلق، تېررىتورىيە، بايلىق، بايلىق مەنبەسى ۋە نىسپىي كۈچكە بولغان كونتروللۇق. يەنى، بىر گۇرۇھ باشقا بىر گۇرۇھقا ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى، مەدەنىيىتى، تۈزۈلمىسىنى تاڭالايدۇ. ئەمما، ھەزارەتلەر ئارىسىدىكى توقۇنۇش ھەزارەت مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. ماركسىزم ۋە ئەركىن دېموكراتىيە ئارىسىدىكى دىنىدىن خالىي ئىدېئولوگىيىلەرنىڭ پەرقىنى ھەل قىلغىلى بولمىسىمۇ، ھېچبولمىغاندا مۇزاكىرە قىلىشقا بولىدۇ. ماددىي مەنپەئەت جەھەتتىكى توقۇنۇشلارنى سۆھبەت، مادارا ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇخىل ئۇسۇل ئارقىلىق ھەزارەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ئايودىيادا بىر مەسچىت ياكى بۇتخانا سېلىش مەسىلىسىنى ھىندى دىنى مۇرىتلىرى بىلەن ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇتخانا ياكى مەسچىتلىرىنى تەڭلا سېلىش ياكى سالماسلىق ۋەياكى ھەم مەسچىت، ھەم بۇتخانا بار بولغان ئېتىقادنى مۇرەسسە قىلىدىغان بىر ئىمارەت سېلىش ئارقىلىق ھەل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئالبانىيىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى سېربلار ئارىسىدىكى كوسوۋو ئىختىلاپى، ئىسرائىلىيە ۋە ئەرەبلەر ئارىسىدىكى ئېرۇسالىم مەسىلىسى قارىماققا زېمىن مەسىلىسى، ئەمما ئۇلارنى ئۇڭايلىق بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ھەر ئىككى تەرەپكە نىسبەتەن ئۇ يەرلەر چوڭقۇر تارىخىي قىممەت، ھەزارەت قىممىتى ۋە مەنىۋى مەنىگە ئىگە. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، فرانسىيە ھۆكۈمىتى ياكى مۇسۇلمان ئۇقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى قىزلىرىنىڭ مەكتەپتىكى مەزگىلىدە مۇسۇلمانچە كىيىمنى كۈن ئارىلاپ كىيىش ھەققىدىكى مۇرەسسەنى

قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇنداق ھەزارەت مەسىلىلىرىنىڭ جاۋابى پەقەت يا ئۇنداق، يا مۇنداق بولۇش.

بەشىنچىدىن، توقۇنۇشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈكلۈكى. ئۆچمەنلىك ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى. ئۆزلۈكنى بېكىتىش ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئادەملەر دۈشمەنگە، يەنى سودىدىكى رىقابەتچىگە، مۇۋەپپەقىيەتتىكى رەقىبكە، سىياسىيدا ئۆكتىچىگە موھتاج. ئۆزى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ھەم ئۆزىگە زىيان يەتكۈزۈش ئىقتىدارى بار ئادەملەرگە تەبىئىيلا ئىشەنمەيدۇ ھەم ئۇلارنى تەھدىت دەپ بىلىدۇ. بىر توقۇنۇشنىڭ ھەل بولۇشى ۋە بىر دۈشمەنىنىڭ يوقىلىشى يېڭى توقۇنۇش، يېڭى دۈشمەن پەيدا قىلىدىغان خۇسۇسىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي كۈچلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خۇددى ئەلى مازۇرى ئېيتقاندەك «سىياسىي سەھنىدە (بىز) بىلەن (ئۇلار) ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈلۈك قارشىلىشىش مەۋجۇت»[2]. بۈگۈنكى دۇنيادا «ئۇلار» پەيدىنپەي باشقا مەدەنىيەتكە تەۋە كىشىلەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى توقۇنۇشنى ئاخىرلاشتۇرمىدى، ئەكسىچە ھەزارەت ئاساسىغا قۇرۇلغان يېڭىچە سالاھىيەت ۋە ئوخشاش بولمىغان ھەزارەتلەر گۇرۇھلىرى (ئەڭ كەڭ جەھەتتە، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت گۇرۇھلىرى) ئارىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى مەيدانغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئورتاق ھەزارەت شۇ ھەزارەتكە تەۋە دۆلەت-گۇرۇھلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنى ھازىر مەيدانغا كېلىۋاتقان دۆلەت رايون ئىتتىپاقلىرى ئەندىزىسىدىن، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ساھەدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## ھەزارەت ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق

90-يىللارنىڭ باشلىرىدا كىشىلەر رايونچىلىق ۋە يەر شارى سىياسىيسىنىڭ رايونلىشىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى نۇرغۇن پاراڭلارنى

ئاگلىدى. دۇنيا بىخەتەرلىك كۆنتەرتىپىدە رايون توقۇنۇشلىرى يەر شارى خاراكتېرلىك توقۇنۇشلارنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئاساسلىق چوڭ دۆلەتلەر — روسىيە، جۇڭگو، ئامېرىكا ۋە ئىككىنچى دۆلەتلەر شۋېتسىيە، تۈركىيىلەر روشەن ھالدا ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىك مەنپەئىتىنى رايون نۇقتىسىدىن قايتا بەلگىلىدى. رايونلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سودىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى رايون سىرتىدىكى سودىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن تېز بولدى. نۇرغۇن كىشىلەر ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا، شەرقىي ئاسىيا ۋە باشقا رايونلاردا رايون خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي گۇرۇھلار مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن، دەپ ئالدىن قىياس قىلىشتى.

ئەمما، «رايونلۇق» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى تەسۋىرلەش تازا مۇۋاپىق ئەمەس. رايون ھەزارەت ياكى سىياسىي گەۋدە ئەمەس، بەلكى جۇغراپىيىۋى گەۋدە. خۇددى بالقان رايونى ۋە ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى ئەھۋاللاردەك رايونلار بەلكىم مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىچكى ياكى ئۆز ئارا توقۇنۇشلىرى تۈپەيلىدىن بۆلۈنۈپ كېتىشى مۇمكىن. پەقەت جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ۋە ھەزارەت جەھەتتە بىردەك بولغاندىلا، رايون ئاندىن دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ ئاساسى بولالايدۇ. ئۇ ھەزارەتتىن ئايرىلغاندا، جۇغراپىيىۋى يېقىنلىق، ئورتاقلىق ھاسىل قىلالمايدۇ، بەلكىم ئەكسىچە ئەھۋال مەيدانغا كېلىدۇ. ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ئىتتىپاقلار ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەمكارلىق بولسا ئىشەنچكە تايىنىدۇ. ئىشەنچ بولسا ئورتاق قىممەت قاراش ۋە ئورتاق ھەزارەتتىن كېلىدۇ. نەتىجىدە، دەۋر ۋە مەقسەت رول ئوينىسىمۇ، رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتلارنىڭ بىر پۈتۈن ئۈنۈمى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت كۆپ خىللىقىغا نىسبەتەن تەتۈر يۆنىلىشلىك ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، يەككە مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى كۆپ مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرىغا قارىغاندا كۆپ ئىش قىلالايدۇ ھەم ئىشلىرى تېخىمۇ ئۇتۇقلۇق بولىدۇ. مەيلى

سىياسىي بىختەرلىك تەشكىلاتى بولسۇن ياكى ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار بولسۇن شۇنىڭغا ئوخشاش.

شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ غەلىبىسى ئۇنىڭ ئورتاق قىممەت قاراش ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىگە ئىگە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسلىق بىختەرلىك تەشكىلاتى بولغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقى ياۋروپا ئورتاق ھەزارىتىنىڭ مەھسۇلى. يەنە بىر جەھەتتىن، ياۋروپا بىختەرلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى مۇھىم تۈزۈلمە ئورتاقلىقى ۋە كەڭ دائىرىدىكى مۇھىم پائالىيەتلەرگە توسالغۇ بولىدىغان، ئاز دىگەندىمۇ ئۈچ خىل ئوخشاشمىغان قىممەت قاراش ۋە مەنپەئەتكە ئىگە دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سابىق ئەنگلىيە مۇستەملىكىسى بولغان 13 ئىنگلىز تىللىق دۆلەتتىن شەكىللەنگەن يەككە مەدەنىيەتلىك كارىب ئورتاق گەۋدىسى ھەرخىل ھەمكارلىشىشلارنى ئېلىپ باردى، بولۇپمۇ بەزى كىچىك گۇرۇھلار بىلەن تېخىمۇ زىچ ھەمكارلاشتى. ۋەھالەنكى، كارىب رايونىدىكى ئىنگلىز تىللىق بىلەن ئىسپان تىللىق ئۆزئارا سىياسىي كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى تەشكىلات قۇرۇش تىرىشچانلىقلىرى ئىزچىل مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭغا ئوخشاش، 1985- يىلى قۇرۇلغان ھىندى مۇرىتلىرى، مۇسۇلمانلار، بۇددىستلار دۆلەتتىن ئىبارەت يەتتە دۆلەتتىن تەركىب تاپقان جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىقى ئىتتىپاقى ئاساسەن دېگۈدەك رولىنى يوقاتتى، ھەتتا يىغىنلىرىنىمۇ ئاچالمىدى③.

ئىقتىسادنىڭ بىردەكلىشىشى مەسىلىسىدە ھەزارەت ۋە رايونچىلىقنىڭ مۇناسىۋىتى بىر قاراشقىلا ئايان بولىدۇ. دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن ھالەتتىن ئەڭ يۇقىرى ھالەتكىچە بولغان تۆت دەرىجىسى مۇنۇلار:

1) ئەركىن سودا رايونى؛

2) تاموژنا ئىتتىپاقى؛
3) ئورتاق بازار؛
4) ئىقتىسادىي ئىتتىپاق؛

ئورتاق بازار ۋە ئىقتىسادىي ئىتتىپاقتەك ئاساسلارغا ئىگە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىردەكلىشىش يولىدا تېخىمۇ ئۇزاق ماڭالايدۇ. نىسبەتەن ئوخشاش تەركىبلىك جەنۇب ئورتاق بازىرى ۋە ئاندىس شەرتنامىسى دۆلەتلىرى 1994- يىلى تاموژنا ئىتتىپاقى قۇرۇش باسقۇچىدا ئىدى. ئاسىيادا كۆپ مەدەنىيەتلىك ش ج ئا د ئىتتىپاقى 1992- يىلى ئاندىن ئەركىن سودا رايونى قۇرۇش قەدىمىنى ئالدى. باشقا كۆپ مەدەنىيەتلىك ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ئۇلارنىڭ كەينىدە قالدى. 1995- يىلى شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا رايونى تەشكىلاتىدىن باشقا، بۇنداق تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى ئەركىن سودا رايونى قۇرالمىدى. تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى ئىقتىسادىي بىردەكلىكتىن گەپ ئېچىش ھازىر مۇمكىن ئەمەس.

غەربىي ياۋروپا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيەت ئورتاقلىقى ھەمكارلىقنى ۋە رايون تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ۋە لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئورغۇن ئورتاقلىقى بارلىقىنى بىلىدۇ. شەرقىي ئاسىيادا بەش خىل (ئەگەر روسىيىنىمۇ قوشساق ئالتە) مەدەنىيەت بار. شۇڭا، ئۇ يەرلەر ئوخشاشمايدىغان مەدەنىيەتلەر ئاساسىدا ئۈنۈملۈك تەشكىلات قۇرۇشنىڭ تەجرىبە مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى. 1990- يىللارنىڭ باشلىرىغا قەدەر شەرقىي ئاسىيادا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا سېلىشتۇرغىلى بولغۇدەك كۆپ مەدەنىيەتلىك تەشكىلات شەرقىي ئاسىيا ئىتتىپاقى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ئىگە جۇڭگونى، بىر بۇددىزم دۆلىتى، بىر خرىستىئان دۆلىتى ۋە ئىككى مۇسۇلمان دۆلىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇ دۆلەتلەر كوممۇنىزم زوراۋانلىقى، شىمالىي ۋېيتنام ۋە جۇڭگونىڭ يوشۇرۇن خىرىسىغا دۇچ كەلگەندى.

شەرقىي ئاسىيا ئىتتىپاقى ئۇنۇملۇك كۆپ مەدەنىيەتلىك تەشكىلاتنىڭ مىسالى سۈپىتىدە دائىم تىلغا ئېلىنىپلا قالماي، يەنە بۇ خىلدىكى تەشكىلاتلارنىڭ چەكلىمىلىكلىرىنى تىلغا ئالغاندىمۇ مىسال قىلىنىدۇ. ئۇ ھەربىي ئىتتىپاق ئەمەس، گەرچە ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا بەزىدە قوش تەرەپلىك ھەربىي ھەمكارلىقلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھەربىي خام چوتىنى كېڭەيتىپ، ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى كۈچەيتىۋاتىدۇ. بۇ غەربىي ياۋروپا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەربىي ئەسلىھەلەرنى قىسقارتىش بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىتتىپاقى دەسلەپىدىلا «بىردەكلىشىش ئەمەس، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق»نى يولغا قويۇشنى پىلانلىغانىدى. نەتىجىدە، رايونچىلىق «ئاستا قەدەملەر» بىلەن تەرەققىي قىلدى. ھەتتا ئەركىن سودا رايونى قۇرۇشنىمۇ 21- ئەسىرگە بارغاندا ئاندىن ئەستايىدىل ئويلىشىدىغان بولدى④. 1978- يىلى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىتتىپاقى مىنىستىر دەرىجىلىكلەر يىغىنىنى تەسىس قىلدى. بۇ يىغىندا ئۇلارنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى ئامېرىكا، ياپونىيە، كانادا، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، كورىيە ۋە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى قاتارلىق «سۆھبەتداشلىرى»نىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان بولاتتى. ئەمما، مىنىستىرلار يىغىنى ئاساسلىق ئىككى تەرەپ مۇنبىرى بولۇپ قالدى. ئۇ «ھېچقانداق مۇھىم بىخەتەرلىك مەسىلىسى»نى ھەل قىلالمايتتى⑤. 1993- يىلى شەرقىي ئاسىيا ئىتتىپاقى بىر تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى پائالىيەت سورۇنى يەنى شەرقىي ئاسىيا مۇنبىرىنى تەسىس قىلدى. ئۇ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر، سۆھبەتداشلىرى ۋە روسىيە، جۇڭگو، ۋيېتنام، لائوس، پاپۇئا يېڭى گۋىنېيىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. خۇددى ئۇنىڭ نامى ئىما قىلغىنىدەك، بۇ بىر كوللېكتىپ ھەرىكەت سورۇنى بولماستىن، كوللېكتىپ مۇزاكىرە سورۇنى ئىدى. 1994- يىلى 7- ئايدا شەرقىي ئاسىيا مۇنبىرىنىڭ 1- قېتىملىق يىغىنى ئېچىلىپ «رايون

مەسىلىلىرى ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلىدى»، ئىختىلاپلىق مەسىلىلەردىن ساقلاندى. چۈنكى، بىر ئەمەلدار دېگىنىدەك: «ئەگەر ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلسا، يىغىن قاتناشچىلىرى چوقۇم بىر-بىرىگە ھۇجۇم باشلايتتى»⑥. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئورگانلار كۆپ مەدەنىيەتلىك رايون تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن چەكلىمىلىكىنى ئىسپاتلىدى.

يەقەت شەرقىي ئاسىيادا ھەزارەت ئورتاقلىقىنىڭ قوللىشى يېتەرلىك بولغاندىلا، ئۇنۇملۇك شەرقىي ئاسىيا رايون تەشكىلاتى ئاندىن مەيدانغا كېلىدۇ. شۈبھىسىزكى، شەرقىي ئاسىيا جەمئىيىتى ئۇلارنى غەربتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەرگە ئىگە. مالايسىيا زۇڭلىسى ماخادىر بۇ نەرسىلەر ھەمكارلىشىشنىڭ ئاساسىنى تىكلەپ بەردى ھەم بۇ ئاساستىكى شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىي يادرولۇق مۇنبىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى، دەپ قارايدۇ. بۇ مۇنبەر شەرقىي ئاسىيا ئىتتىپاقى ئەزالىرىنى، بىرما، تەيۋەن، شياڭگاڭ، كورىيە، ئەڭ مۇھىمى جۇڭگو، ياپونىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماخادىر مۇنداق دەيدۇ: شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىي يادرو مۇنبىرى، ئورتاق ھەزارەتكە يىلتىز تارتقان، «ئۇ يەقەت بىر رايون خاراكتېرلىك گۇرۇھ دەپلا قارالماستىن، بىر ھەزارەت گۇرۇھى، دەپ قارىلىشى كېرەك. شەرقىي ئاسىيالىقلار، ياپونلار، چاۋشيەنلىكلەر ھىندونېزىيىلىكلەر ھەزارەت جەھەتتە مەلۇم ئوخشاشلىققا ئىگە... ياۋروپالىقلارمۇ، ئامېرىكا قىتئەسىدىكىلەرمۇ بىر يەرگە جەم بولۇشتى. بىز ئاسىيالىقلارمۇ بىر يەرگە جەم بولۇشىمىز كېرەك». خۇددى ئۇنىڭ بىر خىزمەتچىسى دېگىنىدەك ئۇنىڭ مەقسىتى «ئاسىيادىكى ئورتاقلىققا ئىگە دۆلەتلەر ئارىسىدىكى رايون سودىسىنى كۈچەيتىش»تىن ئىبارەت⑦.

شۇڭا، ئىقتىسادنىڭ ھەزارەتكە ئەگىشىشى شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىي يادرو مۇنبىرىنىڭ بىر يوشۇرۇن ئالدىنقى شەرتىدۇر.

ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، ئامېرىكىلار ھەزارەت جەھەتتە ئاسىيغا تەۋە بولمىغاچقا بۇنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلدى. ئەمما، شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىي مۇنبىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئاساسلىقى ياپونىيە، جۇڭگونىڭ قاتنىشىشىغا تايىنىدۇ. ماخادىر ياپونىيىنى شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىي مۇنبىرىگە قاتنىشىشقا چاقىرىپ، ياپونىيلىكلەرگە مۇنداق دېگەندى: «ياپونىيە ئاسىيانىڭ، يەنە كېلىپ شەرقىي ئاسىيانىڭ، سىلەر جۇغراپىيۋى ھەزارەت پاكىتىغا سەل قارىساڭلار بولمايدۇ، سىلەر بۇ يەرگە تەۋە»⑧. ئەمما، ياپونىيە ھۆكۈمىتى بۇ مۇنبەرگە قاتنىشىشنى خالىمىدى، ئۇ بىر جەھەتتىن ئامېرىكىنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمايدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن دۆلەت ئىچىدە ئاسىيا بىلەن سالاھىيەتلىنىش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ بار. ئەگەر ياپونىيە بۇ مۇنبەرگە قاتناشسا، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، بەلكىم بۇ جۇڭگونىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىشى ھەمدە ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا ۋەھىمە، ئەنسىزلىك پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ياپونىيىنىڭ ئاسىيادا «ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا كېلىشىمى» بىلەن تەڭپۇڭلىشىش ئۈچۈن «ياپونىيە يېنى گۇرۇھى» قۇرۇش ئويى ھەققىدە تولا گەپ بولدى. ئەمما، ياپونىيە بىر تەنھا دۆلەت بولۇپ، قوشنا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ھەزارەت باغلىنىشى ناھايىتى ئاجىز بولغاچقا، 1995- يىلغىچە ياپونىيە يېنى گۇرۇھى ئەمەلگە ئاشمىدى.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولغان بولدى، ئەمما ياپونىيە يېنى گۇرۇھى يەنىلا خىيال پېتى قالدى. ياپونىيە بولسا بۇ ئارزۇسىدىن ۋاز كەچمىدى، شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىي مۇنبىرى ئۆز ئورنىدا تۇرىۋەردى، ئەمما شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ ئۆز ئارا تەسىرلىشىشى جىددىي كۈچەيدى. بۇ كۈچىيىش شەرقىي ئاسىيا جۇڭگولۇقلار جەمئىيىتى ئارىسىدىكى ھەزارەت باغلىنىشلىرىنى ئاساس قىلغان. بۇ باغلىنىشلار خەلقئارا ئىقتىسادتىكى جۇڭگولۇقلارنى ئاساس قىلغان «سىجىل، غەيرىي رەسمىي بىر گەۋدىلىشىش»نى

كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئۇ نۇرغۇن جەھەتتە خەنسىتىك (HANSEATIC) بىرلەشمىسى بىلەن بەس تالىشالايدۇ. بۇ باغلىنىشلار «بەلكىم رىئال جۇڭخۇا ئورتاق بازىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن»⑨. شەرقىي ئاسىيادا خۇددى باشقا جايلاردىكىدەك، ھەزارەتنىڭ ئورتاقلىقى ئەھمىيەتلىك، ئۇنۇملۇك ئىقتىسادىي بىردەكلىششنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ قالدى.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىششى يىڭچە رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتلارنى قۇرۇش ۋە كونىلىرىنى تىرىلدۈرۈش تىرىشچانلىقىغا تۈرتكە بولدى. بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ غەلىبە قىلىش-قىلالماسلىقى ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرنىڭ ھەزارەت بىردەكلىكىگە باغلىق. سىمون پېرىس 1994- يىلى بىر ئوتتۇرا شەرق ئورتاق بازىرى ئېچىشنى پىلانلىغانىدى، ئۇ بەلكىم يەنىلا يەتكىلى بولمايدىغان «قۇملۇق ئالۋۇنى» بولسا كېرەك. بىر ئەرەب ئەمەلدارى مۇنداق دېگەن: «ئەرەب دۇنياسى ئىسرائىلىيە قاتناشقان ئورگان ياكى تەرەققىيات بانكىسىغا موھتاج ئەمەس»⑩. 1994- يىلى قۇرۇلغان كارىب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ كارىب ئورتاق گەۋدىسى بىلەن ھايتى ۋە شۇ رايوندىكى ئىسپان تىللىق دۆلەتلىرىنى باغلاشتا، ئىتتىپاقىنىڭ ئوخشاشمىغان ئەزا دۆلەتلىرىنىڭ تىل ۋە ھەزارەت جەھەتلەردىكى ئۆز ئارا پەرقلىرىنى، شۇنداقلا سابىق ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىنىڭ تەسىرى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ئامېرىكاپەرەس خاھىشىنى تۈگىتىشتە ھېچقانداق رولى بولمىدى⑪. يەنە بىر جەھەتتە بولسا، ھەزارەت جەھەتتە بىردەك تەشكىلاتلارنى قۇرۇشتا ئىلگىرىلەش زور بولدى. گەرچە ئىككىلەمچى مەدەنىيەت لىنىيىسى تەرىپىدىن بۆلۈنۈپ تۇرسىمۇ، پاكىستان، ئىران، تۈركىيە 1985- يىلى 1977- يىلى قۇرۇلۇپلا تۇنجۇقۇپ قالغان «رايون ھەمكارلىقى تەرەققىيات تەشكىلاتى»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، نامىنى «ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» غا ئۆزگەرتتى. ئارقىدىنلا تاموژنا بېجىنى كېمەيتىش ۋە باشقا تەدبىرلەرنى قوللىنىش جەھەتتە كېلىشىم ئىمزالىدى. 1992- يىلى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى ئافغانىستان ۋە

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئالتە مۇسۇلمان جۇمھۇرىيەتلىرىگە قەدەر كېڭەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بەش جۇمھۇرىيەت 1991- يىلى ئورتاق بازار ئېچىشقا نەزەرىيە جەھەتتە قوشۇلدى. 1994- يىلى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئىككى دۆلەت ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستان بىر كېلىشىم ئىمزالاپ، «تاۋار، مۇلازىمەت ۋە كاپىتالنىڭ ئەركىن ئايلىنىشى»غا رۇخسەت قىلدى ھەم ئىككى دۆلەتنىڭ مالىيە، پۇل، تاموژنا سىياسىتىنى تەڭشىدى. 1991- يىلى برازىلىيە، ئارگېنتىنا، ئۇرۇگۋاي، پاراگۋايلار بىرلىكتە جەنۇب ئورتاق بازىرىغا كىردى ۋە ئىقتىسادىي بىر گەۋدىلىشىشنىڭ نورمال باسقۇچىدىن ھالقىپ، 1995- يىلىدىن بۇرۇن تاموژنا ئىتتىپاقىنى قىسمەن بولسىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى نىشان قىلدى. 1990- يىلى ئىلگىرى توختاپ قالغان ئوتتۇرا ئامېرىكا ئورتاق بازىرى بىر ئەركىن سودا رايونى قۇردى، ئىلگىرى پاسسىپ بولغان ئاندىس گۇرۇھى 1994- يىلى تاموژنا ئىتتىپاقى قۇردى. 1992- يىلى ۋايسگراد (Visegrad) دۆلەتلىرى (پولشا، ۋېنگرىيە، چېخىيە، سلوۋاكىيە) ئوتتۇرا ياۋروپا ئەركىن سودا رايونى قۇرۇشقا بىردەك قوشۇلدى ھەم 1994- يىلى بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى[12].

ئىقتىساد بىر گەۋدىلىشىشنىڭ نەتىجىسى سودىنىڭ گۈللىنىشى بولدى، 80- يىللار ۋە 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا رايونلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سودا رايونلار ئارىسىدىكى سودىغا قارىغاندا بارغانسېرى مۇھىم بولۇپ قالدى. 1980- يىلى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سودا ئورتاق گەۋدىنىڭ ئومۇمىي سودا سوممىسىنىڭ 50.6%نى ئىگىلىدى. 1989- يىلى 58.9% كە كۆپەيدى. 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا لاتىن ئامېرىكىسىدا جەنۇب ئورتاق بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئاندىس گۇرۇھىنىڭ گۈللىنىشى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سودا مىقدارىنى شىددەت بىلەن كۆپەيتتى. 1990- يىلىدىن 1993- يىلىغىچە برازىلىيە ۋە ئارگېنتىنا ئارىسىدىكى سودا ئىككى ھەسسە كۆپەيدى. كولومبىيە ۋە ۋېنېسۇئېلا ئارىسىدىكى سودا

ئۈچ ھەسسە ئاشتى. 1994- يىلى برازىلىيە ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئارگېنتىنانىڭ ئەڭ ئاساسلىق سودا ھەمراھى بولۇپ قالدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكا بىلەن مېكسىكا ئارىسىدىكى سودا سوممىسىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى. شەرقىي ئاسىيانىڭمۇ ئىچكى قىسمىدىكى سودىنىڭ كېڭىيىشى تاشقى سودىغا قارىغاندا كۆپ تېز بولدى. ئەمما، ئۇنىڭ كېڭىيىشى ياپونىيىنىڭ بازىرىنى ئېچىۋېلىش مايىللىقى بىلەن توسالغۇغا ئۇچرىدى. يەنە بىر جەھەتتىن جۇڭخۇا ھەزارەت چەمبىرىكى (شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى تەشكىلاتى، تەيۋەن، شياڭگاڭ، كورېيە، جۇڭگو) نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سودا سوممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 1970- يىلىدىكى 20%تىن 1992- يىلىدىكى 30% كە يېقىنلاشتى، ياپونىيىنىڭ جۇڭخۇا ھەزارەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى سودا سوممىسى ئىچىدە ئىگىلەيدىغىنى 23%تىن 13%كە چۈشۈپ قالدى. 1992- يىلى جۇڭخۇا ھەزارەت چەمبىرىكىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئېكسپورت مىقدارى ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە قىلىنغان ئېكسپورت سوممىسىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى[13].

ياپونىيە ئۆزگىچە بىر جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەم ئامېرىكا ۋە ياۋروپا بىلەن بولغان ئىقتىسادىي پەرقلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ. سودا ۋە سېلىنما ياپونىيە بىلەن شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنى مەيلى قانچىلىك مۇستەھكەم دەرىجىدە بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرسۇن، ئۇنىڭ بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەزارەت پەرقى، بولۇپمۇ جۇڭخۇا ئىقتىساد سەرخىللىرى بىلەن بولغان پەرقى ياپونىيىنىڭ شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا رايونى ياكى ياۋروپا ئىتتىپاقىدەك، ئۆزىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى رايون ئىقتىسادىي گۇرۇھلىرىنى قۇرۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،

ياپونىيە بىلەن غەربنىڭ ھەزارەت پەرقى ئۇنىڭ ئامېرىكا ۋە ياۋروپا بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىدىكى ئوقۇشماسلىق ۋە قارشىلىشىشنى كۈچەيتىپ قويىدۇ. ئەگەر ئىقتىسادنىڭ بىردەكلىشىشى ھەزارەت ئورتاقلىقىغا تايانسا (ئەھۋالمۇ شۇنداقتەك قىلىدۇ)، ياپونىيەدەك ھەزارەتتە تەنها دۆلەت، بەلكىم كەلگۈسىدە ئىقتىسادتىمۇ تەنها قېلىشى مۇمكىن.

ئىلگىرى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سودا فورمىسى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاق فورمىلىرىغا ئاساسەن بەلگىلىنەتتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئەمما، مەيدانغا كېلىۋاتقان دۇنيادا، سودا فورمىسىنى ھەزارەت فورمىسى بەلگىلەيدۇ[14]. سودىگەرلەر ئۆزلىرى چۈشىنىدىغان ھەم ئىشىنەلەيدىغان كىشىلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىشىۋاتىدۇ. دۆلەتلەر ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئۆزلىرى چۈشىنىدىغان، قارىشى ئوخشاش، ئىشىنەلەيدىغان دۆلەتلەردىن تەركىب تاپقان خەلقئارا تەشكىلاتلارغا تاپشۇرىدۇ. ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنىڭ يىلتىزى ھەزارەت ئورتاقلىقىدا.

## مەدەنىيەتلەر قۇرۇلمىسى

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە ھەر قايسى دۆلەتلەر ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر، بېقىندى دۆلەت، قارام دۆلەت، بىتەرەپ دۆلەت ياكى ئىتتىپاق تۈزمەيدىغان دۆلەت دېگەندەك سالاھىيەت بىلەن ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بىلەن ئالاقە باغلايتتى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا ھەر قايسى دۆلەتلەر ئەزا دۆلەت، يادرولۇق دۆلەت، تەنها دۆلەت، پارچىلانغان دۆلەت ياكى ئارىسالدى دۆلەت سالاھىيىتىدە ھەر قايسى مەدەنىيەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغان بولدى. قەبىلە ۋە مىللەتكە ئوخشاش مەدەنىيەتنىڭمۇ سىياسىي قۇرۇلمىسى بولىدۇ؛ مەدەنىيەتنىڭ ئەزا دۆلەتلىرى ھەزارەت جەھەتتە پۈتۈنلەي بىر خىل

مەدەنىيەت بىلەن سالاھىيەتلىنىدىغان دۆلەتلەردۇر. مەسىلەن، مىسىر ئەرەب- ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن، ئىتالىيە غەربىي ياۋروپا مەدەنىيىتى بىلەن سالاھىيەتلىنىدۇ. بىر مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن سالاھىيەتلىنىدىغان ھەم شۇنىڭغا ئورتاق ئىگە بولغان، ئەمما باشقا مەدەنىيەت ئىدارە قىلىدىغان دۆلەتلەردە ياشايدىغان كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەتتە ھەر قايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئەزالىرى بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئاساسلىق بۆلىقى ياكى بىردىنبىر بۆلىقى دەپ قارايدىغان بىر ياكى بىر نەچچە يېرى بولىدۇ. بۇ ئادەتتە ئاساسەن مەركىزى مەدەنىيەتنىڭ بىر ياكى بەزى يادرو دۆلەتلىرىگە، يەنى ئەڭ كۈچلۈك، ھەزارەت جەھەتتە مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدىغان بىر ياكى بىر نەچچە دۆلەتكە جايلاشقان بولىدۇ.

يادرو دۆلەتلىرىنىڭ سانى ۋە رولى مەدەنىيەتنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمايدۇ ھەم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ. ياپونىيە مەدەنىيىتى ئەمەلىيەتتە يەككە ياپونىيە يادرو دۆلەتكە باراۋەر كېلىدۇ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى، پراۋوسلاۋىيە مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ بىردىن يېتەكچى يادرو دۆلىتى ۋە بىر نەچچە ئەزا دۆلىتى ياكى باشقا مەدەنىيەت كونتروللۇقىدىكى دۆلەتلەردە ياشايدىغان كىشىلىرى بار (چەت ئەلدىكى جۇڭگولۇقلار، «يېقىن قوشنا» رۇسلار، سىرىلانكىدىكى تامىللار). تارىختا غەربتە بىر نەچچە يادرو دۆلەت بولغان، ھازىر ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى فرانسىيە، گېرمانىيىدىن ئىبارەت ئىككى يادروسى بار، ئەنگلىيە يەنە بىر كۈچ مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلار ئارىسىدا لەيلەپ يۈرىدۇ. ئىسلام دۇنياسى، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئافرىقىدا يادرو دۆلەتلەر يوق، بۇ غەرب جاھانگىرلىكىنىڭ ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقنى بۆلۈۋالغانلىقى بىلەن قىسمەن مۇناسىۋەتلىك. ئىلگىرىكى ئەسىرلەردە غەرب جاھانگىرلىكى تېخى لاتىن ئامېرىكىسىنى ئۇنداق ئېنىق بۆلۈۋالالمىغانىدى.

ئىسلام دۇنياسىدا بىرەر يادرولۇق دۆلەتنىڭ بولماسلىقى ئىسلام جەمئىيىتى ۋە غەيرىي ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە ئېغىر مەسىلە پەيدا قىلىدى. ئامېرىكا قىتئەسىگە كەلسەك، ئىسپانىيە ئىسپان تىللىق مەدەنىيىتى ياكى ھەتتا ئىبېرىيە مەدەنىيىتى ئىچىدىمۇ يادرولۇق دۆلەت بولالايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ رەھبەرلىرى ئىلگىرىكى مۇستەملىكىلىرى بىلەن ھەزارەت جەھەتتىكى ئالاقىسىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، مەقسەتلىك رەۋىشتە ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇشىنى تاللىۋالدى. برازىلىيە تېررىتورىيىسى، بايلىق مەنبەسى، نوپۇس، ھەربىي، ئىقتىسادىي كۈچى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ رەھبىرى بولۇش لاياقىتى بار، ئۇنىڭ بۇنى قىلالايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما، برازىلىيىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئورنى ئىراننىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئورنىغا ئوخشىشىدۇ. مەدەنىيەتتىكى ئىچكىلەمچى پەرقلەر (ئىراننىڭ دىنىي پەرقى، برازىلىيىنىڭ تىل پەرقى) ئۇلارنى بۇ رولنى ئۈستىگە ئېلىشتىن توسۇپ قويىدۇ. ئەگەر بۇ پەرقلەر بولمىغان بولسا، ئۇلار بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايتتى. شۇ سەۋەبتىن، لاتىن ئامېرىكىسىدا ھەم ئۆز ئارا ھەمكارلىشىدىغان، ھەم رەھبەرلىك ئورنىنى تالىشىدىغان برازىلىيە، مېكسىكا، ۋېنېسۇئېلا، ئارگېنتىنا قاتارلىق دۆلەتلەر بار. مېكسىكىنىڭ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى قايتا بېكىتىپ، شىمالىي ئامېرىكىغا قوشۇلماقچى بولغىنىدىن ھەم چىلى ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ شۇنىڭغا ئەگىشىش ئېھتىماللى بارلىقىدىن قارىغاندا، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتى بەلكىم ئەڭ ئاخىرىدا غەرب مەدەنىيىتىگە قوشۇلۇپ كېتىشى ۋە ئۈچ تارامغا بۆلۈنگەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئىككىلەمچى مەدەنىيىتى بوپقېلىشى مۇمكىن. ھەر قانداق بىر يوشۇرۇن دۆلەتنىڭ سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ئىقتىدارى مەركۇر رايوندىكى ئىنگلىز تىللىق دۆلەتلىرى ۋە فرانسۇز تىللىق دۆلەتلىرىنىڭ

چەكلىمىسىگە ئۇچرىشى مۇمكىن. كورتودوۋا ئەزەلدىن ئافرىقىدىكى فرانسۇز تىلى دۆلەتلىرىنىڭ يادرو دۆلىتى، ئەمما ھېلىھەم فرانسىيە زور دەرىجىدە ئافرىقىدىكى فرانسۇز تىلى دۆلەتلىرىنىڭ يادرو دۆلىتى بولۇپ كەلمەكتە. ئافرىقىدىكى دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنمۇ، فرانسىيە ئۇلار بىلەن قويۇق ئىقتىسادىي، ھەربىي، سىياسىي ئالاقىنى ساقلاپ كەلگەن. يادرولۇق دۆلەت بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ ئىككى ئافرىقا دۆلىتى ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدۇ. نىگېرىيە، بايلىق مەنبەسى، جۇغراپىيىلىك ئورۇن نىگېرىيىنى يوشۇرۇن يادرو دۆلەت بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، ئەمما ئۇ پات-پات شۇنداق بولالىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆز مەدەنىيىتى ئىچىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق، ئېغىر چىرىكلىك، سىياسىي مۇقىمسىزلىق، زالىم ھۆكۈمەت ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ئۇنى بۇ رولنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتىن چەكلەپ قويىدۇ. جەنۇبىي ئافرىقا كېڭىشىش ئارقىلىق ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈلمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈشنى تىنچ ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇنىڭ سانائەت كۈچى، باشقا ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭكىدىن يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ھەربىي كۈچى، تەبىئىي بايلىقى، نىگىرلار ۋە ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئورتاق سىياسىي رەھبەرلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان تۈزۈلمىسى ئۇنى ئافرىقىنىڭ جەنۇبىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا ئېرىشتۈرگەن، بەلكىم شۇ رايوندىكى ئىنگلىز تىلى دۆلەتلىرىنىڭ، ھەتتا پۈتۈن جەنۇبىي ئافرىقا، سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىنىڭ رەھبىرى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

باشقا جەمئىيەتلەر بىلەن ئورتاقلىقى يوق، ھەزارەت جەھەتتە تەنھا بىر دۆلەت بار. مەسىلەن، ئېفىئوپىيە ھەزارەت جەھەتتە تەنھا، سەۋەبى ئۇ يەردىكى ھۆكۈمران تىلىنىڭ ئامخار تىلى، ھۆكۈمران دىنىنىڭ كوپتىك (خرىستىئان بىر ئىلاھلىق دىنى) پراۋوسلاۋىيە دىنى بولغانلىقىدا ھەم ئۇنىڭ ئىمپېرىيە تارىخى ۋە ئەتراپىدىكى مىللەتلەر (كۆپىنچىسى مۇسۇلمان) بىلەن بولغان دىنىي پەرقىدە. ھايتىنىڭ سەرخىللىرى ئۆزلىرىنىڭ فرانسىيە بىلەن بولغان ھەزارەت

ئالاقىسىدىن خۇش، ھايتىدىكى كرووْل تىلى، ۋۇدۇ دىنى، ئىنقىلابىي قۇللارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ياۋايىلىق تارىخى قاتارلىقلار ھايتىنى بىر تەنھا دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويغان. سىدنىي مىنتىز مۇنداق دەيدۇ: «ھەربىر دۆلەتنىڭ بىرەر ئۆزگىچىلىكى بار، ئەمما ھايتى پەقەتلا ھايتىدىنلا ئىبارەت». 1994- يىلى ھايتىدا كرىزىس يۈز بەرگەندە، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەر ھايتىنى ئۆزىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارىمىدى ھەمدە كۇبانىڭ مۇساپىرلىرىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ھايتىنىڭ مۇساپىرلىرىنى قوبۇل قىلمىدى. خۇددى پانامانىڭ سايلىنىپ چىققان زۇڭتۇڭى ئېيتقاندەك: «لاتىن ئامېرىكىسىدا ھايتى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ دۆلىتى دەپ قارالمايدۇ، ھايتىلارنىڭ تىلى باشقا، ئۇلارنىڭ (بىزنىڭكىگە) ئوخشىمايدىغان ئەخلاق ئاساسى ۋە ھەزارىتى بار. ئومۇمەن، ئۇلار (لاتىن ئامېرىكىسى) بىلەن سىغىشالمايدۇ». ھايتى بىلەن ئىنگلىز تىلىنى قوللىنىدىغان كارىب دۆلەتلىرى ئارىسىدىمۇ شۇنداق ئارىلىق مەۋجۇت. بىر ئوبزورچى مۇنداق دېگەنىدى: «گرېنادالىقلار ياكى يامايكىلىقلارنىڭ ھايتىلىقلارغا بولغان ناتونۇشلۇق دەرىجىسى لوۋا ياكى مونتانالىقلارنىڭ ھايتىلارغا بولغان ناتونۇشلۇق دەرىجىسى بىلەن ئوخشاش». ھايتى « ھېچكىم كېرەك قىلمايدىغان قوشنا»، ھەقىقەتەن بىر تۇغقىنى يوق دۆلەت[15].

ئەڭ مۇھىم تەنھا دۆلەت ياپونىيە، باشقا دۆلەتلەر ئۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان ھەزارەتكە ئىگە ئەمەس. باشقا دۆلەتلەردە ياپونىيە كۆچمەنلىرى ئاز ياكى شۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەزارىتى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان (ياپون نەسەبلىك ئامېرىكىلىقلاردەك) ھەم ياپونىيىدە باشقا جەمئىيەتلەرگە تارقىتىپ، شۇ ئارقىلىق باشقا جەمئىيەتلەر بىلەن ھەزارەت ئالاقىسى ئورناتقۇدەك بىرەر ھەممىباب دىن (خرىستىئان دىنى ياكى ئىسلام دىنىدەك) ياكى ئىدېئولوگىيە (لىبېرالىزم ياكى كوممۇنىزم) يوق. بۇ خىل ئەھۋالمۇ ياپونىيىنى تېخىمۇ يالغۇز قويغان.

ئاساسەن دىگۇدەك بارلىق دۆلەتلەر ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق مىللەت، ئىرق، دىنى گۇرۇھلاردەك ئوخشاشمىغان تەركىبلەردىن تەركىب تاپقان. نۇرغۇن دۆلەتلەر بۆلۈنۈش ھالىتىدە، گۇرۇھلار ئارىسىدىكى پەرق، توقۇنۇشلار بۇ دۆلەتلەر سىياسىيسىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ خىل بۆلۈنۈشنىڭ دەرىجىسى ئادەتتە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىۋاتىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ چەك-چېگىدىن بۆلۈنۈشى كەڭ كۆلەملىك زوراۋانلىقا سەۋەب بولۇشى ياكى بۇ دۆلەتنىڭ ھاياتىغا تەھدىت پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ھەزارەت جەھەتتىكى پەرق ۋە جۇغراپىيىۋى پەرق بىردەك بولۇپ قالغاندا، بەلكىم بايا بىز تىلغا ئالغان تەھدىت، ئاپتونومىيە ياكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ھەزارەتتىكى پەرق بىلەن جۇغراپىيىۋى پەرق بىردەك بولمىسا، كىشىلەر بەلكىم ئىرقىي تازىلاش ياكى مەجبۇرىي ئاھالە كۆچۈرۈش ئارقىلىق بۇنى بىردەكلەشتۈرۈشى مۇمكىن.

ئوخشاش بىر مەدەنىيەتكە تەۋە، ئەمما پەرقلىق ھەزارەتكە ئىگە دۆلەتلەردە، ئېھتىمال ئاللىقاچان يۈز بېرىپ بولغان بۆلۈنۈش (چېخوسلوۋاكىيە) ياكى ئېھتىماللىقا ئىگە بۆلۈنۈش (كانادا) تۆپەيلىدىن چەك-چېگىدىن پارچىلىنىش كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئەمما، تېخىمۇ چەك-چېگىدىن پارچىلىنىش، دۆلىتى ئىچىدىكى چوڭ گۇرۇھلار ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتكە تەۋە دۆلەتلەردە يۈز بېرىشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. مەلۇم مەدەنىيەتكە تەۋە بىر چوڭ گۇرۇھ بۇ دۆلەتنى ئۆزىنىڭ سىياسىي قورالىغا ئايلاندۇرماقچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ تىلى، دىنى ۋە سىمۋوللىرىنى بۇ دۆلەتنىڭ تىلى، دىنى، سىمۋولىغا ئايلاندۇرماقچى بولغىنىدا، بۇ خىل پارچىلىنىش ۋە شۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن جىددىيلىك تېخىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ، مەسىلەن، ھىندىستان، سىرىلانكا، مالايسىيادىكى ھىندى دىنى مۇرىتلىرى، سىنخالالار ۋە مۇسۇلمانلار شۇنداق قىلماقچى بولغان.

تېررىتورىيىسى مەدەنىيەت ئۆزۈك سەپلىرىدىن ھالقىغان دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتەك ئالاھىدە مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ. سۇداندا شىمالدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن جەنۇبتىكى خرىستىئانلار ئارىسىدا نەچچە ئون يىل ئۇرۇش بولدى. ئوخشاش بىر مەدەنىيەت ئىچىدىكى بۆلۈنۈش نىگېرىيە سىياسىيىسىنى ئون نەچچە يىلدىن بويان چىرماپ تۇرىدۇ ھەم بىر مەيدان كەڭ كۆلەملىك بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇشى، سىياسىي ئۆزگىرىش، توپىلاڭ ۋە زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تانزانىيىدە خرىستىئان دىنى ئانىمىزم*چىلىرىنىڭ ماكانى بىلەن مۇسۇلمانلار تۇرغان زانزىبار يىراقلاشتى، نۇرغۇن جەھەتتە ئۇلار دۆلەت تۈسى بولۇپ قالدى. 1992-يىلى زانزىبار ئوغرىلىقچە ئىسلام قۇرۇلتىيى تەشكىلاتىغا كىردى، كېيىن تانزانىيىنىڭ خىزمەت ئىشلىشى بىلەن ئىككىنچى يىلى چېكىنىپ چىقتى⑯. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، خرىستىئانلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بۆلۈنۈشى كېنىيىدە جىددىيلىك ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلدى. ئافرىقىنىڭ تۇمشۇقىدا ئاساسلىق نوپۇسى خرىستىئان بولغان ئېفىئوپىيە بىلەن مۇسۇلمانلار كۆپ ساندىكى ئېرىتىرىيە بۆلۈنۈپ كەتتى، ئەمما، ئېفىئوپىيىدىكى ئورومۇلار ئىچىدە نۇرغۇن مۇسۇلمانلار قېپقالدى. مەدەنىيەت ئۆزۈك سىپى تەرىپىدىن بۆلۈۋېتىلگەن باشقا دۆلەتلەردىن ھىندىستان (مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندىلار)، سىرىلانكا (سىنخالالار بىلەن بۇددىستلار ۋە تامىل ھىندى دىنى مۇرىتلىرى)، مالايسىيا، سىنگاپور (جۇڭگولۇقلار ۋە مۇسۇلمانلار) جۇڭگو (خەنزۇ، تىبەت، بۇددىستلىرى ۋە تۈرك مۇسۇلمانلار) ۋە ھىندونېزىيە (مۇسۇلمانلار ۋە تىمور ئارىسىدىكى خرىستىئانلار) لەر بار.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە ماركسىزم ئىدېئولوگىيىسى تەرىپىدىن قانۇنلاشتۇرۇلغان كومپارتىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەجبۇرىي بىرلەشتۈرۈلگەن، پارچىلانغان دۆلەتلەر ئىچىدە

---

* Animism بۇ بىر خىل ئىپتىدائىي دىنىي چۈشەنچە بولۇپ، بارلىق شەيئىدە روھ بار، دەپ قارايدۇ.

مەدەنىيەت ئۆزلۈك سىپىدىكى بۆلۈنۈش ئاقىۋىتى ئىنتايىن روشەن. كوممۇنىزمنىڭ گۇمران بولۇشىغا ئەگىشىپ، ھەزارەت ئىدېئولوگىيىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ھەم تارتىدىغان، ھەم تېپىدىغان ماگنىتقا ئايلاندى. يۇگوسلاۋىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلدى ھەمدە مەدەنىيەت ئۆزلۈك سىپىنى بويلاپ بىر نەچچە يېڭى گەۋدە بولۇپ پارچىلاندى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا بالتىق دېڭىزى جۇمھۇرىيەتلىرى (پروتېستانت دىنى ۋە كاتولىك دىنى)، پراۋوسلاۋىيە دىنى جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە مۇسۇلمانلار جۇمھۇرىيەتلىرى بار ئىدى. يۇگوسلاۋىيىدە كاتولىك دىنىدىكى سلوۋېنىيە، كرودىيە، بەزى قىسمىغا مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان بوسنىيە-گېرتسوگوۋىنا، شۇنداقلا پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى سېربىيە، قارا تاغ ۋە ماكىدونىيىلەر بار ئىدى. ئۇلار ۋارىسلىق قىلغان گەۋدىلەرمۇ يەنىلا كۆپ ھەزارەتلىك گورۇھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتىكى بۆلۈنۈش بۇ نۇقتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بوسنىيە-گېرتسگوۋىنا ئۇرۇش تۈپەيلىدىن سېربلار رايونى، مۇسۇلمانلار رايونى ۋە كرودىيىلىكلەر رايونىغا بۆلۈنۈپ كەتتى، سېربلار ۋە كرودىيىلىكلەر ئۆز ئارا ئۇرۇش قىلىشتى. پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى يۇگوسلاۋىيىگە جايلاشقان سېربىيىدىكى ئالبان مۇسۇلمانلىرى كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان كوسوۋونىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش بەك قىيىن بولۇۋاتىدۇ. ماكىدونىيىدە ئاز ساندىكى ئالبان مۇسۇلمانلىرى بىلەن كۆپ ساندىكى پراۋوسلاۋىيە دىنى مۇرىتلىرى ئارىسىدا جىددىي ھالەت مەيدانغا كەلدى. نۇرغۇن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرىمۇ مەدەنىيەت لىنىيىسىدىن ھالقىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بەزىسى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا سىزغاندا قەستەن بەزى پارچىلانغان دۆلەتلەرنى پەيدا قىلىپ قويغانلىقىدىن ئىدى. روسىيىدىكى كرىمىيە ئوكرائىناغا، ئەرمىنىيىدىكى ناگورنو-قاراباغ ئەزەربەيجانغا قوشۇۋېتىلدى. روسىيىدە كىچىكرەك بىر نەچچە مۇسۇلمانلار توپى بار. ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكى شىمالىي كاۋكاز رايونى ۋە ۋولگا رايونى.

ئېستونىيە، لاتۋىيە، قازاقىستاندا نۇرغۇن رۇس ئاز سانلىق مىللەتلىرى بار. بۇنىمۇ ئاساسەن دېگۈدەك روسىيىنىڭ سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئوكرائىنا ئۇكرائىن تىلى قوللىنىدىغان، ئۇنىئاتىزم كاتولىك دىنى مىللەتچىلىرى جايلاشقان غەرب ۋە رۇس تىلى قوللىنىدىغان پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى شەرق دەپ ئىككىگە بۆلۈۋېتىلدى.

بىر پارچىلانغان دۆلەتتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ مەدەنىيەتتىن كەلگەن ئاساسلىق گۇرۇھلار «بىز ئوخشاشمايدىغان كىشىلەرمىز، بىز باشقا يەرگە تەۋە» دەيدۇ. ئۇلار بىر-بىرىنى چەتكە قېقىپ ئايرىلىدۇ، يەنە بىر جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەت ماگنىتى ئۇلارنى تارتىدۇ. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، بىر ئارىسالدى دۆلەت مەلۇم بىر خىل مەدەنىيەت ئىچىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا قويالىغۇدەك ھەزارەتكە ئىگە، ئەمما ئۇنىڭ رەھبەرلىرى بولسا ئۇنى يەنە بىر ھەزارەتكە كىرگۈزۈشنى ئويلايدۇ. بۇ رەھبەرلەر ئەمەلىيەتتە: «بىز بىر مىللەت، بىر يەرگە تەۋە، ئەمما بىز بىرەر يەرگە ئالمىشىپ باقماقچى» دەيدۇ. پارچىلانغان دۆلەتلەردىكى خەلققە ئوخشاشمايدىغىنى ئارىسالدى دۆلەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ كىملىكى ھەققىدىكى مەسىلىدە ئىختىلاپ يوق، ئەمما ئۇلار قايسى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى ئىكەنلىكى مەسىلىسىدە ئوخشاشمايدىغان پىكىردە. ئەڭ تىپىك بولغىنى تۈركىيىنىڭ رەھبەرلىرى كامالىزم ئىستراتېگىيىسىنى ياقلايدۇ ھەم جەمئىيەتنى غەيرىي غەربنىڭ ھەزارەت، تۈزۈملىرىدىن ۋاز كېچىپ، غەربكە قوشۇلۇپ ھەم زامانىۋىلىشىشى، ھەم غەربلىشىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. روسىيە ئىمپېراتور پېتىردىن باشلاپ ئىزچىل بىر ئارىسالدى دۆلەت، ئۇنىڭ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى ياكى ئۆزگىچە ياۋرو-ئاسىيا پراۋوسلاۋىيە دىنى مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى مەسىلىسىدە ئىختىلاپ تولا. ئەلۋەتتە، مۇستاپا كامالنىڭ تۈركىيىسى بىر تىپىك ئارىسالدى دۆلەت، 20- يىللاردىن بۇيان ئۇ ئىزچىل زامانىۋىلىشىش، غەربلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، غەربنىڭ بىر قىسمى بولۇشنى كۆزلەپ كەلدى. مېكسىكىنىڭ ئۆزىنى ئامېرىكىغا زىت لاتىن

ئامېرىكىسى دۆلىتى دەپ قاراپ كېلىۋاتقىنىغا ئاز كەم ئىككى ئەسىر بولۇپ قالدى. 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرى مېكسىكىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزنى قايتىدىن شىمالىي ئامېرىكىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ بېكىتمەكچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ دۆلەتمۇ بىر ئارىسالدى دۆلەت بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرما بولغىنى 80- يىللاردا ئاۋستىرالىيە رەھبەرلىرى دۆلىتىنى غەربتىن ئايرىپ، ئۇنى ئاسىيانىڭ ئەزاسىغا ئايلاندۇرماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ دۆلەتمۇ بىر ئارىسالدى دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئارىسالدى دۆلەتلەر مۇنۇ ئىككى ھادىسە بىلەن پەرقلەندۈرۈلدى: ئارىسالدى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزىنى ئىككى خىل ھەزارەت ئارىسىدىكى «كۆۋرۈك» دەپ ئاتايدۇ، كۆزەتچىلەر بولسا ئۇلارنى «ئىككى يۈزلىمچى» دەپ ئاتايدۇ. «رۇسلار غەربكىمۇ، شەرققىمۇ يۈزلىنىدۇ»، «تۈركىيە: شەرق، غەرب، قايسىسى ئەڭ ياخشى؟»، «ئاۋستىرالىيىنىڭ مىللەتچىلىكى: بۆلۈنگەن، ساداقەت» مانا بۇلار ئارىسالدى دۆلەتلەرنىڭ سالاھىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان تىپىك ئاتالغۇلاردۇر[17].

## ئارىسالدى دۆلەتلەر: مەدەنىيەت ئۆزگەرتىشنىڭ مەغلۇبىيىتى

ئارىسالدى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت سالاھىيىتىنى قايتا بېكىتىش ئۈچۈن، ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ خىل ئالدىنقى شەرتنى ھازىرلىشى كېرەك. بىرىنچى، مەزكۇر دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ساھەدىكى سەرخىللىرى چوقۇم ئومۇميۈزلۈك بۇ ھەرىكەتنى قوللىشى ھەم بۇنىڭغا قىزغىن بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، ھېچبولمىغاندا ئامما بۇ ئىشقا نىسبەتەن چوقۇم سۈكۈتتە تۇرۇشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئۇلار سالاھىيەتلىنىدىغان مەدەنىيەتتىكى يېتەكچى ئورۇندىكى دۆلەت (تولىسى غەرب) چوقۇم بۇنى قوبۇل قىلىشنى خالىشى كېرەك. سالاھىيەتنى قايتا بېكىتىش

بىر سىياسىي، ئىجتىمائىي، تۈزۈلمە ۋە ھەزارەت جەھەتلەردىكى ئۇزاق مۇددەتلىك، ئۆزۈلۈپ قالىدىغان، ئازابلىق بىر ئۆزگىرىش جەريانى.

***روسىيە.*** بۇ دۆلەت 90- يىللاردىن بۇيانقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە بىر ئارىسالدى دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى، مېكسىكا ئىزچىل بىر ئارىسالدى دۆلەت بوپكەلگەندى، تۈركىيمۇ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئاشۇنداق دۆلەت. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، روسىيە بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيان شۇنداق بىر ئارىسالدى دۆلەت. ئۇنىڭ مېكسىكا، تۈركىيىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ يەنىلا بىر ئاساسلىق مەدەنىيەتنىڭ يادرو دۆلىتى. ئەگەر تۈركىيە ياكى مېكسىكا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزىنى قايتىدىن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى بېكىتەلىسە، بۇنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى ياكى لاتىن مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىرى ناھايىتى ئاجىز ياكى چەكلىكرەك بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر روسىيە بىر غەرب دۆلىتى بوپقالسا، پراۋوسلاۋىيە دىنى مەدەنىيىتى قايتا مەۋجۇت بولمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھالاكىتى روسىيىلىكلەر ئارىسىدا روسىيە ۋە غەربنىڭ قايىسسى مەركەز دېگەن مەسىلە توغرىسىدا مۇنازىرە قوزغىۋەتتى.

روسىيە بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى تۆت باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى: بىرىنچى باسقۇچ ئىمپېراتور پېتىرنىڭ دەۋرىگىچە (1725-1689). ئەينى ۋاقىتتا كېۋئان دۆلىتى ۋە موسكۋا دۆلىتى غەربتىن مۇستەسنا بولۇپ، مۇستەقىل ھالەتتە مەۋجۇت ئىدى. غەربىي ياۋروپا جەمئىيىتى بىلەن ئاساسەن دېگۈدەك ئالاقىسى يوق ئىدى. روسىيە مەدەنىيىتى ۋىزانتىيە مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئەۋلادى بولۇپ تەرەققىي قىلدى ھەم 13- ئەسىردىن 15- ئەسىرگىچە روسىيە موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇردى. روسىيە ئاساسەن دېگۈدەك ئۆزىنى غەرب مەدەنىيىتى سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان تارىخىي ھادىسىلەرنى باشتىن كەچۈرمىگەن، كەچۈرسىمۇ ناھايىتى ئاز بولغان، مەسىلەن، رۇم كاتولىك دىنى، فېئودالىزم، ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىشى، دىنىي ئىسلاھات،

كېڭەيمىچىلىك، مۇستەملىكىلەشتۈرۈش، ئاقارتىش ھەركىتى ۋە مىللىي دۆلەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى قاتارلىقلار. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ سەككىز ئالاھىدىلىكىنىڭ يەتتىسى — دىن، تىل، دىن بىلەن سىياسىينىڭ ئايرىلىشى، قانۇن بىلەن باشقۇرۇش، ئىجتىمائىي كۆپ مەنبەچىلىك، ۋەكىل ئاپپاراتلىرى، شەخسچىلىكلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك روسىيىنىڭ تارىخىدا مەۋجۇت بولغان ئەمەس. ئەمما، بىردىنبىر ئىھتىماللىقتا ئىككە ئايرىم ئەھۋال ۋىزانتىيە ئارقىلىق روسىيىگە تارقالغان گرېتسىيە، رۇملارنىڭ كلاسسىك مىراسلىرى. شۇڭا، بۇ رۇمدىن بىۋاسىتە غەربكە تارقالغىنىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. روسىيە مەدەنىيىتى كىيۋئان ۋە موسكۋادىن ئىبارەت يەرلىك مەنبەنىڭ، ۋىزانتىيىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىنىڭ ۋە موڭغۇللارنىڭ ئۇزاق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەھسۇلى. بۇ تەسىرلەر خىلمۇخىل كۈچلەرنىڭ تەسىرىدە كېلىپ چىققان غەربىي ياۋروپا بىلەن قىلچە ئوخشىمايدىغان بىر خىل جەمئىيەت ۋە ھەزارەتنى مەيدانغا كەلتۈردى.

17- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئىمپېراتور پېتىر 1697 — 1698- يىللىرىچە بولغان ياۋروپا سەپىرىدە روسىيىنىڭ ياۋروپاغا ئوخشاشمايدىغانلىقىنى ھەم ياۋروپادىن كۆپ ئارقىدا ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ ئۆز دۆلىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ۋە غەربلەشتۈرۈشكە بەل باغلىدى، ئۇ خەلقنى ياۋروپالىقلارغا تېخىمۇ ئوخشىتىش ئۈچۈن، روسىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىلغان بىرىنچى ئىش ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ساقىلىنى چۈشۈرگۈزۈش بولدى ھەم ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يەكتەك، ئۇچلۇق قالپاق كىيىشىنى چەكلىدى. پېتىر گەرچە سىرىللىرلىك ئېلىپبەنى بىكار قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنى ئۆزگەرتتى ۋە ئاددىيلاشتۇردى ھەم ئۇنىڭغا غەربنىڭ سۆز بىرىكمىلىرىنى كىرگۈزدى. ئۇ يەنە روسىيە ئارمىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇندا قويدى. بىر دېڭىز ئارمىيىسى قۇردى. ئەسكەر قوبۇل قىلىش تۈزۈمى بېكىتىپ، دۆلەت مۇداپىئە

سانائىتىنى بەرپا قىلدى. تېخنىكا مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلدى، غەربكە ئوقۇشقا ئادەم ئەۋەتتى، ھەم غەربتىن قورال، پاراخوت ياساش، دېڭىزچىلىق، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، شۇنداقلا ھەربىي ئۇنۇم ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان بىلىم-تېخنىكىلارنى كىرگۈزدى. بۇ ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇ باج تۈزۈلمىسىنى زور كۆچ بىلەن ئىسلاھ قىلدى ۋە كېڭەيتتى. ھەتتا، ئۇ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ھۆكۈمەت قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. ئىمپېراتور پېتىر روسىيىنى بىر ياۋروپا دۆلىتىلا ئەمەس، بەلكى ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەت قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ موسكۋانى تاشلاپ، سان پېتىر بۇرگدا يېڭى پايتەخت قۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن «شىمال ئۈرۈشى» قوزغىدى. مەقسىتى روسىيىنىڭ بالتىق دېڭىزىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ھەم ئۆزىنىڭ ياۋروپادىكى مەۋجۇتلۇقىنى تىكلەش ئىدى.

ئەمما، ئۇ دۆلىتىنى غەربلەشتۈرۈش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە دىكتاتورا تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كۆپ مەنبەچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەر قانداق يوشۇرۇن يىلتىزلارنى يوقىتىپ، روسىيىنىڭ ئاسىياچە ئالاھىدىلىكىنى كۈچەيتتى. روسىيىدە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچى ئەزەلدىن كۈچلۈك بولمىغان. پېتىر ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتۈشىنى كېڭەيتىپ، كېلىپ چىقىشى ياكى ئىجتىمائىي ئورنىنى ئەمەس، بەلكى تۆھپىسىنى ئاساس قىلىدىغان دەرىجە تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى يەنىمۇ ئاجىزلاشتۇردى. ئاقسۆڭەكلەرمۇ دېھقانلارغا ئوخشاش مەجبۇرىيەت ئۆتەيدىغان بولۇپ، كېيىن كۆستىنىنى غەزەپلەندۈرۈۋەتكەن «تىز پەسۆككەن ئاقسۆڭەكلەر تۈزۈمى» شەكىللەندى[18]. يانچىلار ئاپتونومىيىسى تېخىمۇ چەكلەندى، چۈنكى ئۇلار يەر ۋە پومېشچىكلارغا تېخىمۇ مەھكەم باغلىۋېتىلدى. پراۋوسلاۋىيە دىنى ئىلگىرى دۆلەتنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى، كېيىن ئۇنى چار پادىشاھ تەيىنلىگەن دىنىي كېڭەش كونترول قىلىدىغان ۋە

ئۆزگەرتىپ تەشكىللەيدىغان بولدى. شۇ ۋاقىتتىكى ۋارىسلىق تۈزۈمى مەيلى قانداق بولمىسۇن، چار پادىشاھ ئۆزىنىڭ ۋارىسىنى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق پېتىر بىر تەرەپتىن روسىيىدە زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن غەربلەشتۈرۈشنى زىچ باغلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن دىكتاتورا تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ھەر ئىككىسىلا جەھەتتە ئۈلگە تىكلەپ بەردى. لېنىن، ستالىنلار، يېكاتېرىنا II ۋە ئالېكساندىر II لەرمۇ يەنە مەلۇم دەرىجىدە پېتىرنىڭ ئەندىزىسىگە ئەگىشىپ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن روسىيىنى غەربلەشتۈرۈش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇستەبىت ھوقۇقىنىمۇ كۈچەيتتى. ئاز دېگەندىمۇ 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىنىڭ باشلىرىغىچە، روسىيىدە دېموكراتىيىنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئادەتتە ئاساسەن دېگۈدەك غەربلەشتۈرگۈچىلەر ئىدى، ئەمما، غەربلىشىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار دېموكراتىيىنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئەمەس ئىدى. روسىيىنىڭ تارىخىي ساۋاقلىرى مەركىزىي ھاكىمىيەتلەشتۈرۈشنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغانلىقىدا. 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىنىڭ ئاخىرى گورباچېفنىڭ ھەمكارلاشقۇچىلىرى ئاشكارىلىقنىڭ ئىقتىسادنى ئەركىنلەشتۈرۈشكە ئېلىپ كەلگەن توسالغۇلىرىغا قارشى تۇرغاندا، بۇ پاكىتنى تونۇپ يېتەلمىگەنلىكىدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى.

پېتىرنىڭ روسىيىنى ياۋروپانىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇشى ياۋروپانى روسىيىنىڭ بىر قىسمى قىلىشىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە سېلىشتۇرما بولغىنى شۇكى، روسىيە ئىمپېرىيىسى تەدرىجىي ھالدا ياۋروپا خەلقئارا سىستېمىسىنىڭ ئاساسلىق ھەقلىق ئىشتىراكچىسى، دەپ قارالدى. دۆلەت ئىچىدە پېتىرنىڭ ئىسلاھاتى بەزىبىر ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى، ئەمما ئۇنىڭ جەمئىيىتى يەنىلا ئارىلاشما جەمئىيەت ئىدى. ئازراق سەرخىللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاسىيا ۋە ۋىزانتىيىنىڭ ئۇسۇلى،

تۈزۈلمىسى، ئېتىقادى روسىيە جەمئىيىتىدە يەنىلا يېتەكچى ئورۇندا ئىدى، بۇنىڭغا نىسبەتەن، ياۋروپالىقلار ۋە رۇسلارمۇ مۇشۇنىداق قاراشتا. دې ماستىرې مۇنداق دەيدۇ: «بىر رۇسنىڭ ياقىسىدىن ئالساڭ، بىر تاتارنى يارىلاندۇرۇپ قويىسەن». پېتىر بىر ئارىسالدى دۆلەت قۇرۇپ چىقتى. 19- ئەسىردە سلاۋيانچىلار ۋە غەربلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بۇ بەختسىز دۆلەت ئۈچۈن قايغۇرۇشتى ھەمدە بۇ خىل ۋەزىيەتنى روسىيىنىڭ ئۆزىنىڭ جەۋھەرلىرى بىلەن يا ئۈزۈل-كېسىل ياۋروپالىشىش ياكى ياۋروپانىڭ تەسىرىنى يوقىتىش ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە كەسكىن تالاش-تارتىش يۈز بەردى. چائادايېفدەك غەربلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارمۇ: «قۇياش غەربنىڭ قۇياشى»، رۇسلار ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىنى يورۇتۇشى ۋە ئۆزگەرتىشى كېرەك، دېدى. دانىلۋىسكىيەدەك سلاۋيانچىلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى تاكى 20- ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىدىمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى. ئۇ ياۋروپالىشىش تىرىشچانلىقىنى «كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى يوقىتا چىقىرىپ، يات، چەت ئەلچە فورمىلارنى ئۆز فورمىلىرىمىزغا دەسسىتىش»، «چەت ئەل تۈزۈملىرىنى ئارىيەتكە ئېلىپ، ئۇنى روسىيە تۇپرىقىغا كۆچۈرۈش»، «سىرتتىن كەلگەن ياۋروپا مەۋقەسىدە تۇرۇپ روسىيىنىڭ ئىچكى، خەلقئارا مۇناسىۋەتلىرى ۋە تۇرمۇش مەسىلىسىگە قاراش خۇددى ئىلگىرىكىدەكلا رۇسلارنى ياۋروپاغىلا ماس كېلىدىغان كۆزەينەك بىلەن كۆزەتكەنلىك» دەپ ئەيىبلىدى[19].
ئۇنىڭدىن كېيىنكى روسىيە تارىخىدا پېتىر غەربلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ قەلبىدە قەھرىمانغا، قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە بولسا شەيتانغا ئايلاندى. كېيىنكىلىرىنىڭ ئەڭ ئەسەبىي ۋەكىللىرى 20- ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىدىكى ياۋرو-ئاسىياچىلار بولۇپ، ئۇلار پېتىرنى خائىن دەپ ئەيىبلىدى. ھەم بولشېۋىكلارنىڭ غەربلەشتۈرۈشتىن ۋاز كېچىپ، ياۋروپاغا خىرىس قىلغىنىدىن ھەم قايتىدىن موسكۋاغا كۆچۈپ كىرگىنىدىن تەنتەنە قىلىشتى.

بولشېۋىكلار ئىنقىلابى روسىيە بىلەن غەرب مۇناسىۋىتىنىڭ 3-باسقۇچىنى ئاچتى. ئىۇ ئىلگىرىكى ئىككى ئەسىرگە سوزۇلغان چۈشىنىكسىز، مۇجمەل 2- باسقۇچقا قەتئىي ئوخشاشمايدۇ. ئۇ بىر خىل غەربتە بەرپا قىلىنغان، ئەمما غەرب ئىدېئولوگىيىسىدە مەۋجۇت بولالمايدىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈم ئورناتتى. سلاۋىزمچىلار ۋە غەربلەشتۈرگۈچىلەر روسىيە غەربنىڭ كەينىدە قالمايلا قالماستىن، يەنە غەربكە ئوخشاشمايمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالامدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىشقانىدى. كوممۇنىستلار بۇ مەسىلىنى قالتىس جايىدا ھەل قىلدى: ئۇلار روسىيە غەربكە ئوخشاشمايدۇ ھەم غەربكە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ غەربتىن ئىلغار، ئۇ كەلگۈسىدە پۈتۈن دۇنيانى قاپلايدىغان پرولېتارىيات ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ، دەپ قارىدى. روسىيە ئاسىيانىڭ قالاق ئۆتمۈشىنى ئەمەس، ئىلغار سوۋېتنىڭ كەلگۈسىنى گەۋدىلەندۈردى. ئەمەلىيەتتە، ئىنقىلاب روسىيىنى غەربنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋەتتى، ئۇنى غەربتىن پەرقلەندۈردى. خۇددى بىر سلاۋىزمچى ئېيتقاندەك، «سىلەر بىزگە ئوخشاشمايسىلەر، شۇڭا بىز سىلەردەك بولمايمىز» ئەمەس، بەلكى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدا ئېيتىلغاندەك: «بىز ئوخشاشمايمىز، شۇڭا سىلەر ئاخىر بىزدەك بولىسىلەر» بولدى.

ۋەھالەنكى، كوممۇنىزم سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنى غەربتىن ئايرىغاندىن باشقا، يەنە ئۇلار بىلەن غەرب ئارىسىدا كۈچلۈك مۇناسىۋەت ئورناتتى. ماركس ۋە ئېنگېلس گېرمانىيىلىك، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسلىق شەرھلىگۈچىلىرى ئاساسەن غەربىي ياۋروپالىق. 1910- يىلىغا كەلگەندە غەربىي ياۋروپا جەمئىيىتىدىكى نۇرغۇن ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى، ئىجتىمائىي دېموكراتىك پارتىيىلەر ۋە ئىشچىلار پارتىيىلىرى ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە ئېتىقاد قىلاتتى ھەم غەربىي ياۋروپادا تەسىرى بارغانسېرى زورايغانىدى. بولشېۋىك ئىنقىلابىدىن كېيىن، ياۋروپادىكى سول قانات پارتىيىلەر كومپارتىيە

ۋە سوتسىيال پارتىيىلەر بولۇپ بۆلۈندى. بۇلار ياۋروپا جەمئىيىتىدىكى كۈچلۈك كۈچلەر ئىدى. كۆپ ساندىكى غەرب دۆلەتلىرىدە ماركسىزم قاراشلىرى ناھايىتى بازار تاپقانىدى، كوممۇنىزم ۋە سوتسىيالىزم كەلگۈسىنىڭ يۈزلىنىشى دەپ قارالغان ھەم بۇنداق ياكى ئۇنداق شەكىللەر بىلەن سىياسىي سەرخىللار ۋە ئىلىم سەرخىللىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى. شۇڭا، روسىيىدىكى سلاۋىزمچىلار بىلەن غەربلەشتۈرگۈچىلەر ئارىسىدىكى روسىيىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلارنىڭ ئورنىنى ياۋروپا سول قاناتلىرى ۋە ئوڭ قاناتلىرىنىڭ غەربنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلىرى، شۇنداقلا روسىيىدە ئاشۇ كەلگۈسىگە بولغان يۈزلىنىش ئالامەتلىرى بارمۇ، يوق؟ دېگەن تالاش-تارتىشلار ئالدى. 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچى كوممۇنىزمنىڭ غەربتىكى، بولۇپمۇ ئەڭ مۇھىمى غەرب كونترول قىلغان غەيرىي غەرب مەدەنىيەتتى جەمئىيەتلىرىدىكى جەلبكارلىقىنى كۈچەيتتى. غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىدە غەربنى ئالدىماقچى بولغان سەرخىللار ئۆزى بەلگىلەش، دېموكراتىيە دېگەنلەرنىڭ گېپىنى تولا قىلىدۇ، غەرب بىلەن قارشىلاشماقچى بولغان سەرخىللار بولسا ئىنقىلاب ۋە مىللىيچە ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى قوزغايدۇ.

غەربنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى قوللىنىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن غەربكە خىرىس قىلىش ئارقىلىق رۇسلار مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، تارىختىكى ھەر قانداق دەۋردىكىدىن غەربكە تېخىمۇ يېقىنلاشتى ھەم غەربكە تېخىمۇ چىڭ چىگىلدى. گەرچە لىبېرالىزم ئىدېئولوگىيىسى بىلەن كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ پەرقى بەك زور بولسىمۇ، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئۇلار يەنىلا ئوخشاش تىلدا سۆزلەيدۇ، كوممۇنىزم ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گۇمران بولۇشى غەرب ۋە روسىيە ئارىسىدىكى بۇ خىل سىياسىي — ئىدېئولوگىيىنىڭ ئۆز ئارا رول ئويىنىشىنى ئاخىرلاشتۇردى. غەرب ئەركىن دېموكراتىيە ئاخىرى پۈتۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىمپېرىيىسىدە غەلىبە قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ ھەم

شۇنى ئۈمىد قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ كەلگۈسىگە پۈتۈۋېتىلگەن ئىش ئەمەس ئىدى. 1995- يىلىغىچە ئەركىن دېموكراتىيىنىڭ روسسىيە ۋە باشقا پراۋوسلاۋىيە جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى كەلگۈسى تولىمۇ خىرە ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، رۇسلار بارغانسېرى ماركسىزمچىلارغا ئەمەس، ئۆزىگە ئوخشاشقا باشلىدى. رۇسلار بىلەن غەرب ئارىسىدىكى ھالڭ كېڭىيىپ كەتتى. ئەركىن دېموكراتىيە بىلەن ماركسىزم، لېنىنىزم ئارىسىدىكى توقۇنۇش ئىدېئولوگىيىدىكى توقۇنۇشتىن ئىبارەت. گەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق زور بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا زامانىۋى، دىنىدىن خالىي، ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا ئەركىن، باراۋەر، پاراۋان جەمئىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئورتاق نىشان قىلىدۇ. بىر غەرب دېموكراتچىسى بىر سوۋېت ئىتتىپاقى ماركسىزمچىسى بىلەن ئىدىيە جەھەتتە مۇنازىرە ئېلىپ بارالايدۇ، ئەمما بىر پراۋوسلاۋىيە دىنى مىللەتچىسى بىلەن بولسا مۇمكىن ئەمەس.

سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە سولژېنتسىنلار ۋە ساخاروفلارنىڭ كوممۇنىزم تەلىماتىغا جەڭ ئېلان قىلىشى بىلەن سلاۋىزمچىلار ۋە غەربلەشتۈرگۈچىلەر ئارىسىدىكى كۈرەش توختىدى. كوممۇنىزم تەلىماتىنىڭ گۇمران بولۇشىغا ئەگىشىپ، روسسىيىنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتى ھەققىدىكى بەس-مۇنازىلەر يەنە قايناپ كەتتى. روسىيە غەربنىڭ قىممەت قارىشى، تۈزۈلمە، ئەمەلىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىشى، غەربنىڭ بىر ئەزاسى بولۇشى كېرەكمۇ؟ ياكى روسسىيە ياۋروپا ۋە ئاسىيانى باغلايدىغان ئۆزگىچە پراۋوسلاۋىيە دىنى ۋە ياۋرو-ئاسىيا مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭ ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى باغلايدىغان ئالاھىدە، ھېچقايسى مەدەنىيەتتە يوق ۋەزىپىسى بولغاچقا، ئۇ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. بۇ مەسىلىلەردە ئىلىم ۋە سىياسىي ساھەدىكى سەرخىللار ھەم ئاۋام ئارىسىدا كەسكىن ئىختىلاپ يۈز بەردى. بىر تەرەپ غەربلىشىش، «دۇنياۋىلىشىش» ياكى «ئاتلانتىكلىشىش»نى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپ، سلاۋىزمچىلارنىڭ ۋارىسلىرى بولۇپ، كىشىلەر ئۇلارنى «مىللەتچىلەر»،

«ياۋرو-ئاسىياچىلار» ياكى «كۆچلۈك دۆلەتنىڭ قوللىغۇچىلىرى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتايدۇ[20].

بۇ گۇرۇھلار ئاربىسىدىكى ئاساسلىق ئىختىلاپ تاشقى سىياسەت جەھەتتىكى ھەم مەلۇم دەرىجىدە ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە دۆلەتنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى ئىختىلاپلاردۇر. كۆز قاراشلار بۇ قۇتۇپتىن ئۇ قۇتۇپقا سەكرەپ يۈردى. مۇنازىرىنچىلەرنىڭ بىر تەرىپى بولسا گورباچېپ ھىمايە قىلغان ھەم مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرگەن «ئورتاق ياۋروپا ئائىلىسى» نىشانىدىكى «يېڭى تەپەككۇر»نى تەرغىب قىلغۇچىلار، شۇنداقلا يېلتسىننىڭ نۇرغۇن ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلىرى. ئۇلار مۇنداق بىر ئورتاق ئارزۇنى ئىپادىلىدى: روسىيە بىر «نورمال دۆلەت»كە ئايلىنىشى ئۈچۈن، ئاساسلىق يەتتە سانائەت دۆلىتىنىڭ سەككىزىنچى ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىشى كېرەك. سېگېي ستانكېۋىچتەك مۆتىدىل مىللەتچىمۇ روسىيە «ئاتلانتىزم» يولىنى تاشلىۋېتىپ، باشقا دۆلەتلەردىكى رۇسلارنىڭ تۇرمۇشىنى باشتا نەزەرگە ئېلىشى، تۈركىيە ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەكىتلىشى، «ئاسىيا ۋە شەرققە پايدىلىق بولۇش پرىنسىپىنى چىقىش قىلىپ، بايلىقلىرىمىزنى مۇۋاپىق تەقسىملەپ، تاللاش، مۇناسىۋەت، مەنپەئەتلىرىمىزنى قايتىدىن تەشكىللىشىمىز كېرەك» دەپ قارىدى[21]. بۇنداق تەشەببۇسچىلار يېلتسىننىڭ روسىيىنىڭ مەنپەئىتىنى غەربنىڭ مەنپەئىتىگە بويسۇندۇرغانلىقىنى روسىيىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، سېربىيىدەك دوستلىرىنى قوللىيالمىغىنىنى، روسىيىگە زىيانلىق ئىقتىسادىي، سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بارغانلىقىنى تەنقىد قىلدى. بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ بەلگىسى پېتىر سۋىتسكىينىڭ ئىدىيىسىنىڭ قايتا بازار تاپقانلىقى ئىدى. ئۇ 20- يىللاردا روسىيە بىر يەككە-يېگانە ياۋرو-ئاسىيا مەدەنىيىتى دېگەنىدى.

بىر قەدەر ئەسەبىي مىللەتچىلەر سولـژېتسىنىدەك رۇس مىللەتچىلىرى ۋە ئىمپېرىيە مىللەتچىلىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈندى.

سولـژېتسېن بـارلىق رۇسـلارنى ئـۆز ئىچىگـە ئالغـان ھـەم يـېقىن مۇناسىۋەتكە ئىگە سـلاۋيان پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى بېلورۇسلار ۋە ئوكرائىنالىقلارنىمۇ قوشۇۋالغان، بۈنىڭدىن باشقا مىللەت يوق بولغان بىر روسىيە قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. كېيىنكىسى، مەسىلەن، ۋىلادىمىر زىرىنوۋىسكىدەكلەر سـوۋېت ئىتتىپـاقى ئىمپېرىيىسـىنى قايتىـدىن قۇرۇشـنى، روسـىيىنىڭ ھـەربىي كۈچىنـى ئەسلىگــە كەلتۈرۈشـنى تەشەببۇس قىلاتتـى. بـۇلار يەھۇدىيلارغىمـۇ، غەربكىمـۇ قارشـى بولـۇپ، روسـىيىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسـىتىنى شـەرق ۋە جەنـۇبقا قارىتىشـنى ياكى مۇسـۇلمانلار جەنـۇبىنى (زىرىنوۋىسـكى كۆچەپ تەشەببۇس قىلغان) كـونترول قىلىشـنى ۋەياكى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىشىپ غەربكە قارشى تۇرۇشـنى خالايتتى. مىللەتچىلـەر ھەم سـېربلارنىڭ مۇسـۇلمانلار بىلـەن قىلغـان ئۇرۇشـىنى قوللايتتـى. دۇنيـاۋىزمچىلار ۋە مىللەتچىلـەرنىڭ ئىختىلاپـى ئاپپـارات جەھەتتـە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ۋە ھـەربىي تەرەپنىڭ پىكىر ئىختىلاپىدا ھـەم يېلتسىننىڭ دىپلوماتىيە ۋە بىخەتـەرلىك سىياسـىتىنىڭ بىـر نىشاندىن يەنە بىر نىشانغا ئۆزگەرگەنلىكىدە ئەكس ئېتىدۇ.

رۇس جامائىتىدىمـۇ مۇشـۇنداق ئىختىلاپـلار كۆرۈلـدى. 1992-يىلى ياۋروپادىكى 2061 نەپەر روسىيىلىككە قارىتىلغان بىـر قېتىملىق ئۇقتىلىق تەكشۈرۈشتە 40% ئادەم «غەربكە ئېچىۋېتىشنى قوللىغان»، 30% ئـادەم «غـەربنى قوبـۇل قىلمىغـان»؛ 24% ئـادەم «ھېچنېمـە دېمىگـەن». 1993- يىلىـدىكى پـارلامېنت سـايلىمىدا ئىسـلاھاتنى قوللايـدىغان پـارتىيە 34.2% ئاۋازغـا، ئىسـلاھاتقا قارشـى تۇرىـدىغان پارتىيە ۋە مىللەتچى پارتىيىلەر 43.3% ئاۋازغا، ئوتتۇرىدىكى پارتىيىلەر 13.7% ئاۋازغـا ئېرىشـكەن[22]. شـۇنىڭغا ئوخشـاش، 1996- يىلـى 6-ئايدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىدا روسىيىلىكلەردە يەنە بىر قېتىم ئىختىلاپ يـۈز بـەردى. تەخمىنـەن 43% ئـادەم غـەربنىڭ كـۆزى چۈشـكەن يېلتسـىننى ۋە ئىسـلاھاتنى قوللايـدىغان پـارتىيىلەرنىڭ نـامزاتىنى قوللىغـان، 52% ئـادەم مىللەتچىلـەر ۋە كومپـارتىيە نامزاتلىرىغـا بىلـەت

تاشلىغان. روسىيىنىڭ سالاھىيىتىدىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي مەسىلىدە 20- يىللاردىكى روسىيە يەنىلا بىر ئارىسالدى ھالەتتە ئىدى. غەرب-سلاۋىزمدىن ئىبارەت ئىككى ياقلىمىلىق «رۇس مىللىتىنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن خۇسۇسىيىتى»[23].

**تۈركىيە.** 20- ئەسىرنىڭ 20- ۋە 30- يىللىرىدا ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلانغان بىر قاتار ئىسلاھاتلاردا ئاتا تۈرك مۇستاپا كامال خەلقنى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغانىدى. كامالىزمنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپى ياكى «ئالتە بەلگىسى» — ناروودنىكىزم*، جۇمھۇرىيەتچىلىك، مىللەتچىلىك، ئەلمانىيە، دۆلەتچىلىك ۋە ئىسلاھاتچىلىقتىن ئىبارەت. كامال كۆپ مىللەتلىك ئىمپېرىيە ئىدىيىسىدىن ۋاز كەچتى. مەقسىتى بىر ئوخشاش تەركىبلىك مىللىي دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئىدى. بۇ جەرياندا ئەرمېنىيىلىكلەر ۋە گرېكلار سۈرگۈن ۋە قىرغىنغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سۇلتانلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، غەربچە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قۇردى. ئۇ خەلىپىنىڭ ئورنىنىمۇ بىكار قىلدى (خەلىپە دىنىي نوپۇزنىڭ ۋەكىلى). ئەنئەنىۋى مائارىپ مىنىستىرلىقى ۋە دىنىي مىنىستىرلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مۇستەقىل دىنىي مەكتەپلەرنى بىكار قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن دىندىن خالىي ئاممىۋى مائارىپ تۈزۈمىنى ئورناتتى. ئىسلام قانۇنى قوللىنىلىدىغان قازىخانا (سوت)لارنىڭ ئورنىغا شۋېتسارىيە خەلق قانۇنى ئاساسىغا قۇرۇلغان يېڭى قانۇن-تۈزۈمنى دەسسەتتى. ئۇ گرىگورىيە مىلادىيە كالېندارىنى ئەنئەنىۋى كالېندارنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇردى. ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەت دىنىلىك ئورنىنى بىكار قىلدى. ئىمپېراتور پېتىردىن ئۆرنەك ئېلىپ كىشىلەرنى تۈركچە باش

* بۇ 19- ئەسىرنىڭ 60-، 70- يىللىرى روسىيىدە مەيدانغا كەلگەن بىر خىل سىياسىي ئىدىيە بولۇپ، بۇ ئىدىيە بىر دۆلەتتە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، كاپىتالىزمنىڭ بىر مەزگىل مەۋجۇت بولۇش مۇقەررەرلىكىنى ئىنكار قىلىپ، فېئودال ئىگىلىكتىن بىۋاسىتە سوتسىيالىستىك ئىگىلىككە سەكرەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. كۈرەشتە سىياسىي كۈرەشكە قارشى تۇرۇپ، تېررورلۇق ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. — ئۇ. ت

كىيىم كىيىشتىن چەكلەپ، قالپاق كىيىشكە ئىلھاملاندۇردى. چۈنكى تۈركچە باش كىيىم ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى سىمۋولى ئىدى. ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى تۈرك يېزىقىنى ئەمەس، رۇم يېزىقىنى ئىشلىتىشنى ئېنىق بەلگىلىدى. بۇ ئىسلاھات ناھايىتى مۇھىم. «بۇنىڭ بىلەن رۇم يېزىقىدا ساۋات چىقارغانلار ئىلگىرىكى نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆرەلمەيدىغان بولدى، ئۇ كىشىلەرنى ياۋروپانىڭ تىللىرىنى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردى، ساۋاتسىزلىق مەسىلىسىنى خېلى زور دەرىجىدە ھەل قىلدى»[24]. 30- يىللاردا مۇستاپا كامال تۈرك خەلقىنىڭ مىللىي، سىياسىي، دىنىي ۋە ھەزارەت سالاھىيىتىنى قايتا تۇرغۇزغاندىن كېيىن، تۈركىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈردى. غەربلىشىش زامانىۋىلىشىش بىلەن قول تۇتۇشۇپ تەڭ ئىلگىرىلىدى ھەم غەربلىشىش زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان قورال قىلىپ بەلگىلەندى.

1939- يىلدىن 1945- يىلغىچە بولغان غەربتىكى ئۇرۇشتا، تۈركىيە يەنىلا بىتەرەپلىكنى ساقلىدى. ئەمما، ئۇرۇشتىن كېيىن دەرھال غەرب بىلەن سالاھىيەتلەندى. غەربكە ئەگىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىر پارتىيىلىك تۈزۈمدىن تېخىمۇ رىقابەتلىك كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمگە كۆچتى. مۇستاپا كامال ۋەزخانلىق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر 1952- يىلى تۈركىيىنى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا قىلدى. غەربنىڭ نەچچە يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرلىق ئىقتىسادىي، ىىخەتەرلىك ياردىمىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ ئارمىيىسىنى غەرب مەشىقلەندۈردى ۋە قورallاندۇردى ھەم شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ قوماندانلىق سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلدى. زېمىنىدا ئامېرىكا ھەربىي بازا قۇردى. غەرب تۈركىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز، ئوتتۇرا شەرق، پارس قولتۇقىغا كېڭىيىشىنى توسىدىغان شەرقتىكى ئىستىھكام دەپ قاراشقا باشلىدى. تۈركىيە بىلەن غەربنىڭ بۇ خىل ئالاقىسى ۋە ئۇنىڭ غەرب بىلەن سالاھىيەتلىنىشى 1955- يىلى چاقىرىلغان باندۇڭ يىغىنىدا

غەيرىي غەرب دۆلەتلىرى ۋە ئىقتىساد تۈزمەيدىغان دۆلەتلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى ھەم ئىسلام دۆلەتلىرى ئۇنىڭغا مۇناپىق، دەپ ھۇجۇم قىلدى[25].

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تۈركىيىنىڭ سەرخىللىرىنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا تۈركىيىنىڭ غەرب ۋە ياۋروپانىڭ بىر ئەزاسى بولۇشىنى قوللىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىقىنى ساقلاش كەم بولسا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئارقىلىق غەرب بىلەن زىچ تەشكىلىي باغلىنىشنى ساقلىغىلى بولىدۇ ھەم ئۇ گرېتسىيە بىلەن تەڭپۇڭ تۇرۇشتىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ. ئەمما، تۈركىيە بىلەن غەربنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشى ئۇنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىق ئورنىدىلا ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ مەھسۇلى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى ئىككىسىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبنى يوقاتتى ھەم بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ سۇسلىشىشى ۋە قايتا بېكىتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. غەربكە نىسبەتەن، تۈركىيە ئەمدى شىمالدىن كەلگەن تەھدىتنى توسىدىغان كارغا كېلىدىغان ئىستىھكام ئەمەس، بەلكى خۇددى دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىدىكىدەك جەنۇبتىن كېلىدىغان ئىككىلەمچى تەھدىتكە تاقابىل تۇرىدىغان ھەمراھ بولدى. بۇ ئۇرۇشتا تۈركىيە ئىراق نېفىتىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزغا تۇتىشىدىغان تۈركىيە چېگراسى ئىچىدىكى نېفىت تۇرۇبىسىنى ئېتىش ۋە ئىراققا زەربە بېرىدىغان ئامېرىكا ئايروپىلانلىرىنىڭ تۈركىيە ھاۋا ئارمىيە بازىلىرىدىن كۆتۈرۈلۈشىگە رۇخسەت قىلىش ئارقىلىق سادام ھۈسەيىنگە قارشى ئىتتىپاققا مۇھىم ياردەم بەردى. ئەمما، زۇڭتۇڭ ئۆزەل چىقارغان بۇ قارار تۈركىيە دۆلەت ئىچىدە قاتتىق دولقۇن پەيدا قىلىپ، تۈركىيىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ۋە باش سەنۇجاڭنىڭ ئىستېپا بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ھەمدە ئۆزەل بىلەن ئامېرىكىنىڭ يېقىن ھەمكارلىقىغا قارشى

كەڭ كۆلەملىك نامايىش يۈز بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن زۇڭتۇڭ دېمىرىل ۋە زۇڭلى سىللىر ب د ت نىڭ ئىراققا قاراتقان ئەمبارگوسىنى تېزرەك ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ خىل ئەمبارگو تۈركىيىگىمۇ ئېغىر ئىقتىسادىي يوقىتىش پەيدا قىلدى. تۈركىيىنىڭ غەرب بىلەن ھەمكارلىشىپ، جەنۇبتىن كېلىدىغان ئىسلام تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش خاھىشى ئۇنىڭ غەرب بىلەن بىرلىشىپ سوۋېتنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش خاھىشىدىن بەكرەك ئېنىقسىز بولۇپ قالدى. دېڭىز قولتۇقى كرىزىسىدا تۈركىيىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقدىشى گېرمانىيە ئىراقنىڭ تۈركىيىگە قىلغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھۇجۇمىنى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا قىلىنغان ھۇجۇم دەپ قاراشقا قارشى تۇردى. بۇ ئىشمۇ تۈركىيىنىڭ جەنۇبتىن كېلىدىغان تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇشتا غەربنىڭ ياردىمىنى كۈتۈشنىڭ ئەخمىقانىلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلىشىش تۈركىيىنىڭ مەدەنىيەت سالاھىيىتى مەسىلىسىنى قوزغىيالمىغانىدى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى.

80- يىللاردىن باشلاپ، غەربكە مايىل تۈركىيە سەرخىللىرىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدىكى بىر مۇھىم نىشانى (ئېھتىمال بىردىنبىر نىشانى) ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىش بولدى. 1987- يىلى 4- ئايدا تۈركىيە رەسمىي ئىلتىماس سۇندى، 1989- يىلى 12- ئايدا تۈركىيىگە ئىلتىماسى 1993- يىلىدىن بۇرۇن ئويلىشىلمايدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. 1994- يىلى ياۋروپا ئىتتىپاقى ئاۋستىرالىيە، فىنلاندىيە، نورۋېگىيىنىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلىدى. كىشىلەر كەلگۈسىدىكى بىر نەچچە يىلدا ياۋروپا ئىتتىپاقى بەلكىم پولشا، ۋېنگرىيە، چېخىيە جۇمھۇرىيىتىنى قوبۇل قىلىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن سلوۋېنىيە، سلوۋاكىيە ۋە بالتىق بويىدىكى دۆلەتلەرنى قوبۇل

قىلىشى مۇمكىن دەپ قاراشتى. تۈركىيىنى ئەڭ ئۈمىدسىزلەندۈرگىنى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ئەڭ زور ئەزاسى گېرمانىيە تۈركىيىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىشىنى يەنە بىر قېتىم قىزغىن قوللىمىدى، بەلكى ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلەتلىرىنى بالدۇر ئويلاشتى[27]. ئامېرىكىنىڭ بېسىمى ئارقىسىدا ياۋروپا ئىتتىپاقى تۈركىيە بىلەن تاموژنا ئىتتىپاقى قۇرۇشنى كېڭەيتتى. ئەمما، تۈركىيىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇشى قارىغاندا بەك يىراقتىكى ئىشتەك قىلىدۇ، بۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىن يەنە گۇمانلىنىشقا بولىدۇ.

تۈركىيە نېمىشقا نەزەرگە ئېلىنمايدۇ؟ ۋە ھەمىشە ئەڭ ئارقىغا تىزىلىدۇ؟ ئاشكارا سورۇنلاردا ياۋروپا ئەمەلدارلىرى بۇ تۈركىيىنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن، كىشىلىك ھوقۇقنى سكاندىناۋىيە دۆلەتلىرىدەكمۇ ھۆرمەت قىلمايدىغانلىقىدىن دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ياۋروپا ۋە تۈركىيىمۇ ھەقىقىي سەۋەبنىڭ گرېتسىيىنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرغانلىقى، تېخىمۇ مۇھىمى تۈركىيىنىڭ بىر مۇسۇلمان دۆلىتى بوپقالغانلىقى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ياۋروپالىقلار ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ چېگراسىنى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن، 60 مىليون مۇسۇلمان ۋە نۇرغۇن ئىشسىزلارغا ئىگە بۇ دۆلەتتىن كۆچمەنلەرنىڭ ياۋروپاغا ئېقىپ كىرىشىنى خالىمايدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلار ھەزارەت جەھەتتە تۈركىيىنىڭ ياۋروپاغا تەۋە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان. خۇددى ئۆزەل 1992- يىلى دېگىنىدەك: «تۈركىيىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى تۈركىيىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرەلمەسلىكىدىكى ئويدۇرۇپ چىقىلغان باھانىسى. ھەقىقىي سەۋەب بولسا، ئۇلارنىڭ خرىستىئان، بىزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىزدۇر». ئەمما، ئۇ يەنە تولۇقلاپ دەيدۇ: «ئەمما ئۇلار بۇنداق دېمەيدۇ». ياۋروپا ئەمەلدارلىرىمۇ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بىر «خرىستىئانلار كۇلۇبى» بولۇشىغا قوشۇلىدۇ، «تۈركىيە بەك نامرات، نوپۇسى بەك كۆپ، ئىسلاملىشىش دەرىجىسى بەك يۇقىرى،

بەك ئەشەددىي، ھەزارەتتە ئوخشاشمايمىز ھەمدە سىغىشالمايمىز»، دەپ قارايدۇ. بىر كۆزەتچى باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ياۋروپالىقلارنىڭ «يوشۇرۇن قورقۇنچلۇق چۈشى»، «ساراسون (ئەرەب) لەرنىڭ غەربىي ياۋروپاغا قىلغان تاجاۋۇزى ۋە تۈركىيىنىڭ ۋېنا قوۋۇقىنى قېقىشى» دەك تارىخىي ئەسلىمىدۇر. بۇ خىل پوزىتسىيە تۈركىيىدىمۇ «تۈركىيلىكلەرنىڭ ئورتاق قارىشى»نى كەلتۈرۈپ چىقاردى، يەنى: «غەرب ياۋروپادا مۇسۇلمان تۈركىيىسى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ئورۇن قالدۇرۇپ قويۇلغىنى يوق»[28].

مەككىنى رەت قىلىپ، يەنە بىريۇسېل تەرىپىدىن رەت قىلىنغاندىن كېيىن، تۈركىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلگەنلىك پۇرسىتىنى تۇتۇپ، تاشكەنتكە بۇرۇلدى. زۇڭتۇڭ ئۆزەل ۋە باشقا تۈركىيە رەھبەرلىرى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گەۋدىسىنى قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈركىيىنىڭ «ئادرىئاتىك دېڭىزىدىن جۇڭگو چېگراسىغىچە» بولغان ئارىلىقتىكى «يېقىن قوشنىلىرى» بولغان «سىرتتىكى تۈركلەر» بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بولۇپمۇ ئەزەربەيجان ۋە تۆت تۈركىي دۆلەت — ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان — بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. 1991- ۋە 1992- يىلى تۈركىيە بۇ جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ھەم ئۆزىنىڭ بۇ دۆلەتلەردىكى تەسىرىنى ساقلاشنى مەقسەت قىلغان بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى، بۇلار: 1 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق ئۇزاق مۇددەتلىك تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز، 79 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق جىددىي ياردەم، سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيىسى، رۇس تىلىنىڭ ئورنىنى ئالغان تېلېفون خەۋەرلىشىشى، ئاۋىئاتسىيە مۇلازىمىتى، شۇنداقلا تۈركىيىگە ئوقۇغىلى كەلگەن نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچىغا تەسىس قىلىنغان ئوقۇش مۇكاپات پۇلى، تۈركىيىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەزەربەيجاننىڭ بانكىر، سودىگەر، دىپلومات ۋە نەچچە يۈز ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەشنى ئۈز

ئىچىگە ئالىدۇ. تۈركىيىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئاشۇ يېڭى جۇمھۇرىيەتلەرگە تۈرك تىلى دەرسى ئۆتۈشكە ئەۋەتىلدى، تەخمىنەن 2000 ئەتراپىدا ھەمكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلدى. ھەزارەت ئورتاقلىقى بۇ خىل ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىلگىرى سۈردى. خۇددى بىر تۈركىيىلىك سودىگەر ئېيتقاندەك: «ئەزەربەيجان ياكى تۈركمەنىستاندا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ھالقىسى جايىدا ھەمراھ تېپىش، تۈركىيىگە نىسبەتەن بۇ تەس ئەمەس، بىز ئورتاق ھەزارەتكە، خېلى ئوخشىشىدىغان تىلغا ئىگە، يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرىمىزمۇ ئوخشايدۇ»㉙.

تۈركىيىنىڭ كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتا يۈزلىنىشى، تۈركىي تىللىق دۆلەتلەر ئورتاق گەۋدىسىنىڭ رەھبىرى بولۇش ئارزۇسىنىڭ تۈرتكىسىدىلا ئەمەس، ئىران ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ بۇ جايلاردىكى تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. تۈركىيىلىكلەر ئۆزلىرىنى باشقا دۆلەتلەرنى بىر خىل دىنىدىن خالىي، دېموكراتىك، بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويغان مۇسۇلمانچە دۆلەت ئەندىزىسى — «تۈركىيە ئەندىزىسى» ياكى «تۈركىيە ئەدىيىسى» بىلەن تەمىنلىدۇق، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۈركىيىلىكلەر روسىيىنىڭ تەسىرىنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. تۈركىيەمۇ روسىيە ۋە ئىسلامدىن باشقا يەنە بىر خىل تاللاش بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن تەلەپنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرەلىشى، ئاخىرىدا ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەزاسى بولالىشى مۇمكىن.
تۈركىيىنىڭ تۈركىي تىللىق جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن بولغان پائالىيەتلىرى تۈركىيىنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنىڭ چەكلىكلىكى، ئۆزەل ۋاپات بولغاندىن كېيىن سۇلايمان دېمىرىلنىڭ زۇڭتۇڭ بولۇشى ۋە روسىيىنىڭ «يېقىن قوشنا» دەپ قارىغان دۆلەتلەردە تەسىرىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشى تۈپەيلىدىن 1993- يىلىغا كەلگەندە سەل توسالغۇغا ئۇچرىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۈركىي تىللىق

جۇمھۇرىيەتلەر ئەمەلدە مۇستەقىل بولغاندا، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى ئەنقەرەگە ئىنتىلىپ كېلىپ تۈركىيىگە ياخشىچاق بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن روسىيىنىڭ قاتتىق-يۇمشاق چارىلىرى ئارقىسىدا ئۇلار يەنە بۇرۇلۇپ، ئۆزلىرى بىلەن ھەزارەت جەھەتتە تۇققان دۆلەتلەر بىلەن ئىلگىرىكى ئىگىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئېھتىياجىنى ئومۇميۈزلۈك تەكىتلەشكە باشلىدى. ئەمما، تۈركىيىلىكلەر ھەزارەت تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئۇلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، سىياسىي مۇناسىۋەتلەرنى كېڭەيتىشكە تولىمۇ تىرىشتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم پائالىيەتلىرى ئىچىدە، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ نېفىت شىركەتلىرى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئەزەربەيجاننىڭ نېفىتىنى تۈركىيە زېمىنى ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىزغا توشۇيدىغان ماي تۇرۇبىسى قۇرغان ئىشلىرى بار[60].

بىرىنچىدىن، تۈركىيە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۈركىي تىللىق جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىدە، ئۇلارنىڭ دىنىدىن خالىي كامالىزمچە سالاھىيىتى دۆلەت ئىچىدە خىرىسقا ئۇچرىدى. ئاۋۋال، تۈركىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرگە ئوخشاش، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات پەيدا قىلغان قالايمىقانچىلىق «مىللىي سالاھىيەت ۋە ئېرقىي سالاھىيەت» مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى[61]. بۇنىڭغا نىسبەتەن دىن تەييار جاۋاب ھازىرلاپ بەردى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئاتا تۈرك ۋە تۈركىيە سەرخىللىرىنىڭ دىندىن خالىي مىراسلىرى بارغانسېرى شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۇچراشقا باشلىدى. چەت ئەلدىكى تۈركىيىلىكلەرنىڭ كەچمىشلىرىمۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلام كەيپىياتىنى كۈچەيتىۋەتتى. غەربىي گېرمانىيىدىن قايتىپ كەلگەن تۈركىيىلىكلەر «ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق نەرسىگە، يەنى ئىسلام دىنىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئىسلام دىنى بىلەن غەربىي گېرمانىيىنىڭ تۈركىيىلىكلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىگە زەربە بەردى».

غول جامائەت پىكرى ۋە ھەرىكەتلەر بارغانسېرى ئىسلاملىشىشقا باشلىدى. خەۋەر قىلىنىشىچە، 1993- يىلى تۈركىيىدە «ئىسلامچە ساقال قويغان ئەرلەر ۋە چۈمبەل تارتقان ئاياللار شىددەت بىلەن كۆپەيدى، مەسچىتلەر ئېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنى جەلپ قىلدى. بەزى كىتابخانىلار ئىسلام تارىخى، ئەھكاملىرى، تۇرمۇش ئۇسۇلى مەدھىيىلەنگەن، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىممەت قارىشىنى قوغداش جەھەتتىكى ئوينىغان رولى تەرىپلەنگەن كىتاب-ژۇرنال، لېنتا، پلاستىنكا، سىنئالغۇ لېنتىلىرىغا توشۇپ كەتتى». ئېيتىلىشىچە، «290 دىن ئارتۇق نەشرىيات ۋە زاۋۇتلار، تۆت خىل كۈندىلىك گېزىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 300 خىلدىن ئارتۇق نەشر بۇيۇملىرى، تەخمىنەن 100 چە رويخەتكە ئالدۇرغان رادىئو ئىستانسىلىرى، تەخمىنەن 30 چە رويخەتكە ئالدۇرمىغان تېلېۋىزىيە قاناللىرىنىڭ ھەممىسى ئىسلام ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ»[42]. ئىسلام كەيپىياتىنىڭ كۈچىيىشىگە قارىتا، تۈركىيە ھۆكۈمرانلىرى ئەسلىيەتچىلەرنىڭ ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. مۆلچەرلىنىشىچە، 80 — 90- يىللاردا تۈركىيىنىڭ دىنىدىن خالىي ھۆكۈمىتىدە دىنىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ خام چوتى باشقا تارماقلارنىڭكىدىن كۆپ ئىكەن، ئۇ مەسچىت سېلىشقا ياردەم بېرىدىكەن، بارلىق ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە دىنىي مائارىپ يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدىكەن، ئىسلام مەكتەپلىرىگە پۇل ياردەم قىلىدىكەن. 80- يىللاردا ئىسلام مەكتەپلىرىنىڭ سانى تۆت ھەسسە كۆپەيگەن، تېزىملىتىپ ئوقۇشقا قاتنىشىدىغانلار ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 15%نى ئىگىلىگەن. بۇ مەكتەپلەر ئىسلام ئەقىدىلىرىنى دەرسلىك قىلغان، نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچى بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇش پۈتتۈرگەن. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا خىزمەتكە كىرگەن. فرانسىيىدىكى قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈمبەل تارتىشى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولغىنى ئانا تۈرك تۈركچە

باش كېيىمنى چەكلەپ 70 يىلدىن كېيىن تۈركىيە ھۆكۈمىتى قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىسلامچە ياغلىق ئارتىشىغا رۇخسەت قىلدى[33]. ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىشلىرى ئاساسەن ئىسلامىزمچىلار بىلەن بولغان كۈرەشتە ئۇستۇنلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىدى، ئۇ 80- يىللار ۋە 90- يىللارنىڭ باشلىرى ئىسلامىزمچىلار قوزغىغان بوراننىڭ قانچىلىك كۈچلۈكلۈكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئىككىنچىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى تۈركىيىنىڭ سىياسىيسىنى ئۆزگەرتتى. سىياسىي رەھبەرلەر، ئەڭ دىققەتكە سازاۋەرى ئۆزەل مۇسۇلمانلارنىڭ سىمۋوللىرى ۋە سىياسىتىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلدى. تۈركىيىدە خۇددى باشقا جايلاردىكىدەك، دېموكراتىيە يەرلىكلىشىش ۋە دىنغا قايتىشنى كۈچەيتىۋەتتى، «ئاۋامغا ياخشىچاق بولۇپ، بىلەت قولغا كەلتۈرۈش زۆرۈر بولغاچقا، سىياسىئونلار، ھەتتا ئارمىيە (ئەلمانىيىنىڭ ئىستىھكامى ۋە قوغدىغۇچىلىرى) ئاۋامنىڭ دىنىي قىزغىنلىقىنى ئويلاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن يول قويۇشلىرى كىشىگە ئادەمنى قايمۇقتۇرغاندەك بىر خىل تەسىر بېرىدۇ». ئاۋامنىڭ ھەرىكەتلىرى دىنىي خاھىشقا ئىگە ئىدى. گەرچە سەرخىللار ۋە بيۇروكراتلار گۇرۇھى، بولۇپمۇ ئارمىيە ئەلمانىيىگە مايىل بولسىمۇ، ئىسلام كەيپىياتى ئارمىيە ئىچىدىمۇ ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. 1987- يىلى ھەربىي مەكتەپنىڭ نەچچە 100 ئوقۇغۇچىسى ئىسلام خاھىشىغا ئىگە دەپ سەپتىن تازىلاندى. ھەر قايسى پارتىيىلەر سايلامدا گۈللىنىۋاتقان مۇسۇلمانلار گۇرۇھلىرىنىڭ قوللىشىغا موھتاجلىقىنى ھېس قىلدى. ئىلگىرى ئۇلار ئاتا تۈرك دەۋرىدە چەكلەنگەنىدى[34]. 1994- يىلىدىكى يەرلىك سايلامدا بەش ئاساسلىق پارتىيە ئىچىدە پەقەت ئەسلىيەتچى پارتىيە گۈللىنىش پارتىيىسىلا ئېرىشكەن بىلەت سەل كۆپىيىپ تەخمىنەن 19% بىلەتكە ئېرىشكەن. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، زوڭلى سىللېرنىڭ توغرا يول پارتىيىسى ئاران 21% ئاۋازغا، ئالەمدىن ئۆتكەن زوڭتۇڭ ئۆزەلنىڭ ۋەتەن پارتىيىسى ئاران 20% ئاۋازغا ئېرىشكەن.

گۈللىنىش پارتىيىسى تۈركىيىدىكى ئاساسلىق ئىككى شەھەر — ئىستانبۇل ۋە ئەنقەرەنى كونترول قىلغان ھەم تۈركىيىنىڭ جەنۇبىدا كۈنسايىن كۈچىيىۋاتىدۇ. 1995- يىلى 12- ئايدىكى سايلامدا گۈللىنىش پارتىيىسى باشقا ھەر قانداق پارتىيىگە قارىغاندا كۆپ بېلەتكە ۋە يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشكەن ھەم ئالتە ئايدىن كېيىن بىر دىندىن خالىي پارتىيە بىلەن بىرلىشىپ ھۆكۈمەتنى ئۈتكۈزۈۋالغان. باشقا دۆلەتلەردىكىدەك ئەسلىيەتچىلەرنى قوللايدىغان ياشلار چەتئەلدىن كەلگەن كۆچمەنلەر، «ئېزىلگۈچىلەر ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار»، شۇنداقلا «يېڭى شەھەر ئاھالىلىرى ۋە چوڭ شەھەرلەردىكى ئىشتانسىز پارتىيىلىكلەر (بەلكىم كىچىك، تەسىرى ئاجىز پارتىيىلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن — ئۇ. ت)»دىن ئىبارەت[65].

ئۈچىنچى، ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى تۈركىيىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىگە تەسىر كۆرسەتتى. ئۆزەلنىڭ رەھبەرلىكىدە تۈركىيە دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىدا مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا غەرب بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، بۇ ئىشنىڭ ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا بولۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ياردىمى بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى. ئەمما، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ئەگەر تۈركىيە ئۇرۇشتا ئىراقنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قالسا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش مەسىلىسىدە ئىككىلىنىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن تۈركىيىلىكلەر ئۇلارنىڭ دۆلىتى روسىيىدىن كەلگەن بىرەر تەھدىتكە دۇچ كەلگەندە، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىغا جەزم قىلالمىدى[66]. تۈركىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان ھەربىي مۇناسىۋىتىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇشى دۆلىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلۈك تەنقىدىگە ئۇچرىدى. ئېختىمۇ مۇھىمى 80- يىللاردا تۈركىيە ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتتى. 90- يىللاردا ئۇ ئەزەربەيجان ۋە بوسىنىيىدىكى مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئاكتىپلىق بىلەن ئىسلام مەنپەئىتىنى ئىلگىرى سۈردى.

بالقان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرققە نىسبەتەن تۈركىيىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى بارغانسېرى ئىسلاملاشتى. كۆپ يىللاردىن بۇيان تۈركىيە بىر ئارىسالدى دۆلەتتىن بىر مەدەنىيەت سالاھىيىتىگە ئىگە دۆلەتكە ئۆزگىرىشىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئىككى شەرتىنى ھازىرلىدى، تۈركىيىنىڭ سەرخىللىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ھەرىكەتنى قوللىدى. ئاۋاممۇ بۇنىڭغا سۈكۈت قىلدى، ئەمما قوبۇل قىلغۇچىلار، يەنى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ سەرخىللىرى تۈركىيىنى قوينىغا ئالمىدى. بۇ مەسىلە ھەل بولماي ئېسىلىپ قالغاندا، تۈركىيىنىڭ ئىسلام كۈللىنىش ھەرىكىتى ئاۋام ئارىسىدا غەربكە قارشى كەيپىياتنى قوزغىۋەتتى ھەم تۈركىيە سەرخىللىرىنىڭ دىنىدىن خالىي، غەربپەرەس خاھىشىغا زەربە بەردى. تۈركىيىنىڭ يۈتۈنلەي بىر ياۋروپا دۆلىتى بولۇش يولىدا ئۇچرىغان توسالغۇلىرى، ئۇنىڭ تۈركىي تىللىق جۇمھۇرىيەتلەردىكى رەھبەرلىك كۈچىنىڭ چەكلىنىشى، ئاتا تۈرك مىراسلىرىغا قارشى ئىسلام خاھىشىنىڭ كۈللىنىشى كىشىنى تۈركىيىنىڭ يەنىلا بىر ئارىسالدى دۆلەت ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرىدۇ.

تۈركىيە رەھبەرلىرى ئادەتتە ئۆز دۆلىتىنى ئوخشاشمىغان ھەزارەتلەر ئارىسىدىكى بىر «كۆۋرۈك» دەپ قارايدۇ. بۇ بىر ئۆز ئارا زىت تارتىش كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. تۈركىيە زۇڭلىسى سىللىر 1993- يىلى تۈركىيە ھەم «غەربچە دېموكراتىك» دۆلەت، ھەم «ئوتتۇرا شەرقنىڭ بىر قىسمى»، ھەم «ماددىي ۋە ئىدىيە جەھەتتە ئىككى خىل ھەزارەتنىڭ كۆۋرۈكى» دېگەنىدى. سىللىرنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئاشكارا سورۇنلاردا ھەمىشە بىر مۇسۇلمان قىياپىتىدە مەيدانغا چىقىشى بۇ خىل زىددىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئەمما، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدا سۆزلىگەندە «جۇغراپىيىۋى ۋە سىياسىي ئەمەلىيەت شۇكى، تۈركىيە بىر ياۋروپا دۆلىتى» دېدى. زۇڭتۇڭ سۇلايمان دېمىرىلمۇ ئوخشاشلا تۈركىيىنى «غەربتىن شەرققە، يەنى ياۋروپادىن جۇڭگو رايونىغىچە سوزۇلغان ئىنتايىن مۇھىم بىر كۆۋرۈك» دېگەنىدى. ئەمما، ئادەم ياسىغان كۆۋرۈك پەقەتلا ئىككى

مۇستەھكەم گەۋدىنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك بولالايدۇ، ھەرگىزمۇ ئىككىسىنىڭ ئىچىدىكى ھەر قانداقنىڭ بىر قىسمى بولمايدۇ، تۈركىيە رەھبەرلىرى دۆلىتىنى بىر كۆۋرۈك دېگەندە، تولىمۇ سىلىق يوسۇندا ئۇنىڭ دەل بىر ئارىسالدى دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ قويىدى.

***مېكسىكا.*** تۈركىيە 20- يىللاردىلا بىر ئارىسالدى دۆلەت ئىدى، مېكسىكا 80- يىللارغا كەلگەندە ئاندىن مۇشۇنداق دۆلەت بولدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ غەرب بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتىدە بەزى ئوخشىمايدىغان جايلار بار. تۈركىيىگە ئوخشاش، مېكسىكىمۇ ئۆزگىچە غەيرىي غەرب ھەزارىتىگە ئىگە. خۇددى ئوكتاۋىئو پاز كۆرسەتكىنىدەك: «مېكسىكىنىڭ يادروسى يەنىلا ئىندىئان ھەزارىتى، ياۋروپاچە ھەزارەت ئەمەس»[38]. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە ئوخشاش، مېكسىكىمۇ 19- ئەسىردە غەرب جاھانگىرلىرى تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىنغان. يەنە تۈركىيىگە ئوخشاش، 20- ئەسىرنىڭ 20 — 30- يىللىرىدا ئىنقىلاب ئارقىلىق مىللىي سالاھىيەتكە ئىگە يېڭى ئاساس ۋە يېڭى بىر پارتىيىلىك سىياسىي تۈزۈم بەرپا قىلدى. ۋەھالەنكى، تۈركىيىدە ئىنقىلاب ئەنئەنىۋى ئىسلام ھەزارىتى ۋە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ھەزارىتىدىن ۋاز كېچىشىنى، شۇنداقلا غەرب ھەزارىتىنى قوبۇل قىلىشىنى ۋە غەربكە قانىتىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مېكسىكىدا بولسا روسىيىدىكىدەك، ئىنقىلاب غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىدىغان، سىغدۇرىدىغان بەزى ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ بىر خىل غەرب كاپىتالىزمى ۋە دېموكراتىيە تۈزۈلمىسىگە قارشى تۇرىدىغان يېڭى مىللەتچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇ سەۋەبتىن، 60- يىللاردا تۈركىيە ئۆزىنى ياۋروپا دۆلىتى قىلىشقا ئۇرۇنغان، مېكسىكا بولسا ئۆزىنى ئامېرىكا بىلەن قارشىلىشىدىغان دۆلەت قىلىشقا ئۇرۇنغان. 30- يىللاردىن 80- يىللارغىچە مېكسىكا رەھبەرلىرى ئىزچىل ئامېرىكا مەنپەئىتىگە خىرىس قىلىدىغان ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىيە سىياسىتى يۈرگۈزگەن.

80- يىللاردا ھەممىدە ئۆزگىرىش يۈز بەردى. زوڭتۇڭ مىگۇل دىلامادرىد ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى كارلوس سالىناس مېكسىكىنىڭ نىشانى، ھەرىكىتى، سالاھىيىتىگە قارىتا قايتىدىن ئومۇمىيۈزلۈك بىر بېكىتىش ئېلىپ باردى. بۇ 1910- يىلىدىن بۇيانقى ئەڭ كەڭ دائىرىلىك تىرىشچانلىق. سالىناس ئەمەلىيەتتە مېكسىكىنىڭ مۇستاپا كامال ئاتا تۈركى بولۇپ قالدى. ئاتا تۈرك ئەلمانىيە بىلەن مىللەتچىلىكنى ئىلگىرى سۈردى، ئۇ شۇ دەۋردە غەربتە يېتەكچى ئورۇندىكى تېما ئىدى. سالىناس ئىقتىسادىي لىبېرالىزم (ئەركىنچىلىك) نى ئىلگىرى سۈردى. بۇ شۇ دەۋردە غەربتىكى ئىككى ئاساسلىق تېمىنىڭ بىرى ئىدى (يەنى بىرى سىياسىي دېموكراتىيە، ئۇ قوبۇل قىلمىغان). ئۇ خۇددى ئاتا تۈرك ئۇچرىغان ئەھۋالدىكىدەك، بۇ قاراشلارمۇ سىياسىي-ئىقتىسادىي سەرخىللارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر زوڭتۇڭ سالىناس ۋە دىلامادرىدلاردەك ئامېرىكىدا تەربىيە ئالغانىدى. سالىناس پۇل پاخاللىقىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتتى. نۇرغۇن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى خۇسۇسىيلاشتۇردى. چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىپ، تاموژنا بېجىنى تۆۋەنلىتىپ، تولۇقلىما ياردەمنى ئازايتتى، تاشقى قەرزنى تەڭشىدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى تېزلەتتى ھەم ئامېرىكا، كانادالارغا قوشۇلۇپ، شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا رايونىنى شەكىللەندۈردى. خۇددى ئاتا تۈركنىڭ ئىسلاھاتى تۈركىيىنى ئوتتۇرا شەرقتىكى بىر مۇسۇلمان دۆلىتىدىن بىر دىندىن خالىي ياۋروپا دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغاندەك، سالىناسنىڭ ئىسلاھاتىمۇ مېكسىكىنى بىر لاتىن ئامېرىكىسى دۆلىتىدىن بىر شىمالىي ئامېرىكا دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلدى.

مېكسىكىغا نىسبەتەن بۇ بىر ساقلانغىلى بولمايدىغان تاللاش ئەمەس ئىدى. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، مېكسىكىنىڭ سەرخىللىرى ئەسلىدە ئەجدادلىرى ئىلگىرىكى ئەسىرلەردە ئەگەشكەن

ئامېرىكىغا قارشى 3- دۇنيا مىللەتچىلىكى ۋە بىتەرەپلىكى يولىدا ماگنا ماگالايىتتى ھەم يەنە خۇددى بەزى مېكسىكىلىقلار كۆچەپ تەشەببۇس قىلغاندەك، مېكسىكا ئىرىشىپ ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئىبېرىيە دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى قۇرسا قۇرالايتتى.

مېكسىكىنىڭ شىمالىي ئامېرىكا دۆلىتى بولۇش ئىرىشچانلىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدىمۇ؟ سىياسىي، ئىقتىساد، ئىلىم ساھەسىدىكى نۇرغۇن سەرخىللار بۇ يولدا مېڭىشقا قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ تۈركىيىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايدىغىنى غەربنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان سىياسىي، ئىقتىساد، ئىلىم ساھەسىدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر مېكسىكا ھەزارىتىنى قايتىدىن تەشكىللەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ھالقىلىق مەسىلە كۆچمەنلەر مەسىلىسى بۇ پەرقنى ئېنىق گەۋدىلەندۈردى. تۈركىيىدىن كېلىدىغان كەڭ كۆلەمدىكى كۆچمەنلەرنىڭ ۋەھىمىسى تۈپەيلىدىن ياۋروپا سەرخىللىرى ۋە ئاۋام تۈركىيىنى قوبۇل قىلىشقا قوشۇلمايدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئامېرىكىدا نۇرغۇن قانۇنلۇق ۋە قانۇنسىز كۆچمەنلەرنىڭ بولۇشى سالىناسىنىڭ مېكسىكىنىڭ شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا رايونىغا كىرىش كۆرىشىدىكى ئاساسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، «سىلەر يا بىزنىڭ تاۋارلىرىمىزنى، يا خەلقىمىزنى قوبۇل قىلىسىلەر» دېگەن شەرتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مېكسىكا بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھەزارەت پەرقى تۈركىيە بىلەن ياۋروپانىڭكىدىن كۆپ كىچىك. مېكسىكىنىڭ دىنى كاتولىك دىنى، تىلى ئىسپان تىلى، ئۇلارنىڭ سەرخىللىرى تارىختىن بۇيان ياۋروپاغا مايىل (ئۇلار بالىلىرىنى ياۋروپاغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ). ئانگلو-ئامېرىكا بولغان شىمالىي ئامېرىكا بىلەن ئىسپانىيە-ئىندىئان بولغان مېكسىكىنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىشى بولۇپ، ئۇ ئەلۋەتتە خرىستىئان ياۋروپاسى بىلەن مۇسۇلمانلار تۈركىيىسىنىڭ ماسلىشىشىدىن كۆپ ئوڭاي بولىدۇ. گەرچە شۇنداق بەزى ئورتاقلىقلار بولسىمۇ، شىمالىي

ئامېرىكىنى ئەركىن سودا كېلىشىمىنى ئىمزالىغاندىن كېيىن، ئامېرىكىدا مېكسىكا بىلەن تېخىمۇ يېقىن مۇناسىۋەت باغلاشقا قارشى سادالار چىقىشقا باشلىدى ھەم كۆچمەنلەرنى چەكلەشنى تەلەپ قىلدى. زاۋۇتلارنىڭ جەنۇبقا يۆتكەلگىنىدىن نارازى بولدى. مېكسىكىنىڭ شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئەركىنلىك ئۇقۇمى، قانۇن-تۈزۈم ئۇقۇملىرىغا رىئايە قىلىش ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى[39].

بىر ئارىسالدى دۆلەتنىڭ ئۆز سالاھىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆزگەرتىشتىكى ئۈچىنچى شەرت (گەرچە ئومۇمىيۈزلۈك قوللاشقا ئېرىشەلمىگەن تەقدىردىمۇ) ئومۇميۈزلۈك سۈكۈتتە تۇرۇشتۇر. بۇ ئامىلنىڭ مۇھىملىقى مەلۇم دەرىجىدە جامائەت پىكرىنىڭ شۇ دۆلەتنىڭ سىياسەت بەلگىلىشىدە قانچىلىك سالمىقى بارلىقىغا باغلىق. 1995- يىلىغىچە مېكسىكىنىڭ غەرب-پەرەس مەيدانى دېموكراتىيىلىشىشنىڭ سىنىقىغا ئۇچراپ باقمىدى. 1- ئايدا تەشكىللىنىشى ياخشى، سىرتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن نەچچە مىڭ پارتىزاننىڭ چاپاستا كۆتۈرگەن قوزغىلىڭى ھەرگىزمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ شىمالىي ئامېرىكىلىشىشقا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئەمما، بۇ مېكسىكا زىيالىيلىرى، مۇخبىرلىرى ۋە باشقا جامائەت پىكرى پەيدا قىلغۇچىلاردا ھېسداشلىق قوزغىدى. بۇ خىل ئىنكاس شىمالىي ئامېرىكىلىشىشنىڭ بولۇپمۇ شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا كېلىشىمىنىڭ مېكسىكا سەرخىللىرى ۋە خەلقىنىڭ بارغانسېرى كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. زۇڭتۇڭ سالىناس ناھايىتى مەقسەتلىك ھالدا ئىقتىسادىي ئىسلاھات بىلەن غەربلىشىشنى سىياسىي ئىسلاھات بىلەن دېموكراتىيىلىشىشنىڭ ئالدىغا قويدى. ئەمما، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ قويۇقلىشىشى مېكسىكا سىياسىيسىنىڭ ھەقىقىي دېموكراتىيىلىشىشنى تەلەپ قىلىدىغان كۈچىنى كۈچەيتىدۇ. مېكسىكىنىڭ كەلگۈسىدىكى

هالقىلىق مەسىلىسى: زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن دېموكراتىيىلىشىش غەيرىي غەربلىشىش خاھىشىنى قانچىلىك دەرىجىدە قوزغىتالايدۇ؟ بۇ خاھىش مېكسىكىنى شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا كېلىشىمىدىن چېكىندۇرۇپ چىقالامدۇ؟ بۇ خاھىش يەنە بۇ تەشكىلاتنى جىددىي ئاخىرلاشتۇرۇۋېتەلەمدۇ؟ 80- ۋە 90- يىللاردىكى غەربپەرەس سەرخىللارنىڭ مېكسىكىغا تاڭغان سىياسىتىدە قانچىلىك ماس قەدەملىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدۇ؟ مېكسىكىنىڭ شىمالىي ئامېرىكىلىشىشى ئۇنىڭ دېموكراتىيىلىشىشى بىلەن ماسلىشالامدۇ، يوق؟ دېگەنلەردىن ئىبارەت.

***ئاۋستىرالىيە.*** روسىيە، تۈركىيە، مېكسىكىغا سېلىشتۇرغاندا، ئاۋستىرالىيە ئەزەلدىن بىر غەرب دۆلىتى ئىدى. ئۇ 20- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاۋۋال ئەنگلىيە بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن يېقىن ئىتتىپاق تۈزدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە بۇ غەربنىڭلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئامېرىكا-ئەنگلىيە-كانادا-ئاۋستىرالىيە ھەربىي ئىشلار ۋە ئاخبارات ئورنىنىڭ ئەزاسى بولدى. ئەمما، 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاۋستىرالىيە رەھبەرلىرى ئاۋستىرالىيىنى غەربتىن ئايرىپ، ئۆزىنى قايتىدىن ئاسىيا دۆلىتى قىلىپ بېكىتىشنى ھەم ئۆزى بىلەن زېمىن جەھەتتە قوشنا دۆلەتلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى قارار قىلدى. زۇڭلى پائۇل كىتىڭ ئاۋستىرالىيە ئەمدى «ئىمپېرىيىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس»، ئۇ چوقۇم بىر جۇمھۇرىيەت بولۇشى ھەمدە ئاسىياغا «قېتىلىش»نى نىشان قىلىشى كېرەك، دەپ جاكارلىدى. ئۇ بىر مۇستەقىل دۆلەتلىك سالاھىيىتىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، بۇنى زۆرۈر دەپ قارىدى ھەمدە «دۇنيا سەھنىسىدە ئاۋستىرالىيە بىر كۆپ ھەزارەتلىك جەمئىيەت ھالىتىدە ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئاسىيا بىلەن بىرىش-كېلىش قىلىپ، مۇناسىۋەت ئورنىتىپ يۈرسە، بۇ مۇناسىۋەت قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولماي قالىدۇ ھەم ھېچبولمىغاندا ئاساسىي قانۇن جەھەتتىمۇ يەنىلا بىر شاخلانما جەمئىيەت بولۇپ تۇرالمايدۇ» دېدى. نەچچە يىلدىن بۇيان

ئاۋستراليە «ئەنگلىيەپەرەسلىك ۋە پارالىچ كېسىلى»نىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى. دىپلوماتىيە مىنىستىرى گارس ئېۋانس مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەرزدە مۇنداق دەيدۇ: ئەنگلىيە بىلەن ئىزچىل ئالاقىنى ساقلاش «بىزنىڭ مىللىي ھەزارىتىمىز، ئىقتىسادىي ئىستىقبالىمىز ۋە ئاسىيا، تىنچ ئوكياندىكى تەقدىرىمىزنى سەلبىي تەسىرگە ئۇچرىتىدۇ»[40].

ئاۋستراليىنى قايتىدىن بىر ئاسىيا دۆلىتى قىلىپ بېكىتىش مۇنداق بىر قىياس ئۈستىگە قۇرۇلغان: مىللەتنىڭ تەقدىرىنى يارىتىش جەريانىدا ئىقتىساد ھەزارەتنى بېسىپ چۈشىدۇ. بۇلارنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىدۇر. ئاۋستراليە ئاسىيا بىلەن بولغان سودىسىنى تېزلىكتە كېڭەيتتى. 1971- يىلى ئاۋستراليىنىڭ شەرقىي ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا بىلەن بولغان ئېكسپورت سودىسىنىڭ مىقدارى ئۇنىڭ ئومۇمىي ئېكسپورت مىقدارىنىڭ 39%نى ئىگىلىگەن. 1994- يىلىغا كەلگەندە 62%كە، بۇ رايونلاردىن كىرگۈزۈلگەن ئىمپورت مىقدارى 42%كە يەتكەن. بۇنىڭغا سېلىشتۇرما بولغىنى 1991- يىلى ئاۋستراليىنىڭ ياۋروپا بىلەن بولغان ئېكسپورت سودىسىنىڭ مىقدارى 11.8% نى، ئامېرىكا بىلەن بولغان ئېكسپورت سودىسىنىڭ مىقدارى 10%نى ئىگىلىگەن. ئاسىيا بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىشى ئاۋستراليىلىكلەرنى دۇنيانىڭ ئۈچ چوڭ ئىقتىسادىي گۇرۇھقا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆز ئورنىنىڭ شەرقىي ئاسىيا گۇرۇھىدا ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرگەن.

گەرچە بۇ ئىقتىسادىي ئالاقىلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئاۋستراليىنىڭ ئاسىيا ئىستراتېگىيىسىدىن بىر ئارىسالدى دۆلەتنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆزگەرتىدىغان ھەر قانداق بىر شەرتنى ھازىرلىيالمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاۋستراليە سەرخىللىرى بۇ يولغا نىسبەتەن ئۇنچىۋالا

قىزغىن ئەمەس ئىدى. مەلۇم ھالەتتىن قارىغاندا، بۇ ھازىرچە پارتىيە-مەزھەپلەر مۇنازىرە قىلىشىدىغان مەسىلە. ئەركىنلىك پارتىيىسى بۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە تۇتتى ۋە قارشى تۇردى. ئىشچىلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتىمۇ زىيالىيلار ۋە مۇخبىرلارنىڭ نۇرغۇن تەنقىدىگە ئۇچرىدى. ئاسىيانى تاللاش مەسىلىسىدە سەرخىللار ئارىسىدا ئىنىقراق بىر ئورتاق تونۇش يوق. ئىككىنچىدىن، جامائەت پىكرىمۇ ئىككى خىل، 1987- يىلىدىن 1993- يىلىغىچە پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى قوللايدىغان ئاۋستىرالىيە ئاممىسىنىڭ نىسبىتى 21%تىن 46%كە يەتكەن، ئەمما بۇ نۇقتىغا يەتكەندىن كېيىن، قوللاش تەۋرىنىشكە ۋە چېكىنىشكە باشلىغان. ئەنگلىيە دۆلەت بايرىقىنىڭ رەسمىنى ئاۋستىرالىيە دۆلەت بايرىقىدىن چىقىرىۋېتىشنى قوللايدىغانلار 1992- يىلى 5- ئايدىكى 42%تىن 1993- يىلى 8- ئايدىكى 35% چۈشۈپ قالغان. خۇددى بىر ئاۋستىرالىيە ئەمەلدارى ئېيتقاندەك، «ئاممىنىڭ بۇنى قوبۇل قىلىشى تەس، مەن پات-پات ئاۋستىرالىيە ئاسىيانىڭ بىر قىسمى بولۇشى كېرەك دېگەن چېغىمدا مېنىڭ قانچىلىك ئۆچمەنلىك خېتى تاپشۇرۇۋالىدىغانلىقىمنى سىزگە ئېيتىپ بېرەلمەيمەن»[41].

ئۈچىنچى، يەنى ئەڭ مۇھىمى، ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ سەرخىللىرىنىڭ ئاۋستىرالىيىنىڭ دوستانىلىقىنى قوبۇل قىلىش دەرىجىسى ھەتتا ياۋروپا زىيالىيلىرىنىڭ تۈركىيىنى قوبۇل قىلىش دەرىجىسىگىمۇ يەتمىدى. ئۇلارنىڭ گېپى ناھايىتى ئېنىق. ئەگەر ئاۋستىرالىيە ئاسىيانىڭ بىر قىسمى بولۇشنى خالايدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم ھەقىقىي ئاسىيادەك بولۇشى كېرەك. ئەمما، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل ئېھتىماللىق بار دېيىلگەندىمۇ، ئىنتايىن ئاز. بىر ھىندونېزىيە ئەمەلدارى مۇنداق دەيدۇ: «ئاۋستىرالىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاسىيانىڭ بىر قىسمى بولالىشى بىر ئىشقا، يەنى ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ئاۋستىرالىيىنى قانچىلىك دەرىجىدە قارشى ئېلىشىغا باغلىق. ئاۋستىرالىيىنىڭ ئاسىيادىكى قارشى ئېلىنىش

دەرىجىسى بولسا، ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ ئاسىيا جەمئىيىتى ۋە ھەزارىتىنى قانچىلىك دەرىجىدە چۈشىنىدىغانلىقىغا باغلىق. ئاسىيالىقلار ئاۋستىرالىيىنىڭ ئاسىيا ھەققىدىكى سۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان غەربنىڭ رېئاللىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقىنى كۆردى. ئاۋستىرالىيىلىك بىر دىپلوماتنىڭ ئېيتىشىچە، تايلاند ئاۋستىرالىيىنىڭ ئاسىيا دۆلىتى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇشىغا بىر خىل ئاسىيالىقلارنىڭ «مۇجمەل كەڭ قورساقلىقى» بىلەن مۇئامىلە قىلدى⑫. مالايسىيا زۇڭلىسى ماخادىر 1994- يىلى 10- ئايدا مۇنداق جاكارلىدى: «ھەزارەت جەھەتتە ئاۋستىرالىيە يەنىلا ياۋروپا دۆلىتى... بىز ئۇنى ياۋروپا دۆلىتى دەپ قارايمىز، شۇڭا ئاۋستىرالىيە شەرقىي ئاسىيا ئىقتىساد مۇنبىرىنىڭ ئەزاسى بولماسلىقى كېرەك، بىز ئاسىيالىقلار باشقا دۆلەتلەرنىڭ يەنە بىر دۆلەتنى ئاساسسىز ئەيىبلىشىگە ۋە ئۇ ھەقتە تاققا-تۇققا گەپلەرنى قىلىشىغا كۆنەلمەيمىز، ئاۋستىرالىيە بولسا ھەزارەت جەھەتتە ياۋروپاغا تەۋە. شۇڭا، ئۆزىنى باشقا دۆلەتلەرگە بۇنى قىلىش كېرەك، بۇنى قىلماسلىق كېرەك، بۇ توغرا، ئاۋۇ خاتا دېيىش ھوقۇقى باردەك ھېس قىلىپ قالىدۇ. شۇڭا، ئەلۋەتتە ئۇ بىزنىڭ بۇ گۇرۇھلىرىمىز بىلەن سىغىشالمايدۇ. مانا بۇ مېنىڭ (ئۇنىڭ شەرقىي ئاسىيا ئىقتىساد مۇنبىرىگە ئەزا بولۇشىغا) قارشى تۇرۇشىتىكى ئاساسىم. بۇ ئاۋستىرالىيىلىكلەر تېرىسىنىڭ رەڭگى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ھەزارەت سەۋەبىدىندۇر»⑬. قىسقىسى، ئاسىيالىقلار خۇددى ياۋروپالىقلار تۈركىيىنى رەت قىلغان سەۋەب بىلەن ئاۋستىرالىيىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۇلۇبىغا كىرىشىنى رەت قىلدى. زۇڭتۇڭ كىتىڭ ئۇلار بىز بىلەن ئوخشاشمايدۇ، دېگىلى ئامراق. ئۇ ئاۋستىرالىيىنى ئاسىيانىڭ «بىر غەلىتە چىكارىگەرىدىن بىر غەلىتە رولچىسىغا» ئايلاندۇرماقچى. ۋەھالەنكى، بۇ بىر زىددىيەتلىك گەپ، چۈنكى غەلىتىلەر ئومۇملۇقنىڭ ئەزاسى بولالمايدۇ.

خۇددى ماخادىر ئېيتقاندەك، ھەزارەت ۋە قىممەت قاراش ئاۋستىرالىيىنىڭ ئاسىياغا قېتىلىشىدىكى ئاساسلىق توساق. توقۇنۇش

ھەممىشە تۆۋەندىكى مەسىلىلەردە يۈز بېرىۋاتىدۇ: ئاۋسترالىيە دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، ئاخبارات ئەركىنلىكىگە ئېتىقاد قىلىدۇ ھەم قوشنا ھۆكۈمەتلەرنىڭ بۇ ھوقۇقلارغا تاجاۋۇز قىلىشىغا قارشى تۇرىدۇ. ئاۋسترالىيىنىڭ بىر پېشقان دىپلوماتىيە ئەمەلدارى مۇنداق دەيدۇ: «ئاۋسترالىيىنىڭ بۇ رايوندىكى ھەقىقىي مەسىلىسى بىزنىڭ بايرىقىمىز ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ تۈپ قىممەت قارىشىمىز. مەن ئاشۇ رايون تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىش ئۈچۈن، بۇ قىممەت قاراشلىرىدىن ۋاز كېچىدىغان ئاۋسترالىيىلىك بارلىقىدىن گۇمانلىنىمەن»[44]. خۇسۇسىيەت، ئۇسلۇب، يۈرۈش-تۇرۇش جەھەتتىكى پەرقلەرمۇ گەۋدىلىك. خۇددى ماخادىر ئېيتقاندەك، ئاسىيالىقلار ئادەتتە بىر خىل ئەپچىل، ۋاستىلىك، تەڭشىلىشچان، ئەخلاق بىلەن مۇناسىۋەتسىز، قارشىلىشىشسىز يوللار ئارقىلىق ئۆز نىشانىنى ئىزدەيدۇ. ئاۋسترالىيىلىكلەر بولسا ئىنگىلىز تىلى دۇنياسىدىكى ئەڭ گېپى تۈز، ئۇچۇق، ھېچنېمىنى يوشۇرمايدىغان مىللەت، بەزىدە ئۇلارنى بىر گول مىللەت دېيىش مۇمكىن. بۇ خىل ھەزارەت توقۇنۇشى پائۇل. كىتىڭنىڭ ئاسىيالىقلار بىلەن بولغان باردى-كەلدىسىدە مانا مەن دەپ ئىپادىلەندى. كىتىڭ ئاۋسترالىيىلىكلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تەلتۆكۈس ئىپادىلىدى. كىشىلەر ئۇنى «تېگىدىن ئۆكتەم، سوقۇشقاق»، «لۈكچەك سىياسىئون» دېيىشەتتى. ئۇ سىياسىي دۈشمەنلىرىنى ئىككىلەنمەيلا «ئەخلەت ساندۇقى»، «ئەتىر چېچىۋالغان نايناق (ئەر) ئۇسسۇلچى»، «كاللىسى بۇزۇق ھاماقەت» دەپ تىللاۋېرىدۇ[45]. ئۇ ئاۋسترالىيىنىڭ چوقۇم ئاسىيانىڭ بىر قىسمى بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە گەپ قىلغاندا، كىتىڭ تولىمۇ تۈزلۈكى بىلەن ئاسىيا رەھبەرلىرىنى چۆچۈتۈۋېتىدۇ، غەزەپلەندۈرۈۋېتىدۇ، ئۇلار بىلەن قارشىلىشىپ قالىدۇ. ھەزارەتتىكى بۇ ھاڭ شۇنچىلىك چوڭ، مەدەنىيەتنىڭ، ھەزارەتنىڭ بىردەكلىشىشىنى قوللايدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن بۇ بىر توسالغۇ بولدى. ئۇنىڭ ھەرىكەت قىلىقلىرىمۇ ئۆزى

ھەزارەت جەھەتتىكى قىرىنداشلىرىم دەپ ئاتايدىغان كىشىلەرنىمۇ بىزار قىلىپ قويىدى.

كىتىنىڭ ئېۋاننىڭ بۇ خىل تاللىشىنى ئىقتىسادىي ئامىلنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەپ، بۇ دۆلەتنىڭ ھەزارىتىنى يېڭىلاشقا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا سەل قارىغانلىقىدەك چولتىلىقتىن، دەپ قاراشقا ھەم ئاۋستىرالىيە ئىقتىسادىي مەسىلىسىدىن دىققەتنى بۇراشنىڭ سىياسىي ۋاستىسى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇ ئاۋستىرالىيىنى شەرقىي ئاسىيانىڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئاخىرىدا ھەربىي ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن چىقىرىلغان دانا تەكلىپ دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئاۋستىرالىيە غەربتىن چاناماقچى ھەم كۆتۈرۈلۈۋاتقان غەيرىي غەرب مەدەنىيىتىگە ئەگىشىش ئېھتىمالى بار نۇرغۇن غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بىرىنچىسى بولماقچى. 22- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا بارغاندا، تارىخشۇناسلار ئۆتمۈشكە نەزىرىنى ئاغدۇرغاندا، بەلكىم كىتىنىڭ ئېۋاننىڭ تاللىشىنى غەربنىڭ ئاجىزلىشىشىنىڭ مۇھىم بىر ئالامىتى، دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ تاللاش ئەمەلگە ئاشسا، ئۇ ئاۋستىرالىيىلىكلەرنىڭ غەرب مىراسلىرىنى يوقىتىۋەتمەيدۇ، ئەمما بۇ «تەلەيلىك دۆلەت» مەڭگۇ بىر ئارىسالدى دۆلەت، يەنى كىتىنىڭ ئەيىبلىگەن «ئىمپېرىيىنىڭ بىر قىسمى»، يەنە لى گۇاڭياۋ مەسخىرە بىلەن تىلغا ئالغان «ئاسىيادىكى يېڭى ئاق ئەخلەت» بولۇپ قېلىشى مۇمكىن⑯.

بۇ ئاۋستىرالىيىنىڭ ھازىر ساقلانغىلى بولمايدىغان تەقدىرى ئەمەس. ئىلگىرىمۇ ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئاۋستىرالىيە رەھبەرلىرى ئەنگلىيىدىن ئايرىلىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاۋستىرالىيىنى بىر ئاسىيا دۆلىتى ئەمەس، بەلكى بىر تىنچ ئوكيان دۆلىتى قىلىپ بېكىتەلەيدۇ. خۇددى كىتىنىڭدىن ئاۋۋالقى روبېرت . خوك قىلماقچى بولغاندەك، ئەگەر ئاۋستىرالىيە ئەنگلىيىنىڭ خان تاجىنى سىيلىۋېتىپ بىر جۇمھۇرىيەت بولۇشنى خالىسا، ئۇ

دۇنيادىكى بىرىنچى قېتىم مۇشۇنداق قىلغان دۆلەت بىلەن ئىتتىپاق تۈزەلەيدۇ. بۇ دۆلەت ئاۋستىرالىيىگە ئوخشاش ئەنگلىيە يىلتىزىغا ئىگە بىر كۆچمەنلەر دۆلىتى بولۇپ، ھەم كەڭ قۇرۇقلۇققا ئىگە، ھەم ئىنگلىز تىلى قوللىنىدۇ. ئۈچ قېتىملىق ئۇرۇشتا ئىتتىپاقداش دۆلەت بولغان، نوپۇسىنىڭمۇ كۆپ قىسمىنى ياۋروپالىقلار ئىگىلەيدىغان ۋە ئاۋستىرالىيىگە ئوخشايدىغان دۆلەتلەر ئاسىيالىقلار زېمىنىدا بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، ھەزارەت جەھەتتە 1776- يىلى 7- ئاينىڭ 4- كۈنىدىكى «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قىممەت قارىشى ھەرقانداق بىر ئاسىيا دۆلىتىنىڭ قىممەت قارىشىغا قارىغاندا، ئاۋستىرالىيىگە ئەڭ ماس كېلىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئاۋستىرالىيە بىر ھەزارىتى ئوخشىمايدىغان ھەم شۇ تۈپەيلىدىن ئۇنى رەت قىلغان گۇرۇھقا كىرىشكە ئۇنچىلا كۆچەپ كەتمەسلىكى كېرەك، ئاۋستىرالىيىنىڭ رەھبەرلىرى شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا كېلىشىمىنى ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىمالىي ئامېرىكا-تىنچ ئوكيان ئىتتىپاقىغا كېڭەيتىش تەكلىپىنى بېرەلەيدۇ، بۇنداق بىر گۇرۇھ ھەزارەت ۋە ئىقتىسادنى تەڭشىيەلەيدۇ ھەم ئاۋستىرالىيە ئۈچۈن بىر مۇستەھكەم، ئۇزاق مەزگىللىك بىر سالاھىيەت بېكىتىپ بېرەلەيدۇ. بۇ خىل سالاھىيەتنى ئۇ ئاسىياغا كىرىشكە ئۇرۇنۇشتەك بىھۇدە تىرىشچانلىق بىلەن قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ.

***غەرب ۋىرۇسلىرى ۋە ھەزارەت روھىي پىمىرىلىش كېسىلى.***

ئاۋستىرالىيە ئاسىياغا ئەگىشىپ ماڭغاندا، باشقا ئارىسالدى دۆلەتلەر — تۈركىيە، مېكسىكا، روسىيىلەر غەربنى ئۆز جەمئىيىتىگە كىرگۈزۈشكە تىرىشىۋاتاتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى يەرلىك ھەزارەتنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئويۇشتۇرۇش كۈچىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ يېڭىلاش، تاقابىل تۇرۇش، چەكلەش، غەربتىن كىرگەن نەرسىلەرگە قانداق ماسلىشىش ئىقتىدارى بارلىقىنى روشەن كۆرسىتىپ قويدى. گەرچە غەربنى رەت قىلىش ئاقمىسمۇ، كامالىزىممۇ

مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. ئەگەر غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولىدىكەن، چوقۇم غەربنىڭ ئەمەس، ئۆزىنىڭ يولىدا مېڭىشى كېرەك، ياپونىيىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسى، تۈزۈلمىسى، قىممەت قاراشلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، شۇ ئاساستا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

سىياسىي رەھبەرلەر كۆرەڭلىك بىلەن ئۆز جەمئىيىتىمىزدىكى ھەزارىتىمىزنى تۈپتىن قايتا قۇرالايمىز، دەپ قارايدۇ. بۇ مۇقەررەر مەغلۇب بولىدۇ. گەرچە ئۇلار غەرب ھەزارىتىنىڭ ئامىللىرىنى كىرگۈزەلىسىمۇ، بۇ ئامىللار ئۆز دۆلىتىنىڭ يەرلىك ھەزارىتىنىڭ يادرولۇق ئامىللىرىنىڭ ئورنىنى مەڭگۈ باسالمايدۇ، ئۇلارنى يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ. ئەكسىچە، غەربنىڭ ۋىرۇسلىرى بىرەر جەمئىيەتكە يىلتىز تارتىپ قالىدىكەن، ئۇنى يىلتىزىدىن يوقاتماق تەس. ۋىرۇس مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ، ئەمما جاننى ئالمايدۇ. بىمار يەنىلا ياشىيالايدۇ، ئەمما مەڭگۈ مۇكەممەل بولالمايدۇ. سىياسىي رەھبەرلەر تارىخنى يارىتالايدۇ، ئەمما تارىختىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ. ئۇلار ئارىسالدى دۆلەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئەمما، غەرب جەمئىيىتىنى يارىتالمايدۇ. ئۇلار دۆلىتىگە بىر ھەزارەت روھى يىمىرىلىش كېسىلى يۇقتۇرۇپ قويىدى، بۇ شۇ دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك، ئېنىق بىر ئالاھىدىلىكى بوپقالىدۇ.

# يەتتىنچى باب

# يادرو دۆلەتلەر، چەمبىرەك ۋە مەدەنىيەت تەرتىپى

## مەدەنىيەت ۋە تەرتىپ

شەكىللىنىۋاتقان يەر شارى سىياسىيسىدا ئاساسلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ يادرو دۆلەتلىرى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، باشقا دۆلەتلەرنى ئۆزىگە تارتىدىغان ۋە ئېتىدىغان بىر نەچچە ئاساسلىق قۇتۇپقا ئايلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەر غەرب مەدەنىيىتى، پراۋوسلاۋىيە مەدەنىيىتى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيەتلىرىدە ناھايىتى روشەن ئىپادىلەندى. مەدەنىيەت گۇرۇھلىرى مۇشۇنداق شەكىللىنىۋاتىدۇ. ئۇ يادرو دۆلەتلەرنى، ئەزا دۆلەتلەرنى، قوشنا دۆلەتلەردىكى ھەزارەتتە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى، يادرولۇق دۆلەتلەر بىخەتەرلىك ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن كونترول قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان باشقا ھەزارەتكە تەۋە مىللەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل ھالەتلەر مەدەنىيەتلەر گۇرۇھى ئىچىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىر يادرو دۆلەت ياكى بىر نەچچە يادرو دۆلەتنى چۆرىدەپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى دائىرىگە چېچىلىش، ئۇلارنىڭ ئاشۇ مەدەنىيەت بىلەن سالاھىيەتلىنىش ۋە مۇشۇ مەدەنىيەت گۇرۇھلىرىغا كىرىش دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئىسلام دۇنياسىدا ھەممە ئېتىراپ قىلغان بىر يادرو دۆلەت يوق. ئۇلار ئورتاق تونۇشنى

كۆچەيتىۋاتىدۇ، ئەمما ھازىرغىچە ئاران بىر ئىپتىدائىي، ئورتاق سىياسىي قۇرۇلما شەكىللەندۈردى.

دۆلەتلەر ھەزارىتى ئوخشىشىدىغان دۆلەتلەرگە ئەگىشىشكە، ھەزارەت ئورتاقلىقى يوق دۆلەتلەر بىلەن تېپىششىكە مايىل. يادرو دۆلەتلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭ كۆچى ھەزارەت جەھەتتە ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش دۆلەتلەرنى جەلپ قىلىدى، ئوخشىمايدىغان دۆلەتلەرنى چەتكە قاقتى. يادرو دۆلەتلەر بىخەتەرلىك ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن باشقا مەدەنىيەتكە تەۋە مىللەتلەرگە سىڭىپ كىرىشكە ۋە ئۇلارنى ئىدارە قىلىشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن. تارىخىي مۇناسىۋەت ۋە كۆچلەر تەكپۇكلۇقى ئېھتىياجى بىلەن بەزى دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ يادرو دۆلىتىنىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرىدۇ. گرۇزىيە ۋە روسىيە پراۋوسلاۋىيە دىنى دۆلىتى، ئەمما گرۇزىيە تارىختا ئىزچىل روسىيىگە قارشى تۇرغان، يەنە شۇنداقلا روسىيە بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلىغان. ۋېيتنام ۋە جۇڭگو كۇڭزى مەدەنىيىتىگە تەۋە دۆلەتلەر، ئەمما تارىختا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىشىش يۈز بەرگەن. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ھەزارەت ئورتاقلىقى، شۇنداقلا خۇددى غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكىدەك تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە، تېخىمۇ كۈچلۈك مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشى بەلكىم بۇ دۆلەتلەرنى بىر-بىرىگە باغلىشى مۇمكىن.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە ھەر قانداق تەرتىپ دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز لاگىرىدىكى كونتروللۇقى ۋە ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىكى تەسىرىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. شەكىللىنىۋاتقان ھازىرقى دۇنيادا بولسا، يەر شارى خاراكتېرلىك چوڭ دۆلەتنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، يەر شارى ئورتاق گەۋدىسى پەقەت بىر چۈشكە ئايلىنىپ قالدى. ھېچقانداق بىر دۆلەتنىڭ، ھەتتا ئامېرىكىنىڭمۇ يەر شارى خاراكتېرلىك بىخەتەرلىك مەنپەئىتى قالمىدى. بۈگۈنكى تېخىمۇ مۇرەككەپ، كۆپ تەركىبلىك دۇنيادا تەرتىپنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ۋە مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا مەۋجۇت. دۇنيا تەرتىۋى يا مەدەنىيەت ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ، ياكى بوشلۇقتىكى

راۋاقفا (خىيالىي چۆشكە — ئۇ. ت)ئايلىنىپ قالىدۇ. ھازىرقى دۇنيادا، مەدەنىيەتنىڭ يادرو دۆلەتلىرى مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەرتىپىنىڭ مەنبەسى، يادرو دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سۆھبەتلەر مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى تەرتىپنىڭ مەنبەسى.

يادرو دۆلەتلەر رەھبەرلىك رولىنى ئوينىغان دۇنيا — بىر كۆچلەر تەسىرى رايونلىرىغا بۆلۈنگەن دۇنيادۇر. ئەمما، يەنە شۇنداقلا، بىر يادرو دۆلەتنىڭ كۈرسەتكەن تەسىرى، باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش مەدەنىيەتكە ئىگە دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئاجىزلىتىلغان دۇنيا. ھەزارەت ئورتاقلىقى يادرو دۆلەتلەرنىڭ ئەزا دۆلەتلەرگە ۋە تاشقى دۆلەت ئاپپاراتلىرىغا بولغان رەھبەرلىكىنى، ئۇلارغا تەرتىپ تاڭىدىغان رولىنى ھەقلىقلىققا ئىگە قىلىدۇ. ئەمما ب د ت باش كاتىپى غالى 1994- يىلى بىر «كۈچ تەسىرى دائىرىسىنى ساقلاش» قائىدىسىنى ئىلان قىلدى. يەنى: يېتەكچى ئورۇنغا ئىگە رايون خاراكتېرلىك چوڭ دۆلەتنىڭ ب د ت غا تەمىنلىگەن تىنچلىق ساقلاش قىسمىنىڭ ئادەملىرى جەمئىي سانىنىڭ 1/3 دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بۇنداق تەلەپ مەلۇم بىر رايوندىكى يېتەكچى دۆلەتنىڭ تىنچلىقىنىڭ پەقەت شۇ دۆلەتنىڭ رەھبەرلىكى ئارقىلىق ئاندىن قوغدىلىدىغان ھەم قولغا كېلىدىغان بىر رايون سىياسىيسى رېئاللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلدى. ب د ت رايون خاراكتېرلىك كۈچنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. يادرو دۆلەتلەر ئۆز مەدەنىيىتىدىكى باشقا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە رايون خاراكتېرلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، بۇ خىل ھوقۇق ھەم ئىشەنچلىك بولىدۇ ھەم ھەقلىقلىققا ئىگە بولىدۇ.

يادرو دۆلەتلەرنىڭ تەرتىپ ساقلاش فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرالىشى، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۇنى ھەزارەتتە تۇغقىنىمىز دەپ قارىغانلىقىدىن بولىدۇ. مەدەنىيەت بىر چوڭايتىلغان ئائىلە، يادرو دۆلەت شۇ ئائىلىدىكى بىر موسىپىتقا ئوخشايدۇ، ئۇ باشقا تۇغقانلىرى ئۈچۈن ئىنتىزام تۈزۈپ بېرىدۇ ۋە يۆلەنچۈك بولىدۇ. ئەگەر مۇنداق تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بولمىسا، تېخىمۇ كۈچلۈك بىر دۆلەتنىڭ

ئۇلارنىڭ رايون توقۇنۇشىنى ھەل قىلىش ۋە تەرتىپلەرنى ئۇلارغا تېڭىش ئىقتىدارى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. پاكىستان، بېنگال، ھەتتا سىرىلانكىمۇ ھىندىستاننىڭ جەنۇبىي ئاسىيا تەرتىپىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇشىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ. ھېچقانداق بىر جەنۇبىي ئاسىيا دۆلىتى ياپونىيىنىڭ بۇنداق فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشىنى تېخىمۇ خالىمايدۇ.

مەدەنىيەتتە يادرو دۆلەت بولمىغاندا، مەدەنىيەتلەر ئىچىدە تەرتىپ تۇرغۇزۇش ۋە مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا سۆھبەت ئارقىلىق تەرتىپ تۇرغۇزۇش ئىنتايىن قىيىن بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. خۇددى روسىيىنىڭ سېربىيە بىلەن، گېرمانىيىنىڭ كرودىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدەك، بوسنىيە بىلەن شۇنداق مۇناسىۋەت ئورناتقان بىرەر نوپۇزلۇق، ھەقلىق ئىسلام يادرو دۆلىتى يوق. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا بۇ رولنى سىناپ بېقىشقا مەجبۇر بولدى. ئامېرىكىنىڭ بۇ چېگرالىرى سابىق يۇگوسلاۋىيە دەۋرىدە سىزىلغان بۇ رايوندا ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتى بولمىغانلىقى؛ ئامېرىكا بىلەن بوسنىيىنىڭ ھەزارەت باغلىنىشى بولماسلىقى؛ ياۋروپانىڭ ياۋروپادا بىر مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قارشى تۇرۇشى، ئامېرىكىنىڭ بۇ رولنى سىناپ بېقىشىنى ئۈنۈمسىز بىر ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ئافرىقا ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ يادرو دۆلىتى بولماسلىقى سۇداندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇشنى ھەل قىلىش تىرىشچانلىقلىرىنى تولىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈپ قويىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، يادرو دۆلەت قەيەردە بولسا، ئۇلار مەدەنىيەت ئاساسىدا يېڭى خەلقئارا تەرتىپ ئورنىتىشنىڭ ئاساسلىق ئامىلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

## غەرب چېگراسىنىڭ شەكىللىنىشى

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكا بىر غايەت زور، تارقاق، كۆپ مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەر گۇرۇھىنىڭ مەركىزى ئىدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشىنى توسۇشتەك

ئورتاق بىر نىشانى بار ئىدى. بۇ گۇرۇھلارنىڭ «ئەركىن دۇنيا»، «غەرب»، ياكى «ئىتتىپاقداش دۆلەت» دېگەندەك ناملىرى بولۇپ، نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئەمما، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىلا غەرب دۆلىتى ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، تۈركىيە، گرېتسىيە، ياپونىيە، كورېيە، فىلىپپىن، ئىسرائىلىيە ۋە تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تايلاند، پاكىستانلار. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغىنى، تەركىبى سەل ئوخشاشمايدىغان دۆلەتلەر گۇرۇھى مەسىلەن، بارلىق پراۋوسلاۋىيە دىنى دۆلەتلىرى (گرېتسىيەدىن باشقا)، تارىختا ئىزچىل غەربكە تەۋە بولۇپ كەلگەن بىر نەچچە دۆلەت، ۋېيتنام، كۇبا، تارراق مەنىدە ھىندىستان ۋە بىر نەچچە ئافرىقا دۆلىتى بار. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ئىككى كۆپ مەدەنىيەتلىك، ھەزارەت ھالقىغان گۇرۇھ پارچە-پارچە بولۇپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى سىستېمىسىنىڭ يىمىرىلىشى، بولۇپمۇ ۋارشاۋا شەرتنامىسىنىڭ يىمىرىلىشى ئىنتايىن تېز بولدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى كۆپ مەدەنىيەتلىك «ئەركىن دۇنيا» تولىمۇ ئاستا ھالدا شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان غەرب مەدەنىيىتى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بىر ياكى بىر قانچە گۇرۇھ بولۇپ شەكىللىنىۋاتىدۇ. ھازىر چېگرىلار شەكىللىنىش ئىچىدا. ئۇ غەرب خەلقئارا تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزالىرىنىڭ سالاھىيىتىنى قانداق بەلگىلەش مەسىلىسىگە چېتىلىدۇ.

ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ يادرو دۆلەتلىرى بولغان فرانسىيە ۋە گېرمانىيىنى باشتا بېلگىيە، گوللاندىيە، ليۇكسېمبورگدىن تەركىب تاپقان ئىچكى گۇرۇھ چۆرىدىدى. بۇ دۆلەتلەر مال-تاۋار ۋە خادىملارنىڭ ئۆز ئارا يۆرۈشىشىدىكى بارلىق توسالغۇلارنى يوقىتىشقا قوشۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىتالىيە، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، دانىيە، ئەنگلىيە، ئىرلاندىيە، گرېتسىيە؛ 1995- يىلى ئەزا بولغان ئاۋستىرالىيە، فىنلاندىيە، شۋېتسىيە ۋە شۇ چاغدا ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغان پولشا، ۋېنگرىيە، چېخىيە، سلوۋاكىيە،

بۇلغارىيە، رۇمىنىيىلەر چۆرىدىدى. بۇ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، 1994- يىلى كۈزدە گېرمانىيىنىڭ ھاكىمىيەت تۇتۇۋاتقان پارتىيىسى ۋە فرانسىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئۆز ئالدىغا بىر ئوخشاشمايدىغان ئىتتىپاق قۇرۇش توغرۇلۇق تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشتى. گېرمانىيىنىڭ پىلانى بولسا دەسلەپتىكى ئەزا دۆلەتلەردىن ئىتالىيىنى چىقىرىۋېتىپ «قاتتىق يادرو» تەشكىل قىلىش، «گېرمانىيە بىلەن فرانسىيە بولسا قاتتىق يادرو ئىچىدىكى يادرونى تەشكىل قىلىش»؛ قاتتىق يادرو دۆلەتلەر تېزلىكتە بىر پۇل ئىتتىپاقى قۇرۇش ھەم ئۇلارنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى ۋە دۆلەت مۇداپىئە سىياسىتىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فرانسىيە زۇڭلىسى ئېدۋارد باللادۇر مۇنداق بىر ئۈچ قاتلاملىق ئىتتىپاق قۇرۇش تەكلىپى بەردى: بىردەكلىششكە قوشۇلىدىغان بەش يادرو دۆلەت يادرو شەكىللەندۈرۈش، باشقا دۆلەتلەرئىككىنچى ھالقىنى شەكىللەندۈرۈش، ئەزا بولۇش ئالدىدىكى دۆلەتلەر بولسا سىرتقى ھالقىنى شەكىللەندۈرۈش، ئۇنىڭدىن كېيىنلا فرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى ئالاين جۇپپې بۇ ئۇقۇمنى تەپسىلىي شەرھلەپ: «ھەمراھ دۆلەتلەرنىڭ سىرتقى ھالقىسىنى شەرقىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلەتلىرى شەكىللەندۈرىدۇ؛ ئوتتۇرا ھالقا بەزى ساھەلەرنىڭ (يەككە بازار، تاموژنا ئىتتىپاقى قاتارلىقلار) ئورتاق قائىدىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغان ئەزا دۆلەتلەردىن تەركىب تاپىدۇ، ئىچكى ھالقىسى بولسا مۇداپىئە، پۇلنى بىردەكلەشتۈرۈش، دىپلوماتىيە سىياسىتى قاتارلىق جەھەتلەردە باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا، تېخىمۇ ئالدىدا مېڭىشنى خالايدىغان ھەم شۇنداق قىلالايدىغان دۆلەتلەردىن شەكىللىنىدۇ①. باشقا سىياسىي رەھبەرلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما، مۇشۇ ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى تاكى ئەزا دۆلەتلەر بىلەن ئەزا ئەمەس دۆلەتلەرنى ئايرىيدىغان چېگراسىزىقىغىچە ئالاقىسى ناھايىتى زىچ باغلانغان دۆلەتلەردىن

تەشكىللىگەن ئىچكى گۇرۇھ ۋە يادرو دۆلەتلەر بىلەن بىردەكلىشىش دەرىجىسى تۆۋەنرەك بولغان دۆلەتلەردىن تەركىب تاپقان سىرتقى گۇرۇھقا چېتىلدى.

ياۋروپادا ئۇنداق بىر چېگرانى سىزىش سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا غەرب دۇچ كەلگەن خىرىسنىڭ بىرى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە بىر گەۋدە سۈپىتىدىكى ياۋروپا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئەمما، كوممۇنىزمنىڭ گۇمران بولۇشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر ياۋروپا دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئالغا چوقۇم يۈزلىنىسە ۋە بۇنىڭغا جاۋاب بەرمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ياۋروپانىڭ شىمال، غەرب، جەنۇب تەرەپلىرى دېڭىز بىلەن قورشالغان، جەنۇبتىكى چېگراسى ھەزارەت جەھەتتىكى روشەن لىنىيە بىلەن بىردەك. ئەمما، شەرقتىكى چېگرا قەيەردە؟ كىملەر ياۋروپا دۆلىتى دەپ قارىلىشى ھەم ياۋروپا ئىتتىپاقى، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى دېگەندەك تەشكىلاتلارنىڭ يوشۇرۇن ئەزاسى بولۇشى كېرەك؟

بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيان غەرب خىرىستىئان دىنىدىكى مىللەتلەر بىلەن مۇسۇلمانلار ۋە پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى مىللەتلەرنى ئايرىپ تۇرغان ئۇلۇغ تارىخىي چېگرا بۇ سوئاللارغا ئەڭ قايىل قىلارلىق، ئەڭ تولۇق جاۋاب بەردى. بۇ چېگرانى تا 4- ئەسىردىكى رۇم ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە 10- ئەسىردىكى مۇقەددەس رۇم ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قەدەر سۈرۈشتۈرگىلى بولىدىغان بولۇپ، ئاز دېگەندىمۇ 500 يىلدىن بۇيان ئاساسەن دېگۈدەك ھازىرقى ئورنىنى ساقلاپ كەلگەن. ئۇ شىمالدىن باشلىنىپ، ھازىرقى فىنلاندىيە ۋە بالتىق دۆلەتلىرىنىڭ روسىيە بىلەن بولغان چېگراسىنى بويلاپ، غەربىي بېلوروسىيە ۋە ئوكرائىنانى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇنىئاتىزم كاتولىك غەربى بىلەن پراۋوسلاۋىيە شەرقىنى ئايرىيدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن رۇمىنىيىدىكى ترانزىلۋانىيىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، كاتولىك دىنىدىكى ۋېنگرىيىنى بۇ دۆلەتنىڭ باشقا قىسىملىرىدىن ئايرىيدۇ؛

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە سلوۋېنىيە بىلەن كرودىيىنى باشقا جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن ئايرىيدىغان چېگرانى بويلاپ سابىق يۇگوسلاۋىيىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ چېگرا بالقان رايونىدا خون ئىمپېرىيىسى ۋە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخىي چېگرالىرى بىلەن ماس كېلىپ قالىدۇ. بۇ ياۋروپا ھەزارىتىنىڭ چېگراسى بولۇپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا ئۇ يەنىلا ياۋروپا ۋە غەربنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي چېگراسى ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، مەدەنىيەت ئەندىزىسى غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى دۇچ كەلگەن ياۋروپانىڭ دائىرىسى قەيەردە ئاخىرلىشىدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە مۇنداق بىر گۇمانسىز جاۋابنى بەردى: ياۋروپانىڭ دائىرىسى خرىستىئان دىنىنىڭ دائىرىسى ئاخىرلاشقان، ئىسلام دىنى بىلەن پراۋوسلاۋىيە دىنى باشلانغان جايدا ئاخىرلىشىدۇ. مانا بۇ غەربىي ياۋروپالىقلار تەشنا بولغان جاۋاب. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆڭلىدە بۇ جاۋابنى توغرا تاپىدۇ. ھەر ساھەدىكى زىيالىيلار ۋە سىياسىي رەھبەرلەرمۇ بۇ جاۋابقا قوشۇلىدۇ. خۇددى مايكىل خوۋارد كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە مۇجمەللىشىپ قالغان ئوتتۇرا ياۋروپا (مەركىزىي ياۋروپا) بىلەن شەرقىي ياۋروپا ئارىسىدىكى پەرقنى ئېنىق تونۇۋېلىش زۆرۈر. ئوتتۇرا ياۋروپا «ئىلگىرى خرىستىئان دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى بولغان دۆلەتلەرنى، خابسبورگ ئىمپېرىيىسىگە تەۋە ئاۋستىرىيە، ۋېنگرىيە، چېخىيە، سلوۋاكىيە، پولشا، گېرمانىيىنىڭ شەرقىي رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «شەرقىي ياۋروپا» دېگەن سۆز پراۋوسلاۋىيە دىنى ھىمايىسىدىكى رايونلارنى، 19- ئەسىردە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بۇلغارىيە ۋە رۇمىنىيىنىڭ قارا دېڭىز مەھەللىلىرى، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ياۋروپا» قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ دەلىللەپ مۇنداق دەيدۇ: غەربىي ياۋروپانىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى «ئوتتۇرا ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنى قايتىدىن ئۇلار ئەسلىدىلا




غەرب مەدەنىيىتىنىڭ شەرقىي چېگراسى

تەۋە بولۇشقا تىگىشلىك بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ۋە ئورتاق گەۋدىمىزگە جەلپ قىلىپ ئەكېلىش ۋە لوندون، پارىژ، رۇم، مىيۇنخېن، لېيپزىگ، ۋارشاۋا، بۇخارېست، بۇداپېشتلار ئارىسىدا قايتىدىن تور توقۇش». ئىككى يىلدىن كېيىن پىئېر بىھار مۇنداق دېدى: «بىر يېڭى ئۇزۇك سەپ مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ»، ئۇ ئاساسەن بىر ھەزارەت چېگراسى بولۇپ، غەرب خرىستىئان دىنىنى (رۇم كاتولىك دىنى ياكى پروتېستانت دىنى)نى بەلگە قىلغان ياۋروپا بىر تەرەپ، شەرق خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنىنى بەلگە قىلغان يەنە بىر ياۋروپا بىر تەرەپ بولىدۇ. يەنە بىر فىنلاندىيىلىك مۇھىم شەخس ياۋروپادا تۆمۈر پەردىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان چېگرا سىزىقىنى «شەرق ۋە غەرب ئارىلىقىدىكى قەدىمى ھەزارەت چېگراسى» دەپ قارىدى، ئۇ ياۋروپانىڭ غەربىي قىسمىدىكى پولشا، بالتىق دۆلەتلىرى، ئىلگىرىكى ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنلىرى ۋە غەربىي ياۋروپانىڭ سىرتىدىكى شەرقىي ياۋروپا ۋە بالقان دۆلەتلىرى ئارىسىغا جايلاشقان. بىر مەشھۇر ئەنگلىيىلىكمۇ بۇنىڭ «شەرق بىلەن غەرب چېركاۋلىرى ئارىسىدىكى ... بىر غايەت زور دىنىي چېگرا ئىكەنلىكىگە؛ كەگرەك مەنىسىدىن ئېيتقاندا، بۇنىڭ رۇمدىن بىۋاستە تەرىقىدە ھەم كېلتىكلار ۋە نېمىسلارنىڭ ۋاستىسىدە خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغان مىللەتلەر بىلەن خرىستىئان دىنىنى شەرقتىن ۋە شەرقىي جەنۇبتىكى ۋىزانتىيىدىن قوبۇل قىلغان خرىستىئان مىللەتلىرى ئارىسىدىكى غايەت زور دىنىي چېگرا ئىكەنلىكىگە قوشۇلىدۇ»[2].

ئوتتۇرا ياۋروپالىقلارمۇ بۇ چېگرىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلىشىدۇ. كوممۇنىزم مىراسلىرىدىن قۇتۇلۇپ، دېموكراتىك سىياسىيسىغا ۋە بازار ئىگىلىكىگە مېڭىش جەھەتتە زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بۇ دۆلەتلەر كاتولىك دىنى ۋە پروتېستانت دىنىغا ئاساسەن بىر تەرەپ، پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئاساسەن بىر تەرەپ بولغان دۆلەتلەرگە ئوخشاشمايدۇ. لىتۋا زۇڭتۇڭى بىر نەچچە ئەسىر ئىلگىرى لىتۋالىقلار «ئىككى خىل مەدەنىيەت» ئارىسىدا

تاللاشقا مەجبۇر بولغان ھەم «لاتىن ئامېرىكىسىنى تاللىغان، رۇم كاتولىك دىنىنى ۋە قانۇن ئاساسىغا قۇرۇلغان دۆلەت تەشكىلىي شەكلىنى قوبۇل قىلغان» دەپ قارايدۇ. پولشىلىقلارمۇ 10- ئەسىردىن بۇيان لاتىن خرىستىئان دىنىنىڭ ۋىزانتىيىگە قارشى كۆرۈشىدە ئالدىنقىسىنى تاللىۋالغاندىن كېيىن، ئىزچىل تۈردە غەربنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن③. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، شەرقىي ياۋروپادىكى پراۋوسلاۋىيە دىنى دۆلەتلىرى خەلقى كىشىلەرنىڭ بۇ ھەزارەت چېگراسىنى قايتا تەكىتلىشىگە بىر خىل زىددىيەتلىك نەزەردە قارايدۇ. بۇلغارىيىلىكلەر ۋە رۇمىنىيىلىكلەر غەربنىڭ بىر قىسمى بولۇشىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشىنىڭ غايەت زور پايدىسىنى تونۇپ يەتتى. ئەمما، ئۇلار يەنىلا ئۆزىنىڭ پراۋوسلاۋىيە دىنى بىلەن سالاھىيەتلىنىدۇ. بۇلغارىيىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلارنىڭ تارىختا روسىيە، ۋىزانتىيە بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ بولغان.

ياۋروپالىقلارنىڭ خرىستىئانلىق سالاھىيىتى غەربىي ياۋروپا تەشكىلاتلىرىغا يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىشتا ئېنىق ئۆلچەم ھازىرلاپ بەردى. ياۋروپا ئىتتىپاقى غەربنىڭ ياۋروپادىكى ئاساسلىق گەۋدىسى. 1994- يىلى ھەزارەت جەھەتتە غەربكە تەۋە ئاۋستىرىيە، فىنلاندىيە، شۋېتسىيىلەرنىڭ قاتنىشىشى نەتىجىسىدە، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى يەنىمۇ كېڭەيدى. 1994- يىلى ئەتىيازدا بالتىق دۆلەتلىرىدىن باشقا، بارلىق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىش ئېھتىماللىقىنىڭ يوقلۇقىنى ياۋروپا ئىتتىپاقى ئېنىق بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ تۆت ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلىتى (پولشا، ۋېنگرىيە، چېخىيە، سلوۋاكىيە)، ئىككى شەرقىي ياۋروپا دۆلىتى (رۇمىنىيە، بۇلغارىيە) بىلەن «بىرلىشىش كېلىشىمى» ئىمزالىدى. ھالبۇكى، بۇ دۆلەتلەردىن بىرەرى 21- ئەسىردىن بۇرۇن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ رەسمىي ئەزاسى بولالىشى ناتايىن، ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلەتلىرى شۈبھىسىزكى رۇمىنىيە، بۇلغارىيىلەردىن بالدۇر ئەزالىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ. ناۋادا رۇمىنىيە، بۇلغارىيىلەر ھەقىقەتەن

ياۋروپا ئىتتىپاقىغا قاتنىشالىسا، بالتىق دۆلەتلىرى ۋە سلوۋېنىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئەزا بولالىشىدىن ئۈمىد زور. مۇسۇلمان دۆلىتى تۈركىيە، كىچىك دۆلەت مالتا ۋە پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى سىپرۇسلارنىڭ ئىلتىماسى 1995- يىلىدىمۇ نۆۋەت ساقلاپ تۇردى. ياۋروپا ئىتتىپاقى ئەزالىرىنى كېڭەيتىش جەريانىدا باشتا ئويلىشىدىغىنى ھەزارەت جەھەتتە غەربكە تەۋە، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر. ئەگەر بۇ ئۆلچەملەر قوللىنىلسا، ۋايسگراد دۆلەتلىرى (پولشا، ۋېنگرىيە، چېخىيە، سلوۋاكىيە)، بالتىق دۆلەتلىرى، سلوۋېنىيە، كرودىيە، مالتا ئاخىر ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بولالايدۇ. خۇددى ياۋروپا تارىخىدا ئىلگىرى شۇنداق بولۇپ كەلگىنىدەك، ئىتتىپاقداشلىق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئۆز ئارا تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ.

مەدەنىيەت مەنتىقىسى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ كېڭىيىشىدىن شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يەكۈن چىقىرالايدۇ. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي، ھەربىي كونتروللۇقىنى ئوتتۇرا ياۋروپاغىچە كېڭەيتكەندە باشلانغان. ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنى چەكلەش، زۆرۈر تېپىلسا ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشىنى توسۇش ئۈچۈن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنى قۇردى.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىر بىخەتەرلىك تەشكىلاتى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى روسىيىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ھۆكۈمرانلىقىنى قايتىدىن ئوتتۇرا ياۋروپاغا تېڭىشىنى چەكلەش ئارقىلىق سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ قايتا يۈز بەرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى مەركىزىي نىشان قىلىپ بېكىتتى. شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى غەربنىڭ بىخەتەرلىك

تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىگە ئەزا بولۇشنى خالايدىغان، ھەربىي ئىقتىدار، سىياسىي دېموكراتىيە، قەلەمدار-ئەلەمدارلارنى (ئارمىيىنى) باشقۇرۇش جەھەتلەردە ئاساسلىق شەرتلەرگە چۈشكەن دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئىشىكنى ئېچىۋېتىشى، ئۇلارنى ئەزالىققا قوبۇل قىلىشى كېرەك.

ئامېرىكىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بىخەتەرلىك سىياسىتى ئەڭ باشتا تېخىمۇ ئومۇملاشقان فاكچېنىنى ئىپادىلىدى. ئۇ «تىنچ ھەمراھلار» مۇناسىۋىتىدە گەۋدىلەندى، ئۇ ياۋروپا دۆلەتلىرىگە، ئەمەلىيەتتە ياۋرو-ئاسىيا دۆلەتلىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىلدى. بۇ فاكچېن ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ رولىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ زۇڭتۇڭ كلىنتوننىڭ 1994-يىلى ياۋروپانى زىيارەت قىلغاندا سۆزلىگەن مۇنۇ سۆزىدە ئەكس ئېتىدۇ: «ھازىرقى ئەركىن دۇنيانىڭ چېگراسى تارىخ بىلەن ئەمەس يېڭى ھەرىكەتلەر بىلەن بېكىتىلىشى كېرەك. مەن ياۋروپادا يېڭى چېگرا سىزىشنى خالايدىغان بارلىق كىشىلەرگە دەيدىغىنىم، بىز ياۋروپانىڭ كەلگۈسىنىڭ گۈزەل بولۇش ئېھتىماللىقىنى — ھەممە يەرنىڭ دېموكراتىيە، بازار ئىگىلىكى ۋە بىخەتەرلىك ئۈچۈن ھەمكارلىشىدىغان دۆلەتلەر بىلەن قاپلىنىدىغانلىقىنى چەتكە قاقماسلىقىمىز لازىم. بىز چوقۇم سەلبىي ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى توسۇشىمىز لازىم». ۋەھالەنكى، بىر يىلدىن كېيىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «تارىخ»قا ئاساسەن چېگرا سىزىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى ھەم مەدەنىيەت پەرقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رېئاللىقنىڭ «سەلبىيرەك نەتىجىلىرى»نى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. بۇ ھۆكۈمەت ئاكتىپ ھەرىكەتلىنىپ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئۆلچەم، كونتېرتىپ بېكىتىپ، باشتا پولشا، ۋېنگرىيە، چېخىيە، سلوۋاكىيىنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن سلوۋېنىيىنىڭ شىمالىي

ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشنى تەستىقلىدى، ئارقىدىن بالتىق دېڭىزىدىكى ئۈچ دۆلەتكە نۆۋەت كېلىشى مۇمكىن.

روسىيە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ھەر قانداق شەرققە كېڭىيىش ھەرىكىتىگە ئىنتايىن قارشى. خېلى كاللىسى ئوچۇق، غەربكە مايىل رۇسلارمۇ شەرققە كېڭىيىش روسىيە ئىچىدىكى مىللەتچىلىك ۋە غەربكە قارشى سىياسىي كۈچنى كۈچەيتتى، دېيىشتى. ئەمما، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى تارىختا خرىستىئان غەرب دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى بولغان دۆلەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى ھەم ئۇ روسىيىگە سېربىيە، بۇلغارىيە، رۇمىنىيە، مولداۋا، بېلوروسىيە، ئۇكرائىنا (پەقەت ئۇكرائىنا بىرلىكىنى ئىزچىل ساقلىيالىسا) لارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىنىڭ پەقەت غەرب دۆلەتلىرى دائىرىسىدىلا چەكلىنىشى روسىيىنىڭ بىر مۇستەقىل، پراۋوسلاۋىيە دىنى مەدەنىيىتىنىڭ يادرو دۆلىتىلىك رولىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ پراۋوسلاۋىيە دىنى چېگراسى ئىچى ۋە بويىدىكى تەرتىپكە مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

مەدەنىيەتكە ئاساسەن دۆلەتلەرنى ئايرىشنىڭ پايدىسى بالتىق دۆلەتلىرىدە ناھايىتى روشەن ئىپادىلەندى. تارىخ، ھەزارەت، دىنغا ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ غەربكە تەۋە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغان بىر قانچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئىزچىل غەربنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلمەكتە. ئامېرىكا ئەزەلدىن ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇلغانلىقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلمىغان، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندە، ئامېرىكا ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھەم رۇسلارنىڭ بۇ جۇمھۇرىيەتلەردىن قوشۇن چېكىندۈرۈش توغرىسىدىكى ۋاقىت جەدۋىلىگە رىئايە قىلىشىنى كەسكىن تەلەپ قىلغان. رۇسلارغا نىسبەتەن بۇ بالتىق دۆلەتلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ باشقا سابىق سوۋېت

ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرىدە شەكىللەندۈرگەن تەسىر دائىرىسىدەك تەسىر دائىرىسىگە تەۋە ئەمەسلىكىنى چوقۇم ئېتىراپ قىلىشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ۋاشىنگتون ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغان كلىنتون ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيىتى «ياۋروپانىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا قوشقان ئەڭ مۇھىم تۆھپىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ». ئۇ ھەم رۇس دېموكراتچىلىرىغا رۇس ئەشەددىي مىللەتچىلىرىنىڭ ھەر قانداق ئۆچ ئېلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ غەربنىڭ بۇ جۇمھۇرىيەتلەرگە بەرگەن ئېنىق ۋەدىسى ئالدىدا بىكار ئىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش بىلەن ياردەم بەردى④.

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ كېڭىيىشىگە ئومۇمىيۈزلۈك دىققەت قىلغاندا، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ھەزارەت جەھەتتە قايتا قۇرۇلۇشى ئۇلارنىڭ كىچىكلەش ئېھتىماللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. غەيرىي غەرب دۆلىتى گرېتسىيە بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى، غەيرىي غەرب دۆلىتى تۈركىيە بولسا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى، ئۇ ھازىر ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىشنى ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتلەر سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ مەھسۇلى، ئۇلار سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مەدەنىيەت دۇنياسىدا يەنە پۈت تىرەپ تۇرالارمۇ؟

تۈركىيىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ رەسمىي ئەزاسى بولۇشىدا تېخى مەسىلە كۆپ، تۈركىيىدىكى گۈللىنىش پارتىيىسى تۈركىيىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشىغا ئىزچىل قارشىلىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، تۈركىيە بەلكىم گۈللىنىش پارتىيىسى سايلامدا غەلىبە قىلمىسا ياكى تۈركىيە ئاتا تۈركنىڭ مىراسلىرىنى تاشلاپ، ئۆزىنى قايتىدىن ئىسلام دۆلىتىنىڭ رەھبىرى دەپ بېكىتمىسىلا، يەنىلا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدا تۇرىۋېرىشى مۇمكىن. تۈركىيىگە نىسبەتەن، بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ ھەم ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىنچىلىكىمۇ بار. ئەمما، يېقىنقى

كەلگۈسىدە تۈركىيىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىشى مۇمكىن ئەمەس. مەيلى تۈركىيىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدىكى رولى قانداق بولسۇن، تۈركىيە بالقان رايونى، ئەرەبلەر دۇنياسى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىلىرىدە بارغانسېرى ئۆزىنىڭ باشقىچە مەنپەئەتىنى كۆزلەۋاتىدۇ.

گرېتسىيە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، ئەمما ئۇ كلاسسىك مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر بۇلىقى. تارىختا گرېكلار تۈركلەرگە تاقابىل تۇرغاندا، ئۆزلىرىنى خرىستىئانلارنىڭ ئاۋانگارتى دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ سېربلار، بۇلغارلار، رۇمىنىيلىكلەرگە ئوخشاشمايدىغان يېرى، گرېتسىيىنىڭ تارىخى بىلەن غەربنىڭ تارىخى بىر-بىرىگە چىگىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما گرېتسىيە يەنىلا باشقىچە دۆلەت. ئۇ غەرب تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىچىدىكى پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى يات دۆلەت. ئۇ ئەزەلدىن ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئەركىن، نورمال ئەزاسى ئەمەس. ئۇ ئۆزىنى بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ پرىنسىپلىرى، ئەخلاق-ئىدىيىلىرىگە ماسلاشتۇرۇشتا زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. 60- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 70- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە گرېتسىيە ھەربىي ھۆكۈمەت ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان، تا ئۇ دېموكراتىيە تۈزۈمىنى ئورناتقاندا ئاندىن ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە كىرەلىگەن. ئۇنىڭ رەھبەرلىرى كۆپىنچە غەربنىڭ پرىنسىپلىرىدىن قەستەن چەتلەيدۇ ھەم غەرب ھۆكۈمەتلىرى بىلەن قېرىشىدۇ. گرېتسىيە ئورتاق گەۋدە ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ باشقا ئەزالىرىغا سېلىشتۇرغاندا نامرات، ھەم ھەمىشە بىرىيۇسىبىل ئۆلچىمىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ 1994- يىلى ياۋروپا ئىتتىپاقى كېڭىشىنىڭ رەئىسى بولغان چاغدىكى ئىشى باشقا ئەزا دۆلەتلەرنى غەزەپلەندۈرۈۋەتتى، غەربىي ياۋروپا ئەمەلدارلىرى كۆڭلىدە ئۇنى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا قاتناشتۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر خاتالىق دېيىشتى.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا گرېتسىيىنىڭ سىياسىتى بارغانسېرى غەربنىڭ سىياسىتىدىن يىراقلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ماكېدونىيىنى قامال قىلىۋېلىشى غەرب ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، نەتىجىدە ياۋروپا كومىتېتى ياۋروپا سوتىدىن گرېتسىيىنى چەكلەش بۇيرۇقى چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. سابىق يۇگوسلاۋىيىدىكى توقۇنۇشقا نىسبەتەن گرېتسىيە قوللانغان سىياسەت غەربتىكى ئاساسلىق چوڭ دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتى بىلەن ئوخشاشمىدى. ئۇ سېربلارنى ئاكتىپ قوللاپ، ب د ت نىڭ ئۇلارغا قاراتقان ئىمبارگوسىغا ئاشكارا خىلاپلىق قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە كوممۇنىزم تەھدىتىنىڭ ئاياغلىشىشىغا ئەگىشىپ، گرېتسىيە بىلەن روسىيە ئورتاق دۈشمىنى تۈركىيىگە قارشى تۇرۇشتا ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە بولدى؛ گرېتسىيە روسىيىنىڭ گرېك مىللىتى كونتروللۇقىدىكى جەنۇبىي سېپرۇستا ھەربىي كۈچ تۇرغۇزۇشىغا يول قويدى. «ئۇلار ئورتاق پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا»، گرېكلار رۇسلارنى ھەم سېربلارنىڭ ئارالغا كېلىشىنى قارشى ئالدى⑤. 1995- يىلى رۇسلار سېپرۇستا تەخمىنەن 2000 شىركەت ئاچتى؛ رۇس تىلى، سېرب تىلى، كروئات تىللىرىدا گېزىت نەشر قىلىندى ھەم سېپرۇستىكى گرېكلار ھۆكۈمىتى ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ئاساسەن روسىيىدىن سېتىۋالدى. گرېتسىيمۇ روسىيە بىلەن بىرلىكتە كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نېفىتىنى تۈركىيە ۋە باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ چېگراسىدىن ئۆتىدىغان بۇلغارىيە-گرېتسىيە نېفىت تۇرۇبىسى ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىزغا توشۇش ئىمكانىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ. گرېتسىيىنىڭ پۈتكۈل دىپلوماتىيە سىياسىتىدە قويۇق پراۋوسلاۋىيە دىنى مايىللىقى بار. شۈبھىسىزكى، گرېتسىيە يەنىلا ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ رەسمىي ئەزاسى، ئەمما ھەزارەت قايتا قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ بۇ ئەزالىق سالاھىيىتى چوقۇم تېخىمۇ ئاجىز، تېخىمۇ ئەھمىيەتسىز بولۇپ قېلىپ،

مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرگە تېخىمۇ زور قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۈشمىنى ئەمدىلىكتە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى روسىيىنىڭ ئىتتىپاقداشىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

## روسىيە ۋە ئۇنىڭ يېقىن قوشنىلىرى

چارروسىيە ۋە كوممۇنىستلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋارىسى بىر مەدەنىيەت گورۇھىدۇر، ئۇ نۇرغۇن جەھەتتە ياۋروپاغا ئوخشىشىدۇ. بۇ گورۇھتا روسىيە يادرولۇق ئورۇندا بولۇپ، غەربتىكى فرانسىيە-گېرمانىيىلەرگە باراۋەر كېلىدۇ، ئۇ بىر ئىچكى ھالقا بىلەن زىچ باغلانغان، بۇ ئىچكى ھالقا پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىككى ئاساسلىق سلاۋيان جۇمھۇرىيىتى — بېلوروسىيە ۋە مولدوۋا، قازاقىستان (رۇسلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 40%نى تەشكىل قىلغان)، ئەرمېنىيە (تارىختا ئۇ روسىيىنىڭ يېقىن ئىتتىپاقدىشى ئىدى)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 90-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى سايلام ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان رۇسپەرەس ھۆكۈمەتلەر ئىدى. روسىيە بىلەن گرۇزىيە (مۇتلەق كۆپ قىسمى پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ) ۋە ئۇكرائىنا (مۇتلەق كۆپ قىسمى پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ) ئارىسىدا يېقىن، ئەمما سەل نازۇك مۇناسىۋەت بار. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ كۈچلۈك مىللىي سالاھىيىتى ۋە مۇستەقىللىق تارىخى بار بولۇپ، بالقان يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى روسىيە بۇلغارىيە، گرېتسىيە، سېربىيە، سىپرۇسلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە. ئۇلارنىڭ رۇمىنىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئانچە يېقىن ئەمەس. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمان جۇمھۇرىيەتلىرى ئىقتىساد، بىخەتەرلىك ساھەلىرىدە يەنىلا زور دەرىجىدە روسىيىگە تايىنىدۇ. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ياۋروپانىڭ جەلپ قىلىشىغا بولغان ئىنكاسى

ئەمەلىيەتتە بالتىق دۆلەتلىرىنى روسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىن ئايرىپ چىقتى.

ئومۇمەن، روسىيە پراۋوسلاۋىيە دىنىنى يادرو قىلغان ئۆزىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بىر گۇرۇھ، شۇنداقلا ئۇنى ئوراپ تۇرغان ئاجىزراق ئىسلام دۆلەتلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر سوۋۇتۇش بەلۋىغى قۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ بۇ دۆلەتلەرنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىدارە قىلىدۇ ھەم باشقا دۆلەتلەرنىڭ بۇ رايوندىكى تەسىرىنى سىقىپ چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ.

روسىيە دۇنيانىڭ بۇ سىستېمىنى قوبۇل قىلىشى ۋە قوللىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. خۇددى يېلتسىن 1993- يىلى 2- ئايدا ئېيتقاندەك: چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلار «روسىيىگە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئالاھىدە ھوقۇق بېرىشى زۆرۈر». سوۋېت ئىتتىپاقى بىر يەر شارى خاراكتېرلىك مەنپەئەتكە ئىگە دۆلەت، روسىيە بولسا رايون مەنپەئەتى ۋە مەدەنىيەت مەنپەئىتىگە ئىگە ئاساسلىق چوڭ دۆلەت.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بۆلۈنۈپ چىققان پراۋوسلاۋىيە دىنى دۆلەتلىرى ياۋرو-ئاسىيا ئىشلىرى ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا ئۇيۇشقۇش كۈچىگە ئىگە بىر روسىيە گۇرۇھى قۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغان مەزگىلدە بۇ بەش دۆلەت باشتا يۈكسەك مىللەتچىلىككە قاراپ ماڭغان ھەم ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى، روسىيە بىلەن بولغان ئارىلىقىنى كېڭەيتىشنى تەكىتلىگەن. كېيىن ئىقتىساد، جۇغراپىيىۋى، سىياسىي ۋە ھەزارەت پاكىتىغا بولغان تونۇش بۇلارنىڭ ئىچىدىكى تۆت دۆلەتنىڭ سايلىغۇچىلىرىنىڭ رۇسپەرەس ھۆكۈمەت سايلاپ چىقىشىغا ھەم رۇسپەرەس سىياسەتلەرنى قوللىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ دۆلەتلەر روسىيىنىڭ قوغدىشىنى، قوللىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بەشىنچى دۆلەت گىرۇزىيىدە روسىيىنىڭ ھەربىي ئارىلىشىشى گىرۇزىيە

هۆكۈمىتىنىڭ مەيدانىدا شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى.

ئەرمىنىيە تارىختىن بۇيان مەنپەئىتىنى روسىيىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ئوخشاش بىلگەن. روسىيمۇ ئەرمىنىيىنى ئەتراپىدىكى مۇسۇلمان قوشنىلىرىنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكىدىن قوغداپ كەلگەنلىكىدىن پەخىرلەنگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ مۇناسىۋەت قايتا جانلاندى. ئەرمىنىيە ئىزچىل روسىيىنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي ياردىمىگە تايىنىپ كەلدى ھەم سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىدە روسىيىنى قوللىدى. بۇ ئىككى دۆلەت ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە.

بېلوروسىيىنىڭ ئەرمىنىيىگە ئوخشاشمايدىغان يېرى ئۇنىڭدا ئاساسەن دېگۈدەك مىللىي سالاھىيەت تۇيغۇسى يوق، روسىيىنىڭ ياردىمىگە تېخىمۇ موھتاج. بۇ دۆلەتتىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ روسىيىگە بولغان تونۇشى ئۆز دۆلىتىگە بولغان تونۇشىدىن قېلىشمايدۇ. 1994- يىلى 1- ئايدا قانۇن تۈزۈش تارماقلىرى بىر مۇتەئەسسىپ رۇسپەرەسنى ھوقۇق تۇتۇۋاتقان ئوتتۇرا ھاللار ۋە مۆتىدىل مىللەتچىلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. 1994- يىلى 7- ئايدا 80% سايلىغۇچى بىر ئەشەددىي رۇسپەرەسنى زۇڭتۇڭلۇققا سايلىدى. ئۇ ۋىلادىمىر ژىرىنوۋسكىنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى. بېلوروسىيە باشتىلا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىگە كىرگەندى ھەم روسىيە، ئۇكرائىنالار قاتارىدا 1993- يىلى قۇرۇلغان ئىقتىسادىي ئىتتىپاقنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ يەنە روسىيە بىلەن پۇل ئىتتىپاقى قۇرۇشقا، يادرو قوراللىرىنى روسىيىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە، روسىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ قالغان يىللىرىدا ئۆز زېمىنىدا تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلدى. دۆلەت نامىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 1995- يىلىغا كەلگەندە بېلوروسىيە ئەمەلىيەتتە روسىيىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مولداۋا بىر مۇستەقىل دۆلەت بولدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ئاخىر رۇمىنىيە بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ، دەپ پەرەز قىلغانىدى. بۇ ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىگە بولغان ئەندىشە رۇسلىشىپ كەتكەن شەرقىي رايوندا بۆلۈنۈشكە قارشى ھەرىكەت قوزغىدى. بۇ ھەرىكەت موسكۋانىڭ ئاستىرتىن قوللىشىغا ئېرىشتى. روسىيىنىڭ 14- ئارمىيىسىنىڭ قوللىشى بىلەن «دېنېپىر دەريا بويى جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلدى. مولداۋانىڭ رۇمىنىيىگە قوشۇلۇش قىزغىنلىقى مەزكۇر ئىككى دۆلەتتىكى ئىقتىسادىي مەسىلە ۋە روسىيىدىن كەلگەن ئىقتىسادىي بېسىم بىلەن ئاجىزلاپ قالدى. مولداۋا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىگە ئەزا بولۇپ، روسىيە بىلەن بولغان سودىسىنى كېڭەيتتى. 1994- يىلى 2- ئايدا رۇسپەرەس پارتىيىلەر پارلامېنت سايلىمىدا زور غەلىبىگە ئېرىشتى.

يېقىنقى ئۈچ دۆلەتتە ئىستراتېگىيە بىلەن ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان جامائەت پىكرى ھۆكۈمەتنىڭ روسىيە بىلەن يېقىن ئىتتىپاق ئورنىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇكرائىنادىمۇ ئاخىر شۇنىڭغا ئوخشايدىغانراق ئۆزگىرىش يۈز بەردى. گرۇزىيىدە بۇ باسقۇچ ناھايىتى مۇشەققەتلىك بولدى. گرۇزىيە 1801- يىلى مۇستەقىل دۆلەت ئىدى. شۇ يىلى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانى جورج XIII رۇسلاردىن ئۆزلىرىنى تۈركىيىلىكلەردىن قوغداپ بېرىشنى ئۆتۈندى. 1918- يىلىدىن 1921- يىلىغىچە بولغان رۇس ئىنقىلابىنىڭ ئۈچ يىلىدا گرۇزىيە يەنە مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما بولشېۋىكلار ئۇنى مەجبۇرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇۋالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغان بولسىمۇ، ئەمما گرۇزىيە يەنە بىر قېتىم مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. بىر مىللەتچى ئىتتىپاق سايلامدا غەلىبە قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ رەھبىرى قاتتىق باستۇرۇش ئېلىپ بارغاچقا زورلۇق كۈچ بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولغان شۋارد نادزې بۇ دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلدى ھەم 1992- ۋە 1995- يىلىدىكى زۇڭتۇڭ

سايىلىمىدا غەلىبە قىلىپ ھوقۇقىنى مۇستەھكەملىدى. ئەمما، ئۇ روسىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئابغازىيە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ۋە گرۇزىيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىلگەن گامساك خۇردىيانىڭ رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭغا دۇچ كەلدى. ئۇ پادىشاھ جورجنى دوراپ مۇنداق يەكۈن چىقاردى: «بىزنىڭ تېخىمۇ چوڭ تاللىشىمىز يوق». ئۇنىڭدىن كېيىن موسكۋاغا يۈزلىنىپ ئۇنىڭدىن ياردەم كۈتتى. روسىيە ئارمىيىسى ئۇنى قوللىدى، بۇنىڭ بەدىلىگە گرۇزىيە مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىگە كىردى. 1994- يىلى گرۇزىيە روسىيىنىڭ گرۇزىيىدىكى ئۈچ ھەربىي بازىسىنى ساقلاپ قېلىشىنى مۇددەتسىز ئۇزارتىپ بېرىشكە قوشۇلدى. رۇس ئارمىيىسى ئاۋۋال گرۇزىيە ھۆكۈمىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئارقىدىن يەنە ئۇنى قوللاپ، شۇنىڭ بىلەن مۇستەقىل بولۇشقا تولىمۇ ئىنتىزار گرۇزىيىنى روسىيە لاگېرىغا سۆرەپ كىردى.

روسىيىدىن سىرت، نوپۇسى ئەڭ كۆپ، ئەڭ مۇھىم سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيىتى ئوكرائىنا. تارىختا ئوكرائىنا مۇستەقىل بولغان مەزگىللەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما يېقىنقى دەۋرلەردە موسكۋا ھۆكۈمرانلىقىدىكى سىياسىي گەۋدىنىڭ بىر قىسمى بولغان. ھەل قىلغۇچ ۋەقە 1654- يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئەينى چاغدا پولشا ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كازاكلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى خاملىتىسكى روسىيە كازاكلارنىڭ پولشىلىقلارغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بەرسە، ئۇنىڭغا سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇ چاغدىن ھازىرغىچە ۋە 1917- يىلىدىن 1920- يىلىغىچە ۋاقىتنى ھېسابلىمىغاندا، ئوكرائىنا سىياسىي جەھەتتە ئىزچىل موسكۋانىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ كەلگەن. ئەمما، ئوكرائىنا ئىككى ھەزارەت ئىككىگە ئايرىپ تۇرغان بولۇپ، غەرب بىلەن پراۋوسلاۋىيە دىنى ئارىسىدىكى ئۈزۈك سەپ ئۇنىڭ مەركىزىي رايونىنى كېسىپ ئۆتكەن. بۇ ئەھۋال نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئۆزگەرمەي كەلدى. ئىلگىرى غەربىي ئوكرائىنا بەزىدە پولشا، لىتۋا، ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر

قىسمى بولغان. ئۇنىڭ كۆپ قىسىم ئادەملىرى ئۇنىئاتىزم كاتولىك دىنىنىڭ مۇرىتلىرى بولۇپ، پراۋوسلاۋىيە دىنى بويىچە ئىبادەت قىلىدۇ، ئەمما پاپانى ئېتىراپ قىلىدۇ. تارىختا ئۇكرائىنالىقلار ئۇكرائىن تىلىنى قوللانغان، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا كۈچلۈك مىللەتچىلىك تۇيغۇسى بولغان. يەنە بىر جەھەتتە، شەرقىي ئۇكرائىنالىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ ھەم رۇس تىلىنى قوللىنىدۇ. 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇسلار ئۇكرائىنا نوپۇسىنىڭ 22% نى، شۇ يەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئۇكرائىنالىقلار بولسا 31%نى تەشكىل قىلاتتى. كۆپىنچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە رۇس تىلىدا دەرس ئۆتۈلگەن⑥. كرىمىيە نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى رۇس بولۇپ، 1954- يىلىغىچە ئۇ ئىزچىل روسىيە فېدراتسىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن، ئۇ يىلى خرۇششېۋ ئۇنى ئۇكرائىناغا قوشۇۋەتتى، ئۇنىڭ باھانىسى 300 يىل ئاۋۋالقى خاملىتنىسكىنىڭ قارارىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئىدى.

شەرقىي ئۇكرائىنا بىلەن غەربىي ئۇكرائىنا ئارىسىدىكى پەرق بۇ ئىككى رايوندىكى كىشىلەرنىڭ پوزىتسىيىسىدە روشەن ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن، 1992- يىلىنىڭ ئاخىرى غەربىي ئۇكرائىنا نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان رۇسلار رۇسلارغا قارشى دۈشمەنلىشىشنىڭ دەردىنى بولۇشىچە تارتقانلىقىدىن قاقشىغان⑦. ئەمما، بۇ خىل پوزىتسىيىدىكىلەر كىيىۋدا ئاران 10% بولغان. ئۇكرائىنانىڭ شەرق-غەرب ئىككى قىسمغا بۆلۈنۈشى 1994- يىلى 7- ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن زۇڭتۇڭ سايلىمىدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ناھايىتى قوزغىدى. گەرچە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان زۇڭتۇڭ لېئونىد كراۋۇچنىڭ روسىيە رەھبەرلىرى بىلەن يېقىن خىزمەت مۇناسىۋىتى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنى بىر مىللەتچى دەپ قارىدى. ئۇ غەربىي ئۇكرائىنادىكى 13 ئۆلكىنىڭ كۆپ سانلىق بېلەتكە ئېرىشتى، ھەتتا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 90% تىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭ رەقىبى لېئونىد كۇچما سايلامدا ئۇكرائىن تىلىدا نۇتۇق

سۆزلىگەنلىكىدىن ساۋاق ئېلىپ، شەرقتىكى 13 ئۆلكىنىڭ شۇنچىلىك ئاۋازىغا ئېرىشتى. نەتىجىدە كۇچما ئومۇمىي ئاۋازنىڭ 52% ى بىلەن سايلامدا غەلىبە قىلدى. ئەمەلىيەتتە 1994- يىلى ئوكرائىنالىقلار پەرقى ناھايىتى كىچىك ئاۋاز بىلەن، 1654- يىلىدىكى خاملىتىسكىينىڭ تاللىشىنى ئېتىراپ قىلغانىدى. خۇددى بىر ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىس ئېيتقانىدەك، بۇ قېتىملىق سايلام «غەربىي ئوكرائىنادىكى ياۋروپالاشقان سلاۋيانلار بىلەن رۇس- سلاۋيانلار ئارىسىدىكى ئوكرائىنا زادى قانداق دۆلەت بولۇشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلە توغرىسىدىكى ئىختىلاپنى ئەكس ئەتتۈردى، ھەتتا مەركەزلىك گەۋدىلەندۈردى. بۇنى مىللەتنىڭ بۆلۈنۈشى دېگەندىن كۆرە، ئوخشاشمىغان ھەزارەتلەرنىڭ بۆلۈنۈشى دېگەن تۈزۈك» [8].

ئوكرائىنا بىر پارچىلانغان دۆلەت




خەرىتىدىكى سانلار بىلەت تاشلاش نىسبىتىنى كۆرسىتىدۇ.
ئىناۋەتسىز قىلىۋېتىلگەن ئىمزاسىز بىلەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇشۇ بۆلۈنۈش سەۋەبىدىن ئۇكرائىنا بىلەن بېلورۇسىيىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈچ يولنىڭ بىرىنى بويلاپ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن. 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا يادرو قوراللىرى، كرىمىيە ئۇكرائىنادىكى رۇسلارنىڭ هوقۇقى، قارا دېڭىز فلوتى ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ئېغىر تالاش-تارتىش بار بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ھەربىي توقۇنۇش يۈز بېرىشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلىشقانىدى. بەزى غەرب تەھلىلچىلىرى روسسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، غەرب ئۇكرائىنانىڭ يادرو قورالىغا ئىگە بولۇشىنى قوللىشى كېرەك، دەپ ھېسابلاشتى⑨. ئەمما، مەدەنىيەت رول ئويناپ قالسا، روسىيە بىلەن ئۇكرائىنانىڭ توقۇنۇشۇش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن كىچىك بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئىككى دۆلەت ئوخشاشلا سلاۋيان دۆلىتى، خەلقلىرى ئاساسەن پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىزچىل يېقىن بولۇپ كەلگەن. ئۆز ئارا تويلىشىش ناھايىتى ئومۇملاشقان. گەرچە تالاش-تارتىش كۈچلۈك بولسىمۇ ھەم ھەر ئىككى تەرەپ چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلىكنىڭ بېسىمىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى يەنىلا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بۇ تالاش-تارتىشلارنى زور دەرىجىدە يەڭگىللەتتى. 1994-يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇكرائىنا روسىيىگە مايىل زۇڭتۇڭ سايلاپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئېغىر توقۇنۇش پارتلاش ئېھتىماللىقىنى ئازايتتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا جايلىرىدا مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار ئارىسىدا قاتتىق توقۇنۇش يۈز بەردى. رۇسلار بىلەن بالتىق دۆلەتلىرى خەلقلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى جىددىيلەشتى ھەم بەزى توقۇنۇشلار يۈز بەردى. ئەمما، 1995-يىلىغىچە روسىيە بىلەن ئۇكرائىنا ئارىسىدا ھېچقانداق زوراۋانلىق توقۇنۇشى يۈز بەرمىدى.

ئىككىنچى خىل ئېھتىماللىق، يەنى مەلۇم دەرىجىدە ئېھتىماللىقى تېخىمۇ زور بولغىنى ئۇكرائىنا مەدەنىيەت ئۆزۈك سىپىنى بويلاپ ئىككى

مۇستەقىل گەۋدىگە بۆلۈنىدۇ. شەرقىي قىسمى بەلكىم روسىيىگە قوشۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. بۆلۈنۈش باشتا كرىمىيىدىن باشلىنىدۇ. كرىمىيە نوپۇسىنىڭ 70.8% رۇس، 1991- يىلى 12- ئايدىكى ئومۇمىي خەلق قارارىدا، ناھايىتى نۇرغۇن كرىمىيىلىكلەر ئوكرائىنانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇشىنى قوللىغان. 1992- يىلى 5- ئايدا كرىمىيە پارلامېنتى بىلەت تاشلاش ئارقىلىق ئوكرائىنادىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىغان. ئەمما، كېيىن يەنە ئوكرائىنانىڭ بېسىمى بىلەن بىلەت نەتىجىسىنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئەمما، روسىيە پارلامېنتى بىلەت تاشلاش ئارقىلىق 1954- يىلى كرىمىيىنى ئوكرائىناغا بۆلۈپ بېرىش قارارىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. 1994- يىلى 1- ئايدا كرىمىيىلىكلەر «روسىيىگە قوشۇلۇش»نى سايلام پروگراممىسى قىلغان ئادەمنى زۇڭتۇڭلۇققا سايلىغان. شۇنىڭ بىلەن بەزى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا «كرىمىيە يەنە بىر ناگورنو-قاراباخ ياكى ئابغازىيە بوپقالامدۇ، قانداق؟»⑩ دېگەن بىر سوئال پەيدا بولدى. كرىمىيىنىڭ يېڭى زۇڭتۇڭىنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى ئومۇم خەلق ئاۋازغا قويۇش ۋەدىسىدىن چېكىنگەنلىكىدىن كېيىن ھۆكۈمەتنى بىلەن سۆھبەتلەشكۈچە بولغانغا قەدەر بۇ سوئالنىڭ جاۋابى — ياڭراق «ياق!» ئىدى. 1994- يىلى 5- ئايدا كرىمىيە پارلامېنتى بىلەت تاشلاش ئارقىلىق 1992- يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننى ئەسلىگە كەلتۈرگەندە، (بۇ ئاساسىي قانۇن ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئوكرائىنادىن ئايرىپ چىقىپ مۇستەقىل قىلاتتى) ۋەزىيەت يەنە بىر قېتىم يامانلىشىپ كەتتى. ۋەھالەنكى، روسىيە بىلەن ئوكرائىنانىڭ رەھبەرلىرى يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بۇ ئىختىلاپنىڭ توقۇنۇش پەيدا قىلىشىدىن ساقلىنىپ قالدى. ئىككى ئايدىن كېيىن رۇسپەرەس كۈچىما زۇڭتۇڭ بولۇپ، كرىمىيىنىڭ بۆلۈنۈش قەدىمىنى ئاستىلاتتى.

ئەمما، ئۇ قېتىمقى سايلام ئوكرائىنانىڭ غەربىي قىسمى بىلەن بارغانسېرى روسىيىگە يېقىنلىشىۋاتقان شەرقىي قىسمىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بەزى روسىيىلىكلەر بۇنى

قوللىشى مۇمكىن، مەسىلەن بىر رۇس گېنېرالى: «ئوكرائىنا ياكى شەرقىي ئوكرائىنا كەلگۈسىدىكى بەش يىل ئىچىدە ياكى ئون يىل ياكى 15 يىل ئىچىدە روسىيە قويىنىغا قايتىپ كېلىدۇ. غەربىي ئوكرائىنا بېرىپ ئارپىسىنى ئورسۇن!» دېگەن⑪. ئەمما، ئۇنىئاتىزم كاتولىك دىنىغا بولغان ئېتىقادى سۇس، غەربكە مايىل ئوكرائىنا پەقەت غەربنىڭ كۈچلۈك قوللىشى ئارقىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. بۇ خىل قوللاش بەلكىم غەرب بىلەن روسىيىنىڭ مۇناسىۋىتى قاتتىق يامانلىشىپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكىدەك مۇناسىۋەتكە ئايلىنىپ قالغاندا، ئاندىن ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى خىل ئېھتىماللىق، تېخىمۇ مەيدانغا كېلىش ئېھتىماللىقى بار ۋەزىيەت شۇكى، ئوكرائىنا يەنىلا بىرلىككە كەلگەن، جاراھەتلەرگە تولغان مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە ئومۇمىي جەھەتتىن، روسىيە بىلەن يېقىن ھەمكارلىشىدۇ. يادرو قورالى ۋە ھەربىي كۈچكە مۇناسىۋەتلىك ئۆتكۈنچى مەسىلىلەر ھەل بولسا، ئەڭ ئېغىر، ئۇزاق مۇددەتلىك مەسىلە ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. بۇ مەسىلىنى قىسمەن جەھەتتە ئورتاق ھەزارەت ۋە يېقىن خۇسۇسىي مۇناسىۋەتكە تايىنىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. جون مورسون مۇنداق كۆرسىتىدۇ: روسىيە بىلەن ئوكرائىنانىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى مۇناسىۋىتى، فرانسىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ غەربىي ياۋروپادىكى مۇناسىۋىتىگە ئوخشىشىدۇ. خۇددى كېيىنكىسى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ يادروسىنى شەكىللەندۈرگەندەك، ئالدىنقىسىمۇ پراۋوسلاۋىيە دۇنياسىنىڭ بىرلىككە نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدىغان يادرو ھېسابلىنىدۇ.

## جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ ئورتاق گۈللىنىش چەمبىرىكى

جۇڭگو تارىختىن بۇيان ئۆزىنى بىر مۇجەسسەم دۆلەت دەپ قارايدۇ، يەنى بىر «جۇڭخۇا چەمبىرىكى» — چاۋشيەن، ۋيېتنام، رىيۇكيۇ تاقىم ئاراللىرى، بەزىدە ياپونىيىنىمۇ ھەم خەنزۇ ئەمەس

مىللەتلەرنىڭ «ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇق بەلۋىغى»دىكى مىللەتلەرنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىخەتەرلىك ئېھتىياجىدىن، ئۇلار چوقۇم كونترول قىلىنىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا بىر ياۋايىراق «تاشقى بەلۋاغ» بار بولۇپ، «ئۇ پەقەت ئولپان تاپشۇرسىلا ھەم جۇڭگونىڭ يۈكسەك ئورنىنى ئېتىراپ قىلسىلا بولىدۇ». ھازىرقى جۇڭخۇا مەدەنىيىتى دەل مۇشۇنداق شەكىلدە قۇرۇلۇۋاتىدۇ؛ ئۇ خەنزۇلار جۇڭگوسىنى يادرو قىلىدۇ ۋە جۇڭگوغا تەۋە، ئەمما زور ئاپتونومىيىگە ئىگە چەت ئۆلكە-رايونلارنى؛ قانۇن جەھەتتە جۇڭگوغا تەۋە، ئەمما نوپۇسىنىڭ زور كۆپ سانىدىكىسى باشقا مەدەنىيەتكە تەۋە، خەنزۇ ئەمەس مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان ئۆلكىلەرنى مەلۇم شەرت ئاستىدا بېيجىڭنى مەركەز قىلغان جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولماقچى بولغان ھەم بولۇش ئېھتىمالى بولغان جۇڭگولۇقلار جەمئىيىتىنى (شياڭگاڭ، تەيۋەن)؛ جۇڭگولۇقلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن بارغانسېرى بېيجىڭغا مايىل بولۇۋاتقان دۆلەتلەرنى (سىنگاپور)؛ تايلاند، ۋېيتنام، مالايسىيا، ھىندونېزىيە ۋە فىلىپپىندىكى زور تەسىرگە ئىگە ئاھالىلەرنى؛ شۇنداقلا جۇڭگونىڭ كۇڭزى مەدەنىيىتىنىڭ ئىرچىل كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان غەيرىي جۇڭگولۇقلار جەمئىيىتىنى (چاۋشيەن، كورېيە، ۋېيتنام) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

50- يىللاردا جۇڭگو ئۆزىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئىتتىپاقدىشى قىلىپ بېكىتتى. جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتكە قارشى 3- دۇنيا ئەللىرىنىڭ داھىيسى دەپ قاراپ، بۇنىڭ ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىگەن بولسىمۇ، ۋەھالەنكى، ئېرىشكىنى بەك ئاز بولدى. نىكسون ھۆكۈمىتى سىياسىتىنى تەڭشىگەندىن كېيىن، جۇڭگو ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتنىڭ كۈچ تەڭپۇڭلۇقى ئويۇنىدىكى ئۈچىنچى شەخس بولۇشنى ئىستىدى. 70- يىللاردا ئامېرىكا سەل ئاجىزلىشىپ قالغاندا، ئۇ ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. 80- يىللاردا ئامېرىكىنىڭ ھەربىي كۈچى

كۆچەيگەن، سوۋېت ئىقتىساسادتا ئاجىزلاشقان ھەم ئافغانىستان ئۇرۇشىغا پېتىپ قىلغاندا، ئۇ ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن باراۋەر ئارىلىق ساقلىدى. ئەمما، دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى رىقابەتنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، «جۇڭگو كوزىرى»نىڭ قىلچە قىممىتى قالمىدى. جۇڭگو يەنە بىر قېتىم ئۆزىنىڭ دۇنيا ئىشلىرىدىكى رولىنى قايتىدىن بېكىتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئىككى نىشان تىكلىدى: 1) جۇڭخۇا ھەزارىتىنىڭ باشلامچىسى، باشقا بارلىق جۇڭگولۇقلار جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ھەزارەتتە ماگنىتلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە يادرو دۆلىتى بولۇش؛ 2) ئۆزىنىڭ 19- ئەسىردە يوقىتىپ قويغان شەرقىي ئاسىيادىكى تارىخى كۈچلۈكلۈك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش.

جۇڭگونىڭ ھازىر ئوينىۋاتقان رولىنى جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ دۇنيا ئىشلىرىدىكى مەيدانىنى بايان قىلىش ئۇسۇلىدىن، چەت ئەلدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ جۇڭگوغا ئارىلىشىش دەرىجىسىدىن، شۇنداقلا جۇڭگولۇقلار گەۋدىسى بولغان شياڭگاڭ، تەيۋەن، سىنگاپورلارنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، سىياسىي، دىپلوماتىيە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىشىدىن، شۇنداقلا جۇڭگولۇقلار مۇھىم سىياسىي تەسىرگە ئىگە شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگوغا ئېغىۋاتقانلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى جۇڭگونى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ يادرو دۆلىتى، بارلىق جۇڭگولۇقلار جەمئىيەتلىرى ئۇنىڭغا ئېغىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. چەت ئەلدىكى مەنپەئىتىنى ئۆز جايىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈشتىن ۋاز كەچكەن ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىزچىل ئۆزىنىڭ «دۇنيادىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋەكىللىك ئورنىنى» ئىستەپ كەلدى⑭. جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن، بارلىق يەن-خۇاڭ ئەۋلادلىرى باشقا دۆلەت پۇقراسى بولسىمۇ، جۇڭخۇا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ئەزاسى. شۇڭا، مەلۇم جەھەتتە ئۇلار جۇڭگو

هۆكۈمىتىنىڭ نوپۇزىغا بويسۇنۇشى كېرەك. جۇڭگولۇقلار سالاھىيىتىنى ئىرقىغا ئاساسەن بېكىتىشكە باشلىدى. خۇددى جۇڭگولۇق بىر ئالىم كۆرسەتكىنىدەك، جۇڭگولۇقلار ئوخشاش «ئىرق، قان، ھەزارەت»كە ئىگە. 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇخىل گەپلەر بارغانسېرى ھۆكۈمەت ۋە ئاۋام ئارىسىدا مودا بولۇشقا باشلىدى. جۇڭگولۇقلار ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ يۇشتىلىرىغا نىسبەتەن، «ئەينەك» ئۇلارنىڭ كىملىكىنى دەلىللەپ بېرىدىغان ۋاستە بولدى. «ئەينەككە قاراپ باقە!» دېگەن سۆز بېيجىڭغا مايىل جۇڭگولۇقلارنىڭ چەت ئەل جەمئىيەتلىرى بىلەن ئاسسىملياتسىيە بوپكەتمەكچى بولغان جۇڭگولۇقلارغا دەيدىغان ئاگاھلاندۇرۇشى بولۇپ قالدى. ھەر قايسى جايلارغا تارقالغان جۇڭگولۇقلار، يەنى جۇڭگولۇقلارنىڭ يۇشتىلىرى (ئۇلار مۇشۇنىڭ بىلەن جۇڭگودا ياشايدىغان جۇڭگولۇقلاردىن پەرقلىنىدۇ) پەيدىنپەي روشەن ھالدا «ھەزارەت جۇڭگوسى» دەيدىغان ئۇقۇم بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق تونۇشىنى ئىپادىلەيدىغان بولدى. 20- ئەسىردە غەربنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان جۇڭگولۇقلارنىڭ سالاھىيىتى ھازىر پەيدىنپەي جۇڭگو ھەزارىتى دېگەن ئىزچىل ئامىل بىلەن قايتىدىن شەكىللىنىشكە باشلىدى.

تارىختا بۇ خىل سالاھىيەت جۇڭگولۇقلار دۆلەتلىرى بىلەن جۇڭگو مەركىزى نوپۇزىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىردەك بولۇپ كەلگەندى. بۇ خىل ھەزارەت سالاھىيەت تۇيغۇسى بىر قانچە جۇڭگولۇقلار دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنى كېڭەيتىشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، ئۇلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. جۇڭگولۇقلار دۆلەتلىرى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە چوڭ قورۇقلۇق ۋە باشقا جايلاردا ئىقتىسادنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئامىلغا ئايلىنىپ، جۇڭگونىڭ ھەزارەت سالاھىيىتىنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن ماددىي ۋە پسىخىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھازىرلاپ بەردى.

شۇڭا، «بۆيۈك جۇڭخۇا» بىر ئابستراكت ئۇقۇملا ئەمەس. ئۇ بىر ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان ھەزارەت ۋە ئىقتىساد رېئاللىقى بولۇپ، ھازىر بىر سىياسىي رېئاللىققا قاراپ ئۆزگىرىۋاتىدۇ. 80 — 90- يىللاردىكى چوڭ قۇرۇقلۇق، «كىچىك يولۋاسلار» (تۆت كىچىك يولۋاس ئىچىدىكى جۇڭگولۇقلار جەمئىيىتى) ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە جۇڭگولۇقلار كونترول قىلىۋالغان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى قالتىس ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا جۇڭگولۇقلارنىڭ تۆھپىسى ئىنتايىن زور. شەرقىي ئاسىيانىڭ ئىقتىسادى بارغانسېرى جۇڭگونى مەركەز، جۇڭگولۇقلارنى يېتەكچى قىلىۋاتىدۇ. 90- يىللاردا شياڭگاڭ، تەيۋەن، سىنگاپوردىكى جۇڭگولۇقلار چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى زور مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى جۇڭگولۇقلار ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىغا يېتەكچىلىك قىلدى. 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا فىلىپپىن نوپۇسىنىڭ 1%نى ئىگىلەيدىغان جۇڭگولۇقلار فىلىپپىن دۆلەت ئىچىدىكى سېتىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 35%نى ئىگىلىدى. 80- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگولۇقلار ھىندونېزىيە نوپۇسىنىڭ 2% — 3%نى تەشكىل قىلدى، ئەمما دۆلەت ئىچىدىكى خۇسۇسىي مەبلەغنىڭ 70%نى ئىگىلىدى. ھىندونېزىيىدىكى ئەڭ چوڭ 25 كارخانىنىڭ 17 سىنى جۇڭگولۇقلار كونترول قىلغان. خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، بىر جۇڭگولۇقلار بىرلەشمە چوڭ كارخانىسىنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش سوممىسى ھىندونېزىيىنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش سوممىسىنىڭ 5%نى ئىگىلىگەن. 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا جۇڭگولۇقلار تايلاند ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 10%نى ئىگىلىگەن، ئەمما ئەڭ چوڭ ئون سودا گۇرۇھىنىڭ توققۇزىنى ئىگىلىگەن، بۇ دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش سوممىسىنىڭ يېرىمى شۇلارنىڭ. جۇڭگولۇقلار مالايسىيا نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئەمما ئاساسەن دېگۈدەك مالايسىيا ئىقتىسادىنى كونترول قىلغان[15]. ياپونلار ۋە كورېيىلىكلەرنى

ھېسابقا ئالمىغاندا، شەرقىي ئاسىيانىڭ ئىقتىسادى ئاساسەن جۇڭگولۇقلارنىڭ.

ئائىلە ۋە خۇسۇسىي مۇناسىۋەتتىن شەكىللەنگەن «بامبۇك تورى» (يەنى مۇناسىۋەت تورى) ۋە ئورتاق ھەزارەت بۈيۈك جۇڭگو ئورتاق گۈللىنىش چەمبىرىكىنىڭ شەكىللىنىشىگە پايدىلىق. چەت ئەلدىكى جۇڭگولۇقلار جۇڭگودا سودا قىلىشقا، غەربلىكلەر ۋە ياپونلارغا قارىغاندا قابىل. جۇڭگودا ئىشەنچ، ۋەدە، توختام، قانۇن ياكى باشقا ھۆججەتلەرگە ئەمەس، خۇسۇسىي مۇناسىۋەتكە تايىنىدۇ. غەربلىكلەر ھىندىستاندا سودا قىلىشنىڭ جۇڭگودا سودا قىلىشتىن ئوڭايلىقىنى بايقىدى. جۇڭگودا توختامنىڭ ئىشەنچلىكلىكى ئىككى تەرەپنىڭ شەخسىي مۇناسىۋىتىگە باغلىق. بىر داڭلىق ياپونلۇق 1993- يىلى ھەسەت قىلغان ھالدا جۇڭگولۇقلار «شياڭگاڭ، تەيۋەن ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى چېگراسى يوق جۇڭگولۇقلار تورىنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ»⑰. بىر ئامېرىكىلىق سودىگەرمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ: «چەت ئەلدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ سودىغا ئېپى بار، تىل بىلىدۇ، ئۇلار ئائىلە مۇناسىۋىتىنى يىلتىز قىلغان مۇناسىۋەت تورىنى توختامغىمۇ ئېلىپ كەلگەن، ئۇلار ئاكرون ياكى فىلادېلفىيەدىكى مۇدىرىيەتتىن كۆرسەتمە سورايدىغان كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، غايەت زور ئەۋزەللىككە ئىگە. لى گۇاڭياۋمۇ چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ سىرتىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن ئالاقە قىلغاندىكى ئەۋزەللىكىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەممىمىز جۇڭگولۇقلار، بىز ئورتاق ئەجداد ۋە ھەزارەتتىن كەلگەن خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ... كىشىلەر ئۆزى بىلەن ئورتاق فىزئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە كىشىلەرگە تەبىئىيلا مايىل كېلىدۇ. كىشىلەر ئورتاق ھەزارەت ۋە تىل ئاساسىغا ئىگە بولغاندا، بۇ خىل يېقىنلىق تۇيغۇسى تېخىمۇ كۈچلىنىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا يېقىن مۇناسىۋەت ۋە ئىشەنچ تۇرغۇزۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇ دەل بارلىق سودا مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسى»⑱. 80- يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە

90- يىللاردا چەت ئەلدىكى جۇڭگولۇقلار «ئۆزلىرىگە گۇمان نەزىرىدە قاراۋاتقان دۇنياغا ئورتاق تىل ۋە ھەزارەتنى شەكىللەنگەن مۇناسىۋەتنىڭ قانۇن- قائىدىلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلىيالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويدى». ئۇل ئىقتىساد تەرەققىي قىلىشتا تايىنىدىغان ئورتاق ھەزارەت يىلتىزى 1993- يىلى شياڭگاڭدا ئېچىلغان «ئىككىنچى قېتىملىق دۇنيا جۇڭگولۇق كارخانىچىلىرى قۇرۇلتىيى»دا روشەن گەۋدىلەندى. بۇ قۇرۇلتاي «دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن جۇڭگولۇق سودىگەرلەرنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ غەلىبە ئىشەنچىسى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق تەبرىكلەش مۇراسىمى» دەپ ئاتالدى⑲. خۇددى باشقا جايلاردىكىدەك، جۇڭگولۇقلار دۇنياسىنىڭ ھەزارەت ئورتاقلىقى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى كۈچەيتتى.

جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى ئون يىل ئۇدا تېز سۈرئەتتە ئاشقاندىن كېيىن، غەربنىڭ جۇڭگو ئىقتىسادىغا كىرىشى تيەنئەنمېن ۋەقەسى تۈپەيلىدىن ئازلاپ قالدى. چەت ئەلدىكى جۇڭگولۇقلارغا ئورتاق ھەزارەت ۋە شەخسىي ئالاقە ئارقىلىق جۇڭگودا زور مەبلەغ سېلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى. نەتىجىدە ھەر قايسى جۇڭگولوقلار گۇرۇھى ئارىسىدىكى پۇتكۈل ئىقتىسادىي ئالاقە كۆرۈنەرلىك كېڭەيدى. 1992- يىلى چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ جۇڭگوغا بىۋاسىتە سالغان مەبلىغىنىڭ (11 مىليارد 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) 80%ى چەت ئەلنىڭ بولۇپ، ئاساسلىقى شياڭگاڭ (68.3%)، تەيۋەن (9.3%)، سىنگاپور، ئاۋمېن ۋە باشقا جايلاردىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ياپونىيىنىڭ مەبلىغى ئاران 6.6%نى، ئامېرىكىنىڭ مەبلىغى 4.6%نى ئىگىلىگەن. 50 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى تاشقى مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 6.7%تى جۇڭگولۇقلارنىڭ. سودىنىڭ ئېشىشىمۇ ئوخشاشلا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. تەيۋەننىڭ چوڭ قۇرۇقلۇققا قىلغان ئېكسپورتى 1986- يىلى نۆل بولغان بولسا، 1992- يىلى تەيۋەن

ئومۇمىي ئېكسپورت مىقدارىنىڭ 8%نى ئىگىلىدى. پەقەت 1992- يىلىدىلا ئالدىنقى يىلدىكىدىن 35% ئاشقان. 1992- يىلى سىنگاپورنىڭ جۇڭگوغا قىلغان ئېكسپورت مىقدارى 22% ئاشقان. خۇددى مۇرى ۋېيدىنبۇم 1993- يىلى ئېيتقاندەك، «گەرچە ھازىر ياپونىيە بۇ رايونغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگولۇقلارنى ئاساس قىلغان ئاسىيا ئىقتىسادى تېزلىكتە سانائەت، سودا ۋە پۇل-مۇئامىلە مەركىزىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىستراتېگىيىلىك رايون خېلىلا زور تېخنىكا ۋە ياساش ئىقتىدارىغا ئىگە (تەيۋەن)، كۆزگە كۆرۈنگەن كارخانىلار، سېتىش، مۇلازىمەت ماھىرلىرى (شياڭگاڭ)، بىر ئىلغار خەۋەرلىشىش تورى (سىنگاپور)، زور مىقداردىكى مەبلەغ توپلانغان جاي (يۇقىرىقى ئۈچ يەر)، زور مىقداردىكى يەر بايلىقى ۋە ئەمگەك كۈچى بازىرى (جۇڭگو)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان»[20]. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ قۇرۇقلۇق بارلىق كېڭىيىۋاتقان بازارلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ يوشۇرۇن بازار. 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگونىڭ مەبلىغى بارغانسېرى ئۆزىنىڭ بازىرىدا سېتىش ۋە شۇ يەردىن سىرتقا ئېكسپورت قىلىشقا يۈزلەندى.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى جۇڭگولۇقلار ئاللىقاچان ئوخشاشمىغان دەرىجىدە شۇ جايدىكى ئادەملەر بىلەن ئاسسىمىلياتسىيىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار جۇڭگولۇقلارغا ئۆچمەنلىك نەزىرىدە قارايتتى. بۇ خىل ئەھۋال بەزىدە زوراۋانلىق ۋەقەلىرىگە ئايلىنىپ قالاتتى. 1994- يىلى 4- ئايدا ھىندونېزىيىنىڭ مېدانىدا بىر مالىمانچىلىق يۈز بەردى. بەزى مالايسىيالىقلار ۋە ھىندونېزىيىلىكلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ مەبلىغىنىڭ جۇڭگوغا ئېقىشىنى «مەبلەغنىڭ قېچىشى» دەپ تەنقىد قىلدى. شۇ سەۋەبتىن زۇڭتۇڭ سۇخارتو باشلىق سىياسىي رەھبەرلەر ئامالسىز خەلققە بۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىغا تەسىر يەتكۈزمەيدىغانلىقى توغرىسىدا قايتا-قايتا كاپالەت بەردى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى جۇڭگولۇقلار ئەجدادلىرىنىڭ دۆلىتىگە ئەمەس، بەلكى ئۆزى تۇغۇلغان دۆلەتكە

بەكرەك سادىق بولۇش كېرەك، دەپ قارايدۇ. 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ مەبلىغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىن چوڭ قۇرۇقلۇققا ئېقىشى بىلەن تەيۋەنلىكلەرنىڭ فىلىپپىن، مالايسىيا ۋە ھىندونېزىيىگە زور مەبلەغ سېلىشى بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولۇپ قالغان.

ئىقتىسادىي كۈچنىڭ ئېشىشى ۋە ئورتاق جۇڭگو ھەزارىتىنىڭ قوشۇلۇشى شياڭگاڭ، تەيۋەن، سىنگاپورنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ «ۋەتىنى» جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇردى. پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان ھوقۇق ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، شياڭگاڭدىكى جۇڭگولۇقلارمۇ لوندوننىڭ ئەمەس، بېيجىڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ماسلىشىشقا باشلىدى. سودىگەرلەر ۋە باشقا رەھبەرلەرمۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى تەنقىد قىلمايدىغان ۋە جۇڭگونىڭ چىشىغا تېگىپ قويىدىغان ئىشلارنى قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار ھەقىقەتەن جۇڭگونىڭ چىشىغا تەگكەندە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى قىلچە ئىككىلەنمەي دەرھال ئۆچ ئالدى. 1994- يىلىغا كەلگەندە، بىر نەچچە يۈز سودىگەر بېيجىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ «شياڭگاڭ ئىشلىرى مەسلىھەتچىلىرى» بولدى، ئەمەلىيەتتە بولسا «كۆلەڭگە ھۆكۈمەت» تەشكىل قىلغانىدى. 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا جۇڭگونىڭ شياڭگاڭدىكى ئىقتىسادىي تەسىرىمۇ شىددەت بىلەن كېڭىيىشكە باشلىدى. خەۋەر قىلىنىشىچە، 1993- يىلىغىچە چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ شياڭگاڭغا سالغان مەبلىغى ياپونىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ شياڭگاڭغا سالغان مەبلىغىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى[21]. 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، (شياڭگاڭنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇققا قايتىشى 1997- يىلىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ) شياڭگاڭنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىشى ئاللىقاچان ئىشقا ئېشىپ بولغانىدى.

تەيۋەن بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ كېڭىيىشى شياڭگاڭ بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ كەينىدە تۇردى.

ئەمما، 80- يىللاردا مۇھىم ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. 1949- يىلىدىن كېيىنكى 30 يىل ئىچىدە ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ھەقلىقلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىپ كەلگەن، ئۆز ئارا ھېچقانداق باردى-كەلدىسى يوق ئىدى، ھەتتا پات-پات دېڭىز بويىدىكى ئاراللاردا زەمبىرەك ئېتىشىپ تۇراتتى. ئەمما، دېڭ شياۋپىڭ ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەپ، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى باشلىغاندىن كېيىن، چوڭ قۇرۇقلۇق ھۆكۈمىتى بىر قاتار يارىشىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. 1981- يىلى تەيۋەن ھۆكۈمىتىمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئىلگىرىكى جۇڭگوغا قاراتقان «ئۈچنى قىلماسلىق» (ئارىلاشماسلىق، سۆھبەت ئۆتكۈزمەسلىك، مۇرەسسە قىلماسلىق)نى تەڭشەشكە باشلىدى. 1986- يىلى 5- ئايدا، ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى تۇنجى قېتىم ئۇچراشتى. تەيۋەنگە ئۇچقان ئايروپىلاننىڭ بۇلىنىپ، چوڭ قۇرۇقلۇققا ئېلىپ بېرىلغان ۋەقە ھەققىدە سۆھبەتلەشتى، ئىككىنچى يىلى تەيۋەن جۇڭگودا ساياھەت قىلىشنى چەكلەش بۇيرۇقىنى بىكار قىلدى㉒.

«ئوخشاش جۇڭگولۇقلار»، شۇنداقلا مۇشۇنىڭدىن شەكىللەنگەن ئۆز ئارا ئىشەنچ ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەيۋەن بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنىڭ كېڭىيىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. خۇددى تەيۋەننىڭ بىر سۆھبەت ۋەكىلى ئېيتقاندەك، تەيۋەنلىكلەر بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇقتىكىلەرنىڭ «قان بىلەن گۆشتەك تۇغقاندارچىلىق»ى بار ھەم بىر-بىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ. 1993- يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، تەيۋەندىن چوڭ قۇرۇقلۇققا ساياھەتكە بارغانلارنىڭ سانى 4 مىليون 200 مىڭ ئادەم قېتىمدىن، چوڭ قۇرۇقلۇقتىن تەيۋەنگە بارغانلارنىڭ 40 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ كەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ ھەر كۈنلۈك خەت-چەكلىرى 40 مىڭ پارچىگە، تېلېفون 13 مىڭ ئادەم قېتىم بولدى. خەۋەر قىلىنىشىچە، 1993- يىلى چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن تەيۋەننىڭ سودا سوممىسى 14 مىليارد 400 مىليون ئامېرىكا

دوللىرىغا يەتكەن، 20 مىلىڭ تەيۋەن كارخانىسىنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇققا سالغان مەبلىغى 15 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بىلەن 30 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئارىسىدا بولغان. تەيۋەن بارغانسېرى دىققىتىنى چوڭ قۇرۇقلۇققا مەركەزلەشتۈرۈشكە، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمۇ بارغانسېرى چوڭ قۇرۇقلۇققا تايىنىشقا باشلىدى. بىر تەيۋەنلىك ئەمەلدار 1993-يىلى مۇنداق دېدى: «1980- يىلىدىن بۇرۇن تەيۋەننىڭ ئەڭ مۇھىم بازىرى ئامېرىكا ئىدى، ئەمما 90- يىللارغا كەلگەندە، بىز تەيۋەن ئىقتىسادىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئامىلنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق». چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ئەرزان ئەمگەك كۈچى ئارىلىدا ئەمگەك كۈچى كەم بولۇشتەك ئەھۋالغا دۇچ كېلىۋاتقان تەيۋەنلىك مەبلەغ سالغۇچىلارغا نىسبەتەن مۇھىم جەلپكار نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. 1994- يىلى چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن تەيۋەننىڭ كاپىتال ۋە ئەمگەك كۈچىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىنى تەڭشەشنى مەقسەت قىلغان تەتۈر جەريان مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. تەيۋەننىڭ بەزى بېلىقچىلىق شىركەتلىرى 10 مىڭ نەپەر چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلگەن ئادەمنى ياللىدى㉓.

ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتى ئىككى ھۆكۈمەتنى سۆھبەتلىشىشكە ئېلىپ باردى. 1991- يىلى تەيۋەندە «دېڭىز بوغۇزى ئالاقە فوندى»، چوڭ قۇرۇقلۇقتا «تەيۋەن بوغۇزى ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتى جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. 1994- يىلى 8- ئايدا ئىككى تەرەپ نۇرغۇن ھالقىلىق مەسىلىلەردە «بۆسۈش خاراكتېرلىك» كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى. كىشىلەرمۇ ئىككى تەرەپ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئېھتىماللىقىنى پەرەز قىلىشقا باشلىدى.

90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى بېيجىڭ بىلەن تەيبېي ئارىسىدا يەنىلا ئىگىلىك ھوقۇق، تەيۋەننىڭ خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا كىرىش مەسىلىسى ۋە باشقا بەزى مۇھىم مەسىلىلەر بار ئىدى. تەيۋەننىڭ ئۆزىنى مۇستەقىل دۆلەت دەپ بېكىتىش ئېھتىماللىقى

بارغانسېرى كىچىكلەۋاتىدۇ، چۈنكى مۇستەقىللىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئاساسلىق پارتىيە — دېموكراتىيە ۋە ئىلگىرىلەش پارتىيىسى تەيۋەن سايلىغۇچىلىرىنىڭ چوڭ قورۇقلۇق بىلەن بولغان ھازىرقى مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ قويغۇسى يوقلۇقىنى؛ بۇ مەسىلىدە بەك كۆچەپ كەتسە ئۆزلىرىنىڭ سايلام ئىستىقبالىغا تەسىر يېتىپ قالىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا، دېموكراتىيە ۋە ئىلگىرىلەش پارتىيىسىدىكىلەر ئەگەر ئۇلار ھوقۇقنى قولغا ئالسا، مۇستەقىللىقنىڭ ئۇلارنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئىككى تەرەپنىڭ ھۆكۈمىتى يەنە جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىدىكى نەنشا تاقىم ئاراللىرى ۋە باشقا ئاراللارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق مەسىلىسى، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا ئەڭ مەنپەئەتدار دۆلەتلىك تەمىناتى بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىلىرىدە ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە. 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ بېيجىڭ ۋە تەيبېي بىر-بىرىگە ئاستا-ئاستا يېقىنلاشتى ھەمدە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى كېڭەيتىش ۋە ئورتاق ھەزارەت سالاھىيىتى مەسىلىسىدە ئورتاق مەنپەئەتنى ئىلگىرى سۈردى. ئىككى تەرەپنىڭ يارىشىشقا قاراپ ئالغان قەدەملىرى 1995- يىلى تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. چۈنكى، تەيۋەن ھۆكۈمىتى دىپلوماتىيىدە ئېتىراپ قىلىنىشنى ھەم خەلقئارا تەشكىلاتلارغا قاتنىشىشنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىستىدى. «زۇڭتۇڭ» لى دېڭخۇي ئامېرىكىدا «خۇسۇسىي زىيارەت»تە بولدى. تەيۋەن 1995- يىلى 12- ئايدا قانۇن تۇرغۇزۇش سايلىمى، 1996- يىلى 3- ئايدا زۇڭتۇڭ سايلىمى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا نىسبەتەن تەيۋەننىڭ ئاساسلىق پورتلىرىغا يېقىن جايلاردا باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىناق قىلدى ۋە تەيۋەن كونتروللۇقىدىكى بىگخەي ئارىلىغا يېقىن جايدا ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى. ئىشلارنىڭ بۇ خىل تەرەققىياتى مۇنداق ئىككى ئاچقۇچلۇق مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى: ھازىر تەيۋەن رەسمىي مۇستەقىل بولمىغان ئەھۋالدا دېموكراتىيىنى ساقلاپ

قالالامدۇ، يوق؟ كەلگۈسىدە تەيۋەن ئەمەلىي مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالىسا، دېموكراتىيىنى ساقلاپ قالالامدۇ، يوق؟

ئەمەلىيەتتە، چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن تەيۋەننىڭ مۇناسىۋىتى ئىككى باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى، بەلكىم ئۈچىنچى باسقۇچقا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنى پۈتۈن جۇڭگونىڭ ھۆكۈمىتى دەپ ئاتاپ كەلدى. بۇنداق دېيىش ئەمەلىيەتتە تەيۋەننىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن توقۇنۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. 80- يىللاردا تەيۋەن ھۆكۈمىتى بۇ تەشەببۇستىن ۋاز كېچىپ ئۆزىنى تەيۋەننىڭ ھۆكۈمىتى دەپ بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» بولۇش ئۇقۇمىنى شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. ئەمما، تەيۋەندىكى ھەر خىل ئادەم ۋە گۇرۇھلار بارغانسېرى تەيۋەننىڭ مۇستەقىل ھەزارەتلىك سالاھىيىتىنى، جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان ۋاقتىنىڭ بىر قەدەر قىسقىلىقىنى، ئۇلارنىڭ شىۋىسىنى جۇڭگولۇقلارنىڭ چۈشىنەلمەيدىغانلىقىنى تەكىتلەشكە باشلىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار تەيۋەننى بىر غەيرىي جۇڭگو جەمئىيىتى قىلىپ بېكىتىپ، ئاندىن جۇڭگودىن ئايرىپ مۇستەقىل قىلىۋېلىشقا ئۇرۇندى. بۇنىڭدىن باشقا، تەيۋەن ھۆكۈمىتى خەلقئارا جەمئىيەتتە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلغاندا، خۇددى ئۆزى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل دۆلەتتەك بېشارەت بەردى. قىسقىسى، تەيۋەن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنى بېكىتىشى پۈتۈن جۇڭگونىڭ ھۆكۈمىتى بولۇشتىن جۇڭگونىڭ بىر قىسمىنىڭ ھۆكۈمىتى بولۇشقىچە، ئارقىدىن يەنە جۇڭگو ھۆكۈمىتى بولماسلىقىچە بولغان ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈردى. كېيىنكى ئەھۋالنى، يەنى تەيۋەننىڭ رەسمىي مۇستەقىل بولۇش مەيدانىنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى قوبۇل قىلالمايدۇ. بېيجىڭ ھۆكۈمىتى تەيۋەننىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى توسۇش ئۈچۈن، قورال كۈچى ئىشلىتىشتىن يانمايدىغانلىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى

رەھبەرلىرى 1997- يىلى شياگگاڭنى، 1999- يىلى ئاۋمېننى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن تەيۋەننى قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى قول تۇتۇپ باشلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئىشنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىشى ئومۇمەن تەيۋەننىڭ رەسمىي مۇستەقىللىقنى قوللايدىغان كۈچلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش دەرىجىسىگە، بېيجىڭ ھوقۇقتا ۋارىسلىق قىلىش كۈرىشى نەتىجىسىنىڭ چىقىش-چىقماسلىقىغا؛ (بۇ كۈرەش، سىياسىي ھەربىي رەھبەرلەرنىڭ كۈچلۈك مىللەتچىلەرگە ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ)، تەيۋەننى قامال قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىشنى مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلىدىغان جۇڭگونىڭ ھەربىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق. 21- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەجبۇرلاش ۋە ماسلاشتۇرۇش، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئارا ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە، تەيۋەن چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن تېخىمۇ زىچ بىرلىشىشى مۇمكىن.

70- يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە، كوممۇنىزمغا جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرىدىغان سىنگاپور بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت يەنىلا سوغۇق ئىدى. لى گۇاڭياۋ ۋە باشقا يېڭى سىنگاپور رەھبەرلىرى جۇڭگونىڭ قالاقلىقىنى كەمسىتەتتى. ئەمما، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى 80- يىللاردا گۈللىنىشكە باشلىغاندا، سىنگاپور يەنىلا ئەنئەنىۋى ئەگىشىش ئادىتى بويىچە جۇڭگوغا ئاغدى. 1992- يىللارغىچە سىنگاپورنىڭ جۇڭگودىكى مەبلىغى 1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. ئىككىنچى يىلى سىنگاپور شاڭخەي ئەتراپىدا بىر «سىنگاپور II» سانائەت-باغچا رايونى قۇرۇش پىلانىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭغا بىر نەچچە مىليارد ئامېرىكا دوللىرلىق مەبلەغ كەتتى. لى گۇاڭياۋمۇ جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىنىڭ كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدىغان قىزغىن قوللىغۇچىغا ئايلاندى ۋە جۇڭگونىڭ كۈچىگە قايىل بولدى. ئۇ 1993- يىلى «جۇڭگو ھەرىكەت قىلىشقا بولىدىغان جاي» دېدى[24]. 1993- يىللىق سىنگاپور ھۆكۈمىتىنىڭ چەت ئەلگە ياردەم بېرىش تۈرىنىڭ يېرىمى جۇڭگوغا بېرىلدى.

ئىلگىرى سىنگاپورنىڭ چەت ئەلگە سالغان مەبلىغىنىڭ زور قىسمى مالايسىيا، ھىندونېزىيىلەرگە مەركەزلەشكەندى. ھازىر جۇڭگوغا يۆزلىنىشكە باشلىدى. ئېيتىلىشىچە، 70- يىللاردا لى گۇاڭياۋ بىرىنچى قېتىم بېيجىڭنى زىيارەت قىلغاندا، جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن خەنزۇ تىلىدا ئەمەس، ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەشكەن. 20 يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ بۇنداق قىلالىشى مۇمكىن بولمايدىغان بولدى.

## ئىسلام: ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى يوق ئاڭ

ئەرەبلەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا سىياسىي ساداقەتمەنلىكنىڭ قۇرۇلمىسى ئادەتتە ھازىرقى غەربنىڭكىگە قارىمۇقارشى، غەربكە نىسبەتەن مىللىي دۆلەت سىياسىي ساداقەتمەنلىكنىڭ چوققىسى، تار دائىرىلىك ساداقەتمەنلىك شۇنىڭغا بويسۇنىدۇ ھەم مىللىي دۆلەتكە بولغان ساداقەتمەنلىككە تەۋە قىلىنىدۇ. مىللىي دۆلەتتىن ھالقىغان گۇرۇھلار، تىل ۋە دىنىي ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ياكى مەدەنىيەت گۇرۇھلىرىنىڭ ساداقەتمەنلىك ۋە مەجبۇرىيەتكە بولغان تەلىپى ئۇنچىۋالا كۈچلۈك ئەمەس. تارراق گەۋدىدىن كەڭرەك گەۋدىگىچە بولغان ئەگرى سىزىقنى بويلاپ ماڭغاندا، غەربتە ساداقەتمەنلىك دەل ئوتتۇرىدا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ، ساداقەتمەنلىكنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى مەلۇم دەرىجىدە U ھەرپى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلام دۇنياسىدا ساداقەتمەنلىكنىڭ قۇرۇلمىسى بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئىسلامنىڭ ساداقەت ئەگرى سىزىقىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكى بوش. خۇددى ئىرا لاپىدۇس ئېيتقاندەك، «ئىككى خىل ئاساسلىق، ئىپتىدائىي، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ساداقەت قۇرۇلمىسى بار» بولۇپ، بىر جەھەتتىن ئائىلە، جەمەت، قەبىلىگە بولغان ساداقەتمەنلىك، يەنە بىر جەھەتتىن «تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى ھەزارەت، دىن ۋە ئىمپېرىيىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىگە بولغان ساداقەتمەنلىك»تىن ئىبارەت[25]. بىر لىۋىيە

ئالىممۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇنداق بىر قاراشنى ئەشەببۇس قىلىدۇ: «ئەرەب جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تەرەققىياتتا قەبىلىۋازلىق ۋە دىن (ئىسلام دىنى) ئىنتايىن زور ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان، ھېلىھەم ئويناۋاتىدۇ. ھەقىقەتەن ئۇلار شۇنداق بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن، ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ سىياسىي ھەزارىتى ۋە سىياسىي ئىدىيىسىنى بەلگىلىگەن ۋە شەكىللەندۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل دەپ قارىلىدۇ». قەبىلە ئەزەلدىن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي مەركىزى، خۇددى تەھسىن باشىر كۆرسەتكىنىدەك، نۇرغۇن دۆلەتلەر پەقەتلا «بايرىقى بار قەبىلىلەر»، خالاس. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئاساسەن ئۇنىڭ تويلىشىش ۋە باشقا ۋاستىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ بىر قەبىلە ئىتتىپاقى قۇرغىنىدىن كەلگەن. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سىياسىيسى يەنىلا زور دەرىجىدە قەبىلە سىياسىيسى. ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانلىقلارنى شامارلار ۋە باشقا قەبىلىلەرگە قارشى تۇرغۇزالايدۇ. لىۋىيىنىڭ تەرەققىياتىدا ئاز دېگەندىمۇ 18 قەبىلە مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. ئېيتىلىشىچە سۇداندا 500 قەبىلە بار بولۇپ، ئەڭ چوڭ قەبىلىنىڭ ئادەم سانى پۈتۈن دۆلەت نوپۇسىنىڭ 12%نى ئىگىلەيدىكەن㉖.

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىختا دۆلەت سالاھىيىتى مەۋجۇت بولمىغان. «ساداقەتمەنلىك دۆلەتكە ئەمەس، بەلكى قەبىلە، ئۇرۇق ۋە كېڭەيتىلگەن ئائىلىلەرگە بەخشەندە قىلىناتتى». يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەر ھەقىقەتەن ئورتاق «تىل، دىن، ھەزارەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىگە»، «ئىسلام دىنى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك بىرلىككە كەلتۈرگۈچى كۈچ بولۇپ، ئۇنىڭ كۈچى ئەمىرنىڭ ھوقۇقىدىنمۇ زور». چېچەنلەر ۋە شىمالىي كاۋكازلىقلار ئارىسىدا 100 «تاغلىق رايون» قەبىلىسى ۋە 70 «تۈزلەڭلىك» مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار سىياسىي ۋە ئىقتىسادنى ناھايىتى چىڭ كونترول قىلىپ تۇرىدۇ،

ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پىلانلىق ئىگىلىكى بىلەن سېلىشتۇرما بولىدىغان چېچەنلەرنىڭ «قەبىلە» ئىگىلىكى بار②.

پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا كىچىك گۇرۇھ ۋە چوڭ ئېتىقاد، يەنى قەبىلە ۋە ئۈممەت ئەزەلدىن ساداقەت ۋە مەجبۇرىيەتنىڭ مەركىزى بولۇپ، مىللىي دۆلەت ئانچە مۇھىم ئەمەس. ئەرەب دۇنياسىدا، ھازىرقى مەۋجۇت دۆلەتلەرنىڭ ھەقلىقلىقىمۇ بىر مەسىلىگە ئايلانغان، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ياۋروپا جاھانگىرلىرى ئۆزلىرى خالىغانچە ياساپ قويغان (گەرچە ئۆزگىرىشچان بولسىمۇ) بولۇپ، جاھانگىرلىكنىڭ مەھسۇلى، ئۇلارنىڭ چېگرىلىرىمۇ بىر-بىرلار ۋە كۇردلارنىڭ چېگراسىغا ئوخشاش ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ چېگراسى بىلەن بىردەك ئەمەس. بۇ دۆلەتلەر ئەرەب مىللەتلىرىنى ئايرىپ تاشلىغان. يەنە بىر جەھەتتىن بىر پان ئەرەب دۆلىتى ئەزەلدىن ئەمەلگە ئاشقان ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا مىللىي دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق ئىدىيىسى ئاللاھ ئەڭ ئالىي ھوقۇققا ئىگە ھەم ئۈممەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەيدىغان ئىدىيە بىلەن سىغىشالمايدۇ. بىر ئىنقىلابىي ھەرىكەت سۈپىتىدىكى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىمۇ خۇددى ماركس مىللىي دۆلەتنى تاشلىۋېتىپ، خەلقئارا پرولېتارىياتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوللىغىنىدەك، مىللىي دۆلەتنى تاشلىۋېتىپ، ئىسلامنىڭ چوڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوللاشتى. ئىسلام مىللىي دۆلەتلىرىنىڭ ئاجىزلىقىمۇ مۇنۇ پاكىتتا روشەن ئەكس ئېتىدۇ: 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى چاغلاردا گەرچە مۇسۇلمان گۇرۇھلىرى ئارىسىدا سان-ساناقسىز توقۇنۇشلار بولغان بولسىمۇ، مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ئارىسىدا زور ئۇرۇشلار ناھايىتى ئاز كۆرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش، يەنى ئىراقنىڭ قوشنا دۆلەتلىرىگە تاجاۋۇز قىلىشى.

70- ۋە 80- يىللاردا ھەر قايسى ئەللەردە ئىسلام گۈللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللارمۇ ئىسلام ئۈممەتلىرى ۋە پۈتكۈل ئىسلام مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشنى كۈچەيتتى. بىر ئالىم 80- يىللارنىڭ

ئوتتۇرىلىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

*مۇستەملىكىسىزلىشىش، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، شەھەرلىشىش، شۇنداقلا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ نېفىت بايلىقى ۋە باشقا ئامىللارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆزگىرىۋاتقان ئىقتىسادىي تەرتىپ مۇسۇلمانلىق سالاھىيەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بولغان دىققەتنى يەنىمۇ قوزغاتتى... زامانىۋى خەۋەرلىشىش ھەر قايسى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. مەككىگە ھەجگە بارىدىغانلار شىددەت بىلەن كۆپەيدى. ئىراقتا جۇڭگودىن باشلاپ سېنېگال، يەمەن، بىرمىسىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تېخىمۇ كۈچلۈك ئورتاق سالاھىيەت تۇيغۇسى مەيدانغا كەلدى. ئوتتۇرا شەرقتىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ھىندونېزىيە، مالايسىيا، فىلىپپىننىڭ جەنۇبى ۋە ئافرىقىدىن ئوقۇغىلى كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلار بىلىسىرى كۆپەيدى. ئۇلار ئىدىيە تارقاتتى، دۆلەت ھالقىغان خۇسۇسىي مۇناسىۋەت قۇردى. تېھران، مەككە، كۇئالالامپۇردەك مەركەزلەردە مۇسۇلمانلار زىيالىيلىرى ۋە ئۆلىمالارنىڭ مەجلىس، كېڭەشلىرى تولا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ قالدى. ماگنىتلىق لېنتا (ئۈنئالغۇ ۋە سىنئالغۇ لېنتىلىرى) مەسچىتنىكى ئىمامنىڭ تەبلىغىنى دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىتىۋەتتى. شۇ سەۋەبتىن تەسىرى بار خاتىبلارنىڭ ئاڭلارمەنلىرى ئۆزرايوندىن ھالقىپ كەتتى*[82].

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىق ئېڭى ئۇلارنىڭ دۆلەت ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلاردىكى ھەرىكەتلىرىدىمۇ ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ ھەم بۇ ھەرىكەتلەردىن ئىلھام ئالىدۇ. 1969- يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانى، پاكىستان، مەراكەش، ئىران، تۇنس، تۈركىيە رەھبەرلىرى مەراكەشنىڭ راباتتا بىرىنچى قېتىملىق ئىسلام دۆلەتلىرى باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتى. بۇ قېتىملىق يىغىننىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە «ئىسلام مەجلىس تەشكىلاتى» مەيدانغا كەلدى. بۇ تەشكىلات 1972- يىلى رەسمىي قۇرۇلۇپ، باش شىتابى جىددىدە تەسىس قىلىندى.

ئەمەلىيەتتە، مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى كۆپ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تەشكىلاتقا تەۋە. ئۇ ئىسلامدىكى بىردىنبىر دۆلەتلەر ئارا تەشكىلات. خرىستىئان دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى، بۇددا دىنى ۋە ھىندى دىنى دۆلەتلىرىنىڭ دىنىنى ئاساس قىلغان دۆلەتلەر ئارا تەشكىلاتى يوق. ئەمما، مۇسۇلمان ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بار. ئۇنىڭدىن باشقا سەئۇدى ئەرەبىستانى، پاكىستان، ئىران، لىۋىيە ھۆكۈمەتلىرى بەزى غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى، مەسىلەن، دۇنيا مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى (پاكىستاندا قۇرۇلغان) ۋە دۇنيا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى (سەئۇدى قۇرغان)دەك تەشكىلاتلارنى قۇردى ۋە قوللىدى، شۇنداقلا «ئۇلار بىلەن ئوخشاش ئىدېئولوگىيە خاھىشىغا ئىگە، ئۇلاردىن ناھايىتى يىراق بولغان ھاكىمىيەت، پارتىيە، ھەرىكەت-ئىشلار»نى قوللىدى. بۇ تەشكىلاتلار «ئۇچۇر ۋە بايلىقنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئېقىشىنى تېزلەتتى» ㉙.

ئەمما، ئىسلام ئېڭىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىگە ئايلىنىشى تۆۋەندىكى ئىككى زىددىيەتكە چېتىلىدۇ: بىرىنچى، ئىسلام دۇنياسى بىر نەچچە كۈچ مەركىزىنىڭ ئۆز ئارا رىقابەتلىشىشى ئارقىسىدا پارچىلىنىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام ئېتىقادىغا بولغان ساداقىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتمەكچى بولىدۇ. بۇ خىل رىقابەت ھازىرقى ھاكىمىيەت ۋە ئۇنىڭ تەشكىلاتلىرى بىلەن ئىسلامىزم ھاكىمىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ تەشكىلاتلىرى ئارىسىدا قانات يايىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتى قىسمەن جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەرەب ئىتتىپاقى بىلەن بەس تالىشىش ئۈچۈن قۇرۇلغاندى (كېيىنكىسىنى شۇ چاغدا ناسىر كونترول قىلغانىدى). 1991- يىلى دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىن، سۇدان رەھبىرى ھەسەن تۇرابى «ئەرەب ئىسلام ئەللىرى قۇرۇلتىيى»نى قۇرۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كونتروللۇقىدىكى ئىسلام قۇرۇلتىيى تەشكىلاتى بىلەن بەس

تالاشماقچى بولدى. «ئەرەب ئىسلام ئەللىرى قۇرۇلتىيى»نىڭ ئۈچىنچى قېتىملىقى يىغىنى 1995- يىلى خارتۇمدا ئېچىلدى. 80 دۆلەتتىن كەلگەن ئىسلام تەشكىلاتلىرى ۋە ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ نەچچە يۈز ۋەكىلى يىغىنغا قاتناشتى[30]. بۇ رەسمىي تەشكىلاتلاردىن باشقا ئافغانىستان ئۇرۇشى پىشقەدەم مۇجاھىدلاردىن شەكىللەنگەن بىر رەسمىي يەر ئاستى گۇرۇھلىرىنىڭ تورىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار مۇسۇلمانلار ۋە ئىسلامىيەتنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ئالجىرىيە، چېچىنىيە، مىسىر، تۇنىس، بوسنىيە، فىلىپپىن ۋە باشقا جايلاردا ئۇزۇن يىل قان كېچىپ جەڭ قىلغان. ئۇرۇشتىن كېيىن بەزى مۇجاھىدلار پېشاۋورنىڭ سىرتىدىكى داۋا جىھاد ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ۋە ئافغانىستاندىكى چەت ئەللىك قوللىغۇچىلار ئاچقان ھەربىي لاگېرلاردا مەشقلەندۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ سېپى يېڭىلانغان. رادىكال ھاكىمىيەتلەر ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى بەزىدە پات-پات ئەنئەنىۋى دۈشمەنلىكنى يېڭەلەيدۇ. ئىراننىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، سۈننىي مەزھىپى ۋە شىئە مەزھىپىدىكى ئەسلىيەتچى تەشكىلاتلار ئارىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. سۇدان بىلەن ئىران ئارىسىدا يېقىن ھەربىي ھەمكارلىق بار. ئىراننىڭ ھاۋا ئارمىيىسى ۋە دېڭىز ئارمىيىسى سۇداننىڭ ئەسلىھەلىرىنى ئىشلىتىدۇ ھەم ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى ئالجىرىيە ۋە باشقا جايلاردىكى ئەسلىيەتچى تەشكىلاتلارنى بىرلىشىپ قوللايدۇ. ئېيتىلىشىچە، ھەسەن تۇرابى ۋە سادام ھۈسەيىن 1994- يىلى يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان، ئىران بىلەن ئىراقمۇ يارىشىشقا قاراپ مېڭىۋاتىدۇ[31].

ئىككىنچىدىن، ئۇممەت دېگەن بۇ ئۇقۇم باشتىلا مىللىي دۆلەتنىڭ يولسىزلىقىنى بەلگىلەپ قويغان. ئەمما، ئىسلام دۇنياسى پەقەت بىر ياكى بىر قانچە كۈچلۈك يادرولۇق دۆلەت ئارقىلىق بىرلىككە كېلەلەيدۇ. ھازىر دەل مۇشۇنداق دۆلەت يوق. بىر بىرلىككە كەلگەن سىياسىي، دىنىي ئورتاق گەۋدە بولۇش سۈپىتىدىكى ئىسلام ئۇقۇمى ئىلگىرى يادرولۇق دۆلەتلەرنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي

رەھبەرلىك (خەلىپە — سۇلتان) پەقەت يەككە سىياسىي ئاپپاراتتا بىر ئادەمگە مەركەزلەشكەندىلا ئاندىن شەكىللىنەلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. 7- ئەسىردە ئەرەبلەرنىڭ شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقنى تېزلىكتە بويسۇندۇرۇپ، ئۇممەۋىيلەر سۇلالىسى دەمەشقنى پايتەخت قىلىپ بېكىتكەندە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن 8- ئەسىردە باغدادنى مەركەز قىلغان پارسلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئابباسىيلار سۇلالىسى مەيدانغا كەلدى. 10- ئەسىردە قاھىرە ۋە كوردوبادا ئىككىنچى دەرىجىلىك خەلىپىلىك مەيدانغا كەلدى. 400 يىلدىن كېيىن، ئوسمانلى تۈركلىرى ئوتتۇرا شەرقنى سۇر-توقاي قىلىپ، 1453- يىلى كونستانتىنوپولنى ئىشغال قىلدى ھەم 1517- يىلى بىر يېڭى خەلىپىلىك قۇردى. تەخمىنەن شۇنىڭ بىلەن تەڭ ۋاقىتتا يەنە بەزى تۈركلەر ھىندىستانغا بېسىپ كىرىپ موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ يوقىلىشى بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئۆزىنىڭ يادرو دۆلىتىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى غەرب جاھانگىرلىرى تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىندى. جاھانگىرلار چېكىنىپ چىققاندا، بۇ زېمىنلاردا تولىمۇ ئاجىز دۆلەتلەر قېپقالدى. ئۇ ئىسلام ئەنئەنىسىگە ئوخشاشمايدىغان غەرب ئەندىزىسى ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. شۇڭا، 20- ئەسىرنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقىتلىرىدا يادرولۇق رول ئوينىيالىغۇدەك يېتەرلىك كۈچ، يېتەرلىك دىنىي ۋە ھەزارەت ھەقلىقلىقىغا ئىگە ھەمدە باشقا ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە غەيرىي ئىسلام دۆلەتلىرى تەرىپىدىن ئىسلامىيەتنىڭ رەھبىرى دەپ قوبۇل قىلىنغۇدەك دۆلەتنى مەيدانغا كەلمىدى.

يادرو دۆلەتنىڭ بولماسلىقى ئىسلامنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قىسمىدا ئومۇمىيۈزلۈك توقۇنۇش يۈز بېرىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى. ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى يوق ئاڭ ئىسلامنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ مەنبەسى ۋە باشقا مەدەنىيەتلەرگە تەھدىت پەيدا قىلىشىنىڭ يىلتىزى. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ داۋاملىشىۋېرىشى مۇمكىنمۇ؟!

ئىسلام يادرولۇق دۆلەتنىڭ چوقۇم ئىقتىسادىي بايلىقى، ھەربىي كۈچى، تەشكىللەش ئىقتىدارى ۋە ئىسلاملىق سالاھىيىتى بولۇشى ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ، ھەم سىياسىي، ھەم دىنىي رەھبىرى بولغانلىقى مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. كىشىلەر پات-پات تىلغا ئالىدىغان ئىسلام دۇنياسىنىڭ رەھبىرى بولۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بار دۆلەت ئالتە. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرەرىمۇ قابىل رەھبەر بولۇشىنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى ھازىرلىغىنى يوق. ھىندونېزىيە ئەڭ چوڭ مۇسۇلمان دۆلىتى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تېز، ئەمما ئۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىرتىدا، ئەرەبلەر مەركىزىدىن يىراق. ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياچە سىغدۇرۇشچان ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ۋارىيانتى. ئۇنىڭ خەلقى ۋە ھەزارىتىگە يەرلىك، مۇسۇلمانچە، ھىندىچە، جۇڭگوچە ۋە خرىستىئانچە ئالاھىدىلىكلەرنىڭ سىڭىشىپ كەتكەن. مىسىر ئەرەب دۆلىتى، نوپۇسى كۆپ، ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىغا جايلاشقان، بۇ دۆلەتتە ئىسلام دۇنياسى بويىچە ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى بار. ئەمما، ئۇ يەنىلا بىر نامرات دۆلەت بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئامېرىكا، غەربنىڭ كونتروللۇقىدىكى خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ۋە نېفىتى مول ئەرەب دۆلەتلىرىگە تايىنىدۇ.

ئىران، پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستانى ئۆزلىرىنى ئېنىق رەۋىشتە مۇسۇلمان دۆلىتى دەپ بېكىتكەن بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدا تەسىرىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىزچىل تىرىشىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تەشكىلات قۇرۇش، ئىسلام گۇرۇھلىرىغا ياردەم بېرىش، ئافغانىستان ئۇرۇشلىرىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنى قوللاش جەھەتلەردە بەسلىشىۋاتىدۇ. ئىراننىڭ كۆلىمى، ئورنى، نوپۇسى، تارىخىي ئەنئەنىسى، نېفىت بايلىقى ۋە ئوتتۇرا ھال ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ئۇنى يادرو دۆلەت بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلغان.

ئەمما، ئىراندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ 90%ى شىئە مەزھىپىدە، پارس تىلىمۇ ئىسلام تىلى بولغان ئەرەب تىلىدىن چاندۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پارسلار بىلەن ئەرەبلەر تارىختىن بېرى ئىزچىل تىركىشىپ كەلگەن.

پاكىستان تېررىتورىيە، نوپۇس، ھەربىي تېخنىكا جەھەتلەردىكى شەرتلەرنى ھازىرلىغان. ئۇنىڭ رەھبىرى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەلقئارادىكى باياناتچىسى بولۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ. ئەمما، پاكىستان بىر قەدەر نامرات، ئىچكى جەھەتتە ئېغىر دەرىجىدىكى مىللىي، دىنىي پارچىلىنىشلارغا پېتىپ قالغان، سىياسىيسى ئىزچىل مۇقىم ئەمەس، ھىندىستان بىلەن بولغان بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلمىسە بولمايدۇ. بۇ نۇقتا پاكىستاننىڭ نېمە ئۈچۈن باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ۋە جۇڭگو، ئامېرىكا دېگەندەك كۈچلۈك غەيرىي مۇسۇلمان دۆلەتلىرى بىلەن مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ھېرىس ئىكەنلىكىنى زور دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىسلام دىنى ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن مۇقەددەس جاي، تىلى ئىسلام تىلى، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ زور نېفىت زاپىسىغا ۋە شۇنىڭغا ئەگەشكەن پۇل-مۇئامىلە تەسىرىگە ئىگە، ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى قاتتىق ئىسلام پرىنسىپلىرى بىلەن سەئۇدى جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىققان. 70 — 80-يىللاردا سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىسلام دۇنياسىدىكى تەسىرى ئەڭ زور دۆلەت ئىدى. ئۇ نەچچە ئون مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى قوللىغان (مەسچىت، دەرسلىكتىن تارتىپ پارتىيە، ئىسلام تەشكىلاتلىرى ۋە تېرورلۇق ھەرىكەتلىرىگىچە). ئەمما، نوپۇسى ئاز ھەم جۇغراپىيىۋى ئورنى ھۇجۇمغا ئاسان ئۇچرايدىغان بولغاچقا، بىخەتەرلىك مەسىلىسىدە غەربكە تايىنىدۇ.

تۈركىيە يادرو دۆلەت بولۇش تارىخىغا، نوپۇسقا، ئوتتۇرا دەرىجىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا، مىللىي ئۇيۇشۇش كۈچىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، ھەربىي ئەنئەنە ۋە ھەربىي تېخنىكا قاتارلىق

جەھەتلەردىكى شەرتلەرنىمۇ ھازىرلىغان. ئەمما، تۈركىيە ئۆزىنى ئىنىق دىنىدىن خالىي دۆلەت قىلىپ بېكىتتى. ئاتا تۈرك تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشتىن توسقان. تۈركىيە، ھەتتا ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولالمىدى. چۈنكى، ئۇ ئاساسىي قانۇنىدا ئەلمانىيىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. تۈركىيە يەنىلا ئۆزىنى دىنىدىن خالىي جەمئىيەت دەپلا تۇرسا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى ئۇنىڭدىن تولىمۇ يىراق.

ئۇنىداقتا تۈركىيە ئۆزىنى قايتىدىن بېكىتىپ چىقسىچۇ؟ تۈركىيە كەلگۈسىدە بەلكىم غەرب جەمئىيىتىگە قاتنىشىشقا يېلىنىدىغان، ئادەمنى مەيۈسلەندۈرىدىغان ھەم نومۇسنى كەلتۈرىدىغان قىلىقلىرىنى تاشلاپ، ئىسلام دۇنياسىغا ۋاكالىتەن غەرب دۇنياسى بىلەن سۆزلىشىدىغان ياكى قارشىلىشىدىغان، ئەسلىدىكى ئېخىمۇ ئالىيجاناب تارىخىي رولىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى مۇمكىن. ئەسلىيەتچىلىك ئاللىقاچان تۈركىيىدە گۈللەندى؛ ئۆزەلنىڭ رەھبەرلىكىدە تۈركىيە ئومۇمىيۈزلۈك تىرىشىپ، ئەرەب دۇنياسى بىلەن سالاھىيەتلەندى، ئىۇ مىللەت ۋە تىل جەھەتتىكى باغلىنىشتىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا مۆتىدىل رول ئوينىدى. بۇسىنىيىدىكى مۇسۇلمانلارغا مەدەت-ياردەم بەردى. مۇسۇلمانلار دۆلەتلىرى ئىچىدە تۈركىيە بالقان، ئوتتۇرا شەرق، شىمالىي ئافرىقا، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان تارىخىي باغلىنىشچانلىقى ئۆزگىچە. ھېچقايىسى ئىسلام دۆلىتى ئۇنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، تۈركىيە ئەمەلىيەتتە «(ئىسلام دۇنياسىنىڭ) جەنۇبىي ئافرىقىسى» بولالايدۇ ھەم ھازىرقى ئەلمانىيىدىن ۋاز كېچىپ (خۇددى جەنۇبىي ئافرىقا ئىرقىي ئايرىش تۈزۈمىدىن ۋاز كەچكەندەك) ئۆزىنى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئاسىيىسىدىن، بۇ مەدەنىيەتنىڭ باشلامچى دۆلىتىگە ئايلاندۇرالايدۇ. جەنۇبىي ئافرىقا غەرب خرىستىئان دىنى ۋە ئىرقىي ئايرىش تۈزۈمىدىكى ياخشى-يامان نەرسىلەرنى ئېتىپ

باققاندىن كېيىن، ئافرىقىغا رەھبەرلىك قىلىشقا تېخىمۇ لايىق بولۇپ قالدى. غەربنىڭ ئەلمانىيە ۋە دېموكراتىك تۈزۈمىنىڭ ياخشى-يامانلىرىنى تېتىپ باققاندىن كېيىن، تۈركىيىمۇ بەلكىم ئىسلام دۇنياسىغا رەھبەرلىك قىلىشتا شۇنداق سالاھىيەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇنداق قىلىش ئۈچۈن، تۈركىيە ئاتا تۈركنىڭ ئەنئەنىسىنى، ھەتتا روسىيە لېنىنىنىڭ ئەنئەنىسىنى تاشلىۋەتكەندىنمۇ بەكرەك ئۈزۈل-كېسىل تاشلىۋېتىشى كېرەك. ئۇ بىر ئاتا تۈركتەك ئىقتىدارلىق، شۇنداقلا دىن ۋە سىياسىينىڭ ھەقلىقلىقىنى بىرلەشتۈرۈپ، تۈركىيىنى بىر ئارىسالدى دۆلەتتىن قايتا بىر يادرو دۆلەتكە ئايلاندۇرالايدىغان رەھبەرگە موھتاج.

# IV بۆلۈم مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى

## سەككىزىنچى باب
## غەرب ۋە غەيرىي غەرب مەدەنىيەتلىرى ئارىسىدىكى مەسىلىلەر

### غەربنىڭ ھەممىباپچىلىقى

يېقىنقى كېلىمۇاتقان دۇنيادا ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرگە تەۋە دۆلەت، گورۇھلارنىڭ مۇناسىۋىتى يېقىن بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە توقۇنۇشلۇق بولىدۇ. ئەمما، بەزى مەدەنىيەتلەر باشقا مەدەنىيەتلەرگە قارىغاندا، ئۆز ئارا توقۇنۇشۇشقا تېخىمۇ يېقىن تۇرىدۇ. مىكرو قاتلامدا ئەڭ كەسكىن ئۆزۈك سەپ ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن پراۋوسلاۋىيە دىنى، ھىندى دىنى، ئافرىقا ۋە غەرب خرىستىئان دىنىدىكى قوشنا دۆلەتلەر ئارىسىدا مەۋجۇت. ماكرو قاتلامدا بولسا، ئەڭ ئاساسلىق بۆلۈنۈش غەرب بىلەن غەيرىي غەرب ئارىلىقىدا، يەنى مۇسۇلمانلار ۋە ئاسىيا جەمئىيىتى بىلەن غەرب جەمئىيىتى ئارىسىدا ئېغىر توقۇنۇش مەۋجۇت. كەلگۈسىدىكى خەتەرلىك توقۇنۇش ئېھتىمال غەرب دۇنياسىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ سەۋرسىزلىكى، جۇڭگونىڭ ئۆكتەملىكى ئارىسىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن.

بارلىق مەدەنىيەتلەر ئىچىدە پەقەت غەرب مەدەنىيىتىلا باشقا مەدەنىيەتلەرگە ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن، بەزىدە تەسىرى ھەممىنى بېسىپ چۈشكەن. شۇڭا، غەربنىڭ كۈچى، ھەزارىتى بىلەن باشقا بارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ كۈچى ۋە ھەزارىتى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالاھىدىلىكىگە ئايلىنىپ قالدى. باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ كۈچى نىسبەتەن كۈچەيگەن، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ئاجىزلىغاندا، غەيرىي غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ھەزارىتىگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى شۇنىڭغا ماس ھالدا كۈچەيدى. شۇڭا، غەربنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ يەر شارى مىقياسىدا غەرب ھەزارىتىنى كېڭەيتىش تىرىشچانلىقى بىلەن كېڭەيتىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ئارىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق غەيرىي غەربنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى مەركىزىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى.

كوممۇنىزمنىڭ گۇمران بولۇشى غەربلىكلەرنى ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىك لىبېرالىزم ئىدىيىسىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك غەلىبە قىلغانلىقىغا ھەم ئۇنىڭ ھەممىباب ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى. غەرب، بولۇپمۇ بۇرچ تۇيغۇسى كۈچلۈك ئامېرىكا، غەيرىي غەرب دۆلەتلىرى خەلقى غەربنىڭ دېموكراتىيە، ئەركىن بازار، ھوقۇقى چەكلىك ھۆكۈمەت، شەخسچىلىك، قانۇن تۈزۈم، قىممەت قارىشىنى قوبۇل قىلىشى ھەم بۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىگە ئېلىپ كىرىشى لازىم، دەپ قارايدۇ. ئەمما، باشقا مەدەنىيەت خەلقلىرىدىن بۇنى قوللايدىغان ۋە تەشەببۇس قىلىدىغان كىشىلەر ئاز ساندا، كۆپ ساندىكى غەيرىي غەرب مەدەنىيىتىگە تەۋە كىشىلەر ئۇلاردىن ئومۇمىيۈزلۈك گۇمانلىنىدۇ ياكى ئۇلارغا كۈچلۈك قارشى تۇرىدۇ. غەربلىكلەر نەزىرىدىكى ھەممىباپچىلىق غەيرىي غەربكە نىسبەتەن جاھانگىرلىكتۇر.

غەرب ھازىر ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى «دۇنيا ئورتاق گەۋدىسى»نىڭ مەنپەئىتى دەپ بېكىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ

يېتەكچى ئورنىنى ۋە مەنپەئىتىنى قوغداۋاتىدۇ. «ئەركىن دۇنيا» دېگەن بۇ سۆز بىر سىلىق بىرىكمە ئىسمىغا ئايلاندى، ئۇ ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ھەرىكەتلىرىنى يەر شارى خاراكتېرلىك ھەقلىقلىققا ئىگە قىلدى. مەسىلەن، غەرب ھازىر غەيرىي غەرب ئىقتىسادىنى ئۆزى يېتەكچىلىك قىلغان يەر شارى ئىقتىسادى سىستېمىسىغا ئېلىپ كىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

غەرب خەلقئارا پۇل فوند تەشكىلاتى ۋە باشقا خەلقئارا ئىقتىسادى ئورگانلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى كېڭەيتىۋاتىدۇ ھەمدە ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى باشقا دۆلەتلەرگە تېڭىۋاتىدۇ. ئەمما، ھەر قانداق بىر غەيرىي غەرب جەمئىيىتىدىكى خەلق راينى سىناش نەتىجىسى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، گەرچە خەلقئارا پۇل فوندى جەمئىيىتى مالىيە مىنىستىرلىرى ۋە ئاز ساندىكى باشقا كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا شەكسىز ئېرىشەلىسىمۇ، ئەمما ئاساسەن دېگۈدەك بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان باھاسى مەنپىي كۆرسەتكۈچتە. ئۇلار ئارباتوفنىڭ خەلقئارا پۇل فوند جەمئىيىتى ھەققىدىكى مۇنۇ بايانىغا قوشۇلىدۇ: «ئۇلار باشقىلارنىڭ پۇللىرىنى تارتىۋېلىشقا ئامراق، دېموكراتىك بولمىغان ھەم بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىقتىسادىي، سىياسىي ھەرىكەت قائىدىلىرىنى باشقىلارغا تاڭىدىغان، ئىقتىسادىي ئەركىنلىكنى باسىدىغان بىر ئۇچۇم يېڭىچە بولشېۋىكلاردۇر».

غەيرىي غەرب ئەللىرى ئىككىلەنمەستىن غەربنىڭ پرىنسىپى بىلەن ھەرىكىتى ئارىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ساختىپەز، قوش ئۆلچەم، «ئايرىم ئەھۋال» پرىنسىپلىرىنى قوللانغان دەپ ئەيىبلىنىش ھەممىباپچىلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ بەدىلى بولىدى. دېموكراتىيە تەرغىب قىلىنىدى، ئەگەر ئۇ ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىگە كۈچ ئەپكېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا باشقىچە مۇئامىلە قىلىنىدى؛ يادرو كېڭىيىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش نەسىھەتلىرى ئىران،

ئىراققىلا قارىتىلدى، ئىسرائىلىيە سىرتتا قالدى؛ ئەركىن سودا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ دورىسى بولدى، ئەمما يېزا ئىگىلىك سىرتتا قالدى؛ كىشىلىك هوقۇق جۇڭگوغا نىسبەتەن بىر مەسىلە هېسابلاندى، ئەمما سەئۇدى ئەرەبىستانىغا نىسبەتەن ئۇنداق بولمىدى. نېفىتى مول كۇۋەيتكە قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق تارمار قىلىندى. ئەمما، نېفىتى يوق بوسنىيەگە قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق بىلەن هېچكىمنىڭ كارى بولمىدى.

سىياسىي مۇستەقىللىقتا ئېرىشكەندىن كېيىن، غەيرىي غەرب دۇنياسى غەربنىڭ ئىقتىسادى، هەربىي، هەزارەت كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شەرقىي ئاسىيا جەمئىيىتى ئىقتىسادىي جەھەتتە غەرب بىلەن باراۋەر بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئۇگۈشلۈق ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. ئاسىيا ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى هەربىي جەھەتتە غەرب بىلەن تەڭپۇڭ بولۇشنىڭ يولىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ پۈتۈن يەر شارى مىقياسىدا تارقىلىشى، غەرب كۈچىنىڭ نىسبەتەن ئاجىزلىشىشى ۋە باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزىنى كۆنسايىن تەكىتلىشى دېگەندەك ئامىللار بىرلىشىپ، غەرب ۋە غەيرىي غەرب مۇناسىۋەتلىرىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. ئەمما، بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ زىددىيەتلىشىش دەرىجىسىدە زور پەرق بار. ئۇلارنى ئۈچ تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: غەربنىڭ رەقىب مەدەنىيەتلەرگە تەۋە ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن جۇڭگو مۇناسىۋىتى بەلكىم تېخىمۇ جىددىيلىشىشى هەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدا پات-پات ئېغىر دەرىجىدىكى قارشىلىشىشلار بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن؛ ئاجىزراق مەدەنىيەتكە تەۋە (قىسمەن دەرىجىدە غەربكە تايىنىدۇ) لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشۇش ناهايىتى ئاجىز بولىدۇ. روسىيە، ياپونىيە ۋە هىندىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يۇقىرىقى ئىككى خىل مۇناسىۋەتنىڭ ئارىسىدا بولۇشى مۇمكىن؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە هەمكارلىشىش ۋە توقۇنۇش ئامىللىرىمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ ئۈچ يادرولۇق دۆلەت

گاھىدا رەقىب مەدەنىيەتلەر تەرەپتە، گاھىدا غەرب تەرەپتە تۇرغاچقا، ئۇلار غەرب — ئىسلام — جۇڭگو مەدەنىيىتى ئارىسىدا لەيلەپ يۈرۈيدۇ.

ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە جۇڭگو ھەزارىتىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ئۇلۇغ ھەزارەت ئەنئەنىسىگە ئىگە. ئۇلار ئۆز ئەنئەنىسىنى غەربنىڭكىدىن كۆپ ئەۋزەل دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ كۈچى ۋە ئۆزلۈك تەكىتلىمىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، غەرب بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا غەرب قىممەت قاراشلىرى ۋە مەنپەئەتى جەھەتتىكى توقۇنۇش كۈنسايىن كۆپىيىدۇ ۋە ئۆتكۈرلىشىدۇ. ئىسلام دۇنياسىدا بىر يادرولۇق دۆلەت بولمىغاچقا، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئىنتايىن زور پەرق بار. ئەمما، 70-يىللاردىن بۇيان غەربكە قارشى بىر ئۆزلۈكسىز دولقۇن كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئالامەتلىرى: ئەسلىيەتچىلىكنىڭ گۈللىنىشى، مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ھاكىمىيەتلىرىنىڭ غەربپەرەس كىشىلەردىن غەربكە قارشى كىشىلەرگە يۆتكىلىشى، بەزى ئىسلام گۇرۇھلىرى بىلەن غەرب ئارىسىدىكى يېرىم ئۇرۇش، شۇنداقلا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە مەۋجۇت بولغان مۇسۇلمان دۆلەتلىرى بىلەن غەرب ئارىسىدىكى بىخەتەرلىك مۇناسىۋىتىنىڭ بوشاپ قېلىشى قاتارلىقلار. بەزى بەلگىلىك مەسىلىلەردە پەرق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇنداق بىر تۈپ مەسىلە بار، يەنى غەربكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كەلگۈسى دۇنيانى قۇرۇشتا بۇ مەدەنىيەتلەر قانداق رول ئوينايدۇ؟ 21-ئەسىردىكى يەر شارى تۈزۈلمىسى، كۈچ تەقسىماتى، شۇنداقلا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىيسى ۋە ئىقتىسادى ئاساسلىقى غەربنىڭ قىممەت قارىشى ۋە مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرەمدۇ ياكى بۇلارنى ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە جۇڭگونىڭ قىممەت قارىشى ۋە مەنپەئەتى بەلگىلەمدۇ؟

خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى رېئالىزملىق نەزەرىيە، غەيرىي غەرب مەدەنىيىتىنىڭ يادرو دۆلەتلىرى غەربنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىغا

بىرلىكتە قارشى تۇرىدۇ، دەپ پەرەز قىلىدۇ، بەزى رايونلاردا بۇ ئەھۋال ئاللىقاچان يۈز بەردى. ئەمما، يېقىن كەلگۈسىدە غەربكە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئىتتىپاق تېخى مەيدانغا كەلمەيدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئارىسىدا دىن، ھەزارەت، ئىجتىمائىي قۇرۇلما، ئەنئەنە ۋە سىياسىي، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا يىلتىز تارتقان تۈپكى قاراش قاتارلىق جەھەتلەردە ماھىيەتلىك پەرقلەر مەۋجۇت. تۈپكى نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەت ئارىسىدىكى ئورتاقلىق بەلكىم ھەر ئىككىلىسىنىڭ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئورتاقلىقىغا يەتمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما سىياسىي جەھەتتە ئورتاق دۈشمەن ئورتاق مەنپەئەتنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگولۇقلار جەمئىيىتى ھەر ئىككىلىسى غەربنى دۈشمەن دەپ تونۇيدۇ. شۇڭا، ئۇلاردا ھەمكارلىشىپ غەربكە قارشى تۇرغۇدەك ئاساس بار. ھەتتا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ستالىن بىلەن بىرلىشىپ گىتلېرغا زەربە بەرگىنىدەك ئىش قىلالايدۇ. ئۇلار بەلكىم بەزى ئوخشاشمىغان مەسىلىلەردە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشى مۇمكىن. بۇ ئىككى مەدەنىيەتكە تەۋە دۆلەتلەركىشىلىك ھوقۇق، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي ئىقتىدارىنى، بولۇپمۇ كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللار ۋە توشۇغۇچى راكېتىلارنى بىرلىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، غەربنىڭ ھەربىي ئۈستۈنلۈكى بىلەن بەس تالاشماقچى بولۇشتى، يەنىلا ئەڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، 90- يىللارنىڭ باشلىرىغىچە جۇڭگو ۋە شىمالىي چاۋشيەن بىر تەرەپ، پاكىستان، ئىران، ئىراق، سۈرىيە، لىۋىيە، ئالجىرىيىلەر بىر تەرەپ بولغان «كۇڭزى-ئىسلام زەنجىرى» مەيدانغا كەلگەندى. ئۇلار يۇقىرىقى مەسىلىلەردە بىرلىشىپ غەربكە قارشى تۇرىدۇ.

غەرب ۋە يۇقىرىدىكى باشقا جەمئىيەتلەردە ئىختىلاپ پەيدا قىلىۋاتقان بۇ مەسىلىلەر خەلقئارا كونتەرتىپتە كونسايىن مۇھىم ئورۇنغا ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلە غەربنىڭ تىرىشچانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك:

1) يادرو قوراللىرىغا، بىئولوگىيىلىك-خىمىيىلىك قوراللارغا ۋە ئۇلارنى توشۇش ۋاستىلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۇلارنى كېڭەيتمەسلىك سىياستى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەربىي ئەۋزەللىكىنى ساقلاش.

2) باشقا جەمئىيەتلەرنى غەربكە ئوخشاش كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشقا، دېموكراتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇرلاپ، غەربنىڭ سىياسىي قاراشلىرى ۋە تۈزۈلمىسىنى كېڭەيتىش.

3) غەيرىي غەرب دۆلەتلىرىنىڭ كۆچمەن، سەرگەردانلىرىنىڭ چېگرىدىن كىرىش سانىنى چەكلەپ، غەرب جەمئىيىتىنىڭ ھەزارەت، ئىجتىمائىي، ئىرقىي، مىللىي بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداش. بۇ ئۈچلا ساھەدە غەرب غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ ئۆز مەنپەئىتىنى قوغداشتا، قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئېزچىل دۇچ كېلىشى مۇمكىن.

## قوراللارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى

ھەربىي كۈچنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى يەر شارى ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. ياپونىيە، جۇڭگو ۋە باشقا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادى تېخىمۇ پاراۋانلاشقان چاغدا، ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچىمۇ شۇنچە كۈچىيىدۇ. ئىسلام دۆلەتلىرىدىمۇ ئاخىر شۇنداق ئەھۋال مەيدانغا كېلىدۇ. ئەگەر روسىيىنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، ئۇنىڭدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. 20- ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئون نەچچە يىلىدا نۇرغۇن غەيرىي غەرب دۆلەتلىرى غەربتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر، روسىيە، ئىسرائىلىيە ۋە جۇڭگودىن ئىلغار قوراللارغا ئېرىشتى ھەم ئۆزىنىڭ ئىلغار قوراللارنى ياسايدىغان ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. 21- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ جەريانلار يەنە داۋاملىشىدۇ ھەم تېزلىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، 21- ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىنكى خېلى بىر مەزگىلگىچە پەقەت غەربلا (ئاساسلىقى ئەنگلىيە

ۋە فرانسىيىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئامېرىكىنى كۆرسىتىدۇ، دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ھەربىي مۇداخىلە ئېلىپ بارالايدىغان ئىقتىدارنى ۋە دۇنيانىڭ ھەر قانداق جايىدىكى ھاۋا كۈچىنى ئۈنۈملۈك بومباردىمان قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلايدۇ. بۇلار دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەت بولمىش ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى، شۇنداقلا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ دۇنيانىڭ ھۆكۈمران مەدەنىيىتى بولۇشىنى بەلگىلىگەن ئاساسلىق ئامىل. يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە غەرب غەيرىي غەرب بىلەن بولغان مۇنتىزىم ھەربىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە.

ئەڭ خىل ھەربىي كۈچنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋاقىت، تىرىشچانلىق، مەبلەغ تەلەپ قىلىدۇ. بۇلار غەيرىي غەرب دۆلەتلىرىنىڭ غەربنىڭ مۇنتىزىم ھەربىي ئىقتىدارىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن باشقا ۋاستە، يول ئىزدىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ. ئۇلار بۇنىڭدىكى يېقىن يول كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللار ۋە ئۇلارنى توشۇش ۋاستىلىرىگە ئېرىشىش دەپ قارايدۇ. ھەر قايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ يادرولۇق دۆلەتلىرى، شۇنداقلا ئۆزى تەۋە رايوننى ئىدارە قىلىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بۇ قوراللارغا ئېرىشىشكە كۈچلۈك ئىنتىلىدۇ. بۇ قوراللار باشتا ئۇلارنى ئۆز مەدەنىيىتىگە تەۋە ۋە ئۆزى تەۋە رايوندىكى باشقا دۆلەتلەرنى كونترول قىلىش ئىمكانىيىتىگە، ئارقىدىن ئامېرىكا ياكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۆز مەدەنىيىتى ۋە رايونىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا نىسبەتەن تەھدىت سالالىغۇدەك ۋاستىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەگەر سادام ھۈسەيىنىنىڭ كۈۋەيتكە ئىككى-ئۈچ يىل كېيىن، يەنى ئىراق يادرو قورالىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن تاجاۋۇز قىلغان بولسا، كۈۋەيتنى بېسىۋېلىش ئېھتىماللىقى بەك زور ئىدى. غەيرىي غەرب دۆلەتلىرى دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىدىن تەجرىبە-ساۋاقلارنى قوبۇل قىلدى. شىمالىي چاۋشيەننىڭ ھەربىيلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ساۋاق دەل «ئامېرىكىلىقلارنى ئارمىيىسىنى توپلىۋېلىشىغا، ھاۋا ئارمىيىسىنى

ئىشلىتىشكە، تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىۋېلىشقا، ئۆلۈش-يارىلىنىش ئەھۋالى ناھايىتى يېنىك ئۇرۇش قىلىشقا يول قويماسلىق كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت بولدى①. بىر ھىندىستان گېنېرالىغا نىسبەتەن ئېنىق ھالدا «يادرو قوراللىرى بولمىغۇچە ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىق كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت بولدى②. پۈتۈن غەيرىي غەرب دۇنياسىنىڭ سىياسىي رەھبەرلىرى ۋە گېنېراللىرى بۇ ساۋاقنى ئېسىدە چىڭ تۇتتى، چۈنكى ئۇلار مۇنداق بىر ئەقىلگە مۇۋاپىق يەكۈنگە كېلىشتى: «ئەگەر سەندە يادرو قورالى بولسا، ئامېرىكا ساڭا ئۇرۇش ئوتى ئاچمايدۇ».

لاۋرېنس فرىدمان مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «يادرو قوراللىرىنىڭ زوراۋانلىق سىياسىيسىغا ئوخشىمايدىغان يېرى ئۇ خەلقئارا سىستېمىنىڭ پارچىلىنىشىنى تېزلەتتى. بۇ سىستېمىدىكى، ئىلگىرىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ رولى ئاجىزلىشىۋاتىدۇ». شۇڭا، غەربكە نىسبەتەن، يادرو قوراللىرىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا ئوينايدىغان رولى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى رولىنىڭ ئەكسىچە. خۇددى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى لېس ئاسپىن كۆرسەتكەندەك، يادرو قوراللار ئەينى يىللاردا غەربنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا سېلىشتۇرغاندىكى مۇتلەق قوراللار جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى تولۇقلىغانىدى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوراللىرى «تەڭداش قوراللار» ئىدى. ئەمما، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا ئامېرىكا «تەڭداشسىز مۇتلەق ھەربىي كۈچكە ئىگە. ناۋادا بىزنىڭ يوشۇرۇن دۈشمىنىمىزدە يادرو قوراللىرى بولۇپ قالسا ئۇلار بىز بىلەن تەڭلىشىپ قالىدۇ»③.

روسىيە ئۆزىنىڭ مۇداپىئە پىلانىدا يادرو قوراللىرىنىڭ رولىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ 1995-يىلى ئۇكرائىنادىن قىتئەلەر ئارا ئۇچىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلان سېتىۋېلىشى تېخىمۇ ھەيران قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ بىر قورال مۇتەخەسسىسى مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر بىزنىڭ ئاگلاۋاتقىنىمىز

دەل بىز 50- يىللاردا رۇسلارنى ئەيىبلىگەندە قىلغان گەپلەر. ھازىر رۇسلار: «بىز يادرو قوراللىرى ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ مۇنتىزىم قوراللار جەھەتتىكى ئاجىزلىقىمىزنى تولۇقلاشقا موھتاج دەۋاتىدۇ» ». يەنە بىر مىسال شۇكى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكا تەھدىت پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال يادرو قوراللىرىنى ئىشلىتىشتىن ۋاز كېچىشنى رەت قىلغانىدى، 1993- يىلى روسىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يادرو قوراللىرىنى باشتا ئىشلەتمەسلىك ۋەدىسىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو ئۆزىنىڭ چەكلىك يادرو تەھدىتى ئىستراتېگىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا 1964- يىلى جاكارلىغان بالدۇر يادرو قورالى ئىشلەتمەسلىك ۋەدىسىگە سوئال قويىدۇ ھەم بۇنى تەكىشەشكە باشلىدى④. بۇلار يادرو قوراللىرى ۋە باشقا كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارغا ئىگە بولغاندا، باشقا يادرو دۆلەتلەر ۋە رايونلۇق كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۇلاردىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۆز قوراللىرىنىڭ غەربنىڭ مۇنتىزىم ھەربىي ھەرىكىتىگە قارىتىلغان تەھدىتىنى زورايتىدۇ.

يادرو قوراللىرى غەربكە بىۋاستە تەھدىت پەيدا قىلىشى مۇمكىن. جۇڭگو ۋە روسىيىدە ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىغا يېتىپ بارالايدىغان يادرولۇق ئوق بېشى ئېلىپ ماڭالايدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا بار. شىمالىي چاۋشيەن، پاكىستان ۋە ھىندىستانمۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنىڭ ئېتىش مۇساپىسىنى يىراقلاشتۇرۇۋاتىدۇ، بەلكىم كەلگۈسىدە، غەربكە بىۋاستە زەربە بېرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يادرو قوراللىرىنى باشقا ئۇسۇلدىمۇ توشۇغىلى بولىدۇ. ھەربىي تەھلىلچىلەر، تېررورلۇق، پارتىزانچە ئۇرۇش، چەكلىك ئۇرۇش، كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللار ئىشلىتىلگەن غايەت زور ئۇرۇش، يادرو ئۇرۇشىنىڭ تەسىرىگە قەدەر ھەممىسىگە بىر-بىرلەپ تەبىر بېرىپ چىقتى. تارىختا تېررورلۇق ئاجىزلارنىڭ، يەنى ھېلىقى مۇنتىزىم

ھەربىي كۈچكە ئىگە ئەمەسلەرنىڭ قورالى ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن باشلاپ، يادرو قوراللىرىمۇ ئاجىزلارنىڭ مۇنتىزىم قوراللار كەم بولۇشتەك بوشلۇقنى تولۇقلايدىغان ۋاسىتىگە ئايلىنىپ قالدى. ئىلگىرى تېررورچىلارنىڭ ئىشلىپ بارالايدىغىنى پەقەت چەكلىك دائىرىدىكى زورلۇق پائالىيەتلىرى بولۇپ، بۇ يەردە بىر نەچچە ئادەمنى، ئۇ يەردە بىرەر ئەسلىھەنى پارتلىتاتتى. كەڭ كۆلەملىك زوراۋانلىق ھەرىكەت كەڭ كۆلەملىك ھەربىي كۈچ ھازىرلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما، كەلگۈسىدە، ئاز ساندىكى تېررورچىلار بەلكىم كەڭ كۆلەملىك زوراۋانلىق ھەرىكىتى ئىشلىپ بىرىشى ھەم تېخىمۇ زور كۆلەمدىكى بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىشى مۇمكىن. تېررورىزم ۋە يادرو قوراللىرى غەيرىي غەرب ئاجىز دۆلەتلىرىنىڭ قورالى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىككىسى بىرلەشسە، غەيرىي غەرب ئاجىز دۆلەتلىرىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنى ۋە ئۇلارنى توشۇش ۋاسىتىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تىرىشچانلىقى ئىسلام دىنى ۋە كونۇگزى دۆلەتلىرىگە مەركەزلىشىدۇ. پاكىستان، بەلكىم شىمالىي چاۋشيەنمۇ ئاز مىقداردىكى يادرو قوراللىرىغا ياكى ھېچبولمىغاندىمۇ يادرو قوراللىرىنى تېزلىكتە سەپلەش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇلار يەنە يادرو قوراللىرىنى توشۇيالايدىغان مۇساپىسى تېخىمۇ يىراق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. ئىراق سەل قارىغىلى بولمايدىغان خىمىيىۋى ئۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەم بىئولوگىيىلىك قورال ۋە يادرو قوراللىرىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدى. ئىران يادرو قوراللىرىنى ياساش ھەققىدە بىر زور پىلان تۈزگەن ھەم ئۆزى ياسىغان قوراللارنى توشۇش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىدۇ. 1988- يىلى ئىران زۇڭتۇڭى رافسانجانى مۇنداق جاكارلىدى: «ئىران چوقۇم ھەم ھۇجۇمچان، ھەم مۇداپىئەچان بولۇشى، خىمىيىۋىلىك، باكتېرىيىلىك، رادىئاتسىيىلىك قوراللار بىلەن ئۆزىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوراللاندۇرۇشى كېرەك». ئۈچ يىلدىن

كېيىن ئىراننىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى بىر قېتىملىق ئىسلام يىغىنىدا، «ئىسرائىلىيە يادرو قوراللىرىغا ئىگە بولغانىكەن، بىز مۇسۇلمانلارمۇ چوقۇم ھەمكارلىشىپ، ئاتوم بومبىسىنى ئىشلەپچىقىرىشىمىز، ب د ت يادرو كېڭىيىشىدىن توسۇشى بىلەن كارىمىز بولماسلىقى كېرەك»، دېدى. 1992- ۋە 1993- يىلى ئامېرىكىنىڭ بىر ئالىي دەرىجىلىك ئاخبارات ئەمەلدارى «ئىران ھازىر يادرو قورالىغا ئېرىشىشكە تىرىشىۋاتىدۇ» دېدى. 1995- يىلى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى كرىستون ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «بۈگۈن ئىران ھېچنېمىگە قارىماي يادرو قوراللىرىنى تەتقىق قىلماقتا، باشقا لىۋىيە، ئالجىرىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرىمۇ يادرو قورالى تەتقىقاتىغا قىزىقىدۇ». ئەلى مازورى قويۇق شېئىرىي تۈستە مۇنداق دەيدۇ: «ھىلال ئاي موگۇسمان بۇلۇتقا ئېسىلىپ تۇرماقتا»، ئۇ يەنە غەربتىن باشقا دۆلەتلەرگىمۇ تەھدىت پەيدا قىلىدۇ. ئىسلام ئاخىر «باشقا ئىككى خىل مەدەنىيەت — جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھىندى مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا شەرقتىكى يەھۇدىي زىئونىزمى ۋە سىياسىيلاشقان يەھۇدىي مەدەنىيىتى بىلەن نۆۋەتلىشىپ يادرو قىمارى ئوينايدۇ»[5].

قوراللارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى ئىزچىل تۈردە كۇڭزىچىلىق بىلەن ئىسلام دىنى مۇناسىۋىتىگە ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ كونكرېت ئامىل بولۇپ كەلدى. جۇڭگو ئىسلام دۆلەتلىرىگە مۇتىنىزىم قوراللار ۋە غەيرىي مۇتىنىزىم قوراللارنى ئۆتۈنۈپ بېرىشتە مۇھىم رول ئويناپ، جۇڭگو ئۆتۈنۈپ بەرگەن نەرسىلەر: «ئالجىرىيىگە ئۇنىڭ قۇملۇقىدا مۇداپىئەسى مۇكەممەل بىر مەخپىي يادرو رېئاكتورى قۇرۇپ بەردى، قارىماققا ئۇ تەتقىقاتقا ئىشلىتىلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما غەرب مۇتەخەسسىسلىرى ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئۇنى پلوتونىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە، دەپ قارايدۇ. لىۋىيىگە خىمىيۋى قورال ئەشيالىرىنى سېتىپ بەردى؛ سەئۇدى ئەرەبىستانىنى CSS-2 بەلگىلىك ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن

تەمىنلىدى؛ ئىراق، لىۋىيە، سۇرىيە، شىمالىي چاۋشيەنگە يادرو تېخنىكىسى ۋە ئەشيالىرىنى سېتىپ بەردى؛ ئىراقنى زور مىقداردىكى مۇنتىزىم قۇراللار بىلەن تەمىنلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىمالىي چاۋشيەن ئىران ئارقىلىق سۇرىيىگە باشتا «يەلتاپان C بەلگىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا» كېيىن بومبىلارنىڭ قويۇپ بېرىش سۇپىلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى⑥.

كۇڭزىچلىق بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ھەربىي ئالاقىسىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى جۇڭگو (شىمالىي چاۋشيەنمۇ بار) بىلەن پاكىستان- ئىران ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. 1980- يىلىدىن 1991- يىلىغىچە جۇڭگو قۇراللىرىنىڭ ئاساسلىق خېرىدارلىرى ئىران بىلەن پاكىستان، ئۇلاردىن قالسا ئىراق ئىدى. 70- يىللاردىن باشلاپ، جۇڭگو بىلەن پاكىستان ئارىلىقىدا پەۋقۇلئاددە يېقىن ھەربىي مۇناسىۋەت شەكىللەندى. 1989- يىلى جۇڭگو پاكىستاننىڭ قورال سېتىۋېلىشى ئۈچۈن قەرز بېرىش ھەققىدە بىر تولۇقلىما كېلىشىم ئىمزالىدى. نەتىجىدە جۇڭگو «پاكىستاننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ چوڭ قورال تەمىنلىگۈچىسى بولۇپ قالدى ھەم پاكىستاننى ئاساسەن ھەممە تۈردىكى ۋە ھەرخىل ئارمىيىلەر ئىشلىتىدىغان قوراللار بىلەن تەمىنلىدى». ئۇنىڭدىن باشقا جۇڭگو پاكىستانغا ياردەملىشىپ، رېئاكتىپ ئايروپىلان، تانكا، برونېۋىك ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئەسلىھەلىرىنى ياساپ بەردى. تېخىمۇ مۇھىمى، جۇڭگو پاكىستانغا يادرو قوراللىرى ياساش تەتقىقاتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ياردەملەرنى بەردى. ئېيتىلىشىچە، جۇڭگو پاكىستاننى ئۇران بىلەن تەمىنلىگەن، باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ لايىھىسى ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەن؛ بەلكىم پاكىستان جۇڭگونىڭ سىناق مەيدانلىرىدا يادرو قوراللىرىنى پارتلىتىپ سىناق قىلىۋېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا جۇڭگو يەنە پاكىستانغا يادرو قورالى توشۇيالايدىغان، مۇساپىسى 300 كىلومېتىرلىق M-11 بەلگىلىك باللىستىك سىنارەد تەمىنلەپ بېرىپ، ئامېرىكىغا قىلغان ۋەدىسىگە

خىلاپلىق قىلدى. بۇنىڭ بەدىلىگە، جۇڭگو پاكىستاندىن ھاۋادا ماي قاچىلاش تېخنىكىسى ۋە زەھەرلىك تىكەن بەلگىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا ئېرىشتى⑦.

90- يىللارغا كەلگەندە، جۇڭگو بىلەن ئىران ئارىسىدىكى ھەربىي مۇناسىۋەت بارغانسېرى قويۇقلىشىپ كەتتى. 80- يىللاردىكى ئىران-ئىراق ئۇرۇشىدا جۇڭگو ئىراننىڭ پۈتۈن قوراللىرىنىڭ %22نى تەمىنلىدى ھەم 1989- يىلى جۇڭگو ئىراننىڭ ئەڭ چوڭ قورال تەمىنلىگۈچىسى بولۇپ قالدى. جۇڭگو يەنە ئىراننىڭ يادرو قوراللىرىغا ئېرىشىش تىرىشچانلىقىغا ئاكتىپ ھەمكارلاشتى. «جۇڭگو-ئىران ھەمكارلىق كېلىشىمى نۇسخىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئىككى دۆلەت 1990- يىلى 1- ئايدا ئىلىم-پەن ھەمكارلىقى ۋە ھەربىي تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققىدە ئون يىللىق چۈشىنىش كېلىشىمى ھاسىل قىلدى. 1992- يىلى 9- ئايدا زۇڭتۇڭ رافسانجانى ئىراننىڭ يادرو مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا پاكىستاندا زىيارەتتە بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگوغا بېرىپ يەنە بىر يادرو ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. 1993- يىلى 2- ئايدا جۇڭگو ئىراندا 300 مېگا ۋاتلىق يادرو رېئاكتورىدىن ئىككىنى قۇرۇشقا قوشۇلدى. بۇ كېلىشىملەرنى ئىجرا قىلغاندا، جۇڭگو ئىرانغا يادرو تېخنىكىسى ۋە يادرو ئاخباراتى تەمىنلەپ بېرىپ، ئىراننىڭ ئالىم، ئىنژېنېر يېتىشتۈرۈشىگە ياردەم بەردى ھەمدە ئىرانغا كالۇترون قويۇلدۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى تەمىنلەپ بەردى. 1995- يىلى ئامېرىكىنىڭ توختىماي بېسىم ئىشلىتىشى بىلەن جۇڭگو بۇ ئىككى 300 مېگا ۋاتلىق يادرو رېئاكتورىنى سېتىپ بېرىشنى «بىكار قىلىش» (ئامېرىكىنىڭ ئېيتىشىچە) ياكى «توختىتىش» (جۇڭگونىڭ ئېيتىشىچە)قا قوشۇلدى. ئەمما، جۇڭگو يەنىلا ئىرانغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە يادرو تېخنىكىسىنى ئاساسلىق تەمىنلىگۈچى دۆلەت بولۇپ، ئىراننى 80- يىللارنىڭ ئاخىرى شىمالىي چاۋشيەن ئارقىلىق يىلە قۇرتى بەلگىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا، 1994-، 1995- يىللىرى «نەچچە ئون ياكى

نەچچە يۈز باشقۇرۇلىدىغان بومبا باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە كومپيۇتېرلاشقان ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلىگەن». جۇڭگو يەنە ئىراننىڭ جۇڭگوچە يەردە ئاتىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىشلەپچىقىرىشىغا رۇخسەت قىلغان. شىمالىي چاۋشيەنمۇ ئىرانغا ياردەملىشىپ باشقۇرۇلىدىغان بومبا توشۇپ بەرگەن، ئىراننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم قىلغان ھەمدە 1993- يىلى يەنە ئىراننى مۇساپىسى 600 ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان نودۇڭI تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن تەمىنلەشكە قوشۇلغان. بۇ ئۈچ بۇلۇڭلۇق مۇناسىۋەتنىڭ ئۈچىنچى پۇتىدا پاكىستان بار. ئىران پاكىستان بىلەن يادرو ساھەسىدە كەڭ دائىرىدە ھەمكارلىق ئورناتقان. پاكىستان ئىرانغا ئالىملىرىنى تەربىيىلەپ بەرمەكچى بولغان. 1992- يىلى 11- ئايدا پاكىستان، ئىران، جۇڭگو ئۈچ تەرەپ يادرو قۇرۇلۇشىنى ھەمكارلىشىپ ئىشلەش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى®. جۇڭگو، پاكىستان ۋە ئىراننىڭ كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن كەڭ دائىرىدە ياردەم بەردى. بۇلار بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئۈستىگە ئېلىشقان مەجبۇرىيەت ۋە ھەمكارلىقنىڭ پەۋقۇلئاددە سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

8.1- جەدۋەل. جۇڭگونىڭ 1980—1991- يىلىغىچە بەزى قوراللارنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ئەھۋالى

| قوراللار | ئىران | پاكىستان | ئىراق |
|---|---|---|---|
| ئاساسلىق جەڭ قىلغۇچى تانكا | 540 | 1,100 | 1,300 |
| ئەسكەر توشۇيدىغان قوراللانغان ماشىنا | 300 | - | 650 |
| تانكىغا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا | 7500 | 100 | - |
| زەمبىرەك/ راكېتا ئاتار | 1,200* | 50 | 720 |
| كۆرەشچى ئايروپىلان | 140 | 212 | - |
| پاراخوتقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا | 332 | 32 | - |
| يەردىن ھاۋاغا ئاتىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا | 788* | 222* | - |

* تەخمىنلەنگەن.

مەنبە: كارل W . ئېكىنبېررىي: «جۇڭگونىڭ قورال ئۆتۈنۈپ بېرىشىنى

چۇشەندۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىش» (ۋاشىنگتون: دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتى دۆلەتلىك ئىستراتېگىيە تەتقىقات ئورنى، مىكنېير ھۆججىتى 36- سان، 1995- يىلى 2- ئاي) 12- بەت.

بۇ ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە بۇلارنىڭ غەرب مەنپەئىتىگە شەكىللەندۈرگەن يوشۇرۇن تەھدىتى كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنىڭ كېڭىيىپ كېتىش مەسىلىسىنى غەرب بىخەتەرلىك كۈنتەرتىپىنىڭ باش مەسىلىسىگە ئايلاندۇردى. مەسىلەن، 1990- يىلى 59% ئامېرىكىلىق يادرو قوراللىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئامېرىكا دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ بىر مۇھىم نىشانى دەپ قارىدى. 1994- يىلى 82% ئامما ۋە 90% دىپلوماتىيە سىياسىتى تۈزگۈچىلەر يۇقىرىقىدەك قاراشتا بولدى. 1993- يىلى 9- ئايدا زۇڭتۇڭ كلىنتون يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتمەسلىكنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. 1994- يىلى «يادرو قوراللار، بىئولوگىيىلىك قوراللار ۋە خىمىيىۋى قوراللار ۋە ئۇلارنى توشۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى، تاشقى سىياسىتى ۋە ئىقتىسادىغا شەكىللەندۈرگەن غايەت زور پەۋقۇلئاددە تەھدىتى»گە تاقابىل تۇرۇشقا «مەملىكەت بويىچە جىددىي سەپەرۋەرلىك» ئېلان قىلدى. 1991- يىلى، ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى 100 خادىمغا ئىگە يادرو قوراللارنى كېڭەيتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەركىزى قۇردى. 1993- يىلى 12- ئايدا ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ئاسپىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ قوراللارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىگە قارشى بىر قارارنى ئېلان قىلدى ھەم يادرو بىخەتەرلىكى ۋە يادرو كېڭەيتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ياردەمچى مىنىستىر ئورنى تەسىس قىلدى[9].

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىر مەيدان تىپىك ھەربىي ھازىرلىنىشلار مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ھەم تېخنىكا جەھەتتە تېخىمۇ ئىلغار يادرو قوراللىرى ۋە توشۇش ئەسلىھەلىرىنى ياساپ چىقتى. بۇ ھەربىي ئىقتىدارنى

كۆچەيتىش ئارقىلىق ھەربىي ئىقتىدارنى كۆچەيتىشكە قارشى تۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا ئاساسلىق ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى باشقىچە شەكىلدە بولىدۇ. غەربنىڭ رەقىبلىرى كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارغا ئېرىشمەكچى، غەرب ئۇلارنى ئۇنىڭغا ئېرىشىشتىن توسماقچى. بۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىقتىدارىنى كۆچەيتىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ھەربىي ئىقتىدارىنى كۆچەيتىشكە قارشى تۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىقتىدارىنى كۆچەيتىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ھەربىي ئىقتىدارىنى كۆچەيتىشتىن چەكلەش ھېسابلىنىدۇ. ئېغىزدىكى تالاش-تارتىشلاردىن باشقا، غەربنىڭ يادرو قوراللىرى ئامېرىنىڭ كۆلىمى ۋە ئىقتىدارى رىقابەتنىڭ بىر قىسمى ئەمەس. ھەربىي ئىقتىدارنى كۆچەيتىش بىلەن ھەربىي ئىقتىدارنى كۆچەيتىشكە قارشى تۇرىدىغان قورال مۇسابىقىسىنىڭ نەتىجىسى ئىككى تەرەپنىڭ بايلىق، مەنبەسى، مەجبۇرىيىتى، تېخنىكا جەھەتتىكى رىقابىتىگە باغلىق. ئۇ ئالدىن بەلگىلەنگەن ئەمەس، ئەمما ھەربىي ئىقتىدارنى كۆچەيتىش ئارقىلىق ھەربىي ئىقتىدارنى كۆچەيتىشتىن چەكلەيدىغان قورال مۇسابىقىسىنىڭ نەتىجىسىنى ئوڭايلا پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. غەربنىڭ تىرىشچانلىقى بەلكىم باشقا جەمئىيەتلەرنىڭ ھەربىي ئىقتىدارىنى كۆچەيتىشىنى ئاستىلىتالىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلارنى توپتىن چەكلىيەلمەيدۇ. غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بارلىق غەرب ۋە غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ قورال سېتىش، تېخنىكا ۋە كەسپىي بىلىملەر ئارقىلىق پايدىغا ئېرىشىشتەك سودا ئىستىكى، شۇنداقلا يادرو دۆلەتلەر ۋە رايونلۇق كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئۆز رايونىدىكى زوراۋانلىق ئورنىنى ساقلاشقا ئۇرۇنۇشلىرى، ئامېرىكىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.

غەرب يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتمەسلىك دۇنيادىكى خەلقئارا تەرتىپ ۋە بارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش مەنپەئىتىگە

ئۇيغۇن دەپ قارايدۇ. ئەمما، باشقا دۆلەتلەر بولسا يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتمەسلىك غەربنىڭ زوراۋانلىقى ۋە مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارايدۇ. بۇ ئەھۋال غەربنىڭ بولۇپمۇ ئامېرىكا بىلەن بىخەتەرلىك مەنپەئىتى يادرو كېڭىيىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان رايونلۇق كۈچلۈك دۆلەتلەر يادرو كېڭىيىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئىختىلاپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. چاۋشيەننىڭ ئەھۋالى دەل شۇنداق. 1993- ۋە 1994- يىلى شىمالىي چاۋشيەننىڭ يادرو قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىدە ئامېرىكا ئامالسىز پېسخىك كرىزىسكە پېتىپ قالدى. 1993- يىلى 11- ئايدا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كلىنتون ئېنىق قىلىپ: «شىمالىي چاۋشيەننىڭ يادرو بومبىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يول قويۇشقا بولمايدۇ، بۇ مەسىلىدە بىزنىڭ پوزىتسىيىمىز چوقۇم قەتئىي بولۇشى كېرەك» دەپ جاكارلىدى. پارلامېنت ئەزالىرى، ۋەكىللەر ۋە سابىق بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى شىمالىي چاۋشيەننىڭ يادرو ئەسلىھەلىرىگە بالدۇر قول سېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىشتى. شىمالىي چاۋشيەننىڭ يادرو كۈچى ئامېرىكىنىڭ شەرقىي ئاسىيادا قوللىنىشى ئېھتىمالغا يېقىن ھەرىكەتلىرىنى چەكلەپ، مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. ناۋادا شىمالىي چاۋشيەن يادرو تېخنىكا قوراللىرىنى ساتسا، يەنە ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى مەنپەئىتىگىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن، كورېيە يادرو بومبىسى بىلەن ئۆز رايونىنىڭ مەنپەئىتىنى بىرلەشتۈرىدۇ. نۇرغۇن كورېيىلىكلەر شىمالىي چاۋشيەننىڭ يادرو بومبىسىنى «چاۋشيەن»نىڭ يادرو بومبىسى دەپ قارايدۇ، يەنى ئۇ مەڭگۈ باشقا چاۋشيەنلىكلەرگە ئىشلىتىلمەيدۇ، بەلكى چاۋشيەننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن ياپونىيە ۋە باشقا يوشۇرۇن تەھدىتلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. كورېيىنىڭ قەلەمدار ۋە ئەلەمدارلىرى يادرو ئىقتىدارىغا ئىگە بىر چاۋشيەن قۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. كورېيىنىڭ مەنپەئىتى

ئويدان كاپالەتلەندۈرۈلدى. چۈنكى، شىمالىي چاۋشيەن يادرو بومبىسى ياساش ئۈچۈن مەبلەغ سەرپ قىلدى. شىمالىي چاۋشيەننىڭ يادرو قوراللىرى بىلەن كورېيىنىڭ سانائەت كۈچى بىرلىشىپ، بىرلىككە كەلگەن چاۋشيەننى شەرقىي ئاسىيا سەھنىسىدە مۇھىم بىر رولچىغا ئايلاندۇرىدۇ. نەتىجىسىدە، ئامېرىكا بىلەن كورېيە ئارىسىدىكى زور ئىختىلاپ مۇنداق بىر دەرىجىگە يەتتى: 1994- يىلى ۋاشىنگتون چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدا ئېغىر كرىزىس يۈز بەردى دەپ قارىدى، ئەمما سېئۇلدا ھېچقانچە كرىزىس تۇيغۇسى كۆرۈلمىدى، بۇ ئىككى پايتەخت ئارىسىدا «كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان پەرق» پەيدا قىلدى. بىر مۇخبىر 1994- يىلى 6- ئايدا «كرىزىس» يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە مۇنداق دېدى: «نەچچە يىل ئاۋۋال شىمالىي چاۋشيەننىڭ يادرو قوراللىرى بىر غەلىتە ھادىسە ئىدى، كرىزىس تۇيغۇسى چاۋشيەندىن كەلگەن تېخىمۇ چوڭ كرىزىسنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى». ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىك مەنپەئەتى بىلەن جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ بىخەتەرلىك مەنپەئەتى ئارىسىدا ئوخشاش ئارىلىق مەۋجۇت. ئامېرىكىنىڭ ئۇ رايوندىكى يادرو قوراللىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىگە بولغان دىققىتى مەركىزىي رايون ئاھالىلىرىنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك. ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ بىر-بىرىنىڭ يادرو تەھدىتىنى قوبۇل قىلىشى ئامېرىكىنىڭ بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ يادرو پوپۇزىسىنى چەكلەش، يېنىكلىتىش ياكى يوقىتىش تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن ئوگاي دەپ قارايدۇ⑩.

ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللاردىن ئىبارەت بۇ «تەگىپۇگلاشتۇرغۇچ»نىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تىرىشچانلىقىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمايۋاتىدۇ، ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئامېرىكا زۇگتۇگى كىلىنتون شىمالىي چاۋشيەننىڭ يادرو قورالغا ئىگە بولۇشىغا يول قويغىلى بولمايدىغانلىقىنى جاكارلاپ، بىر ئايدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ ئاخبارات تارماقلىرى شىمالىي چاۋشيەن بەلكىم ئاللىقاچان بىر ياكى

ئىككى يادرو قورالىغا ئىگە بولۇپ بولغان بولۇشى مۇمكىن، دېدى⑪.
ئارقىدىنلا ئامېرىكا شىمالىي چاۋشيەنگە سەۋزە تەگلەپ، ئۇنى يادرو قورالىلار ئىشلەپچىقىرىشتىن ۋاز كېچىشكە قىلدى. ئامېرىكا ئوخشاشلا، ھىندىستان ياكى پاكىستاننىڭ يادرو قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى ئۆزگەرتەلمىدى ياكى توسالمىدى، ئىرانغا نىسبەتەنمۇ شۇنداق بولدى.
1995- يىلى 4- ئايدا چاقىرىلغان يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتمەسلىك شەرتنامىسى يىغىنىنىڭ مەركىزىي تېمىسى مەزكۇر شەرتنامە مۇددەتسىز كۈچكە ئىگە بولۇشى كېرەكمۇ ياكى مۇددىتىنى 25 يىل قىلىپ بەلگىلەش كېرەكمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر مۇددەتسىز ئۇزارتىشنى قوللىدى، ئەمما باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەر بەش چوڭ يادرو دۆلىتى ئۆزىدىكى يادرو قوراللارنى زور دەرىجىدە قىسقارتمىسا، بۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭدىن باشقا مىسىر، ئەگەر ئىسرائىلىيە شەرتنامىسگە قاتناشمىسا ھەم يادرو بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۆزىنىڭ مۇددەتسىز ئۇزارتىشقا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قۇۋلۇق، پارا بېرىش، تەھدىت سېلىش دېگەندەك ۋاسىتىلەر بىلەن، مۇددەتسىز ئۇزارتىش مەسىلىسىدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ ماقۇللۇقىنى قولغا كەلتۈردى. مەسىلەن، مىسىر، مېكسىكىلار مۇددەتسىز ئۇزارتىشقا قارشى تۇردى، ئەمما ئۇلار ئىقتىسادتا ئامېرىكىغا تايانغاچقا، ئۆزىنىڭ مەيدانىدا ئاخىرغىچە چىڭ تۇرالمىدى، ئەمما يەتتە مۇسۇلمان دۆلىتى (سۈرىيە، ئىئوردانىيە، ئىران، ئىراق، لىۋىيە، مىسىر، مالايسىيالار) ۋە بىر ئافرىقا دۆلىتى (نىگېرىيە) ئەڭ ئاخىرقى مۇنازىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ قارشى مەيدانىنى بىلدۈردى⑫.
1993- يىلى غەربنىڭ ئاساسلىق نىشانى خۇددى ئامېرىكىنىڭ سىياسىتى ئىپادىلىگەندەك، يادرو كېڭەيتمەسلىكتىن كېڭەيتىشكە

قارشى تۇرۇشقا ئۆزگەردى. بۇ خىل ئۆزگەرتىش رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىش، يەنى بەزىبىر يادرو كېڭەيتىشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ئىدى. مۇۋاپىق بىر ۋاقىتتا ئەگەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن ھالقىپ يادرو كېڭەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنى ئامېرىكا ۋە غەربنىڭ مەنپەئىتىگە خىزمەت قىلدۇرالىسا، ئامېرىكىنىڭ سىياسىتى يادرو كېڭەيتىشكە قارشى تۇرۇشتىن كېڭەيتىشنى قوبۇل قىلىشقا ئۆزگىرىدۇ. ئەمما، ئامېرىكا ۋە غەرب 1995- يىلىغىچە ئىزچىل چەكلەش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ كەلدى، ۋەھالەنكى بۇ سىياسەت مۇقەررەر مەغلۇب بولىدۇ. بىر كۆپ مەدەنىيەتلىك دۇنيادا يادرو قورالى ۋە باشقا كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنىڭ كېڭەيتىشى كۈچىنىڭ ئاستا-ئاستا، ئەمما ساقلانغىلى بولمايدىغان تەرزدە تارقىلىشىنىڭ بىر مۇھىم ئىپادىسى.

## كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە

70-، 80- يىللاردا 30 نەچچە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمى مۇستەبىتلىكتىن دېموكراتىيىگە ئۆزگەردى. بەزى سەۋەبلەر بۇ خىل ئۆزگىرىش دولقۇنىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تەرەققىيات شۈبھىسىزكى، بۇ سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈپ سەۋەب. بۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا، غەربىي ياۋروپادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا ئورگانلارنىڭ سىياسىتى ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى، فىلىپپىن، كورېيە ۋە شەرقىي ياۋروپالاردا دېموكراتىيىنىڭ ئورنىتىلىشىغا بولغان ياردىمى زور بولدى. دېموكراتىيىلىشىش خرىستىئان دىنى ۋە غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەردە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. يېڭى دېموكراتىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ كاتولىك دىنى ۋە پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان جەنۇبىي

ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ياۋروپادا مۇقىملىقنى ساقلاش مۇمكىنچىلىكى ئەڭ زور. لاتىن ئامېرىكىسىدا بولسا ئانچە مۇقىم ئەمەس. شەرقىي ئاسىيادا كاتولىك دىنىدىكى ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىنتايىن زور تەسىرىگە ئۇچرىغان فىلىپپىن 80- يىللاردا دېموكراتىك دۆلەتلەر قاتارىغا قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كورىيە ۋە تەيۋەندىكى خرىستىئان دىنى داھىيلىرىمۇ دېموكراتىيىلىشىش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇقىم دېموكراتىيە تۈزۈمى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، بالتىق جۇمھۇرىيەتلىرىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. پراۋوسلاۋىيە دىنى جۇمھۇرىيەتلىرىدە دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ مۇقىملىق دەرىجىسىدە زور پەرق بار ھەم ئۇنى پەرەز قىلماق تەس. مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ دېموكراتىيە ئىستىقبالى بولسا تولىمۇ غۇۋا. 90- يىللارغىچە كۇبادىن باشقا كۆپ ساندىكى خرىستىئان دىنىدىكى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك دۆلەتلەر دېموكراتىيىگە ئۆتۈشنى باشلىدى. ئەمما، ئافرىقا بۇنىڭ سىرتىدا قالدى.

بۇ ئۆزگىرىشلەر ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گۇمران بولۇشى غەربلىكلەرنى، بولۇپمۇ ئامېرىكىلىقلارنى پۈتۈن دۇنيادا بىر مەيدان دېموكراتىيە ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە غەربنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قارىشى ۋە سىياسىي دېموكراتىيە فورمىسى پۈتۈن دۇنيادا گۈللىنىدۇ، دېگەنگە ئىشەندۈردى. شۇڭا، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەشۋىقاتلىرى غەربلىكلەرنىڭ باش نىشانى بولۇپ قالدى. (كونا) بۇش ھۆكۈمىتىمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلىدۇ. 1990- يىلى 4- ئايدا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى جامېس بېيكىر مۇنداق دېدى: «چەكلەشتىن كېيىن كۈتۈۋاتقىنىمىز دېموكراتىيە تۈزۈمى»، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيا ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «زۇڭتۇڭ بۇش كۆرسىتىپ ئۆتتى، بىزنىڭ يېڭى ۋەزىپىمىز دېموكراتىيە تۈزۈمىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش». 1992- يىلىدىكى سايلامدا بىل كىلىنتونمۇ

دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ بۇ ھۆكۈمەتنىڭ باش ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. ئۇ بىر قېتىملىق سايلام نۇتقىدا تاشقى سىياسەت ھەققىدە گەپ قىلغاندا، پۈتۈن سۆزى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە بولدى. كلىنتون تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇ پۈتۈن دۆلەتتىكى دېموكراتىيە فوندىلىرىغا ئاجرىتىپ بېرىدىغان مەبلەغنى يەنە ئۆچتىن ئىككى قىسىم كۆپەيتىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك ياردەمچىسى كلىنتوننىڭ تاشقى سىياستىنىڭ باش تېمىسىنى «دېموكراتىيە كېڭەيتىش» دەپ بايان قىلدى. ئۇنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مەركىزىي مىنىستىرلىقنىڭ تۆت ئاساسلىق نىشانىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە مىنىستىرلىقتا بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن تەسىس قىلىپ، بۇ نىشاننى ئەملگە ئاشۇرماقچى بولدى. كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاستا-ئاستا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ تاشقى سىياسىتىدە كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگىلىدى. غەرب كونتروللۇقىدىكى خەلقئارا ئىقتىسادىي ئورگانلارمۇ بۇنى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە ياردەم قەرزى بېرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋالدى.

1995-يىلىغىچە ياۋروپا بىلەن ئامېرىكىنىڭ يۇقىرىقى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئوخشاش بولدى. ئاساسەن دېگۈدەك بارلىق غەيرىي غەرب دۆلەتلىرى غەربتىن كەلگەن بۇ بېسىمغا قارشىلىشىش پوزىتسىيىسىنى بىلدۈردى. بۇلار ھىندى دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرىنى، يەنە مەلۇم دەرىجىدە لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، غەربنىڭ دېموكراتىيىسىگە ئەڭ كۈچلۈك قارشى تۇرغىنى يەنىلا ئىسلام بىلەن ئاسىيا. بۇ خىل قارشىلىق ئۆز ھەزارىتىنى تەكىتلەشتىكى كەڭ دائىرىلىك ھەرىكەتلەرگە يىلتىز تارتقان بولۇپ، كونكرېت ئىپادىسى

ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى ۋە ئاسىيانىڭ ئۆز-ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىدىن ئىبارەت.

ئامېرىكىنىڭ ئاسىيادىكى مەغلۇبىيىتى، ئاساسەن ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي بايلىقىنىڭ ئېشىشى ۋە ئاسىيا دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ كۈچەيگەنلىكىدىن بولغان. ئاسىيانىڭ خەلقئارا قانۇن مۇتەخەسسىسلىرى ئاسىيانىڭ غەربكە تايىنىدىغان ۋە ئەگىشىدىغان كونا دەۋرىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى؛ 40- يىللاردا غەربنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەنلىكىنى، ب د ت نى كونترول قىلغان، دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى يازغانلىرىنىڭ ئاللىقاچان تارىخقا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى غەربلىكلەرنىڭ قايتا-قايتا سەمىگە سېلىپ قويدى. سىنگاپورنىڭ بىر ئەمەلدارى: «ئاسىيادا كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش تىرىشچانلىقى چوقۇم سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيا كۈچ تەقسىماتىدىكى ئۆزگىرىشنى نەزەردە تۇتۇشى كېرەك... غەربنىڭ شەرقىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىياغا بولغان تەسىرى ئاللىقاچان زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى» دېدى.

ئۇنىڭ كېيىنىڭ ئاساسى بار. ئامېرىكىنىڭ شىمالىي چاۋشيەن بىلەن ھاسىل قىلغان يادرو مەسىلىسى ھەققىدىكى كېلىشىمنى «شەرتلىك تەسلىم» دېسەك ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە جۇڭگو ۋە باشقا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە باش ئېگىشىنى بولسا، شەرتسىز تەسلىم دېيىش بەك مۇۋاپىق. ئامېرىكا ئىلگىرى تەھدىت سېلىپ، ئەگەر جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتمايدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئەڭ مەنپەئەتدار دۆلەتلىك تەمىناتى بەرمەيمىز، دېگەنىدى. نەتىجىدە كىلىنتون ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپىنىڭ بېيجىڭدا يۈز-خاتىرىسىمۇ قىلىنماي سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. ئامېرىكا بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئەسلىدىكى سىياسەتتىن ۋاز كېچىپ، ئەڭ مەنپەئەتدار دۆلەتلىك سالاھىيىتى بىلەن كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى باغلىمايدىغان

بولدى. ئامېرىكىنىڭ بۇ ئاجىزانە ئىپادىسىگە قارىتا جۇڭگو كىلىنتون ھۆكۈمىتى قارشى تۇرىدىغان ئىشنى قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى سىنگاپوردا بىر ئامېرىكا پۇقراسىنىڭ قامچا يېيىش ۋەقەسى، ھىندونېزىيىنىڭ شەرقىي تىمور دىكى زوراۋانلىق باستۇرۇش ۋەقەسى قاتارلىق مەسىلىلەردە، تۇگۇلۇۋېلىش پوزىتسىيىسىدە بولدى.

ئاسىيا دۆلەتلىرى ھاكىمىيەتلىرىنىڭ غەربنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىكى بېسىمىغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى، باشقا ئامىللار سەۋەبىدىنمۇ كۈچەيدى. ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ كارخانىلىرىنىڭ ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن سودىنى بەك تەرەققىي قىلدۇرغۇسى، ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۇ دۆلەتلەرگە مەبلەغ سالغۇسى بولغاچقا، ھۆكۈمەتكە زور بېسىم ئىشلىتىپ، ھۆكۈمەتتىن ئۇلارنىڭ بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىگە كاشىلا قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاسىيا دۆلەتلىرى غەربنىڭ بېسىمىنى ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق دەپ قارىدى ھەم بۇنداق مەسىلىلەر يۈز بەرگەندە، ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ بىر-بىرىنى قوللاشتى. جۇڭگونىڭ ئامېرىكىنىڭ ئەڭ مەنپەئەتدار دۆلەت تەمىناتىغا ئېرىشىش-ئېرىشەلمەسلىكى جۇڭگوغا مەبلەغ سالغان تەيۋەن، ياپونىيە، شياڭگاڭ سودىگەرلىرىنىڭ زور مەنپەئەتىگە چېتىلىدۇ. ياپونىيە ھۆكۈمىتى ھەمىشە ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى بىلەن ئارىلىق ساقلايدۇ. تيەنئەنمېن ۋەقەسى يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ياپونىيە باش ۋەزىرى گۇگرى شىيى مۇنداق دېدى: بىز «ئابستراكت كىشىلىك ھوقۇق قارىشى»نىڭ ياپونىيە-جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزۈشىگە يول قويمايمىز. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىتتىپاقى بېرمىغا بېسىم ئىشلىتىشنى خالىمايدۇ، ھەتتا 1994- يىلى ئۇنىڭ ھەربىي ھۆكۈمىتىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىشىنى قارشى ئالدى. ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كەلسەك، خۇددى ئۇنىڭ باياناتچىسى ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ

سىياسىتىنىڭ «ئەزەلدىن ئانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغانلىقىنى» ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارمۇ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىتتىپاقىنىڭ بىرمىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىقتىسادى كۈچىنىڭ ئېشىشى مالايسىيا، ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى شۇ دۆلەتلەرنى تەنقىد قىلىدىغان، شۇ دۆلەتلەر كىشىنى بىزار قىلىدىغان ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ دەپ قارىغان دۆلەت ۋە شىركەتلەرگە «تەتۈر شەرتلىك چەكلىمە» يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى⑭.

ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېشىشى بىلەن ئۇلار غەربنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە مەسىلىلىرىدە ئىشلەتكەن بېسىمىغا بارغانسېرى پەرۋا قىلمايدىغان بولدى. رىچارد نىكسون 1994- يىلى مۇنداق دېدى: «بۈگۈن جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ھەققىدىكى تەرغىباتلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوققا چىقاردى، ئون يىلدىن كېيىن بولسا ھېچكىمنىڭ ئۇلار بىلەن چاتىقى بولمايدىغان بولىدۇ، يىگىرمە يىلدىن كېيىن بولسا ئۇلار بەك كۈلكىلىك بولۇپ قالىدۇ»⑮. ئەمما، ئۇ چاغقا بارغاندا، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى سەۋەبلىك غەربنىڭ داۋاملىق ۋەز ئېيتىپ يۈرۈشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. ئىقتىسادنىڭ كۈچىيىشى ئاسىيا دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرىنىڭ غەرب دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرىگە بولغان كۈچىنى كۈچەيتىدۇ، تېخىمۇ يىراقنى كۆزلىگەندە، ئۇ ئاسىيا جەمئىيەتلىرىنىڭ ئاسىيا ھۆكۈمەتلىرىگە بولغان كۈچىنى كۈچەيتىدۇ. دېموكراتىيە تۈزۈم قارىشى كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان بۇرژۇئازىيە ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازلارنىڭ تۈرتكىسىدە تېخىمۇ كۆپ ئاسىيا دۆلەتلىرىدە دېموكراتىيە ئىشقا ئاشىدۇ.

يادرو كېڭەيتمەسلىكنى مۇددەتسىز ئۇزارتىش شەرتنامىسىگە سېلىشتۇرغاندا، غەربنىڭ ب د ت ئورگىنىدا كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش تىرىشچانلىقى ئومۇمەن ھېچنېمىگە

ئەسقاتمىدى. ئايرىم ئەھۋالنى ھېسابقا ئالمىغاندا (مەسىلەن، ئىراقنى ئەيىبلەش) كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدىكى قارارلار ھەمىشە ب د ت دا بىلەت تاشلاشتا رەت قىلىنىپ كېتىدۇ. بەزى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىدىن باشقا دۆلەتلەر نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن «كىشىلىك ھوقۇق جاھانگىرلىكى» دەپ قارىلىدىغان تىرىشچانلىقلارنى ئىنتايىن تۆۋەن ئاۋازدا قوللايدۇ. مەسىلەن، 1990- يىلى شۋېتسىيىنىڭ 20 نەچچە غەرب دۆلىتىگە ۋاكالىتەن ئوتتۇرىغا قويغان بىرما ھەربىي ھۆكۈمىتىنى ئەيىبلەش لايىھىسى ئاسىيا ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن رەت قىلىندى. ئىراننى كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلدى، دېگەن ئەيىبنامىمۇ رەت قىلىندى، ھەتتا 90- يىلىدىن كېيىنكى ئوندا بەش يىل ئىچىدە جۇڭگو ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، غەربنىڭ ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىش ھەققىدىكى لايىھىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. 1994- يىلى پاكىستان ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىدا لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھىندىستاننى كەشمىردە كىشىلىك ھوقۇققا تاجاۋۇز قىلدى، دەپ ئەيىبلىدى. ئەمما، پاكىستان ھىندىستان بىلەن دوستانە دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىپ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى، ھەتتا پاكىستاننىڭ ئەڭ يېقىن ئىككى ھەمراھى، ئىلگىرىمۇ ھۇجۇم نىشانى بولۇپ قالغان جۇڭگو بىلەن ئىرانمۇ قارشى تۇردى ھەم پاكىستانغا لايىھىنى بىكار قىلىۋېتىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. «ئىقتىسادشۇناسلار» ژۇرنىلى مۇنداق دېدى: «ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ھىندىستاننىڭ كەشمىردىكى ۋەھشىي قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىيەلمەسلىكى سەۋەبىدىن رولىنى يوقىتىپ، ھىندىستاننىڭ قىلمىشىغا (ھەئە) دېدى، باشقا دۆلەتلەرمۇ قانۇن سىرتىدا يۈرۈۋاتىدۇ؛ تۈركىيە، ھىندونېزىيە، كولومبىيە، ئالجىرىيەلەرمۇ ئەيىبلەشتىن قۇتۇلدى. كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى قىرغىنچىلىق ۋە ۋەھشىي جازا يۈرگۈزگەن ھۆكۈمەتلەرنى مانا شۇنداق قوللىدى. بۇ، بۇ كومىتېتنى قۇرغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىنىڭ پۈتۈنلەي

ئەكسىچە ئىش بولۇپ قالدى»⑮.

غەرب بىلەن باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قارىشىدىكى پەرقى، غەربنىڭ ئۆز نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى چەكلىك ئىقتىدارى 1993- يىلى 6- ئايدا ۋېنادا ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا ئېنىق ئاشكارىلاندى. بۇ يىغىندا ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكا بىر تەرەپ، تەخمىنەن 50 غەيرىي غەرب دۆلىتى يەنە بىر تەرەپ بولدى، كېيىنكىلىرى ئىچىدە 15 دۆلەت ئەڭ جانلىق بولۇپ، ئۇلار بىر لاتىن ئامېرىكىسى دۆلىتى (كۇبا)، بىر بۇددا دىنى دۆلىتى (بىرما)، سىياسىي ئىدېئولوگىيىسى، ئىقتىسادىي تۈزۈمى، تەرەققىيات سەۋىيىسىدە زور پەرق بار تۆت كۇڭزى دۆلىتى (سىنگاپور، ۋېيتنام، شىمالىي چاۋشيەن، جۇڭگو)، توققۇز مۇسۇلمان دۆلىتى (مالايسىيا، ھىندونېزىيە، پاكىستان، ئىران، ئىراق، سۈرىيە، يەمەن، سودان، لىۋىيە) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ ئاسىيا-ئىسلام گۇرۇھىنىڭ داھىيلىرى جۇڭگو، سۈرىيە ۋە ئىران. بۇ ئىككى گۇرۇھ ئارىسىدا كۇبادىن باشقا لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە غەربنى قوللايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئافرىقا ۋە پراۋوسلاۋىيە دىنى دۆلەتلىرىمۇ بار. ئۇلار بەزىدە غەربنى قوللاپ قويىدۇ، ئەمما ھەمىشە دېگۈدەك غەربكە قارشى مەيدان تۇتىدۇ.

ھەر قايسى دۆلەتلەرنى مەدەنىيەت سىزىقى بويىچە ئايرىشتا تايىنىدىغان مەسىلىلەر مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: كىشىلىك ھوقۇق ھەققىدىكى ھەممىباپچىلىق ۋە ھەزارەت نىسپىيچىلىكى؛ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھوقۇق (بۇ تەرەققىيات ھوقۇقى ئالدىدا تۇرامدۇ ياكى سىياسىي ھوقۇق ۋە پۇقرالار ھوقۇقى ئالدىدىمۇ؟ دېگەن تالاش-تارتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ ئىقتىسادىي ياردەمگە سىياسىي چەكلەش شەرتى قويۇشقا بولامدۇ، يوق؟ ب د ت مەخسۇس كىشىلىك ھوقۇق ھەيئىتى تەسىس قىلىشى كېرەكمۇ؟ بىرلا ۋاقىتتا ۋېنادىكى يىغىنغا قاتناشقان غەيرىي ھۆكۈمەت كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ھۆكۈمەت يىغىنلىرىغا قاتنىششقا قانچىلىك دەرىجىدە

رۇخسەت قىلىنىشى كېرەك؟ يىغىن قوشۇلغان ئالاھىدە ھوقۇقلار شۇنداقلا بەزى تېخىمۇ كونكرېت مەسىلىلەر، مەسىلەن، دالاي لامانى يىغىندا سۆز قىلىشقا رۇخسەت قىلىش كېرەكمۇ، يوق؟ بوسنىيىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغان ھەرىكىتىنى ئېنىق ئەيىبلەش كېرەكمۇ، يوق؟ قاتارلىقلار.

غەرب دۆلەتلىرى بىلەن ئىسلام گۇرۇھلىرى ئارىسىدا بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا زور ئىختىلاپ بار. ۋېنادىكى يىغىن ئېچىلىشتىن ئىككى ئاي ئىلگىرى ئاسىيا دۆلەتلىرى باڭكوكتا يىغىن ئېچىپ بىر خىتابنامە ماقۇللىدى. خىتابنامىدە كىشىلىك ھوقۇق چوقۇم «دۆلەت ۋە رايون ئالاھىدىلىكىگە، شۇنداقلا تارىختا شەكىللەنگەن دىن، ھەزارەت ئاستىغا قويۇپ تەھلىل قىلىنىشى كېرەك»؛ كىشىلىك ھوقۇقنى نازارەت قىلىش دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىدى؛ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى ئىقتىسادىي ياردەمنىڭ شەرتى قىلىش تەرەققىيات ھوقۇقىغا خىلاپ، دېگەنلەر تەكىتلەندى. يۇقىرىقى مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپ بەك چوڭ بولغاچقا، ۋېنادىكى چوڭ يىغىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەييارلىق يىغىنىدا ھاسىل قىلىنغان ئاساسەن دېگۈدەك بارلىق ھۆججەتلەرگە بىر ياكى بىر نەچچە دۆلەتنىڭ قوشۇلمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تىرناق ئېچىپ قويۇلدى.

غەرب دۆلەتلىرى ۋېنادا ئېچىلىدىغان يىغىنغا ئوبدان تەييارلىق قىلمىغانىدى. ئۇلار سان جەھەتتە پاسسىپ ئورۇندا ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار يىغىندا رەقىبلىرىگە كۆپ يول قويىدى. نەتىجىدە، ئاياللار ھوقۇقىنى قوغداش ھەققىدە كۈچلۈك قوللاش ئىپادىسى بىلدۈرگەندىن باشقا، يىغىننىڭ ماقۇللىغىنى پەقەت ناھايىتى تۆۋەن چەكتىكى بىر ھۆججەت بولدى. بىر كىشىلىك ھوقۇق قوللىغۇچىسى ئۇ ھۆججەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ بىر «ئىختىلاپ ۋە زىددىيەت»كە تولغان ھۆججەت بولۇپ، ئۇ ئاسىيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ غەلىبىسىگە، غەربنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدى⑰. ۋېنا خىتابنامىسى سۆز، خەۋەر، يىغىلىش، ۋە دىنىي

ئەركىنلىككە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نۇرغۇن جەھەتتىكى مەيدانى 1948- يىلى ماقۇللانغان ب د ت دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدىن ئاجىز بولدى. بۇ ئۆزگىرىش غەرب كۈچىنىڭ ئاجىزلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بىر ئامېرىكىلىق كىشىلىك ھوقۇق قوللىغۇچىسى مۇنداق كۆرسەتتى: «1945- يىلىدىكى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تۈزۈمى يوقالدى، ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىكى ئاجىزلىدى، 1992- يىلى يۈز بەرگەن بەزى ۋەقەلەرگە نىسبەتەن ياۋروپامۇ پەقەتلا بىر يېرىم ئاراللىق رولىنى ئوينىيالىدى. ھازىرقى دۇنيا خۇددى ئىلگىرى غەربلىكلەرنىڭ دۇنياسى بولغاندەك يەنە، ئەرەبلەرنىڭ، ئاسىيالىقلارنىڭ، ئافرىقىلىقلارنىڭ دۇنياسى بولۇپ قالدى. ھازىر دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ۋە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىسى دېگەنلەر دۇنياغا نىسبەتەن، 2- دۇنيا ئۇرۇشى ئەمدىلا ئاخىرلاشقان ۋاقىتتىكىدەك مۇھىم ئەمەس». غەربكە تەنقىدىي پوزىتسىيىدىكى بىر ئاسىيا ئوبزورچىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشراق بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى: «1948- يىلى دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ماقۇللانغاندىن بۇيان، يەھۇدىي-خرىستىئان دىنى ۋە تەبىئىي قانۇن ئەنئەنىسىگە كىرمىگەن دۆلەتلەر بىرىنچى قېتىملىق ئالدىنقى قاتاردىكى دۆلەتلەر قاتارىغا كىردى. بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەزىيەت ئەمدى يېڭى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق سىياسىيسىنى بەلگىلەيدۇ ھەم تېخىمۇ كۆپ توقۇنۇش پۇرسەتلىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ»[18].

يەنە بىر كۆزەتچى مۇنداق دېدى: «ئەگەر غەلىبە ھېچبولمىغاندا باشقىلارغا بىكار ئىشقا ئارىلاشما دېيىش ئارقىلىق ئۆلچەنسىدىغان بولسا ۋېنادىكى ئەڭ چوڭ ئۇتقۇچى جۇڭگو بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن يىغىن جەريانىدا جۇڭگو ئۆزلۈكسىز غەلىبە قىلىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۇسۇلى ھەممىلا جايدا ئۆزىنىڭ ۋەزنىنى نامايان قىلىش»[19]. ئەمما، ۋېنادىكى يىغىندا ئېرىشكەن بىلتى ئاز ھەم كونتروللۇق ھوقۇقىنى يوقىتىپ قويغان غەرب بىر نەچچە ئاي كېيىن جۇڭگوغا قارشى

تورۇشتا خېلى زور غەلىبىگە ئېرىشتى. 2000- يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈش جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بىر مۇھىم نىشانى ئىدى. جۇڭگودىمۇ بۇنى تەلەپ قىلىش سادالىرى بەك يۇقىرى، ئاممىنىڭ ئۈمىدىمۇ زور ئىدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىمۇ باشقا دۆلەتلەر ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى؛ تەيۋەن بىلەن شياڭگاڭمۇ ھەمدەمدە بولدى. يەنە بىر تەرەپتە ئامېرىكا پارلامېنتى، ياۋروپا پارلامېنتى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلۈشىگە كۈچلۈك قارشى تۇردى. گەرچە ئولىمپىك تەنتەربىيە كومىتېتىدا بېلەت تاشلاش مەخپىي ئېلىپ بېرىلسىمۇ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ پوزىتسىيىسى مەدەنىيەتكە ئاساسەن روشەن ئايرىلدى. ئېيتىلىشىچە، 1- قېتىملىق بېلەت تاشلاشتا بېيجىڭ ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ كەڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇپتۇ، سىدنېي ئىككىنچى ئورۇندا ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە قېتىملىق بېلەت تاشلاشتا ئىستانبۇل شاللىنىۋېتىلگەندىن كېيىن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كۇڭزىچى دۆلەتلەر بىلەن ئىسلام دۆلەتلىرى بېلەتنى بېيجىڭغا تاشلىدى؛ بېرلىن ۋە مانچېستىر چېكىنگەندىن كېيىن، بۇ ئىككى شەھەرنىڭ ئىلگىرى ئېرىشكەن بېلەتلىرى سىدنېيغا تاشلىنىپ، تۆتىنچى قېتىملىق بېلەت تاشلاشتا سىدنېي غەلىبە قىلىپ، بېيجىڭ شاللىنىۋېتىلدى. جۇڭگو بۇ ھېسابنى ئامېرىكىنىڭ ئۈستىگە يازدى. لى گۇاڭياۋ مۇنداق دېدى: «ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جۇڭگونىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇردى،... ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا قارشى تۇرۇشىدىكى يۈزەكى سەۋەب ‹كىشىلىك ھوقۇق›، ھەقىقىي سەۋەب سىياسىي، مەقسەت غەربنىڭ سىياسىي تەسىرىنى نامايان قىلىش»[20]. شۈبھىسىزكى، دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى كىشىلىك ھوقۇق ئەمەس، تەنتەربىيە. ئەمما، غەربنىڭ ۋىنا ۋە باشقا جايلاردىكى كىشىلىك

ھوقۇق مەسىلىسىدە ئۇچرىغان مەغلۇبىيىتىنى نەزەردە تۇتقاندا، غەربنىڭ «تەسىرى»نى نامايان قىلىدىغان بۇ بىردىنبىر ئىش يەنىلا ئادەمگە غەربنىڭ ئاجىزلىقىنى ئەسلىتىدۇ.

2000- يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا بىلەت تاشلاش ئەھۋالى

| قېتىم سانى / شەھەر | 1- قېتىم | 2- قېتىم | 3- قېتىم | 4- قېتىم |
|---|---|---|---|---|
| بېيجىڭ | 32 | 37 | 40 | 43 |
| سىدنېي | 30 | 30 | 37 | 45 |
| مانچېستىر | 11 | 13 | 11 | |
| بېرلىن | 9 | 9 | | |
| ئىستانبۇل | 7 | | | |
| خوڭكوڭدىن ۋاز كەچكەن | | | 1 | 1 |
| جەمئىي | 89 | 89 | 89 | 89 |

غەربنىڭ تەسىرى ئاجىزلىشىپلا قالماستىن، يەنە غەربنىڭ دېموكراتىيە مەسىلىسىدىكى ئۆز ئارا زىددىيىتى ئۇنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارزۇسىنىمۇ ئاجىزلاشتۇردى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە غەرب، بولۇپمۇ ئامېرىكا «دوستانە زالىم» مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن. ئۇ مەزگىلدە كومپارتىيىگە قارشى ھەربىي ھاكىمىيەتلەر ۋە مۇستەبىتلەر سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى يارامىلىق ھەمراھلار ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئامېرىكىنى ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشسا تەڭقىسلىقتا قوياتتى. بۇ ھاكىمىيەتلەر كىشىلىك ھوقۇقنى ۋەھشىيلەرچە دەپسەندە قىلغاندا، بۇ خىل ھەمكارلىق ئادەمنى خاتىرجەمسىزلەندۈرەتتى، بەزىدە كىشىنى گاڭگىرىتاتتى. ئەمما، غەرب چۈشەندۈرۈپ، بۇ خىل ھەمكارلىقنىڭ زىيىنى كۆپ ئەمەس، چۈنكى بۇ ھۆكۈمەتلەر كوممۇنىزم ھاكىمىيىتىگە ئوخشاش پۈتۈنلەي زۇلۇم خاراكتېرىدە ئەمەس، يەنە كېلىپ ئۇلار ئۇزاققىچە داۋاملىشالمايدۇ،

ئۇلار ئامېرىكا ۋە باشقىلارنىڭ تاشقى تەسىرىنى ئوڭاي قوبۇل قىلىدۇ، دەيتتى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا بىر دوستانە زالىم بىلەن يەنە بىر دوستانە ئەمەس دېموكراتىيە تۈزۈمى ئارىسىدىكى تاللاش تېخىمۇ قىيىن. غەربنىڭ مۇقەررەر پەرىزى شۇكى، دېموكراتىك سايلانغان ھۆكۈمەت بىلەن ئەلۋەتتە ھەمكارلاشقىلى بولىدۇ، ئەمما غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەتلىرى غەربپەرەس بولۇشى ناتايىن، چۈنكى ئۇ يەردە سايلام غەربكە قارشى مىللەتچىلەر ياكى ئەسلىيەتچىلەرنى ھوقۇق بېشىغا چىقىرىپ قويىدۇ. 1992- يىلى ئالجىرىيە ھەربىيلىرى ئىسلام ئەسلىيەتچى پارتىيىسى — ئىسلام قۇتقۇزۇش فرونتىنىڭ سايلام غەلىبىسىنى بىكار قىلىۋەتكەندە، غەرب «ئۇھ» دېدى. 1995- ۋە 1996- يىلى تۈركىيىدىكى ئەسلىيەتچى پارتىيە — گۈللىنىش پارتىيىسى، ھىندىستاندىكى مىللەتچىلەر پارتىيىسى — ھىندى خەلق پارتىيىسى سايلامدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىلىپ، غەربلىكلەرنىڭ يۈرىكى جايىغا كەلدى. يەنە بىر تەرەپتە ئىران ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئىنقىلابى جەريانىدا مەلۇم جەھەتلەردىن ئالغاندا، ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. سەئۇدى ئەرەبىستانى، مىسىر قاتارلىق نۇرغۇن ئەرەب دۆلەتلىرىدە سايلام چوقۇم غەربنىڭ مەنپەئىتىگە ئەسلىدىكى غەيرىي دېموكراتىك دۆلەتلەردەكمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ھۆكۈمەتلەرنى تەختكە چىقىرىدۇ، جۇڭگودا يۇقىرىلارنىڭ سايلىمى ئارقىلىق تەختكە چىققان ھۆكۈمەت بەلكىم يۈكسەك دەرىجىدە مىللەتچى ھۆكۈمەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. غەرب رەھبەرلىرى غەيرىي غەرب جەمئىيىتىدىكى دېموكراتىيىلىشىشنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزلىرىگە مايىللىقى يوق ھۆكۈمەتلەرنى تەختكە چىقىرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا، ئۇلار بۇ سايلاملارغا تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش بىلەن بىرگە بۇ جەمئىيەتلەردە دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش قىزغىنلىقىنى يوقاتتى.

## كۆچمەنلەر

ئەگەر نوپۇسنىڭ تارقىلىشى خۇدانىڭ تەقدىرى بولسا، ئۇنداقتا نوپۇسنىڭ ئېقىشى تارىخنىڭ ماتورىدۇر. ئىلگىرىكى بىر نەچچە ئەسىردە ئوخشاشمىغان ئېشىش نىسبەتلىرى، ئىقتىسادىي ھالەت ۋە ھۆكۈمەت سىياسىتى گرېكلار، يەھۇدىيلار، ئارىيانلار قەبىلىلىرى، سىكاندىناۋىئانلار، تۈركلەر، رۇسلار ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ زور كۆلەمدە سىرتقا ئېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بەزى ئەھۋاللاردا بۇ يۆتكىلىشلەر نىسبەتەن تىنچ بولدى، يەنە بەزىبىر ئەھۋاللاردا يېغىلىقتا تولدى. 19- ئەسىردە ياۋروپالىقلار سىرتقا كېڭەيگەن ئاساسلىق ئىرق بولۇپ قالدى. 1821- يىلدىن 1924- يىلغىچە تەخمىنەن 55 مىليون ياۋروپالىق چەت ئەللەردە ئولتۇراقلاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 34 مىليونى ئامېرىكىغا باردى. غەربلىكلەر باشقا مىللەتلەرنى بويسۇندۇردى، ھەتتا بەزىلىرىنى يوقىتىپ، نوپۇسى شالاڭراق يەرلەرنى ئېچىپ ئولتۇراقلاشتى. نوپۇسنىڭ سىرتقا چىقىرىلىشى بەلكىم 16 — 20- ئەسىرلەردە غەربنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنىڭ بىردىنبىر ئەڭ مۇھىم پىشاكى ھېسابلىنىشى مۇمكىن.

20- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىلگىرىكىگە ئوخشاشمايدىغان، كۆلىمى تېخىمۇ زور كۆچمەنلەر دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 1990- يىلى قانۇنلۇق خەلقئارا كۆچمەنلەر 100 مىليونغا، سەرگەردانلار 19 مىليونغا يېقىنلاشقان، قانۇنسىز كۆچمەنلەر بولسا 10 مىليونغا يەتكەن. بۇ يېڭى كۆچمەنلەر دولقۇنى قىسمەن دەرىجىدە مۇستەملىكىسىزلىنىش، يېڭى دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، كىشىلەرنى كۆچۈشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان ياكى مەجبۇرلايدىغان دۆلەت سىياسىتىنىڭ، زامانىۋىلىشىش ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. قاتناش قوراللىرىنىڭ ياخشىلىنىشى كۆچۈشكە تېخىمۇ قولايلىق شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەردى. خەۋەرلىشىشنىڭ ياخشىلىنىشى، ئىقتىسادىي پۇرسەت ئىزدەش

قىزغىنلىقىنى كۆچمەنلەر ھەم كۆچمەنلەرنىڭ ۋەتىنىدە قالغان ئائىلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، خۇددى غەربنىڭ ئىقتىسادىي ئېشىشى 19- ئەسىردىكى كۆچۈشنى قوزغىغۇەتكىنىدەك، غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ ئوخشاشلا 20- ئەسىردىكى كۆچۈشنى قوزغىغۇەتتى. كۆچۈش بىر ئۆزىنى ئۆزى كۈچەيتىدىغان جەريان بولۇپ قالدى. مايرون ۋېينىر مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر بىرلىككە كەلگەن ‹كۆچمەنلەر› قائىدىسى بولسا، كۆچمەنلەر يۇرتىدىكى تۇغقان، دوستلىرىغا ئۇچۇر، خىراجەت تەمىنلەپ بېرىپ، ئۇلارنىمۇ كۆچۈرەلەيدۇ ھەم ئۇلارنىڭ خىزمەت، ئۆي تېپىشىغا ياردەم قىلىدۇ». بۇنىڭ نەتىجىسى ئۇنىڭ سۆزى بويىچە بىر «يەر شارى خاراكتېرلىك كۆچمەنلەر كرىزىسى» بولۇپ قالدۇ[21].

غەربلىكلەر ئەزەلدىن يادرو كېڭىيىشىگە كۈچلۈك قارشى تۇرۇپ، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇقنى قوللاپ كەلگەن. ئەمما، ئۇلارنىڭ كۆچمەنلەر مەسىلىسىگە بولغان قارىشى بۇنىڭ بىلەن زىت ھەم بۇ 20- ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 20 يىلىدا تەگىپۇڭ كۈچلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەردى. 70- يىللارغىچە ياۋروپادىكى دۆلەتلەر ئومۇمیۈزلۈك كۆچمەنلەرنى قوللايتتى. بەزى دۆلەتلەر، بولۇپمۇ گېرمانىيە ۋە شۋېيتسارىيە ئەمگەك كۈچلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن كۆچمەنلەرنى ئۆز دۆلەتلىرىگە كېلىشكە ئىلھاملاندۇردى. 1965- يىلى ئامېرىكا 20- يىللاردا بەلگىلىگەن ياۋروپاغا كۆچۈشنىڭ چەكلىمە سانىنى بىكار قىلىدى ھەم قانۇننى ئۇزۇل-كېسىل ئۆزگەرتىپ، 70-، 80- يىللاردا كۆچمەنلەرنىڭ كۆپلەپ ئېقىپ كىرىشىگە ئىمكانىيەت ياراتتى ھەم يېڭى كۆچمەنلەر مەنبەسى پەيدا قىلدى، ئەمما 80- يىللارنىڭ ئاخىرىدا، يۇقىرى ئىشسىزلىق نىسبىتى، كۆچمەنلەر سانىنىڭ كۆپىيىشى، كۆچمەنلەر ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن «غەيرىي غەربچە» ئالاھىدىلىكلەر ياۋروپالىقلارنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە سىياسىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن

ئۇخشاش سەۋەبتىن ئامېرىكىلىقلارنىڭ پوزىتسىيىسىدىمۇ، شۇنداق ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولدى.

20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، كۆپ ساندىكى كۆچمەن، سەرگەردانلار بىر غەيرىي غەرب دۆلىتىدىن يەنە بىر غەيرىي غەرب دۆلىتىگە كۆچتى. ئەمما، غەرب دۆلەتلىرىگە كىرگەن كۆچمەنلەرنىڭ سانى 19- ئەسىردە ياۋروپادىن باشقا جايلارغا كۆچكەنلەرنىڭ سانى بىلەن تەڭلىشىپ قالدى. 1990- يىلى تەخمىنەن 20 مىليون بىرىنچى ئەۋلاد كۆچمەن ئامېرىكىدا، 15 مىليون 500 مىڭ كۆچمەن ياۋروپادا، 8 مىليون كۆچمەن ئاۋستىرالىيە ۋە كانادادا ياشىدى. ياۋروپادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەردە كۆچمەنلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇستىكى نىسبىتى 7% — 8%كە يەتكەن. 1994- يىلى ئامېرىكىدا 8.7%كە يېتىپ، 1970- يىلدىكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپەيگەن بولۇپ، كالىفورنىيە شتاتى نوپۇسىنىڭ 25%نى، نيۇيورك شەھىرى نوپۇسىنىڭ 16%نى ئىگىلىگەن. 80- يىللاردا تەخمىنەن 8 مىليون 300 مىڭ ئادەم ئامېرىكىغا كىرگەن، 90- يىللارنىڭ دەسلەپكى تۆت يىلىدا بۇ سان تەخمىنەن 4 مىليون 500 مىڭ بولغان.

يېڭى كۆچمەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى غەيرىي غەرب دۆلەتلىرىدىن كەلگەن. گېرمانىيىدە 1990- يىلى تۈركىيە كۆچمەنلىرى 1 مىليون 675 مىڭغا يەتكەن، ئۇنىڭدىن قالسا يۇگوسلاۋىيە، ئىتالىيە، گرېتسىيىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر ئەڭ كۆپ. ئىتالىيىگە ئاساسلىق كۆچمەنلەر ماراكەش، ئامېرىكىدىن (پەرز قىلىنىشىچە نۇرغۇن ئىتالىيان ئامېرىكىلىقلار قايتىپ كەلگەن)، تۇنس، فىلىپپىن قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن. 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەخمىنەن 4 مىليون مۇسۇلمان فرانسىيىدە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، پۈتكۈل غەربىي ياۋروپادا مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى 13 مىليونغا يەتكەن. 50- يىللاردا ئامېرىكىغا كىرگەن كۆچمەنلەرنىڭ 2/3 قىسمى ياۋروپا ۋە كانادادىن كەلگەن؛ 80- يىللاردا ئامېرىكىغا كېلىدىغان كۆچمەنلەر كۆپىيىپ 35%تى ئاسىيادىن، 45%تى لاتىن ئامېرىكىسىدىن كەلگەن؛ ياۋروپا

ۋە كانادادىن كەلگەنلەر 15%كىمۇ يەتمىگەن. ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى بەك تۆۋەن، ياۋروپانىڭ ئەمەلىيەتتە نۆل. كۆچمەنلەرنىڭ تۇغۇش نىسبىتى يۇقىرى بولغاچقا، ئۇلار غەرب دۆلەتلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. نەتىجىدە غەربلىكلەر كۆنسېرى ئارمىيە ياكى تانكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن ئەمەس، بەلكى باشقا تىلدا سۆزلەيدىغان، باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان، باشقا ھەزارەتكە تەۋە كۆچمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە كۆچمەنلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىنى تارتىۋېلىشىدىن، يەرلىرىنى ئىگىلىۋېلىشىدىن، پاراۋانلىق تۈزۈمىدىن بەھرىمەن بولۇشىدىن ھەمدە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا تەھدىت سېلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ㉒. ستانلى خوفمان مۇنداق قارايدۇ: غەرب دۆلەتلىرى نوپۇسىنىڭ نىسبەتەن ئازىيىشىدىن كېلىپ چىققان قورقۇنچ «ھەقىقىي ھەزارەت توقۇنۇشى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقىتىپ قويۇش ئەندىشىسىدىن كەلگەن»㉓.

90- يىللارنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادىكى كۆچمەنلەرنىڭ 2/3سى مۇسۇلمانلاردىن تەركىب تاپقان. كۆچمەنلەر مەسىلىسىدە ياۋروپالىقلارنىڭ ئەڭ دىققەت قىلىدىغىنى مۇسۇلمان كۆچمەنلەر. خىرىس نوپۇس ۋە ھەزارەتتىن كېلىدۇ. كۆچمەنلەر غەربىي ياۋروپادا تۇغۇلغان نوپۇسىنىڭ 10%نى ئىگىلەيدۇ. مەيلى گېرمانىيىدىكى تۈركىيىلىكلەر ياكى فرانسىيىدىكى ئالجىرىيىلىكلەر بولسۇن، ھېچقايسىسى ئۆزى تۇرغان دۆلەتنىڭ ھەزارىتىگە سىڭىشىپ كەتمىدى، ھەتتا كەلگۈسىدىمۇ مۇنداق بولىدىغانلىقىنىڭ قىلچە ئالامىتى يوق. ژان . مارى . دومىناك 1991- يىلى مۇنداق دەيدۇ: «پۈتۈن ياۋروپادا كىشىلەر بارغانسېرى ياۋروپا ھەزارەت لىنىيىسىدىن ھالقىپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ 13- دۆلىتى بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ. بىر ئامېرىكىلىق مۇخبىر كۆچمەنلەر مەسىلىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

*ھەيران قالارلىقى شۇكى، ياۋروپالىقلارنىڭ ئۆچمەنلىكى تاللاشچان ئىكەن، فرانسىيىدە ناھايىتى ئاز سانىدىكى شەرقتىن كېلىدىغان تاجاۋۇزچىلىقتىن ئەندىشە قىلىدۇ — پولشالىقلار ھامىنى ياۋروپالىق ھەم كاتولىك دىنى مۇخلىسى. مۇتلەق كۆپ سانىدىكى كىشىلەر ئەرەب بولمىغان ئافرىقىلىق كۆچمەنلەردىن قورقمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارغا سەل قارىمايدۇ. ئۆچمەنلىكنىڭ تىغ ئۇچى كۆپىنچە مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان. «كۆچمەن» دېگەن سۆز ئەمەلىيەتتە «ئىسلام» دېگەن سۆزگە مەنىداش بولۇپ قالغان. ئىسلام دىنى ھازىر فرانسىيىدىكى ئىككىنچى چوڭ دىن. بۇ ھادىسە فرانسىيە تارىخىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ھەزارەت كەمستىشى ۋە ئىرقىي كەمستىشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى*[24].

ئەمما، كەسكىنرەك ئېيتقاندا، فرانسۇزلار ئىرقچىلار ئەمەس، ھەزارەتچىلەردۇر. ئۇلارنىڭ قانۇنى فرانسۇزچە سۆزلەيدىغان ئافرىقىلىقلارنى قوبۇل قىلدى. ئەمما، مەكتەپلەردىمۇ ياغلىقتا يۈزىنى يۆرىدىغان مۇسۇلمان قىزلارنى قوبۇل قىلالمىدى. 1990-يىلى 76% فرانسىيىلىك فرانسىيىدە ئەرەبلەر بەك كۆپ، دەپ قارىغان؛ 46% كىشى نېگىرلار بەك كۆپ، دەپ قارىغان؛ 40% كىشى ئاسىيالىقلار بەك كۆپ، دەپ قارىغان. 24% كىشى يەھۇدىيلار بەك كۆپ، دەپ قارىغان؛ 1994- يىلى 47% گېرمانىيىلىك ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەھەللىسىدە ياشىشىنى خالىمىغان، 39% ئادەم پولەكلەرنىڭ، 36% ئادەم تۈركلەرنىڭ تۇرۇشىنى خالىمىغان، 20% ئادەم يەھۇدىيلارنىڭ ئۇلارنىڭ قوشنىسى بولۇشىنى خالىمىغان. غەربىي ياۋروپادا ئەرەبلەرنى يەكلەش زور دەرىجىدە يەھۇدىيلارغا بولغان ئۆچمەنلىكنىڭ ئورنىنى ئالغان.

ئاممىنىڭ كۆچمەنلەرگە قارشى تۇرۇشى ۋە ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى كۆچمەنلەر مەھەللىسى ۋە خۇسۇسلارغا قارىتىلغان چېكىدىن ئاشقان زورلۇق ۋەقەلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. 90- يىللارنىڭ بېشىدا بۇ گېرمانىيىدە بىر مەسىلىگە ئايلانغان. ئېنىقى مۇھىمى، ئۇڭ

قانات، مىللەتچى ۋە كۆچمەنلەرگە قارشى پارتىيىلەرنىڭ ئېرىشكەن سايلام بېلەتتىنىڭ سانى گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپەيگەن، گېرمانىيە جۇمھۇرىيەت پارتىيىسى 1989-يىلىدىكى ياۋروپا پارلامېنتى سايلىمىدا 7% تىن ئارتۇق سايلام بېلەتتىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئەمما، 1990- يىلى دۆلەتلىك چوڭ سايلامدا ئاران 2.1% بېلەتكە ئېرىشكەن. فرانسىيىدە خەلق فرونتى 1981- يىلى تىلغا ئالغۇچىلىكمۇ يوق ئاۋازغا ئېرىشكەن، ئەمما 1988-يىلى 9.6% ئاۋازغا ئېرىشكەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى رايونلۇق ۋە پارلامېنت سايلىمىدا ئىزچىل 12% — 15% ئاۋازغا ئېرىشكەن. 1995-يىلى ئىككى نەپەر مىللەتچى زۇڭتۇڭ نامزاتى 19.9% ئاۋازغا ئېرىشكەن. خەلق فرونتى بىر نەچچە شەھەرنىڭ باشلىقلىق ئورنىنى قولغا كەلتۈرگەن (تۇلۇن ۋە نايس شەھەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ئىتالىيىدە ئىجتىمائىي ھەرىكەت — خەلق ئىتتىپاقىنىڭ بېلەتكە ئېرىشىش نىسبىتى 80- يىللاردىكى 5% تىن 90- يىللارنىڭ باشلىرىدىكى 10% — 15%كە يەتكەن. بېلگىيىدە فلېمىش گۇرۇھى خەلق فرونتىنىڭ سايلام بېلىتى 1994- يىلىدىكى يەرلىك سايلامدا 9% ئاشقان. بۇ گۇرۇھ يەنە ئانتېرپىتا 28% بېلەتكە ئېرىشكەن. ئاۋستىرالىيىدىكى چوڭ سايلامدا ئەركىنلىك پارتىيىسىنىڭ بېلەتكە ئېرىشىش نىسبىتى 1986- يىلىدىكى 10%كىمۇ يەتمەيدىغان ھالەتتىن 1990- يىلىدىكى 15% ئارتۇق ھالەتكە يەتكەن. 1994- يىلى 23% يېقىنلاشقان[26].

ياۋروپادىكى مۇسۇلمان كۆچمەنلەرگە قارشى پارتىيىلەر دەل مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى ئىسلام پارتىيىلىرىنىڭ نۇسخىسىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياۋا پارتىيە، ھوقۇق ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسىنىڭ چىرىكلىكىنى ئەيىبلەيدۇ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، بولۇپمۇ ئىشسىزلىق مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ، ئىرقىي، دىنىي گۇرۇھلارغا مۇراجىئەت قىلىدۇ، ھەممىسى چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆز جەمئىيىتىدىكى تەسىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ

پارتىيەلەرنىڭ ئەسەبىي ئۇنسۇرلىرى تېررورلۇق، زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئىسلام پارتىيىلىرى ۋە ياۋروپا مىللەتچى پارتىيىلىرى يەرلىك سايلاملاردا مەملىكەتلىك سايلامغا قارىغاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھوقۇق ئورگانلىرى بۇ ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئوخشاش ئىنكاستا بولدى. مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ھۆكۈمەتنىڭ خاھىشى، سىمۋولى، سىياسەت ۋە ھەرىكەتلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاملىشىشقا يۈزلەندى. ياۋروپادىكى ئاساسلىق پارتىيىلەرمۇ كۆچمەنلەرگە قارشى ئۇلۇك قانات پارتىيىلەرنىڭ خىتابلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈشكە، ئۇلارنىڭ تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا باشلىدى. دېموكراتىك سىياسىي ئۆز رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇۋاتقان ھەم ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق پارتىيە بار جايلاردا ئىسلامىزم پارتىيىلىرى ياكى مىللەتچى پارتىيىلەر بېلەتنىڭ 20%كە يېتىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ. پەقەت ئورۇنباسار پارتىيە ياكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بىرلەشمە پارتىيە يوق ئەھۋالدىلا، ئۆكتىچى پارتىيە ئاندىن بۇ نىسبەتنى بۇزالايدۇ. مەسىلەن، ئالجىرىيە، ئاۋسترالىيە ۋە ئىتالىيىدە ئەھۋال شۇنداق.

90- يىللارنىڭ باشلىرىدا ياۋروپانىڭ سىياسىي داھىيلىرى كۆچمەنلەرگە قارشى كەيپىياتقا كەينى-كەينىدىن ئىنكاس قايتۇرۇشتى. فرانسىيىدە شىراك 1990- يىلى «كۆچمەنلەرنىڭ فرانسىيىگە كىرىشىنى چوقۇم پۈتۈنلەي توختىتىش كېرەك» دەپ جاكارلىدى. ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى چارلىس پاسكا 1993- يىلى «نۆل كۆچمەن»نى ئوتتۇرىغا قويدى؛ مىتىران، كىرىسسون، گىسكارد ۋە باشقا ئاساسلىق سىياسىئونلارمۇ كۆچمەنلەرگە قارشى مەيدانىدا تۇردى. كۆچمەنلەر مەسىلىسى 1993- يىلى پارلامېنت سايلىمىدىكى ئاساسلىق مەسىلە بولۇپ قالدى ھەم مۇتەئەسسىپ پارتىيىلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىغا كۆرۈنەرلىك ياردەم بەردى. 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا فرانسىيە ھۆكۈمىتى سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ

پەرزەنتلىرىنىڭ فرانسىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتۈشىنى، چەت ئەللىكلەر تەۋەلىرىنىڭ كۆچمەن بولۇشىنى، پاناھلىق ئىلتىماس قىلىشىنى، شۇنداقلا ئالجىرىيىلىكلەرنىڭ ۋىزىغا ئېرىشىشىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى. قانۇنسىز كۆچمەنلەر چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ساقچىلار ۋە باشقا كۆچمەنلەرگە مەسئۇل ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ھوقۇقى كۈچەيدى.

گېرمانىيىدە كول ۋە باشقا سىياسىي رەھبەرلەرمۇ كۆچمەنلەر مەسىلىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدى. بۇ جەھەتتە ھۆكۈمەتنىڭ قىلغان ئەڭ مۇھىم ئىشى گېرمانىيە ئاساسىي قانۇنىنىڭ 16-ماددىسىغا (بۇ ماددا سىياسىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا پاناھلىق بېرىش، دەپ بەلگىلەنگەن) تۈزىتىش كىرگۈزۈش بولدى ھەم پاناھلانغۇچىلار ئېرىشىدىغان پاراۋانلىقنى ئازايتتى. 1992- يىلى گېرمانىيىگە پاناھلانغىلى بارغانلارنىڭ سانى 438 مىڭغا يەتتى، 1994- يىلى ئاران 127 مىڭ بولدى. 1980- يىلى ئەنگىلىيىلىكلەرمۇ چېگرىدىن كىرىدىغان كۆچمەنلەرنىڭ سانىنى زور دەرىجىدە ئازايتىپ، ھەر يىلى 50 مىڭ ئادەم ئەتراپىدا كونترول قىلدى. شۇڭا، كۆچمەنلەر مەسىلىسى ئەنگىلىيىدە ياۋروپانىڭ باشقا جايلىرىدىكىدەك جىددىي كەيپىيات ۋە قارشىلىق قوزغىمىدى. ئەمما، 1992 ــــ 1994-يىللىرى ئەنگىلىيە پاناھلىق بېرىدىغانلارنىڭ سانىنى يەنە بىر قېتىم 20 مىڭدىن 10 مىڭغا چۈشۈردى. ياۋروپا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى چېگرىلىرىنى ئېچىۋەتكەچكە، ئەنگىلىيە ياۋروپا كۆچمەنلىرىنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتىن ئەنگىلىيىگە كىرىشىدىن ئەڭ ئەندىشە قىلدى. 90-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بارلىق غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى غەيرىي ياۋروپا كۆچمەنلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىگە كىرىشىنى پۈتۈنلەي چەكلىمىگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆچمەنلەرنىڭ سانىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈردى.

ئامېرىكىدا كۆچمەنلەرنىڭ بىر جىددىي مەسىلىگە ئايلىنىشى، ياۋروپادىن كېيىنرەك بولدى ھەم جىددىي كەيپىياتمۇ پەيدا قىلمىدى.

چۈنكى، ئامېرىكا ئەزەلدىن بىر كۆچمەنلەر دۆلىتى ھەم ئۆزىمۇ شۇنداق قارايدۇ، ئۇ تارىختا يېڭى كۆچمەنلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىدىغان ئىنتايىن ئۈنۈملۈك ۋاستىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، 80-، 90- يىللاردا ئامېرىكىنىڭ ئىشسىزلىق مەسىلىسى ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكىدەك ئېغىر ئەمەس ھەم ئىشسىزلىقتىن قورقۇش كۆچمەنلەرگە نىسبەتەن باشقىچە پوزىتسىيە پەيدا قىلىدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس ئىدى. ئامېرىكىغا كېلىدىغان كۆچمەنلەرنىڭ مەنبەلىرىمۇ ياۋروپاغا كېلىدىغان كۆچمەنلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ خىل. شۇڭا، گەرچە ئامېرىكىنىڭ بەزى رايونلىرىدا ياۋروپادىكىدەك ئەھۋاللار مەۋجۇت بولسىمۇ، بىرەر يەككە چەت ئەللىكلەر توپى تەرىپىدىن كۆمۈلۈپ قېلىش قورقۇنچى جەمئىيەتتە ئۇنچىلىك ئومۇملاشمىغانىدى. ئەڭ چوڭ ئىككى كۆچمەنلەر توپى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھەزارەت جەھەتتىكى پەرقى ياۋروپانىڭكىدەك ئۇنداق چوڭ ئەمەس ئىدى. مېكسىكىلىقلار كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئىسپان تىلىدا سۆزلەيدۇ، فىلىپپىنلىقلارمۇ كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئىنگلىزچە سۆزلەيدۇ.

گەرچە يۇقىرىقىدەك ئامىللار مەۋجۇت بولسىمۇ، 1965- يىلى ئاسىيا، لاتىن ئامېرىكىسى كۆچمەنلىرىنىڭ زور مىقداردا كۆپىيىشىگە رۇخسەت قىلىدىغان قانۇن لايىھىسى ماقۇللانغاندىن بۇيانقى چارەك ئەسىر ئىچىدە، ئامېرىكا جامائەت پىكرىدە ھەل قىلغۇچ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. 1965- يىلى كۆچمەنلەرنى ئازايتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلار ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ %33نى ئىگىلىگەن بولسا، 1990- يىلى خەلق رايىنى سىناشتا %60 دىن ئېشىپ كەتكەن[27]. گەرچە ئىقتىساد غېمى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋال ئامىنىڭ كۆچمەنلەرگە بولغان پوزىتسىيىسىگە تەسىر كۆرسەتسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كۆچمەنلەرگە قارشى تۇرىدىغانلارنىڭ سانى ئىزچىل ئاشقان. بۇ ئېشىش ھەزارەت، جىنايەت، تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئاۋامنىڭ قارىشىنى ئۆزگەرتىدىغان تېخىمۇ مۇھىم سەۋەب

ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. بىر ئوبزورچى 1994- يىلى مۇنداق دېــدى: «نۇرغــۇن ئــامېرىكىلىقلار، بــەلكىم كــۆپ ســانىدىكى ئامېرىكىلىقلار، يەنىلا ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى ياۋروپالىقلار ئولتۇراقلاشقان دۆلەت دەپ قارايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەنگلىيىنىڭ قانۇنى، تىلى (بەلكىم داۋاملىق شۇنداق بولىدۇ) غا ۋارىسلىق قىلىدى. ئۇلارنىڭ تۈزۈلمىسى ۋە جامائەت قۇرۇلۇشلىرى غەربنىڭ كلاسسىك ئۇسلۇبىدىن ئىلھام ئالــدى، ئــۇلارنىڭ دىنــى يەھۇدىي دىنــى ۋە خرىســتىئان دىنــى ئەنئەنىسىگە ئىگــە. ئــۇلارنىڭ بۈيۈكلۈكــى پروتېســتانت دىنىنىــڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرىدىن كەلگەن». ئۆلگە ئېلىپ تەكشۈرۈلگەنلەر ئىچىدە، 55% ئادەم كۆچمەنلەرنى ئامېرىكا ھەزارىتىگە نىسبەتەن تەھــدىت دەپ قارىغــان ھــەم بــۇ جەھــەتتىكى ئەندىشىســىنى ئىپادىلىگەن. ياۋروپالىقلار كۆچمەنلەر تەھدىتى مۇسۇلمانلار ياكى ئەرەب دۆلەتلىرىدىن كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ، ئامېرىكىلىقلار بولسا تەھدىت لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئاسىيادىن، ئاساسلىقى مېكسىكىدىن كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. 1990- يىلىدىكى ئۆلگە ئېلىپ تەكشۈرۈشتە، ئامېرىكىدا قايسى دۆلەتتىن كەلگەن كۆچمەنلەر ئەڭ كۆپ؟ دەپ ســورالغاندا، مېكســىكىلىقلاردىن كەلگــەن كۆچمەنلــەر، دەپ قارايدىغانلار باشقىلاردىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولغان. ئۇنىڭدىن قالسا، كۇبا، شەرق (كونكرېت كۆرسەتمىگەن) جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى، لاتىن ئامېرىكىسى (كونكرېت كۆرسەتمىگەن)، ياپونىيە، ۋېيتنام، جۇڭگو، چاۋشيەنلەردىن كېلىدىغانلار كۆپ دەپ قارىغان㉘.

90- يىللارنىــڭ باشــلىرىدا ئامېرىكــا جامائــەتچىلىكىنىڭ كۆچمەنلەرگــە قارشــى كەيپــىياتىنىڭ كۇنســىرى كۆچىيىشــى ياۋروپادىكىدەك سىياسىي ئىنكاس قوزغىدى. ئامېرىكىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنىــڭ خــاراكتېرى تۈپــەيلىدىن، ئــوڭ قانــات پــارتىيىلەر ۋە كۆچمەنلەرگە قارشى تۇرىدىغان خەلقئارا قانۇن مۇتەخەسسىسلىرى ۋە مەنپەئەت گۇرۇھلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ھەرىكەتلىرىمۇ جانلىنىپ كــەتتى، ھــەر قانــداق گــەپ-ســۆزلىرىنى دەۋىرىــدىغان بولــدى.

كىشىلەرنىڭ نارازىلىقى ئاساسەن 3 مىليون 500 مىڭدىن 4 مىليونغىچە بولغان قانۇنسىز كۆچمەنلەرگە مەركەزلەشتى. بۇ ئىشقا سىياسىئونلارمۇ ئىنكاس قايتۇرۇشتى. خۇددى ياۋروپادىكىدەك، ئىنكاسى ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى كۆچمەنلەرنىڭ كۆپ قىسىم خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالغان شتاتلار ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەر بولدى. نەتىجىدە 1994- يىلى فىلورىدا شتاتى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىدىن مائارىپ، پاراۋانلىق، قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇنسىز كۆچمەنلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان چىقىملار ئۈچۈن يىلىغا 884 مىليون دوللار ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئارقىدىنلا ئالتە شتات بۇنىڭغا ئەگەشتى. كالىفورنىيە شتاتىدىكى كۆچمەنلەر مەيلى ساندا، مەيلى نىسبەتتە بولسۇن بىرىنچى ئورۇندا. بۇ شتاتنىڭ شتات باشلىقى پېتىر . ۋىلسون قانۇنسىز كۆچمەنلەرنىڭ ئاممىۋى مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇشىغا يول قويماسلىقنى، قانۇنسىز كۆچمەنلەرنىڭ ئامېرىكىدا تۇغۇلغان بالىلىرىغا پۇقرالىق ھوقۇقى بەرمەسلىكنى، شتاتنىڭ قانۇنسىز كۆچمەنلەرگە بېرىدىغان جىددىي داۋالاش خىراجىتىنى توختىتىشنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىپ، كەڭ دائىرىلىك قوللاشقا ئېرىشتى. 1994- يىلى 10- ئايدا كالىفورنىيە شتاتى مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن 187- نومۇرلۇق قانۇن لايىھىسىنى ماقۇللاپ، قانۇنسىز كۆچمەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە داۋالاش، مائارىپ، پاراۋانلىق تەمىناتى بېرىشنى رەت قىلدى. يەنە شۇ 1994- يىلى كىلىنتون ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ، كۆچمەنلەرنى قاتتىق كونترول قىلىشقا باشلىدى: سىياسىي پاناھلىقنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى چىڭىتتى، كۆچمەنلەر ئىدارىسىنى كېڭەيتتى، چېگرا چارلاشنى كۈچەيتتى، مېكسىكا چېگراسىنى بويلاپ توسما سالدى. 1990- يىلى پارلامېنت ھوقۇق بەرگەن كۆچمەنلەر ئىسلاھات كومىتېتى 1995- يىلى ھەر يىللىق قانۇنلۇق كۆچمەنلەرنىڭ سانىنى 800 مىڭدىن 550 مىڭغا ئازايتتى، ھازىرقى پۇقرالار، ئاھالىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە جورىلىرىغا (باشقا تۇغقانلىرىغا

ئەمەس) ئەۋزەللىك بەردى. بۇ: «ئاسىيا، لاتىن ئامېرىكىسى پۇشتىدىن بولغان ئامېرىكا ئائىلىلىرىنى غەزەپلەندۈرۈۋەتتى»[29]. 1995- يىلىدىن 1996- يىلىغىچە نۇرغۇن كومىتېتلارنىڭ تەكلىپى ۋە باشقا كۆچمەنلەرنى قاتتىق چەكلەيدىغان قانۇن لايىھىلىرى پارلامېنتنىڭ قانۇن تۈزۈش تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى. 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە كۆچمەنلەر ئامېرىكىدىكى چوڭ بىر سىياسىي مەسىلە بولۇپ قالدى. 1996-يىلى پاترىك بۇچنان زوڭتۇڭ سايلىمىدا، كۆچمەنلەرگە قارشى تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق سىياسىي پروگراممىسى قىلدى. ئامېرىكا ياۋروپاغا ئەگىشىپلا غەيرىي غەربلىكلەرنىڭ چېگرىدىن كىرىش سانىنى زور دەرىجىدە ئازايتتى.

ياۋروپا ياكى ئامېرىكا كۆچمەنلەر دولقۇنىنى كونترول قىلالامدۇ؟ فرانسىيە ئاللىقاچان نوپۇس ئۈمىدسىزلىكىنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. 70- يىللاردىكى ژان راسپايلىنىڭ رومانلىرى، 90- يىللاردىكى ژان كلاۋدىنىڭ ئىلمىي تەھلىللىرىدىن تارتىپ پىئېررى لېلوسىنىڭ ئوبزورىغىچە: «تارىخ، تۇغقانىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە نامراتلىق فرانسىيە ۋە ياۋروپانىڭ جەنۇبىتىكى مۇۋەپپەقىيەتسىز دۆلەتلەردىن كەلگەن خەلقلەرنى سىقىپ چىقىرىشنىڭ لازىملىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈۋەتتى، ياۋروپا ئىلگىرى يەھۇدىي دىنى، خرىستىئان دىنىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ياۋروپاسى ئىدى، كەلگۈسىدە ئۇنداق بولمايدىغان بولدى»[30]. ئەمما، كەلگۈسى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەس، چۈنكى ھەر قانداق شەيئى مەڭگۈلۈك بولمايدۇ. مەسىلە ياۋروپانىڭ ئىسلاملىشىپ كېتىش-كەتمەسلىكىدە ياكى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ لاتىنلىشىپ كېتىش-كەتمەسلىكىدە ئەمەس، بەلكى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ بىر پارچىلانغان، ئىككى خىل مەدەنىيەتكە تەۋە، قەتئىي ئوخشاشمايدىغان جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قېلىش قالماسلىقىدا. بۇ مەسىلە كۆچمەنلەرنىڭ سانى ۋە ئۇلارنىڭ ياۋروپا-ئامېرىكىدا ئۆستۈنلۈككە ئىگە غەرب ھەزارىتىگە سىڭىشىش دەرىجىسىگە باغلىق.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ياۋروپا جەمئىيىتى كۆچمەنلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېلىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئىنتايىن قىيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسۇلمانلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشنى خالاش-خالىماسلىقىمۇ ئۇققىلى بولمايدۇ. شۇڭا توختىماي كۆپىيىۋاتقان كۆچمەنلەر بەلكىم دۆلەتنى خرىستىئانلار ۋە مۇسۇلمانلاردىن ئىبارەت ئىككى تۈپكە ئايرىۋېتىشى مۇمكىن. ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقى كۆچمەنلەرنى چەكلەش بەدىلىنى (كۆچمەنلەرگە قارشى تەدبىرلەرنىڭ بىۋاستە مالىيە چىقىمى، ھازىرقى كۆچمەنلەر مەھەللىلىرىنى تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇشتەك ئىجتىمائىي بەدەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھەمدە ئەمگەك كۈچىنىڭ كەمچىل ۋە تۇغۇش نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئىقتىسادىي بەدەللەرنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىسا، بۇ ئاقىۋەتتىن ساقلىنىش مۇمكىن.

مۇسۇلمانلار نوپۇسىنىڭ ئېقىپ كىرىش مەسىلىسى بەلكىم يېنىكلىشى مۇمكىن. چۈنكى، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرق جەمئىيەتلىرىدە نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئاللىبۇرۇن يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، ھازىر تۆۋەنلەشكە باشلىدى①. كۆچمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نوپۇس بېسىمى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، 2005- يىلىغىچە، مۇسۇلمان كۆچمەنلىرى بەلكىم زور دەرىجىدە ئازلىشى مۇمكىن. ئەمما، سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىپ، غەربىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا ئافرىقىدىكى ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنى ئىلگىرى سۈرسە، كۆچۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارمۇ كۈچىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ياۋروپانىڭ «ئىسلاملىشىش» تەھدىتىنىڭ ئورنىنى «ئافرىقىلىشىش» تەھدىتى ئالىدۇ. بۇ خىل تەھدىت قانچىلىك دەرىجىدە ئېشىپ ئاشىدۇ، بۇ ئافرىقا نوپۇسىنىڭ ئەيدىز كېسىلى ۋە باشقا كېسەللەر بىلەن يۇقۇملىنىشىنىڭ ئازىيىش دەرىجىسىگە،

شۇنداقلا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ، ئافرىقىنىڭ باشقا دۆلەتلىرىدىن كۆچمەن قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا باغلىق.


مۇسۇلمانلار ياۋروپاغا نىسبەتەن، مېكسىكىلىقلار بولسا ئامېرىكىلىقلارغا نىسبەتەن بىۋاستە مەسىلە پەيدا قىلىدى. ھازىرقى يۆنىلىش، سىياسەتنى مۇشۇ پېتى داۋاملاشتۇرۇش، دەپ پەرەز قىلساق، ئامېرىكا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ نىسبىتىدە 2.8- جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك غايەت زور ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، 21- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا 50% نى ئاق تەنلىك ۋە 25% نى لاتىن ئامېرىكىلىقلار ئىگىلەيدۇ. خۇددى ياۋروپادىكىگە ئوخشاش، ئامېرىكىدا كۆچمەنلەر سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە كۆچمەنلەرگە قارشى تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشى بەلكىم بۇ پەرەزلەرنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن، ئەمما ئەھۋال شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، لاتىن پۇشتى بولغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىلگىرىكى كۆچمەنلەر توپىدەك قانچىلىق دەرىجىدە ئامېرىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنالىشى يەنىلا مەركىزىي مەسىلە بولۇپ قالىدۇ.

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەۋلاد لاتىن ئەۋلادلىرى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشتەك بېسىمغا دۇچ كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن، مېكسىكىلىقلار بىلەن باشقا كۆچمەنلەرنىڭ زور يوشۇرۇن ئوخشاشماسلىقلىرى بار. ئاۋۋال، ئاسىيا ياكى ياۋروپا كۆچمەنلىرى ئامېرىكىغا كىرىش ئۈچۈن كۆچمەنلەر دېڭىز-ئوكيانلاردىن ھالقىشى كېرەك، ئەمما مېكسىكىلىقلار پىيادە مېڭىپمۇ ياكى قولۋاقتا ئولتۇرۇپمۇ كىرەلەيدۇ. قاتناش ۋە خەۋەرلىشىشنىڭ كۆنسېرى قولايلىشىشى ئۇلارنى يۇرتىدىكى ئائىلىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاش ۋە ئۆز يۇرتىدىكى ئىجتىمائىي گەۋدە بىلەن سالاھىيەتلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدى. ئىككىنچى، مېكسىكا كۆچمەنلىرى ئامېرىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، يۇكاتاندىن كولورادوغىچە بىر مېكسىكا جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۈچىنچىدىن، پاكىتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، مېكسىكا

كۆچمەنلىرىنىڭ ئاسسىملياتسىيىگە بولغان قارشىلىقى باشقا كۆچمەنلەر گۇرۇھىدىن كۈچلۈك، ئۇلار ئۆزىنىڭ مېكسىكىلىق سالاھىيىتىنى ساقلاشقا مايىل. تۆتىنچىدىن، مېكسىكا كۆچمەنلىرى ئولتۇراقلاشقان رايون 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامېرىكا مېكسىكىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ئامېرىكا تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنغان زېمىن. مېكسىكىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى مېكسىكىلىقلاردا مۇقەررەر قىساس تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ. مەلۇم ۋاقىتقا بارغاندا ئامېرىكىنىڭ 19- ئەسىردىكى ھەربىي كېڭەيمىچىلىكىنىڭ نەتىجىسى بەلكىم 21- ئەسىردىكى مېكسىكا نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش تەھدىتىگە دۇچ كېلىشى ھەم شۇ سەۋەبتىن ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن.

مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنىڭ ئۆزگىرىشى بەلكىم غەربنىڭ قورال-ياراغ كېڭەيىش، كىشىلىك ھوقۇق، كۆچمەنلەر ۋە باشقا مەسىلىلەردە ئۆز نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى تېخىمۇ تەسلەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. بۇنداق ۋەزىيەتتە، غەرب ئامال بار زىيانىنى ئازايتىمەن دەيدىكەن، چوقۇم باشقا جەمئىيەتلەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا ئىقتىسادىي بايلىقتىن سەۋزە، كالتەك ئورنىدا ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنالىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا دۆلەتلەرنىڭ بىر غەرب دۆلىتىنى يەنە بىر غەرب دۆلىتىگە قارشى تۇرۇشقا قۇترىتىدىغان ۋاسىتىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن، غەرب ئىتتىپاق تۈزۈشىنى كۈچەيتىشى، سىياسىتىنى تەڭشىشى كېرەك ھەم غەيرىي غەرب دۆلەتلىرىنىڭ پەرقىدىن پايدىلىنىش ھەم ئۇ پەرقنى چوڭايتىشى كېرەك. غەربنىڭ بۇ ئىستراتېگىيىلەرنى يولغا قويۇش ئىقتىدارى، بىر جەھەتتىن ئۇنىڭ رەقىب مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان توقۇنۇشىنىڭ خاراكتېرى ۋە دەرىجىسىگە، يەنە بىر تەرەپتىن لىگىشۇاتقان مەدەنىيەت بىلەن سالاھىيەتلىنىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئورتاق مەنپەئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى بىر پارچىلانغان دۆلەتمۇ؟ 2020-يىلىدىكى نېگىرلار،
ئاسىيالىقلار، يەرلىك ئامېرىكىلىقلار ۋە ئىسپان تىلىدىكىلەرنىڭ رايونلار
بويىچە ئولتۇراقلىشىشى (پەرەز)




مەنبەسى: ئا ق ش نوپۇس تەكشۈرۈش ئورگىنىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىدىن ئېلىندى

2.8- جەدۋەل: ئىرق ۋە مىللەت بويىچە ھېسابلانغان ئامېرىكا نوپۇسى (%)

| ئىرقلار / يىل | 1995 | 2020 (پەرەز) | 2050 (پەرەز) |
| --- | --- | --- | --- |
| لاتىن ئامېرىكىسىدىن بولمىغان ئاق تەنلىكلەر | 74 | 64 | 53 |
| لاتىن ئامېرىكىسى ئەۋلادلىرى | 10 | 16 | 25 |
| نېگىرلار | 12 | 13 | 14 |
| ئاسىيالىقلار ۋە تىنچ ئوكيان ئارال‌لىرىدىن كەلگەنلەر | 3 | 6 | 8 |
| ئامېرىكا ئىندىئانلىرى ۋە ئالياسكا يەرلىك ئادەملىرى | <1 | <1 | 1 |
| جەمئىي | 26300 | 32300 | 39400 |

مەنبە: ئامېرىكا نوپۇس تەكشۈرۈش ئىدارىسى: «ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ ياش، جىنس، ئىرق ۋە لاتىن نەسلىگە ئاساسەن پەرقلەندۈرۈش قىياسى، 1995 ـــ 2050» (ۋاشىنگتون: ئامېرىكا ھۆكۈمەت نەشرىياتى، 1996- يىلى) 12-، 13- بەتلەر.

# توققۇزىنچى باب

# كۆپ مەدەنىيەتلىك يەر شارى سىياسىيسى

## يادرو دۆلەت ۋە ئۆزۈك سەپ توقۇنۇشى

مەدەنىيەت — ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئاداققى قەبىلىسىدۇر، مەدەنىيەت توقۇنۇشى بولسا، دۇنياۋى دائىرىدىكى قەبىلىلەر توقۇنۇشىدۇر. بۈگۈنكى رېئال دۇنيادا ئوخشاشمىغان ئىككى خىل مەدەنىيەتكە مەنسۇپ بولغان دۆلەت ۋە گۇرۇھ، ئۈچىنچى خىل مەدەنىيەتتىن كېلىدىغان تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ياكى باشقا ئورتاق نىشان ئۈچۈن ئىستراتېگىيە جەھەتتە چەكلىك دائىرىدە ۋاقىتلىق ئۆز ئارا ئالاقە باغلىشى ۋە ئىتتىپاق شەكىللەندۈرۈشى، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى مۇمكىن. ئەمما، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتكە مەنسۇپ گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەزەلدىن بەك يېقىن ئەمەس، دائىم دېگۈدەك بىر خىل سوغۇق ھالەتتە بولىدۇ ياكى ئۆز ئارا دۈشمەنلىككە تولغان بولىدۇ. ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتكە مەنسۇپ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي ۋارىسلىق مۇناسىۋەت خۇددى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر دەۋرىدىكى ھەربىي ئىتتىپاقلارغا ئوخشاش، ئاجىزلاپ كېتىشىمۇ ياكى يوقىلىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا يېقىن «ھەمراھلىق مۇناسىۋەت» ئورنىتىش ئارزۇسى خۇددى روسىيە بىلەن ئامېرىكا رەھبەرلىرى ئىلگىرى ئىنىق ئىپادە بىلدۈرۈشكەن ئارزۇلارغا ئوخشاش ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ھازىر شەكىللىنىۋاتقان مەدەنىيەتلەر

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ يېقىنلىقتىن يىغىلىقىچە بولغان جەرياندا پەرق كۆرۈلىدۇ، كۆپ قىسمى بولسا مۇشۇ ئىككى ئارىلىقتا بولۇشى مۇمكىن. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بۇ خىل مۇناسىۋەت بەلكىم بىلىنىشىن ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتقان روسىيە بىلەن غەربنىڭ كەلگۈسى «سوغۇق تىنچلىق» مۇناسىۋىتى بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن، دېگەن مۇناسىۋەتكە، باشقا مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولسا بىرخىل «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» ھالىتىگە يېقىنلىشىشى مۇمكىن. 13- ئەسىردىكى ئىسپانىيىلىكلەر ئوتتۇرا دېڭىزدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن «خاتىرجەمسىز بىللە تۇرۇش» ھالىتىنى تەسۋىرلەپ La guerra fria («سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى») دېگەن سۆزنى ئىجاد قىلىشقانىدى. 90- يىللاردا يەنە نۇرغۇن كىشىلەر، ئىسلام بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا بىر خىل «مەدەنىيەت سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈۋالدى ①. كۆپ خىل مەدەنىيەتلەردىن تەركىب تاپقان بۈگۈنكى دۇنيادا بۇ خىل مۇناسىۋەت بىردىنبىر مۇناسىۋەت ئەمەس. سوغۇق تىنچلىق، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى، سودا ئۇرۇشى، يېرىم ئۇرۇش، مۇقىمسىز تىنچلىق، قىيىن مۇناسىۋەت، جىددىي تاقابىل تۇرۇش، رىقابەتتە ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، ھەربىي ھازىرلىقلىرى مۇسابىقىسى دېگەندەك ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسى بەلكىم ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت گەۋدىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى جايىدا ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلىشى مۇمكىن. ئىشەنچ ۋە دوستلۇق بۇنىڭدىن كېيىن كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ.

مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش رايون ياكى مىكرو قاتلاملاردا يۈز بېرىدۇ، يەنى ئۈزۈك سەپ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتكە مەنسۇپ قوشنا دۆلەتلەر ياكى بىر دۆلەتتىكى ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتكە مەنسۇپ گۇرۇھلار ياكى قالدۇق كۆچمەن پايدىلىنىپ يېڭى دۆلەت قۇرۇشنى ئويلايدىغان گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدۇ. خۇددى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە

يوگوسلاۋىيىدىكىگە ئوخشاش، ئۆزلۈك سەپ توقۇنۇشى مۇسۇلمانلار ۋە مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەت، گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان بولىدۇ. كىتابنىڭ 10-، 11- بابلىرىدا بۇ خىل توقۇنۇشنىڭ سەۋەبى، خاراكتېرى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەر شارى مىقياسىدا ياكى ماكرو قاتلامدا يادرو دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتكە مەنسۇپ ئاساسلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدۇ. بۇ توقۇنۇش پەيدا قىلغان مەسىلىلەر خەلقئارا سىياسىيسىدىكى تىپىك مەسىلىلەر بولۇپ، مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. بۇ مەسىلىلەرنىڭ يەر شارى تەرەققىياتىغا بولغان نىسبىي تەسىرى، شۇنداقلا ب د ت، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى ۋە دۇنيا بانكىسى قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ھەرىكىتىگە بولغان تەسىرى.

2. يادرو قوراللىرىنىڭ كېڭىيىپ كەتمەسلىكى، ھەربىي ھازىرلىقلارنى تىزگىنلەش ۋە ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىدە ئىپادىلىنىدىغان نىسپىي ھەربىي كۈچ.

3. سودا، مەبلەغ سېلىش ۋە باشقا مەسىلىلەردىكى تالاش-تارتىشلاردا ئىپادىلىنىدىغان ئىقتىسادىي كۈچ ۋە پاراۋانلىق.

4. بىر مەدەنىيەت ئىچىدىكى دۆلەتنىڭ باشقا مەدەنىيەت ئىچىدە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىنى قوغداش، تىرىشىۋاتقان، يەنە باشقا مەدەنىيەت كىشىلىرىنى كەمسىتىۋاتقان ياكى تېررىتورىيىسىدىكى باشقا مەدەنىيەتكە تەۋە كىشىلەرنى قوغلاپ چىقىرىۋاتقان كىشىلەر.

5. قىممەت قارىشى ۋە ھەزارەت توقۇنۇشلىرى بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىنى كېڭەيتىشنى نىيەت قىلغاندا ياكى ئۇنى باشقا بىر مەدەنىيەتكە تەۋە دۆلەتكە مەجبۇرىي يوسۇندا تاڭغاندا يۈز بېرىدىغان توقۇنۇشلار.

6. بەزىدە تېررىتورىيە مەسىلىلىرىدە، ئۆزلۈك سەپ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتا، يادرو دۆلەت بۇنىڭغا بىرىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچى بولۇپ قالىدۇ.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەسىلىلەر يۇتكۇل تارىختا ئىنسانىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنىڭ مەنبەسى بولۇپ كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتكە تەۋە دۆلەتلەر توقۇنۇشقا كىرىپ قالغاندا، ھەزارەت پەرقى توقۇنۇشنى كەسكىنلەشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۆز ئارا رىقابەتتە ھەر قايسى يادرو دۆلەت ئۆز مەدەنىيىتىگە تەۋە ھەمراھلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۆچىنچى خىل مەدەنىيەتكە مەنسۇپ دۆلەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قارىمۇقارشى مەدەنىيەتكە مەنسۇپ دۆلەتنى بۆلۈش ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاسىيلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دىپلوماتىيە، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋاستە، مەخپىي ھەرىكەت، تەشۋىقات ئارقىلىق ئازدۇرۇش ۋە زورلاش ۋاستىلىرىدىن دەل ھەم ئۇنۇملۇك يوسۇندا پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىدۇ. ئەمما، يادرو دۆلەتلەر كۆپىنچە ھاللاردا ئۆز ئارا بىۋاستە قورال كۆچى ئىشلەتمەيدۇ، ئوتتۇرا شەرق ۋە جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇقىغا ئوخشاش ئەھۋاللاردىن باشقا ئەھۋالدا، يادرو دۆلەتلەر ئۆزلۈك سەپتە ئۆز ئارا قوشنا ھالەتتە ئۆتىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، يادرو دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش پەقەت مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالدا يۈز بېرىشى مۇمكىن: بىرىنچى، بىر رايوندىكى گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزلۈك سەپ توقۇنۇشى ئۆزلۈكسىز كۆچىيىپ، يادرو دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇناسىۋەتتى يېقىن گۇرۇھلار بىرلىشىپ ئۇرۇشقا قاتناشقۇچىلارنى قوللايدۇ. ئەمما، بۇ خىل مۇمكىنچىلىك قارىمۇقارشى مەدەنىيەتكە مەنسۇپ يادرو دۆلەتلەرنىڭ ئۆزلۈك سەپ توقۇنۇشىنى ئامال قىلىپ چەكلەش ھەم ھەل قىلىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئىككىنچى، مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى يەر شارى خاراكتېرلىك كۈچلەر باراۋەرلىكىنىڭ ئۆزگىرىشى يادرو دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش

كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. خۇددى ھېردوت كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، گرېك مەدەنىيىتىدە ئافىنانىڭ كۈچىيىشى بابىلون ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئوخشاشلا، غەرب مەدەنىيىتى تارىخى، گۈللەنگەن ھەم خارابلاشقان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى «زوراۋانلىق ئۇرۇش» تارىخىدۇر. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئامىللار ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەردىكى گۈللىنىۋاتقان ۋە خارابلىشىۋاتقان يادرو دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ دەرىجىسىنى كۈچەيتىۋېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، شۇ خىل مەدەنىيەتكە مەنسۇپ دۆلەتنىڭ تەكپۇك كۈچلەر چارىسى ياكى ئەگىشىش چارىسى ئارقىلىق يېڭى بىر كۈچنىڭ گۈللىنىشىگە ماسلىشىشىنى قىسمەن جەھەتتىن بەلگىلەيدۇ. ئەگىشىش ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇشى مۇمكىن، بىراق جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈشى ئامېرىكا، ھىندىستان ۋە روسىيىگە ئوخشاش دۆلەتلەرنىڭ تەكپۇك كۈچلەر ھەرىكىتىنى قوللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. غەرب تارىخىدا ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا زوراۋانلىق ئۇرۇشى يۈز بېرىپ باقمىغان، ئەنگلىيە زوراۋانلىقىدىكى دۇنيا تىنچلىقىدىن ئامېرىكا زوراۋانلىقىدىكى دۇنيا تىنچلىقىغىچە بولغان تىنچلىقنىڭ يۆتكىلىشى بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەزارەت جەھەتتىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە باغلىق بولۇشى مۇمكىن. غەرب بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا بۇ خىل يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى تۆپەيلى كېلىپ چىقىدىغان كۈچ يۆتكىلىشىدە قوراللىق توقۇنۇش مۇقەررەر يۈز بېرىشى ناتايىن، ئەمما ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى چوڭ. ئىسلامنىڭ قوزغىتىش كۈچى بىر قەدەر كىچىك بولغان نۇرغۇن ئۇرۇك سەپ ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەب؛ جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈشى بولسا يادرو دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زور كۆلەملىك مەدەنىيەتلەر ئارا ئۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن مەنبەسىدۇر.

# ئىسلام ۋە غەرب

پرېزىدېنت بىل كلىنتوننىڭمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى غەربلىكلەر غەرب بىلەن پەقەت ئىسلام ئەشەددىي (رادىكال) زوراۋانلىرى ئارىسىدا مەسىلە بار، ئىسلام دۇنياسى بىلەن ھېچ ئىش يوق، دەپ قارايتتى. بىراق، 1400 يىللىق تارىخ باشقىچە دەلىلنى ئوتتۇرىغا چىقاردى: ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىئان دىنى (پراۋوسلاۋىيە مەزھىپى، پروتېستانت ۋە كاتولىك مەزھىپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ ئارىسى ئەزەلدىن بوران-چاپقۇنلۇق بولۇپ كەلدى، ئۇلار بىر-بىرىنى يەكلىدى. ئەركىن دېموكراتىزم بىلەن ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ 20- ئەسىردىكى توقۇنۇشىنى ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىئان دىنىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان، چوڭقۇر توقۇنۇشىغا يۈزەكى سېلىشتۇرغاندا، پەقەت قىسقا ۋاقىتلىق يۈزەكى تارىخىي ھادىسىدىن ئىبارەت. ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىئان دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىدە بەزىدە تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنىڭ ئارىسى ئوخشاشمىغان دەرىجىدىكى كەسكىن رىقابەت ۋە جىددىي ئۇرۇشلار بىلەن تولغان. جون ئېسپوزىتو مۇنداق دەيدۇ: «تارىخنىڭ ئۆزگىرىشى ھەمىشە بۇ ئىككى قۇۋۋەتنى رىقابەتكە سېلىپ قويىدى، ھەتتا بەزىدە ھوقۇق، زېمىن، روھىيەت تالىشىشتەك ھايات-ماماتلىق جەڭگىمۇ مۇپتىلا قىلدى»②. بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيان بۇ ئىككى دىنىنىڭ تەقدىرى خۇددى دېڭىز دولقۇنىدەك گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ كەلدى.

7- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 8- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئەرەب-ئىسلام دىنى كېڭىيىش ئارقىلىق شىمالىي ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرق، ئىبېرىيە يېرىم ئارىلى، ئوتتۇرا شەرق، ئىران ۋە شىمالىي ھىندىستاندا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىئان دىنى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا ئىككى ئەسىرگىچە

مۇقىم تۇردى. 11- ئەسىرنىڭ ئاخىرى خرىستىئان دىنى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ غەربىي رايونلىرىنى قايتا كونترول قىلدى، سىتسىلىيىنى بويسۇندۇرۇپ، تولېدونى بېسىۋالدى. 1095- يىلى خرىستىئان دۇنياسى ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە ئىستىلا ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يېرىم ئەسىر ئىچىدە خرىستىئانلار ئېرۇسالىم (قۇددۇس شەرىف) ۋە يېقىن شەرقتە خرىستىئان ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇب بولۇپ، 1291- يىلى ئەڭ ئاخىرقى بازىسى ئەكرى شەھىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوسمان تۈركلىرى تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولدى. ئۇلار ئاۋۋال ۋىزانتىيىنى ئاجىزلاشتۇردى، ئۇنىڭدىن كېيىن بالقان يېرىم ئارىلى ۋە شىمالىي ئافرىقىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنى بويسۇندۇردى. 1453- يىلى كونستانتىنپول شەھرىنى ئىشغال قىلدى. 1529- يىلى ۋېنانى قورشىدى. بېرنادلۇيىس مۇنداق دەيدۇ: «مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، مۇر (شىمالىي ئافرىقىدىكى قەدىمكى بابىل قەبىلىلىرىنىڭ ئەرەبلىشىپ كەتكەن ئەۋلادى)لار ئىسپانىيىگە تۇنجى قېتىم قەدەم قويۇپ، تۈركلەر ئىككىنچى قېتىم ۋېنانى قورشىۋالغاندىن كېيىن، ياۋروپا ئىزچىل ئىسلام تەھدىتى ئاستىدا تۇرۇپ كەلدى»③. ئىسلام مەدەنىيىتى غەربنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەھدىتكە ئۇچرىتالايدىغان بىردىنبىر مەدەنىيەتتۇر، يەنە كېلىپ بۇنداق ئەھۋال تارىختا ئاز دېگەندىمۇ ئىككى قېتىم يۈز بەرگەن.

15- ئەسىرگە كەلگەندە بۇرۇلۇش يۈز بەردى. خرىستىئانلار ئىبېرىيە يېرىم ئارىلىنى قايتۇرۇۋېلىشقا باشلاپ، بۇ ئىشنى 1492- يىلى گرانادادا تولۇق ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياۋروپا دېڭىزچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى پورتۇگالىيىلىكلەرنى ۋە باشقىلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ مەركىزىي رايونلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھىندى ئوكيان ۋە باشقا يىراق جايلارغا يېتىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، رۇسلار تاتارلارنىڭ 200 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىنلا ئوسمانىيلار ئەڭ

ئـاخىرقى تىرىشــچانلىقىغا تـايىنىپ، 1683- يىلــى ۋېنــانى قايتـا قورشــۋالدى. ئۇلارنىڭ بۇ يـەردىكى مەغلۇبىيىتى ئوسمانىيلارنىڭ خارابلىششــىنىڭ باشلىنىشــى بولـوپ قالــدى، يـەنى بالقانـدىكى پراۋوسلاۋىيە مـۇرتلىرى ئوسـمانىيلار ھۆكۈمرانلىقىـدىن قوتۇلۇش كۈرىشىنى باشلىدى. خابسبورگ ئىمپېرىيىسى كېڭەيدى، رۇسلارمۇ قارا دېڭىز ۋە كاۋكازغىچە ئىچكىرىلەپ كىردى. بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىـدە «ئاپـەت ئەكەلگـەن خرىستىئانلار» «ياۋروپا كېسـەل كۆرپە»لىرىگە ئايلىنىپ قالدى④. 1- دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيىلەر ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىـدا ئۆزلىرىنىـڭ ۋاسـىتىلىك ۋە بىۋاسـىتە ھـۆكۈمرانلىقىنى تىكلىـدى. پـەقەت تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىلا قالـدى. 1920- يىلىغىچە پـەقەت تۈركىيـە، سـەئۇدى ئەرەبىسـتانى، ئىران ۋە ئافغانىستاندىن ئىبــارەت تـۆت مۇسـۇلمان دۆلـىتىلا غـەيرىي مۇسـۇلمانلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى مەلۇم مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى⑤.

غەرب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ چېكىنىشى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20-، 30- يىللىـرى باشـلاندى ۋە 2- دۇنيـا ئۇرۇشـىدىن كېـيىن تېخىمـۇ تېزلەشتى... سوۋېت ئىتتىپـاقىنىڭ يىمىرىلىشى ئۇرغۇن مۇسۇلمان جەمئىيـەتلىرىنى مۇسـتەقىللىققا ئېرىشـتۈردى. ستاتىسـتىكىلارغا ئاساسـلانغاندا 1757- يىلىـدىن 1919- يىلىغىچـە 92 ئورۇنـدىكى مۇسۇلمانلار رايونىغا غەيرىي ھۆكۈمەتلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان. 1995- يىلىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ 69 ى مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگـەن. مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسـى 45 مۇسـتەقىل دۆلـەت ئىچىـدە كـۆپ سـانلىقنى ئىگىلىگـەن. ئوخشاشـمىغان دىنىـدىكى دۆلەتلـەر ئارىسـىدىكى 1820- يىلىـدىن 1929- يىلىغىچە بولغان ئۇرۇشلارنىڭ 50%تـى مۇسـۇلمانلار بىلـەن خرىستىئانلار ئارىسـىدا يـۈز بەرگـەن. بـۇ پـاكىتلار شـۇ ئۆزگىـرىۋاتقان مۇناسـىۋەتلەردىكى توقۇنۇشـنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ خىل توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەب 12-ئەسىردىكى خرىستىئان ئەسەبىيلىكى ياكى 20- ئەسىردىكى ئىپتىدائىي ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىدەك ۋاقىتلىق ھادىسىلەردە ئەمەس، بەلكى بۇ ئىككى دىنىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغان مەدەنىيەتتە. بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنى قارىشى نوقۇل بىر خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى بولغان ھالدا دىندىن ۋە سىياسەتتىن ھالقىپ كەتكەن، دىن بىلەن سىياسىي بىرلەشتۈرۈلگەن. خرىستىئان دىنى بولسا، دىن بىلەن سىياسىينى ئايرىپ قارايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن توقۇنۇش ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىقىدىن كەلگەن. بۇ ئىككى دىن بىر ئىلاھلىق دىن، ئۇلار باشقا كۆپ ئىلاھلىق دىنلارغا ئوخشاش باشقا ئىلاھنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلار مىنىڭلا ھېساب دەيدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ ھەر ئىككى دىن ئۆزىنى ھەممىباب دىن، پۈتكۈل دۇنيا ئىنسانلىرى ئىمان كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك بىردىنبىر ھەقىقىي ئېتىقاد، دەپ تەرغىب قىلىدۇ. بۇ دىنلار بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە دىن بولۇپ، ئۆز مۇخلىسلىرىنىڭ غەيرىي دىن مۇرىتلىرىنى قايىل قىلىپ، بۇ بىردىنبىر ھەقىقىي ئېتىقادقا باشلاش مەجبۇرىيىتى بار، دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ كېڭەيمىچىلىك ئىستىلاسى يۈرگۈزدى، خرىستىئان دىنىمۇ پۇرسەت تاپسىلا شۇنداق قىلدى. «جىھاد» ۋە «ئەھلىسەلىپنىڭ شەرق ئىستىلاسى» دېگەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۇقۇملارمۇ بۇ ئىككى دىننى بىر-بىرىگە تېخىمۇ ئوخشاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى يەنە باشقا ئاساسلىق دىنلاردىن روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ئىسلام دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە يەھۇدىي دىنى بىر خىل مەقسەتلىك تارىخ قارىشىغا ئىگە بولۇپ، باشقا مەدەنىيەتلەردىكى دەۋرىي ئۆزگىرىش ياكى تۇرغۇنلۇق قارىشىغا قەتئىي ئوخشاشمايدۇ.

ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىئان دىنى ئارىسىدىكى زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرىنىڭ دەرىجىسى تارىختا نوپۇس، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، تېخنىكا ئۆزگىرىشلىرى ۋە دىنىي مەجبۇرىيەت

تۈيغۇسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. 7- ئەسىردە ئىسلام دىنىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەرەبلەر ۋىزانتىيە ۋە ساسانىيلار ئىمپېرىيىسىگە كۆلەم ۋە سۈرئەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۆچۈپ كىرگەن. بىر نەچچە ئەسىر كېيىنكى ئەھلىسەلىپ يۈرۈشى ئەمەلىيەتتە 11- ئەسىردىكى ياۋروپا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى، نوپۇس كۆپىيىشى ۋە «كلۇنىيە»* ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىسى. مانا بۇلار نۇرغۇن چەۋاندازلار ۋە زور تۈركۈمدىكى دېھقانلارنىڭ ئېروسالىمغا يۈرۈش قىلىشىنى مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇردى. بىرىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئىستېلاسىدا ئۇلار كونىستانتىنوپولغا كەلگەندە بىر ۋىزانتىيىلىك: «پۈتكۈل ياۋروپا، ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىدىكى ۋە يىراق خېگرانىستىكى ياۋا ئادەملەرمۇ زور كۆلەملىك يۆتكىلىشنى باشلاپ، ھەممە نەرسىلىرىنى ئېلىپ ئاسىياغا كىرىپ كەلدى» دېگەنىدى⑥. 19- ئەسىردىكى دۇنياۋى نوپۇس كۆپىيىش ياۋروپادا نوپۇس پارتلاشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تارىختىكى ئەڭ چوڭ كۆلەملىك نوپۇس كۆچۈشىگە سەۋەب بولدى، كۆچمەنلەر مۇسۇلمانلار رايونلىرى ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا ئېقىپ كىردى.

بىر تۈركۈم ئۇخشىشىپ كېتىدىغان ئامىللار 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىسلام دىنى ۋە غەربنىڭ توقۇنۇشىنى كەسكىنلەشتۈردى. ئاۋۋال مۇسۇلمانلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى ئىشسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىسلام ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئاتىغان ياشلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، نەتىجىدە جەمئىيەتكە بېسىم شەكىللىنىپ، نوپۇسىنىڭ غەربكە كۆچۈشىگە سەۋەب بولدى. ئىككىنچىدىن، ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىدە، مۇسۇلمانلا ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە قىممەت قارىشىنى غەرب بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە مۇھىملىقىغا نىسبەتەن قايتا ئىشەنچ تۇرغۇزدى. ئۈچىنچىدىن،

* فرانسىيىدىكى بىر ئىبادەتخانىنىڭ نامى. مىلادىيە 10-، 11- ئەسىرلەردە ئىبادەتخانىلارنى باشقۇرۇش، مۇخلىسلارنى ئائىلىسىدىن چەتلەشتۈرۈش، نىكاھلاندۇرماسلىق، پاپالىق ھوقۇقىنى دەھرىي پادىشاھلارغا تۇتقۇزماسلىق، پاپاغا پادىشاھنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بېرىش ئەۋج ئالغان. بۇ ھەرىكەت تارىختا «كلۇنىيە ئىسلاھاتى»، «كلۇنىيە ھەرىكىتى» دەپ ئاتالغان.

غەربنىڭ پوتكول دۇنياغا ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۈزۈلمىسىنى كېڭەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى توقۇنۇشلارغا ئارىلىشىشى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۆتىنچىدىن، كوممۇنىزمنىڭ گۇمران بولۇشى مۇسۇلمانلار بىلەن غەربنىڭ ئورتاق دۈشمىنىنى يوقاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر-بىرىنى ئاساسلىق تەھدىت، دەپ قارايدىغان بولدى. بەشىنچىدىن، مۇسۇلمانلار بىلەن غەربلىكلەرنىڭ ئارىلىشىشى ۋە بىللە ئۇلتۇراقلىشىشقا ئەگىشىپ، ئۇلاردا ئۆزلىرىگە نىسبەتەن يېڭى تونۇش پەيدا بولدى ھەم ئادەت قاراشلىرىنىڭ قايسى جەھەتتە ئوخشىمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان يەرلىرىگە نىسبەتەن يېڭى تونۇش ھاسىل قىلدى. بۇ ئىككى دىندىكىلەرنىڭ ئۆز ئارا رول ئوينىشى ۋە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى مۇنداق بىر مەسىلىدىكى، يەنى بىر مەدەنىيەت ئەزالىرىنىڭ باشقا مەدەنىيەت ئەزاسى كونترول قىلغان دۆلەتتىكى ھوقۇق مەسىلىسى جەھەتتىكى ئىختىلاپىنى كۈچەيتىپ قويدى. 1980- ۋە 1990- يىللاردا مۇسۇلمانلار ۋە خرىستىئانلار جەمئىيتىنىڭ بىر-بىرى بىلەن پېتىشىش دەرىجىسى تۆۋەنلىدى. ئىسلام بىلەن غەرب ئارىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ يەنە باش كۆتۈرۈشىگە ھوقۇق ۋە ھەزارەتتىن ئىبارەت تۈپ مەسىلە سەۋەب بولدى. كىم كىمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ؟ كىم ھۆكۈمران؟ كىم مەھكۇم؟ لېنىن ئوتتۇرىغا قويغان سىياسىي مەركەز مەسىلىسى ئىسلام بىلەن غەربنىڭ كۈچ سىنىششىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈپ سەۋەبتۇر. ئەمما، لېنىن ئېھتىمال قىلچە ئەھمىيىتى يوق، دەپ قارىغان يەنە بىر زىددىيەت مەۋجۇت. ئۇ بولسىمۇ ھەق ۋە ناھەق زىددىيىتىدىن كېلىپ چىققان، كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق دەيدىغان توقۇنۇشتۇر. ئىسلام يەنىلا ئىسلام (چوقۇم ھەق)، غەرب يەنىلا (بۇنىڭدا نۇرغۇن گۇمان مەۋجۇت) بولۇپ تۇرىدىكەن، بۇ ئىككى ئۇلۇغ ھەزارەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ئارىسىدىكى تۈپكى

توقۇنۇش ئۆتكەنكى 1400 يىلدىكىدەك، كەلگۈسىدىمۇ ئىزچىل ئۆلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەيدۇ.

بۇ ئىككىسىنىڭ نۇرغۇن ماھىيەتلىك مەسىلىلەردىكى مەيدان ئىختىلاپى ۋە توقۇنۇشى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. تارىختا زېمىن كونترول قىلىش مۇھىم مەسىلە ئىدى، بىراق ھازىر ئۇنچىۋالا مۇھىم بولماي قالدى. 1990- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرىي مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن 38 قېتىملىق توقۇنۇشنىڭ 19 قېتىملىقى مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار ئارىسىدا، 11 قېتىملىقى مۇسۇلمانلار بىلەن پىروسلاۋىيىلىكلەر ئارىسىدا، قالغان يەتتە قېتىملىقى بولسا ئافرىقا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن. بۇ زوراۋانلىق ۋە يوشۇرۇن زوراۋانلىق توقۇنۇشىدا پەقەت بىرلا قېتىملىقى بولسا ئافرىقا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن. بۇ زوراۋانلىق ۋە يوشۇرۇن زوراۋانلىق توقۇنۇشىدا پەقەت بىرلا قېتىملىقى بىۋاسىتە ئىسلام بىلەن غەرب ئارىسىدىكى ئۇزۇك سەپ بويلاپ يۈز بەرگەن، يەنى كرودىيە ۋە بوسىنىيە ئارىسىدىكى توقۇنۇش. غەرب زېمىن جاھانگىرلىكىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاخىرلىشىشى ۋە مۇسۇلمانلار زېمىن كېڭەيمىچىلىكىنىڭ قايتا باشلىنالماسلىقى جۇغراپىيە جەھەتتىن ئايرىپ تۇرىدىغان بىر قاشا شەكىللەندۈرۈپ، مۇسۇلمانلار بىلەن غەربلىكلەرنى بالقاندىكى كىچىككىنە يەردىلا چېگرا ئايرىپ تۇرىدىغان قىلىپ قويىدى. شۇڭا، غەرب بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى توقۇنۇش زېمىن مەسىلىسى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى قورال-ياراغلارنىڭ تارقىلىپ كېتىشى، كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە، نېفىت ئىگىدارچىلىقى، كۆچمەنلەر، ئىسلام تېررورچىلىقى، غەربنىڭ ئارىلىشىشى دېگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىدە مەركەزلەشتى.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ ئەزالىرى بۇ تارىخىي زىددىيەتنىڭ كوئىسايىن ئۆتكۈرلىشىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتتى. 1991- يىلى بارىي بۇزان «ئىسلام بىلەن غەرب ئارىسىدا» شەكىللىنىۋاتقان ئىجتىمائىي سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆرۈپ يېتىپ: «بۇ توقۇنۇشتا ياۋروپا ئالدىنقى سەپ بولۇپ قېلىشى ئېھتىمال» ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلدى:

*بۇ ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتى مەلۇم جەھەتتىن نەچچە ئەسىر داۋاملاشقان دەھرىيلىك بىلەن دىنىي ئەقىدە قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقتىن كەلگەن. بىر جەھەتتىن، غەربنىڭ كۈچىگە بولغان ھەسەتتىن كەلگەن بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن غەربنىڭ كېيىنكى مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىدىكى ئوتتۇرا شەرق سىياسىيسىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقىنىغا بولغان ئۆچمەنلىكتىن ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆتكەن 200 يىل ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆزئىگە سېلىشتۇرغاندا ھېس قىلىدىغان ئازاب ۋە نومۇستىن كەلگەن.*

ئۇ يەنە: «ياۋروپانىڭ بىرلىشىش جەريانىنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە ئىسلام بىلەن بولغان ئىجتىمائىي سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ياۋروپانىڭ ئورتاق تونۇشقا كېلىشىگە پايدىلىق» بولۇپ قالدى. شۇڭا، «غەرب ئىسلام بىلەن بولغان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنى قوللاش بىلەنلا توختاپ قالماي، ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش سىياسىتىنىمۇ قوللىنىدىغان مۇستەھكەم بىر ئورتاق گەۋدە ھاسىل قىلىشى لازىم» دەيدۇ. 1990- يىلى، غەربتە مۇھىم تەسىرگە ئىگە ئىسلام تەتقىقاتچىسى بېرنارد لۇئىس «مۇسۇلمانلارنىڭ غەزەپلىنىشىنىڭ مەنبەسى»نى تەھلىل قىلغاندا مۇنداق يەكۈن چىقارغان:

*بىز ھازىر بىلىشكە تېگىشلىك ئىش شۇكى، بىز شۇنداق بىر خىل كەيپىيات ۋە ھەرىكەتكە دۇچ كېلىۋاتىمىزكى، ئۇلار ئاللىقاچان مەسىلە ۋە سىياسەت دائىرىسىدىن، شۇنداقلا ئۇنى يۈرگۈزىدىغان*

*ھۆكۈمەت قاتلاملىرىدىن ھالقىپ كەتتى، بۇ، مەدەنىيەتنىڭ توقۇنۇشىدىن باشقا ئىش ئەمەس (بەلكىم بۇ ئاقىلانىلىق ئەمەستۇ). ئەمما بۇ چوقۇم بىزنىڭ كونا رەقىبلىرىمىزنىڭ (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ) بىزنىڭ يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنى ئەنئەنىلىرىمىزگە، ھازىرقى دىندىن خالىي ھالىتىمىزگە، شۇنداقلا بۇ ئىككىسىنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى كېڭىيىشىگە بولغان تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە قارشى ئىنكاسىدىن ئىبارەت ⑦.*

ئىسلام قوۋمى ئىچىدىمۇ شۇنداق قاراشلار مەيدانغا كەلدى. زور تەسىرگە ئىگە مىسىرلىق مۇخبىر مۇھەممەد سەيدئەھمەد 1994- يىلى مۇنداق دېگەن: «ئېنىق ئالامەتلەر شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، غەرب ئەقىدىسى بىلەن ئىسلامنى جانلاندۇرۇش ھەرىكىتى ئارىسىدىكى توقۇنۇش ئۆتكۈرلىشىۋاتىدۇ. ئۇ توقۇنۇش غەربتىكى ئاتلانتىك ئوكياندىن شەرقتىكى جۇڭگوغىچە يېتىپ باردى». مەشھۇر بىر ھىندىستانلىق مۇسۇلمان 1992- يىلى مۇنداق بېشارەت بەرگەن: «كېلەركى قەدەمدىكىسى شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ قارشىلىقىدىن ئىبارەت. مەغربتىن پاكىستانغىچە ئىسلام دۆلەتلىرىنى قاپلىغان، يېڭى دۇنيا تەرتىپى ئورنىتىشتىكى بىر مەيدان كۈرەش باشلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ». تۇنىسلىق بىر مەشھۇر ئادۋوكات بۇ كۈرەش ئاللىقاچان باشلاندى، دەپ قارىغان: «مۇستەملىكىچىلىك ئىسلامنىڭ بارلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى بۇزۇشنى كۆزلەۋاتىدۇ. مەن ئىسلام مۇرتى ئەمەس. مەن دىنلار ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت ئارىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت، دەپ قارايمەن» ⑧.

1980- ۋە 1990- يىللاردا ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى پۈتكۈل يۈزلىنىش غەربكە قارشى بولدى. بۇنىڭ بىر قىسمى ئىسلامنى جانلاندۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ، شۇنداقلا ئاتالمىش «gharbzadegi»غا، يەنى غەربنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى زەھەرلىشىگە قايتۇرغان ئىنكاسىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. مەيلى كونكرېت مەزھەب شەكلى قانداق بولسۇن، ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ شۇ

يەرلەرگە ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن كۆرسەتكەن تەسىرىنى تازىلايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى⑨. مۇسۇلمانلار رەھبەرلىرى ئىلگىرى ھەقىقەتەن ئۆز خەلقىگە: «بىز چوقۇم غەربلىشىشىمىز كېرەك» دەپ ئېيتقان. ئەمما ئۇلار بۇ گەپنى 20- ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىكىدە دېگەن بولسا، چوقۇم يالغۇز قالاتتى. ھازىر مەيلى ئۇلار سىياسىئون، ھۆكۈمەت ئەمەلدارى، ئالىم، سودىگەر ياكى مۇخبىر بولسۇن، غەرب قىممەت قارىشى ۋە تۈزۈلمىسىنى ماختايدىغان مۇسۇلمان تېپىشىمىز ھەقىقەتەن تەس. ئەكسىچە ئۇلار ئۆزىنىڭ مەدەنىيلىكى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەكىتلەيدۇ، مەدەنىيىتىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، غەربنىڭ كۈچىدىن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ جەمئىيىتىگە، ئېتىقادىغا بولغان تەھدىتىدىن قورقىدۇ ۋە نەپرەتلىنىدۇ. ئۇلار غەرب مەدەنىيىتىنى دۇنياپەرەسلىك، چىرىكلەشكەن، پەسكەش، ئەخلاقسىز، دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا، غەرب مەدەنىيىتىنى ئازدۇرغۇچى دەپمۇ قارايدۇ، شۇڭا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا بولغان تەسىرىنى توسۇشنى تەكىتلەيدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ غەربكە ھۇجۇم قىلىشى غەربلىكلەرنىڭ ئېتىقادىدا كەمتۈكلۈك بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەمەس (ھېچبولمىسا «قەغەز يۈزىدىكى دىن»)، بەلكى غەربنى ھېچقانداق دىنغا ئېتىقاد قىلمايدۇ، دەپ قارايدىغانلىقىدىن. مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە غەرب دىندىن خالىي، ھېچقانداق دىنىي ئېتىقادى يوق، شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇلار ئەخلاقسىز. غەربتىكى بۇ ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان خرىستىئان دىنىغا سېلىشتۇرغاندا يوقىرىقى ھادىسىلەر تېخىمۇ چوڭ جىنايەت. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە مۇسۇلمانلار غەربنى «خۇداغا ئىشەنمەيدىغان كوممۇنىزم» دەپ قارايتتى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مەدەنىيەت توقۇنۇشىدا، غەربنى «خۇداغا ئىشەنمەيدىغان غەرب» دەپ قارايدىغان بولدى.

غەربنى ھاكاۋۇر، دۇنياپەرەس، زالىم، رەھىمسىز، خۇنۇك دەپ قارايدىغانلارنىڭ ئىچىدە ئەسلىيەتچى مۇسۇلمان ئۆلىمالارلا ئەمەس، بەلكى غەرب بىزنىڭ تەبىئىي ئىتتىپاقدىشىمىز دەپ قارايدىغان كىشىلەرمۇ بار. 1990- يىللاردا مۇسۇلمان يازغۇچىلار نەشر قىلغان كىتابلارنىڭ ئىچىدە فاتىمە مۇنىسەنىڭ غەربتە ئاجايىپ ئالقىشلانغان «ئىسلام دىنى ۋە دېموكراتىيە» ناملىق ئەسىرىدەك ئەسەر يوق. غەربلىكلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا بۇ كىتابنى ھازىرقى زامان ئەركىن ئىسلام ئاياللىرىنىڭ دادىل پىكرى دەپ قارايدۇ⑩. ۋەھالەنكى، مۇشۇنداق بىر كىتابتىمۇ غەربنىڭ ئوبرازىغا يۈز-خاتىر قىلىنمىغان. فاتىمە مۇنداق كۆرسەتكەن: «غەرب ـــ ‹مىلىتارىزم ۋە جاھانگىردۇر›. ئۇلار باشقا دۆلەتلەرگە ‹مۇستەملىكچىلىك ۋەھىمىسى› بىلەن زەخمەت كەلتۈردى. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىسى بولغان شەخسچىلىك ‹بارلىق يامانلىقنىڭ مەنبەسى›. غەربنىڭ كۈچى قورقۇنچلۇق. ‹سۈنئىي ھەمراھ ئەرەبلەرنى تەربىيلەشكە ئىشلىتىلەمدۇ ياكى ئەرەبلەرنىڭ بېشىغا بومبا تاشلاشقا ئىشلىتىلەمدۇ، بۇنى غەربلا قارارلاشتۇرالايدۇ... غەرب بىزنىڭ كۈچىمىزنى ئاجىزلاشتۇرماقتا. ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتى ۋە تېلېۋىزىيە قاناللىرى، كىنو فىلىملىرى بىلەن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى قالايمىقانلاشتۇرماقتا، بىزنى ۋەيران قىلماقتا. بازارلىرىمىزنى ئىگىلىمەكتە. بىزنىڭ بايلىق مەنبەلىرىمىزنى، ئىجادچانلىقىمىزنى ۋە يوشۇرۇن كۈچىمىزنى كونترول قىلىۋالماقتا. بۇ، بىزنىڭ ۋەزىيەتكە بولغان قارىشىمىز. دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشى بىزنىڭ قارىشىمىزنى ئىسپاتلىدى› ». («ئىسلام دىنى ۋە دېموكراتىيە» 146-، 147- بەتلەر) «غەرب ھەربىي پەن-تەتقىقاتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۈچىنى بەرپا قىلدى، كېيىن بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تەرەققىي تاپمىغان دۆلەتلەرگە سېتىپ بەردى». بۇ دۆلەتلەر «پاسسىپ ئىستىمالچىلار»دۇر. بۇ خىل بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىسلام چوقۇم ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇش، پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۇرۇشى، قورالنى ئۆزى ئىشلەپچىقىرىپ (ئۇ، يادرو قورالى ياكى ئادەتتىكى

قورال ئىكەنلىكى ئېنىق ئېيتىلمىغان)، «غەربكە ھەربىي بېقىندى بولۇشتىن قۇتۇلۇش لازىم». (ئىسلام دىنى ۋە دېموكراتىيە 43-، 44-بەت) شۇنى يەنە تەكىتلەپ ئۆتەيكى، بۇ، ئۇزۇن ساقال قويۇۋالغان، ئۇزۇن يەكتەك كىيىۋالغان ئاياتۇللاھنىڭ قارىشى ئەمەس.

سىياسىي ياكى دىنىي قاراشنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇسۇلمانلار بىردەك ئۆز مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئارىسىدا تۈپكى پەرق بار، دەپ قارايدۇ. خۇددى سەيق قانۇش ئېيتقاندەك: «تۈپ مەسىلە بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ غەربكە ئوخشىمايدىغان قىممەت قارىشى ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىدا». بىر مىسىر ھۆكۈمەت خادىمى مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكىلىقلار بۇ يەرگە كېلىپ، بىزنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلار بىزنىڭ قىممەت قارىشىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىز ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيدۇ». بىر مىسىر مۇخبىرى شۇنداق قاراشتا مۇنداق دېگەن: «بىز ئوخشىمايمىز. بىز ئوخشىمايدىغان ئارقا كۆرۈنۈش، ئوخشىمايدىغان تارىخقا ئىگە. شۇڭا، ئوخشىمايدىغان كەلگۈسىگە ئىگە بولۇش ھەققىمىز بار». مەيلى ئېقىۋاتقان گېزىت-ژۇرنال ياكى كەسكىن ئىسلامچە ئىلمىي مەتبۇئات بولسۇن، ھەممىسى غەربنىڭ سۇيىقەستلىرىنى، شۇنداقلا غەربنىڭ ئىسلام تۈزۈلمىسى ۋە مەدەنىيىتىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىش، بۇزمىلاش غەرىزىنى قايتا-قايتا چۈشەندۈرۈشتى[1].

غەربكە قارشى ئىنكاسنى ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىلىرى ئارىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرىنىڭ غەربكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. مۇستەملىكىچىلىكتىن كېيىنكى مەزگىللەردە مۇسۇلمان دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدىيە سىستېمىسى ۋە سىياسىتى غەربچە، تاشقى سىياسىتى غەربكە مايىل بولۇپ قالدى، پەقەت ئالجىرىيە ۋە ھىندونېزىيىلا ئۇنداق بولمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقى مىللەتچىلىك ئىنقىلابىنىڭ

نەتىجىسى ئىدى. ىىراق، ئىراق، لىۋىيە، يەمەن، ئىران، سۇدان، لىۋان ۋە ئافغانىستاندىكى غەربكە مايىل ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئورنىنى غەربنى تازا ئىتراپ قىلىپ كەتمەيدىغان ياكى غەربكە ئىنىق قارشى تۇرىدىغان ھۆكۈمەتلەر بىر-بىرلەپ ئالدى. باشقا دۆلەتلەرنىڭ يۆنىلىشى ۋە ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىمۇ مۇشۇ يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. ىىراق، ئۆزگىرىش ئۇنداق كەسكىن بولمىدى، بۇ دۆلەتلەر تۇنىس، ھىندونىزىيە ۋە مالايسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئامېرىكىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ئەڭ مۇستەھكەم ئىككى ھەربىي ئىتتىپاقدىشى تۈركىيە ۋە پاكىستانمۇ دۆلەت ئىچىدە ئىسلامىزمدىن كەلگەن سىياسىي بېسىمغا ئۇچرىدى، ئۇلار بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتى كۆنسايىن تېخىمۇ زور بېسىمغا ئۇچراۋاتىدۇ.

مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئىچىدە 1995- يىلىغىچە ئون يىل ئاۋۋالقىغا قارىغاندا، غەربكە خېلىلا يېقىنلاشقان دۆلەت بىرلا كۇۋەيت. غەربنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى يېقىن دوستلىرى غەربكە كۇۋەيت، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدەك غەربكە ھەربىي جەھەتتىن تايىنىدىغان دۆلەتلەر ئەمەس، بەلكى مىسىر، ئالجىرىيەدەك ئىقتىسادىي جەھەتتە تايىنىدىغان دۆلەتلەردۇر. 1980- يىللارنىڭ ئاخىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي ياۋروپانى ئىقتىسادىي ھەربىي جەھەتتە قوللىيالىشى مۇمكىن بولمىغان ياكى قوللاشنى خالىمىغان چاغدا، بۇ ھاكىمىيەتلەر ئارقا-ئارقىدىن ئۆلاپ چۈشتى. ئەگەر غەربمۇ مۇسۇلمان بېقىندى دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيەتلىرىنى قوللىيالمىغاندا، بۇلارمۇ شۇ خىل تەقدىرگە قالغان بولاتتى.

مۇسۇلمانلارنىڭ غەربكە قارشى ھېسسىياتىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، غەربنىڭ «ئىسلام تەھدىتى»گە بولغان دىققىتىمۇ بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. بولۇپمۇ ئۇلار مۇسۇلمان ئەشەددىيلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تەھدىتتىن بەكرەك ئەنسىرەيدۇ. ئىسلام يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتىشنىڭ ۋە تېررورىزمنىڭ بىر مەنبەسى، دەپ قارالماقتا. ھەتتا ياۋروپادا، قارشى ئىلىنمايدىغان كۆچمەنلەرنىڭ

مەنبەسى، دەپ قارالماقتا. بۇلارغا ئامما ۋە رەھبەرلەرمۇ ئوخشاشلا باش قاتۇرماقتا. مەسىلەن، 1994- يىلى نويابىردىكى بىر تەكشۈرۈشتە كىشىلەردىن «ئىسلام گۈللىنىشى» ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى مەنپەئىتىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان ياكى ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە سورالغاندا، دىپلوماتىيىگە قىزىقىدىغان 35 مىڭ ئامېرىكا پۇقراسى ئىچىدە 60% ى: «ھەئە»، 20% ى: «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەن. بىر يىل ئاۋۋالقى ئىختىيارىي تەكشۈرۈشتە، قايسى دۆلەت ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئەڭ خەتەرلىك دەپ سورالغاندا، ئۇلارنىڭ جاۋابىدىكى ئالدىنقى ئۈچ دۆلەت ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىران، جۇڭگو ۋە ئىراق بولغان. يەنە 1994- يىلى ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە نېمىنىڭ ئامېرىكىغا «ئەڭ زور تەھدىت» ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، 72% ئامما ۋە 61% دىپلوماتىيە رەھبەرلىرى يادرو كېڭىيىپ كېتىشى دەپ قارىغان، 69% ئامما ۋە 33% رەھبەرلەر خەلقئارا تېررورىزم دەپ قارىغان. بۇ ئىككى مەسىلە ئىسلام دىنى بىلەن كەڭ دائىرىدە مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭدىن باشقا 33% ئاۋام ۋە 39% رەھبەر كېڭىيىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى دەپ قارىغان، ياۋروپالىقلارمۇ ئاساسەن شۇنداق قاراشتا. مەسىلەن، 1991- يىلى ئەتىيازدا 52% فرانسىيىلىك فرانسىيىگە كېلىدىغان ئاساسىي خەۋپ جەنۇبتىن كېلىدۇ، دەپ قارىغان. فرانسىيىلىكلەر ئەڭ ئەنسىرەيدىغان تۆت دۆلەتنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان دۆلەتلەر. خەلقنىڭ 52% ى ئىراقنى، 35%ى ئىراننى، 26% ى لىۋىيىنى، 22%ى ئالجىرىيىنى كۆرسەتكەن⑫. غەربنىڭ سىياسىي رەھبەرلىرى، گېرمانىيە، فرانسىيە باش مىنىستىرلىرىمۇ شۇنداق قاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپىمۇ ئىسلام تەقۋادارلىرى غەربكە نىسبەتەن «ھېچبولمىغاندىمۇ ئىلگىرىكى كوممۇنىزمغا ئوخشاشلا «خەتەرلىك» دەپ جاكارلىدى. كلىنتون ھۆكۈمىتىنىڭ بىر «مۆتىۋەر ئەمەلدارى» ئىسلام، غەربنىڭ پۈتكۈل يەر شارىدىكى رەقىبى، دەپ كۆرسەتتى⑬.

شەرقتىن كېلىدىغان تەھدىت ئەمەلىيەتتە تۆگىگەندىن كېيىن، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ پىلانى بارغانسېرى جەنۇبتىن كېلىدىغان يوشۇرۇن تەھدىتكە يۈتكىلىشكە باشلىدى (بۇ يەردىكى جەنۇب ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. — ت). ئامېرىكىنىڭ بىر ھەربىي مەسلىھەتچىسى 1992- يىلى: «جەنۇب مۇداپىئە لىنىيىسى» مەركىزىي مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ ئورنىنى ئالماقتا ھەم «تېزلا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ يېڭى ئالدىنقى سېپى بولۇپ قالىدۇ» دېدى. جەنۇبتىن كېلىدىغان تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا جەنۇبتىكى ئىتالىيە، فرانسىيە، ئىسپانىيە پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە غەربتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرىدىن ئىسلام ئەشەددىيلىرىگە قارشى تۇرۇشنىڭ چارىلىرىنى سورىدى. مانا بۇ تەسەۋۋۇردىكى تەھدىتمۇ زور بىر تۈركۈم ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ياۋروپادىكى مەۋجۇتلۇقىغا ئاساس بولۇپ بەردى. ئامېرىكىنىڭ بىر ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارى: «ئامېرىكىنىڭ ياۋروپادىكى ھەربىي قىسمى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭگۈشتىرى بولمىسىمۇ، بۇ پۈتكۈل رايوننىڭ ھەربىي پىلانىغا ھەقىقەتەن زور تەسىر كۆرسەتتى. 1990- ۋە 1991- يىلى ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە، فرانسىيە ئارمىيىلىرىنىڭ دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟ بۇ، دېڭىز قولتۇقى رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ ئېسىدە» دېدى[14]. ئۇ بەلكىم بۇ جۈملىگە ئۇلار بۇنى ھەمىشە غەزەپ- نەپرەت بىلەن ئەسلەيدۇ، دېگەن جۈملىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەكتۇ.

غەرب بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان قارشىنى، شۇنداقلا ئىسلام ئەشەددىيزمىنىڭ باش كۆتۈرۈشىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئىسلام بىلەن غەربنىڭ 1979- يىلىدىكى ئىران ئىسلام

ئىنقىلابىدىن كېيىن كېڭەيگەن مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى يېرىم ئۇرۇشى ھېچقانچە ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. بۇنى «يېرىم ئۇرۇش» دەپ ئاتاشنىڭ مۇنداق ئۈچ سەۋەبى بار. بىرىنچى، ئۇ پۈتكۈل ئىسلامىيەت بىلەن پۈتكۈل غەربنىڭ كۆرۈشى ئەمەس، بەلكى ئىككى ئەسلىيەتچى دۆلەت (ئىران، سۇدان)، ئۈچ ئەسلىيەتچى ئەمەس دۆلەت (ئىراق، لىۋىيە، سۈرىيە) ۋە باشقا ئىسلامىزمچى تەشكىلاتلارنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئامېرىكا بەزىدە ئەنگلىيە، فرانسىيە، باشقا غەرب دۆلەتلىرى ۋە گۇرۇھلار، ئىسرائىلىيە — يەھۇدىيلارغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرىشىدۇر. ئىككىنچى، 1990- ۋە 1991- يىللىرىدىكى دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىدىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆرەش چەكلىك ۋاستىلەرگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغاندى، بىر تەرەپ تېررورىزمنى، يەنە بىر تەرەپ ھاۋادىن زەربە بېرىش، مەخپىي ھەرىكەت ۋە ئىقتىسادىي جازا دېگەندەك ھەرىكەتلەرنى قوللاندى. ئۈچىنچى، زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرى گەرچە داۋاملىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۈزۈلمەي ئىزچىل داۋاملاشمىدى. بۇ يېرىم ئۇرۇش بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ئىنكاسىنى قوزغايدىغان، پات-پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما يېرىم ئۇرۇشمۇ يەنىلا ئۇرۇشتۇر. 1991- يىلى يانۋاردىن فېۋرالغىچە غەربتە يۈز بەرگەن پارتلاشلاردا ئۆلگەن، يارىلانغان ئەسكەر ۋە پۇقرا نەچچە مىڭغا يېتىدۇ. 1979- يىلىدىن كېيىنمۇ ئەمەلىيەتتە ھەر يىلى ئۆلۈش-يارىلىنىش بولۇپ تۇردى. بۇ يېرىم ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى دېڭىز قولتۇقىدىكى «ھەقىقىي ئۇرۇش»تا ئۆلگەنلەرنىڭ سانىدىن كۆپ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىككى تەرەپ ئەمەلىيەتتە بۇ خىل توقۇنۇشنى ئۇرۇش دەپ قارايدۇ. ئاياتۇللاھ خۇمەينى بۇرۇنلا توغرا ئېيتقان: «ئىران ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ»⑮. كازافىي غەربكە قارشى جىھاد ئېلىپ بېرىشنى قەرەللىك ھالدا

جاكارلاپ تۇردى. باشقا ئەشەددىي تەشكىلات ۋە دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمان رەھبەرلىرىمۇ شۇنداق پوزىتسىيە تۇتقان. ئامېرىكا «تېررورچى دۆلەت» دەپ تىزغان يەتتە دۆلەتنىڭ بەشى مۇسۇلمان دۆلەت (ئىران، ئىراق، سۇرىيە، لىۋىيە، سۇدان)، قالغان ئىككىسى كۇبا، شىمالىي چاۋشيەنلەردىن ئىبارەت. بۇ ئۇلارنى دۈشمەن دەپ قارىغانلىق بىلەن باراۋەر. چۈنكى، بۇ دۆلەتلەر ئۆزىدە بار ئەڭ ئىلغار قوراللار بىلەن ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇلارمۇ بۇ دۆلەتلەر بىلەن ئارىدا ئۇرۇش ھالىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتۇر.

ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى بۇ دۆلەتلەرنى «قانۇنسىز»، «ئەكسىيەتچى»، «ئىشەنچسىز» دەپ ئەيىبلىدى ۋە ئۇلارنى ھەزارەتلىك دۆلەتلەر قاتارىدىن چىقىرىۋېتىپ، قوش تەرەپلىمە ۋە كۆپ تەرەپلىمە قارشى تەدبىر قوللىنىدىغان قانۇنلۇق ئوبيېكتقا ئايلاندۇردى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خەلقئارا سودا مەركىزىنى پارتلاتقانلارنى (بۇ، 1993- يىلىدىكى پارتلىتىشنى كۆرسىتىدۇ) «ئامېرىكىغا قارشى بىر مەيدان شەھەر تېررورلۇقى ئۇرۇشى قوزغىماقچى» دەپ ئەيىبلىدى، يەنە مانخاتتونداا پارتلىتىش دىلوسىنى پەيدا قىلماقچى بولغانلارنى «ئامېرىكىغا قارشى بىر مەيدان ئۇرۇشقا قاتناشقان جەڭچى» دەپ ئەيىبلىدى. ئەگەر مۇسۇلمانلار غەرب ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش ئاچتى دەپ، غەرب بولسا مۇسۇلمانلار غەربكە قارشى ئۇرۇش ئاچتى دەپ جاكارلىسا، ئۇنداقتا بىز ئۇرۇشقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەلۇم بىر ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز. بۇ يېڭى ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىدىن ۋە بىر-بىرىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ. ھەربىي نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ ئۇرۇش تېررورىزمنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇشىدۇر. باتۇر ئىسلام مۇجاھىدلىرى ئېچىۋېتىلگەن غەرب جەمئىيىتىدىن پايدىلىنىپ، تاللىغان نىشانلىرىنى پارتلىتىدۇ، غەربنىڭ كەسپىي ئەسكەرلىرى بولسا ئىسلام

دۆلەتلىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن پايدىلىنىپ، تاللىغان نىشانلىرىغا بومبا تاشلايدۇ. ئىسلام مۇجاھىدلىرى مەشھۇر غەرب رەھبەرلىرىنى قەستلەيدۇ، ئامېرىكا بولسا ئەشەددىي ئىسلام ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشنى پىلانلايدۇ. 1980- يىلىدىن باشلاپ 1995- يىلىغىچە بولغان 15 يىل ئىچىدە، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرقتە 17 قېتىملىق ھەربىي ھەرىكەتكە قاتناشقان. نىشانىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار. ئامېرىكا باشقا ھەزارەتكە تەۋە خەلققە بۇنداق ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ باقمىغان.

دېگىز قولتۇقى ئۇرۇشىدىن باشقا، ھەر ئىككى تەرەپ ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش پارتلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرىنى مۆۋاپىق تۆۋەن دەرىجىدە ساقلاپ كەلدى. «ئىقتىسادشۇناسلار» ژۇرنىلى مۇنداق دېگەن: «ئەگەر لىۋىيە ئۆزىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتى بىلەن ئامېرىكىنىڭ يولۇچىلار پاراخوتىنى پارتلىتىۋەتسە، ئامېرىكا بۇنى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇرۇش ھەرىكىتى دەپ قاراپ، سۇ ئاستى پاراخوت خادىملىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ يۈرمەيدۇ. پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، لىۋىيە ئالاھىدە ھەرىكەت خادىملىرىنىڭ يولۇچىلار ئايروپىلانىنى پارتلىتىۋەتكىنىمۇ ئوخشاش ئىش» (بۇ 1988- يىلى لىۋىيە ئالاھىدە خادىملىرىنىڭ ئامېرىكا يولۇچىلار ئايروپىلانىنى پارتلىتىۋەتكىنىنى دېمەكچى. — ت)[16]. بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ قوللانغان زوراۋانلىق ۋاستىلىرى ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە قوللانغان زوراۋانلىق ۋاستىلىرىدىن كۆپ خىللىشىپ كەتتى. ئوخشىمايدىغىنى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنىڭ يۇقرالىرىنى، ھەتتا ھەربىيلىرىنىمۇ مەقسەتلىك ئۆلتۈرمىگەن. بولمىسا بۇنداق ئىشلار يېرىم ئۇرۇشتا بولۇپ تۇرىدۇ.

ئامېرىكا رەھبەرلىرى: يېرىم ئۇرۇشقا قاتناشقىنى پەقەت ئاز سانلىكى مۇسۇلمانلار، ئۇلارنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىمۇ كۆپ سانلىكى مۆتىدىل مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى دېيىشىدۇ. بۇ بەلكىم توغرىدۇ، بىراق دەلىل كەم. تا ھازىرغىچە مۇسۇلمان دۆلەتلەردە غەربكە قارىتىلغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلەرگە قارشى ئېتىراز بىلدۈرۈش ھەرىكەتلىرى بولۇپ باقمىدى. مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى، ھەتتا غەرب بىلەن دوستانە، غەربكە تايىنىدىغان، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ھۆكۈمەتلەرمۇ غەربكە قارشى زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر ئەيىبلەنگەندە، كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ سۈكۈت قىلدى. يەنە بىر جەھەتتىن ياۋروپا دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكىنىڭ مۇسۇلمان رەقىبلىرىگە قوللانغان ھەرىكىتىنى قوللايدۇ ھەم ناھايىتى ئاز ئەيىبلەيدۇ. بۇ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى قوللانغان ھەرىكەتلىرىگە كۆچەپ قارشى تۇرغانلىقى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ. مەدەنىيەت توقۇنۇشىدا، ئىدېئولوگىيە توقۇنۇشىغا ئوخشىمايدىغان ھالدا، مەۋقەنى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بەلگىلەيدۇ. غەرب دۇچ كەلگەن تۈپ مەسىلە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ئەمەس، بەلكىم ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت — ئىسلام. ئۇنىڭ خەلقى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ ھەم ئۆز كۈچىنىڭ زەئىپ ئورنىدا تۇرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئىسلامنىڭ دۇچ كەلگىنى ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئەمەس، بەلكى باشقا بىر مەدەنىيەت — غەرب. ئۇلار ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ھەممىباب بولۇشىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. ھەتتا، ئۇلارنىڭ كۈچى ئاجىزلاۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ئەۋزەللىكنىڭ يەنىلا ئۇلارغا ئۆز مەدەنىيىتىنى پۈتكۈل دۇنياغا كېڭەيتىش مەجبۇرىيىتىنى يۈكلىگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. مانا بۇلار ئىسلام بىلەن غەربنىڭ توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈپ سەۋەبتۇر.

## ئاسىيا: جۇڭگو ۋە ئامېرىكا

***كۆپ مەدەنىيەتلىك داشقايناق (ئارىلاشما).*** ئاسىيا، بولۇپمۇ شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىدىكى ئۆزگىرىش 20- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى دۇنيادا يۈز بەرگەن ئەڭ مۇھىم ھادىسىلەرنىڭ بىرى. 90- يىللارغىچە بولغان، شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى، نۇرغۇن ئادەملەرنى خۇشال قىلدى، ئۇلار شەرقىي ئاسىيا ۋە پۈتكۈل تىنچ ئوكيان بەلۋېغى رايونىدا سىجىل زورايغان سودا تورى ئۆز ئارا تۇتاشتى، ئۇ ئەمدى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق ۋە ھەمكارلىقنى كاپالەتلىك قىلىدۇ، دەپ قاراشتى. بۇ خىل ئۈمىدۋار پوزىتسىيە بىر خىل شۇبھىلىك تەسەۋۋۇرنى، يەنى سودا جەھەتتىكى باردى-كەلدى قىلىش تىنچلىقنى قوغدايدىغان كۈچ بولالايدۇ، دېگەن قاراشنى ئاساس قىلاتتى. بىراق، ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى دۆلەت ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلەر باراۋەرلىكىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ، دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسىي مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلدى. ئىقتىسادىي ئالاقە كىشىلەرنى ئۆز ئارا ئۇچراشتۇرىدۇ، ئەمما ئۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلالمايدۇ. تارىختا، ئىقتىسادىي ئالاقە دائىم ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىگە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشماسلىقنى تونۇتۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا ۋەھىمە شەكىللەندۈرگەن. دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا دۆلەتلەرگە پايدا ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ. مۇبادا بۇرۇنقى تەجرىبە ۋە يەكۈنلەر يوت تىرەپ تۇرالىسا، ئۇنداقتا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيىتى سىياسىي ئەندىشە، مۇقىمسىزلىق ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ.

ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئاسىيا جەمئىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىشى، خەلقئارانىڭ

سىياسىي مۇھىتىدا ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ جەھەتتە قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئالدى بىلەن، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتتى، نەتىجىدە بۇ دۆلەتلەرنىڭ كەلگۈسى مۇناسىۋىتىدە مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە چەكلىنىپ قالغان مەسىلە ۋە زىددىيەتلەر بارغانسېرى گەۋدىلىنىپ، بۇ رايوندا توقۇنۇش ۋە مۇقىمسىزلىقنىڭ پەيدا بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى كۈچەيتتى. ئىككىنچىسى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاسىيا بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى، ئاساسلىقى ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى ھەم ئاسىيانىڭ كۈرەشتە غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. ئۈچىنچى، جۇڭگودىن ئىبارەت ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۇنىڭ ئاشۇ رايوندىكى تەسىرىنى كېڭەيتىدۇ، شۇنداقلا شەرقىي ئاسىيادىكى ئەنئەنىۋى زوراۋانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىنى پەيدا قىلىپ، باشقا دۆلەتلەرنى يا «ئەگىشىش» ئارقىلىق بۇ تەرەققىياتقا ماسلىشىشقا قىستايدۇ، يا بولمىسا «تەڭپۇڭ كۈچلەر ئارقىلىق» جۇڭگونىڭ تەسىرىنى چەكلەيدۇ.

غەرب ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۆتكەنكى بىر قانچە ئەسىردە، خەلقئارا مۇناسىۋەت دەپ ئاتاشقا بولىدىغىنى پەقەتلا غەربتىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئويۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا مەلۇم دەرىجىدە باشقا دۆلەتلەرمۇ قوشۇلغان، ئالدى بىلەن 18- ئەسىردە روسىيە قوشۇلغان، 20- ئەسىرگە كەلگەندە ياپونىيە قوشۇلغان. ياۋروپا چوڭ دۆلەتلەرنىڭ توقۇنۇشى ۋە ھەمكارلىشىشىدىكى ئاساسلىق سورۇن بولۇپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىقنىڭ ئاساسلىق ئۇرۇش لىنىيىسىمۇ، ياۋروپانىڭ مەركىزىي بەلۋېغىدا بولغان. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئاتالمىش خەلقئارا مۇناسىۋەتتە يەنە بىر مۇھىم رايون، يەنى ئاسىيا، بولۇپمۇ شەرقىي ئاسىيا بار بولدى.

ئاسىيادا كۆپ خىل مەدەنىيەت ئۆز ئارا ئارىلىشىپ كەتكەن. پەقەت شەرقىي ئاسىيادىلا ياپون مەدەنىيىتى، جۇڭگو مەدەنىيىتى، پراۋوسلاۋىيە دىنى مەدەنىيىتى، بۇددا دىنى مەدەنىيىتى، ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى ۋە غەرب مەدەنىيىتى قاتارلىق ئوخشاشمىغان ئالتە خىل مەدەنىيەتكە مەنسۇپ جەمئىيەت مەۋجۇت. بۇنىڭغا يەنە جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھىندى دىنى مەدەنىيىتىنىمۇ قوشۇشقا بولىدۇ. تۆت خىل مەدەنىيەتكە مەنسۇپ يادرو دۆلەتلەردىن ياپونىيە، جۇڭگو، روسىيە، ئامېرىكا شەرقىي ئاسىيا سىياسىي سەھنىسىدىكى ئاساسلىق رول ئالغۇچىلار بولۇپ، جەنۇبىي ئاسىيادىن يەنە ھىندىستاننى قوشۇپ قويۇشقا بولىدۇ. ھىندونېزىيە بولسا يېگىدىن گۈللىنىۋاتقان ئىسلام دۆلىتىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، شەرقىي ئاسىيادا يەنە ئىقتىسادىي تەسىرى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئوتتۇرا دەرىجىلىك دۆلەت ۋە رايونلاردىن جەنۇبىي چاۋشيەن، تەيۋەن، مالايسىيا ھەم غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە دۆلەت ۋېيتنام قاتارلىقلار بار. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئامىللار خەلقئارا مۇناسىۋەت ئەندىزىسىنىڭ زور دەرىجىدە مۇرەككەپلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، ئۇنى نۇرغۇن تەرەپلەردىن 18-، 19- ئەسىردىكى ياۋروپا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىش ۋەزىيىتىنىڭ تۇراقسىزلىقى ۋە مۇقىمسىزلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

شەرقىي ئاسىيانىڭ كۆپ خىل كۈچ، كۆپ خىل مەدەنىيەت ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك ئالاھىدىلىكى، غەربىي ياۋروپاغا ئوخشاشمايدۇ، ئىقتىساد ۋە سىياسىي جەھەتتىكى پەرق يەنە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى يەنىمۇ چوڭايتىۋەتكەن. غەربىي ياۋروپادىكى ھەممە دۆلەتلەردە مۇقىم ئىستراتېگىيە تۈزۈمى بولۇپ، ئۇلار بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويغاچقا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى يۇقىرى سەۋىيىدە تۇرماقتا. 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي ئاسىيادا بىر مۇقىم دېموكراتىك دۆلەت، بىر قانچە يېڭى تۇراقسىز دېموكراتىك دۆلەت مەۋجۇت ئىدى. شۇنداقلا، دۇنيادىكى بەش كوممۇنىستىك

پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى دۆلەتنىڭ تۈتى شەرقىي ئاسىيادا ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەربىيلەر ھاكىمىيەت باشقۇرغان ھۆكۈمەت، شەخس مۇستەبىتلىكى ۋە بىر پارتىيىلىك ئىستىبدات تۈزۈملەر بار ئىدى. شەرقىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ياپونىيە ۋە سىنگاپوردىن ۋېيتنام، شىمالىي چاۋشيەنگىچە ئوخشاشمايدۇ. گەرچە شەرقىي ئاسىيانىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات يۆنىلىشى بازارلىشىش ۋە ئىقتىسادنى ئەركىنلەشتۈرۈشكە يۈزلەنگەن بولسىمۇ، بىراق يەنىلا تۈرلۈك ئىقتىسادىي تۈزۈملەر مەۋجۇت، يەنى جەنۇبىي چاۋشيەندە بۇيرۇق خاراكتېرلىك ئىقتىساد، دۆلەت تىزگىنلەش بىلەن شەخسىي كارخانىلار ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۈرۈشتەك ئارىلاشما ئىقتىسادىي تۈزۈم مەۋجۇت، يەنە شياڭگاڭ رايونىدا ئەركىن قويۇۋېتىلگەن ئىقتىساد مەۋجۇت.

جۇڭگونىڭ زومىگەرلىكى بەزىدە بۇ رايونلارغا ۋاقىتلىق تەرتىپ ئېلىپ كەلگەندىن باشقا، شەرقىي ئاسىيادا ئەزەلدىن غەربىي ياۋروپادىكىگە ئوخشاش خەلقئارا جەمئىيەت (ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئۇقۇمىغا ئاساسلانغاندا) مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان⑰. 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياۋروپا بىر يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن خەلقئارا ئاپپاراتىنىڭ بىرلەشمە گەۋدىسى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، بۇ ئاپپاراتلار: ياۋروپا ئىتتىپاقى، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى، غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقى، ياۋروپا مۇدىرىيىتى، ياۋروپا بىخەتەرلىكى ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاتارلىقلاردۇر. شەرقىي ئاسىيادا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىدىن باشقا، ياۋروپادىكىدەك تەشكىلاتلار يوق، شۇنداقلا مەزكۇر ئىتتىپاقمۇ ھېچقانداق بىر ئاساسلىق دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، بۇ ئىتتىپاق بىخەتەرلىك مەسىلىلىرىگە ئارىلىشىپ قىلىشتىن ساقلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئەمدىلا ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىشنىڭ دەسلەپكى شەكلىدىكى تەرەققىياتنى باشلىدى. 90- يىللاردا، كۆپ قىسىم تىنچ ئوكيان ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تېخىمۇ چوڭ بىر

تەشكىلات — ئاسىيا تىنچ ئوكيان ئىقتىسادى ھەمكارلىق تەشكىلاتى بارلىققا كەلدى، بىراق ئۇ شەرقىي ئاسىيا ئىتتىپاقىغا قارىغاندا تېخىمۇ بوش بىر مۇنازىرە سەھنىسى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاسىيادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەرنى ئۆز ئارا باغلايدىغان مۇھىم كۆپ قىرلىق ئاپپارات يوق.

ئوخشاشلا غەربىي ياۋروپا بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغان تەرىپى، شەرقىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەردە يەنە نۇرغۇنلىغان زىددىيەتلەرنىڭ ئۇرۇقى مەۋجۇت. ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئىككى خەتەرلىك نۇقتا ئىككى چاۋشيەن ۋە «ئىككى جۇڭگو» بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىككىسىلا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ قالدۇقىدۇر. ئەمما، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئىختىلاپىنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى تۆۋەنلەۋاتىدۇ. 1995- يىلىدىن باشلاپ «ئىككى جۇڭگو» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە زور يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى، ئىككى چاۋشيەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىمۇ تەرەققىي قىلىشقا قاراپ يۈزلەندى، چاۋشيەنلىكلەرنىڭ چاۋشيەنلىكلەر بىلەن بولغان ئۇرۇش قىلىش مۇمكىنچىلىكى مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل مۇمكىنچىلىك چوڭ ئەمەس. خۇددى جۇڭگونىڭ بىر ھەربىي ئىشلار ھۆججىتىدە، قوشۇلغان تەرزدە «ئۆز بىلەن ئۆز ئۇرۇشمايدۇ» دېيىلگىنىدەك⑱. جۇڭگولۇقلارنىڭ جۇڭگولۇقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش مۇمكىنچىلىكى بىر قەدەر چوڭ بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا چەكلىك، تەيۋەنلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگولۇق سالاھىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھەقىقىي يوسۇندا تەيۋەن جۇمھۇرىيىتى قۇرسا بىر گەپ. گەرچە ئىككى چاۋشيەن ياكى «ئىككى جۇڭگو» ئوتتۇرىسىدا زوراۋانلىق توقۇنۇشى يۈز بېرىشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئورتاقلىقى ئاخىرقى ھېسابتا بۇ خىل مۇمكىنچىلىكنى يوققا چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن.

شەرقىي ئاسىيادا، بۇرۇنقى دۈشمەنلىك مۇناسىۋەت ۋە يېڭى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغان يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى

بولغان توقۇنۇش، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىن قالغان توقۇنۇشنى تولۇقلاشقا ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى ئېلىشقا باشلىدى. 90- يىلىنىڭ باشلىرىدىكى شەرقىي ئاسىيانىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسى ھەققىدىكى تەھلىللەردە، شەرقىي ئاسىيا ئومۇمەن «خەتەرلىك قوشنا»، «تەييارلىقى تولۇق رەقىب»، «بىر قانچە مەيدان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى قىلىدىغان» رايون، ئۇرۇش ۋە تۇراقسىزلىققا تولغان «كېلەچەككە قاراپ مېڭىۋاتىدۇ» دەپ تەسۋىرلىنەتتى⑲. غەربىي ياۋروپا بىلەن ئوخشىمايدىغان تەرىپى، 90- يىللاردىكى شەرقىي ئاسىيادا تېخى ھەل بولمىغان تېررىتورىيە ماجىراسى مەۋجۇت ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىملىرى روسىيە بىلەن ياپونىيىنىڭ شىمالدىكى تاقىم ئاراللار ماجىراسى، جۇڭگو، ۋېيتنام ۋە فىلىپپىن، يەنە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىز مەسىلىسى ماجىراسىدۇر. جۇڭگونى بىر تەرەپ، روسىيە بىلەن ھىندىستاننى بىر تەرەپ قىلغان چېگرا ماجىراسى 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پەسەيگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇبادا جۇڭگو موڭغۇلىيىگە ھوقۇق يۈرگۈزۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ماجىرا يەنە يۈز بېرىدۇ. زوراۋانلىق ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى مىنداناۋ ئارىلى، شەرقىي تىمور، شىزاڭ، جەنۇبىي تايلاند ۋە بېرمىلاردا يەنىلا مەۋجۇت، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چەت ئەللەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، گەرچە 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي ئاسىيادا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى 50 يىلدا چاۋشيەن ۋە ۋېيتناملاردا چوڭ ئۇرۇش يۈز بەردى، شۇنداقلا ئاسىيادىكى چوڭ مۇھىم دۆلەت جۇڭگو ئامېرىكىلىقلار بىلەن ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى قوشنىلىرى (جەنۇبىي) چاۋشيەن، ۋېيتنام، گومىنداڭ پارتىيىسىگە مەنسۇپ جۇڭگولۇقلار ۋە روسىيىلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلدى. 1993- يىلى، جۇڭگو ھەربىي تەرەپ بىر ئانالىز دوكلاتىدا، جۇڭگونىڭ ھەربىي ئىشلار بىخەتەرلىكىگە تەھدىت

شەكىللەندۈرىدىغان سەككىز رايوننى بېكىتتى، ج ك پ مەركىزى غەربىي ئىشلار كومىتېتى شەرقىي ئاسىيانىڭ بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنى «ئىنتايىن جىددىي» دەپ خۇلاسىلىدى. بىر قانچە ئەسىرلىك توقۇنۇشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، غەربىي ياۋروپا تىنچلىققا ئېرىشىپ، ئۇرۇش ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. بىراق، شەرقىي ئاسىيانىڭ كەلگۈسى خۇددى ئىلون . فرىد بېرىگ ئېيتقاندەك، ياۋروپانىڭ ئۆتمۈشى ئاسىيانىڭ كەلگۈسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن[20].

ئىقتىسادىي تەرەققىيات، زېمىن ماجىراسى، قايتا پەيدا بولغان قارشىلىق ۋە سىياسىي مۇقىمسىزلىق، شەرقىي ئاسىيانىڭ ھەربىي خىراجەت خام چوتى ھەربىي ئىقتىدارىنى 80-، 90- يىللاردا زور كۆلەمدە كۆپەيتتۈەتتى. بايلىقنىڭ كۆپىيىشى ۋە نوپۇس ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، شەرقىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر قالاق «پارتىزان»لار ئارمىيىسى ھالىتىدىن تەدرىجىي ھالدا كۆلەملەشكەن، كەسپلەشكەن، تېخنىكىسى تېخىمۇ ئىلغارلاشقان قوشۇنغا ئىگە بولۇشقا باشلىدى. ئامېرىكىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىدىن ئەنسىرىگەچكە، ھەر قايسى دۆلەتلەر ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن تەدرىجىي ئۆزىگە تايىنىشنى نىشان قىلىشقا باشلىدى. شەرقىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر گەرچە داۋاملىق ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن زور مىقداردا قورال-ياراغ سېتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تېخنىكا ئىمپورت قىلىپ ئۆز دۆلىتىدە ئىلغار ئايروپىلان، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە ئېلېكترونلۇق ئەسلىھەلەرنى ياسىيالايدىغان بولۇشقا بەكرەك مايىل بولدى. ياپونىيە ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتى دائىرىسىدىكى بىر قىسىم دۆلەت ۋە رايونلار (جۇڭگو، تەيۋەن، سىنگاپور، كورېيە) كۆنسېرى ئىلغارلىشىۋاتقان ھەربىي سانائەتكە ئىگە بولماقتا. شەرقىي ئاسىيا ئۆزىنىڭ دېڭىز بويى بولۇشتەك جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ، نۇۋقتىلىق ھالدا يىراق ئارىلىقتىن كونترول قىلىدىغان ئارمىيە كۈچى ئىقتىدارى ۋە ھاۋا،

دېگىنىز ئارمىيىسى ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇردى. نەتىجىدە، ئىلگىرى ئۆز ئارا ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارى ھازىرلىمىغان دۆلەتلەر، بارغانسېرى بۇ خىل ئىقتىدارنى ھازىرلاشقا باشلىدى. بۇ دۆلەتلەردىكى ھەربىي ئىشلار قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھۋالى ئېنىق بولمىغاچقا، تېخىمۇ شۈبھە ۋە ئېنىقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى㉑. كۆپلەر مۇناسىۋىتى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان ۋەزىيەتتە، ھەر قايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئۆز-ئۆزىگە: «يەنە ئون يىلدىن كېيىن، كىم مېنىڭ دۈشمىنىم، كىم (ئەگەر بولۇپ قالسا) دوستۇم بولىدۇ؟» دېگەن سوئالنى قويۇشقا ھەقلىق.

***ئاسىيا-ئامېرىكا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى.*** 80- يىللارنىڭ ئاخىرى 90- يىللارنىڭ بېشىدا، ۋېيتنامدىن باشقا، ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قارشىلىشىش ھالىتىگە ئۆتتى، ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ئىقتىدارى كونسېرى ئاجىزلاشتى. بۇ يۈزلىنىش شەرقىي ئاسىيادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەردە ئېنىق گەۋدىلەندى، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو، ياپونىيىنىڭ مۇناسىۋىتى ئاشۇنداق يۈزلىنىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئامېرىكا بىر تەرەپ، جۇڭگو ۋە ياپونىيە بىر تەرەپ بولۇپ تۇرۇپ، ئوخشاشلا ئارىمىزدا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، دەپ داۋراڭ قىلىشتى㉒. بىرلا ۋاقىتتا تەرەققىي قىلىشتەك بۇ خىل يۈزلىنىش (كونا) بۇش ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدىن باشلىنىپ، كلىنتون دەۋرىگە كەلگەندە يۇقىرى سۈرئەتتە تېزلەشتى. 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەن ئامېرىكا بىلەن ئاسىيادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئەڭ ياخشى بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن ۋاقىتتىمۇ پەقەت «جىددىي» دەپ قارالدى، شۇنداقلا ياخشىلىنىش يۈزلىنىش مەيدانغا كەلمىدى*.

* دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بايانىدا ھېچ بولمىغاندا ئامېرىكىدا سۆز ئىشلىتىش جەھەتتىكى مۇجمەللىك بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشى كېرەك. كىشىلەر مۇناسىۋىتى «ياخشى» دېگەنلىك مۇناسىۋىتىنىڭ دوستانە ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇناسىۋىتى «يامان» دېگەنلىك دۈشمەنلىشىش، قارشىلىشىش دېگەننى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ئىپادىلەش ناھايىتى ئوخشاشمىغان ئىككى تەرەپنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ: دوستانىلىكمۇ ياكى دۈشمەنلىشىشمۇ؟ قوبۇل قىلىشقا بولامدۇ ياكى قوبۇل قىلىشقا بولمامدۇ؟

90- يىللارنىڭ بېشىدا ياپونىيە-ئامېرىكا مۇناسىۋىتى نۇرغۇن مەسىلىلەردىكى تالاش-تارتىش تۈپەيلى كۆنسېرى جىددىيلەشتى. بۇ مەسىلىلەر ياپونىيىنىڭ پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىكى رولى، ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئارمىيىسى، ياپونىيىنىڭ ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو ۋە باشقا دۆلەتلەرگە قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق سىياسەتلىرىگە بولغان پوزىتسىيىسى، ياپونىيىنىڭ تىنچلىق ساقلاش ھەرىكىتىگە قاتنىشىشى، شۇنداقلا مۇھىم ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، بولۇپمۇ سودا مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سودا ئۇرۇشى ئاللىبۇرۇن ئادەتتىكى ئىبمىغا ئايلىنىپ قالدى㉓. ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى، بولۇپمۇ كلىنتون ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ياپونىيىنىڭ بارغانسېرى يول قويۇشىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، بىراق ياپونىيە ئەمەلدارلىرى بۇ خىل تەلەپكە كۈندىن-كۈنگە كۈچلۈك قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. ئىلگىرىكى تالاش-تارتىش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھازىرقى ھەر بىر سودا ماجىراسى تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ، ھەل قىلىش تەس بولۇپ قالدى. مەسىلەن، 1994- يىلى 3- ئايدا زۇڭتۇڭ كلىنتون ياپونىيىگە تېخىمۇ قاتتىق سودا ئىمبارگوسى يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنىڭ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر بۇيرۇق ئىمزالىدى. بۇ ھەرىكەت ياپونىيىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپلا قالماستىن، يەنە دۇنيادىكى ئاساسلىق سودا تەشكىلاتلىرىنىڭ چېگرا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمىگە مەسئۇل كىشىلەرنىڭمۇ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ياپونىيە بۇنىڭغا قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ سىياسىتىگە «زەھەرخەندىلىك» بىلەن زەربە بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئامېرىكا ناھايىتى تېزلا ياپونىيىنى ھۆكۈمەت توختامى بىلەن تەمىنلىگەندە ئامېرىكا شىركەتلىرىنى كۆزگە ئىلمىدى، دەپ ھەقىقىي يوسۇندا ئەيىبلىدى. 1995- يىلى باھاردا، كلىنتون ھۆكۈمىتى ياپونىيىنىڭ ئالىي پىكاپلىرىغا قارىتا 100%لىك چېگرا بېجى ئالىمىز، دەپ تەھدىت سالدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىمبارگو كۈچكە ئىگە بولۇشتىن سەللا ئىلگىرى بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىدىغان بىر كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. ئامېرىكا-ياپونىيە ئىككى دۆلەت

ئوتتۇرىسىدا، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سودا ئۇرۇشى ھەرىكىتى يۈز بېرىپ تۇردى. 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى زەھەرخەندىلەرچە ھۇجۇم يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، ياپونىيە سىياسىي سەھنىسىدىكى مۇھىم ئەربابلار ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئارمىيىسىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى.

مۇشۇ يىللاردا، ئىككى دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى بارغانسېرى بىر-بىرىدىن نارازى بولۇشقا باشلىدى. 1985- يىلى 87% ئامېرىكا پۇقراسى ياپونىيىگە بولغان پوزىتسىيىسىنىڭ دوستانە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. 1990- يىلىغا كەلگەندە، بۇ سان تۆۋەنلەپ 67%كە چۈشۈپ قالغان، 1993- يىلىغا كەلگەندە، پەقەت 50% ئامېرىكا پۇقراسى ياپونىيىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن 2/3 قىسىم ئامېرىكىلىق ياپونىيە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. 1985- يىلى 73% ياپونىيىلىك ياپونىيە-ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى دوستانە دەپ قارىغان. 1993- يىلى 64% ياپونىيىلىك ياپونىيە-ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى دوستانە ئەمەس دەپ قارىغان. ئەينى يىللىرى، ئىككىلا دۆلەت قارشى تەرەپكە مۇئامىلە قىلىشتا رۇسىيىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلىپ قويغان. ئامېرىكىلىقلار تۇنجى قېتىم ياپونىيىنى ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت شەكىللەندۈرىدىغان دۆلەت دەپ قاراپ رۇسىيىنىڭ ئالدىغا قويغان، ياپونىيىلىكلەرمۇ ئوخشاشلا ئامېرىكىنى رۇسىيىگە قارىغاندا ياپونىيە بىخەتەرلىكىگە تەھدىت شەكىللەندۈرىدىغان دۆلەت دەپ قارىغان[24].

پۇقرالار پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن سەرخىللار قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ. ئامېرىكىدا، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر، زىيالىيلار ۋە سىياسىي ئىسلاھاتچىلاردىن تەركىب تاپقان مۇھىم بىر گۇرۇھ مەيدانغا كەلدى، ئۇلار ئامېرىكا ۋە ياپونىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ ھەزارەت ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن پەرقلىنىدىغانلىقى، ئامېرىكا ياپونىيە بىلەن بولغان ئىقتىسادى مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلغاندا تېخىمۇ كەسكىن پوزىتسىيە تۇتۇشى

كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. ئامېرىكا ئاخبارات ۋاستىلىرى، نەشر بۇيۇملىرى ۋە بازارلىق رومانلاردىكى ياپونىيىنىڭ ئوبرازى بارغانسېرى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. ياپونىيىدىكى ئەھۋالمۇ ئوخشاش بولدى. ياپونىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى رەھبەرلىرى، ئامېرىكىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى كۈچى ۋە 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ساخاۋىتىنى ھېس قىلمىغاچقا، ئۇلار ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادى نەتىجىلىرىدىن مەغرۇرلىنىپ، ئىلگىرىكىلەر قوللىنىپ باقمىغان ئۇسۇللار بىلەن ئامېرىكىنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىشنى تاللىدى. ياپونىيىدىكى «قارشى تۇرغۇچىلار» بىلەن ئامېرىكىدىكى «ئىسلاھ قىلغۇچىلار» تەپمۇتەك بولۇپ، ئىككىلا دۆلەتتىكى سايلانغۇچىلار ئامېرىكا-ياپونىيە مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مەسىلىلەردە تېخىمۇ قاتتىق بولۇشنى تەشەببۇس قىلغاندىلا سايلىغۇچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بايقىغان.

80- يىللارنىڭ ئاخىرى 90- يىللارنىڭ بېشىدا ئامېرىكا جۇڭگو مۇناسىۋىتى بارغانسېرى زىتلىشىشقا باشلىدى. 1991- يىلى 9- ئايدا دېڭ شياۋپىڭ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش «يېڭى بىر سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى»نى شەكىللەندۈردى، دېدى. بۇ گەپ جۇڭگو ئاخبارات ساھەسىدە قايتا-قايتا تىلغا ئېلىندى. 1995- يىلى 8- ئايدا، ھۆكۈمەت ئاخبارات ئاپپاراتلىرى: جۇڭگو-ئامېرىكا مۇناسىۋىتى 1979- يىلى ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى جاكارلىدى. جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ئامېرىكىنىڭ دائىم جۇڭگونىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى ئەيىبلىدى. 1992- يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بىر ئىچكى ھۆججىتىدە: «شۇنى كۆرسىتىشىمىز كېرەككى، ئامېرىكا ئۆزىنى بىردىن چوڭ بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت دەپ ئاتىۋالغاندىن بۇيان، يېڭى زوراۋانلىق ۋە زورلۇق سىياسىيسىنى تىكلەش ئۈچۈن، ھەممە يەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ كۈچى ئاجىز بولغاچقا ئارمانغا چۈشلۇق دەرمانى

يوق». دېيىلدى. 1995- يىلى 8- ئايدا دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن: «غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر، دۆلىتىمىزنى غەربلەشتۈرۈش ۋە پارچىلاشتىن ئىبارەت يامان غەرىزىدىن بىردەممۇ ۋاز كەچكىنى يوق» دېدى. 1995- يىلىغىچە، ئىيتىشلارغا قارىغاندا، جۇڭگو رەھبەرلىرى ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا ئامېرىكا «جۇڭگونى تېررىتورىيە جەھەتتىن پارچىلىۋېتىش، سىياسىي جەھەتتىن ئاغدۇرۇۋېتىش، ئىستراتېگىيە جەھەتتىن چەكلەش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەغلۇپ قىلىش قەستىدە بولۇۋاتىدۇ» دېگەن بىر خىل قاراش كەڭ ئەۋج ئالغان㉕.

بۇ ئەيىبلەشلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دەلىل-ئىسپاتى بار بولۇپ، ئامېرىكا تەيۋەننىڭ «زۇڭتۇڭى» لى دېڭخۇينى ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى، تەيۋەنگە F—16 كۈرەشچى ئايروپىلاندىن 150نى سېتىپ بەردى، شىزاڭنى «بېسىۋېلىنغان مۇستەقىل تېررىتورىيە» دەپ ئاتىدى، جۇڭگونى كىشىلىك ھوقۇققا تاجاۋۇز قىلدى، دەپ ئەيىبلىدى، 2000- يىلى بېيجىڭدا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشنى رەت قىلدى، ۋېيتنام بىلەن مۇناسىۋەتنى نورماللاشتى، جۇڭگونى ئىرانغا خىمىيىلىك قوراللارنىڭ زاپچاسلىرىنى سېتىپ بەردى، دەپ ئەيىبلىدى، جۇڭگو پاكىستانغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا قۇرۇلمىلىرىنى سېتىپ بەرگەچكە جۇڭگوغا سودا ئىمبارگوسى يۈرگۈزدى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن جۇڭگوغا تېخىمۇ ئىمبارگو يۈرگۈزىمىز، دەپ تەھدىت سالدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشىنى چەكلىدى. ئىككىلا تەرەپ قارشى تەرەپنى ئىشەنچسىز دەپ ئەيىبلىدى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ قارىشىچە، جۇڭگو باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېكسپورت قىلماسلىقتا، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جىنايەتچىلىرى توغرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغانىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكا تەيۋەن «زۇڭتۇڭى» لى دېڭخۇينى ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىپ، تەيۋەنگە كۈرەشچى ئايروپىلان سېتىپ بېرىپ، جۇڭگو-ئامېرىكا كېلىشىمىگە خىلاپلىق قىلدى.

جۇڭگودا، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسى تۇتىدىغان ئەڭ ئاساسلىق گۇرۇھ ھەربىيلەردۇر. ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇلار دائىم ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلىتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئامېرىكىغا نىسبەتەن كەسكىن مەيداندا تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قارىغاندا، 1993- يىلى 6- ئايدا 100 نەپەر جۇڭگو گېنېرالى بىرلىشىپ دېڭ شياۋپىڭغا خەت يېزىپ، ھۆكۈمەتنى ئامېرىكىغا «پاسسىپ» سىياسەت قوللىنىۋاتىدۇ، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا كۆرسەتكەن «پوپوزا»سىنى چەكلىيەلمىدى، دەپ ئاغرىنغان. شۇ يىلى كۈزدە، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قېتىمقى مەخپىي ھۆججىتىدە ئارمىيە تەرەپنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇشىدىكى سەۋەبلەر مۇنداق خۇلاسىلەنگەن: «جۇڭگو ۋە ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئۇزۇن دەۋرلەردىن بېرى ئىدېئولوگىيە، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە تاشقى سىياسەتلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان توقۇنۇش مەۋجۇت بولغاچقا، جۇڭگو-ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى تۈپتىن ياخشىلاش مۇمكىن ئەمەس». ئامېرىكىلىقلار شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانى «دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىغاچقا... ئامېرىكا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا بىر كۈچلۈك رەقىبىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى خالىمايدۇ»[26]. 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ۋە ھەر قايسى ئاپپاراتلار ئوخشاشلا ئامېرىكىنى دۈشمەن كۈچ دەپ قارايتتى.

جۇڭگو-ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ كونسېرى قارشىلىشىش يولىغا مېڭىشىنى ئىككىلا دۆلەتنىڭ ئىچكى سىياسىيسى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئامېرىكا-ياپونىيە مۇناسىۋىتىگە ئوخشاشلا، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى قاراشلاردا ئىختىلاپ بار. نۇرغۇن مۇھىم ئەربابلار، جۇڭگو بىلەن ئۇنۇملۇك ئۇچرىشىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىقتىسادىي ئالاقىنى كېڭەيتىش، جۇڭگونى خەلقئارا جەمئىيەتلەرگە كىرگۈزۈش كېرەك، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر جۇڭگونىڭ ئامېرىكا مەنپەئىتىگە بولغان يوشۇرۇن تەھدىتىنى

تەكىتلەپ، جۇڭگو بىلەن بولغان كېلىشىم سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قاراپ كۈچلۈك چەكلەش سىياسەتلىرىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. 1993- يىلى ئامېرىكا پۇقرالىرى جۇڭگونى ئىراندىن قالسىلا ئامېرىكىغا ئەڭ چوڭ تەھدىت شەكىللەندۈرىدىغان دۆلەت دەپ قارىغان. ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ساھەسىمۇ دائىم سىمۋول خاراكتېرلىك پوزىتسىيە تۇتۇپ كەلدى. مەسىلەن، لى دېڭخۇينىڭ كورنېل ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلىشى، كلىنتوننىڭ دالاي لاما بىلەن ئۇچرىشىشى دېگەندەك. بۇ ھەرىكەتلەر جۇڭگونى ئىنتايىن غەزەپلەندۈرۈۋەتتى. شۇنداقلا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى قۇربان قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مەسىلەن، جۇڭگونىڭ ئەڭ ئېتىبار بېرىلىدىغان دۆلەتلىك سالاھىيىتىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق مەسىلىلەر. جۇڭگو تەرەپ، دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتچىلەرگە بولغان جەلبكارلىقنى ئاشۇرۇش ۋە ھاكىمىيىتىنى ھەقلىقلەشتۈرۈش ئۈچۈن يېڭى بىر دۈشمەن تىكلەشكە موھتاج ئىدى.

ئون يىل ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ ياپونىيە ۋە جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇنداق قىلىپ «يامان»لىشىپ كەتتى. ئاسىيا بىلەن جۇڭگو مۇناسىۋىتىدىكى بۇ ئۆزگىرىش شۇ دەرىجىدە كەڭ، ئۇ ئوخشاشمىغان ساھە ۋە ئوخشاشمىغان مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبىنى قانداقتۇر ئايرىم مەنپەئەت توقۇنۇشىغا يىغىنچاقلىغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، بىر تەرەپنىڭ ماشىنا زاپچاسلىرى، فوتو ئاپپاراتى سېتىش ياكى ھەربىي بازا مەسىلىسى، يەنە بىر تەرەپنىڭ ئوخشاشمىغان سىياسىي قاراشتىكىلەرنى تۇتۇش، قاماش، قورال-ياراغ سېتىش، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى مەسىلىسى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا ئەگەر ئاسىيادىكى ئىككى ئاساسىي دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتسە، ئېنىقكى ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. دىپلوماتىيە ۋە زوراۋانلىق سىياسىيسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئامېرىكا

ئىككى دۆلەتنىڭ بىرىنى بىرىگە قارشى تۇرغىلى سالىدۇ ياكى ئەڭ بولمىغاندا بىر تەرەپ بىلەن بولغان توقۇنۇش كۆچىيىپ كەتكەندە، ئامال قىلىپ يەنە بىر تەرەپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلايدۇ. ئەمما، ئامېرىكا مۇنداق قىلمىدى. يەنە تېخىمۇ نۇرغۇن ئامىللارنىڭ تەسىرى ئامېرىكا بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى كۈچەيتىۋېتىپ، بۇ مۇناسىۋەتتىكى ئايرىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى. بۇنداق ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئالدى بىلەن، ئاسىيا جەمئىيىتى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى كۈچەيدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق شەكلى ئالماشتۇرۇش، سودا، مەبلەغ سېلىش ۋە ئۆز ئارا چۈشىنىشنى كېڭەيتىش بولدى. بۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى يۈز بېرىپ بولغان ياكى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان مەنپەئەت توقۇنۇشى مەسىلىلىرى ۋە تۈرلىرىنى كۆپەيتتى. ئۆز ئارا تەسىرنىڭ كۈچىيىشى ئىككى تەرەپنى قارشى تەرەپنىڭ ھەرىكەت ۋە ئېتىقادى بىزگە تەھدىت شەكىللەندۈرەلەيدۇ، دەيدىغان تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويدى، ۋەھالەنكى ئىلگىرى ئارىلىق يىراق بولغاچقا ئۇلار بىر-بىرىدىن خاتىرجەم ئىدى. ئىككىنچى، 50- يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىدىغان تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئامېرىكا-ياپونىيە ئورتاق بىخەتەرلىك شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. 70- يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچىيىشى ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ 1979- يىلى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشىنى ئىلگىرى سۈردى ھەم ئورتاق مەنپەئەت ئاساسىدىكى ئالاھىدە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىدىغان تەھدىتنى ئازايتتى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى ئامېرىكا بىلەن ئاسىيا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەممىسنى بىسىپ چۈشىدىغان ئورتاق مەنپەئەتنى يوق قىلدى. نەتىجىدە زور مەنپەئەت توقۇنۇشى مەۋجۇت مەسىلىلەر گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. ئۈچىنچىدىن، شەرقىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۇلار بىلەن ئامېرىكا

ئوتتۇرىسىدىكى نورمال يۈزلىنىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتىۋەتتى. خۇددى بىز كۆرگەندەك، ئاسىيا ئەللىرى بارغانسېرى ئۆزلىرىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۈزۈلمىسىنىڭ ئۈنۈمىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ ھەم ئۆز ھەزارىتىنى غەرب ھەزارىتىدىن ئەۋزەل دەپ قارايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئامېرىكىلىقلار بولۇپمۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۈزۈلمىسىنى ھەممىباب، دەپ قاراشقا مايىل بولدى. ئۇلارنىڭ ھازىرمۇ ئاسىيا جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى تاشقى سىياسىتىنى ئۇيان-بۇيان قىلىۋەتكۈدەك كۈچى بار.

خەلقئارا مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ئاسىيا مەدەنىيىتى بىلەن ئامېرىكا مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى تۈپكى ھەزارەت پەرقىنى گەۋدىلەندۈردى. ئەڭ كەڭ قاتلامدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كۆپ قىسىم ئاسىيا جەمئىيىتىنىڭ كۈزگىچىلىق روھى ھوقۇق، دەرىجە تۈزۈمى، ئىجابىي توقۇنۇشتىن ساقلىنىش، «يۈز-ئابرويىنى قوغداش»، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، دۆلەت جەمئىيەتتىن، جەمئىيەت شەخستىن ئۈستۈن تۇرۇش شەخس ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇش، دېگەندەك قىممەتلەرنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاسىيالىقلار يۈز يىل ۋە مىڭ يىلنى بىر بىرلىك قىلىپ ئۆز جەمئىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھېسابلاشقا مايىل بولۇپ، ئۇلار يىراق مەنپەئەتىنى كېڭەيتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. بۇ خىل پوزىتسىيىلەر ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، دېموكراتىيە ۋە شەخسچىلىك قاتارلىق ئېتىقاد مۇھىم مەزمۇن قىلىنغان پوزىتسىيىسى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ. ئامېرىكىلىقلار ھۆكۈمەتكە ئىشەنمەيدۇ، ئىمتىيازغا قارشى تۇرىدۇ، رىقابەتكە ئىلھام بېرىپ، كىشىلىك ھوقۇقنى يۈكسەك بىلىدۇ. ئۇلار ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش، كەلگۈسىگە سەل قاراش، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى كېڭەيتىش ئۈچۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە مايىل. توقۇنۇشنىڭ تۈپ يىلتىزى جەمئىيەت ۋە ھەزارەت جەھەتتىكى پەرقتۇر.

بۇ خىل پەرقلەر ئامېرىكا ۋە ئاسىيادىكى ئاساسلىق ئەللەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. دىپلوماتلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلەردىكى توقۇنۇشىنى ھەل قىلىشقا، بولۇپمۇ ياپونىيىنىڭ سودىسىنىڭ ئاكتىپ بالانسى ۋە ئامېرىكا مەھسۇلاتلىرى، مەبلەغ سېلىشنى چەكلەش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا تىرىشتى. ئامېرىكا بىلەن ياپونىيىنىڭ سودا سۆھبىتى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يادرو قوراللىرىنى چەكلەش سۆھبىتىنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. 1995- يىلىغىچە ئامېرىكىنىڭ ياپونىيە بىلەن بولغان سودا سۆھبىتىدە ئېرىشكەن نەتىجىسى ياپونىيىنىڭكىدىن كۆپ بولمىدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب بۇ توقۇنۇشنىڭ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى تۈپكى پەرقنى مەنبە قىلغانلىقىدىن، بولۇپمۇ ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق سانائەتلەشكەن دۆلەتلەردىكى ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىكىدىن بولغان. ياپونىيىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئاران 3.1% نى ئىگىلەيدۇ، ئەمما باشقا ئاساسلىق سانائەتلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىمپورت مىقدارى 7.4%نى ئىگىلەيدۇ. چەت ئەللەرنىڭ بىۋاسىتە مەبلىغى ياپونىيە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مىقدارىدا 0.7% كىمۇ يەتمەيدۇ. ئەمما، ئامېرىكىنىڭ 28.6% كە، ياۋروپانىڭ 38.5% كە يېتىدۇ. 90- يىللارنىڭ دەسلىپىدە، سانائەتلەشكەن چوڭ دۆلەتلەر ئىچىدە پەقەت ياپونىيىنىڭ خام چوتىدىلا پايدا كۆرۈلگەن⑰.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ياپونىيە ئىقتىسادى غەرب ئىقتىسادشۇناسلىقىدا كۆرسىتىلگەن ئومۇمىي قانۇنىيەت بويىچە تەرەققىي قىلمىغان. 80- يىللاردا غەرب ئىقتىسادشۇناسلىرى ئاددىي ھالدا ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىنىڭ تۆۋەنلىشى ياپونىيە سودىسىدىكى ئاكتىپ بالانسنى كېمەيتەلەيدۇ، دەپ قارىغان. ئەمما،

بۇ ئۇسۇل سىناقتىن ئۆتەلمىگەن. 1985- يىلى مېھمانسarای كېلىشىمىدە ئامېرىكا ياۋروپانىڭ سودىدىكى پاسسىپ بالانسىغا قارىتا تەڭشەش ئېلىپ باردى. ئەمما، بۇنىڭ ياپونىيە سودىسىنىڭ پاسسىپ بالانس مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئۈنۈمى چوڭ بولمىدى. ياپونىيە يېنىنىڭ قىممىتى ئۆسۈپ ئامېرىكا دوللىرى بىلەن بولغان نىسبىتى 100:1دىن تۆۋەن بولغان ئەھۋالدا، ياپونىيە سودىسى يەنىلا يۇقىرى ئوك بالانسلىقنى ساقلاپ قالدى، ھەتتا ئۆستى. شۇڭا، ياپونىيە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پۇل تۇراقلىقى ۋە سودا ئوك بالانسىنى ساقلىدى. غەربنىڭ ئىقتىساد قارىشىدا ئىشسىزلىق بىلەن پۇل پاخاللىقى ئوتتۇرىسىدا بىرسى-بىرسىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان مۇناسىۋەت بولىدۇ، شۇڭا ئىشسىزلىق نىسبىتى %5 تىن تۆۋەن بولغاندا، پۇل پاخاللىقى بېسىمى كېلىپ چىقىدۇ، دەپ قارىلاتتى. ئەمما، ياپونىيىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئىشسىزلىق نىسبىتى %3 كە يەتمىدى. ئوتتۇرىچە پۇل پاخاللىقى نىسبىتى %1.5 بولۇپ كەلدى. 90- يىللارغىچە ئامېرىكا ۋە ياپونىيە ئىقتىسادشۇناسلىرى ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى تۈزۈمىدىكى ئاساسىي پەرقنى تونۇپ يېتىشكە باشلىغان، شۇنداقلا ئۇنى نەزەرىيىلەشتۈرگەنىدى. بىر ئەستايىدىل تەتقىقات دوكلاتىدا مۇنداق خۇلاسىلەنگەن: ياپونىيىدە ياسالغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئىمپورت قىلىنىش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدەك ئەھۋالنى «ئۆلچەملىك ئىقتىسادىي ئامىللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق». يەنە بىر ئانالىزچى مۇنداق دەيدۇ: «غەربلىكلەر مەيلى قانداق پەرەز قىلسۇن، ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى غەربنىڭ لوگىكىسى بويىچە ئايلانمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ياپونىيە ئىقتىسادى غەربنىڭ ئەركىن بازار ئىگىلىكى ئەمەس. ياپونىيىلىكلەر... بىر خىل ئىگىلىك شەكلىنى ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئايلىنىش ئۇسۇلى، غەربنىڭ كۆزەتكۈچىلىرىنىڭ پەرەز ئىقتىدارىدىن ھالقىپ كەتكەن»[28].

ئۇنداقتا، ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ ساناﺋەتلەشكەن ئاساسلىق ئەللەر ئىچىدە ياپونىيە ئىقتىسادى ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، چۈنكى ياپونىيە غەرب جەمئىيىتىگە مەنسۇپ بولمىغان جەمئىيەتتۇر. ياپونىيە جەمئىيىتى ۋە ھەزارىتى غەرب بىلەن، بولۇپمۇ ئامېرىكا جەمئىيىتى ۋە ھەزارىتى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. بۇ پەرقلەر بارلىق ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىلغان ئامېرىكا ياپونىيە سېلىشتۇرما ئانالىزىدا گەۋدىلەنمەكتە[29]. ئامېرىكا-ياپونىيە ئىقتىسادىي مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشى، بىر تەرەپ ياكى ئىككىلا تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي خاراكتېرىدىكى تۈپكى ئۆزگىرىشكە باغلىق، ئەمما بۇ خىل ئۆزگىرىش يەنىلا بىر دۆلەت ياكى ئىككىلا دۆلەتنىڭ جەمئىيەت ۋە ھەزارىتىدىكى تۈپكى ئۆزگىرىشكە باغلىق. بۇ خىل پەرقنىڭ يۇز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، دېگىلى بولمايدۇ. جەمئىيەت ۋە ھەزارەت ھامان ئۆزگىرىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش زور بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ۋەقەلەرنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىشى مۇمكىن: گېرمانىيە ۋە ياپونىيە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، بۇ مەغلۇبىيەت دۇنيادىكى ئىككى ئەڭ ئەشەددىي مىلىتارىزمچى دۆلەتنى دۇنيادىكى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. بىراق، مەيلى ئامېرىكا ياكى ياپونىيە بولسۇن ئىقتىسادىي جەھەتتە قارشى تەرەپنى ئۇزۇل-كېسىل ئاغدۇرۇۋېتەلمەيدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىياتمۇ بىر دۆلەتنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە ھەزارىتىنى خۇددى 50-يىللارنىڭ بېشىدىن 70-يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئىسپانىيىدە كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشكە ئوخشاش ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى گۈللىنىش بەلكىم ياپونىيىنى ئامېرىكىغا ئوخشاش ئىستېمالغا يۈزلەنگەن جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. 80-يىللارنىڭ ئاخىرىدا ياپونىيە ۋە ئامېرىكا خەلقلىرى ئۆز دۆلەتلىرىنى قارشى تەرەپكە تېخىمۇ ئوخشىشى كېرەك، دەپ قارايتتى. ئامېرىكا-ياپونىيىنىڭ «قۇرۇلما خاراكتېرلىك

توسالغۇ كېلىشىمى»نى ئىمزالىشى دەل مۇشۇ خىل يۈزلىنىشنى چەكلىمەك ئۇسۇلدا ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. بۇ خىل سىناق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تىرىشچانلىقلارنىڭ مەغلۇب بولۇشى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرقنىڭ ئىككى جەمئىيەتنىڭ ھەزارىتىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

ئامېرىكا ۋە ئاسىيانىڭ توقۇنۇشى ھەزارەت پەرقىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان بولۇپ، توقۇنۇشنىڭ نەتىجىسى ئامېرىكا ۋە ئاسىيانىڭ ھوقۇق مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئامېرىكا بۇنداق تالاش-تارتىشلاردا بىر قىسىم غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن تەرەققىيات يۈزلىنىشى ئاسىياغا پايدىلىق بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا كۈچنىڭ ئۆزگىرىشى توقۇنۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئامېرىكا ئاسىيا ئەللىرى ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئۆزىنى «خەلقئارا جەمئىيەت»نىڭ رەھبىرى دەپ ئېتىراپ قىلىشىنى ھەم ئۆز دۆلەتلىرىدە غەربنىڭ پرىنسىپ ھەم قىممەت قارىشىنى يولغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئامېرىكىنىڭ ياردەمچى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ۋىنستون رود ئېيتقاندەك: «ئاسىيا ئەللىرى ئۆزلىرى ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈچۈن كۈنسېرى پەخىرلىنىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى». ئۇلار باراۋەر مۇئامىلىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ، ئامېرىكىنى «بىر خەلقئارالىق بالا باققۇچى، ئەگەر ئۇلار زوراۋان بولمىسىلا» دەپ قاراشقا مايىل. ئەمما، ئامېرىكا ھەزارىتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى ئۇنى خەلقئارا ئىشلاردا ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ بىر بالا باققۇچىلىق رولىنى ئويناشقا مەجبۇر قىلىدۇ، نەتىجىدە ئامېرىكا بىلەن ئاسىيانىڭ ئارزۇسى بارغانسېرى بىردەك بولماي قالدى. نۇرغۇن مەسىلىلەردە، ياپونىيە ۋە باشقا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ داھىيلىرى ئامېرىكىدىن ئىبارەت بۇ رەقىبكە «ياق» دېيىشنى ئۆگىنىۋالدى، بەزىدە ھەتتا ئاسىيالىقلارغا خاس سىپايىلىقى بىلەن «يوقال!» دېيىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. ئاسىيا-ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدىكى سىمۋول خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش، بىر ياپونىيىلىك

يــۇقىرى دەرىجىلىــك ئەمەلــدار ئېيتقانــدەك، ئامېرىكــا-ياپونىيە مۇناســۋىتىدىكى «بىرىنچــى قېتىملىــق ئۇسۇشــۇش» بولۇشــى مــۇمكىن، يــەنى 1994- يىلــى 2- ئايــدا ياپونىيە ۋەزىــرى مــورىخىرو خوساكاۋا ئامېرىكا زىيارىتىدە كلىنتون ئوتتۇرىغا قويغان ياپونىيىنىڭ ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىش كۆرسەتكۈچى توغرىسىدىكى تەلەپنى قەتئىي رەت قىلدى. يەنە باشقا بىر ياپونىيە ئەمەلــدارى بۇنىڭغا باھــا بېرىــپ: «بىــر يىــل بــۇرۇن، بىــز بــۇ خىــل ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمىگەن» دېدى. بىر يىلدىن كېيىن، ياپونىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بۇ بىر ئۆزگىرىشنى تەكىتلــەپ، دۆلــەت ۋە رايــونلار ئوتتۇرىســىدا ئىقتىســادىي رىقابــەت قانات يېيىۋاتقان بۇ دەۋردە، ياپونىيىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتى غەربنىڭ ئەزاســى بولــۇش «ســالاھىيەت»ىدىن مــۇھىم ئورۇنــدا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى[30].

ئامېرىكىنىــڭ 90- يىللاردىكــى ئاســىياغا قاراتقــان سىياســىتى، ئامېرىكىنىڭ تەدرىجىي ھالدا كۆچلەر تەڭپۇڭلۇقىنىڭ ئۆزگىرىشكە ماسلىشــۋاتقانلىقىنى ئــەكس ئــەتتۈردى. ئالــدى بىلــەن، ئامېرىكــا ئۆزىنىــڭ ئاســىيا ئەللىرىگــە بېســىم ئىشــلىتىش ئىرادىســى يــاكى ئىقتىــدارىنىڭ يېتەرســىز ئىكەنلىكىنى ئېتىــراپ قىلغــان ئەھۋالــدا، ئۇلار توقۇنۇشلۇق مەسىلىلەرگە ۋە شۇنداق ساھەلەرگە دۇچ كېلىــدۇ. كلىنتــون گــەرچە كىشــىلىك ھوقــۇق مەسىلىســىنى ئامېرىكىنىــڭ جۇڭگــوغا قاراتقــان دىپــلوماتىيە سىياســىتىدە ئالــدى بىلــەن ئويلىشىدىغان مەسىلە دەپ جاكارلىغان بولسىمۇ، لېكىن 1994- يىلى ئــۇ ئامېرىكىنىــڭ ســودا ساھەســى، تــەيۋەن ۋە باشــقا تەرەپلــەردىن كېلىــدىغان بېســىم ئاستىدا، كىشــىلىك ھوقــۇق مەسىلىســى بىلــەن ئىقتىســاد مەسىلىســىنىڭ مۇناســۋىتىنى ئــايرىپ، ئــەڭ ئېتىبــار بېرىلىــدىغان دۆلــەت مۇئامىلىســىنى ئۇزارتىشنى ۋاســتە قىلىــش ئــارقىلىق جۇڭگــونىڭ ئوخشاشــمىغان سىياســىي قاراشتىكىلەرگــە مۇئامىلــە قىلىــش ئۇسۇلىغا تەســىر كۆرســىتىش تىرىشچانلىقىدىن ۋاز

كەچتى، شۇنىڭغا ئوخشاش ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ياپونىيىگە قارىتىلغان بىخەتەرلىك سىياسىتىنى، ياپونىيە بىلەن توقۇنۇش ئەڭ كەسكىن بولغان سودا ۋە باشقا ساھەلەردىن ئايرىدى. شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە ياپونىيىنى سودىدا يول قويۇشقا قىستايدىغان قورالدىن ۋاز كەچتى.

ئىككىنچىدىن، ئامېرىكا ئىزچىل ھالدا ئاسىيا ئەللىرى بىلەن ئالدىن ئۆز ئارا ئېتىبار بېرىش يولى ئۈستىدە ئىزلەندى. ئامېرىكا ئۆزى يول قويغاندا، ئاسىيا ئەللىرىنىڭمۇ ئوخشاشلا يول قويۇشىنى ئۈمىد قىلدى ھەم دائىم ئاسىيا ئەللىرى بىلەن «ئۇنۇملۇك ئۇچرىشىش» ياكى «سۆھبەتلىشىش»نى ساقلاش كېرەكلىكىدەك قائىدىنى باھانە قىلىپ ئۆزىنى ئاقلىدى. ئەمما، ئاسىيا ئەللىرى ئامېرىكىنىڭ بۇ خىل يول قويۇشىنى ھەمىشە ئامېرىكىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراپ، ئامېرىكىنىڭ تەلىپىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا قەتئىي رەت قىلىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋال ئامېرىكا جۇڭگو ئالاقىسىدە روشەن ئىپادىلەندى. ئامېرىكىلىقلار «دوستانە» مۇناسىۋەتنى «ياخشى» مۇناسىۋەتكە تەڭداش دەپ قارايدىغان بولغاچقا، ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان رىقابەتتە ئامېرىكا ناھايىتى ناچار ۋەزىيەتتە قالدى. چۈنكى، كېيىنكىلەر «ياخشى» مۇناسىۋەتنى ئۆزلىرى ئۈچۈن غەلىبە قىلىشنىڭ پۇرسىتى دەپ قارىدى. ئاسىيالىقلارغا نىسبەتەن ئامېرىكىنىڭ يول قويۇشىغا جاۋاب قايتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، ئۇلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىش كېرەك، دەپ قارايتتى.

ئۈچىنچى، ئامېرىكا-ياپونىيە سودىسىدا تەكرار يۈز بەرگەن توقۇنۇش مۇنداق بىر ئەندىزىنى شەكىللەندۈردى: ئامېرىكا سودا مەسىلىسىدە ياپونىيىگە تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەگەر تەلىپىنى قاندۇرمىسا ياپونىيىگە ئىمبارگو يۈرگۈزۈلىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالدى. ئارقىدىنلا ئىككى تەرەپ توختىماي سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئىككىلا تەرەپ ئىمبارگو ئىناۋەتلىك بولۇشتىن ئىلگىرى كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. كېلىشىمنىڭ ئىپادىلىنىش

ئۇسلۇبى دائىم دېگۈدەك لىگگىر تاق-تاق، تۇتۇرۇقسىز بولۇپ كەلدى. شۇڭا، ئامېرىكا پرىنسىپ جەھەتتىن غەلىبە قىلغانلىقىنى جاكارلىدى، ياپونىيە ئۆز خاھىشى بويىچە كېلىشىمنى گاھى ئىجرا قىلدى، گاھى ئىجرا قىلمىدى. بۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش يەنىلا كونا يوسۇندا داۋاملىشىۋەردى. ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشمۇ چوڭ جەھەتتىن شۇنداق بولۇپ كەلدى. جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ۋە يادرو قورالىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىش مەسىلىسىدىكى پرىنسىپال بايانلاتقا مەجبۇرىي يوسۇندا قوشۇلدى. ئەمما، باياناتنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى ئامېرىكا بىلەن تۈپتىن ئوخشىمىدى، شۇنداقلا ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى سىياسەتلىرىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىۋەردى.

بۇ خىل ھەزارەت جەھەتتىكى پەرقلەر، شۇنداقلا ئاسىيا بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئاسىيا جەمئىيىتى بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە ئۆز ئارا قوللاشنى ئىلگىرى سۈردى. مەسىلەن، 1994- يىلى «ئاۋستىرالىيە، مالايسىيادىن تارتىپ جەنۇبىي چاۋشيەنگىچە «ئەمەلىيەتتە بارلىق ئاسىيا ئەللىرى ياپونىيە تەرەپتە تۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىنىڭ ئىمپورت مىقدار كۆرسەتكۈچىنى بەلگىلەش توغرىسىدىكى تەلىپىنى توستى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگونىڭ ئەڭ ئېتىبار بېرىلىدىغان دۆلەت بولۇش مەسىلىسىدىمۇ، ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقلىشىپ جۇڭگونى قوللاش ئەھۋالى كۆرۈلدى. ياپونىيە ۋەزىرى مورىخىرو خوساكاۋا غەربنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قارىشىنى «قارىغۇلارچە» ئاسىياغا كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ، دېدى. سىنگاپۇردىن لى گۇاڭياۋمۇ ئاگاھلاندۇرۇپ، ئامېرىكا ئەگەر جۇڭگوغا بىۋاستە بېسىم ئىشلەتسە، «ئامېرىكا تىنچ ئوكيان رايونىدا يالغۇز قالىدۇ» دېدى[11]. ئىتتىپاقلىشىشنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى: ئاسىيا، ئافرىقا ۋە باشقا ئەللەر غەربنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي ياپونىيە تەرەپتە تۇرۇپ، ياپونىيىنىڭ ۋەزىرى ئۆتەۋاتقان ئەمەلدارلىرىنىڭ قايتىدىن دۇنيا سەھىيە

تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى بولۇپ سايلىنىشىنى قوللىدى، ياپونىيە بولسا ئامېرىكا كۆرسەتكەن ــــ مېكسىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى كارلوس سالىناسقا قارشى تۇرۇپ، كورىيىلىك بىرسىنى دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىگە كۆرسەتتى. خاتىرىلەر شۇ نەرسىنى كۆرسىتىپ بەردىكى، 90- يىللارغا كەلگەندە، تىنچ ئوكيان كېڭەيمىچىلىكى مەسىلىسىدە، بارلىق شەرقىي ئاسىيا ئەللىرى، ئۆزلىرىنى ئامېرىكىغا قارىغاندا باشقا شەرقىي ئاسىيا ئەللىرى بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە دەپ قارىدى.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ، ئاسىيا بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى كۇنسېرى كېڭىيىۋاتقان ئۆز ئارا تەسىر ۋە ئامېرىكا كۈچىنىڭ نىسبىي تۆۋەنلىشى، ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە ۋە باشقا ئاسىيا جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ھەزارەت توقۇنۇشىنى گەۋدىلەندۈردى ھەم ياپونىيە ۋە باشقا ئاسىيا ئەللىرىنى ئامېرىكىنىڭ بېسىمىغا قارشى تۇرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلدى. جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈشى ئامېرىكىغا نىسبەتەن تۈپكى خىرىسنى شەكىللەندۈردى. ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، ئامېرىكا-ياپونىيە توقۇنۇشىغا سېلىشتۇرغاندا دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ بولۇپ، ئۇ ئىقتىساد، كىشىلىك ھوقۇق، شىزاڭ، تەيۋەن، جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزى ۋە قورال-ياراغلارنىڭ كېڭىيىپ كېتىش مەسىلىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ بارلىق زور مەسىلىلەردە ئورتاق نىشانى يوق، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ ئومۇمىيۈزلۈك. ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا ئوخشاشلا، ئامېرىكا - جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش چوڭ دەرىجىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىككى جەمئىيەتنىڭ ھەزارەت پەرقىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، كۆچتىن ئىبارەت تۈپكى مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ. جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى رەھبەرلىك ئورنى ياكى زومىگەرلىكىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ، ئامېرىكىمۇ جۇڭگونىڭ ئاسىيادىكى رەھبەرلىك ئورنى ياكى زومىگەرلىكىنى قوبۇل قىلىشنى

خالىمايدۇ. 200 يىلدىن بۇيان، ئامېرىكا ئىزچىل ھالدا ياۋروپادا رەھبەرلىك ئورنىنى ئىگىلەيدىغان بىرەر چوڭ دۆلەتنىڭ مەيدانغا كېلىپ قېلىشىنى چەكلەپ كەلدى. جۇڭگودا «سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتى يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئامېرىكا شەرقىي ئاسىيادىمۇ شۇنداق قىلىپ كەلدى. مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئامېرىكا گېرمانىيە ئىمپېرىيىسى، نېمىس ناتسىستلىرى، ياپونىيە ئىمپېرىيىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن ئىككى قېتىم دۇنيا ئۇرۇشى ۋە بىر مەيدان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى قىلدى. ئامېرىكىنىڭ بۇ مەنپەئەتى يەنىلا مەۋجۇت، ئۇنى رېگان ۋە بۇش زۇڭتۇڭلار قايتا تەكىتلىدى. جۇڭگونىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى ئىگىلىۋالغان چوڭ دۆلەت بولۇشتەك ھالەت يەنە داۋاملىشىدىغان بولسا، ئۇ ئامېرىكىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە تەھدىت شەكىللەندۈرىدۇ. ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى مەسىلىسىدىكى تۈپكى ئىختىلاپ ئامېرىكا جۇڭگو توقۇنۇشىنىڭ ئىچكى سەۋەبىدۇر.

***جۇڭگونىڭ زومىگەرلىكى. كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىمۇ ياكى تەڭلىشىشمۇ؟*** شەرقىي ئاسىيادا ئالتە خىل مەدەنىيەت، 18 دۆلەت بولغاچقا ۋە ئىقتىساد تېز تەرەققىي قىلغاچقا، دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەسىدە زور پەرقلەر مەۋجۇت، بۇ خىل پەرقلەر 21- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەن بىر قانچە تۈرلۈك خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەلۇم بىر خىلى بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ رايوندىكى كۆپ قىسىم ئاساسلىق ۋە ئوتتۇرا سەۋىيىدىكى دۆلەتلەر ئىچىدە بەلكىم ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەمكارلىق ۋە توقۇنۇش مۇناسىۋىتى بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ياكى جۇڭگو، ياپونىيە، ئامېرىكا ۋە روسىيە، ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا تەڭپۇڭ ۋە رىقابەتكە تولغان كۆپ قۇتۇپلۇق خەلقئارا سىستېما بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. يەنە بىر خىل مۇمكىنچىلىك شۇكى،

شەرقىي ئاسىيا سىياسىيسى جۇڭگو ۋە ياپونىيە ياكى جۇڭگو ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قارشىلىق بولۇپ قېلىشى، باشقا دۆلەتلەر بىر تەرەپ بىلەن ئىتتىپاق شەكىللەندۈرۈشى ياكى ئىتتىپاق تۈزمەسلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇشى مۇمكىن. يەنە شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، شەرقىي ئاسىيا سىياسىيسى ئەنئەنىۋى بىر قۇتۇپلۇق ئەندىزىگە قايتىپ كېلىشى، جۇڭگونى مەركەز قىلىپ كۆپ دەرىجە ئايرىمىسىنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن. ئەگەر جۇڭگو 21- ئەسىردە يەنىلا يۇقىرى سۈرئەتلىك ئىقتىسادىي ئېشىشنى ساقلاپ قالسا، دېڭ شياۋپىڭدىن كېيىنكى دەۋردە بىرلىكىنى ساقلاپ، ۋارىسلىق ھوقۇقى كۈرىشى تۈپەيلى پالەچ ھالغا كېلىپ قالمىسا، ئۇ بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئىمكانىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن. جۇڭگونىڭ غەلىبە قىلىش-قىلالماسلىقىنى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى كۈچ كۈرىشىدىكى ئىنكاسى بەلگىلەيدۇ.

جۇڭگونىڭ تارىخ، ھەزارەت، ئەنئەنە، تېررىتورىيە، ئىقتىسادىي كۈچى ۋە ئۆزلۈك ئوبرازى ئۇنىڭ شەرقىي ئاسىيادا بىر خىل زومىگەرلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ نىشان جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى. باشقا چوڭ دۆلەتلەردىن ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا ۋە روسىيىلەر يۇقىرى سۈرئەتتە سانائەتلىشىش ۋە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى باشتىن كەچۈرۈش بىلەن بىرگە كېيىنكى يىللاردا، سىرتقا كېڭەيدى، ئۆز-ئۆزىنى كېڭەيتتى ۋە جاھانگىرلىكنى يولغا قويدى. جۇڭگونىڭمۇ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچى كۈچەيسە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىش كۆرمەيدۇ، دەپ قاراشقا ئاساسىمىز يوق. 2000 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ئىزچىل ھالدا شەرقىي ئاسىيادىكى كۆزگە كۆرۈنگەن چوڭ دۆلەت بولۇپ كەلدى. ھازىر، جۇڭگولۇقلار بارغانسېرى ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ تارىخىي ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئار-نومۇس ۋە غەرب بىلەن ياپونىيىگە بېقىنىشتەك ئۇزۇن يىللارنى

ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئېنىق ئىپادىلەشكە باشلىدى. بۇ يىللار 1842- يىلى ئەنگلىيە جۇڭگوغا تاڭغان نەنجىڭ شەرتنامىسىدىن باشلىنىدۇ.

80- يىللارنىڭ ئاخىرى، جۇڭگو ئۆزلۈكسىز ئېشىۋاتقان ئىقتىسادىي ئېنېرگىيىسىنى ھەربىي كۈچ ۋە سىياسىي تەسىرگە ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. ئەگەر جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى سىجىل ئاشسا، بۇ ئايلاندۇرۇشنىڭ كۆلىمى ئېنىقلا زورىيىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگونىڭ ھەربىي چىقىمى 80- يىللاردا تۆۋەنلىگەن. ئەمما، 1988- يىلدىن 1993- يىلغىچە جۇڭگونىڭ ھەربىي چىقىمى ئەينى چاغدىكى باھا بويىچە ھېسابلىغاندا بىر قاتلانغان، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 50% ئاشقان ھەم 1995- يىلغىچە 21% ئاشۇرۇش پىلانلانغان. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ پىرنۇوت نىسبىتى مۆلچەرىگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگونىڭ 1993- يىلدىكى ھەربىي خىراجەت چىقىمى تەخمىنەن 22 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن 37 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغىچە بولۇپ، سېتىۋېلىش كۈچى نورمال باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا 90 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. 80- يىللارنىڭ ئاخىرى، جۇڭگو ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيىسىنى قايتا تۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن، يىراق مۇساپىدىن ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتەك رايون خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىگە ئۆزگەرتتى. بۇ خىل ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش ئۈچۈن، جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسى كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشلاپ، يىراق مۇساپىلىق زامانىۋى ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنى سېتىۋېلىپ، ھاۋا بوشلۇقىدا ماي قاچىلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى ھەم بىر ئاۋىئاماتكا سېتىۋېلىشنى قارار قىلدى. جۇڭگو يەنە روسىيە بىلەن ئۆز ئارا ئېتىبار بېرىلىدىغان قورال سېتىۋېلىش مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

جۇڭگو ھازىر شەرقىي ئاسىيادىكى ھۆكۈمران دۆلەتكە ئايلىنىۋاتىدۇ. شەرقىي ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى

بارغانسېرى جۇڭگوغا يۈزلىنىپ، چوڭ قۇرۇقلۇق ۋە باشقا ئۈچ خەنزۇ تىللىق قوللىنىدىغان دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئۆچقاندەك تەرەققىي قىلىشىنىڭ قوللىشىغا، شۇنداقلا تايلاند، مالايسىيا، ھىندونېزىيە ۋە فىلىپپىندىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى غوللۇق رولىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. جۇڭگو بارغانسېرى جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقى تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ پالاسېر تاقىم ئاراللىرى (شىشا تاقىم ئاراللىرى)دا ھەربىي بازا قۇردى. 1988- يىلى جۇڭگو ۋېيتنام بىلەن بىر قانچە ئاراللىق ئىگىلىك ھوقۇقىنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلدى، فىلىپپىنغا يېقىن مىسچىق ئارىلىدا قوشۇن تۇرغۇزدى، ھىندونېزىيىنىڭ ناتۇن ئارىلىدىكى تەبىئىي گازلىقتا ئىگىلىك ھوقۇقى تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگو يەنە ئامېرىكىنىڭ شەرقىي ئاسىيادا قوشۇن تۇرغۇزۇشىنى پاسسىپ قوللاشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، پائال قارشى تۇرۇشنى كۈچەيتتى. ئوخشاشلا، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە جۇڭگو ياپونىيىنىڭ ھەربىي كۈچىنى زورايتىشىنى يوشۇرۇن تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيىنىڭ ھەربىي ئىشلار قۇرۇلۇشىغا كۆنسېرى دىققەت قىلىشقا باشلىدى. ئەنئەنىۋى رايون خاراكتېرلىك زومىگەرلىك ئۇسۇلى بويىچە ئىش كۆرسە، جۇڭگو ئۆزىنىڭ رايون خاراكتېرلىك ھەربىي ئەۋزەللىكىگە ئېرىشىش جەھەتتىكى توسالغۇلارنى ئازايتالايدۇ.

ئايرىم ئەھۋاللاردىن باشقا (مەسىلەن جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىدا) جۇڭگونىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى زومىگەرلىكى بىۋاسىتە قورال كۈچىگە تايىنىپ ئۆز تېررىتورىيىسىگە بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتىشىنىڭ ئانچە مۇمكىنچىلىكى يوق. ئەمما، بۇ خىل ئېھتىماللىق، جۇڭگو باشقا شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە تۆۋەندىكى بىر قىسىم ياكى ھەممە ئىشنى قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

● جۇڭگونىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ۋە جۇڭگونىڭ شىزاڭ، شىنجاڭغا بولغان كونتروللۇقىنى، شۇنداقلا شياڭگاڭ ۋە تەيۋەنىنىڭ جۇڭگو قويىنىغا قايتىپ كېلىشىنى قوللاش.

● جۇڭگونىڭ جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزى ياكى موڭغۇلىيىگە بولغان زېمىن تەۋەلىك ھوقۇقىغا سۈكۈت قىلىش.

● جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد، كىشىلىك ھوقۇق، قورال-ياراغ كېڭەيمىچىلىكى ۋە باشقا مەسىلىلەردە توقۇنۇش كۆرۈلگەندە ئومۇميۈزلۈك جۇڭگونى قوللاش.

● جۇڭگونىڭ شەرقىي ئاسىيا رايونىدىكى ھەربىي جەھەتتىكى ئەۋزەللىك ئورنىنى قوبۇل قىلىش، بۇ خىل ئەۋزەل ئورۇنغا تەھدىت پەيدا قىلىدىغان يادرو قورالى ۋە باشقا دائىمىي كۈچلەرنى تەرەققىي قىلدۇرماسلىق.

● جۇڭگونىڭ مەنپەئىتى بىلەن بىردەك ھەم جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق سودا ۋە مەبلەغ سېلىش سىياسەتلىرىنى قوللىنىش.

● رايون مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا جۇڭگونىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇش.

● جۇڭگودىن كېلىدىغان كۆچمەنلەرگە نىسبەتەن ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىش.

● ئۆز دۆلەتلىرىدىكى، جۇڭگوغا ۋە جۇڭگولۇقلارغا قارشى ھەرىكەتلەرنى چەكلەش ۋە باستۇرۇش.

● جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇ جۇڭگو بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ۋە جۇڭگوغا بېقىنىدىغان ھوقۇقلارنى قوغداشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

● باشقا چوڭ دۆلەتلەر بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ياكى جۇڭگوغا قارشى ھەمكارلىق تۈزمەسلىك.

● خەنزۇچە ئورتاق تىلنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇنى شەرقىي ئاسىيادا كەڭ قوللىنىلىدىغان ئالاقە تىل قورالىغا

ئايلاندۇرۇش ھەم شۇ ئارقىلىق ئىنگلىز تىلىنىڭ رولىنى تولۇقلاش ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئورنىنى بەلگىلەش.

ئانالىزچىلار جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن ۋىلىيام I نىڭ گېرمانىيىنى كونترول قىلغاندىن كېيىن 19- ئەسىردىكى ياۋروپانىڭ باش كۆتۈرۈشىنى سېلىشتۇرۇپ، يېڭىدىن چوڭ دۆلەتلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى دائىم ئىنتايىن مۇقىمسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر يەنە مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە، جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ چوڭ دۆلەتنىڭ باش كۆتۈرۈشى، ئىككىنچى مىڭ يىلنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى ھەر قانداق بىر ھادىسە بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئەھۋال بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىدى. لى گۇاڭياۋ 1994- يىلى «جۇڭگو مۇبادا دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا ئورنىتىلىشىغا قاتنىشىپ قالسا، دۇنيا 30 ياكى 40 يىل ئىچىدە چوقۇم بىر خىل يېڭى تەڭپۇڭلۇققا ئېرىشىدۇ. جۇڭگونىڭ باشقا بىر خىل قاتناشقۇچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ قاتناشقۇچىدۇر» دېگەنىدى[32]. ئەگەر جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى يەنە سىجىل ئون يىل ئاشسا (شۇنداق بولۇشى مۇمكىن)، جۇڭگو ھاكىمىيەت ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەزگىلىدە پۈتۈنلۈكىنى ساقلىيالىسا (شۇنداق بولۇشى مۇمكىن)، ئۇنداقتا شەرقىي ئاسىيا ئەللىرى ۋە پۈتكۈل دۇنيا، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بۇ ئەڭ چوڭ قاتناشقۇچىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئۆز-ئۆزىنى كېڭەيتىشكە نىسبەتەن ئىنكاس قايتۇرىدۇ.

كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ يېڭىدىن باش كۆتۈرۈشىگە نىسبەتەن، ھەر قايسى ئەللەر بۇ خىل ئۇسۇل ياكى ئىككى خىل ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈپ ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئۇلار مۇستەقىل يوسۇندا ياكى ھەر قايسى ئەللەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئارقىلىق جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ ھەم جۇڭگونى چەكلەيدۇ، شۇنداقلا زۆرۈر تېپىلغان ئەھۋالدا، ئۇلار ئۇرۇشتا جۇڭگونى مەغلۇب قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ

بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. يەنە بىر خىل ئىنكاس، ھەر قايسى ئەللەر بۇ يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان چوڭ دۆلەتنىڭ ھارۋىسىغا چىقىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئىككىنچى ئورۇندا ياكى ئۇنىڭغا بېقىنىدىغان ئورۇندا تۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەركىزىي مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى سىناپ كۆرۈشى مۇمكىن، ياكى ھەر قايسى ئەللەر مەلۇم كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى ۋە ئەگىشىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈپ سىناپ كۆرۈشى مۇمكىن. بىراق، بۇ خىل ئۇسۇل ئۇلار بىلەن بۇ يېڭىدىن گۈللەنگەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدا قارشىلىشىش ۋە ئۆزىنى قوغدىيالماسلىقتەك قوش قاتلاملىق خەتەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. غەربنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئارقىلىق تەڭپۇڭلۇق ساقلاش ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك تاللاش، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ئەگىشىشكە قارىغاندا كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇلدۇر. خۇددى ستىفېن ۋولت ئېيتقاندەك:

*ئومۇمەن، ھەر قايسى ئەللەر ئۆز مەقسىتى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن، كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئىستراتېگىيىسىنى قوللىنىشقا مايىل بولىدۇ. ھارۋىغا چىقىۋېلىشنىڭ خەتىرى شۇكى، ھارۋىغا چىقىۋالغۇچى ئىشەنچكە موھتاج. ئۇنىڭدىن باشقا بىر دۆلەت يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىۋالغان يەنە بىر چوڭ دۆلەتنى قوللىغاندا، ھەمىشە چوڭ دۆلەتنىڭ ئۆزىگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەگەر يېتەكچى دۆلەت بىر تاجاۋۇزچى دۆلەت بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا، كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئارقىلىق تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئەڭ بىخەتەر بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قەدەر ئاجىز تەرەپ بىلەن ئىتتىپاق تۈزسە، ئۇ ھالدا بىر دۆلەتنىڭ ھەمكارلىق جەريانىدىكى تەسىرىنى كۈچەيتەلەيدۇ، چۈنكى بىر قەدەر ئاجىز تەرەپ قوللاشقا موھتاج بولىدۇ*[33].

ۋولتنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تەھلىلىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر قايسى

دۆلەتلەر ھەمىشە كۆچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئىستراتېگىيىسى ئارقىلىق تاشقى تەھدىتكە قارشى تۇرىدۇ. كىشىلەرمۇ ئومۇمىيۈزلۈك شۇنداق پەرەز قىلىدۇكى، ياۋروپانىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى زور كۆپ قىسىم دەۋرىدە، كۆچلەر تەڭپۇڭلۇقى بىر خىل ئۆلچەملىك ھەرىكەت شەكلى بولۇپ كەلدى. بىر قىسىم دۆلەتلەر قايتا ئىتتىپاق تەشكىللەپ كۆچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئارقىلىق ئۇلار ئۇچراۋاتقان (ئىسپانىيە پادىشاھى) فىلىپ II، (فرانسىيە پادىشاھى) لۇيى XIV، (پروسسىيە ئىمپېراتورى) فىردىرىخ، ناپولېئون، قەيسەر ۋە گىتلېر قاتارلىقلار شەكىللەندۈرگەن تەھدىتنى چەكلىدى ۋە ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەڭپۇڭلاشتۇردى. ئەمما، ۋولت يەنە شۇ نەرسىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، «مەلۇم ئەھۋال» دا، ھەر قايسى ئەللەر ئەگىشىش ئۇسۇلىنى تاللىشى مۇمكىن، شۇنداقلا راندال سىكۋېللىر كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، تۈزىتىش پوزىتسىيىسىدىكى (revisionist)دۆلەتلەر بەلكىم كۆللەنگەن دۆلەتلەرگە ئەگىشىش ئىستراتېگىيىسى ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن قانائەتلەنمەيدۇ، ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق نەپكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ[14]. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋولت ئېيتقاندەك، ئەگىشىش ھەقىقەتەن مۇئەييەن دەرىجىدە كۆچى تېخىمۇ زور بولغان دۆلەتلەرگە ئىشىنىش، ئۇلارغا دۈشمەنلىك نىيىتىدە بولماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

كۆچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئارقىلىق بىر دۆلەتنىڭ كۆچىنى تەڭپۇڭلاشتۇرغاندا، ھەر قايسى ئەللەر ئاساسىي رول ئالسىمۇ، قوشۇمچە رول ئالسىمۇ بولىدۇ. ئالدى بىلەن، A دۆلەت، C دۆلەت ۋە D دۆلەت بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، كۆچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئارقىلىق ئۇ ھەقىقەتەن يوشۇرۇن رىقابەتچى دەپ قارىغان B دۆلەت بىلەن بولغان كۆچ تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ ياكى ئۆزىنىڭ ھەربىي كۆچى ۋە باشقا كۆچىنى (ھەربىي تەييارلىقلار مۇسابىقىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن) تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ياكى مۇشۇ ۋاسىتىلەرنى

بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، A دۆلەت بىلەن B دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي كۈچ تەڭپۇڭلىشىدۇ. ئىككىنچىدىن، A دۆلەت ھېچقايسى دۆلەتنى ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە رىقابەتچىسى دەپ قارىمايدۇ، ئەمما ئۇ Bدۆلەت بىلەن C دۆلەتنىڭ كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدىن مەنپەئەتكە ئېرىشىشى مۇمكىن، چۈنكى، B ۋە C دىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ قايسىسى ھەددىدىن زىيادە كۈچىيىپ كەتسە، ئۇ A دۆلەتكە تەھدىت شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، A دۆلەت، B ۋە C دۆلەتكە نىسبەتەن ئىككىلەمچى تەڭپۇڭ كۈچ ئورنىغا چۈشۈپ قېلىشى، ئەمما كېيىنكى ئىككى دۆلەت ئاساسلىق تەڭپۇڭ كۈچ ئورنىغا چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەگەر جۇڭگو بىر زومىگەر دۆلەت سۈپىتىدە شەرقىي ئاسىيادا باش كۆتۈرسە، ھەر قايسى ئەللەر قانداق ئىنكاس قايتۇرىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، بۇ خىل ئىنكاس تۈپتىن ئوخشاش بولمايدۇ. جۇڭگو ئامېرىكىنى ئاساسلىق دۈشمەن دەپ قارىغانلىقى، ئامېرىكا بىر ئاساسلىق تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى سۈپىتىدە جۇڭگو زومىگەرلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مايىل بولىدۇ. بۇ خىل رولنى ئېلىش، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ياكى ئاسىيادا ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى ئىگىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىسى بىلەن بىردەك بولۇشى مۇمكىن. بۇ نىشان ياۋروپادا قايتا قوللىنىلمىدى، ئەمما ئۇ ئاسىيادا داۋاملىق قوللىنىلىشى مۇمكىن. ھەزارەت، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئامېرىكا بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ كېلىۋاتقان چېچىلاڭغۇ ياۋروپا ئىتتىپاقى، ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت شەكىللەندۈرمەيدۇ، ئەمما بىرلىككە كەلگەن، كۈچىيىۋاتقان ۋە ئۆز-ئۆزىنى كېڭەيتىۋاتقان جۇڭگو بۇ خىل تەھدىتنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن. زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۇرۇش قوزغاش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى زومىگەرلىكىنى چەكلەش ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ، يوق؟ ئەگەر جۇڭگو ئىقتىسادى داۋاملىق تەرەققىي قىلسا، بۇ 21- ئەسىرنىڭ بېشىدا ئامېرىكا سىياسەت

تۈزگۈچىلىرى دۇچ كېلىدىغان بىردىنبىر ھەل قىلىش قىيىن بولغان بىخەتەرلىك مەسىلىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئامېرىكا ھەقىقەتەن جۇڭگونىڭ ئاسىيادىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى چەكلىمەكچى بولىدىكەن، ئۇ بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ياپونىيە بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىپ، باشقا ئاسىيا ئەللىرى بىلەن زىچ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشى، ئاسىيادا تۇرغۇزغان قوشۇنىنى كۆچەيتىشى ھەم ئاسىيادىكى قوشۇنلارنى ئىشقا سالالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئامېرىكا جۇڭگونىڭ زومىگەرلىكى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشنى خالىمىسا، ئۇنداقتا ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ھەممىباپچىلىقىدىن ۋاز كېچىشى، جۇڭگونىڭ زومىگەرلىكى بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشكە كۆنۈشى، ئۆزىنىڭ تىنچ ئوكيانىنىڭ يەنە بىر قىرغىقىدىكى بەلگىلەش ئىقتىدارىنىڭ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىشىگە قاراپ تۇرۇشى كېرەك. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇل ئۈچۈن ئوخشاشلا زور بەدەل تۆلەشكە ۋە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، ئەڭ چوڭ خەتەر ئامېرىكىنىڭ ئېنىق بىر قارارغا كەلمەي تۇرۇپ، بۇ ئىشنىڭ دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىش-كەلمەسلىكىنى ئەستايىدىل ئويلاشمايلا ھەم ئۇرۇش قوزغاش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلىمەيلا، جۇڭگو بىلەن بىر مەيدان ئۇرۇش قاينىمىغا كىرىپ قېلىشتۇر.

نەزەرىيىۋى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر باشقا چوڭ دۆلەتلەر كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئاساسلىق رولىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىيالىسا، ئامېرىكا ئىككىلەمچى تەڭپۇڭلۇق رولىنى ئويناش ئۇسۇلى ئارقىلىق جۇڭگونى چەكلىسە بولىدۇ. تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدىغان بىردىنبىر ئىمكانىيەت ياپونىيە، بۇنىڭ ئۈچۈن ياپونىيىنىڭ سىياسىتىدە زور ئۆزگىرىش بولۇشى، ياپونىيە قايتىدىن قوراللىنىشى، يادرو قورالىغا ئىگە بولۇشى، ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە جۇڭگو بىلەن رىقابەتلىشىشى كېرەك. ياپونىيە ئامېرىكا

رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگوغا قارشى ئىتتىپاقتا قاتنىشىشنى خالىشى مۇمكىن، ئەگەر بۇ بىر نۇقتىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمىسا، ئۇنىداقتا ياپونىيە جۇڭگونىڭ ئاساسلىق تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچىسى بولالىشى ناتايىن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا ئىككىلەمچى رولنى ئويناشقا بولغان قىزىقىش ۋە ئېھتىماللىقنى ئىپادىلىمىدى.

ناپولېئون دەۋرىدە، ئامېرىكا بىر يېڭى دۆلەت بولۇش سۈپىتىدە مۇشۇنداق ئىككىلەمچى ئورۇندىكى رولنى ئېلىپ، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلغان. 20- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئامېرىكا ياۋروپا بىلەن ئاسىيا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن ئاز تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، نەتىجىدە بۇزۇۋېتىلگەن كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوزغالغان دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشتى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكا ئامالسىز ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسلىق تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچىسىغا ئايلىنىپ قالدى، بىر چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئامېرىكا شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككىلەمچى ئورۇندىكى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى بولۇپ باقمىدى. ئىككىلەمچى ئورۇندىكى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى بولۇش، چىچەن، جانلىق، ئىككى بىسلىق، ھەتتا سەممىيەتسىزلىكتەك بىر رولنى ئېلىشتىن دېرەك بېرەتتى، شۇنداقلا بۇ يەنە ئامېرىكىنىڭ بىر تەرەپنى قوللاشتىن يەنە بىر تەرەپنى قوللىغۇچىغا ئۆزگىرىشى، ئامېرىكىنىڭ قىممەت قارىشىغا ئاساسەن ئادالەت جەھەتتە توغرا دۆلەتلەرنى قوللاشنى رەت قىلىش ياكى قارشى تۇرۇشتىن ۋە ياكى ئادالەت جەھەتتە خاتا دۆلەتلەرنى قوللاشتىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن. گەرچە ياپونىيە ھەقىقەتەن جۇڭگونىڭ ئاسىيادىكى ئاساسلىق تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچىسى بولسىمۇ، ئامېرىكىنىڭ بۇ خىل تەڭپۇڭلۇقنى قوللاش ئىقتىدارىنىڭ بار-يوقلۇقى يەنىلا بىر مەسىلە. ئامېرىكا باشقىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ مەۋجۇت بولۇۋاتقان بىر تەھدىتكە بىۋاسىتە قارشى تۇرالىسىمۇ، لېكىن كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئارقىلىق

ئىككى يوشۇرۇن تەھدىتىنى تەگپۇگلاشتۇرمايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، ئاسىيا ئەللىرىدىكى ئەگىشىش خاھىشىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، ئامېرىكىنىڭ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان تەگپۇگلاشتۇرغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن قىلغان بارلىق تىرىشچانلىقلىرىغا توسالغۇ بولۇشى مۇمكىن.

ئەگىشىشنى ئىشەنچىنىڭ دەرىجىسى بەلگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپكە دىققەت قىلىش كېرەك. بىرىنچى، هارۋىغا چىقىۋېلىش ئوخشاش بىر مەدەنىيەتكە تەۋە ياكى ھەزارەت ئورتاقلىقىغا ئىگە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى، ئەمما ھېچقانداق ھەزارەت ئورتاقلىقى بولمىغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىشى ناتايىن.

ئىككىنچى، ئىشەنچىنىڭ دەرىجىسى ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ ئوخشىماش بولماسلىقى مۇمكىن. بىر ئوغۇل بالا باشقا باللار بىلەن قارشىلاشقاندا، ھەمىشە ئاكىسىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۆيدە يالغۇز قالغاندا بولسا، ئۇ كىسى ئۆز ئاكىسىغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتكە مەنسۇپ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش، ئوخشاش بىر مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى هارۋىغا چىقىۋېلىش هادىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۈچىنچى، ئەگىشىش ۋە تەگپۇگلۇقنى چەكلەش خاھىشى مەدەنىيەتنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشىنىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، ئوتتۇرا شەرقتە ئومۇمىيۈزلۈك كۈچلەر تەگپۇگلۇقى چارىسىنى قوللىنىش ئەرەب ھەزارىتى ۋە باشقا ئوتتۇرا شەرق ھەزارىتىدىكى ھەممىگە مەلۇملۇق بولغان تازا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان هالەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇ تەسىرلەردىن باشقا، كۈچنىڭ تەقسىملىنىشىگە بولغان تەقەززالىق، خاھىشمۇ شۇنىڭغا ئېغىشمۇ ئەگىشىش ياكى كۈچلەر

تەڭپۇڭلۇقى خاھىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ياۋروپادىكى ھەر قايسى جەمئىيەتلەر ھاكىممۇتلەق تۈزۈم باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاسىيا ئەللىرى تارىخىدەك ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشقان ھۆكۈمدارلار ئىمپېرىيىسى ياكى «شەرقچە مۇستەبىت دۆلەت»لەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن ساقلانغان. فېئودالىزمنىڭ كۆپ مەنبەلىك بولۇشى شۇنداقلا مەلۇم ھوقۇقنىڭ تارقاق بولۇشى، تەبىئىي ھالدا كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا، خەلقئارا قاتلامدا، كۆچلەر تەڭپۇڭلۇقمۇ تەبىئىي ۋە كىشىنى ئىنتىلدۈرىدىغان ئۇسۇل دەپ قارىلىدۇ، سىياسىئونلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇنى قوغداش ۋە ساقلاشتۇر. شۇڭا، تەڭپۇڭلۇق تەھدىتكە ئۇچرىغاندا، تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. قىسقارتىپ ئېيتقاندا، خەلقئارا جەمئىيەتكى ياۋروپا ئەندىزىسى ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جەمئىيەت ئەندىزىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئاسىيادىكى بيۇروكرات ئىمپېرىيىلەر جەمئىيەتنىڭ سىياسىي جەھەتتىن كۆپ مەنبەلىشىشى ۋە ھوقۇق ئايرىشىغا بوشلۇق قالدۇرمىغان. ياۋروپادىكى ئەھۋاللار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، جۇڭگودا ئەگىشىش كۆچلەر تەڭپۇڭلۇقىدىن كۆپ مۇھىمدەك كۆرۈنىدۇ. رۇسىسن پىر 20- يىللاردا «مىلتارىستلار ئالدى بىلەن كۆچلۈكلەر بىلەن بىللە تۇرسا نېمىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار ئاجىزلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزسە نېمىگە ئىگە بولىدىغانلىقى ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ... جۇڭگودىكى مىلتارىستلارغا نىسبەتەن، ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش ياۋروپانىڭ ئەنئەنىۋى كۆچلەر تەڭپۇڭلۇقى نەزەرىيىسىدە كۆرسىتىلگەندەك ئاخىرقى قىممەت ئەمەس، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ قارارى ئەمەلىي كۈچنى ئاساس قىلىدۇ»، دەپ قارىغانىدى. ئېلفىر گىرتىس مۇنداق كۆرسەتكەن: 1949-، 1966- يىللىرى ھوقۇقلۇق ئاپپاراتلار ئىنىق چاغدا، ھارۋىغا چىقىۋېلىش

كوممۇنىستىك جۇڭگونىڭ سىياسىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، ھەزارەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتسىز ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن ھوقۇق ئۆزگىرىشچان بولۇپ قېلىپ، سىياسىئونلارنىڭ ھاياتىغا تەھدىت يەتكەندە، كۈچلەر تەگپۇڭلۇقى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەشكە باشلىدى⑮. 1978- يىلىدىن كېيىن بىر قەدەر ئېنىق بولغان ھوقۇق ئاپپاراتى ئەسلىگە كەلگەندە، ئەگىشىشتىن ئىبارەت سىياسىي ھەرىكەت ئەندىزىسى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى.

تارىختا، جۇڭگولۇقلار دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىشلارنى ئېنىق ئايرىمىغان. ئۇلارنىڭ «كالتلىسىدىكى دۇنيا تەرتىپى پەقەت دۆلەت ئىچى تەرتىپىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، شۇڭا بۇ جۇڭگو مەدەنىيىتى سالاھىيىتىنىڭ بىر خىل كېڭىيىشىدۇر»، ئۇلار بۇ خىل سالاھىيىتىنىڭ «نورمال كائىنات تەرتىپىدىن ئىبارەت مۇشۇ تېخىمۇ زور بولغان كېڭىيىش چەمبىرىكىدە قايتا پەيدا بولۇشىنى» ئويلايدۇ ياكى خۇددى رودېرەك ماكفاركۇخار تەسۋىرلىگەندەك: « «جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى دۇنيا قارىشى بولسا، كۇڭزى ئىدىيىسىنىڭ ئەستايىدىل ۋە ئېنىق ئىپادىلىگەن دەرىجىگە ئايرىلغان جەمئىيەت قارىشىنىڭ ئىنكاسىدۇر». ئۇلارنىڭ قارىشىچە چەت ئەللىك ھۆكۈمرانلار ۋە بەگلىكلەر جۇڭگو ئىمپېرىيىسىگە ئولپان تاپشۇراتتى، ئۇلارچە دۇنيادا ئىككى قۇياش بولمىغاندەك، ئەلدە ئىككى خان بولمايدۇ، شۇڭا جۇڭگولۇقلاردا ئەزەلدىن كۆپ قۇتۇپلىشىش، ھەتتا كۆپ تەرەپلىك بىخەتەرلىك قارىشى مەۋجۇت ئەمەس. دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىدە، ئاسىيالىقلار ئاساسەن، دەرىجىلىك تۈزۈمنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، شەرقىي ئاسىيا تارىخىدا ياۋروپاغا ئوخشاش زوراۋانلىق ئۇرۇشى بولۇپ باقمىغان. ياۋروپا تارىخىدىكى تىپىك ئۆنۈملۈك كۈچلەر تەگپۇڭلۇقى سىستېمىسىنى ئاسىياغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ناتونۇش. 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەرب ئەللىرى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، شەرقىي ئاسىيانىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلىرى جۇڭگونى مەركەز قىلاتتى، باشقا ئەللەر يا بېيجىڭغا بويسۇناتتى، يا بېيجىڭ بىلەن

ھەمكارلىشاتتى ۋە ياكى بېيجىڭنىڭ كونتروللۇقىغا بويسۇنماي ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلاتتى»⑯. ئەلۋەتتە، كۇڭزى ئېقىمىدىكىلەرنىڭ دۇنيا تەرتىپى غايىسى ئەزەلدىن تولۇق ئىشقا ئېشىپ باقمىغان. ئەمما، ئاسىيانىڭ خەلقئارا سىياسىي دەرىجە تۈزۈمى ئەندىزىسى بىلەن ياۋروپانىڭ كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئەندىزىسى كۈچلۈك سېلىشتۇرما شەكىللەندۈردى.

دۇنيا تەرتىپىگە مۇشۇنداق قارايدىغان بولغاچقا، جۇڭگولۇقلارمۇ خەلقئارا مۇناسىۋەتتىمۇ، دۆلەت ئىچى سىياسىيسىدىكى ئەگىشىش خاھىشىغا مايىل. بۇ خىل خاھىش ھەر قايسى ئەللەرنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ دەرىجىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ كۇڭزى ھەزارىتى ۋە تارىختا جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولمىغان، چاۋشيەن بىلەن جۇڭگو ھەزارەت جەھەتتە نۇرغۇن ئورتاقلىقلارغا ئىگە، شۇنداقلا چاۋشيەنمۇ تارىختىن بۇيان ئىزچىل جۇڭگوغا مايىل. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە سىنگاپور كوممۇنىستىك جۇڭگونى دۈشمەن دەپ قارايتتى، بىراق 80- يىللارغا كەلگەندە سىنگاپور مەيدانىنى ئۆزگەرتتى ھەم ئۇنىڭ رەھبەرلىرى ئامېرىكا ۋە باشقا ئەللەرنىڭ جۇڭگو ھوقۇقىنىڭ رېئاللىقىنى ئېتىراپ قىلىشىنى پائال تەشەببۇس قىلدى. جۇڭگولۇقلار زور كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان ۋە رەھبەرلىرى غەربكە قارشى تۇرۇشقا مايىل مالايسىيامۇ جۇڭگوغا ئىنتايىن مايىل. 19- ۋە 20- ئەسىردە تايلاند ياۋروپا ۋە ياپونىيىگە ماسلىشىش ئارقىلىق ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ كەلگەنىدى، ھازىر ئۇلارمۇ جۇڭگوغا شۇنداق پوزىتسىيە تۇتۇۋاتىدۇ، بۇ خىل مايىللىق تايلاند ئۆز بىخەتەرلىكىنىڭ ۋېيتنامنىڭ يوشۇرۇن تەھدىتىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەندىن كېيىن كۈچەيدى.

ھىندونېزىيە ۋە ۋېيتنام كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئارقىلىق جۇڭگونى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە چەكلەشكە ئەڭ مايىل ئىككى دۆلەت. ھىندونېزىيە جۇڭگودىن يىراق مۇسۇلمان دۆلەت، بىراق باشقا

دۆلەتلەرنىڭ ياردىمى بولمىسا، ئۇلار جۇڭگونىڭ جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىنى كونترول قىلىش ھوقۇقى تەلىپىنى چەكلىيەلمەيدۇ. 1995- يىلى كۈزدە، ھىندونېزىيە بىلەن ئاۋستىرالىيە بىر تۈرلۈك بىخەتەرلىك شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ئىككى تەرەپنىڭ بىخەتەرلىكى «دۈشمەن تەرەپلەرنىڭ خىرىسى»غا دۇچ كەلگەندە، ئورتاق ھەل قىلىشنى قارار قىلدى. گەرچە ئىككىلا تەرەپ بۇنىڭ جۇڭگوغا قارىتىلغان ئورۇنلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى بىردەك ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئوخشاشلا جۇڭگونى دۈشمەنلىك خىرىسىنىڭ ئەڭ ئاساسىي مەنبەسى، دەپ قاراشتى[37]. ۋېيتنام چوڭ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا كۇڭزى مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ دۆلەت، بىراق تارىختا ئۇلار ئىزچىل جۇڭگو بىلەن دۈشمەنلىشىپ كەلدى ھەم 1979- يىلى جۇڭگو بىلەن بىر مەيدان قىسقا ئۇرۇش ئېلىپ باردى. جۇڭگو بىلەن ۋېيتنام ئوخشاشلا سپرورات (نەنشا تاقىم ئارىلى) ئارىلىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئۆزلىرىگە مەنسۇپ، دەپ قارايدۇ، 70-، 80- يىللاردا ئىككى تەرەپنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى بەزىدە ئۇرۇشۇپ قالاتتى. 90- يىللارنىڭ بېشىدا، ۋېيتنامنىڭ ھەربىي كۈچى جۇڭگوغا قارىغاندا كۆپ دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. ۋېيتنام شەرقىي ئاسىيادىكى ھەر قانداق بىر دۆلەتكە قارىغاندا، ھەمراھ ئىزدەش ئارقىلىق جۇڭگو بىلەن تەڭپۇڭلىشىش غەرىزىدە بولۇپ كەلدى. ۋېيتنامنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا قاتنىشىشى، 1995- يىلى ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇشى بۇ نىشانغا قاراپ تاشلىغان ئىككى قەدەمدۇر. ئەمما، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپ ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ جۇڭگوغا خىرىس شەكىللەندۈرۈشنى خالىماسلىق پوزىتسىيىسى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىتتىپاقىنى جۇڭگوغا قارشى ئىتتىپاققا ئايلاندۇرالماسلىقى ياكى بۇ ۋېيتنامنىڭ جۇڭگوغا قارشى تۇرۇشىنى قوللىيالماسلىقى مۇمكىن. ئامېرىكا جۇڭگونى چەكلەشنى تېخىمۇ خالىشى مۇمكىن، ئەمما 90- يىللاردا، ئامېرىكا جۇڭگونىڭ جەنۇبىي

جۇڭگو دېگىزى ھوقۇقى تەلىپىنى كونترول قىلىشقا قارشى تۇرۇشتا قانچىلىك يىراقلىققا بارالايدۇ، بۇ ئېنىق ئەمەس. شۇڭا، ۋېيتنامغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «زېمىنى ئەڭ كىچىك بولغان تاللاش» جۇڭگوغا ماسلىشىش ھەم «فىنلاندىيىلىشىش» بولۇشى مۇمكىن، بۇ «ۋېيتنامنىڭ غۇرۇرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ، ... بىراق شۇ ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ»[38].

90- يىللاردا، جۇڭگو ۋە شىمالىي چاۋشيەندىن باشقا، ئەمەلىيەتتە بارلىق شەرقىي ئاسىيا ئەللىرى ئامېرىكىنىڭ شۇ رايوندا قوشۇن تۇرغۇزۇشىنى قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئەمما، ئەمەلىيەتتە، ۋېيتنامدىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگوغا ماسلىششقا مايىل بولدى. فىلىپپىن ئامېرىكىنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى ئاساسلىق ھاۋا ۋە دېڭىز ئارمىيىسى بازىسىنى تاقىۋەتتى، چوڭ شىڭ ئارىلىدا ئامېرىكىنىڭ قوشۇن تۇرغۇزۇشىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىمۇ كۈنسېرى كەسكىنلىشىپ كەتتى. 1994- يىلى تايلاند، مالايسىيا ۋە ھىندونېزىيە ئۆز دېڭىز تەۋەلىكىدە ئامېرىكىنىڭ ئالتە تەمىنلىگۈچى پاراخوتىنى تۇرغۇزۇش تەلىپىنى رەت قىلدى (ئامېرىكا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ياكى غەربىي جەنۇبىي ئاسىياغا ھەربىي مۇداخىلە يۈرگۈزسە، بۇ پاراخوتلار تەمىنات بىلەن تەمىنلەيدىغان لەيلىمە بازا قىلىناتتى). ماسلىشىش پوزىتسىيىسىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى شۇكى، شەرقىي ئاسىيا ئىتتىپاقى مۇنبىرىنىڭ تۇنجى يىغىنىدا، جۇڭگونىڭ نەنشا تاقىم ئاراللىرى مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزمەسلىك تەلىپى باشقىلارنىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشتى، جۇڭگونىڭ 1995- يىلى فىلىپپىن ئەتراپىدىكى مىسچىف مارجان ئارىلىنى ئىگىلىۋېلىشى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىتتىپاقىدىكى باشقا ئەللەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىمىدى. 1995-، 1996- يىللىرى ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ھۆكۈمەتلىرى جۇڭگونىڭ تەيۋەنگە ئاغزاكى ۋە ھەربىي ئىشلار ئارقىلىق تەھدىت سېلىشىغا يەنە بىر قېتىم مۇتلەق پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى. مايكىل ئوكسېنبېرگ بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئەگىشىش خاھىشىنى خۇلاسىلەپ

مۇنداق دەيدۇ: «كەلگۈسىنى مۆلچەرلىگەندە، ئاسىيا ئەللىرىنىڭ رەھبەرلىرى كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنىڭ جۇڭگوغا پايدىلىق بولۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىدىن ئەنسىرەيدۇ، بىراق ئۇلار ھازىر بېيجىڭ بىلەن قارشىلىشىشنى خالىمايدۇ». شۇنداقلا «ئۇلار ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى جازالاش ھەرىكىتىگە قاتناشمايدۇ»[35].

جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈشى ياپونىيىگە زور خىرىس شەكىللەندۈردى، ياپونىيىلىكلەرنىڭ بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىستراتېگىيە مەسىلىسىدە ئېغىر ئىختىلاپ كۆرۈلدى. ياپونىيە جۇڭگوغا ماسلىشىپ، جۇڭگونىڭ سىياسىي ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى كونتروللۇقىنى ئېتىراپ قىلىش بەدىلىگە جۇڭگونىڭ ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلاردىكى مۇھىم ئورنىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇشنى خالامدۇ، يوق؟ ياكى ئامېرىكا-ياپونىيە ئىتتىپاقىغا يېڭى مەنە ۋە ھاياتى كۈچ بېرىپ، ئۇنى كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئارقىلىق جۇڭگونى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە چەكلەشنىڭ بىرلەشمە يادروسىغا ئايلاندۇرۇشى كېرەكمۇ، يوق؟ ۋە ياكى ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئۆز مەنپەئىتىنىڭ جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىشى كېرەكمۇ، يوق؟ ياپونىيە بەلكىم بۇ مەسىلىلەرگە ئېنىق جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى ئۇزۇنغىچە چەتكە ئېلىشى مۇمكىن.

كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئارقىلىق جۇڭگونى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە چەكلەشتىكى ھەر قانداق ئەھمىيەتلىك تىرىشچانلىقنىڭ يادروسى مۇقەررەركى ئامېرىكا-ياپونىيىنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ئىتتىپاقىدۇر. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ياپونىيە بەلكى بۇ ئىتتىپاقنىڭ مۇشۇ مەقسىتى ئۇچۇن ئېلىپ بېرىلغان تەڭشىشىنى تەدرىجىي ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ياپونىيىنىڭ تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپكە بولغان ئىشەنچىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ: «ئامېرىكا دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت بولۇش ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى پائال جارى

قىلدۇرۇشتەك ئومۇمىي ئىقتىدارىنى ساقلاش، ئىككىنچى، ئامېرىكا ئاسىيادا قوشۇن تۇرغۇزۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە جۇڭگونىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشنى پائال چەكلەشتەك مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، ئۈچىنچى، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە يۇقىرى بايلىق بەدىلى تۆلىمەسلىك، ئۇرۇش خېيىمخەتىرىگە تەۋەككۈل قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا جۇڭگونى چەكلەش.

مۇبادا ئامېرىكا ئاساسىي مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالمىسا ياكى زور قارار چىقارمىسا، ياپونىيە جۇڭگوغا بويسۇنۇشى مۇمكىن. تارىختا، ياپونىيە دائىم ئالاقىدار كونترول قىلغۇچى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ئارقىلىق ئۆز بىخەتەرلىكى ئۈستىدە ئىزدەنگەن بولۇپ، پەقەت 30-، 40- يىللار بۇنىڭ سىرتىدا، ئەينى چاغدا ياپونىيە شەرقىي ئاسىيادا تاق لىنىيىلىك بويسۇندۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويغان، نەتىجىدە ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولغان. گەرچە 30- يىللاردا ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىگە قاتناشقان بولسىمۇ، ياپونىيە ئەينى دەۋردىكى دۇنيا سىياسىيسىدىكى كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ھەربىي كۈچ-ئىدېئولوگىيە كۈچى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىلا، ياپونىيە غەرەزلىك ھالدا ئەنگلىيە-ياپونىيە ئىتتىپاقىغا قاتناشقان، چۈنكى ئەينى چاغدا ئەنگلىيە دۇنيا ئىشلىرىدىكى رەھبىرىي كۈچ ئىدى. 50- يىللاردا ياپونىيە ئوخشاشلا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ھەم ياپونىيىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. جۇڭگوغا ئوخشاش، ياپونىيمۇ خەلقئارا سىياسىينى دەرىجىلىك تۈزۈلمە، دەپ قارايتتى. چۈنكى، ياپونىيىنىڭ ئىچكى ھاكىمىيىتىمۇ شۇنداق ئىدى. خۇددى ياپونىيىلىك بىر مەشھۇر ئالىم كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك:

*ياپونىيىلىكلەر دۆلىتىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ئورنى ئۈستىدە ئويلانغاندا، دائىم ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئەندىزىسىگە ئاساسەن خۇلاسە چىقىرىدۇ. ئۇلار خەلقئارا تەرتىپنى ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەزارەت ئەندىزىسىنىڭ*

*تاشقى ئىپادىلىنىشى دەپ قارايدۇ، ئەمما بۇ خىل ئەندىزە ئىنىك سىزىقلىق تەشكىلات قۇرۇلمىسىنىڭ بىر-بىرىگە باغلىنىشىنى ئۆزىگە ئالاھىدىلىك قىلغان بولىدۇ. ياپونىيىنىڭ خەلقئارا تەرتىپكە بولغان بۇ خىل قارىشى، ئۇنىڭ بۇرۇن جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى (ئولپان تاپشۇرۇش تۈزۈمى) ئۇزۇن مەزگىللىك تەجرىبىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.*

شۇڭا، ياپونىيىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈش ھەرىكىتى «ئاساسىي جەھەتتىن ئەگىشىش بولۇپ، كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئەمەس»، شۇنداقلا ئۇلار ھەمىشە «ھۆكۈمران كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ»[40]. ياپونىيىدە ئۇزۇن يىل تۇرغان بىر غەربلىك ئالىم مۇنداق دەيدۇ: «ياپونىيىلىكلەرنىڭ زور كۆپ قىسمى ئۆزى قارشى تۇرالمايدىغان كۈچ ئالدىدا ھەمىشە ناھايىتى تېزلا باش ئېگىدۇ ھەم ئۇلارنى ئەخلاقىي جەھەتتە ئەۋزەللىككە ئىگە، دەپ قارىغانلار بىلەن ھەمكارلىشىدۇ... شۇنداقلا ناھايىتى تېزلا ئەخلاقىي جەھەتتە ئاجىز ۋە چېكىنىپ كېتىۋاتقان زومىگەرنىڭ ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىشىدىن ئاغرىنىشقا باشلايدۇ». ئامېرىكىنىڭ ئاسىيادىكى رولىنىڭ تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ، جۇڭگو ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈكلەردىن بولۇپ قالدى. ياپونىيە سىياسىتىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ماس تەڭشەشلەر بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇشۇنداق قىلىشنى باشلىۋەتتى. كىسورى ماخبۇبانى مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ، جۇڭگو ياپونىيە مۇناسىۋىتىدىكى ھالقىلىق مەسىلە «كىمنىڭ كاتتىۋاش بولۇش مەسىلىسى» بولۇپ، ئۇنىڭ جاۋابى كونىېرى ئېنىقلىنىشۋاتىدۇ. «گەرچە ئېنىق بىرەر بايانات ياكى كېلىشىم بارلىققا كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ياپونىيە خانى 1992- يىلى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشنى قارار قىلدى، ئەينى چاغدا بېيجىڭ خەلقئارادا يەنىلا ئىنتايىن يېتىم ھالەتتە ئىدى، بۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىدى»[41].

شۈبھىسىزكى، ياپونىيە رەھبەرلىرى ۋە ياپونىيە خەلقىنىڭ نەزىرىدە ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەندىزە يەنىلا ئون نەچچە يىل بۇرۇنقى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان ئامېرىكىنىڭ قانىتى ئاستىدىكى ئەندىزە

ئىدى. بىراق، ئامېرىكىنىڭ ئاسىيانىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ، ياپونىيىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ياپونىيىنى «قايتىدىن ئاسىيالاشتۇرۇش»نى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچلەر كۈچەيدى، ياپونىيە جۇڭگونىڭ شەرقىي ئاسىيا سەھنىسىدە قايتىدىن ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىشىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ساقلىنالمايدۇ. مەسىلەن، 1994- يىلى 21- ئەسىردە ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە دۆلەت قايسى بولۇپ قالىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، 44% ياپونىيىلىك جۇڭگو، 30% ياپونىيىلىك ئامېرىكا، پەقەت 16%لا ياپونىيىلىك ياپونىيە دەپ قارىغان[42]. خۇددى 1995- يىلى ياپونىيىنىڭ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى پەرەز قىلغاندەك، ياپونىيىنىڭ جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈشىگە بويسۇنىدىغان بىر يۈرۈش «چارىسى» بار. ئارقىدىن ئۇ يەنە ئۆلاپلا ئامېرىكىنىڭ مۇشۇنداق قىلىش-قىلماسلىق مەسىلىسىنى تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ ئالدىنقى قارىشىنىڭ ئاساسى باردەك قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ كېيىنكى سوئالغا بەرگەن جاۋابى ئېنىق ئەمەس.

جۇڭگونىڭ زومىگەرلىكى شەرقىي ئاسىيانىڭ مۇقىمسىزلىقىنى ۋە توقۇنۇشىنى ئازايتىدۇ ھەم ئامېرىكا ۋە غەربنىڭ شۇ يەردىكى تەسىرىنى ئاجىزلىتىپ، ئامېرىكىنى تارىختا ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ باققان ئىشلارنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ: دۇنيادىكى بىر ھالقىلىق رايونغا يەنە باشقا بىر چوڭ دۆلەت ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئەمما، ئاسىيادىكى باشقا ئەللەر ياكى ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىگە كىم قانچىلىك دەرىجىدە تەھدىت شەكىللەندۈرىدۇ، بۇنى جۇڭگودا يۈز بېرىدىغان ئىشلار قىسمەن دەرىجىدە بەلگىلەيدۇ. ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ھەربىي كۈچ ۋە سىياسىي تەسىرنى كېڭەيتىدۇ، بىراق ئۇ يەنە سىياسىينىڭ تەسىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن، كۆپ مەنبەلىك، دېموكراتىك سىياسىي شەكلىگە يۈزلەندۈرىدۇ. تەيۋەندە مۇشۇ بولدى، دېيىشكە بولىدۇ، ئەمما ئۇ يەردە

دېموكراتىيىنى پائال ئىلگىرى سۈرىدىغان رەھبەرلەرنىڭ كۆپى خرىستىئان مۇرىتلىرىدۇر.

نوپۇز، تەرتىپ، دەرىجە تۈزۈمى ۋە كوللېكتىپنى شەخستىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇشنى تەكىتلەيدىغان جۇڭگو كۇڭزىچىلىق ئەنئەنىسى، دېموكراتىيىلىشىشكە توسالغۇ شەكىللەندۇردى. بىراق، جۇڭگونىڭ جەنۇبىدىكى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى، كۆنسېرى زورىيىۋاتقان باي، ھاياتىي كۈچكە ئىگە كاپىتالىستلار سىنىپى، ھۆكۈمەت كونتروللۇقىنىڭ سىرتىدىكى ئىقتىسادنىي كۈچىنىڭ توپلىنىشى ۋە كۆنسېرى كېڭىيىۋاتقان ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە سىنىپىنى پەيدا قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگولۇقلار سودا، مەبلەغ سېلىش ۋە مائارىپ جەھەتتە تاشقى دۇنيا بىلەن قويۇق ئۇچرىشىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ سىياسىي جەھەتتە كۆپ مەنبەلىشىش يولىغا مېڭىشىنى ئىجتىمائىي ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

سىياسىي جەھەتتە ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدىنقى ھەل قىلغۇچ شەرتى، دائىم مۇستەبىت تۈزۈم ئىچىدىكى ئىسلاھاتچىلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدۇر. جۇڭگودا بۇ خىل ئەھۋال يۈز بېرەمدۇ؟ دېڭ شياۋپىڭدىن كېيىنكى ۋارىستا يۈز بېرىشى ناتايىن، ئەمما ئۇنىڭ كەينىدىكىسىدە يۈز بېرىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار. يېڭى ئەسىردە، كىشىلەر جۇڭگونىڭ جەنۇبىدا سىياسىي پىلانغا ئىگە گۇرۇھلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئەگەر ئۇلار نام جەھەتتىلا بۇنداق بوپقالمىسىلا، ئۇلار ئەمەلىيەتتىمۇ سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ تۆرەلمىسى بولۇپ قالىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار يەنە تەيۋەن، شياڭگاڭ، سىنگاپۇردىكى جۇڭگولۇقلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشى مۇمكىن. ئەگەر جۇڭگونىڭ جەنۇبىدا بۇ خىل ھەرىكەت بارلىققا كەلسە، ئىسلاھاتچىلار گۇرۇھىدىكىلەر بېيجىڭدا ھوقۇققا ئېرىشەلىسە، ئۇنداقتا مەلۇم شەكىلدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىشى مۇمكىن. دېموكراتىيىلىشىش سىياسىئونلارنىڭ مىللەتچىلىك چاقىرىقىنى، كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇش مۇمكىنچىلىكىنى ئىلگىرى

سۈرۈشى مۇمكىن. بىراق، يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، جۇڭگودا مۇقىم بىر كۆپ مەنبەلىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى ئۇنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى پەسەيتىدۇ. خۇددى فىرىد بىرىگ ئېيتقاندەك، ياۋروپانىڭ ئۆتمۈشى ئاسىيانىڭ كەلگۈسى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئاسىيانىڭ ئۆتمۈشى ئاسىيانىڭ كەلگۈسى بولۇپ قېلىشى تېخىمۇ مۇمكىن. ئاسىيا توقۇنۇشنى بەدەل قىلغان كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ياكى زوراۋانلىقنى بەدەل قىلغان تىنچلىق ئوتتۇرىسىدا تاللاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. غەرب جەمئىيىتى بەلكىم توقۇنۇش ۋە كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى تاللىشى مۇمكىن. تارىخ، مەدەنىيەت ۋە كۈچ رېئاللىقىدىن قارىغاندا، ئاسىيا تىنچلىق ۋە زومىگەرلىكنى تاللايدۇ. 19- ئەسىرنىڭ 40- 50 يىللىرىدىكى غەربنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن باشلانغان دەۋر ئاخىرلىشىۋاتىدۇ، جۇڭگو ئۆز رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتىدۇ، شەرق ئۆز دەۋرىگە كىرىپ كېلىۋاتىدۇ.

## مەدەنىيەت ۋە يادرو دۆلەت: شەكىللىنىۋاتقان ئىتتىپاق

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن بۇ كۆپ قۇتۇپلۇق، كۆپ مەدەنىيەتلىك دۇنيادا، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىكىگە ئوخشاش يېتەكچىلىك ئورنىدىكى چەك-چېگرا ئايرىش لىنىيىسى كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. ئەمما، مۇسۇلمانلار نوپۇسى ۋە ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش دولقۇنى داۋاملىشىۋەرسە، غەرب ۋە خىرىس شەكىللەندۈرگۈچى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ھەر قانداق چەك-چېگرا ئايرىش لىنىيىسىدىن ھالقىپ كېتىپ يەر شارى سىياسىيسىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى غەربكە بارغانسېرى دوستانە بولماسلىقى، ئىسلام گۇرۇھلىرى ۋە غەرب جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئارىلاپ-ئارىلاپ تۆۋەن

دەرىجىسىدىكى، بەزىسىدە ھەتتا كۈچلۈك دەرىجىسىدىكى زوراۋانلىق توقۇنۇشى يۈز بېرىشى مۇمكىن.

ئامېرىكا بىر تەرەپ، جۇڭگو، ياپونىيە ۋە ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەر بىر تەرەپ بولسا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈچلۈك توقۇنۇشچانلىققا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئامېرىكا جۇڭگونىڭ ئاسىيادا زومىگەر كۈچ سۈپىتىدە باش كۆتۈرۈشىگە خىرىس قىلسا، بىر مەيدان چوڭ ئۇرۇش يۈز بېرىشى مۇمكىن.

بۇنىداق ۋەزىيەتتە، كۇڭزى ئېقىمىدىكى دۆلەتلەر ۋە ئىسلام ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت داۋاملىشىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىمۇ ھەم مۇمكىن. بۇ مۇناسىۋەتنىڭ مەركىزى مۇسۇلمانلار ۋە جۇڭگولۇقلار جەمئىيىتى، قورال-ياراغلارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، كىشىلىك ھوقۇق ۋە باشقا مەسىلىلەردە غەربكە قارشى تۇرۇشتا ھەمكارلىشىشتىن ئىبارەت. پاكىستان، ئىران ۋە جۇڭگونىڭ يېقىن مۇناسىۋىتى ھەمكارلىشىشنى يادرو قىلغان، 90- يىللارنىڭ بېشىدا رەئىس ياڭ شياڭكۇننىڭ ئىران ۋە پاكىستاننى زىيارەت قىلىشى، رافسانجانىنىڭ پاكىستان ۋە جۇڭگونى زىيارەت قىلىشى بۇ بىر نۇقتىنى روشەنلەشتۈرۈۋەتتى. بۇ ھەرىكەت «پاكىستان، ئىران ۋە جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقداشلىق ھامىلىسىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى». جۇڭگوغا بېرىش يولىدا، رافسانجانى ئىسلام ئاباتتا ئىران بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا «ئىستراتېگىيىلىك ئىتتىپاق»نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، پاكىستانغا قىلىنغان ھۇجۇم ئىرانغا قىلىنىدىغان ھۇجۇم دەپ قارىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ بىر ئەندىزىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بەنەزىر بۇتتو 1993- يىلى 10- ئايدا زۇڭلىلىققا تەيىنلەنگەندىن كېيىن دەرھال ئىران ۋە جۇڭگونى زىيارەت قىلدى. بۇ ئۈچ دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قەرەللىك ئۆز ئارا زىيارەت قىلىشىنى؛ شۇنداقلا ھەر خىل ئاممىۋى ۋە ھەربىي ساھەدىكى ھەمكارلىقنى؛

ھەربىي سانائەتتىكى ھەمكارلىقنى؛ جۇڭگونىڭ قالغان ئىككى دۆلەتكە قورال-ياراغ سېتىپ بېرىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت تەرەققىياتى پاكىستاننىڭ تاشقى سىياسەت ئىدىيە ساھەسىدىكى «مۇستەقىللىق»نى تەرغىب قىلغۇچى گۇرۇھلار بىلەن «مۇسۇلمان»لار گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇ كىشىلەر «تېھران — ئىسلام ئاباد — بېيجىڭ ئوق مەركىزى»نى شەكىللەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلىشتى. تېھراندا كىشىلەر «ھازىرقى دۇنيانىڭ ئالاھىدىلىكى» ئىران، جۇڭگو، پاكىستان ۋە قازاقىستاننىڭ «يېقىن ۋە سىجىل ھەمكارلىشىش»نى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ قاراشتى. 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئاساسەن ئىشقا ئېشىپ قالغان بۇ ئىتتىپاق ئۈچ دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئاللىبۇرۇن مەۋجۇت ئىدى، بۇ ئىتتىپاقنىڭ ئاساسى غەربكە قارشى تۇرۇش، بىخەتەرلىك مەسىلىسىدە ھىندىستانغا دىققەت قىلىش شۇنداقلا تۈركىيە ۋە روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرىگە قارشى تۇرۇش ئىدى[43].

بۇ ئۈچ دۆلەت باشقا ئىسلام ئەللىرى ۋە ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە چېتىلىدىغان تېخىمۇ كېڭەيگەن بىر گۇرۇھنىڭ يادروسى بولالامدۇ؟ گىراخام فوللېرنىڭ قارىشىچە: بىر ھەقىقىي «كۇڭزى-ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ ئىشقا ئېشىشى، قانداقتۇر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە كۇڭزىنىڭ غەربكە قارشى تۇرغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىساد ۋە ھەزارەت جەھەتتە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىۋالغان ھەمدە بارغانسېرى دۇنيا خەلقىنىڭ نەپرىتىنى قوزغىۋاتقان غەرب دۇنياسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازاب-ئوقۇبەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى بولۇپ قالغانلىقىدىندۇر، بەزى دۆلەتلەر «ئۆزلىرىنىڭ يەنە داۋاملىق سەۋر قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. بۇ خىل ھەمكارلىقنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەشەببۇسكارى كازافى بولۇپ، ئۇ 1994- يىلى 3- ئايدا مۇنداق جاكارلىدى:

*يېڭى دۇنيا تەرتىپى يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئان مۇرتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى كونترول قىلىشىدىن دېرەك بېرىۋاتىدۇ، ئەگەر*

*مۇمكىن بولسا، ئۇلار ئەڭ ئاخىرى ھىندىستان، جۇڭگو ۋە ياپونىيىنىڭ كۆكرى ئېقىمى ۋە باشقا دىنلارنى كونترول قىلىدۇ.*

*خرىستىئان مۇرتلىرى ۋە يەھۇدىي دىنىدىكىلەر، بىر ئىلگىرى كوممۇنىزمنى ۋەيران قىلغان، ئەمدى ھازىر ئىسلام دىنى، كۆكرى ئېقىمىدىكىلەرنى ۋەيران قىلىشىمىز كېرەك دېيىشمەكتە.*

*ھازىر بىز جۇڭگونى يېتەكچى قىلغان كۆكرى ئېقىمى لاگېرى بىلەن ئامېرىكىنى يېتەكچى قىلغان خرىستىئان ئەھلىسەلىپچىلىرى لاگېرى ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىقنى كۆرۈۋاتىمىز. بىزنىڭ ئەھلىسەلىپكە قاتناشقانلارغا باشقىچە قارىماسلىققا ئاساسىمىز يوق، بىز كۆكرى ئېقىمىدىكىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇلار بىلەن ئوخشاش بىر خەلقئارا كۆرەش سېپىدە تۇرۇپ، مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ كۆرەش قىلىپ، ئورتاق دۈشمىنىمىزنى يوقىتىمىز.*

*شۇڭا، بىز مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن جۇڭگونىڭ ۋە بىزنىڭ ئورتاق دۈشمىنىمىز بىلەن كۆرەش قىلىشنى قوللايمىز...*

*بىز جۇڭگونىڭ غەلىبە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز... [44]*

ئەمما، جۇڭگو تەرەپنىڭ غەربكە قارشى تۇرىدىغان كۆكرى ئېقىمى ۋە ئىسلام ئەللىرى ئىتتىپاقىغا بولغان قىزغىنلىقى ئىنچىل ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ كەلدى. رەئىس جياڭ زېمىن 1995- يىلى، جۇڭگونىڭ ھېچقانداق بىر دۆلەت بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. جۇڭگو تەرەپنىڭ بۇ مەيدانى ئەنئەنىۋى جۇڭگو قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. مەركەز ئىمپېرىيىسى، يەنى مەركىزىي دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو رەسمىي ئىتتىپاقداشقا موھتاج ئەمەس، بەلكى باشقا دۆلەتلەر جۇڭگو بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنىڭ ئۆز مەنپەئىتىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن. يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگو ۋە غەربنىڭ توقۇنۇشى جۇڭگونىڭ باشقا غەربكە قارشى دۆلەتلەر بىلەن ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام دۆلەتلىرى زور بىر بۆلەكنى تەشكىل قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار ئەڭ

تەسىرگە ئىگە ئەزالاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگونىڭ نېفىتكە بولغان ئېھتىياجىنىڭ كۈنسېرى ئېشىشى جۇڭگونىڭ ئىران، ئىراق، سەئۇدى ئەرەبىستان، قازاقىستان ۋە ئەزەربەيجان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشكە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. بىر ئېنېرگىيە مۇتەخەسسىسى 1994- يىلى مۇنداق دېگەن: قورالغا نېفىت ئالماشتۇرۇشتەك بۇ خىل ئوق مەركىزى» ئەمدى يەنە لوندۇن، پارىژ ۋە ۋاشىنگتوننىڭ كۆرسەتمىسىنى ئاڭلىمىسىمۇ بولىدىغان بولدى»[45].

باشقا مەدەنىيەتنىڭ يادرو دۆلەتلىرى بىلەن غەرب ۋە خىرىس شەكىللەندۈرگۈچى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئەمدى تۆپتىن ئۆزگىرىش كۆرۈلىدۇ. يادرو دۆلەت كەمچىل بولغان جەنۇب مەدەنىيتى، لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيتى ۋە ئافرىقا مەدەنىيتى ئىزچىل يوسۇندا غەربكە بېقىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادى كۈچى ئىنتايىن ئاجىز (گەرچە لاتىن ئامېرىكىسى بۇ ھالەتنى تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرتىۋاتقان بولسىمۇ). ئۇلارنىڭ غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەكسىچە يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن. لاتىن ئامېرىكىسى ۋە غەربنىڭ يېقىن ھەزارەت ئالاقىسى بار. 80- ۋە 90- يىللاردا ئۇنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى بارغانسېرى غەربكە يېقىنلاشقان. ئىلگىرى يادرو قورالغا ئېرىشىش غەرىزىدە بولۇپ كەلگەن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىككى دۆلەت بۇ نىيىتىدىن ياندى. ئومۇمىي ھەربىي كۈچى بارلىق مەدەنىيەتلەر ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرۇۋاتقان لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەر، ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئەۋزەللىكىدىن رازى بولماسلىقى مۇمكىن. بىراق، ئۇلارنىڭ ئامېرىكىغا خىرىس قىلىش غەرىزى يوق. كۆپلىگەن لاتىن ئامېرىكىسى جەمئىيىتىدە پروتېستانت دىنىنىڭ تېز سۈرئەتتە گۈللىنىشى، ئۇلارنى غەربتىكى كاتولىك دىنى بىلەن پروتېستانت دىنى ئۆز ئارا ئارىلىشىپ كەتكەن دۆلەتلەرگە بارغانسېرى يېقىنلاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى لاتىن ئامېرىكىسى بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي مۇناسىۋەتنى بارغانسېرى كېڭەيتىپ، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى رىم ئارقىلىق بەرپا

قىلىنغان دىنىي مۇناسىۋەتتىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكىغا ئېقىپ كىرگەن مېكسىكىلىقلار، ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئامېرىكانلار ۋە كارىبلىقلارنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتىگە ئېلىپ كەلگەن تەسىرى ھەزارەتنىڭ ئوخشاشلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. لاتىن ئامېرىكىسى بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق توقۇنۇش كۆچمەنلەر مەسىلىسى، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە زەھەرلىك چېكىملىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تېررورچىلىق، شۇنداقلا ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىدۇر. (مەسىلەن، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنى شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئەركىن سودا رايونىغا كىرگۈزۈش، شۇ ئارقىلىق جەنۇبىنىڭ ئورتاق بازىرى ۋە ئاندىس شەرتنامىسىگە ئوخشاش لاتىن ئامېرىكىسى گۇرۇھلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە قارشى تۇرۇش). خۇددى مېكسىكىنىڭ شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا رايونىغا كىرىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىلەردە ئىپادىلىنگەندەك، لاتىن ئامېرىكىسى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىرلىشىشى ئاسان ئىش ئەمەس، بۇ بەلكىم 21- ئەسىرنىڭ زور كۆپ قىسىم ۋاقتىدا تەدرىجىي بارلىققا كېلىشى مۇمكىن، شۇنداقلا مەڭگۈ ئىشقا ئاشماسلىقىمۇ ھەم مۇمكىن. گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ، غەرب بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يەنىلا غەرب بىلەن باشقا مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىن كىچىك.

غەرب بىلەن ئافرىقا ئەللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى پەقەت بىر قىسىم ئېغىر توقۇنۇشنى (ئاساسلىق سەۋەب ئافرىقىنىڭ ئاجىزلىقىدىندۇر) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنە بىر قىسىم مۇھىم مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت. جەنۇبىي ئافرىقا گەرچە ئەسلىي بار بولغان يادرو قوراللىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن برازىلىيە بىلەن ئارگېنتىناغا ئوخشاش يادرو قورالىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىدىن ۋاز كەچكىنى يوق. بۇ يادرو قوراللارنى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھۆكۈمىتى ياسىغان بولۇپ، ئۇنى چەت ئەللەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلىشىغا تەھدىت سېلىش

مەقسىتىدە ياسىغان، شۇڭا ئۇلار قارا تەنلىكلەر ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىپ قويۇشىنى خالىمايدۇ. بىراق، ئۇنىڭ يادرو قورال ياساش ئىقتىدارىنى يوق قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. كېيىنكى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق دەۋرىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى بەلكىم يېڭى يادرو قورال ئامبىرى ياساپ، شۇ ئارقىلىق ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىكى يادرو دۆلەت بولۇشتەك ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىشى ھەم غەربنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىنى چەكلىشى مۇمكىن. كىشىلىك ھوقۇق، كۆچمەنلەر مەسىلىسى، ئىقتىسادىي مەسىلە ۋە تېررورلۇقمۇ جەنۇبىي ئافرىقا ۋە غەربنىڭ كۈندىلىك ئىشلار تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى. گەرچە فرانسىيە ھۆكۈمىتى ئۆزلىرى ئىلگىرى مۇستەملىكە قىلغان دۆلەتلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئافرىقا ئەللىرى غەيرىي غەربلىشىشتىن ئىبارەت ئۇزۇن مۇساپىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندەك قىلىدۇ، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەسىرى بارغانسېرى كىچىكلەۋاتىدۇ، يەرلىك ھەزارەتكە ئەھمىيەت بېرىش تەشەببۇس قىلىنىۋاتىدۇ. جەنۇبىي ئافرىقا ئەڭ ئاخىرى، بەلكى ئۆز ھەزارىتى تەركىبىدىكى ئافرىقا ئەنگلىيە ئامىللىرىنى ئافرىقا ئامىللىرىدىن تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈشى مۇمكىن. لاتىن ئامېرىكىسى بارغانسېرى غەربلىشىۋاتقاندا، ئافرىقا بارغانسېرى غەربسىزلىشىۋاتىدۇ. ئەمما، ئىككىسى ئوخشاشمىغان ئۇسۇلدا غەربكە يېقىنلىشىۋاتىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا بېلەت تاشلىغاندىن باشقا، ئۇلار غەرب ۋە ئۇنىڭغا خىرىس شەكىللەندۈرگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

ناھايىتى ئېنىقكى، ئۈچ «تەۋرەنمە» مەدەنىيىتىنىڭ ئەھۋالى ئونداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ يادرولۇق دۆلىتى دۇنيا سەھنىسىدىكى باش رولچىلار بولۇپ، ئۇلار بىلەن غەرب ۋە ئۇلارغا خىرىس شەكىللەندۈرگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئارىلىشىپ كەتكەن، زىددىيەتلىك ۋە تۇراقسىز بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ بىر-

بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ تۈپتىن ئۆخشاشمايدۇ. خۇددى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك، ياپونىيە بىر مەزگىللىك ئازاب ۋە ئۆز-ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئامېرىكىدىن يۈز ئۆرۈپ جۇڭگوغا يېقىنلاشقانغا ئوخشاش. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى مەدەنىيەتتىن ھالقىغان باشقا ئىتتىپاقداشلىرىغا ئوخشاش، ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىك بەلۋېغى ئاجىزلاپ كەتتى، گەرچە بۇ نۇقتىنى مەڭگۈ رەسمىي يوسۇندا ئىسپاتلاپ بەرگىلى بولمىسىمۇ. روسىيە 1945- يىلى ئىگىلىۋالغان تاقىم ئارال مەسىلىسىدە مۇرەسسەلىشىشنى رەت قىلغاچقىلا، ياپونىيە بىلەن روسىيىنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا قاتمال ھالەتتە تۇرماقتا. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ پۇرسىتى يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن روسىيىدىكى مىللەتچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشى بۇ مەسىلىنى يوققا چىقاردى. كەلگۈسىدە، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىنىڭ تېررىتورىيە تەلىپىنى بۇرۇنقىغا ئوخشاش قوللىشىنىڭ ئاساسى قالمايدۇ.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 20 — 30 يىلىدا جۇڭگو، روسىيە ۋە ئامېرىكا بىلەن «جۇڭگو كوزىرىنى» غەلىبىلىك ئوينىدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن روسىيىمۇ «روسىيە كوزىرى»نى ئوينايدۇ. روسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ بىرلىشىشى ياۋرو-ئاسىيا بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى ھەل قىلغۇچ يوسۇندا روسىيە تەرەپكە ئاغدۇرۇپ 50- يىللاردىكى جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىگە ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. غەربكە يېقىنىدىن ماسلىشىپ كېلىۋاتقان روسىيە يەر شارى مەسىلىسىدىكى كۆكزى-ئىسلام ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشقا كۈچ قوشۇپ، جۇڭگونىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىكى شىمالدىن كېلىدىغان تاجاۋۇزچىلىق تەشۋىشىنى قايتىدىن قوزغاپ قويىدى. ئەمما روسىيە بىلەن بۇ ئىككى قوشنا مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىمۇ مەسىلە مەۋجۇت. غەرب بىلەن

بولغان مۇناسىۋەتتە، روسىيە قىسقا مۇددەتلىك ھەرىكەتكە تېخىمۇ مايىل بولماقتا. بۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، روسىيە بىلەن غەربنىڭ كۆچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى قايتىدىن بېكىتىشنىڭ ئېھتىياجى. شۇنداقلا ئىككىلا تەرەپنىڭ ئاساسىي باراۋەرلىكى ۋە ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز تەۋەلىكىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىشىنىڭ ئېھتىياجى. ئەمەلىيەتتە بۇ مۇنۇلاردىن دېرەك بېرىدۇ:

1. روسىيە ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنى ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى غەرب خرىستىئان دىنى دۆلەتلىرىگىچە كېڭەيتىشكە قوشۇلىدۇ، ئەمما غەرب ئوكرائىنا ئىككى دۆلەتكە بۆلۈنۈپ كەتمىسىلا، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنى داۋاملىق كېڭەيتمەسلىككە ۋەدە بېرىدۇ.

2. روسىيە بىلەن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ھەمراھلىق مۇناسىۋەتتى شەرتنامىسىنى ئىمزالاپ، ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىققا كاپالەتلىك قىلىدۇ، قەرەللىك بىخەتەرلىك مەسىلىلىرىنى مەسلىھەتلىشىدۇ. ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىدىن ساقلىنىدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بىخەتەرلىك ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان قوراللارنى چەكلەش كېلىشىمى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىدۇ.

3. غەرب روسىيىنىڭ پرووسلاۋىيە دىنى دۆلەتلىرى ھەم پراۋوسلاۋىيە دىنى نوپۇسى كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئاساسلىق مەسئۇل بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

4. غەرب روسىيىنىڭ جەنۇبتىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە دۇچ كېلىدىغان ئەمەلىي ۋە يوشۇرۇن بىخەتەرلىك مەسىلىلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، غەرب ياۋروپانىڭ دائىملىق كۈچ شەرتنامىسىنى ئۆزگەرتىشكە قوشۇلىدۇ ھەم روسىيىنىڭ مۇشۇ تەھدىتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان زۆرۈر تەدبىرلىرىنى قوللايدۇ.

5. روسىيە بىلەن غەرب بىر قىسىم غەرب ۋە پراۋوسلاۋىيە دىنىنىڭ مەنپەئەتىگە ئورتاق مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەردە، مەسىلەن، بوسنىيە مەسىلىسىدە باراۋەر ھەمكارلىشىشقا قوشۇلدى.

ئەگەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇل بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلسا، روسىيە بىلەن غەربنىڭ قارشى تەرەپنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئۇزۇن مۇددەتكىچە خىرىس شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. ياۋروپا بىلەن روسىيە تۇغۇلۇش نىسبىتى تۆۋەن، نوپۇس قېرىلاشقان جەمئىيەت. بۇنداق جەمئىيەتنىڭ كېڭىيىش ۋە ھۇجۇم ئۈچۈن ياشلار زاپاس كۈچى ھازىرلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى يېڭى ئاخىرلاشقاندا، روسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى بىر قەدەر ھەمكارلىشىشچانلىقىقا ئىگە بولۇپ، چېگرا ماجىرالىرى ھەل قىلىندى؛ ئىككىلا تەرەپ چېگرىدا تۇرىدىغان قوشۇننى ئازايتتى؛ سودىنى كېڭەيتتى؛ ئىككىلا تەرەپ قارشى تەرەپنى يادرو باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ھۇجۇم نىشانى قىلىشنى توختاتتى؛ ئىككى دۆلەت دىپلوماتلىرى دىنىي ئەسلىيەتچىلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىسلام ئەللىرىگە تاقابىل تۇرۇشتەك ئورتاق مەنپەئەت ئۈستىدە ئىزدەندى. ئەڭ مۇھىم بولغىنى روسىيە جۇڭگونىڭ تانكا، ئۇرۇش ئايروپىلانى، يىراق مۇساپىلىك ھۇجۇمچى ئايروپىلان ۋە يەردىن يەرگە قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا قاتارلىق ھەربىي قورال-ياراغ ۋە تېخنىكىسىغا ئېھتىياجلىق چوڭ خېرىدار ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدى[47]. روسىيىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، جۇڭگو-روسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشى شۇ نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، روسىيە-ياپونىيە مۇناسىۋىتى داۋاملىق سۈسلىشىۋاتقان ئەھۋالدا، روسىيە مەقسەتلىك ھالدا جۇڭگونى ئۆزىنىڭ ئاسىيادىكى ھەمكارلاشقۇچى «ھەمراھى» قىلىشنى قارار قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يەنە روسىيىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى، ئىقتىسادىي ئىسلاھات، ھەربىي ھازىرلىقلارنى تىزگىنلەش،

ئىقتىسادىي ياردەم، شۇنداقلا غەربنىڭ خەلقئارا ئاپپاراتىغا قاتنىشىش قاتارلىق مەسىلىلەردىكى غەرب بىلەن بولغان توقۇنۇشقا قايتۇرغان ئىنكاسىدۇر. جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، جۇڭگو غەربلىكلەرگە ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا يېتىم ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشى كېرەك، شۇنداقلا جۇڭگو شۇ ئارقىلىق زۆرۈر بولغان ھەربىي ئىقتىدارغا ئېرىشىپ يىراق مۇساپىدىن ئەسكەر ئاتلاندۇرۇشتەك رايون خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىنى يۈرگۈزەلەيدۇ. ئىككى دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، روسىيە-جۇڭگو مۇناسىۋىتى كۆگزىچىلىق بىلەن ئىسلامنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ غەربنىڭ كۈچى ۋە ھەممىباپچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى.

بۇ خىل مۇناسىۋەت داۋاملىشامدۇ، يوق؟ بۇنى ئەڭ زور دەرىجىدە تۆۋەندىكى ئەھۋاللار بەلگىلەيدۇ: بىرىنچى، روسىيە ۋە غەرب مۇناسىۋىتىنىڭ ئىككىلا تەرەپ رازى بولغۇدەك ئاساستىكى مۇقىملىق دەرىجىسى؛ ئىككىنچىدىن، جۇڭگونىڭ شەرقىي ئاسىيادا باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ ئىقتىساد، نوپۇس ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە روسىيىنىڭ مەنپەئىتىگە تەھدىت سېلىش دەرىجىسى. جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي كۈچى سىبىرىيىگە كېڭىيىپ بولدى. جۇڭگو، كورىيە، ياپونىيە سودىگەرلىرى ئۇ يەردىكى پۇرسەتلەرنى ئېچىۋاتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ. سىبىرىيىدىكى روسىيىلىكلەر كەلگۈسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ روسىيىنىڭ ياۋروپادىكى بۆلىكى بىلەن ئەمەس بەلكى شەرقىي ئاسىيا بىلەن بولىدىغانلىقىنى كۈنسېرى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. روسىيىلىكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ چوڭ تەھدىت سىبىرىيىگە كىرگەن جۇڭگو كۆچمەنلىرىدۇر. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگونىڭ سىبىرىيىدىكى قانۇنسىز كۆچمەنلەرنىڭ سانى 1995- يىلى 3 — 5 مىليونغا يەتكەن، ئەمما سىبىرىيىدىكى رۇسلارنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 7 مىليون ئىكەن. روسىيىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى گىراچوف ئاگاھلاندۇرۇپ: «جۇڭگولۇقلار روسىيىنىڭ يىراق شەرق رايونىنى تىنچ بويسۇندۇرۇۋاتىدۇ»، دېدى.

روسىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كۆچمەنلەرنى باشقۇرۇش ئەمەلدارلىرىمۇ بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلۇپ: «بىز جۇڭگونىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك» دېگەن[48]. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگونىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش غەرىزى بەلكىم جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. ئەگەر جۇڭگو موڭغۇلىيىگە بولغان ئىگىلىك ھوقۇقى تەلىپىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويسا، جۇڭگونىڭ كېڭەيمىچىلىكى ھەربىي كېڭىيىشكە ئۆزگىرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. موڭغۇلىيىنى 1- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن رۇسلار جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىققان بولۇپ، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئىزچىل ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىمايىسىدىكى دۆلەت بولۇپ كەلدى. موڭغۇللار تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن بۇيان ئىزچىل روسىيىلىكلەرنىڭ كاللىسىدا ئەگىپ يۈرگەن «سېرىق ئاپەت» بىر كۈنلەردە يەنە بىر قېتىم رېئاللىققا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

روسىيە بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى بىر قانچە ئەسىردىن بۇيانقى روسىيىنىڭ تۈركلەر، شىمالىي كاۋكازلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەبىلە مىللەتلىرىگە كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بارغاندىكى تارىخىي نەتىجىسىدۇر. ھازىر روسىيە ئۆزىنىڭ پراۋوسلاۋىيە دىنى ئىتتىپاقداشلىرى ۋە گرېتسىيە بىلەن بىرلىشىپ كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئارقىلىق تۈركىيىنىڭ بالقاندىكى تەسىرىنى ھەم پراۋوسلاۋىيە دىنى ئىتتىپاقدىشى ئەرمىنىيە بىلەن بىرلىشىپ كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئارقىلىق تۈركىيىنىڭ تاشقى كاۋكازدىكى تەسىرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ، روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي تەسىرىنى ئىزچىل ھالدا قوغداۋاتىدۇ ھەم ئۇلارنى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۇ دۆلەتلەرگە ھەربىي قوشۇن ئورۇنلاشتۇردى. روسىيىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەركىزىي مەسىلىسى كاسپىي دېڭىزىدىكى نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى، شۇنداقلا غەرب ۋە شەرقىي ئاسىياغا مۇشۇ بايلىقلارنى

يۈتكەيدىغان يولدۇر. روسسىيە يەنە شىمالىي كاۋكازدا ئىزچىل چېچېنىيە مۇسۇلمانلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ ھەم تاجىكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلام دىنى ئەسلىيەتچىلىرىنىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقىنى باستۇرۇشىنى قوللاپ، تاجىكىستاندا ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. بۇ خىل بىخەتەرلىك ئۈستىدىكى غەملەر روسسىيىنىڭ جۇڭگو بىلەن ھەمكارلىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «ئىسلام تەھدىتى»نى چەكلىشىگە سەۋەب بولدى، شۇنداقلا بۇ روسسىيىنىڭ ئىران بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم مۇددىئالارنىڭ بىرى. روسسىيە ئىرانغا سۇ ئاستى پاراخوتى، يېڭى ھۆجۇمچى ئايروپىلان، بومباردىمانچى ئايروپىلان ۋە يەردىن قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا، شۇنداقلا كۆزىتىش ۋە ئېلېكترونلۇق ھەربىي ئىشلار جابدۇقلىرىنى سېتىپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، روسسىيە ئىراندا يېنىك تېپىلىق سۇ يادرو رېئاكتورى قۇرۇشقا قوشۇلدى ھەم ئىراننى ئۇران قويۇقلاشتۇرۇش ئەسۋابى بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، روسسىيە ئاشكارا ھالدا ئىراننىڭ ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا كېڭىيىپ كېتىشىنى چەكلەشنى ئۈمىد قىلدى ھەم ئىراننىڭ روسسىيە بىلەن ھەمكارلىشىپ كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئارقىلىق تۈركىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاۋكازدىكى تەسىرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشىنى بىلدۈردى. كەلگۈسى ئون نەچچە يىلدا، روسسىيىنىڭ ئىسلام بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى روسسىيىنىڭ جەنۇبىي چېگراسىدىكى مۇسۇلمانلار نوپۇسىنىڭ پارتلىشى شەكىللەندۈرىدىغان تەھدىتكە بولغان قارىشى بەلگىلەيدۇ.

ئۈچىنچى «تەۋرەنمە» يادرو دۆلەت ھىندىستان بولۇپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە ئۇ روسسىيىنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى، ئۇ جۇڭگو بىلەن بىر قېتىم، پاكىستان بىلەن بىر قانچە قېتىم ئۇرۇشقان. ئۇنىڭ غەرب بىلەن بولۇپمۇ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كېلىشەلمەسلىك ھالىتىدە بولمىسىمۇ، يەنىلا بەلگىلىك ئارىلىق ساقلانغان. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن،

ھىندىستان بىلەن پاكىستان كەشمىر، يادرو قوراللىرى، جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئومۇمىي ھەربىي تەڭپۇڭلۇق مەسىلىسىدە ئىبغىر توقۇنۇش يەنە داۋاملىشىشى مۇمكىن. ئەگەر پاكىستان باشقا ئىسلام ئەللىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرەلىسە، ھىندىستان بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھامان ناھايىتى قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ خىل ھالەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھىندىستان ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئىسلام ئەللىرىنى پاكىستاندىن يىراق تۇرۇشقا نەسىھەت قىلىشى مۇمكىن. بىراق، بۇ خىل يۈزلىنىش ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشالمايدۇ، چۈنكى جۇڭگو جەنۇبىي ئاسىيا سىياسىيسىغا پائال قاتناشتى، شۇنداقلا ئۇ داۋاملىق پاكىستان بىلەن يېقىنلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ، پاكىستاننىڭ يادرو قورال ۋە مۇنتىزىم ئارمىيە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي ياردەم، مەبلەغ سېلىش ۋە ھەربىي ياردەم ئارقىلىق بىرمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يەنە ئۇ يەردە دېڭىز ئارمىيىسى ئەسلىھەلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى مۇمكىن. ھازىر جۇڭگونىڭ كۈچى كېڭىيىۋاتىدۇ، 21-ئەسىرنىڭ بېشىدا ھىندىستاننىڭ كۈچىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىدۇ، جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىشى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. بىر تەھلىلچى مۇنداق كۆرسەتتى: «ئاسىيادىكى ئىككى گىگانت ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن كۈچ رىقابىتى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ ئۆزىنى چوڭ چاغلاش، ئۆزىنى ھەزارەت مەركىزى دەپ قاراش، ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان دۆلەت ۋە كەسپلەرنى قوللىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھىندىستان باش كۆتۈرۈشكە تىرىشىپ، كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيادىكى بىر مۇستەقىل كۈچ مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، جۇڭگونىڭ كۈچى ۋە تەسىرىگە قارشى تۇرغۇچى دۆلەت بولۇپ قالىدۇ»[48].


جۇڭگو-پاكىستان ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، تېخىمۇ كېڭىيىۋاتقان كۇڭزى-ئىسلام مۇناسىۋىتىگە قارشى تۇرماستىن، روسىيە بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، روسىيىنىڭ ھەربىي

قوراللىق-ياراغلىرىنى داۋاملىق زور مىقداردا سېتىۋېلىش، ئېنىقكى ھىندىستاننىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ھىندىستان روسىيىدىن بارلىق ئاساسلىق تېپتىكى قوراللارغا ئېرىشتى، بۇ قوراللار بىر ئاۋتوماتىكا ۋە تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق راكېتا تېخنىكىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ تۈپەيلى ئامېرىكا ھىندىستانغا ئىمبارگو يۈرگۈزدى. قورال-ياراغلارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن باشقا، ھىندىستان بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى، كەشمىر مەسىلىسى ۋە ئىقتىسادنى ئەركىنلەشتۈرۈش مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەر مەۋجۇت. ئەمما، ئامېرىكا-پاكىستان مۇناسىۋىتىنىڭ يىراقلاپ كېتىشى ۋە جۇڭگونى چەكلەشتىن ئىبارەت ئورتاق مەنپەئەت مەسىلىسى ئەڭ ئاخىرى بەلكىم ئامېرىكا ھىندىستان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. ھىندىستاننىڭ جەنۇبىي ئاسىيادىكى كۈچىنىڭ كېڭىيىشى ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەستىن، بەلكى پايدىلىق.

مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇرەككەپ بولۇپ، شۇنداقلا يەنە ئۆز ئارا زىت. شۇنداقلا ئۆزگىرىش يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن. بىر خىل مەدەنىيەت ئىچىدىكى كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر باشقا بىر خىل مەدەنىيەتكە مەنسۇپ دۆلەت بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقاندا، دائىم يادرو دۆلەتنىڭ رەھبەرلىكىگە ئەگىشىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى بىر خىل مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى بارلىق دۆلەتلەر ئىككىنچى خىل مەدەنىيەت ئىچىدىكى بارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئوخشاش مۇناسىۋەتكە ئىگە بولمايدۇ. ئورتاق مەنپەئەتنى كۆپىنچە ھاللاردا ئۈچىنچى خىل مەدەنىيەتتىن كېلىدىغان ئورتاق دۈشمەنلىرى شەكىللەندۈرۈپ، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتكە مەنسۇپ ئەللەر ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىق ھاسىل قىلىدۇ. ئېنىقكى مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ، بولۇپمۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا شۇنداق. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆزۈك

سەپ ئەتراپىدىكى گۇرۇھلارنىڭ مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلار ۋە ھەر قايسى مەدەنىيەتلەر ئىچىدىكى يادرولۇق دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن پەرقلىق بولىدۇ. ئەمما، ئومۇمىي يۈزلىنىش ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە يادرو دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شەكىللىنىۋاتقان ئىتتىپاق ۋە قارشىلىشىشلار ھەققىدە مۇۋاپىق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ. 9.1- رەسىمدە مۇشۇ ھالەت خۇلاسىلەنگەن. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ناھايىتى ئاددىي ئىككى قۇتۇپ مۇناسىۋىتى، كۆپ قۇتۇپلىشىشقا يۈزلىنىپ كۆپ مەدەنىيەتلىك دۇنيادىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىنى ئالدى.

9.1- رەسىم ھەر قايسى مەدەنىيەتلەردىن شەكىللەنگەن دۇنيا سىياسىيسى: شەكىللىنىۋاتقان بىرىكىش



# ئونىنچى باب

# ئۆتكۈنچى ئۇرۇشتىن ئۇزۇك سەپ ئۇرۇشىغىچە

## ئۆتكۈنچى ئۇرۇش: ئافغانىستان ئۇرۇشى ۋە پارس قولتۇقى ئۇرۇشى

مەراكەشلىك داڭلىق ئالىم مەھدى ئەرمەنجال پارس قولتۇقى ئۇرۇشى باشلانغان چاغدا ئۇنى «مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىرىنچى مەيدان ئۇرۇش» ① دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىككىنچى مەيدان ئۇرۇش بولۇپ، بىرىنچى مەيدان ئۇرۇش 1979 — 1989-يىللىرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى-ئافغانىستان ئۇرۇشى ئىدى. بۇ ئىككى مەيدان ئۇرۇش ئوخشاشلا بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتكە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن باشلىنىپ، ئارقىدىن پۈتۈنلەي مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا ئايلىنىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئوخشىمىغان مەدەنىيەت گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي توقۇنۇش ۋە ئۇزۇك سەپ ئۇرۇشىنى ئاساس قىلغان دەۋردىكى ئۆتكۈنچى ئۇرۇش ئىدى.

ئافغانىستان ئۇرۇشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىر بېقىندى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن يۈز بەرگەن. ئامېرىكا بۇنىڭغا پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئافغانىستاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنى تەشكىللەپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى قوراللاندۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۇرۇش سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئامېرىكىلىقلارغا نىسبەتەن

ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى رېگان ھۆكۈمىتىنىڭ كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتكە قارشى قوراللىنىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى ھەم ئامېرىكىلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلارنىڭ ئۆزلىرى ۋېيتنامدا ئۇچرىغانغا ئوخشاش ھاقارەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن تەسەللىيگە ئېرىشتى. بۇ ئۇرۇشنىڭ مەغلۇبىيىتى پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتى ۋە سىياسىي تۈزۈمىگە تەسىر كۆرسەتتى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئامېرىكىلىقلار ۋە غەربلىكلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئافغانىستان ئۇرۇشىنى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى ئەڭ ئاخىرقى، ھەل قىلغۇچ غەلىبە دەپ قارىدى.

ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇرۇشقانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئافغانىستان ئۇرۇشى باشقىچە بىر ئىش ئىدى. غەربلىك بىر ئالىم بۇ ھەقتە توختىلىپ[2]: بۇ «بىر مەيدان مىللەتچىلىك ياكى سوتسىيالىزم پرىنسىپىنى ئاساس قىلغان غەلىبە ئەمەس»، بەلكى ئىسلام پرىنسىپىنى ئاساس قىلىپ تاشقى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە دېدى. بۇ ئۇرۇش جىھاد نامى بىلەن قوزغالغان بولۇپ، ئىسلامنىڭ ئىشەنچى ھەم كۈچىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇرۇشنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا بولغان تەسىرىنى، ياپونىيىنىڭ 1905- يىلى شەرق دۇنياسىدا روسىيىلىكلەرنى مەغلۇپ قىلغان چاغدىكى غەلىبىسى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ ئۇرۇشنى غەربلىكلەر ئەركىن دۇنيا غەلىبە قىلغان ئۇرۇش دەپ قارىغان بولسا، مۇسۇلمانلار ئۇنى ئىسلامنىڭ غەلىبىسى دەپ قارىدى.

ئامېرىكا دوللىرى بىلەن باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ھېچقايسىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەغلۇپ قىلىشتا كەم بولسا بولمايدۇ، ئەمما ئىسلام جامائىتىنىڭ تىرىشچانلىقىمۇ ئوخشاشلا كەم بولسا بولمايدۇ. ھەر قايسى ئىسلام ئەللىرى ھۆكۈمەتلىرى ۋە ھەر خىل گۇرۇھلار بىردەك سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزىگە پايدىلىق غەلىبىنى

قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشاتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشىغا كېتىدىغان يارىدەم مەبلىغى ئاساسلىقى سەئۇدى ئەرەبىستاندىن كېلەتتى. 1984 — 1986- يىللىرى سەئۇدى ئەرەبىستان قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈنلا 525 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بىلەن تەمىنلىگەن. 1989- يىلى سەئۇدى ئەرەبىستان يەنە 715 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق يارىدەمنىڭ 61% نى، يەنى 436 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى تەمىنلەشكە قوشۇلغان. بۇ مەبلەغنىڭ قالغان قىسمىنى ئامېرىكا تەمىنلىگەن. 1993- يىلى سەئۇدى ئەرەبىستان ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنى 193 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بىلەن تەمىنلىگەن. پۈتكۈل ئۇرۇش داۋامىدا، سەئۇدى ئەرەبىستان تەمىنلىگەن ئومۇمىي مەبلەغ ئامېرىكا تەمىنلىگەن 3 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن 3 مىليارد 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغىچە بولغان مەبلەغكە تەڭداش كېلىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئۇرۇش مەزگىلىدە باشقا ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن مۇجاھىدلارنىڭ زور كۆپ قىسمى ئەرەب. مۇجاھىد قوبۇل قىلىش ئاساسلىقى ئىئوردانىيىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، مۇجاھىدلار پاكىستان ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ مەشىقىنى قوبۇل قىلغان. پاكىستان قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى كەم بولسا بولمايدىغان سىرتقى بازا ھەم ئارقا سەپ تەمىناتى ۋە باشقا يارىدەملەر بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، پاكىستان يەنە ئامېرىكا مالىيە يارىدىمىنىڭ ۋاكالەتچىسى ۋە يەتكۈزگۈچىسى بولغاچقا، ئۇلار مەقسەتلىك ھالدا يارىدەم مەبلىغىنىڭ 75%نى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ئىسلام دىنى ئەسلىيەتچىلىرى گۇرۇھىغا بەرگەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 50% مەبلەغنى ھېكمەتيار باشچىلىقىدىكى ئەڭ ئەكسىيەتچى بولغان سۈننىي مەزھىپىنىڭ دىنىي ئەسلىيەتچىلىرى قولىغا تاپشۇرغان. گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇش بولۇۋاتسىمۇ، لېكىن زور كۆپ ساندىكى ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەرەبلەر غەربكە كۈچلۈك قارشى ئىدى، ئۇلار غەربلىكلەر ئىنسانپەرۋەرلىك يارىدەم ئاپپاراتلىرىنىڭ غەرىزى باشقا، ئىسلامنى ئاغدۇرۇشنى قەستلەيدۇ دەپ

ئەيىبلەيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەڭ ئاخىرى ئامېرىكىنىڭ تېخنىكىسى، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەبلىغى، مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى ۋە قىزغىنلىقىدىن ئىبارەت ئۈز ئارا سىلىشتۇرغىلى ۋە ئامال قىلغىلى بولمايدىغان ئۈچ ئامىلنىڭ ھۇجۇمى بىلەن مەغلۇپ بولدى③.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئانچە مۇقىم بولمىغان ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىتتىپاقىنى قالدۇرۇپ قويدى، بۇ ئىتتىپاقنىڭ مەقسىتى ئىسلامنىڭ بارلىق غەيرىي ئىسلام كۈچلىرىگە بولغان قارشىلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ قالدۇقلىرى يەنە: ساپالىق، تەجرىبىلىك ئەسكەرلەر، ھەربىي لاگېر، مەشىق مەيدانى ۋە ئارقا سەپ ئەسلىھەلىرى، تەشكىلات ۋە پانئىسلامىزمنىڭ شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەت تورلىرى، شۇنداقلا 300 — 500گە قەدەر تېخى پۇل تۆلەنمىگەن زەھەرلىك تىكەن بەلگىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا قاتارلىق ھەربىي جابدۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەڭ مۇھىم بولغىنى مۇسۇلمانلار ئۇرۇش غەلىبىسى ئارقىلىق ئەمەلىي كۈچلۈكلۈك تۇيغۇسى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچكە ھەم باشقا غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسىغا ئېرىشتى. بىر ئامېرىكىلىق ئەمەلدار 1994- يىلى: «ئافغانىستان پىدائىيلىرىنىڭ مۇجاھىدلىق سالاھىيىتى دىنىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن يەكۈنلىگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۈچلۈكتۇر. ئۇلار دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى دۆلەتنىڭ بىرىنى يەڭدى، ھازىر ئىككىنچىسىگە تاقابىل تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەنىدى④.

ئافغانىستان ئۇرۇشى بىر مەيدان مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش، چۈنكى دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلار مۇشۇنداق قارىدى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقلاشتى. پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا، غەرب ئارمىيىسى مۇسۇلمانلارنىڭ توقۇنۇشىغا ئارىلاشقانلىقى ھەم كۆپ قىسىم غەربلىكلەر بۇ خىل ئارىلىشىشنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۇرۇشمۇ مەدەنىيەتلەر ئۇرۇشى بولۇپ قالدى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار بۇ خىل ئارىلىشىشنى

ئۆزلىرىگە جەڭ ئېلان قىلغانلىق دەپ قارىغاچقا، ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ غەرب جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرغانلىقى بۇنىڭ يەنە بىر دەلىلىدۇر.

ئەرەبلەر ۋە مۇسۇلمان ئەللىرى ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىراق ئۇرۇشى باشلىنىپلا ئىختىلاپ تۇغۇلدى. سادام ھۈسەيىن مۇقەددەس جىھادنى پىلانلىغانلىكى بىلەن ئەرەب ئىتتىپاقى زور كۆپ سانلىق ئاۋازنىڭ قوللىشى بىلەن (14 ئاۋاز قوشۇلغان، ئىككى ئاۋاز قارشى تۇرغان، بەش ئاۋاز ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن) ئىراقنى ئەيىبلەش قارارىنى ماقۇللىدى. مىسىر ۋە سۈرىيە ئامېرىكىنىڭ ئىراققا قارشى تۇرۇش بىرلەشمە قىسمىنى نۇرغۇن خادىم بىلەن تەمىنلىدى. پاكىستان، مەراكەش ۋە بېنگاللار ئازراق ياردەم بىلەن تەمىنلىدى. تۈركىيە ئىراقنىڭ تۈركىيە زېمىنىدىن ئۆتىدىغان ئوتتۇرا دېڭىزغا نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبىسىنى ئېتىۋەتتى ھەم ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاۋا ئارمىيە بازىسىنى ئىشلىتىشىگە رۇخسەت قىلدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە، تۈركىيە ياۋروپاغا قېتىلىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى، پاكىستان بىلەن مەراكەشمۇ سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشنى قايتا ئىلتىماس قىلدى. مىسىرنىڭ قەرزى بىكار قىلىندى، سۈرىيە لىۋانغا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغىنى، گەرچە ئىران ئىئوردانىيە، لىۋىيە، ماۋرىتانىيە، يەمەن، سۇدان، تۇنىس ۋە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى، خاماس ھەرىكىتى ۋە ئىسلام قۇتقۇزۇش فرونتى قاتارلىقلارنىڭ زور كۆپ قىسمى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا غەربنىڭ ئارىلىشىشىنى ئەيىبلەپ ئىراقنى قوللىدى. باشقا مۇسۇلمان ئەللىرى ھۆكۈمىتى، مەسىلەن ھىندونېزىيىگە ئوخشاش دۆلەتلەر مۇرەسسە قىلىش مەيدانىدا تۇردى ياكى ئۆز مەيدانىنى ئېنىق ئىپادىلىمىدى.

ئىسلام ئەللىرى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا دەسلەپ گەرچە ئىختىلاپ ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ قىسىم ئەرەبلەر ۋە مۇسۇلمانلار باشتىن تارتىپ غەربكە قارشى تۇرۇپ كەلدى. كۇۋەيتكە

ئىراق تاجاۋۇز قىلىپ ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن يەمەن، سۈرىيە، مىسىر، ئىئوردانىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندا زىيارەتتە بولغان بىر نەپەر ئامېرىكىلىق كۆزەتكۈچى ئۆز دوكلاتىدا[5] «ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئامېرىكىغا بولغان ئۆچمەنلىكى قايناپ تاشقاچقا، بىر ئەرەب رەھبەرنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئاشكارا قارشى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەرەب دۇنياسى قەلبىدىكى خۇشاللىقىنى باسالماي قالدى» دېگەن. مەراكەشتىن جۇڭگوغىچە بولغان نەچچە ئون مىڭلىغان مۇسۇلمان سادام ھۈسەيىن تەرەپتە تۇرۇپ ئۇنى «مۇسۇلمانلارنىڭ قەھرىمانى»[6] دەپ ئاتىدى. بۇ بىر مەيدان توقۇنۇشتىكى ئەڭ چوڭ بىمەنىلىك دەل دېموكراتىيىنىڭ بىمەنىلىكى بولدى، سىياسىي جەھەتتىمۇ قويۇۋېتىلگەن، پىكىر بايان قىلىش ئەركىن ئەرەب دۆلەتلىرىدە سادام ھۈسەيىننى قوللاشمۇ «كۈچلۈك ۋە كەڭ دائىرىلىك بولدى»[7]. مەراكەش، پاكىستان، ھىندونېزىيە، ئىئوردانىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردە غەربنى ئەيىبلەيدىغان كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئېلىپ بېرىلدى ۋە پادىشاھ ھەسەن، بەنەزىر بۇتتو، سۇخارتو قاتارلىق سىياسىي داھىيلار غەربنىڭ غالچىلىرى دەپ قارالدى. ھەتتا، سۈرىيىدە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىپ «كەڭ خەلق ئاممىسى چەت ئەل ئارمىيىسىنىڭ پارس قولتۇقىدا قوشۇن تۇرغۇزۇشىغا قارشى تۇردى». ھىندىستاندىكى 100 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلماننىڭ 75% ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇش قوزغىشىنى ئەيىبلىدى. ھىندونېزىيىدىكى 171 مىليون مۇسۇلماننىڭ «ھەممىسى ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك» ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقىدىكى ھەرىكىتىگە قارشى تۇردى. ئەرەب ئەللىرىدىكى زىيالىيلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش شەكىلدە ئىتتىپاقلىشىپ، ئوخشاش بىر مەيداندا تۇرۇپ، سادامنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى كۆرمەسكە سېلىش ھەم غەربنىڭ ئارىلىشىشىنى ئەيىبلەش ئۈچۈن مۇرەككەپ نەزەرىيىۋى ئاساس تېپىپ چىقتى[8].

ئەرەبلەر ۋە مۇسۇلمانلار ئومۇميۈزلۈك سادام ھۈسەيىننىڭ بىر مۇستەبىت ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئەمما ئەينى چاغدىكى روزۋېلىت زۇڭتۇڭنىڭ قارىشىغا ئوخشاش، «سادامنى بىزنىڭ زالىم ھۆكۈمرانىمىز» دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىق «ئائىلە ئىشى» بولۇپ، ئۇنى ئائىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەل قىلىش كېرەك، ھەققانىيەت نامىدا بۇ دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشقان دۆلەتلەر، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى قوغداپلا قالماستىن، ئەرەب ئەللىرىنى داۋاملىق غەربكە بېقىندى قىلىپ قويىدۇ. بىر دوكلاتتا ئېيتىلىشىچە: «ئەرەب ئەللىرىدىكى زىيالىيلار ئىراق ھاكىمىيىتىنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئۇنىڭ رەھىمسىزلىك ۋە مۇستەبىتلىكىنى ياقتۇرمايدۇ، ئەمما ئۇنى ئەرەب دۇنياسىنىڭ چوڭ دۈشمىنى بولغان غەربكە قارشى تۇرۇشىنىڭ مەركىزى دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئەرەب دۇنياسى بىلەن غەربنى قارىمۇقارشى ئورۇنغا قويغان. پەلەستىنلىك بىر پروفېسسور مۇنداق دەيدۇ: «سادامنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرى خاتا، ئەمما بىز ئىراقنىڭ غەربنىڭ ھەربىي ئارىلىشىشىغا كۆكرەك كېرىپ، قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلىيەلمەيمىز». غەربتىكى ۋە باشقا جايلاردىكى مۇسۇلمانلار دىنسىز ئارمىيىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۇشىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس جايىغا قىلىنغان ھاقارەت دەپ ئەيىبلەيدۇ⑨. يېغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئومۇميۈزلۈك قاراش شۇكى: سادامنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى خاتا، غەربنىڭ ئارىلىشىۋېلىشى تېخىمۇ خاتا، شۇڭا سادام بىلەن غەربنىڭ ئۇرۇش قىلىشى توغرا، بىزنىڭ سادامنى قوللىشىمىزمۇ توغرا.

سادام ھۈسەيىن باشقا ئۇزۇك سەپ ئۇرۇشىنىڭ ئاساسلىق قاتناشقۇچىلىرىغا ئوخشاش دىنىدىن خالىي ھاكىمىيەت بىلەن ئەڭ كەڭ چاقىرىق كۈچىگە ئىگە ئىشنى بىرلەشتۈرىدۇ، ئۇ دەل ئىسلامدۇر. ئىسلام دۇنياسى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان U شەكىللىك جايلىشىشنى نەزەردە تۇتقاندا، سادامنىڭ باشقا ھەقىقىي تاللىشى

يوق. مىسىرلىق بىر تەھلىلچى مۇنداق كۆرسەتكەن: ئىسلام ئەرەب مىللەتچىلىرى ۋە ئىپتىقسىز ئۈچىنچى دۇنيانىڭ غەربكە قارشى تۇرۇشى ئوتتۇرىسىدىكى تاللاش بولۇپ، ئۆزىنىڭ «ئىسلام قوللىغۇچى كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قىلىشتىكى سىياسىي ئىدېئولوگىيىلىك قىممىتىنى ئىسپاتلىدى»⑩. سەئۇدى ئەرەبىستان گەرچە ئەمەلىيەت ۋە تۇزۇم جەھەتتە ئىران ۋە سۇداندىن باشقا بارلىق ئىسلام ئەللىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇسۇلمانلاشقان، پۈتكۈل دۇنيادىكى ئىسلام گۇرۇھلىرىنى ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن تەمىنلەيدىغان بولسىمۇ، ئىراق ھېچقانداق بىر دۆلەتتىكى ئىسلام ھەرىكىتى ئۇنىڭ غەرب بىلەن بىرلىشىپ ئىراققا قارشى تۇرۇشىنى قوللىمىدى، شۇنداقلا ئۇلارمۇ ئەمەلىيەتتە غەربنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى تۇراتتى.

مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۇرۇش ناھايىتى تېزلا مەدەنىيەتلەر ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ كەتتى، چۈنكى ئىسلامنىڭ تاجاۋۇز قىلىنغىلى بولمايدىغان مۇقەددەسلىكى تەھدىتكە ئۇچرىغانىدى. مىسىر، سۈرىيە، ئىئوردانىيە، پاكىستان، مالايسىيا، ئافغانىستان، سۇداندىن تارتىپ باشقا جايلاردىكى ئىسلام ئەسلىيەتچى گۇرۇھلىرىغىچە، ھەممىسى بۇ ئۇرۇشنى «ئەھلىسەلىپلەر ۋە يەھۇدىيلار» نىڭ بىرلىشىپ «ئىسلام ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى»گە قارشى قوزغىغان ئۇرۇش دەپ ئەيىبلىدى، ھەم ئۇلار «ئىراق خەلقى ئۇچرىغان ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تاجاۋۇزچىلىق» ئالدىدا يەنىلا ئىراقنى قوللايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1980- يىلى كۈزدە مەككىدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان سەفا خاۋەرى سەئۇدى ئەرەبىستاندا كەڭ تارقالغان بىر ئۈنئالغۇ لىنتىسىدا بۇ ئۇرۇشنى: «دۇنيانىڭ ئىراققا ئەمەس، غەربنىڭ ئىسلامغا قارشى تۇرغان ئۇرۇشى» دېدى. ئىئوردانىيە پادىشاھى ھۈسەيىنمۇ ئوخشاشلا تەكىتلەپ: «بۇ ئىراققىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئەرەبلەر ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان ئۇرۇش» دېدى. ئۇنىڭدىن باشقا فاتىمە مۇنىس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بۇش زۇڭتۇڭنىڭ ھەمىشە

ئامېرىكىنىڭ نامى بىلەن خۇداغا تىلاۋەت قىلىشى، ئەرەبلەرنىڭ «بۇ بىر مەيدان دىنىي ئۇرۇش» دېگەن قارىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. چۈنكى، بۇش زۇڭتۇڭنىڭ گېپىدىن ھەمىشە «ئۇلارنىڭ قوشۇنىنىڭ7- ئەسىردىكى ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى چارۋىچى قەبىلىنىڭ پايدا-مەنپەئەتىنىلا كۆزلەيدىغان ياللانما قوشۇنى ئىكەنلىكى ۋە كېيىنكى خرىستىئان ئەھلىسەلىپلىرىنىڭ سىپىق يۇرىقى» چىقىپ تۇراتتى. ئەرەبلەر بۇ ئۇرۇش غەرب ۋە يەھۇدىيلارنىڭ قەستى بىلەن پىلانلانغان ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىدۇر، شۇڭا، جىھاد ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىش توغرا ھەم زۆرۈر دېيىشتى⑪.

مۇسۇلمانلار بۇ ئۇرۇشنى غەربنىڭ ئىسلامغا قارشى ئۇرۇشى دەپ قارىغاچقا، مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت ئاجىزلىدى ۋە پەسەيدى. مۇسۇلمانلار ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان پەرق بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەسلىدىكى پەرقنىڭ مۇھىملىقى ئاجىزلىدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە ھەر قايسى ئىسلام ئەللىرى ھۆكۈمىتى ۋە گۇرۇھلىرى ئۆزلۈكسىز ھالدا غەربتىن يىراقلاشتى. ئەسلىدىكى ئافغانىستان ئۇرۇشىغا ئوخشاش، پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ئۆتمۈشتىكى ھەمىشە زىددىيەتلىشىپ ياشايدىغان مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈردى. بۇ: ئەرەبلەر ئىچىدىكى دىندىن خالىيچىلار (ئەلمانىيچىلار)، مىللەتچىلەر ۋە دىنىي ئەسلىيەتچىلەر؛ ئىئوردانىيە ھۆكۈمىتى ۋە پەلەستىنلىكلەر؛ پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ۋە خاماس ھەرىكىتى؛ ئىران ۋە ئىراق؛ ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئەكسىيەتچى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خۇددى سەفا خاۋەرى ئېيتقاندەك، «ئىراقنىڭ گۈللىنىش پارتىيىسىدىكىلەر پەقەت بىزنىڭ بىر نەچچە سائەتلىكلا دۈشمىنىمىز، ئەمما رىم قىيامەتكىچە بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر»⑫. ئۇرۇش يەنە ئىران بىلەن ئىراقنى ئۆز ئارا مۇرەسسەلەشتۈردى. ئىراندىكى شىئە مەزھىپى دىنىنىڭ داھىيسى غەربنىڭ

ئارىلىشىشىنى ئەيىبلەپ، غەربكە قارشى جىھاد قىلىشقا چاقىرىق قىلدى. ئىران ھۆكۈمىتى ئىراقتىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى دۈشمىنىگە قارشى تەدبىرلەرنى ئازايتتى، ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىككى ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەدرىجىي ياخشىلاندى.

تاشقى دۈشمەن ئوخشاشلا دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توقۇنۇشنى پەسەيتتى. مەسىلەن، 1991-يىلىدىكى بىر دوكلاتتا، پاكىستان «غەربكە قارشى پىكىر ئىچىگە غەرق بولغان بولۇپ، ۋاقىتلىق ئىتتىپاقلاشقاندى» دېيىلگەن. «پاكىستان ئەزەلدىن بۇنداق ئىتتىپاق بولۇپ باقمىغان، جەنۇبىتىكى يەرلىكلەر ۋە ھىندىستان كۆچمەنلىرى ئالدىنقى بەش يىلدا ئىزچىل ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشىپ كەلگەن. ئەمما ھازىر مۇرىنى-مۇرىگە تىرەپ ئامېرىكىغا قارشى نامايىش قىلىۋاتىدۇ. غەربىي شىمالي چېگراسىدىكى ئىنتايىن مۇتەئەسسىپ قەبىلە رايونىدىكى جومە كۈنىدىن باشقا چاغدا بىر يەرگە توپلاشمايدىغان يەرلىكلەردىن مانا ئەمدى ھەتتا ئاياللارمۇ كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىۋاتىدۇ[13].

ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بار ھۆكۈمەتلەرمۇ ئۆزىنى تارتتى، بۆلۈندى ياكى كۈچىنىڭ بارىچە ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھاپىز ئاسادقا ئوخشاش ئىلگىرى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنى قوشۇن بىلەن تەمىنلىگەن رەھبەرلەر ھازىر ئەكسىچە بۇ قوشۇننى چەكلەش ھەم ئاخىرقى ھېساباتتا غەربنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەش زۆرۈر، بۇ قوشۇنىمىز ھەر قانداق ئەھۋالدا پەقەت مۇداپىئەدە تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولۇشى ۋە مەككىنى قوغداشقا ئىشلىتىلىشى كېرەك دەپ قاراۋاتىدۇ. تۈركىيە ۋە پاكىستاننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلىرى ئاشكارا ھالدا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشىنى

ئەيىبلىدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئۇچۇن ئارمىيە ئەۋەتكەن مىسىر ۋە سۈرىيە ھۆكۈمىتى، ئۆز جەمئىيىتىنى ئۇنۇملۇك كونترول قىلىپ، شۇ ئارقىلىق غەربكە قارشى تورۇشنى بېسىقتۇردى ياكى چەكلىدى. بىر قەدەر ئېچىۋېتىلگەن ئىسلام ئەللىرى ھۆكۈمىتى غەربتىن يىراقلىششقا يېتەكلىنىپ، بارغانسېرى غەربكە قارشى تورۇش مەيدانىنى ئىپادىلىمەكتە. مەغرىبتىكى «ئىراقنى قوللاشنىڭ پارتىلىشى»، «بۇ ئورۇشتىكى ئەڭ تاسادىپىي نەتىجىلەرنىڭ بىرى بولدى». تۇنىس جامائەتچىلىكى غەربكە قارشى تورۇشنى كۈچلۈك غۇلغۇلا قىلدى، زوڭتۇك بىننى ئىلىي ناھايىتى تېزلا غەربنىڭ ئارىلىششىنى ئەيىبلىدى. مەراكەش ھۆكۈمىتى دەسلەپ ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە 1500 ئەسكەر ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق غەربكە قارشى تورۇش گورۇھى سەپەرۋەر قىلغاندىن كېيىن، ئىراقنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ غەربكە ھۇجۇم قىلدى. ئالجىرىيىدە 400 مىڭ ئادەم نامايىش ئۆتكۈزۈپ ئىراقنى قوللىدى، غەربكە مايىل زوڭتۇڭمۇ غەربنى ئەيىبلىدى ھەم: «ئالجىرىيە ئىراقتىن ئىبارەت قېرىنداشلىرى تەرەپتە تۇرىدۇ» [14] دەپ جاكارلىدى. 1990- يىلى 8- ئايدا مەغرىبتىكى ئۇچ دۆلەت ھۆكۈمىتى ئەرەب ئىتتىپاقىدا ئىراقنى ئەيىبلەپ ئاۋاز بەرگەنىدى، ئەمما شۇ يىلى كۈزدە، خەلقنىڭ كۈچلۈك قىزغىنلىقىغا ماسلىشىش ئۇچۇن، ئامېرىكىنىڭ ئارىلىششىنى ئەيىبلەپ ئاۋاز بەرگەنىدى.

غەربنىڭ ھەربىي تىرىشچانلىقىمۇ مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ بولمىغان غەيرىي غەرب مەدەنىيىتى خەلقلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. 1991- يىلى 1- ئايدىكى خەلق رايىنى سىناشتا %53 ياپونىيىلىك بۇ ئورۇشقا قارشى تۇردى %25 ئادەم قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھىندىستاندا سادام ھۈسەيىن ۋە جورجى بۇشنىڭ ئورۇش قوزغىشىنى ئەيىبلەيدىغانلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەڭ يېرىمىنى ئىگىلىدى. «ھىندىستان ۋاقىت گېزىتى» ئاگاھلاندۇرۇپ، بۇ ئورۇش بەلكىم «كۈچلۈك، ھاكاۋۇر يەھۇدىي دىنى-خرىستىئان دىنى دۇنياسى ۋە ئاجىز ئىسلام دۇنياسى ئوتتۇرىسىدا دىنىي ئەسەبىيلىك كەلتۈرۈپ

چىقارغان تېخىمۇ كەڭ توقۇنۇش» سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن دېدى. شۇڭا، ئىراق ۋە كۇۋەيت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتىن باشلانغان پارس قولتۇقى ئۇرۇشى، ئىراق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى، كېيىن ئىسلام بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇرغۇنلىغان غەربلىك بولمىغان كىشىلەر بۇ ئۇرۇشنى شەرقنىڭ غەربكە قارشى ئۇرۇشى «بىر مەيدان ئاقلار ئۇرۇشى، كونىچە جاھانگىرلىكنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشى»⑮ دەپ قارىدى.

كۇۋەيتلىكلەردىن باشقا مۇسۇلمانلار بۇ ئۇرۇشقا قىزغىن پوزىتسىيە تۇتمىدى، شۇنداقلا بىردەك غەربنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى تۇردى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا، لوندون ۋە نيويوركتا غەلىبىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، ئەمما باشقا جايلاردا بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلمىدى. سۇھەير ھاشىم: «ئەرەبلەرگە نىسبەتەن، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشى تەبرىكلەشكە ئەرزىمەيدۇ» دېدى. ئەكسىچە ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك ئۈمىدسىزلىك، ھاقارەت ۋە غەزەپ بىلەن تولدى. غەرب يەنە بىر قېتىم غەلىبە قىلدى. ئەرەبلەرنىڭ ئۈمىدىنى ئۇرلاندۇرغان سالاھىدىنغا ئوخشاش ئەڭ ئاخىرقى قەھرىمان، ئىسلام جەمئىيىتىگە قوراللىق باستۇرۇپ كىرگەن كۈچلۈك غەربنىڭ كۈچى ئالدىدا بىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. فاتىمە مونىس مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەبلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىدىنمۇ يامان ئىش بارمۇ؟ پۈتۈنلەي تېخنىكا بىلەن قوراللانغان پۈتكۈل غەرب بىزگە بومبا تاشلىدى. بۇ ئۈچىغا چىققان تېررورلۇقتۇر»⑯.

ئۇرۇشتىن كېيىن، كۇۋەيتتىن باشقا ئەرەب ئەللىرى جامائەتچىلىكى ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقىدىكى ھەربىي مەۋجۇتلۇقىدىن بارغانسېرى رازى بولمىدى. كۇۋەيتنىڭ ئازاد بولۇشى سادام ھۈسەيىنگە قارشى بارلىق سەۋەبلەرنى يوق قىلدى، شۇنداقلا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ پارس قولتۇقىدا يەنە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇش جەھەتتىكى باھانىسىنى يوق قىلدى. شۇڭا، ھەتتا مىسىردىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر دۆلەتتىمۇ، جامائەتچىلىك بارغانسېرى ئىراققا

ھېسداشلىق قىلىشقا باشلىدى. ئىتتىپاقتا قاتناشقان ئەرەب ئەللىرى ھۆكۈمەتلىرىمۇ مەيداننىنى ئۆزگەرتتى[17]. 1992- يىلى 8- ئايدا، مىسىر ۋە سۈرىيىمۇ باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش ئىراقنىڭ جەنۇبىدا ئۇچۇش چەكلەنگەن رايون قۇرۇشقا قارشى تۇردى. 1993- يىلى 1- ئايدا ئەرەب دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتى ۋە تۈركىيە ئىراققا ھاۋا ھۇجۇمى قىلىشقا قارشى تۇردى. غەربنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى سۈننىي مەزھەپتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ شىئە مەزھىپى ۋە كۇردلارغا قىلغان ھۇجۇمىغا قايتۇرما زەربە بەرسە بولىدىكەنۇ، ئۇلار نېمىشقا پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى سېربلارنىڭ بوسنىيىدىكى مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا قايتۇرما زەربە بەرسە بولمايدىكەن؟ 1993- يىلى 6- ئايدا كلىنتون زۇڭتۇڭ ئىراقلىقلارنىڭ سابىق زۇڭتۇڭ بۇشنى يوشۇرۇن قەستلەشكە ئۇرۇنغانلىقىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، باغداتنى بومباردىمان قىلىشقا بۇيرۇق قىلغاندا، خەلقئارانىڭ بۇنىڭغا قارىتا ئىنكاسى مەدەنىيەت لىنىيىسى بويىچە بۆلۈندى. ئىسرائىلىيە ۋە غەربىي ياۋروپا ئەللىرى بومباردىمان قىلىشنى قىزغىن قوللىدى، روسىيە بۇنى «توغرا بولغان» ئۆز-ئۆزىنى قوغداش دەپ قارىدى، جۇڭگو «يېقىنىدىن دىققەت قىلىدىغان»لىقىنى بىلدۈردى، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە پارس قولتۇقىدىكى خەلىپىلىك دۆلەتلەر ئىپادە بىلدۈرمىدى، باشقا مۇسۇلمان ئەللىرى ھۆكۈمىتىدىن مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەر ئۇنى غەربنىڭ قوش ئۆلچىمىنىڭ يەنە بىر دەلىلى دەپ ئەيىبلىدى. ئىراننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ئامېرىكىنىڭ «يېڭى كېڭەيمىچىلىك ۋە مەنپەئەتپەرەسلىك» يۈنىلىشىدىكى «ئاشكارا تاجاۋۇزچىلىقى» بولۇپ ھېسابلاندى[18]. نېمە ئۈچۈن ئامېرىكا ۋە خەلقئارا جەمئىيەت (يەنى غەرب) ئىسرائىلىيىنىڭ زوراۋانلىقى ۋە ئۇنىڭ ب د ت نىڭ قارارلىرىغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىغا ئوخشاش ئىنكاس قايتۇرمايدۇ؟ دېگەن بۇ سوئال تەكرار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

پارس قولتۇقى ئۇرۇشى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر مەيدان بايلىق

تالىشىش ئۇرۇشى بولدى. بۇ يەردىكى ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ نېفىت زاپىسىنى، غەربنىڭ ھەربىي كۈچى ئارقىلىق ئۆز بىخەتەرلىكىنى قوغداۋاتقان سەئۇدى ھۆكۈمىتى ۋە خەلىپىلىك ئەللەر ھۆكۈمىتى كونترول قىلىشى كېرەكمۇ ياكى ھەم نېفىتتىن ئىبارەت مۇشۇ قورالدىن پايدىلىنىپ مۇستەقىل غەربكە قارشى ئىقتىدارلىق ھاكىمىيەتلەر كونترول قىلىشى كېرەكمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت. غەرب سادام ھۇسەيىننى ئاغدۇرۇۋېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما پارس قولتۇقىدىكى ئەللەرنىڭ بىخەتەرلىك جەھەتتە غەربكە تايىنىشىدەك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى ھەم تىنچلىق مەزگىلىدىكى پارس قولتۇقىدىكى ھەربىي مەۋجۇتلۇقىنى بارغانسېرى كېڭەيتىۋەتتى. ئۇرۇشتىن بۇرۇن، ئىران، ئىراق، پارس قولتۇقى ھەمكارلىق كومىتېتى ۋە ئامېرىكا پارس قولتۇقى رايونىدىكى تەسىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن رىقابەتلەشكەنىدى، ئۇرۇشتىن كېيىن، پارس قولتۇقى ئامېرىكىنىڭ ئىچكى دېڭىزىغا ئايلاندى.

## ئۆزۈك سەپ ئۇرۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئۇلۇس، قەبىلە، ئېرق، دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ ھەر قايسى دەۋر ۋە مەدەنىيەتلەردە يۈز بېرىشىدىكى سەۋەب، بۇلارنىڭ خەلقلەرنىڭ سالاھىيىتىدە يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىندۇر. بۇ توقۇنۇشلار ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، گەرچە ئۇلارنىڭ تاشقى گۇرۇھلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك غەمخورلۇقىنى قوزغىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئۇلار ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلارنىڭ بىۋاستە مەنپەئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تېخىمۇ كەڭ ئىدېئولوگىيە ۋە سىياسىي مەسىلىگە چېتىشلىق بولمايدۇ. سالاھىيەتنىڭ تۈپكى مەسىلىلىرى تەھدىتكە ئۇچرىغاندا، بۇ خىل توقۇنۇشلار ھەمىشە كەسكىن قانلىق توقۇنۇشلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ توقۇنۇشلار گەرچە ئۇرۇش توختىتىش

كېلىشىمى ياكى شەرتنامىسى بىلەن ۋاقىتلىق توختىمىسىمۇ، لېكىن شەرتنامىگە خىلاپلىق قىلىش تۇيەيلى يەنە قايتا قوزغىلىدۇ ھەم ئۇزۇن مەزگىلگىچە داۋاملىشىدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن، سالاھىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن پارتلىغان ئىچكى ئورۇشلاردا، ئەگەر بىر تەرەپ ھەل قىلغۇچ ھەربىي غەلىبىنى قولغا كەلتۈرسە، ئىرقىي يوقىتىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى كۆچىيىدۇ[19].

ئۇزۇن سەپ توقۇنۇشى ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتكە تەۋە دۆلەت ياكى گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ توقۇنۇشىدۇر. ئۇزۇن سەپ ئورۇشى زوراۋانلىق توقۇنۇشىغا تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ خىل ئورۇش بەلكىم دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا، ھۆكۈمەتسىز گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا، شۇنداقلا دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتسىز گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن. دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇزۇن سەپ توقۇنۇشى بەلكىم ئالاھىدە رايونلاردىكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە گۇرۇھلارغا چېتىلىشى مۇمكىن، بۇ خىل ئەھۋالدا، ھۆكۈمەت كونترول قىلمايدىغان گۇرۇھلار دائىم مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئورۇش قىلىدۇ، ئۇلار بەلكىم مۇستەقىللىقتىن تۆۋەن تۇرىدىغان شەرتنى قوبۇل قىلىشنى خالىشىمۇ-خالىماسلىقىمۇ مۇمكىن. دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇزۇن سەپ توقۇنۇشىمۇ بەلكىم ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى گۇرۇھلارغا چېتىلىشى مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋالدا، خۇددى ھىندىستاندىكى بۇددا مۇخلىسلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى، مالايسىيادىكى مۇسۇلمانلار بىلەن جۇڭگولۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەھۋاللارغا ئوخشاش ئىرقچىل جىددىي تۇرىدىغان مۇناسىۋەت پات-پات توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ ياكى بۇ تەرەققىي قىلىپ ئومۇميۈزلۈك ئورۇشقا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن، بولۇپمۇ يېڭى دۆلەت قۇرۇلغاندا ۋە ئۇنىڭ چېگراسىنى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇ خىل ئورۇش بەلكىم قورال كۈچى ئىشلىتىپ خەلقنى رەھىمسىزلىك بىلەن پارچىلىۋېتىشى مۇمكىن.

ئۆزۆك سەپ ئۇرۇشى بەزىدە خەلقنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا زېمىننى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشتۇر. ئاز دېگەندىمۇ ئۇرۇشقا قاتناشقۇچى بىر تەرەپنىڭ مەقسىتى زېمىننى بويسۇندۇرۇش، باشقا مىللەتلەرنى قوغلاش ياكى قىرغىن قىلىش ۋە ياكى ئىككىلا خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ «ئىرق تازىلاش» ئارقىلىق شۇ زېمىندىكى باشقا مىللەتلەرنى تازىلاش ئۈچۈندۇر. بۇ خىل توقۇنۇش زوراۋانلىق ۋە قەبىھلىك بىلەن تولىدۇ، ئىككىلا تەرەپ قىرغىن قىلىش، تېررورلۇق، باسقۇنچىلىق ۋە قىيناپ جازالاشقا قاتنىشىدۇ. تالاشقان مۇھىم رايون ھەمىشە بىر ياكى ئىككىلا تەرەپنىڭ تارىخىي ۋە مىللىي سالاھىيىتىنىڭ سىمۋولى، غەربىي قىرغاق، كەشمىر، ناگورنو-قاراباغ، درىنا دەريا ساھىلى ۋە كوسوۋوغا ئوخشاش تاجاۋۇز قىلسا بولمايدىغان مۇقەددەس جايلاردۇر.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۆزۆك سەپ ئۇرۇشى ئادەتتىكى ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئۇرۇشىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى ئەمەس، بەلكى قىسمەن ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۇلار ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان توقۇنۇشتۇر. ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەندە، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارغا سېلىشتۇرغاندا ۋاقتى تەخمىنەن ئالتە ھەسسە ئۇزۇن بولىدۇ. ئەگەر بۇ توقۇنۇش گۇرۇھلارنىڭ سالاھىيىتى ۋە ھوقۇقىدىن ئىبارەت تۈپكى مەسىلە بىلەن ئالاقىدار بولسا، ئۇنى سۆھبەت ۋە كېلىشىم ئارقىلىق ھەل قىلىش تەس. ھاسىل قىلغان كېلىشىمنى ھەر قايسى تەرەپلەردىكى بارلىق گۇرۇھلار ئورتاق ئېتىراپ قىلمايدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئۇزۇنغا سوزۇلمايدۇ. ئۆزۆك سەپ ئۇرۇشى پات-پات يۈز بېرىپ پەسىيىپ تۇرىدىغان بىر خىل ئۇرۇش بولۇپ، ئۇلار كەڭ كۆلەملىك زوراۋانلىق توقۇنۇشقا ئايلىنىشى، ئارقىدىن يەنە تۆۋەن دەرىجىدىكى ئۇرۇشقا ئاجىزلىنىشى ياكى دۈشمەنلىكنى باسىدىغان ئىشقا ئايلىنىشى، ئارقىدىن يەنە پارتلىشى مۇمكىن. قارىمۇقارشى سالاھىيەت ۋە ئۆچمەنلىك ئوتى، ئىرق-مىللەت تۈپتىن

يوقىتىلمىغۇچە پۈتتۈنلەي يوقالمايدۇ. ئۇزۇلۇك سەپ ئۇرۇشى ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان بولغاچقا، باشقا ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئۇرۇشىغا ئوخشاش، دائىم زور كۆلەملىك ئۆلۈش-يارىلىنىش، كۆچمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئىككى سانغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك، 90- يىللارنىڭ بېشىدىكى ئۇزۇلۇك سەپ ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ سانى تۆۋەندىكىدەك؛ فىلىپپىندا 50 مىڭ، سىرىلانكىدا 50 مىڭدىن 100 مىڭغىچە، كەشمىردە 20 مىڭ، سۇداندا 500 مىڭدىن 1 مىليون 500 مىڭغىچە، تاجىكىستاندا 100 مىڭ، كرودىيىدە 50 مىڭ، بوسىنىيىدە 50 مىڭدىن 20 مىڭغىچە، چېچېنىيىدە 30 مىڭدىن 50 مىڭغىچە، شىزاڭدا 100 مىڭ، شەرقىي تىموردا 200 مىڭ[20]. بۇ توقۇنۇشلار ئەمەلىيەتتە يەنە تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆچمەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

هازىرقى زاماندىكى بۇ ئۇرۇشلارنىڭ زور كۆپ قىسمى تارىختىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق توقۇنۇشنىڭ ئەڭ يېڭى تەكرارلىنىشىدۇر. 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى زوراۋانلىق توقۇنۇشنى بىر تىرىشچانلىق كۆرسىتىپلا مەڭگۈلۈك ھەل قىلىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، 1956- يىلى سۇداندا پارتلىغان ئۇرۇش تاكى 1972- يىلغىچە داۋاملاشتى. گەرچە ئەينى يىلى سۇداننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا بىر قىسىم ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى بېرىش كېلىشىمى ھاسىل قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق 1983- يىلى ئۇرۇش يەنە قايتىدىن پارتلىدى. سىرىلانكىدىكى تامىل توپىلىڭى 1983- يىلى باشلانغان، توپىلاڭنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان تىنچلىق سۆھبىتى 1991- يىلى ئۈزۈلۈپ قالغان، 1994- يىلى يەنە بىر قېتىم سۆھبەت ئېلىپ بېرىلغان. 1995- يىلى 1- ئايدا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالانغان. ئەمما، تۆت ئايدىن كېيىن، تامىل يولۋاس تەشكىلاتى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تىنچلىق سۆھبىتىدىن چېكىنىپ چىقتى، ئارقىدىنلا تېخىمۇ كەسكىن ئۇرۇش باشلاندى، فىلىپپىندىكى مورولارنىڭ قوزغىلىڭى 70- يىللارنىڭ

بېشىدا باشلانغان، 1976- يىلى مىرەنلونىڭ بەزى رايونلىرىغا ئاپتونومىيە هوقۇقى بېرىش كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن پەسىيىشكە باشلىغان. بىراق، 1993- يىلغا كەلگەندە، ئوخشاشمىغان سىياسىي كۆز قاراشقا ئىگە ئەكسىيەتچى گۇرۇھلار تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش تىرىشچانلىقىنى چەكلىگەچكە، زوراۋانلىق توقۇنۇشى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇردى، كۆلىمىمۇ كۈنسېرى كېڭەيدى. روسىيە بىلەن چېچىنىيە رەھبەرلىرى 1995- يىلى 7- ئايدا ئارمىيىسىنى چېكىندۈرۈش كېلىشىمى ئىمزالىغاندى، بۇ كېلىشىم 1994- يىلى 12- ئايدا باشلانغان زوراۋانلىق توقۇنۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. بۇ ئۇرۇش بىر مەزگىل تىنچىغان بولسىمۇ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي قايتىدىن پارتلىغان. چېچىنىيىلىكلەر رۇسلار ياكى روسىيىگە يېقىن رەھبەرلەرگە هۇجۇم قىلدى. رۇسلار بۇنىڭدىن قىساس ئالدى، چېچەنلەر 1996- يىلى 1- ئايدا داغىستانغا تاجاۋۇز قىلدى، 1996- يىلىنىڭ بېشىدا رۇسلار قايتۇرما هۇجۇمغا ئۆتتى.

ئۆزلۈك سەپ ئۇرۇشى گەرچە باشقا ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئۇرۇشىغا ئوخشاش ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان، زوراۋانلىق دەرىجىسى يۇقىرى ۋە ئىدېئولوگىيىسى ئېنىقسىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئىككىسى تۆۋەندىكىدەك ئىككى جەھەتتە ئوخشاشمايدۇ. ئالدى بىلەن، ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئۇرۇشى مىللەت، دىن، ئىرق ياكى مەلۇم بىر تىل كوللېكتىپى ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدۇ. ئەمما، دىنىي ئېتىقاد مەدەنىيەتنى پەرقلەندۈرىدىغان ئاساسلىق ئالاھىدىلىك بولغاچقا، ئۆزلۈك سەپ ئۇرۇشى ھەمىشە ئوخشاشمىغان دىنىي ئېتىقادتىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدۇ. بىر قىسىم تەھلىلچىلار مەقسەتلىك هالدا بۇ خىل ئامىلنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشۈرۈۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار بوسنىيىدىكى سېربلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق ئىرقىي ئالاھىدىلىككە ۋە تىلغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، تارىختا ئۇلارنىڭ ئىناق ئۆتۈپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلەپ، ئۆز ئارا تويلاشقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، دىنىي ئامىلنى فرويىدنىڭ «كىچىك

پەرقلەردىكى ئۆزىنى سۆيۈش جەريانى» ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ[21]. بۇ بىر دىندىن خالىي قاراشنى ئاساس قىلغان يەكۈن. ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى دىننىڭ بىر «كىچىك پەرق» ئەمەس، بەلكى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولىدىغان ئەڭ توپىكى پەرق بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۆزلۈك سەپ ئورۇشىنىڭ قىيىن سانى، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە زوراۋانلىق دەرىجىسى دىنىي ئېتىقادنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلى زور دەرىجىدە كۈچىيىدۇ.

ئىككىنچىدىن، باشقا ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئورۇشى ھەمىشە مۇئەييەن بىر خىل ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغاچقا، نىسپىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ كېڭىيىپ كەتمەيدۇ ياكى بۇ خىل ئورۇشقا ئارىلىشىدىغانلار كۆپ بولمايدۇ. تەبىرگە ئاساسلانغاندا ئۆزلۈك سەپ ئورۇشى، تېخىمۇ چوڭ ھەزارەت گەۋدىسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلانغان گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇشتۇر. ئادەتتىكى ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتا، A گۇرۇھ بىلەن B گۇرۇھ ئورۇشسا، C، D ۋە E گۇرۇھلار، A گۇرۇھ ياكى B گۇرۇھ ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە تەھدىت شەكىللەندۈرمىسە، ئۇ ئورۇشقا قاتناشمايدۇ. بىراق، ئۆزلۈك سەپ ئورۇشىدا، A گۇرۇھ بىلەن B گۇرۇھ ئورۇشۇپ، ئىككىلىسى ئورۇشنى كېڭەيتمەكچى بولسا، ئۆز مەدەنىيىتىدىكى گۇرۇھلاردىن $A_2$، $A_3$، $A_4$ ۋە $B_2$، $B_3$، $B_4$ لەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنى قوللايدۇ. شۇنداقلا ئۇ گۇرۇھلار ئۆزلىرى ياردەم بېرىپ ئورۇش قىلىۋاتقان قېرىنداش گۇرۇھلارنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ھازىرقى دۇنيادىكى قاتناش-ترانسپورت ۋە ئالاقە تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن قولايلىق ياراتتى. شۇڭا، ئۆزلۈك سەپ توقۇنۇشى «خەلقئارالىشىپ» كەتتى. كۆچمەنلەر ئۈچىنچى مەدەنىيەت رايونىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون قۇردى. ئالاقە تېخنىكىسى قارشىلىشىۋاتقان ھەر قايسى تەرەپلەرنى تېخىمۇ ئاسان ياردەمگە ئېرىشىش ھەم قېرىنداش گۇرۇھلارنى تېزلىك

بىلەن ئۆلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېگىلەش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. دۇنيا ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ كىچىكلىشى قېرىنداش گۇرۇھلارنى توقۇنۇشىدىغان ھەر قايسى تەرەپلەرنى ئادالەت، دىپلوماتىيە، مالىيە ۋە ماددىي ياردەم بىلەن تەمىنلەيدىغان قىلدى. گىلنۇر ئېيتقان «قېرىنداش ئەللەر يىغىندى كېسەللىكى (سىندروما)»، 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك سەپ ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر[22]. تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك بولۇۋاتقىنى، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتتىكى خەلقلەرنىڭ كىچىك كۆلەملىك توقۇنۇشى، مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توقۇنۇش پەيدا قىلالمايدىغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. 1995- يىلى ئىككىنچى ئايدا، كاراچىدىكى بىر مەسچىتتە ناماز ئوقۇۋاتقان 18 نەپەر كىشىنى سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر ئېتىۋەتكەن، بۇ ۋەقە كاراچىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ، پاكىستانغا ئېش تېپىپ بەرگەن. دەل بىر يىل بۇرۇن بىر يەھۇدىي ھېبرون مەسچىتىدە ناماز ئوقۇۋاتقان 29 مۇسۇلماننى ئېتىۋەتكەن، نەتىجىدە ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقى بۇزۇلۇپ، دۇنيادا يەنە مەسىلە كېلىپ چىققان.

## قانلىق ئىسلام چېگراسى

ئىجتىمائىي گۇرۇھلار توقۇنۇشى ۋە ئۈزۈك سەپ ئۇرۇشى ئەزەلدىن تارىخنىڭ مەزمۇنى. بىر تولۇق ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە تەخمىنەن 32 قېتىم ئىرقىي توقۇنۇش يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ ئەرەبلەر بىلەن ئىسرائىلىيە، ھىندىستان بىلەن پاكىستان، سۇداندىكى مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار، سىرىلانكىدىكى بۇددىستلار بىلەن تامىللار، لىۋىيىدىكى شىئە مەزھىپى بىلەن مارۇن مەھىپى ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈك سەپ ئۇرۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 40-، 50-يىللاردىكى ئىچكى ئۇرۇشلارنىڭ تەخمىنەن يېرىمى سالاھىيەت

ئۇرۇشى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىچكى ئۇرۇشلارنىڭ 3/4 ى سالاھىيەت ئۇرۇشى، 50-يىللارنىڭ بېشى 80-يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئىرقىي گۇرۇھلارغا چېتىلىدىغان قارشىلىق ئۈچ ھەسسە ئاشقان.ئەمما ، ئايرىم ئوچۇق-ئاشكارا مىساللاردىن باشقا، دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەر قارشىلىقى ھەممە يەردە مەۋجۇت بولغاچقا ، بۇ خىل توقۇنۇشلار ئانچە دىققەت قوزغىمىدى. شۇنداقلا كىشىلەر ئۇلارغا دائىم سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلدى.سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ توقۇنۇشى بارغانسېرى گەۋدىلىك بولدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ خىل توقۇنۇش ئىلگىرىكىدىن بارغانسېرى گەۋدىلىك بولدى. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، بۇ خىل توقۇنۇش ئىلگىرىكىدىن بارغانسېرى ئومۇملاشتى. ئىرقىي توقۇنۇشتا ئەمەلىيەتتە مەلۇم «يۇقىرى دولقۇن» بارلىققا كەلدى[23].

بۇ خىل ئىرقىي توقۇنۇش ۋە ئۇزۇلۈك سەپ ئۇرۇشى دۇنيادىكى ھەرقايسى مەدەنىيەتلەرگە ئوخشاش ھالەتتە تارقالمىغان. زور ئۇزۇلۇك سەپ ئۇرۇشى سابىق يۇگوسلاۋىيىدىكى سېربىيىلىكلەر بىلەن كرودىيىلىكلەر، سىرىلانكىدىكى بۇددا دىنىدىكىلەر بىلەن ھىندى دىنىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن. ئەمما، ئاز ساندىكى باشقا رايونلاردا غەيرىي مۇسۇلمان گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدا پەقەت زوراۋانلىق دەرىجىسى بىر قەدەر تۆۋەن توقۇنۇش يۈز بەرگەن، ئەمما زور كۆپ قىسىم ئۇزۇلۇك سەپ توقۇنۇشى مۇسۇلمانلار ۋە مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئايرىلغان رايونلارنى چۆرىدەپ، ياۋرو-ئاسىيا ۋە ئافرىقا چېگرىلىرىدا يۈز بەرگەن. گەرچە دۇنيا سىياسىيسىدىكى ماكرولۇق قاتلام ياكى ئومۇمىي يەر شارى قاتلىمىدا بولسۇن، مەدەنىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق توقۇنۇشى غەرب بىلەن غەيرىي غەرب ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن، ئەمما مىكرولۇق قاتلام ۋە رايون قاتلىمىدا بۇ خىل توقۇنۇش ئىسلام ۋە غەيرىي ئىسلام ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن.

كەسكىن قارشىلىق ۋە زوراۋانلىق توقۇنۇشى ئوخشاش بىر رايوندىكى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال. بوسنىيىدە مۇسۇلمانلار ۋە پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى سېربلار بىر مەيدان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى ئىنتايىن زور بولغان قانلىق ئۇرۇش قىلدى. يەنە كاتولىك دىنىدىكى كروتلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى، كوسوۋودا ئالبانىيىدىكى مۇسۇلمانلار سېربىيىلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قايىل بولماي، ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ كەلدى، بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىمۇ ئىنتايىن كەسكىن توقۇنۇش يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئالبانىيە ھۆكۈمىتى ۋە گرېتسىيە ھۆكۈمىتى ئۆز مىللىتىنىڭ ئىككى دۆلەتتە تۇرۇشلۇق ئاھالىسىنىڭ ھوقۇقى ئۈچۈن توختىماي ماجىرا قىلىشىۋاتىدۇ. تۈركلەر بىلەن گرېتسىيىلىكلەر تارىختىلا بىر-بىرى بىلەن چىقىشالمايتتى. سىپرۇستىكى ئۆز ئارا قوشنا مۇسۇلمان تۈركلەر بىلەن پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان گرېكلار ئىزچىل ئۆز ئارا دۈشمەنلىشىپ كەلمەكتە. كاۋكازدىكى تۈركلەر بىلەن ئەرمىنىيىلىكلەر بۇرۇندىن ئۆز ئارا دۈشمەن، ئەزەربەيجانلىقلار ۋە ئەرمىنىيىلىكلەر ناگورنو-قاراباغنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئارا ئۇرۇش قىلىدۇ. شىمالىي كاۋكازدا، 200 يىلدىن بېرى چېچەنلەر، ئىنگۇشلار ۋە باشقا مۇسۇلمانلار روسىيىلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن توختىماي ئۇرۇش قىلىپ كەلدى، رەھىمسىز ئۇرۇش 1994- يىلى رۇسلار ۋە چېچەنلەر ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر قېتىم يۈز بەردى، ئىنگۇشلار بىلەن پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئوسىتولار ئوتتۇرىسىدىمۇ يۈز بەردى. ۋولگا ئويمانلىقىدا مۇسۇلمان تاتارلار ئىلگىرى ۋە 90- يىللارنىڭ بېشىدا رۇسلار بىلەن ئۇرۇشقانىدى، ئەڭ ئاخىرى چەكلىك ئىگىلىك ھوقۇقى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىندى.

پۈتكۈل 19- ئەسىردە، رۇسلار قورال كۈچىگە تايىنىپ تەدرىجىي ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنى كونترول قىلىپ كەلگەنىدى. 80- يىللارغا كەلگەندە، ئافغانلار بىلەن رۇسلار ئۆز ئارا

ئورۇشۇپ رۇسلار چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇرۇش يەنە تاجىكىستانغا كېڭەيدى، بۇ ئۇرۇش رۇس ئارمىيىسى قوللاۋاتقان ھۆكۈمەت بىلەن مۇسۇلمان ئەسلىيەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەردى. شۇنداقلا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەردىكى ئوخشاش مىللەتلەر ۋە ئورتاق دىنىي ئېتىقادقا ئىگىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى. جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىككىنچى چوڭ قوزغىلىش پاكىستان بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا ئۈچ قېتىم ئۇرۇش يۈز بەرگەن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كەشمىردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھىندىستاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىغان نامايىش؛ ئاسام مۇسۇلمان كۆچمەنلىرى بىلەن قەبىلە مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش؛ شۇنداقلا پۈتۈن ھىندىستاننى قاپلىغان مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندى دىنى مۇرىتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قالايمىقانچىلىق ۋە زوراۋانلىق توقۇنۇشىنى ئىككى دىنىنىڭ ئىجتىمائىي گۇرۇھلىرىدىكى دىنىي ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بېنگالدا بۇددىستلار، نوپۇسىنىڭ زور كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنى كەمسىتىشكە قارشى تۇرىدۇ. بىرمىدا بولسا مۇسۇلمانلار، نوپۇسىنىڭ زور كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان بۇددىستلارنىڭ كەمسىتىشكە قارشى تۇرىدۇ. مالايسىيا ۋە ھىندونېزىيىدە مۇسۇلمانلار پات-پات جۇڭگولۇقلارغا قارشى قالايمىقانچىلىق توغدۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئىقتىسادنى كونترول قىلىۋېلىشىغا قارشى تۇرىدۇ. تايلاندنىڭ جەنۇبىدا، مۇسۇلمانلار گۇرۇھى پات-پات بۇددا دىنى ھۆكۈمىتىگە قارشى نامايىشقا قاتنىشىپ تۇرىدۇ. فىلىپپىننىڭ جەنۇبىدا، بىر قېتىم مۇسۇلمانلارنىڭ كاتولىك دىنى دۆلىتى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى، مۇستەقىللىق ئۇرۇشى يۈز بەرگەن. يەنە بىر جەھەتتىن، ھىندونېزىيىدىكى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان شەرقىي تىمورلۇقلار مۇسۇلمانلار ھۆكۈمىتىنىڭ باستۇرۇشىغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ.

ئوتتۇرا شەرقتىكى، پەلەستىن ئەرەبلىرى بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى يەھۇدىيلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشىغىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئىسرائىلىيە ۋە ئەرەب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا تۆت قېتىم ئۇرۇش يۈز بېرىپ پەلەستىنلىكلەر ئىسرائىلىيىلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. لىۋىيەدە، مارون مەزھىپىدىكى خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرى بىلەن شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار ئۇرۇشتى، نەتىجىدە ئۇرۇش مارون مەزھىپىدىكىلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئېفىئوپىيىدە، پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامخارلار تارىختىن بۇيان ئىزچىل يوسۇندا مۇسۇلمان گۇرۇھلارنى باستۇرۇپ كەلدى ھەم مۇسۇلمان ئورومولارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئافرىقىدا، شىمالدىكى ئەرەبلەر ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن جەنۇبتىكى خرىستىئان قارا تەنلىكلەر ئوتتۇرىسىدا ھەر خىل توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. سۇداندا، مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق ئۇرۇش يۈز بېرىپ، بۇ ئۇرۇش نەچچە ئون يىلغا سوزۇلۇپ نەچچە 10 مىڭ ئادەم ئۇرۇشتا ئۆلدى. نىگېرىيىدە شىمالدىكى مۇسۇلمان فۇلان-خوسلار بىلەن جەنۇبتىكى خرىستىئان دىنى قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغاچقا، زوراۋانلىق ۋە ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ، بىر مەيدان چوڭ ئۇرۇش پارتلىدى. چاد، كېنىيە، تانزانىيىدە مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئان دىنى گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن.

مۇشۇ رايونلارنىڭ ھەممىسىدە، مۇسۇلمانلار ۋە باشقا مەدەنىيەتكە مەنسۇپ كىشىلەر، يەنى كاتولىك دىنى، پروتېستانت دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى، ھىندى دىنى مۇرىتلىرى، جۇڭگولۇقلار، بۇددا دىنى مۇرىتلىرى ۋە يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قارىمۇقارشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ زور كۆپ قىسمى تارىختا ئۆز ئارا توقۇنۇشۇپ قالغان، ناھايىتى كۆپ قىسمى 90-يىللاردىمۇ يەنىلا توقۇنۇش ئىچىدە تۇرماقتا. ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ

ئەتراپىغا قارىغاندا، مۇسۇلمانلار ھەمىشە ئۆز قوشنىلىرى بىلەن تىنچ ياشىيالمىغان. شۇڭا، كىشىلەردە تەبىئىي ھالدا، 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان بولمىغان گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل توقۇنۇش ئەندىزىسى، باشقا مەدەنىيەت گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ مەۋجۇت بولامدۇ، يوق؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. ئەمما، رېئاللىق ئۇنداق ئەمەس. مۇسۇلمانلار دۇنيا ئاھالىسىنىڭ 1/5نى تەشكىل قىلىدۇ، بىراق 90- يىللاردا، ئۇلار باشقا ھەر قانداق مەدەنىيەتكە مەنسۇپ كىشىلەرگە قارىغاندا گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا تېخىمۇ كۆپ قاتناشتى. بۇ جەھەتتىكى مىساللار ئاز ئەمەس.

1. تايد روبېرت گىرنىڭ ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، 1993-، 1994- يىللىرى مۇسۇلمانلار 55 قېتىملىق ئىرقىي-سىياسىي توقۇنۇشنىڭ 26 قېتىملىقىغا (10.1- جەدۋەل) قاتناشقان. بۇ توقۇنۇشلار ئىچىدىكى 20 قېتىملىقى ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 15 قېتىملىقى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتۇر. قىسقارتىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، غەيرىي مۇسۇلمان مەدەنىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. ئىسلامنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توقۇنۇشمۇ باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توقۇنۇشتىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدۇ، بۇ توقۇنۇش ئافرىقىدىكى قەبىلىلەر توقۇنۇشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلام بىلەن روشەن سېلىشتۇرما قىلىشقا بولىدىغىنى، غەرب مەدەنىيەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توقۇنۇش ۋە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا پەقەت ئىككى قېتىملا قاتناشقان. مۇسۇلمانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك توقۇنۇشلار ھەمىشە ئىنتايىن ئېچىنىشلىق. گىرنىڭ ئانالىزىدىكى ئالتە قېتىملىق ئۇرۇشتا تەخمىنەن 200 مىڭ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەم ئۆلگەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ قېتىملىق ئۇرۇش (سۇدان، بوسنىيە،

شەرقىي تىمور) مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرىي مۇسۇلمان ئوتتۇرىسىدا، ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش (سومالى، ئىراق، كۇرد) مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا، پەقەت بىر قېتىملىقىلا (ئانگولا) مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە چېتىلىپ قالغان.

10.1- جەدۋەل ئىرقىي سىياسىي توقۇنۇش

| توقۇنۇش / مەدەنىيەتلەر | مەدەنىيەتلەر ئىچكى قىسمىدىكى توقۇنۇش | مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش | ئومۇمى سانى |
|---|---|---|---|
| ئىسلام | 11 | 15 | 26 |
| باشقىلار | 19* | 5 | 24 |
| جەمئىي سانى | 30 | 20 | 50 |

1993-، 1994- يىللىرى:

* بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ قېتىملىقى ئافرىقىدىكى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش.

ماتېرىيال مەنبەسى: تايد روبېرت گىر «خەلقنىڭ دۆلەتكە قارشى تۇرۇشى؛ ئىرقىي سىياسىي توقۇنۇش ۋە ئۆزگىرىش ئىچىدىكى دۇنيا سىستېمىسى»، «خەلقئارا تەتقىقات پەسىللىك ژۇرنىلى»نىڭ 38- سانى (1994- يىلى 9- ئاي)غا بېسىلغان. 347- 378- بەتكىچە، مەن گىرنىڭ توقۇنۇشنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلاندىم، پەقەت جۇڭگو-شىزاڭ توقۇنۇشنى ئۆزگەرتتىم. گىر بۇ توقۇنۇشنى مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش دەپ قارىماي، مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توقۇنۇشقا كىرگۈزۈپ قويغان، بىراق بۇ ئېنىقكى كۆڭزى ئېقىمىدىكى خەنزۇلار بىلەن لاما دىنىدىكى زاڭزۇ بۇددا مۇرىتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتۇر.

2. «نىيويورك ۋاقىت گېزىتى» 1993- يىلى 48 يەردە 59 قېتىم ئىرقىي توقۇنۇش يۈز بەرگەنلىكىنى، بۇنىڭ يېرىمى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ياكى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەنلىكىنى ئېنىقلىغان. بۇ 59 قېتىملىق توقۇنۇش ئىچىدىكى 31 قېتىملىق توقۇنۇش ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بولۇپ، گىرنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى بىلەن ئوخشايدىغان يېرى، بۇ مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئىچىدە 2/3 قىسمى

(21 قېتىملىقى) مۇسۇلمانلار ۋە باشقا مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتۇر. (10.2- جەدۋەلگە قاراڭ).

3. يەنە باشقا بىر تۈرلۈك ئانالىزدا، لويىس لىگ شىۋارد 1992- يىلى 29 قېتىم توقۇنۇش يۈز بەرگەنلىكىنى ئېنىقلىغان (بىر يىل ئىچىدە ئۆلگەن ئادەم سانى مىڭغا يەتكەن ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكەن توقۇنۇش ئۇرۇش دەپ قارىلىدۇ). 12 قېتىملىق مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتا، توققۇز قېتىملىقى مۇسۇلمانلار ۋە مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بولۇپ، ئوخشاشلا مۇسۇلمانلار باشقا ھەر قانداق مەدەنىيەتكە مەنسۇپ كىشىلەردىن تېخىمۇ كۆپ ئۇرۇش قىلغان㉔.

10.2- جەدۋەل ئېرقىي توقۇنۇش: 1993- يىللىرى

| توقۇنۇش / مەدەنىيەتلەر | مەدەنىيەتلەر ئىچكى قىسمىدىكى توقۇنۇش | مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش | ئومۇمىي سانى |
|---|---|---|---|
| ئىسلام | 7 | 21 | 28 |
| باشقىلار | 21* | 10 | 31 |
| ئومۇمىي سانى | 28 | 31 | 59 |

* بۇنىڭ ئىچىدىكى 10 قېتىملىقى ئافرىقىدىكى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش.

ماتېرىيال مەنبەسى: 1993- يىلى 2- ئاينىڭ 7- كۈنى «نيويورك ۋاقىت گېزىتى» 1- بەت ۋە 14- بەت.

بۇ ئوخشاشمىغان ئۈچ خىل سانلىق مەلۇماتتىن مۇنداق ئوخشاش خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ: 90- يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرىي مۇسۇلمانلار تېخىمۇ نۇرغۇن گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا قاتناشقان بولۇپ، مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ 2/3دىن 3/4 كىچە مۇسۇلمانلار ۋە مۇسۇلمان بولمىغانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ چېگراسى قانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىمۇ ئوخشاشتۇر*.

*«دىپلوماتىيە» پەسىللىك ژۇرنىلىغا بېسىلغان ماقالەم ئىچىدە «قانلىق ئىسلام چېگراسى» دېگەن بۇ گەپ ئەڭ كۆپ تەنقىدلەندى، مەن بۇ ھۆكۈمدە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش سەۋەبىنى تەكشۈرۈش

مۇسۇلمانلارنىڭ زوراۋانلىق توقۇنۇشىغا مايىل بولۇشى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەربىيلىشىش دەرىجىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. 80- يىللاردا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ قوشۇن نىسبىتى (يەنى ھەر 1000 ئادەم ئىچىدىكى ئارمىيىنىڭ ئىگىلەيدىغان نىسبىتى) ۋە ھەربىي راسخوت نىسبىتى (ھەربىي راسخوت بىر دۆلەتنىڭ بايلىق ھېسابات نىسبىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ) باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئوخشاش تۈردىن زور دەرىجىدە يۇقىرى ئىدى. خرىستىئان دىنى دۆلەتلىرىنىڭ قوشۇن نىسبىتى ۋە ھەربىي ئىشلار سېلىنمىسى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئوخشاش تۈردىن زور دەرىجىدە تۆۋەن ئىدى. ئىسلام ئەللىرىنىڭ بۇ ئىككى تۈردىكى ئوتتۇرىچە سېلىنما نىسبىتى تەخمىنەن خرىستىئان دىنى دۆلەتلىرىنىڭ ئىككى ھەسسىگە باراۋەر (10.3- جەدۋەلگە قاراڭ) كېلەتتى. جامىس پېيىن مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلار بىلەن مىلىتارىزم ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بار»㉕.

ئىسلام ئەللىرىنىڭ خەلقئارا كرىزىسلاردا زورلۇق كۈچكە مۇراجىئەت قىلىدىغان كۈچلۈك خاھىشى بار.

1928- يىلدىن 1979- يىلغىچە مۇسۇلمانلار قاتناشقان 142 قېتىملىق كرىزىس ئىچىدە، زوراۋانلىققا تايىنىپ ھەل قىلىنغىنى 76. 25 قېتىملىق كرىزىس ئىچىدە، زورلۇق كۈچ كرىزىسكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى بولغان. 51 قېتىملىق كرىزىس ئىچىدە، ئىسلام دۆلەتلىرى باشقا ۋاستىلەرنى ئىشلىتىش بىلەن بىرگە يەنە زورلۇق كۈچ ئىشلەتكەن. ئىسلام ئەللىرى زورلۇق كۈچ ئىشلىتىپ قالسا، ئىنتايىن كۈچلۈك زورلۇق كۈچ ئىشلىتىدۇ، زورلۇق كۈچ ئىشلەتكەن ئەھۋالدا 41%تى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، 38%تى زور توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىسلام ئەللىرى ئۆز ئىچىدىكى 53.5% كرىزىسقا زورلۇق كۈچى ئىشلەتكەن.

---

دوكلاتىنى ئاساس قىلغانىدىم. نۇرغۇن ماتېرىياللار بۇ ھۆكۈمنىڭ پۈتۈنلەي توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. —— ئەسلىي كىتابتىكى ئىزاھاتى.

باشقا دۆلەتلەر ئارىلاشقان كرىزىستە، ئەنگىلىيىلىكلەرنىڭ زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش نىسبىتى 11.5% ئامېرىكىنىڭ 17.9%، روسىيىنىڭ 28.5%، باشقا دۆلەتلەر ئىچىدە پەقەت جۇڭگونىڭ زورلۇق كۈچكە مايىللىقى ئىسلام ئەللىرىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. جۇڭگو ئۆزىدىكى 76.9% كرىزىستە زورلۇق كۈچ ئىشلەتكەن[26]. مۇسۇلمانلارنىڭ ئورۇشقا ۋە زوراۋانلىققا مايىللىقى 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى مەيلى مۇسۇلمانلار ياكى مۇسۇلمان بولمىغانلار ھەممىسى ئىنكار قىلالمايدۇ.

10.3- مۇسۇلمان ئەللەر بىلەن خرىستىئان دىنى ئەللىرىنىڭ ئارمىيە سېلىشتۇرمىسى

| نىسبەتلەر / مەدەنىيەتلەر | ئوتتۇرىچە ئارمىيە نىسبىتى | ئوتتۇرىچە ئارمىيە راسخوتى نىسبىتى |
|---|---|---|
| مۇسۇلمان ئەللەر (n=25) | 11·8 | 17·7 |
| باشقا ئەللەر (n=112) | 7·1 | 12·3 |
| خرىستىئان دىنى ئەللىرى(n=57) | 5·8 | 8·2 |
| باشقا ئەللەر(n=80) | 9·5 | 16·9 |

ماتېرىيال مەنبەسى: جامىس پېيىن: «دۆلەت نېمە ئۈچۈن قوراللىنىدۇ؟» (ئوكسفورد: بېشىر برۇكۋېر نەشرىيات شىركىتى 1990- يىلى) مۇسۇلمان ۋە خرىستىئان دىنى دۆلەتلىرى ئاھالىسىنىڭ 80%دىن يۇقىرىسى شۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان دۆلەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## سەۋەب: تارىخ، نوپۇس ۋە سىياسىي

20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇزۇك سەپ ئورۇشىنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ توقۇنۇشىدا ئاساسلىق رول ئوينىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەب نېمە؟ ئالدى بىلەن، بۇ ئورۇشلارنىڭ تارىخىي مەنبەسى بار. ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى پات-پات يۈز بېرىپ تۇرغان ئۇزۇك سەپ زورلۇق كۈچ توقۇنۇشى، ھېلىھەم كىشىلەرنىڭ

خاتىرىسىدە ساقلانغان بولۇپ، بۇ ئەسلىمىلەر يەنە ئىككىلا تەرەپتە قورقۇنچ ۋە خەۋپ-خەتەر تۇيغۇسىنى قوزغىغان. جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندى دىنى مۇرىتلىرى، شىمالىي كاۋكازدىكى رۇسلار بىلەن كاۋكازلار، تاشقى كاۋكازدىكى ئەرمەنلەر بىلەن تۈركلەر، پەلەستىندىكى ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار، بالقاندىكى كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى، مۇسۇلمانلار ۋە پراۋوسلاۋىيە دىنى مۇرىتلىرى، بالقاندىن ئاسىياغىچە بولغان ئارىلىقتىكى رۇسلار بىلەن تۈركلەر، سىرىلانكىدىكى سىنخالالار ۋە تامىللار، ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدىكى ئەرەبلەر ۋە قارا تەنلىكلەرنىڭ، بىر قانچە ئەسىردىن بۇيانقى ھۆكۈم سۈرگەن ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى يا بىر-بىرىگە ئىشەنمەسلىك، يا كەسكىن زورلۇق كۈچ توقۇنۇشى بولۇپ كەلدى. مۇشۇنداق قىلسا بولىدۇ، دەپ قارىغان كىشىلەر تارىخنىڭ قالدۇقى سۈپىتىدە قېلىپ قالغان توقۇنۇشتىن پايدىلاندى. بۇ خىل مۇناسىۋەتلەردە تارىخ جانلىق، مۇكەممەل شۇنداقلا قورقۇنچلۇق بولۇپ كەلدى.


ئەمما، تارىختىكى ئۆزۈلمەي داۋاملىشىپ يۈز بېرىپ كەلگەن قىرغىنچىلىققا قاراپلا 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى توقۇنۇش ۋە زوراۋانلىقنىڭ يەنە نېمە ئۈچۈن قايتا يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. خۇددى نۇرغۇن كىشىلەر كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، يۇگوسلاۋىيىدىكى سېربىيىلىكلەر، كرودىيىلىكلەر ۋە مۇسۇلمانلار تىنچ ھالدا نەچچە ئون يىل ئورتاق ياشىدى. ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندى دىنى مۇرىتلىرىمۇ ئوخشاش. ھۆكۈمەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاز ساندىكى توقۇنۇشلاردىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نۇرغۇن مىللەت ۋە دىنىي گۇرۇھلارمۇ تىنچ بىللە ياشىغان. تامىللار ۋە سىنخالالارمۇ ئىسسىق بەلباغدىكى جەننەت دەپ ئاتالغان بىر ئارالدا تىنچ بىللە ياشاۋاتىدۇ. تارىخ بۇ خىل نىسبىي تىنچلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇزۇنغىچە ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىشىنى توسۇپ قالالمايدۇ. شۇڭا، تارىخ ئارقىلىق تىنچلىقنىڭ

بۇزۇلۇشىدىكى سەۋەبنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرقى نەچچە ئون يىلىدا چوقۇمكى باشقا ئامىللار پەيدا بولدى.

نوپۇس سىلىشتۇرمىسىدىكى ئۆزگىرىش دەل مۇشۇ خىل ئامىللارنىڭ بىرى. بىر گۇرۇھتىكى نوپۇسنىڭ كېڭىيىشى باشقا گۇرۇھلارغا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي بېسىم شەكىللەندۈرۈپ، قارشىلىقنى قوزغىدى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ئۇ نوپۇسنىڭ ئېشىشى بىر قەدەر ئاز بولغان گۇرۇھلارغا ھەربىي بېسىم شەكىللەندۈردى. 70- يىللارنىڭ بېشىدا لىۋانىدا 30 يىللىق قانۇن تەرتىپىنىڭ ۋەيران بولۇشى، زور دەرىجىدە شىئە مەزھىپىدىكىلەر نوپۇسىنىڭ مارۇن مەزھىپىدىكى خرىستىئانلار نوپۇسىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. گارى فۇللىر مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: سىرىلانكىدىكى 1970- يىللاردىكى سىنخالا مىللەتچىلىرىنىڭ زوراۋانلىق يۇقىرى دولقۇنى ۋە 80- يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى تامىل زوراۋانلىقىنىڭ يۇقىرى دولقۇنى، بۇ گۇرۇھلاردىكى 15 — 24 ياشلاردىكى «ياش نوپۇسنىڭ پارتلىشىنىڭ» سىرىلانكا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 20% دىن ئېشىپ كەتكەن يىلى بىلەن ماس كېلىدۇ[27]. (10.4- جەدۋەلگە قاراڭ) ئامېرىكىنىڭ سىرىلانكىدا تۇرۇشلۇق بىر تاشقى ئىشلار ئەمەلدارى سىنخالا زوراۋانلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە 24 ياشتىن كىيىنكى ياشلار ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان. دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، تامىل يولۋاس ئەترىتى بىردىنبىر بالا ئەسكەرلەرگە تايىنىدىغان ئەترەت بولۇپ، ئۇلار ھەتتا 11 ياشلىق ئوغۇل-قىزلارنىمۇ قوبۇل قىلغان، ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ بەزىلىرى ھەتتا 10 ياشقىمۇ توشمىغان، پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرىلا 18 ياشتىن چوڭ ئىكەن. «ئىقتىسادشۇناسلار» ژۇرنىلى بۇ ھەقتە توختىلىپ: تامىل يولۋاس ئەترىتى ھازىر بىر مەيدان «ياشلار ئۇرۇشى» ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، دەيدۇ[28]. ئوخشاشلا رۇسلار بىلەن جەنۇبتىكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇك سەپ ئۇرۇشىنى نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىدىكى زور پەرق كەلتۈرۈپ چىقارغان. 90-

يىللارنىڭ بېشىدا روسىيىدىكى نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 1.5% بولغان، ئەمما سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيىتىدىكى مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 4.4% بولغان، 80- يىللاردا، چېچېنىيىنىڭ نوپۇسى 26% كۆپەيدى. چېچېنىيە روسىيىدىكى نوپۇس ئەڭ زىچ رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، چېچەنلەرنىڭ يۇقىرى تۇغۇت نىسبىتى سىرتقا كۆچۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇرۇشنى ئەسكىرى مەنبە بىلەن تەمىنلىگەن[29]. مۇسۇلمانلارنىڭ يۇقىرى تۇغۇت نىسبىتى، شۇنداقلا پاكىستاندىن كەشمىرگە كۆچۈشنى، يەنە بىر قېتىم ھىندىستان ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان قارشىلىقنى قوزغىغان.

10.1-رەسىم: سىنخالالار ۋە تامىللار ئىچىدىكى ياشلار نوپۇسىنىڭ پارتلىشى 15 - 24 ياشلىقلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستىكى ئىگىلىگەن نىسبىتى




* كىرتىك تەگىۆگلۈق ـ ياشلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستىكى ئىگىلىگەن نىسبىتى 20% تىن يۇقىرى بولغانلىقى

سابىق يۇگوسلاۋىيىدىكى مەدەنىيەتلەر ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇرەككەپ جەريانلارنىڭ نۇرغۇن سەۋەبى ۋە پارتلاش نۇقتىلىرى بار. ئەمما، بۇ توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ مۇھىم ئامىل، بەلكىم كوسوۋودىكى نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇشى مۇمكىن. كوسوۋو سېربىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى ئاپتونومىيىلىك ئۆلكە بولۇپ، ئايرىلىپ تۇرۇش ھوقۇقىدىن باشقا، ئۇ يۇگوسلاۋىيىدىكى ئالتە جۇمھۇرىيەت ئىگە بولغان تولۇق ھوقۇقلارغىمۇ ئىگە. 1961- يىلى

كوسوۋو نوپۇسىنىڭ 67% ى مۇسۇلمان ئالبان مىللىتى، 24% ى پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سېربىيىلىكلەر ئىدى. ئەمما، ئالبان مىللىتىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىچىدە ھەممىدىن يۇقىرى بولغاچقا، كوسوۋو يوگوسلاۋىيىدىكى نوپۇسى ئەڭ زىچ رايونلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. 80- يىللارغىچە 50% كە يېقىن ئالبان 20 ياشتىن تۆۋەن بولۇپ، نوپۇس مەسىلىسىنىڭ بېسىمى تۈپەيلى، سېربىيىلىكلەر كوسوۋودىن بېلگراد ۋە باشقا جايلارغا ئېقىپ بېرىپ يول تاپىدىغان بولدى. نەتىجىدە 1991- يىلىغىچە نوپۇسنىڭ 90% مۇسۇلمان، 10% سېربىيىلىكلەر بولۇپ قالدى[30].
شۇنداق بولسىمۇ، سېربىيىلىكلەر كوسوۋونى ئۆزلىرىنىڭ «مۇقەددەس جايى» ياكى «ئېرۇسالىم» دەپ قارىدى. ئۇ بىر قىسىم تارىخى ۋەقەلەرنىڭ قالدۇقى بولۇپ، ئۇ 1389- يىلى 6- ئاينىڭ 28- كۈنى يۈز بەرگەن بىر مەيدان ئۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا، ئوسمان تۈركلىرى سېربىيىلىكلەرنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن سېربلار 500 يىلغا يېقىن ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇپ كەلگەن.
80- يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە، نوپۇس سېلىشتۇرمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئالبانلارنىڭ كوسوۋونى يۇگوسلاۋىيە جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش تەلىپىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كوسوۋو ئايرىلىپ تۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىپ قالسا ئۆلارنىڭ شۇنداق قىلىشى ياكى ئالبانلار بىلەن بىرلىشىشىدىن ئەنسىرەپ، سېربىيە ۋە يۇگوسلاۋىيە ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپنى چەكلىدى. 1981- يىلى 3- ئايدا، ئالبانلار ئارىسىدا قارشىلىق ۋە قالايمىقانچىلىق پارتلاپ، جۇمھۇرىيەت ھوقۇقىغا ئېرىشىش تەلىپىنى قوللىدى. سېربلارنىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا، ئالبانلارنىڭ سېربلارنى كەمسىتىش، ئېزىش ۋە زوراۋانلىق قىلىشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. بىر نەپەر كرودېيىلىك پىروتېستانت دىنى مۇرىتى مۇنداق دەيدۇ: «70- يىللارنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان مال-مۈلۈككە زىيان يەتكۈزۈش، كىشىلەرنى

ئىشسىزلىققا قىستاش، ئاۋارە قىلىش، باسقۇنچىلىق، ئۇرۇش ۋە ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش سانسىزلىغان زوراۋانلىق قىلمىشلىرى يۈز بەردى». بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ نەتىجىسىدە «سېربلار ئۆزلىرىنىڭ ئىرقىي يوقىتىش خاراكتېرلىك تەھدىتكە دۇچ كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا سەۋر-تاقەت قىلالمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى». كوسوۋودىكى سېربلارنىڭ قەسىمى سېربىيە چېگراسى ئىچىدىكى باشقا جايلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. نەتىجىدە 1986- يىلى 200 كىشى ئىمزا قويغان باياناتنامە ئېلان قىلدى. باياناتنامىگە سېربىيىدىكى زىيالىيلار، سىياسىئونلار، دىنىي داھىي، ھەربىي ئەمەلدارلار، يەنە ئەركىنلىك قارشى تۇرۇش گۇرۇھى ژۇرنىلى «ئەمەلىيەت»نىڭ تەھرىرى ئىمزا قويدى. باياناتنامىدە ھۆكۈمەتتىن كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، كوسوۋودا يۈز بېرىۋاتقان سېربلارغا قارىتىلغان ئىرقىي يوقىتىش قىلمىشىنى چەكلەش تەلەپ قىلىندى. ئىرقىي يوقىتىش توغرىسىدىكى ھەر قانداق مۇۋاپىق تەدبىرلەرگە ئاساسلانغاندا، سېربلارنىڭ ئەيىبلىشىنى كۆپتۈرۈۋەتكەنلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما، ئالبانىيە مىللىتىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بىر چەت ئەللىك كۆزەتكۈچى مۇنداق دەيدۇ: «80- يىللاردا، ئالبان مىللەتچىلىرى سېربلارغا قارىتىلغان زوراۋانلىق قىلمىشى ۋە سېربلارنىڭ مال-مۈلكىگە زىيان يەتكۈزگىنىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك» [31].

بۇلارنىڭ ھەممىسى سېربلارنىڭ مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى قوزغىغۇۋەتتى، مىلوشېۋىچ ئۆزىگە پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. 1987- يىلى ئۇ كوسوۋودا مۇھىم سۆز قىلىپ، سېربلارنى ئۆزىنىڭ زېمىنى ۋە تارىخىغا ھوقۇق تەلەپ قويۇشقا چاقىرىق قىلدى. «ناھايىتى تېزلا زور تۈركۈمدىكى كوممۇنىزمچى، كوممۇنىزمچى ئەمەسلەر، ھەتتا كوممۇنىزمغا قارشى تۇرىدىغانلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشقا باشلىدى. شۇنداقلا كوسوۋودىكى سېربىيە مىللىتىنى قوغداپلا قالماستىن، شۇ يەردىكى ئالبانلارنى باستۇرۇشنى

قارار قىلىپ، ئۇلارنى ئىككىنچى ئۇرۇندىكى پۇقرالىققا چۈشۈرۈپ قويدى. مىلوشېۋىچنى ناھايىتى تېزلا مىللەت داھىيسى دەپ ئېتىراپ قىلدى»[32]. ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 1989- يىلى 6- ئاينىڭ 28- كۈنى، مىلوشېۋىچ 1 مىليوندىن 2 مىليونغا قەدەر سېربلارنى باشلاپ كېلىپ، ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان تارىختىكى ھېلىقى بىر مەيدان ئۇلۇغ ئۇرۇشنىڭ ئۇلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلغان 600 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

ئالبانلارنىڭ نوپۇس ۋە كۈچىنىڭ ئېشىشى سېربلار ئىچىدە ئالاقزادىلىك ۋە مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى قوزغاپ قويدى، چۈنكى بوسنىيىدىكى نوپۇس ئۆزگىرىشى تېخىمۇ كۈچەيدى. 1961- يىلى بوسنىيە-گېرتسېگوۋىنادىكى نوپۇسنىڭ 43% سېربىيىلىك 26% مۇسۇلمان ئىدى، 1991- يىلىغا كەلگەندە، ئۇ يەردىكى نوپۇس نىسبىتى پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولۇپ كەتتى، سېربىيىلىكلەرنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇس نىسبىتىدە تۆۋەنلەپ 31% كە چۈشۈپ قالدى، مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى بولسا كۆپىيىپ 44%كە يەتتى، بۇ 30 يىلدا كرودىيىلىكلەرنىڭ نوپۇسى 22% تىن 17% كە تۆۋەنلەپ كەتتى. بىر ئىرق گۇرۇھىدىكى نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى يەنە بىر ئىرق گۇرۇھىنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1992- يىلى بىر سېربىيىلىك ئەسكەر ئۆزىگە «بىز نېمە ئۈچۈن بالىلارنى ئۆلتۈرىمىز؟» دەپ سوئال قويۇپ، «چۈنكى ھامان بىر كۈنى ئۇلار چوڭ بولىدۇ، ئۇ چاغدا بىز ئۇلارنى يەنە ئۆلتۈرۈشىمىز كېرەك» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنچىۋالا رەھىمسىز ئەمەس بوسنىيە-كرودىيە مىللىتى، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىگىلەپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن شۇنداق ھەرىكەت قوللاندى[33].

نوپۇس سېلىشتۇرمىسىدىكى ئۆزگىرىش ۋە ياشلار نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا 20% ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلىشى 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى نۇرغۇن مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى

توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبتۇر. ئەمما، ئۇ يەنە بارلىق توقۇنۇشلارنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، سېربىيىلىكلەر بىلەن كرودىيىلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى نوپۇس ئۆزگىرىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ پەقەت ئايرىم بىر قىسمىلا تارىخقا مەنسۇپ، چۈنكى تاكى 2- دۇنيا ئۇرۇشىدا كرودىيە ئۇستاش ئۇنسۇرلىرى سېربىيىلىكلەرنى قىرغىن قىلغىچە، ئىككى مىللەت ئىزچىل ھالدا تىنچ بىللە ياشىغان ئىدى. بۇ يەر ۋە يەنە باشقا يەرلەردە سىياسىمۇ توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. 1- دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا ئاۋستىرىيە-ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسى، ئوسمان ئىمپېرىيىسى ۋە روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى، كېيىنكى ۋارىس مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىرق ۋە مەدەنىيەت توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە گوللاندىيە ئىمپېرىيىلىرىنىڭ يىمىرىلىشىمۇ ئوخشاشلا نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا، كوممۇنىزم ھاكىمىيىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يۇگوسلاۋىيىدە تەختتىن چۈشۈشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولدى. كىشىلەر ئۆزلىرىنى كوممۇنىزمچى، سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى ياكى يۇگوسلاۋىيىلىك دەپ قارىغاندىن كېيىن، جىددىي ھالدا بىر خىل يېڭى سالاھىيەت ئىزدەشكە موھتاج بولدى. ئۇلار بۇرۇندىن باشلاپ بار بولغان ئىرق تەركىبى ۋە دىنىدىن بۇ خىل سالاھىيەتكە ئېرىشتى. بېسىلغان ئەمما تىنچ دۆلەت تەرتىپى، ئوخشاشمىغان خۇداغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ زوراۋانلىق ۋاستىسى ئىشلەتمەي، ئۆز خۇداسىنى باشقىلارنىڭ خۇداسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئالدىنقى شەرت ئاساسىدا، ئاندىن ئىشقا ئاشتى.

شەكىللىنىۋاتقان سىياسىي گەۋدىدە دېموكراتىيىنى يولغا قويۇشقا بولغان ئېھتىياج بۇ بىر مۇساپىنى تېزلەتتى. سوۋېت

ئىتتىپاقى ۋە يۇگوسلاۋىيە پارچىلىنىشقا باشلىغاندا، ھوقۇقدارلار قايتا مەملىكەتلىك سايلام تەشكىللىمىدى. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا، سىياسىي داھىيلار مەركىزى ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن رىقابەتلىشىپ، سايلىغۇچىلارنى كۆپ مىللەتلىك ۋە كۆپ مەدەنىيەتلىك ھاكىمىيەت قۇرۇشقا چاقىرىق قىلىدۇ ھەم كېيىنكى پالاتىسىدا شۇنىڭغا ئوخشاش تۈرغۈن ئىتتىپاقلارنى تىكلەيدۇ. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يۇگوسلاۋىيىدە سايلام ئالدى بىلەن جۇمھۇرىيەت ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغاچقا، بۇ سىياسىي داھىيلارنىڭ مەركەزگە قارشى تۇرۇشنى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قوزغاپ، ئۆز مىللىتى ئىچىدە مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى پەيدا قىلىپ، ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئىلگىرى سۈردى. ھەتتا 1990- يىلى بوسنىيىدە ئېلىپ بېرىلغان چوڭ سايلامدا خەلقنىڭ سايلام بېلىتى ئىرق بويىچە تۈرگە ئايرىلدى. كۆپ مىللەتلىك ئىسلاھات پارتىيىسى ۋە سابىق كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئېرىشكەن ئاۋازى 10% كىمۇ يەتمىدى. مۇسۇلمانلار دېموكراتىيە ھەرىكىتى پارتىيىسى ئېرىشكەن ئاۋاز نىسبىتى 34%، سېربىيە دېموكراتىك پارتىيىسى ئېرىشكەن ئاۋاز 30%، كرودىيە دېموكراتىيە پارتىيىسى ئېرىشكەن ئاۋاز 18% بولدى. سېربىيە ۋە كرودىيىلىكلەرنىڭ نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى، مۇسۇلمانلارنىڭكىگە يېقىنلاشتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە سابىق يۇگوسلاۋىيىدىكى بارلىق جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ بىرىنچى قېتىملىق رىقابەت سايلىمىدا غەلىبە قازانغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مىللىي كەيپىياتنى قوزغىيالىغان ھەم كۈچلۈك ھەرىكەت قوللىنىپ، باشقا ئىرق گۇرۇھلارغا قارشى تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سىياسىي داھىيلىرىنى قوغداشقا ۋەدە بەرگەن. سايلام مىللەتچىلىك چاقىرىق كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈردى ھەم ئۇزۇلۇك سەپ توقۇنۇشنى ئۇزۇلۇك سەپ ئۇرۇشىغا ئايلاندۇردى. بوگدان دېنىسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ئىرق پۇقرالارنى شەكىللەندۇرگۈچى

تەركىبكە ئايلانغاندا»[54]، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نەتىجىسى نەزەرىيە ئۆرۈشى ياكى ئۆرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

هازىرقى مەسىلە يەنىلا، 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مۇسۇلمانلار نىمە ئۈچۈن باشقا مەدەنىيەتكە مەنسۇپ كىشىلەرگە قارىغاندا، گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى زوراۋانلىق توقۇنۇشىغا تېخىمۇ كۆپ ئارىلىشىپ قالىدۇ؟ ئەھۋال ھەمىشە مۇشۇنداق بولۇۋېرەمدۇ، يوق؟ ئۆتمۈشتە، خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرى ئۆز قېرىنداشلىرى ۋە باشقا خەلقلەرنى زور تۈركۈمدە قىرغىن قىلغان. تارىختىكى ھەر قايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ زورلۇق كۈچكە مايىل بولۇش خاھىشىنى باھالاش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەمما بۇ يەردە بۇنى قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە قىلغىلى بولىدىغىنى پەقەت نۆۋەتتىكى مۇسۇلمانلار گۇرۇھىدىكى زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى زوراۋانلىق قىلمىشىنى، شۇنداقلا پۈتكۈل تارىختىكى گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر ھەقىقەتەن بۇ خىل خاھىش مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، ئۇنى 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى زوراۋانلىق خاھىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەب بىلەن پەرقلەندۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئېھتىماللىق سەۋەبى جەمئىي ئالتە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچى پەقەت مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان بولمىغانلار ئوتتۇرىسىدىكى زوراۋانلىق توقۇنۇشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، قالغان ئۈچى بولسا ھەم مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان بولمىغانلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى، ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زوراۋانلىق توقۇنۇشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ سەۋەب ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ زورلۇق كۈچكە مايىل بولۇشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، قالغان ئۈچى ئەگەر مۇشۇ سەۋەبلەر مەۋجۇت بولسىلا ھەم ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ، ھەم تارىختىكى مۇسۇلمانلارنىڭ زوراۋانلىققا مايىل بولۇشىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئەمما، ئەگەر بۇ خىل خاھىش تارىختا مەۋجۇت بولمىغان بولسا، ئۇنداقتا پەرەزدىكى سەۋەبلەر مەۋجۇت بولمىغان بۇ تارىخىي خاھىشنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، شۇنداقلا ئالىبۇرۇن ئىسپاتلىنىپ بولغان ھازىرقى مۇسۇلمانلار گۇرۇھىنىڭ زوراۋانلىق خاھىشىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. كېيىنكى بىر خىل خاھىشنى پەقەت ئۆتمۈشتىكى بىر قانچە ئەسىرگىلا قويۇپ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

10.5- مۇسۇلمانلارنىڭ توقۇنۇش خاھىشىنىڭ ئېھتىماللىقى ئىككى سەۋەبلىرى

| توقۇنۇش / زامان | مۇسۇلمانلارنىڭ تاشقى توقۇنۇشى | ئىچكى ۋە تاشقى قىسمىدىكى توقۇنۇش |
|---|---|---|
| تارىختىكى ۋە بۈگۈنكى زاماندىكى توقۇنۇش | چېگراسى يېقىن بولغاچقا ئۆز ئارا چىقىشالمايدۇ | ئۇرۇشقاق |
| بۈگۈنكى زاماندىكى توقۇنۇش | زىيانغا ئۇچرىغۇچى بولغاچقا | نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، يادرو دۆلەتنىڭ يوقلۇقى |

ئاۋۋال بەزى كىشىلەر ئىسلام دىنىنىڭ بۇرۇندىن باشلاپ بىر خىل جەڭگىۋار دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشىدۇ. ئىسلام دىنى «ئۇرۇشقاق بەدەۋىلەر چارۋىچى قەبىلىسى»دىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىغا «بۇ خىل زوراۋانلىق مەنبەسىنىڭ تامغىسى» چوڭقۇر بېسىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىمۇ بىر قەيسەر جەڭچى ۋە دانا قوماندان سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە ساقلانماقتا[15] (ھېچكىم خرىستوس ياكى ساكيامونىنى مۇنداق تەسۋىرلىمىگەن). ئېيتىشلارغا ئاساسلانغاندا، ئىسلام ئەقىدىلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى كۆرسىتىلگەن. ئەمما، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى كېڭىيىشى تەدرىجىي توختاپ قالغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار گۇرۇھى دىنىي ئەقىدىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز ئادەملىرى ئارىسىدا ئۇرۇشنى قانات يايدۇردى. ئىچكى

توقۇنۇش نىسبىتى جىھادقا قارىغاندا كۆچلۈك دەرىجىدە يۇقىرى ئۆرلىدى. قۇرئان ۋە باشقا مۇسۇلمانلار ئېتىقادىغا ئائىت بايانلاردا دېگۈدەك زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش چەكلەنمىگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئەقىدىسى ۋە ئەمەلىيىتىدە زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ئۇقۇمى يوق.

ئىككىنچىدىن، ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى كۆپ قىسىم رايونلارغا تارقالدى، كېيىن يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە بالقانغا تارقالدى، بۇ مۇسۇلمانلارنى نۇرغۇن ئوخشاشمىغان مىللەتلەر بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشتۇردى، ئۇلارنى بويسۇندۇردى ھەم ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇردى. بۇ بىر جەريانىنىڭ قالدۇقى ھېلىھەم مەۋجۇت. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ بالقاننى بويسۇندۇرۇشى بىلەن شەھەردىكى يۇگوسلاۋىيىلىكلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، ئەمما يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقان دېھقانلار ئېتىقاد قىلمىدى، بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان بوسنىيىسىدىكىلەر بىلەن پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سېربىيىلىكلەر ئوتتۇرىسىدا پەرق تۇغۇلدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قارا دېڭىز، كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭىيىشى، روسىيە بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا نەچچە يۈز يىلغا سوزۇلغان توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. غەربنىڭ كۈچى مۇسۇلمانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە، يەھۇدىيلارغا ئوتتۇرا شەرقتە ماكان قۇرۇپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئەرەب-ئىسرائىلىيە توقۇنۇشىغا ئاساس سالدى. مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرۇقلۇقتا كېڭىيىشى، بۇ ئىككىيلەننىڭ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا يېقىن قوشنىلاردىن بولۇپ ياشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەكسىچە، غەربنىڭ دېڭىزدا كېڭىيىشى غەربلىكلەر بىلەن غەيرىي غەربلىكلەرنىڭ قوشنا ھالەتتە ئولتۇراقلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمىدى. چۈنكى، جەنۇبىي ئافرىقىدىن باشقا، غەربلىك بولمىغان بۇ مىللەتلەر ياكى ياۋروپانىڭ

ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنغانىدى ياكى غەرب مۇستەملىكچىلىرى تەرىپىدىن زور كۆلەمدە قىرغىن قىلىنغانىدى.

مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۈچىنچى سەۋەب، بىر سىياسىئون ئۆز دۆلىتى ھەققىدە توختىلىپ ئېيتقاندەك مۇسۇلمانلارنىڭ «سىغدۇرۇشچان (كەڭ قورساق) ئەمەسلىكى» بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ خىل سىغدۇرالماسلىق ئىككى تەرەپلىك بولۇپ، مۇسۇلمان ئەللەر بىلەن مۇسۇلمان بولمىغان ئاز ساندىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەر، مۇسۇلمان بولمىغان ئەللەر ۋە ئاز سانلىق مۇسۇلمان مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت مەسىلىلەرگە ئوخشايدۇ. ئىسلام دىنى بىر كەسكىن دىن بولۇپ، ئۇ بۇ جەھەتتە خرىستىئان دىنىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئۇ، دىن بىلەن سىياسىينى بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى ئېنىق پەرقلەندۈرىدۇ. كۇڭزى ئېقىمىدىكىلەر، بۇددا دىنى مۇرىتلىرى، ھىندى دىنى مۇرىتلىرى، غەرب خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرى ۋە پراۋوسلاۋىيە دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىپ بىللە ياشىشىقى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر قانداق بىرىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆز ئارا ماسلىشىپ بىللە ياشىشىغا قارىغاندا كۆپ ئاسان. مەسىلەن، جۇڭگولۇقلار شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئەللەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئاز سانلىق مىللەت ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تايلاند جەمئىيىتى ۋە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان فىلىپپىن جەمئىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قوشۇلۇپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككى دۆلەتتە كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان مىللىي گۇرۇھلارنىڭ جۇڭگولۇقلارغا قارشى تۇرۇشىدەك زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى يۈز بەرمىگەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھىندونېزىيە ۋە مالايسىيادا جۇڭگولۇقلارغا قارشى زوراۋانلىق ۋە توپىلاڭ يۈز بەرگەن بولۇپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ

جەمئىيەتلەردىكى رولى يەنىلا ئىنتايىن سەزگۈر، پارتلاش ئېھتىماللىقى بولغان يوشۇرۇن مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت. ئەمما تايلاند ۋە فىلىپپىندا ئەھۋال بۇنداق ئەمەس.

ئۇرۇشقاقلىق، سىغدۇرالماسلىق، شۇنداقلا مۇسۇلمان بولمىغان توپلار بىلەن قوشنا بولۇش، يەنىلا مۇسۇلمانلاردا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئالاھىدىلىك، شۇنداقلا پۈتكۈل تارىخىي جەرياندا مۇسۇلمانلاردا توقۇنۇش خاھىشىنىڭ بولۇشىدىكى سەۋەب، ئەگەر مۇشۇ خىل خاھىش مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلىق، ئەمما چەكلىك ئۈچ ئامىل 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ توقۇنۇش خاھىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مۇسۇلمانلار بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ، غەربنىڭ جاھانگىرلىكنى يولغا قويۇشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ 19-، 20- ئەسىردە بويسۇنغۇچى ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشى، كىشىلەردە مۇسۇلمانلار ھەربىي كۈچ ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىقتىدارسىز دېگەن تەسىرنى پەيدا قىلىپ، مۇسۇلمان بولمىغان گۇرۇھلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ھۇجۇم نىشانى دەپ قارىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ كۆز قاراشقا ئاساسلانغاندا، مۇسۇلمانلار كەڭ تەشۋىق قىلىنغان مۇسۇلمانلارنى كەمسىتىش ئىدىيىسىنىڭ قۇربانى، بۇ خۇددى تارىختىكى غەربتە مەيدانغا كەلگەن، ئەرەبلەر ۋە يەھۇدىيلارنى كەمسىتكەنگە ئوخشاشلا ئىش. ئەكبەر ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: پەلەستىنلىكلەر، بوسنىيىلىكلەر، كەشمىرلىكلەر ۋە چېچەنلەردىن ئىبارەت مۇسۇلمان گۇرۇھلار «ئىندىيان»لارغا ئوخشاشلا ئېزىلگۈچى توپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىززەت-ئابرۇيى دەپسەندە قىلىنىدى ھەم ئۇلار ئەجدادلىرىدىن قالغان زېمىنغا بېكىنىۋېلىشتى[36]. بىراق، مۇسۇلمانلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىغۇچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ قاراشنى سۇدان، مىسىر، ئىران ۋە ھىندونېزىيىدىكى كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار بىلەن ئاز سانلىق مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا ئاساسەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ.

تېخىمۇ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بىر ئامىل بار بولۇپ، شۇ بەلكىم ئىسلامنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قىسمىدىكى توقۇنۇش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى مۇمكىن. ئۇ بولسىمۇ ئىسلام جەمئىيىتىدە بىر ياكى بىردىن ئارتۇق يادرو دۆلەتنىڭ كەملىكىدۇر. ئىسلامنى ئاقلايدىغان كىشىلەر دائىم غەربتىكى ئىسلامنى تەنقىدلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئىسلام گۇرۇھى ئىچىدە بىر قەستلەشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەركىزىي كۈچ بولۇپ، ئۇ ئىسلامنىڭ غەربكە ۋە باشقا مىللەتلەرگە قارشى تۇرۇشىنى سەپەرۋەر قىلىدىغان ھەم ماسلاشتۇرىدىغان كۈچ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەگەر تەنقىدچىلەر بۇ نۇقتىغا ئىشەنسە ئۇنداقتا ئۇلار خاتالاشقان بولىدۇ. ئىسلامنىڭ دۇنيادىكى مۇقىمسىزلىقنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ قېلىشى، ئەمەلىيەتتە ئىسلام دۇنياسىدا يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغان بىر مەركەزنىڭ كەملىكىدىندۇر. ئىسلام دۇنياسىنىڭ رەھبىرىگە ئايلىنىشنى ئارزۇ قىلغان دۆلەتلەر، مەسىلەن، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئىران، پاكىستان، تۈركىيە، يەنە ھىندونېزىيە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا ئۆز تەسىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىسلامنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توقۇنۇشنى تەڭشىيەلەيدىغان دەرىجىدىكى كۈچلۈك ئورۇندا ئەمەس، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان بولمىغان گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە، ئىسلامنىڭ نوپۇزىغا ۋاكالىتەن سۆزلىيەلمەيدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدىكى، ئەڭ مۇھىم نۇقتىنىڭ بىرى، ئىسلام دۇنياسىدىكى نوپۇسنىڭ پارتلىشىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا 15 — 30 ياشقىچە بولغان مەزگىلدىكى ئەرلەرنىڭ ئىشسىزلىقىمۇ مۇقىمسىزلىقنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئىسلامنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە مۇسۇلمان بولمىغانلارغا قارىتىلغان زوراۋانلىق ھەرىكىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تەبىئىي سەۋەبتۇر. مەيلى يەنە باشقا قانداق سەۋەبلەر رول ئوينىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت مۇشۇ بىر ئامىللا 80-،

90-يىللاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە يېتەرلىك. 21- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىغا بارغاندا، «توغۇت يۇقىرى پەللىسى مەزگىلى»دىكى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ياشىنىپ قېلىشى ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئەگەر يەنىلا مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە، مۇسۇلمانلارنىڭ زوراۋانلىق خاھىشى شۇنىڭغا ماس ھالدا ئاجىزلىشىشى، ئۇزۇن سەپ ئۇرۇشىنىڭ تەكرارلىقى ۋە كۆچلۈكلۈكىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلىشى مۇمكىن.

# ئون بىرىنچى باب

# ئۇزۇك سەپ ئۇرۇشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى

## سالاھىيەت: مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى

ئۇزۇك سەپ ئۇرۇشلىرى ئۆتكۈرلىشىش، كېڭىيىش، تورمۇزلىنىش، ئۇزۇلۇپ قېلىشتەك جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەن، ئەمما ھەل بولغانلىرى ئاساسەن يوق ھېسابتا. بۇ جەريانلار ھەمىشە ئۇلىشىپ يۈز بېرىدۇ، ئەمما يەنە قاتلىنىپمۇ يۈز بېرىدۇ ھەم تەكرار يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن. ئۇزۇك سەپ ئۇرۇشى يۈز بەرسىلا، خۇددى باشقا ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشتەك، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىشقا باشلايدۇ ھەم ھەرىكەت-ئىنكاس ئەندىزىسى بويىچە راۋاجلىنىدۇ. ئىلگىرى كۆپ خىل، ئىختىيارىي بولغان سالاھىيەت، بۇنداق چاغدا تېخىمۇ مەركەزلىشىدۇ ۋە كۈچىيىدۇ؛ ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ توقۇنۇشى «سالاھىيەت ئۇرۇشى» دەپ ئاتىلىدۇ①. زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەڭ دەسلەپكى ھالقىلىق مەسىلە، قايتىدىن تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى «بىز» «ئۇلار» غا قارشى تۇرىمىز دەپ تەبىرلىنىدۇ. گۇرۇھنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىمۇ كۈچىيىدۇ. سىياسىي سەپەرۋەرلىك كۈچىنى كېڭەيتىدۇ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. مەدەنىيەت سالاھىيىتى باشقا سالاھىيەتلەرگە قارىغاندا كۈچىيىدۇ. خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى «بىخەتەرلىك تەڭقىسلىقى»غا ئوخشاپ كېتىدىغان «ئۆچمەنلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ» كۈچى مەيدانغا كېلىدۇ، بۇنىڭدا

ئىككى تەرەپنىڭ بىر-بىرىگە بولغان قورقۇنچى، ئىشەنمەسلىكى، ئۆچمەنلىكى كۈچىيىپ ماڭىدۇ[2]. ئىككىلا تەرەپ (گۈزەللىك ۋە رەزىللىك) ئارىسىدىكى پەرقنى كومپىدىيىلەشتۇرۇپ ۋە مۇبالىغە قىلىپ، ئاخىرىدا بۇ پەرقلەرنى قىپقالغۇچى ياكى ئۆلگۈچىنىڭ تۈپكى پەرقىگە ئايلاندۇرماقچى بولىدۇ.

ئىنقىلابنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، مۆتىدىللەر، گروندىنلار ۋە مىنشىۋىكلار، ئەشەددىيلەر، ياكوبىنچىلار، بولشىۋىكلارنىڭ قولىدا مەغلۇپ بولىدى. ئۆزۈك سەپ ئۇرۇشىدا بۇنداق جەريانلار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. مۇستەقىللىقنى ئەمەس ئاپتونومىيە دېگەندەك چەكلىك نىشاننى كۆزلىگەنلەر ئاساسەن دېگۈدەك باشلىنىشىدىلا مەغلۇپ بولىدىغان سۆھبەتلەر ئارقىلىق بۇ نىشانغا يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەمدە ئۇ زورلۇق كۈچ ئارقىلىق تېخىمۇ ئەشەددىيراق نىشانغا يەتمەكچى بولغان ئەشەددىيلەر تەرىپىدىن تولۇقلىنىدۇ ياكى ئەشەددىيلەر ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسەيدۇ. مورولار بىلەن فىلىپپىنلىقلارنىڭ توقۇنۇشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق زوراۋانلىق تەشكىلات — مورو مىللىي ئازادلىق فرونتى ئاۋۋال مەيدانى تېخىمۇ ئەشەددىي مورو ئىسلام ئازادلىق فرونتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن، باشقا تەشكىلاتلارنىڭ فىلىپپىن ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىشىغا قارشى تۇرىدىغان مەيدانى تېخىمۇ ئەشەددىي بولغان ئەبۇ سەيۇ تەشكىلاتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. سۇدان ھۆكۈمىتى 80- يىللاردا كونسايىن تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىۋاتقان ئىسلامىزم مەيدانىغا ئۆتتى. 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا زوراۋان خرىستىئان دىنىي تەشكىلاتى بۆلۈنۈپ يېڭى بىر تەشكىلات — جەنۇبىي سۇدان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى. ئۇلار ئاپتونومىيىنىلا ئەمەس، مۇستەقىللىقنى تەشەببۇس قىلدى. ئىسرائىلىيىلىكلەر بىلەن ئەرەبلەر ئارىسىدىكى توقۇنۇشتا، ئاساسلىق گۇرۇھ پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە باشلىغاندا، مۇسۇلمان

قىرىنداشلار جەمئىيىتىنىڭ خاماس تەشكىلاتى پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىغا جەڭ ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبەتكە قاتنىششى ئىسرائىلىيىدىكى ئەشەددىي دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ نارازىلىقىغا، ھەتتا زورلۇق كۈچ بىلەن قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. 1992-، 1993- يىلى چېچەنلەر بىلەن روسىيىنىڭ توقۇنۇشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، دۇدايېف ھۆكۈمىتى «چېچەن مىللەتچىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئەشەددىي گۇرۇھ تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىشقا باشلىدى، «بۇ گۇرۇھ روسىيە بىلەن بولغان ھەر قانداق سۆلھ - مادارىغا قارشى تۇرىدۇ، شۇڭا بىر قەدەر مۆتىدىلرەك كۈچلەر، ياۋا پارتىيە ئورنىغا چىقىپ قېلىشقا باشلىدى». تاجىكىستاندىمۇ مۇشۇنداق ئۆزگىرىش يۈز بەردى. «1992- يىلىدىكى توقۇنۇشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، تاجىكىستان مىللەتچىلەر دېموكراتىيە گۇرۇھىنىڭ تەسىرى بارغانسېرى ئىسلامىزم گۇرۇھلىرىغا ئورۇن بىكارلاشقا باشلىدى، ئىسلامىزم گۇرۇھلىرىنىڭ نامرات دېھقان ۋە شەھەرلەردىكى نارازى ياشلارنى سەپەرۋەر قىلىشى تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ياشراق رەھبەرلەرنىڭ، ئەنئەنىچى، بىر قەدەر ئۇنۇمپەرەس دىنىي يۇقىرى قاتلامغا خىرىس قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلام مۇرىتلىرىنىڭ گەپ-سۆزلىرىمۇ بارغانسېرى ئەشەددىيلىشىشكە باشلىدى». بىر تاجىك رەھبىرى مۇنداق دېدى: «مەن ئەمدى دىپلوماتىيە ئىبارىلىرىنى ئىشلەتمەيمەن، بەلكى كۈرەش ئارقىلىق سۆزلىشىمەن، ئۇ — رۇسلارنىڭ يۇرتۇمدا پەيدا قىلغان ھالىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىردىنبىر تىل»[3]. بوسنىيىدە، مۇسۇلمانلار دېموكراتىيە ھەرىكىتى پارتىيىسى ئىچىدە ئالىيە ئىززەت بىگوۋىچ باشچىلىقىدىكى تېخىمۇ ئەشەددىي مىللەتچى گۇرۇھنىڭ تەسىرى، ھارىس سىرادزىچ رەھبەرلىك قىلغان كەڭ قورساقراق، كۆپ ھەزارەت خاھىشىغا ئىگە گۇرۇھنىڭكىدىن زورىيىپ كەتتى[4].

ئەشەددىيلەرنىڭ غەلىبىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئۇلارنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىمۇ مۆتىدىللەرنىڭ

مۇرەسسەگە قارىغاندا ئۆزلۈك سەپ ئۇرۇشىنى ئاياغلاشتۇرالىشىمۇ ناتايىن. ئۆلۈم ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ بەدىلى كۈنسايىن ئېغىرلىشىپ، كىشىلەر ئۈمىد شولىسىنى كۆرەلمىگەندە، ئىككى تەرەپ ئىچىدىكى مۆتىدىللەر گۇرۇھى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بارلىق زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ «ئەھمىيەتسىز»لىكىنى قايتا كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى مەسىلىنى يەنە بىر قېتىم سۆھبەت بىلەن ھەل قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشى مۇمكىن.

ئۇرۇش جەريانىدا خىلمۇخىل سالاھىيەتلەر سۇسلىشىپ، توقۇنۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان سالاھىيەت ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىشقا باشلىدى. بۇ خىل سالاھىيەت ئاساسەن دېگۈدەك دىن بىلەن تەبىرلىنىدۇ. روھىي جەھەتتە دىن «خۇداغا ئىشەنمەيدىغان» كۈچلەرگە قارشى كۈرەش ئۈچۈن كىشىنى ئەڭ خاتىرجەم قىلىدىغان، ئەڭ مۇستەھكەم ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، بۇ كۈچ ھەم كۆپىنچە ھاللاردا تەھدىت دەپ قارىلىدۇ. رېئاللىقتا، مەدەنىيەت گۇرۇھى ياكى دىنىي گۇرۇھ، توقۇنۇشقا كىرىپ قالغان يەرلىك گۇرۇھلار ياردەم ئىزدەيدىغان ئەڭ كەڭ دائىرىلىك گۇرۇھتۇر. ئەگەر ئىككى ئافرىقا قەبىلىسى ئارىسىدا رايون ئۇرۇشى پارتلاپ قالسا، بىر قەبىلە ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتايدۇ، يەنە بىرى ئۆزىنى خرىستىئان دەپ ئاتايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئالدىنقىسى سەئۇدىنىڭ پۇللىرىغا، ئافغانىستان مۇجاھىدلار تەشكىلاتىنىڭ قوللىشىغا، شۇنداقلا ئىراننىڭ قوراللىرى، ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن؛ كەينىدىكىسى بولسا، غەربنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمىنى شۇنداقلا غەربتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن. بوسنىيىدىن باشقا ھەر قانداق بىر مۇسۇلمانلار گۇرۇھى ئۆزىنىڭ ئىرقىي يوقىتىشنىڭ زىيانكارى بولۇپ قالغانلىقىغا باشقىلارنى ئىشەندۈرۈپ، غەربنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىيالمايدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تۇغقانلىرىدىن

يارده‌مگە ئېرىشىشنى كۈتسە بولىدۇ. بوسنىيىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەھۋال ئەزەلدىن مۇشۇنداق بولۇپ كەلگەن. ئۆزلۈك سەپ ئۆرۈشىنىڭ تەبىرىدىن قارىغاندىمۇ، بۇ كەڭ كۆلەملىك ئالاقىگە ئىگە رايونلار ئارىسىدىكى ئۆرۈش، شۇڭا بۇ ئۆرۈش قاتناشقۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت سالاھىيىتىنى كۈچەيتتى.

باشقا مەدەنىيەتنىڭ ئۆزلۈك سەپ ئۆرۈشىغا قاتناشقۇچىلار ئارىسىدىمۇ مەدەنىيەت سالاھىيىتى كۈچەيدى، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۇ ئېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك بولدى. ئۆزلۈك سەپ ئۆرۈشى، بەلكىم، جەمەت، ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ توقۇنۇشىدىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا سالاھىيەت U شەكلىدە بولغاچقا، كۆرەشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مۇسۇلمان قاتناشقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى كېڭەيتىشكە كىرىشىدۇ، ھەم پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ، ھەتتا ئەسلىيەتچىلىككە قارشى سادام ھۇسەيىنمۇ شۇنداق قىلغانىدى. بىر غەربلىك ئەزەربەيجان ھۆكۈمىتىنىڭمۇ «ئىسلام كوزىرى»نى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. تاجىكىستاندا، تاجىكىستاننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى رايونلار توقۇنۇشىدىن تەرەققىي قىلغان ئۆرۈشتا، تويىلاگچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى دەپ ئاتىدى. 19- ئەسىردە شىمالىي كاۋكازلىقلار بىلەن رۇسلار ئارىسىدىكى ئۆرۈشتا، مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرى شامىل ئۆزىنى ئىسلام مۇخلىسى دەپ ئاتىدى، ھەم «ئىسلام دىنى ۋە روسىيىنىڭ ئىستىبلاسىغا قارشى ئۆرۈش ئاساسىدا» ئون نەچچە مىللىي، تىل گۇرۇھلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇردى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 90- يىللىرى، دۇدايېۋ 80- يىللاردا كاۋكازدا يۈز بەرگەن ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ، شۇنىڭغا ئوخشاش ئىستراتېگىيە يۈرگۈزدى. ئۇ مۇسۇلمان زاتلار ۋە ئىسلام پارتىيىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى ھەم قولىدا قۇرئاننى تۇتۇپ قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى. (ھەتتا بىلىتسەندەك، پراۋوسلاۋىيە دىنى باش ئېپىسكوپىنىڭ دۇئاسىغا

ئېرىشتى). 1994- يىلى دۇدايېۋ چېچەنىيىنى ئىسلام شەرىئىتى بىلەن باشقۇرۇلىدىغان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا تەكلىپ بەردى. چېچەن ھەربىيلىرى «غازات» دەپ كەشتىلەنگەن ياغلىقلارنى ئوراپ، جەڭگە كىرگەندە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نەرە تارتىشتى⑤. ئوخشاشلا، كەشمىر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆزلۈك سالاھىيىتى، مۇسۇلمان، ھىندى بۇددىستلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايون خاراكتېرلىك سالاھىيەتتىن ياكى ھىندى ئەلمانىيە سالاھىيىتىدىن ئۈچىنچى خىل سالاھىيەتكە كۆچتى، بۇ «مۇسۇلمان مىللەتچىلىكىنىڭ كەشمىردە كۈللىنىشى ۋە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى قىممەت قارىشىنىڭ دۆلەت ھالقىپ تارقىلىشىدا ئەكس ئېتىپ، كەشمىر مۇسۇلمانلىرىنى ئۆزلىرىنى ھەم ئىسلام پاكىستانىنىڭ بىر قىسمى ھەم مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى». 1989- يىلىدىكى ھىندىستانغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان زوراۋانلىق ھەرىكىتى، ئەڭ دەسلەپتە «بىر قەدەر دىنىدىن خالىي» ھەم پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغانىدى. كېيىن پاكىستاننىڭ قوللىشى ئىسلام ئەسلىيەتچى گۇرۇھلىرىغا قارىتىلىپ، ئەسلىيەتچى گۇرۇھلار باش رولچىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ گۇرۇھلار «قاتتىق سۆڭەك قوزغىلاڭچىلار»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كىشىلەر «نەتىجىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جىھاد ئۈچۈن جىھاد قىلىۋاتىدۇ». يەنە بىر كۆزەتچى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «مىللەتچىلىك ھېسسىياتى دىنىي پەرق تۈپەيلىدىن تېخىمۇ كۈچەيدى، ئىسلام كۈرەش روھىنىڭ يەر شارى مىقياسىدا كۆتۈرۈلۈشى كەشمىر قوزغىلاڭچىلىرىغا مەدەت بولدى ھەمدە كەشمىردىكى ھىندىلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ سىغىشىپ ياشاش ئەنئەنىسىنى بۇزۇۋەتتى»⑥.

مەدەنىيەت بىلەن سالاھىيەتلىنىش بوسنىيىدە تېخىمۇ كۈچەيدى، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار رايونىدا. تارىختا، رايون خاراكتېرلىك سالاھىيەت ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى، سېربلار، كرودىيىلىكلەر،

مۇسۇلمانلار قوشنا بولۇپ، تىنچ بىللە ياشىغان، ئۆز ئارا تويلىشىشمۇ ناھايىتى ئومۇملاشقان، دىنىي سالاھىيەتمۇ ناھايىتى ئاجىز ئىدى. مۇسۇلمانلار مەسچىتكە بارمايدىغان بوسنىيىلىكلەر، كرودىيىلىكلەر كاتولىك چېركاۋلىرىغا بارمايدىغان بوسنىيىلىكلەر، سېربلار بولسا، پراۋوسلاۋىيە چېركاۋىغا بارمايدىغان بوسنىيىلىكلەر دەپ ئاتىلاتتى. ئەمما، كېيىنكى دائىرىدىكى يۇگوسلاۋىيە سالاھىيىتى بۇزۇۋېتىلدى، بۇ بوش دىنىي سالاھىيەتلەرمۇ يېڭى مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچەيدى. كۆپ مەنبەلىك ئىجتىمائىي گۇرۇھۋازلىق يوقالغاندىن كېيىن، ھەر قايسى گۇرۇھلار تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى ھەزارەت ئورتاق گەۋدىلىرى بىلەن سالاھىيەتلىنىشكە، دىنغا ئاساسەن ئۆزىگە تەبىر بېرىشكە باشلىدى. بوسنىيىدىكى سېربلار ئەسەبىي سېرب مىللەتچىلىرىگە ئايلىنىپ، «بۈيۈك سېربىيە»، «سېربىيە پراۋوسلاۋىيە دىنىي جەمئىيىتى» ۋە تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى پراۋوسلاۋىيە گەۋدىسى بىلەن سالاھىيەتلەندى. بوسنىيىدىكى كرودلار بولسا، كۈچلۈك كرودىيە مىللەتچىلىرىگە ئايلىنىپ، ئۆزىنى كرودىيە پۇقراسى دەپ قارايدىغان، كاتولىك دىنىنى تەكىتلەيدىغان، ھەمدە كرودىيىدىكى كرودلار بىلەن بىرلىكتە خرىستىئان غەربىي بىلەن سالاھىيەتلەندى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيەت ئېڭىغا كۆچۈشى تېخىمۇ روشەن بولدى. ئۇرۇش باشلىنىپ بولغۇچە، بوسنىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى ناھايىتى دىندىن خالىي ھالەتتە ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ياۋروپالىقلار دەپ قارايتتى ھەمدە كۆپ ھەزارەتلىك بوسنىيە جەمئىيىتى ۋە دۆلىتىنىڭ كۈچلۈك قوللىغۇچىلىرى ئىدى. ئەمما، يۇگوسلاۋىيە پارچىلانغاندىن كېيىن، بۇنىڭدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى. خۇددى كرودلار ۋە سېربلاردەك، 1990- يىلىدىكى سايلامدا مۇسۇلمانلار كۆپ مەنبەلىك جەمئىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان پارتىيىگە قارشى تۇرۇپ، ئىززەت بېگوۋىچ رەھبەرلىك قىلغان مۇسۇلمانلار دېموكراتىيە

پارتىيىسىنى مۇتلەق ھىمايە قىلدى. ئىززەت بېگوۋىچ بىر تەقۋادار مۇسۇلمان، ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلغانلىقى ئۈچۈن كومپارتىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قامالغان. 1970- يىلى نەشر قىلىنغان «ئىسلام خىتابنامىسى» دېگەن كىتابىدا، ئۇ «ئىسلام دىنى بىلەن باشقا غەيرىي ئىسلامچە تۈزۈملەرنىڭ سىغىشالمايدىغانلىقىنى؛ ئىسلام دىنى ۋە غەيرىي ئىسلام جەمئىيىتى سىياسىي تۈزۈملىرى ئارىسىدا، تىنچلىقمۇ بولمايدۇ، بىرگە ئورتاق مەۋجۇت بولۇپمۇ تۇرالمايدۇ»غانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئىسلام ھەرىكىتى يېتەرلىك كۈچەيگەندە، ئۇ چوقۇم ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ بىر ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرىدۇ. بۇ يېڭى دۆلەتتە، ئالاھىدە مۇھىمى مائارىپ ۋە خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى «قىلچە مۇنازىرە سىغمايدىغان ئىسلامنى ئەخلاق ۋە ئىلىم نوپۇزلۇقلىرىنىڭ قولىغا مەركەزلىشىشى كېرەك»⑦.

بوسنىيە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ئىززەت بېگوۋىچ بىر كۆپ ئىرقلىق دۆلەت قۇرۇشنى، بۇنىڭدا گەرچە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ، يېتەكچى گۇرۇھ بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمما، ئۇ ئۆزى ئۇرۇشتا قۇرۇپ چىققان دۆلەتنىڭ ئىسلاملىشىشىغا قارشى تۇرمىدى. ئۇنىڭ «ئىسلام خىتابنامىسى»دىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئېنىق ئاشكارا قىلماسلىق پوزىتسىيىسى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئالاقزادىلىك پەيدا قىلدى. ئۇرۇشنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، قېيپقالغان بەزى سېربلار ۋە كىرودلار كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي ئورگانلارنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلدى. «ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار رايونىدا تېخىمۇ مۇھىملاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ... كۈچلۈك مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتى سىياسىي ۋە دىنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى». بوسنىيىدىكى كۆپ مەنبەلىك ھەزارەت مىللەتچىلىكىگە قارشى مۇسۇلمان مىللەتچىلىكى، تارقىتىش ۋاستىلىرىدا بارغاسېرى ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. مەكتەپتە دىنىي دەرسلىكلەر كۆپەيدى،يېڭى دەرسلىكلەر ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى سۆزلەيدىغان بولدى. بوسنىيە تىلى سېرب تىلى

بىلەن كىرود تىلىغا ئوخشىمايدىغان تىل سۆپىتىدە كېڭىيىشكە باشلىدى ھەم بارغانسېرى نۇرغۇن تۈرك، ئەرەب سۆزلۈكلىرىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ يات مىللەتلەر بىلەن تويلىشىشقا، «تاجاۋۇزچىلار»نىڭ رادىئو نومۇرلىرى ۋە سىرب مۇزىكىلىرىغا قارشى تۇردى. ھۆكۈمەتمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى، خىزمەتكە ئالغاندا ۋە ئۆستۈرىدىغان ۋاقىتتا ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئويلىشىدىغان بولدى. ئەڭ مۇھىمى بوسىنىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىسلاملىشىشى بولدى. 1995- يىلىغىچە مۇسۇلمانلارنىڭ بوسىنىيە ئارمىيىسىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى 90%تىن ئېشىپ كەتتى. بارغانسېرى كۆپ ھەربىيلەر ئىسلام دىنى بىلەن سالاھىيەتلىنىشكە، ئىسلام پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا ھەم مۇسۇلمانچە بەلگىلەرنى تاقاشقا باشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سەر خىل قىسىمنىڭ ئىسلاملىشىشى ئەڭ ئۆزۈل-كېسىل بولدى، ھەم سانىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. بۇ يۈزلىنىش بوسىنىيە ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىس گۇرۇپپىسى ئىچىدىكى ئۈچ ئەزانىڭ (ئىككى كىرود، بىر سىرب) ئىززەت بېگوۋىچقا ئېتىراز بىلدۈرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئەمما ئۇنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى ھەمدە كۆپ مەنبەلىك ھەزارەت خاھىشىغا ئىگە سىرادزىچىنىڭ 1995- يىلى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشىگە سەۋەب بولدى[8].

سىياسىي جەھەتتە، ئىززەت بېگوۋىچنىڭ مۇسۇلمان دېموكراتىيە ھەرىكىتى پارتىيىسى بوسىنىيە دۆلىتى ۋە جەمئىيىتىنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتتى. 1995- يىلىغىچە بۇ پارتىيە «ئارمىيە، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى، ئاممىۋى كارخانىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ بولدى». خەۋەر قىلىنىشىچە: «مۇسۇلمان ئەمەسلەرگۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇ پارتىيىگە تەۋە ئەمەس مۇسۇلمانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بىرەر لايىقىدا خىزمەت تېپىشىنىڭمۇ تەسلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى». ئۇنىڭغا تەنقىدلەش پوزىتسىيىسىدە بولغانلار ئەيىبلەپ: «بۇ پارتىيە

كومپارتىيىنىڭ ئۇدۇمنى ئالغان ئىسلام مۇستەبىتلىكىنىڭ قورالى بولۇپ قالدى»⑨ دېيىشتى. يەنە بىر كۆزەتكۈچى مۇنداق دېدى:

*مۇسۇلمانلارنىڭ مىللەتچىلىكى تېخىمۇ چەكتىن ئاشتى. ئۇلار ھازىر باشقا مىللەتلەرنىڭ كەيپىياتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمايدىغان بولدى، ئىسۇ يېقىندا ئۇستۇنلۇك ئورنىغا ئېرىشكەن مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ بايلىقى، ئىمتىيازى، سىياسىي قورالى بولۇپ قالدى... يېڭى مۇسۇلمانلار مىللەتچىلىكىنىڭ نەتىجىسى مىللەتلەرنىڭ ئوخشاشلىشىپ كېتىش يۈزلىنىشىدۇر.*

*ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى بەلگىلەشتە كونسېرى يېتەكچىلىك ھوقۇقىغا ئېرىشتى*⑩.

ئۇرۇش ۋە ئىرقىي تازىلاش كەلتۈرۈپ چىقارغان دىنىي سالاھىيەتنىڭ كۈچىيىشى، ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ خاھىشى، شۇنداقلا باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلەردىن كەلگەن قوللاش ۋە بېسىم، ئاستا-ئاستا ئەمما روشەن ھالدا، بوسنىيەدىن ئىبارەت بىۋ بالقاندىكى شۋېيتسارىيىنى بالقاندىكى ئىرانغا ئۆزگەرتتى.

ئۆزلۈك سەپ ئۇرۇشىدا، قىزىغان ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز مەدەنىيەت سالاھىيىتىنىلا ئەمەس، قارشى تەرەپنىڭ مەدەنىيەت سالاھىيىتىنىمۇ تەكىتلەيدۇ. رايونلار ئۇرۇشىدا، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنى بىرەر رايون خاراكتېرلىك مىللىي گۇرۇھ بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر مەدەنىيەت بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز، دەپ قارايدۇ. بۇ تەھدىت بىر ئاساسلىق مەدەنىيەتنىڭ ھەر خىل مەنبەلىرى سەۋەبىدىن كېڭىيىپ ياكى كۈچەيگەچكە، مەغلۇبىيەت ئۆزىنىڭلا مەغلۇبىيىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى تەۋە بولغان مەدەنىيەتنىڭ مەغلۇبىيىتى بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇ تەۋە مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ جىددىي تەقەززاسى توقۇنۇشتا ئىتتىپاقلىشىپ ئۇنى قوللاشتۇر. رايون ئۇرۇشلىرىغا دىنىي ئۇرۇش دەپ تەبىر بېرىلدى. مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى، ئىنسانلارنىڭ كۆپ قىسمىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا پراۋوسلاۋىيە دىنى ۋە جەمئىيەتلىرى «روسىيىدىكى باشقا دىنىي

گۇرۇھلارنى سىقىپ چىقىرىۋېتىپ، (ئۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى ئىسلام دىنى) روسىيە مىللىي سالاھىيىتىنىڭ يادرولۇق ئامىلىغا ئايلىنىپ قالغان[11]. رۇسلار تاجىكىستاندا يۈز بەرگەن ئۇرۇقلار ۋە دىنلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشنى ۋە رۇسلار بىلەن چېچەنلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشنى نەچچە ئەسىر ئاۋۋالقى پراۋوسلاۋىيە دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ئارىسىدىكى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك توقۇنۇشنىڭ داۋامى دەپ بىكىتىشىنىڭ ئۆز مەنپەئەتىگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ رايونىدىكى رەقىبلىرى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، جىھاد مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ھەمدە ئىسلامئاباد، تېھران، رىياد، ئەنقەرەنىڭ ۋەكىلىگە ئايلىنىۋاتىدۇ.

سابىق يۇگوسلاۋىيىدە، كىرودلار ئۆزىنى غەربنى پراۋوسلاۋىيە دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدايدىغان باتۇر ئالدىنقى سەپ مۇداپىئەسى دەپ قارايدۇ. سېربلار بوسنىيىدىكى كىرودلار ۋە مۇسۇلمانلارنىلا دۈشمەن دەپ قارىماستىن، يەنە «ۋاتىكان»، «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى» ۋە «نومۇسسىز تۈركلەر»نىمۇ دۈشمەن دەپ قارايدۇ. بىر غەرب دىپلوماتىيە ئەمەلدارى سىرادزىچ دېيدىغان بوسنىيىدىكى سېربلارنىڭ بۇ رەھبىرىنى تىلغا ئالغاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ بۇنى ياۋروپادىكى بىر جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش دەپ قارايدۇ، ھەمدە ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ياۋروپادىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىزلىرىنى تازىلاش مەجبۇرىيىتىمىز بار دەيدۇ»[12]. ئەكسىچە يەنە بوسنىيە مۇسۇلمانلىرى ئۆزىنى ئىرقىي يوقىتىشنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىسى، دىنىي ئېتىقاد تۈپەيلىدىن غەربلىكلەرنىڭ سەل قارىشىغا ئۇچراۋاتىمىز، شۇڭا مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشىمىز كېرەك دەپ قارايدۇ. دېمەك، يۇگوسلاۋىيە ئۇرۇشىدىكى ھەممە تەرەپ ۋە كۆپىنچە تاماشىبىنلار، بۇنى دىنىي ياكى مىللىي ئۇرۇش دەپ قارايدۇ. مىشا . گىللېننى مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «بۇ توقۇنۇش بارغانسېرى دىنىي ئۇرۇشقا ئوخشاپ قالغىلى تۇردى، بۇ دىنلار ياۋروپادىكى ئۈچ چوڭ دىن رۇم كاتولىك دىنى، پراۋوسلاۋىيە

دىنى ۋە ئىسلام دىنى، ئۇلار بوسنىيە بىلەن چېگرىلىنىدىغان بەزى ئىمپېرىيىلەرنىڭ ئېتىقاد مىراسلىرى»[13].

ئۇزۇلۇك سەپ ئۇرۇشىنى مەدەنىيەت توقۇنۇشى دەيدىغان قاراش، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىكى دومىنو قارتىسى نەزەرىيىسىگە يېڭى هاياتىي كۈچ بېغىشلىدى. ئەمما، هەر قايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق دۆلەتلىرى ئۆزىنىڭ رايون توقۇنۇشلىرىدا مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش زۆرۈر دەپ قارىدى. چۈنكى، بۇ مەغلۇبىيەت بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىدىغان بىر قاتار مەغلۇبىيەتلەرنى، ئاخىرىدا بولسا بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. هىندىستان هۆكۈمىتىنىڭ كەشمىر مەسىلىسىگە تۇتقان قاتتىق مەيدانى، ناهايىتى زور دەرىجىدە، ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە دىنىي گۇرۇهلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلىپىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، هىندىستاننىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىدىن بولغان. روسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى كوزىرېي ئاگاهلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر روسىيە تاجىكىستاندىكى سىياسىي زوراۋانلىقنى توختاتمىسا، ئۇ بەلكىم قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستانغا يامرىشى، بۇنىڭ بىلەن روسىيە فېدېراتسىيىسى ئىچىدىكى مۇسۇلمانلار جۇمهۇرىيەتلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك هەرىكەتلىرىگە تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن، هەتتا بەزىلەر مۇنداق كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئاخىرىدا ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى قىزىل مەيداندا پەيدا بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، يېلتسىن مۇنداق دەيدۇ: «ئافغانىستان-تاجىكىستان چېگراسى — ئەمەلىيەتتە روسىيىنىڭ چېگراسى». ياۋروپالىقلار سابىق يۇگوسلاۋىيىگە قۇرۇلغان مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ، مۇسۇلمان كۆچمەنلەر ۋە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىنىڭ كېڭىيىش بازىسى بولۇپ قېلىپ، شىراك تىلغا ئالغان ياۋروپانىڭ «ئىسلاملىشىشى»نى كۈچەيتىۋېتىشىدىن ئەنسىرىدى[14]. كرودىيىنىڭ چېگراسى، ئەمەلىيەتتە ياۋروپانىڭ چېگراسىدۇر.

ئۇرۇك سەپ ئۇرۇشنىڭ ئۆتكۈرلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئىككى تەرەپ كۆچەپ بىر-بىرىنى ئەيىبلەپ، بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر-بىرىنى شەيتان دېيىشىدىغان بولدى. يېلتسىن چېچەن پارتىزانلىرى ھەققىدە سۆزلىگەندە مۇنداق دېدى: «غالجىر ئىتلار چوقۇم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى كېرەك». ھىندونېزىيە گېنېرالى سۇترىسنو 1991- يىلى شەرقىي تىموردا يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىقنى تىلغا ئالغاندا مۇنداق دېدى: «بۇ پەس كىشىلەر چوقۇم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى كېرەك... بىز ئۇلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىمىز». ھازىر تارىختىكى ئالۋاستى قايتا تىرىلدى: كرودلار «ئۇستاشلار»غا، مۇسۇلمانلار «تۈرك»لەرگە، سېربلار «چېتنىكلار»غا ئايلاندى. ئاداۋەت، قىساسچىلىق بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىپ، قىرغىن قىلىش، قىيناش، باسقۇنچىلىق قىلىش، ئاھالىلەرنى ۋەھشىيانە قوغلاپ چىقىرىش ھەقلىق دەپ قارالدى. قارىمۇقارشى ھەزارەتلەرنىڭ مەركىزى سىمۋولى ۋە مەھسۇلاتلىرىمۇ ھۇجۇم نىشانى بولۇپ قالدى. سېربلارمۇ پىلانلىق تۈردە مەسچىت، مۇناستىرلارنى ۋەيران قىلدى، كرودلار بولسا پراۋوسلاۋىيە دىنى موناستىرلىرىنى ۋەيران قىلدى. ھەزارەت قوغداش ئورۇنلىرى بولغان مۇزېي، كۇتۇپخانىلارمۇ ئامان قالمىدى. سىنخالىس بىخەتەرلىك قىسىملىرى ناجاف ئاممىۋى كۇتۇپخانىسىغا ئوت قويۇۋەتتى. تامىل ھەزارىتىگە مۇناسىۋەتلىك «تاپقىلى بولمايدىغان، ھۆججەت ۋە تارىخىي ماتېرىياللار»نى ۋەيران قىلىۋەتتى. سېرب ئەسكەرلىرى سارايېۋودىكى دۆلەتلىك مۇزېينى پارتلىتىپ ۋەيران قىلدى. سېربلار يەنە بوسنىيە بازىرى زىۋورنىكتىكى 40 مىڭ مۇسۇلماننى قىرغىن قىلىۋەتتى ھەم بايىلا ئۇلار ۋەيران قىلىۋەتكەن ئوسمان مۇنارى ئورنىغا بىر كرېست تىكلىدى. بۇ مۇنارنى تۈركلەر 1463- يىلى پراۋوسلاۋىيە دىنى چېركاۋىنى تۈزلىۋەتكەندە سالغانىدى[15]. ھەزارەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشتا، زىيانغا ئۇچرايدىغىنى يەنىلا ھەزارەتتۇر.

## مەدەنىيەتلەرنىڭ يىغىلىشى: تۇغقان دۆلەتلەر ۋە مۇھاجىرلار

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى داۋامىدىكى 40 يىلدا، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقداش، ھەمراھ توپلاپ يەنە بىر دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتنىڭ ھەمراھلىرى، ئىتتىپاقداشلىرىنى ئۆرۈۋېتىش، ئۆزگەرتىش ياكى ئۇنى بىتەرەپ دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇش ھەرىكەتلىرى توقۇنۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. ئەلۋەتتە بۇ خىل رىقابەت 3- دۇنيا ئەللىرىدە ئېغىرراق بولدى، يېڭى قۇرۇلغان، ئاجىز دۆلەتلەر دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەرنىڭ بېسىمىدا يەر شارى خاراكتېرلىك كەڭ كۆلەملىك رىقابەتكە مەجبۇرىي قاتناشتى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا، كۆپ قۇتۇپلۇق ئۆز ئارا توقۇنۇش بىر قوتۇپلۇق دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەر توقۇنۇشىنىڭ ئورنىنى ئالدى. بۇ ئۆز ئارا توقۇنۇشلار ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت گۇرۇھلىرىغا چېتىلغاندا، كۆپىنچە ھاللاردا كېڭىيىپ، كۈچىيىپ كېتىدۇ. توقۇنۇشنىڭ كۆلىمىنى ئۆتكۈرلىشىشىگە ئەگىشىپ، ھەر قايسى تەرەپلەر ئۆز مەدەنىيىتىگە تەۋە دۆلەت-گۇرۇھلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى ئىستەيدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى قوللاش مەيلى ھۆكۈمەتنىڭ ياكى غەيرىي ھۆكۈمەتنىڭ بولسۇن؛ مەيلى ئاشكارا، مەيلى يوشۇرۇن بولسۇن؛ مەيلى ماددىي ياردەم، خادىم يەتكۈزۈپ بېرىش ياكى دىپلوماتىيە ياردىمى بولسۇن؛ ۋە ياكى سىمۋول خاراكتېرلىك ياكى ھەربىي ياردەم بولسۇن، ھەممىسى يەنىلا بىر ياكى بىر نەچچە تۇغقان دۆلەت ياكى گۇرۇھتىن كېلىدۇ. ئۇزۇن سەپ ئۇرۇشى داۋاملاشقان ۋاقىت قانچە ئۇزۇن بولغانسېرى، قوللايدىغان، بېسىم ئىشلىتىدىغان ياكى سالا قىلىدىغان دۆلەتلەر شۇنچە كۆپ بولىدۇ. بۇ خىل «تۇغقان دۆلەتلەر سىندرومى»نىڭ بىر ئاقىۋىتى شۇكى، ئۇزۇن سەپ توقۇنۇشى مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى

توقۇنۇشقا قارىغاندا كۈچىيىش ئېھتىماللىقى تېخىمۇ زور بولىدۇ، ھەمدە مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق بىلەن ئاندىن چەكلىنىدۇ ۋە ئاخىرلىشىدۇ. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغا ئوخشىمايدىغىنى، بۇ خىل توقۇنۇش يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە ئەمەس بەلكى تۆۋەندىن يۇقىرىغا بولىدۇ.

دۆلەت ۋە گورۇھنىڭ ئۆزلۈك سەپ ئۇرۇشىغا قاتنىشىش دەرىجىسى ئوخشاشمايدۇ. بىرىنچى قاتلامدا تۇرىدىغىنى ئاشۇ ئۆز ئارا ئۇرۇش-قىرغىن قىلىشىۋاتقان تەرەپلەر، ئۇلار بەلكىم پاكىستان ۋە ھىندىستان، ئىسرائىلىيە ۋە قوشنا ئەرەب ئەللىرىدىكىدەك دۆلەت بولۇشى مۇمكىن، يەنە بەلكىم دۆلەت ئەمەس يەرلىك گورۇھلار بولۇشى ياكى چوڭ بولغاندىمۇ تۆرەلمە دۆلەتلەر، مەسىلەن: بوسنىيىلىكلەر ئارىسىدىكى ۋە ناگسورنو-قاراباختىكى ئەزەربەيجانلىقلار ۋە ئەرمىنىيىلىكلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئەھۋالدىكىدەك. بۇ خىل توقۇنۇشلار بەلكىم ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن، ئۇلار ئاساسلىق ئۇرۇشقا قاتناشقۇچى تەرەپلەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر، مەسىلەن، سابىق يۇگوسلاۋىيىدىكى سېربىيە ھۆكۈمىتى ۋە كرودىيە ھۆكۈمىتى، كاۋكازدىكى ئەرمىنىيە ھۆكۈمىتى ۋە ئەزەربەيجان ھۆكۈمەتلىرىدەك. توقۇنۇش بىلەن مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يىراقراق بولغان ئۈچىنچى قاتلامدىكى دۆلەتلەر ئەمەلىي ئۇرۇشتىن يىراق دۆلەتلەر بولۇپ، ئۇلار قاتناشقۇچىلار بىلەن مەدەنىيەت ئالاقىسىگە ئىگە. مەسىلەن، سابىق يۇگوسلاۋىيە بىلەن ئالاقىسى بار گېرمانىيە، روسىيە ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى شۇنداقلا، ئەرمىنىيە ئەزەربەيجان ماجىراسىدىكى روسىيە، تۈركىيە، ئىرانلار. بۇ ئۈچىنچى قاتلامدىكىلەر كۆپىنچە ھاللاردا ئادەتتە شۇ مەدەنىيەتنىڭ يادرو دۆلەتلىرى بولىدۇ. ئەگەر بىرىنچى قاتلامدىكىلەرنىڭ سىرتتا مۇھاجىرلىرى بولسا، ئۇلارمۇ ئۆزلۈك سەپ ئۇرۇشىدا رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بىرىنچى قاتلامدا ئادەتتە ئاز كىشىلەر ۋە قوراللار جەڭگە قاتناشقاچقا، يەنە كېلىپ، تاشقى ياردەم

ناھايىتى ئاز بولغاچقا، ھەم بۇ ياردەم مەيلى مالىيە، مەيلى قورال ياكى پىدائىي شەكلىدە تەمىنلەنسۇن، ئۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

توقۇنۇشنىڭ باشقا قاتناشقۇچىلىرىنىڭ پايدا-زىيان مۇناسىۋىتى بىرىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلارنىڭ پايدا-زىيان مۇناسىۋىتىگە باراۋەر بولمايدۇ. بىرىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلارغا ئەڭ سەممىي، ئەڭ ۋۇجۇدىدىن ياردەم بېرىدىغىنى كۆپىنچە سىرتتىكى مۇھاجىرلاردۇر. ئۇلار ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئۆز سالاھىيىتىنى باغلاپ، «كاتولىك دىنىدا پايسىنىمۇ بەك تەقۋادار» بولۇپ كېتىدۇ. ئىككىنچى قاتلام بىلەن ئۈچىنچى قاتلامدىكى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مەنپەئىتى تېخىمۇ مۇرەككەپ. ئۇلارمۇ ھەمىشە بىرىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلارغا، گەرچە ئۇلار ياردەم قىلمىغان تەقدىردىمۇ ياردەم قىلىدۇ، قارشى گۇرۇھلارمۇ ئۇلارنىڭ ياردەم بەرگىنىدىن گۇمانلىنىپ، قارىمۇقارشى گۇرۇھلارنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىغا ياردەم قىلىشىنى تولىمۇ ھەقلىق ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەمما، ئۇرۇشنى چەكلەش ۋە بىۋاسىتە ئارىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىشمۇ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلارغا پايدىلىق. شۇڭا، قوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار بىرىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلارنى چەكلىمەكچى بولىدۇ ھەم ئۇلارنى نىشانىنى تۆۋەنلىتىشكە قىزىقتۇرىدۇ. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلار رايون ئۇرۇشىنىڭ كۈچىيىپ يادرو دۆلەتلىرىمۇ ئارىلىشىپ قالغان تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئۇرۇشقا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇزۇك سەپنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئوخشاش قاتلامدىكىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئۇرۇنىدۇ.


11.1- رەسىم ئۇزۇك سەپ ئۇرۇشىدىكى يوشۇرۇن قاتناشقۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى يىغىنچاقلىغان. ھەممە ئۇزۇك سەپ ئۇرۇشىنىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشى ناتايىن، ئەمما

ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى شۇنداق. مەسىلەن، سابىق يۇگوسلاۋىيە ۋە كاۋكازدىكى ئۇرۇشلار. بۇنىڭدىن باشقا، ئاساسەن دېگۈدەك بارلىق ئۇزۇك سەپ ئۇرۇشى ھەر قايسى قاتلاملارنىڭ ھەممىسى قاتنىشىپ قالىدىغان يوشۇرۇن ئىمكانىيەتكە ئىگە.

مۇھاجىرلار ۋە تۇغقان دۆلەتلەر يا ئۇنداق، يا مۇنداق شەكىللەر بىلەن 90- يىللاردىكى ھەربىر مەيدان ئۇزۇك سەپ ئۇرۇشىغا ئارىلىشىپ قالدى. مۇسۇلمان گۇرۇھلىرىنىڭ بۇ خىل ئۇرۇشلاردىكى ئوينىغان رولى زور بولغانلىقتىن، مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلىرى ئەڭ يۇقىرى نىسبەتتە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، پاكىستان، ئىران، تۈركىيە ۋە لىۋىيە ھۆكۈمەتلىرى ئەڭ ئاكتىپ، جانلىق بولدى. ئۇلار يەنە بەزىدە باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرى بىلەن بىرلىكتە پەلەستىن، لىۋان، بوسنىيە، چېچەن، شىمالىي كاۋكاز، تاجىكىستان، كەشمىر، سۇدان، فىلىپپىن ۋە باشقا غەيرىي مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ياردەم بەردى. ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىدىن باشقا يەنە، بىرىنچى قاتلامدىكى ناھايىتى نۇرغۇن قاتناشقۇچىلار ئىچىدىكى مۇسۇلمانلار گۇرۇھلىرىنىڭ، يەنە تېخى ئافغانىستان جېڭىدىن چېكىنگەن خەلقئارالىق ئىسلامىزم كۆچمە مۇجاھىدلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. بۇ كىشىلەر ئالجىرىيە، چېچىنىيىدىن باشلاپ، فىلىپپىننىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا قەدەر بولغان توقۇنۇشلارغا قاتناشتى. بىر تەھلىلچى مۇنداق دەيدۇ. بۇ خەلقئارالىق كۆچمە ئىسلامىزمچى مۇجاھىدلار «ئەۋەتىلگەن پىدائىيلار قوشۇنىغا قاتنىشىپ، ئافغانىستان، كەشمىر، بوسنىيىدە ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇشنى قوللاپ، ئىسلامغا قارشى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىگە قارىتىلغان تەشۋىقات جېڭىنى، شۇنداقلا سىرتتىكى مۇھاجىرلار ئارىسىدا ئىسلام مەركىزى قۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. بۇ مەركەز ئۇرۇشقا قاتناشقان ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ سىياسىي باش شتابى بولۇپ قالدى»[16]. ئەرەبلەر

ئىتتىپاقى ۋە ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتىمۇ ئۆزىنىڭ ئەزا دۆلەتلىرىنى ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، ئەزا دۆلەتلىرىنىڭ مەدەنىيەتلەر ئارا توقۇنۇشتا مۇسۇلمانلار گۇرۇھلىرىغا ياردەم بېرىش تىرىشچانلىقىنى تەڭشىمەكچى بولدى.

11.1- رەسىم مۇرەككەپ ئۆزۈك سەپ ئۇرۇشىنىڭ قۇرۇلمىسى




ئىزاھات: $A_d$، $B_d$ لار $A$، $B$ ئىككى تەرەپنىڭ مۇھاجىرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلگىرى ئافغانىستان ئۇرۇشىنىڭ بىرىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىسى ئىدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن، روسىيە ئىزچىل چېچەن ئۇرۇشىنىڭ بىرىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىسى، تاجىكىستاندىكى ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىسى، سابىق يۇگوسلاۋىيەدىكى ئۇرۇشىنىڭ ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىسى بولدى. ھىندىستان كەشمىردىكى ئۇرۇشىنىڭ بىرىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىسى بولدى.

سىرىلانكىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئىككىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىسى بولىدى. غەربتىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر يۇگوسلاۋىيە توقۇنۇشىنىڭ ئۈچىنچى قاتلام قاتناشقۇچىسى بولدى. ئىسرائىلىيە بىلەن پەلەستىن ئارىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشتا؛ ئەرمىنىيە، كرودىيە ۋە چېچىنىيىدىكى توقۇنۇشتا، ئىككى تەرەپنىڭ مۇھاجىرلىرى مۇھىم رول ئوينىدى. تېلېۋىزور، فاكس، ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىلىرى ئارقىلىق «ئەسلى ۋەتىنى بىلەن ئالاقە باغلاپ تۇرغاچقا، مۇھاجىرلار مەجبۇرىيەتنى مۇستەھكەم ئۆز ئۈستىگە ئالدى، بەزىدە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش يۈز بەردى. «ئەسلىي ۋەتەن»نىڭ مەنىسى ئاللىقاچان ئىلگىرىكىگە ئوخشىماي قالدى[17].

كەشمىر ئۇرۇشىدا، پاكىستان توپىلاڭچىلارنى ئاشكارا سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىن قوللىدى. پاكىستان ساقچى دائىرىلىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، پاكىستان يەنە زور مىقداردىكى مەبلەغ، قورال بىلەن تەمىنلىگەن ھەم ئۇلارنى تەربىيىلىگەن، ئارقا سەپ ياردىمى ۋە پاناگاھلار بىلەن تەمىنلىگەن، ھەتتا توپىلاڭچىلار ئۈچۈن باشقا مۇسۇلمان ھۆكۈمەتلىرىگە ئاقساقاللىق قىلىپ گەپ قىلىپ قويغان. 1995- يىلىغىچە توپىلاڭچىلارغا ئافغانىستان، تاجىكىستان، سۇدان مۇجاھىدلىرىدىن كەلگەن 1200 ئادەم قوشۇلغان. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشتا ئىشلەتكەن ئامېرىكا تەمىنلىگەن زەھەر تىكەن بەلگىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى ۋە باشقا قوراللار بىلەن قوراللانغان[18]. فىلىپپىندىكى مورو توپىلاڭچىلىرى مالايسىيا تەمىنلىگەن مەبلەغ قوراللارغا ئېرىشكەن، ئەرەب دۆلەتلىرى يەنە تېخى ئايرىم مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن. نەچچە مىڭ توپىلاڭچى لىۋىيىدە مەشىقلەندۈرۈلگەن. ئەشەددىي توپىلاڭچى گۇرۇھ ئەبۇ سەيف تەشكىلاتىمۇ پاكىستان ۋە ئافغانىستاندىكى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن[19]. ئافرىقىدا، سۇدان مۇددەت بەلگىلەپ ئېفىئوپىيىدىكى ئېرىترىيە مۇسۇلمان توپىلاڭچىلىرىغا ياردەم بەرگەن، بۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، ئېفىئوپىيە سۇدان بىلەن

ئۇرۇشۇۋاتقان «خرىستىئان توپىلاڭچىلىرى»غا «ئارقا سەپ ياردىمى بەرگەن ۋە قوراللاندۇرغان». كېيىنكىلەر يەنە ئۇگاندانىڭ شۇنداق ياردىمىگە ئېرىشكەن، بۇ ئۇگاندا بىلەن سۇداندىكى توپىلاڭچىلارنىڭ مەلۇم دەرىجىدە «دىنىي، مىللىي، ئىرقىي باغلىنىشى بار»لىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. يەنە بىر جەھەتتىن، سۇدان ھۆكۈمىتى ئىراندىن 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى جۇڭگودا ياسالغان قوراللارغا ئېرىشتى. ئىراننىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرى ئۇلارغا قىسمىلىرىنى مەشىقلەندۈرۈپ بەردى، شۇلار تۈپەيلىدىن 1992- يىلى توپىلاڭچىلارغا بىر مەيدان زور كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىيالىدى. سۇدان ھۆكۈمىتىنىڭ دېيىشىچە، غەربنىڭ ھەر خىل خرىستىئان دىنىي تەشكىلاتلىرى خرىستىئان توپىلاڭچىلار ئۈچۈن يېمەكلىك، دورا، ھەر خىل بۇيۇم، قوراللار بىلەن تەمىنلىگەن[20].

سىرىلانكىدىكى ھىندىدىنىدىكى تامىل يولۋاس توپىلاڭچىلىرى بىلەن بۇددا دىنىدىكى سىنخالىس ھۆكۈمىتى ئارىسىدىكى ئۇرۇشتا، ھىندىستان ھۆكۈمىتى باشتا توپىلاڭچىلارنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان، جەنۇبىي ھىندىستاندا توپىلاڭچىلارنى مەشىقلەندۈرگەن ھەم ئۇلارغا مەبلەغ، قورال ياردەم قىلغان. 1987- يىلى سىرىلانكا ھۆكۈمەت ئارمىيىسى تامىل يولۋاس تەشكىلاتىنى ئاساسەن يوقىتىۋەتتى، دەپ قارالغاندا، ھىندىستان جامائەتچىلىكى «ئىرقىي يوقىتىش ھەرىكىتى»نى كۈچلۈك ئەيىبلىگەن، شۇنىڭ بىلەن ھىندىستان ھۆكۈمىتى تامىللارغا يېمەكلىك تاشلاپ بەرگەن، «ئەمەلىيەتتە، ھىندىستان زۇڭلىسى جايىۋاردۇ ھىندىستاننىڭ ئۇلارنى تامىل يولۋاس تەشكىلاتىنى قوراللىق يوقىتىشتىن توسماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويغان»[21]. بۇنىڭدىن كېيىن، ھىندىستان بىلەن سىرىلانكا ھۆكۈمىتى بىر كېلىشىم ھاسىل قىلدى. سىرىلانكا تامىللار رايونىغا خېلى يۇقىرى دەرىجىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىدىغان، توپىلاڭچىلار ھىندىستان ئارمىيىسىگە قورال تاپشۇرىدىغان بولدى. ھىندىستان ئارالدا كېلىشىمنىڭ ئىجرا

قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن 50 مىڭ ئەسكەرنى ئارالغا بېرىشقا ئاجراتتى. ئەمما، تامىل يولۋاس تەشكىلاتىدىكىلەر قورال تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى، نەتىجىدە، ھىندىستان تېزلا ئۆزىنىڭ ئىلگىرى قوللىغان پارتىزانلار بىلەن بىر مەيدان پارتىزانلىق ئۇرۇشقا كىرىپ قالدىغانلىقىنى بايقاپ يەتتى. 1988- يىلى ھىندىستان ئارمىيىسى چېكىنىپ چىقتى. 1991- يىلى ھىندىستان زۇڭلىسى راجىۋ گەندى قەستكە ئۇچرىدى. ھىندىستانلىقلار بۇنى بىر تامىل توپىلاڭچىسى قىلدى دەپ بىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ توپىلاڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسى بارغانسېرى دۈشمەنلىشىشكە يۈزلەندى. ئەمما، ھىندىستان ھۆكۈمىتى جەنۇبىي ھىندىستاندىكى 50 مىليون تامىللارنىڭ سىرىلانكىدىكى توپىلاڭچىلارنى قوللىشىنى، ھېسداشلىق قىلىشىنى توسىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. تۆۋەندىكى ئەھۋال بۇ نۇقتىنى ئوبدانلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. تامىل نادو ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارى يېڭى دېھلىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، تامىل يولۋاس تەشكىلاتىنىڭ ئۇلارنىڭ چېگراسىدا ھەرىكەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئەمەلىيەتتە 500 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان دېڭىز قىرغىقىنى «ئەركىن ئىشلەتتى»، ھەمدە تار پالك بوغۇزىدىن ئۆتۈپ سىرىلانكىدىكى توپىلاڭچىلارغا ھەر خىل بۇيۇم، قورال يەتكۈزۈپ بەردى[22].

1979- يىلىدىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى روسسىيە، جەنۇبىدىكى مۇسۇلمان قوشنىسى بىلەن ئۈچ مەيدان مۇھىم ئۆزۈك سەپ ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. 1979- يىلىدىن 1989- يىلىغىچە بولغان ئافغانىستان ئۇرۇشى، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى 1992- يىلىدىكى تاجىكىستان ئۇرۇشى، شۇنداقلا 1994- يىلى باشلانغان چېچىنىيە ئۇرۇشلىرى يۈز بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسى كوممۇنىستىك پارتىيە تاجىكىستاندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. 1992- يىلى ئەتىيازدا، بۇ ھۆكۈمەت ئەلمانىيىچىلەر ۋە ئىسلامىزمچىلارنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان يەرلىك گۇرۇھ ۋە ئاز سانلىق مىللەت گۇرۇھلىرىنىڭ خىرىسىغا ئۇچرىدى. ئافغانىستاندىن قوراللىق قوللاشقا ئېرىشكەن ئۆكتىچىلەر 1992- يىلى 9- ئايدا رۇسپەرەس ھۆكۈمەتنى پايتەخت دۇشەنبىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۆزبېكىستان ۋە روسىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئىشقا كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ يامراپ كېتىشىدىن ئاگاھلاندۇردى. تاجىكىستان چېگراسىدا قالغان 201- ماشىنىلاشقان پىيادىلىكلەر دىۋىزىيىسى ھۆكۈمەتپەرەس كۈچلەرگە قورال بەردى. روسىيە يەنە قىسىم كۆپەيتىپ تاجىكىستان بىلەن ئافغانىستان چېگراسىنى ساقلىدى. 1992- يىلى 11- ئايدا روسىيە، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، روسىيە بىلەن ئۆزبېكىستان بىللە ئەسكەر چىقىرىپ ئارىلاشتى. بۇ ھەرىكەت قارىماققا تىنچلىقنى قوغداش ئۈچۈن بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئىدى. ھەربىي مۇداخىلە ۋە روسىيىنىڭ قورال، مالىيە ياردىمى ئارقىسىدا، ئىلگىرىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئارمىيىسى دۇشەنبىنى قايتۇرۇۋالدى ھەم بۇ دۆلەتنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى كونترول قىلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئىرقىي تازىلاش ئېلىپ بېرىلدى، ئۆكتىچىلەرنىڭ سەرگەردانلىرى ۋە قىسمى ئافغانىستانغا چېكىندى.

ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرى روسىيىنىڭ ھەربىي مۇداخىلىسىگە كۈچلۈك ئېتىراز بىلدۈردى. ئىران، پاكىستان، ئافغانىستانلار كۈنسېرى ئىسلاملىشىپ كېتىۋاتقان ئۆكتىچىلەرگە ئىقتىساد، قورال بەردى ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەپ بەردى. خەۋەر قىلىنىشىچە، 1993- يىلى نەچچە 10 مىڭ ئەسكەر ئافغانىستاندا مەشىق قىلدۇرۇلغان، 1993- يىلى ئەتىياز، يازدا تاجىك توپىلاڭچىلار، ئافغانىستان چېگراسىدىن ئۆتۈپ بىر نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان، نۇرغۇن روسىيە قاراۋۇللىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. روسىيە بۇنىڭغا نىسبەتەن، تاجىكىستاندا ئارمىيىنى كۆپەيتىپ، «ئېغىر زەمبىرەك ۋە مىناميوت بىلەن» ئافغانىستان چېگراسى ئىچىدىكى نىشانلارغا

قاتتىق زەربە بەرگەن ھەم بۇ نىشانلارغا ھاۋادىن ھۇجۇم قىلغان. ئەرەب دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرى توپىلاڭچىلارغا زەھەرلىك تىكەن بەلگىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا سېتىۋېلىپ ھاۋا ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن پۇل بەرگەن. 1995- يىلىغىچە، روسىيە تاجىكىستانغا، 25 مىڭ ئەسكەر كىرگۈزگەن ھەم بۇ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمىتى ئېھتىياجلىق خىراجەتنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقىنى تەمىنلىگەن، توپىلاڭچىلار بولسا، ئافغانىستان ھۆكۈمىتى ۋە باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ئاكتىپ قوللىشىغا ئېرىشكەن. خۇددى بارنېت رۇبىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، خەلقئارا ئورگانلار ياكى غەرب تاجىكىستان ۋە ئافغانىستانغا زۆرۈر ياردەملەرنى بېرەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن تاجىكىستان پۈتۈنلەي روسىيىگە تايىنىشقا مەجبۇر بولدى، ئافغانىستان بولسا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان تۇغقانلىرىغا تايانىدى. «ھەر بىر چەت ئەلنىڭ ياردىمىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئافغانىستان قوماندانى، بۈگۈن ئەرەب دۆلەتلىرىنى ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادا «جىھاد»نى كېڭەيتىشنى ئۈمىد قىلىدىغان پاكىستانلىق خىراجەت چىقارغۇچىلارنى قارشى ئالمىسا ياكى بېرىپ زەھەر سودىسىغا قاتناشمىسا بولمايدىغان بولدى»[23]. روسىيىنىڭ شىمالىي كاۋكازدا چېچەنلەر بىلەن ئېلىپ بارغان 3- مەيدان مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشى، 1992-، 1993- يىللىرى قوشنا پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى ئوستىيانلار بىلەن مۇسۇلمان ئىنگۇشلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشتىن باشلانغانىدى. ئىنگۇشلار، چېچەنلەر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئوتتۇرا ئاسىياغىچە قوغلىۋېتىلگەنىدى. ئوستىيانلار قېپقېلىپ ئىنگۇشلارنىڭ يېرىگە ئىگە بولغانىدى. 1956-، 1957- يىلى قوغلىۋېتىلگەن خەلق قايتىشقا رۇخسەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋە رايوننى كونترول قىلىش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ تۇغۇلدى. 1992- يىلى 11- ئايدا ئىنگۇشلار پىرىگورودى رايوننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھۇجۇم قوزغىدى. (بۇ رايوننى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئوستىيانلارغا بۆلۈپ بەرگەن) روسىيە بۇنىڭغا كەڭ كۆلەمدە ئارىلاشتى،

ھەم كازاك قىسىملىرىنى ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. بىر شاھىت مۇنداق دەيدۇ: «1992- يىلى 11- ئايدا ئوسىتىيە چېگراسى ئىچىدىكى ئىنگۇشلارنىڭ مەھەللىلىرى قورشىۋېلىندى ھەم رۇس تانكىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. زەمبىرەكتىن ئامان قالغانلار يا ئېتىۋېتىلدى، يا تۇتۇپ كېتىلدى». بۇ قېتىمقى زور قىرغىنىنى ئوستىيان ئالاھىدە ساقچى قىسمى ئېلىپ بارغان، ئەمما روسىيىنىڭ بۇ رايونغا «تىنچلىق ساقلاش»قا ئەۋەتىلگەن قىسمى ئۇلارغا ھىماتچى بولۇپ بەرگەن[24]. ئەنگلىيىنىڭ «ئىقتىسادشۇناسلار» ژۇرنىلى مۇنداق دەيدۇ: «ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇنداق زور ۋەيرانچىلىقتا، كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ». بۇ روسىيە فېدېراتسىيىسى ئىچىدىكى «بىرىنچى قېتىملىق ئىرقىي تازىلاش ھەرىكىتى». ئارقىدىنلا، روسىيە بۇ توقۇنۇشتىن پايدىلىنىپ، ئىنگۇشلارنىڭ چېچەن ئىتتىپاقداشلىرىغا ھەيۋە كۆرسىتىپ قويدى، «نەتىجىدە، چېچەنلەر ۋە كۆپ قىسمى مۇسۇلمان كاۋكاز خەلقىنىڭ بىرلىشىپ قوزغىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئىتتىپاق ئەگەر ئۇلار چېچېنىيىدىن چىقىپ كەتمىسە 500 مىڭ پىدائىي ئەۋەتىپ روسىيە ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرىمىز، دەپ تەھدىت سالدى. بىر مەھەل قاتماللىقتىن كېيىن، شىمالدىكى ئوستىيان-ئىنگۇشلار توقۇنۇشىنىڭ پۈتكۈل كاۋكاز رايونىنىڭ توقۇنۇشىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، موسكۋا يول قويدى»[25].

1994- يىلى 12- ئايدا روسىيە چېچېنىيىگە ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي ھۇجۇم قوزغاپ تېخىمۇ شىددەتلىك، تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىككى پراۋوسلاۋىيە دىنى دۆلىتى ئەرمىنىيە ۋە گروزىيە روسىيىنىڭ ھەرىكىتىنى قوللىدى. ئوكرائىنا زۇڭتۇڭى «مۇجمەل گەپ قىلىپ، پەقەت كىرزىسنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا دەۋەت قىلىپ قويدى». روسىيىنىڭ ھەرىكىتى شىمالىي ئوستىيان (پراۋوسلاۋىيە دىنىدا) ھۆكۈمىتى ۋە 55%——60% خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى[26]. بۇنىڭغا سېلىشتۇرما بولىدىغىنى،

روسىيە فېدېراتسىيىسى ئىچى سىرتىدىكى كۆپ قىسىم مۇسۇلمانلار چېچەنلەر تەرەپتە تۇردى. ئىسلام خەلقئارا پىدائىيلىرى دەرھال ئەزەربەيجان، ئافغانىستان، پاكىستان، سۇدان قاتارلىق جايلاردىن ياردەمگە كەلدى. مۇسۇلمان دۆلەتلىرى چېچىنىيىنى قوللىدى، ھەتتا ئېيتىلىشىچە، تۈركىيە ۋە ئىران ماددىي ياردەم بەرگەن. بۇ ئىش روسىيىنىڭ ئىران بىلەن يارىشىپ قېلىش ئارزۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. چېچىنىيىگە بېرىلگەن قورال ئەزەربەيجان چېگراسىدىن روسىيە فېدېراتسىيىسىگە توختىماي كىرىشكە باشلاپ، روسىيە ئەزەربەيجان بىلەن تۇتاش چېگراسىنى ئېتىشكە مەجبۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن چېچىنىيىگە توشۇلىدىغان دورا ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئۈزۈپ تاشلىدى[27].

روسىيە فېدېراتسىيىسى چېگراسىدىكى مۇسۇلمانلار بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ چېچىنىيىنىڭ ھەرىكىتىنى قوللىدى. گەرچە پۈتۈن كاۋكاز مۇسۇلمانلىرىنى روسىيىگە قارشى جىھادقا چاقىرىق قىلغانلىقنىڭ ئۈنۈمى بولمىغان بولسىمۇ، يەنىلا ۋولگا-ئۇرال رايونىدىكى ئالتە جۇمھۇرىيەتنىڭ رەھبەرلىرى روسىيىنى دەرھال ھەربىي ھەرىكىتىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى، كاۋكازدىكى ھەر قايسى مۇسۇلمان جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى خەلقنى روسىيە ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنماسلىق ھەرىكىتىگە چاقىردى. چۇۋاش جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى چۇۋاشلاردىن ئارمىيىگە قاتناشقانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا قارىتىلغان ھەربىي ھەرىكەتكە قاتناشماسلىققا قوشۇلدى. «ئۆزۈشقا بولغان ئەڭ كۈچلۈك قارشىلىق» چېچىنىيىنىڭ ئىككى قوشنا جۇمھۇرىيىتى — ئىنگۇش جۇمھۇرىيىتى بىلەن داغىستان جۇمھۇرىيىتىدە يۈز بەردى. ئىنگۇشلار رۇس ئارمىيىسى چېچىنىيىگە مېڭىش ئالدىدا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى، ھەتتا روسىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى، ئىنگۇش ھۆكۈمىتى «ئەمەلىيەتتە روسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى» دېدى. داغىستاندىمۇ روسىيە ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ۋەقەلەر يۈز بەردى. رۇسلار

ئىنگۇش، داغىستان يېزىلىرىغا زەمبىرەك ئېتىپ، قايتۇرما زەربە بەردى[28]. چېچەنلەر قىزىلىيار شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، روسىيە ئارمىيىسى 1996- يىلى بىرىنچى ئايدا پېرۋوماسكو يېزىسىنى تۈزلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن داغىستانلىقلارنىڭ رۇسلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

چېچىنىيىنىڭ ئىشلىرىمۇ چېچەن مۇساپىرلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۇلار 19- ئەسىردە روسىيىنىڭ كاۋكازغا قىلغان تاجاۋۇزى تۈپەيلىدىن يۇرتىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. مۇھاجىرلار مەبلەغ توپلاپ، قورال سېتىۋېلىپ بەردى ھەمدە يەنە پىدائىيلارنىمۇ يەتكۈزۈپ بەردى. نۇرغۇن چېچەن مۇجاھىدلىرى ئىئوردانىيە ۋە تۈركىيىدە تۇراتتى، شۇ سەۋەبتىن ئىئوردانىيە روسىيىگە قاتتىق مەيدان تۇتۇشقا، تۈركىيىمۇ چېچەنلەرنى قوللاشنى خالاشقا باشلىدى. 1996- يىلى بىرىنچى ئايدا، ئۇرۇش ئۇتى تۈركىيىگە تۇتاشقاندا، تۈركىيە جامائەتچىلىكى چېچەن مۇجاھىدلىرىنىڭ رۇس پاراخوتلىرى ۋە ئادەملىرىنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىشىغا ھېسداشلىق قىلدى. چېچەن رەھبەرلىرىنىڭ ياردىمىدە، تۈركىيە ھۆكۈمىتى ۋە روسىيە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ كرىزىسنى ھەل قىلىش ھەققىدە بىر كېلىشىم ھاسىل قىلدى، ئەمما ئىككى تەرەپنىڭ ئاللىقاچان جىددىيلىشىپ قالغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋەتتى.

چېچىنىيە توقۇنۇشىنىڭ داغىستانغا يامرىشى، روسىيىنىڭ قايتۇرغان ئىنكاسى، شۇنداقلا 1996- يىلدىكى پاراخوتنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىش ۋەقەسى بۇ توقۇنۇشنىڭ روسىيە بىلەن كاۋكاز خەلقى ئارىسىدىكى 19- ئەسىردە نەچچە ئون يىل داۋاملاشقان ئۇرۇش لىنىيىسىنى بويلاپ ئېلىپ بېرىلغان توقۇنۇشنىڭ، بىر ئومۇميۈزلۈك توقۇنۇشقا ئايلىنىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىنى روشەنلەشتۈرۈپ بەردى. فىئوناخىل 1995- يىلى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «شىمالىي كاۋكاز بىر پىلتە، ئۇ يەردە، ھەر قانداق بىر جۇمھۇرىيەتتە يۈز بەرگەن توقۇنۇشنىڭ روسىيە فېدىراتسىيىسىنىڭ باشقا

جايلىرىغىمۇ يامراپ، گروزىيە، ئەزەربەيجان، تۈركىيە، ئىران، شىمالىي كاۋكازدىكى مۇھاجىرلارنىمۇ تارتىپ كىرىپ، كېتىندىغان بىر مەيدان رايون خاراكتېرلىك ئوتقا ئايلىنىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار. خۇددى چېچېنىيىدىكى ئەھۋال كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك بۇ رايوندىكى توقۇنۇشنى كونترول قىلىش ئاسان ئىش ئەمەس... ئۇ يەردىكى ئۇرۇش ئوتى ئاللىقاچان چېچېنىيىگە قوشنا جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئىچىگە يامراپ كەتتى». بۇ قاراشقا قوشۇلىدىغان بىر رۇس تەھلىلچىسى مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «غەيرىي رەسمىي ئىتتىپاق» دەل مەدەنىيەت لىنىيىسىنى بويلاپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. «خرىستىئان دىنىدىكى گروزىيىلىكلەر، ئەرمېنىيىلىكلەر، ناگورنو-قاراباخلىقلار ۋە شىمالىي ئوسېتىيانلارغا تاقابىل تۇرۇۋاتىدۇ». تاجىكىستاندا ئۇرۇشقا قاتناشقان رۇسلار «مۇسۇلمانلار دۇنياسى بىلەن ئۆزئاقىچە قارشىلىشىپ قالىدىغان بىر خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىۋاتىدۇ»[29].

پراۋوسلاۋىيە مۇرىتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى يەنە بىر مەيدان ئۆزۈك سەپ ئۇرۇشىدا، بىرىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلار ناگورنو-قاراباختىكى ئەرمېنىيىلىكلەر بىلەن ئەزەربەيجان ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى. ئەرمېنىيىلىكلەر ئەزەربەيجاندىن مۇستەقىل بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ئىككىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلار ئەرمېنىيە ھۆكۈمىتى، ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلار روسىيە، تۈركىيە، ئىران. بۇنىڭدىن باشقا، غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى زور تۈركۈمدىكى ئەرمەن مۇھاجىرلىرىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇرۇش سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىشتىن ئاۋۋال، 1988- يىلى باشلىنىپ، 1992-، 1993- يىللىرى ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى، 1994- يىلى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن ئاندىن تىنچىدى. تۈركىيە ۋە باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئەزەربەيجاننى قوللىدى، روسىيە ئەرمېنىيىنى قوللىدى ھەم ئۆزىنىڭ ئەرمەنلەرگە بولغان تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، تۈركىيىنىڭ ئەزەربەيجاندىكى كۈچىگە قارشى تۇردى. بۇ ئۇرۇش نەچچە يۈز يىل ئاۋۋالقى رۇس ئىمپېرىيىسى بىلەن ئوسمان

ئىمپېرىيىسىنىڭ قارا دېڭىز رايونى ۋە كاۋكازنى كونترول قىلىشنى تالاشقان ئۇرۇشى ۋە 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرمەنلەرنىڭ تۈركلەرگە ئېلىپ بارغان زور قىرغىنىنىڭ ئەمدىكى داۋامى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئۇرۇشتا، تۈركىيە ئىزچىل ئەرمەنلەرگە قارشى تۇرۇپ ئەزەربەيجانلىقلارنى قوللاپ كەلدى، تۈركىيە ئەزەربەيجاننىڭ مۇستەقىللىقىنى باشتا قوللىغان دۆلەت. پۈتكۈل توقۇنۇشتا، تۈركىيە ئەزەربەيجانغا ئىقتىسادىي-ماددىي ياردەم يەتكۈزۈپ بەردى ھەم ئۇلارنىڭ ئارمىيىسىنى مەشىق قىلدۇرۇپ بەردى. 1991- ، 1992- يىللىرى زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە، شۇنداقلا ئەرمەنلەرنىڭ ئەزەربەيجان تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، تۈركىيىلىكلەرنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى، بېسىمغا دۇچ كەلگەن تۈركىيە ھۆكۈمىتى مىللىي-دىنىي قېرىنداشلىرىنى قوللاشقا باشلىدى. ئەمما، تۈركىيەمۇ بۇنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار ئارىسىدىكى پەرقنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ قويۇپ، غەربنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەرمىنىيىنى قوللىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ھەم شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدىكى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلدى. شۇڭا، تۈركىيە ئىككىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلار ئەزەلدىن ئۇچرايدىغان كۆپ خىل بېسىمغا دۇچ كەلدى. ئەمما، تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئەزەربەيجاننى قوللاپ، ئەرمىنىيىگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئۆزىگە پايدىلىقلىقىنى بايقىدى. بىر تۈركىيە ئەمەلدارى مۇنداق دەيدۇ: «قېرىنداشنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا، سېنىڭ بەخىرامان تۇرالىشىڭ مۇمكىن ئەمەس». يەنە بىر ئەمەلدار تولۇقلاپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز بېسىم ھېس قىلدۇق، گېزىتلىرىمىز بۇ ۋەھشىيانە زوراۋانلىقلارنىڭ رەسىمى بىلەن تولۇپ كەتتى... بەلكىم بىز ئەرمىنىيىلىكلەرگە بۇ رايوندا بىر كۆچلۈك تۈركىيىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەكتۇ؟». ۋۇگىتسوڭ ئۆزەل مۇنداق دەيدۇ: تۈركىيە «ئەرمەنلەرنى ئازـتولا قورقۇتۇپ قويۇشى كېرەك». تۈركىيە بىلەن ئىران ئەرمىنىيىلىكلەرنى

چېگرىدا ھەر قانداق ئۆزگىرىش بولۇشقا يول قويمايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردى. ئۆزەل تۈركىيىدىن ئۆتۈپ ئەرمېنىيىگە توشۇلىدىغان ئاشلىق ۋە باشقا بۇيۇملارنى توسۇۋېلىپ، 1992- يىلى ۋە 1993- يىلى قىشتا ئەرمېنىيىلىكلەر ئاچلىقتا قالدى. شۇنىڭ بىلەن، رۇس مارشالى يېۋگېنىي شاپوشنىكوۋ ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر يەنە بىر تەرەپ (تۈركىيە) ئارىلىشىپ قالسا (ئۇرۇشقا) ؛ ئۇنداقتا بىز ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ گىرۋىكىدىلا تۇرۇپ قالىمىز». بىر يىلدىن كېيىن، ئۆزەل يەنىلا ئاۋۋالقىدەك ئۇرۇشخۇمار ھالەتتە ئىدى. ئۇ مەسخىرە قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەرمېنىيىلىكلەر نېمە قىلالايتتى؟ ئەگەر ئۇرۇشۇپ قالساق... ئۇلار تۈركىيىگە كىرەلەمدۇ؟» تۈركىيە «ئۇلارغا ئازراق تېتىتىپ قويىدۇ»⑳.

1993- يىلى ياز ۋە كۈزدە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ئەرمەنلەر ئىران چېگراسىغا يېقىنلاشتى. بۇ تۈركىيە ۋە ئىراننى تېخىمۇ غىدىقلاپ قويدى. بۇ ئىككى دۆلەت ئەزەربەيجان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە تەسىر تالىشىۋاتاتتى. تۈركىيىمۇ، ھۇجۇم تۈركىيىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالدى، دەپ جاكارلاپ، ئەرمېنىيە قىسىملىرىنى «دەرھال، شەرتسىز» ئەزەربەيجاندىن چېكىنىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە تۈركىيە-ئەرمېنىيە چېگراسىغا قوشۇن يۆتكىدى. دوكلات قىلىنىشىچە، روسىيە ۋە تۈركىيە ئارمىيىسى چېگرىدا ئوت ئېچىشقان. تۈركىيە زۇڭلىسى تاڭسۇ چىللېر ئەگەر ئەرمېنىيە ئارمىيىسى تۈركىيىنىڭ قوشنىسى ئەزەربەيجاننىڭ نەخشىۋەنگە كىرسە ئۇرۇش ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئىرانمۇ ئەزەربەيجانغا ئارمىيە ئەۋەتتى، ھەم بۇ رايونغا كىردى، ئېيتىلىشىچە، ئۇلار ئەرمېنىيىلىكلەرنىڭ تاجاۋۇزى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان مۇساپىرلارغا پاناھجاي قۇرۇپ بەرگىلى كىرگەن. ئېيتىلىشىچە، ئىراننىڭ ھەرىكىتى تۈركىيىلىكلەرنى، ئىرانلىقلار خېلى ھەرىكەت قوللانسىمۇ، روسىيىنىڭ ئۈچ ئېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈش ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن

بىر ۋاقىتتا بۇ ئىشلار تۈركىيىنىڭ ئەزەربەيجانلىقلارنى قوغداشتا، ئىران بىلەن رىقابەتلىشىشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ كرىزىس ئەڭ ئاخىرىدا، تۈركىيە، ئەرمىنىيە، ئەزەربەيجان رەھبەرلىرىنىڭ موسكۋادا ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى، شۇنداقلا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەرمىنىيىگە بېسىم ئىشلىتىشى، ئەرمىنىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يەنە ناگورنو-قاراباختىكى ئەرمەنلەرگە بېسىم ئىشلىتىشى ئارقىلىق، ئاندىن تىنچىدى[31].

تېررىتورىيىسى كىچىك، بايلىقى كەمچىل، ھەمدە ئۆزىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان تۈركىيە بىلەن چېگرىداش ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلىتىدە ياشايدىغان ئەرمەنلەر، تارىختا ئەزەلدىن پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى تۇغقانلىرى گرۇزىيە ۋە رۇسلارنىڭ ھىمايىسىنى ئىستەپ كەلگەن، بولۇپمۇ روسىيىنى ئاكىسى دەپ بىلگەن. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ناگورنى-قاراباختىكى ئەرمەنلەر مۇستەقىللىق ھەرىكىتى قوزغاشقا باشلىدى، گورباچېۋ ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى ھەم ئەسكەر ئەۋەتىپ، بۇ رايوندىكى كومپارتىيە ھاكىمىيىتىگە سادىق دەپ قارىلىدىغان باكۇ ھۆكۈمىتىنى قوللىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، يۇقارقى كۆڭۈل بۆلۈش، تېخىمۇ ئۇزاققا سوزۇلغان، تارىخ، ھەزارەت جەھەتتىكى كۆڭۈل بۆلۈشكە ئورۇن بوشاتتى، روسىيە خرىستىئان ئەرمەنلەرنى قوللاشقا باشلىدى. ئەزەربەيجان بۇنى ئەيىبلەپ، «روسىيىنىڭ پوزىتسىيىسىدە 180 گرادۇس بۇرۇلۇش ھاسىل بولدى» دېدى. ئەمەلىيەتتە، رۇس ھەربىيلىرىنىڭ ئەرمىنىيىنى قوللىشى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى ئىچىدە بالدۇرلا مەۋجۇت ئىدى. ئارمىيىدىكى ئەرمەنلەرنىڭ ئۆسۈش پۇرسىتى مۇسۇلمانلارنىڭكىدىن كۆپ ئىدى ھەم ھەمىشە ئۇرۇش قىسىملىرىغا ئەۋەتىلەتتى. ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، رۇس ئارمىيىسىنىڭ ناگورنو-قاراباختىنى بازا قىلغان 336- ماشىنىلاشقان پىيادىلىكلەر پولكى ئىچىدىكى ئەرمەنلەر خوجالىغا ھۇجۇم قىلىشتا

يېتەكچىلىك رول ئوينىدى. ئىپتىلىشىچە شۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە 1000 نەپەر ئەزەربەيجانلىق قىرغىن قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، روسىيىنىڭ ئالاھىدە قىسىمى ئۇرۇشقا قاتناشتى. 1992-، 1993- يىلى قىشتا، ئەرمېنىيە تۈركىيىنىڭ ئىمبارگوسىغا ئۇچرىغاندا، ئۇ «روسىيىدىن نەچچە يۈز مىليون رۇبلى قەرزگە ئېرىشەلىگەچكە، ئىقتىسادى ئومۇمىيۈزلۈك ۋەيران بولۇشتىن ساقلىنىپ قالغان». شۇ يىلى قىشتا، رۇس ئارمىيىسى ئەرمېنىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەرمېنىيە بىلەن ناگورنو-قاراباخنى تۇتاشتۇرىدىغان كارىدورنى ئېچىش ھەرىكىتىگە قاتناشتى. خەۋەر قىلىنىشىچە، روسىيىنىڭ بىر 40 تانكىلىق قوراللانغان قىسمى، 1993- يىلى يازدا قاراباخ ھۇجۇمىغا قاتناشقان[32]. ئەرمېنىيىگە نىسبەتەن خۇددى خىل ۋە جېۋىت ئېيتقىنىدەك: «روسىيە بىلەن يېقىن ئىتتىپاقلاشماقتىن باشقا يول يوق، ئۇ خام ئەشيا، ئېنېرگىيە بايلىقى، يېمەك-ئىچمەك جەھەتلەردە، ھەم يەنە ئەزەربەيجان، تۈركىيىدەك تارىختىي كۆشەندىلىرىدىن مۇداپىئەلىنىشتە روسىيىگە تايىنىدۇ. ئەرمېنىيە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي، ھەربىي كېلىشىملىرىنى ئىمزالىدى ھەم روسىيىنىڭ ئەرمېنىيە تېررىتورىيىسى ئىچىدە قوشۇن تۇرغۇزۇشىغا قوشۇلدى. روسىيىنى رازى قىلىش ئۈچۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەقىل-بىلىم ھوقۇقىغا قارىتىلغان بارلىق تەلەپلىرىدىن ۋاز كەچتى[33].

روسىيىنىڭ ئەرمەنلەرنى قوللىشى، ئۇلارنىڭ ئەزەربەيجانلىقلارغا بولغان تەسىرىنى كۈچەيتتى. 1993- يىلى 6- ئايدا، ئەزەربەيجاندىكى مىللەتچىلەر رەھبىرى ئەبۇلفەيز ئەلچىباي بىر قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشتە تەختتىن چۈشۈرۈلدى ھەم رۇسپەرەس دەپ قارىلىدىغان سابىق كومپارتىيە رەھبىرى ھەيدەر ئەلىيېۋ ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئەلىيېۋ ئەرمەنلەرنى چەكلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، روسىيىگە ياخشىچاق بولۇش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ ئەزەربەيجاننىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىگە قاتنىشىشىنى رەت قىلىش

پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى ھەمدە روسىيىنىڭ ئەزەربەيجاندا قوشۇن تۇرغۇزۇشىغا رۇخسەت قىلدى. ئۇ يەنە روسىيىنىڭ ئەزەربەيجان نېفىتلىكىنى ئېچىش خەلقئارا ھەمكارلىقىغا قاتناشتى. روسىيە بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇش يۈزىسىدىن ئەزەربەيجاننىڭ قىسىملىرىنى مەشىق قىلدۇرۇپ بېرىشكە باشلىدى، ئەرمەنلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ، قاراباختىكى قوراللىق كۈچلەرنى قوللاشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى ھەم ئەزەربەيجاندىن قوشۇن چېكىندۇرۇشكە نەسىھەت قىلدى. قوللاشنى بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە ئاغدۇرۇش ئارقىلىق، روسىيمۇ ئەزەربەيجانغا تەسىر يۈرگۈزەلىدى، ھەم بۇ دۆلەتتىكى ئىران بىلەن تۈركىيىنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرالىدى. شۇڭا، روسىيىنىڭ ئەزەربەيجاننى قوللىشى، ئۇنىڭ كاۋكاز رايونىدىكى مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن ئىتتىپاقدىشىنىڭ كۈچىنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، يەنە تېخى ئۇنىڭ بۇ رايوندىكى ئاساسلىق مۇسۇلمان رەقىبلىرىنى ئاجىزلاشتۇردى.

روسىيىدىن باشقا، ئەرمىنىيە ئېرىشكەن ئاساسلىق قوللاش غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان نۇرغۇن باي، تەسىرى زور ئەرمەن مۇھاجىرلىرىدىن كەلدى. ئامېرىكىدا 1 مىليون، فرانسىيىدە 450 مىڭ ئەرمەن بار. ئۇلار ئەرمىنىيىلىكلەرنىڭ تۈركىيىنىڭ قامىلى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان كرىزىستىن ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن پۇل-تۇرمۇش بۇيۇملىرى يەتكۈزۈپ بەردى ھەم ئەرمىنىيە ھۆكۈمىتىگە خادىم، ئارمىيىگە پىدائىي تەمىنلەپ بەردى. ئامېرىكىدىكى ئەرمەنلەردىن كەلگەن ياردەم 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 50 مىليوندىن 75 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغىچە يەتتى. ئەرمەنلەرنىڭ مۇھاجىرلىرى ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىگە خېلى زور سىياسىي تەسىر كۆرسەتتى. ئەرمەنلەرنىڭ ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ توپى كالىفورنىيە، ماسساچۇستىت، يېڭى جېرسىي دېگەندەك مۇھىم شىتاتلاردا ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ تەسىرى ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ئەزەربەيجانغا ھەر قانداق ياردەم بېرىشىنى

چەكلىتەلىدى، ھەم ئەرمىنىيىنى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئامېرىكا تەمىنلەيدىغان ياردەم سوممىسى ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەتكە ئايلاندۇرالىدى. چەت ئەلدىن ئېرىشىدىغان ياردەم ئەرمىنىيىگە كەم بولسا بولمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ «كاۋكازدىكى ئىسرائىلىيە» دەيدىغان تولىمۇ لايىقىدا بىر لەقەمگە ئېرىشتى[34].

خۇددى 19- ئەسىردە روسىيىنىڭ شىمالىي كاۋكازنى بېسىۋېلىشى، ھازىر چېچەنلەرنىڭ روسىيىگە قارشى تۇرۇشىنى قوللاۋاتقان مۇھاجىرلارنى پەيدا قىلغىنىدەك، 20- ئەسىرنىڭ بېشىدا، تۈركلەرنىڭ ئەرمەنلەرگە ئېلىپ بارغان قىرغىنى ھازىر ئەرمەنلەرنىڭ تۈركلەرگە قارشى تۇرغۇزالايدىغان، ئەزەربەيجانلىقلارنى مەغلۇپ قىلدۇرالايدىغان ئەرمەن مۇھاجىرلىرىنى پەيدا قىلدى.

سابىق يۇگوسلاۋىيە رايونى 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ قالايمىقان، ئەڭ ئومۇميۈزلۈك ئۈزۈلۈك سەپ ئۇرۇشىنىڭ سورۇنى بولۇپ قالدى. بىرىنچى قاتلامدا كرودىيە ھۆكۈمىتى بىلەن كرودلار كرودىيىدىكى سېربلار بىلەن كرودىيىدە ئوت ئېچىشتى؛ بوسنىيە-گېرتسوگوۋىنادا بوسنىيە ھۆكۈمىتى بوسنىيە سېربلىرى ۋە بوسنىيە كرودلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى، ھەتتا كېيىنكى ئىككىسىمۇ ئۆز ئارا ئوت ئېچىشتى. ئىككىنچى قاتلامدا سېربىيە ھۆكۈمىتى بوسنىيە ۋە كرودىيىدىكى سېربلارغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق «بۈيۈك سېربىيە»نى ئىلگىرى سۈردى؛ «بۈيۈك كرودىيە» قۇرۇشقا ئىنتىزار كرودىيە ھۆكۈمىتى بوسنىيىدىكى كرودلارنى قوللىدى. ئۈچىنچى قاتلامدا ھەر قايسى مەدەنىيەتلەر توپلاندى. گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، ۋاتىكان، باشقا ياۋروپا خرىستىئان دىنى دۆلەتلىرى ۋە گۇرۇھلىرى يەنە كېيىن كەلگەن ئامېرىكىلار كرودىيە تەرەپتە تۇردى؛ روسىيە، گرېتسىيە، باشقا پراۋوسلاۋىيە دىنى دۆلەتلىرى ۋە گۇرۇھلىرىنى سېربلارنى قوللىدى. ئىران، سەئۇدى، تۈركىيە، لىۋىيە، خەلقئارالىق ئىسلامىزمچىلار ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى بوسنىيىدىكى مۇسۇلمانلارنى ئومۇميۈزلۈك

قوللىدى. مۇسۇلمانلار يەنە ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇ تۇغقان دۆلەتلەر تۇغقان دۆلەتلەرنى قوللايدىغان ئەندىزىنى بۇزۇۋەتكەن ئايرىم ھادىسە. كرودىيىنىڭ، گېرمانىيە، بوسنىيە، تۈركىيىدىكى مۇھاجىرلىرى ھەرىكەتلىنىپ ئۆزىنىڭ ئانا دۆلىتىنى قوللىدى. بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ قوللىشى ئىچىدە، دىنىي جەمئىيەت ۋە دىنىي گۇرۇھلار ھەممىدىن جانلىق بولدى. ئاز دېگەندىمۇ گېرمانىيە، تۈركىيە، روسىيە ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھەرىكىتى جەمئىيەتتىكى بەزى گۇرۇھلارنىڭ بېسىمى ۋە جامائەت پىكرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قاتلامدىكىلەرنىڭ قوللىشى ئۇرۇشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. كرودىيە ھۆكۈمىتى ۋە سېربىيە ھۆكۈمىتى باشقا جۇمھۇرىيەتلەردە ئۇرۇشقا قاتنىشۋاتقان مىللەتداشلىرىغا قورال، ھەر خىل تەمىنات، پۇل يەتكۈزۈپ بەردى ھەم پاناھلاندۇردى. بەزىدە قوراللىق قىسىممۇ ئەۋەتىپ بەردى. سېربلار، كرودلار ۋە مۇسۇلمانلار سابىق يۇگوسلاۋىيىنىڭ سىرتىدىكى ھەزارەت تۇغقانلىرىدىن پۇل، قورال-ياراغ، تەمىنات، پىدائىي، ھەربىي مەشىق ئۇسۇللىرىغا، شۇنداقلا سىياسىي، دىپلوماتىيە جەھەتتە قوللاشلىرىغا ئېرىشتى. بىرىنچى قاتلامدىكى ھۆكۈمەت قارىمىقىدا بولمىغان سېربلار ۋە كرودلار ئادەتتە ئەڭ ئەسەبىي مىللەتچىلەر، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەلىپىدە قىلچە يول قويمايدۇ، مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قورال ئىشلىتىشتىن يانمايدۇ. ئىككىنچى قاتلامدىكى كرودىيە ھۆكۈمىتى ۋە سېربىيە ھۆكۈمىتى، ئەڭ دەسلەپتە بىرىنچى قاتلامدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان تۇغقانلىرىنى قىزغىن قوللىغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى ھەر خىل مەنپەئەتلەر ئۇلارنىڭ مۇرەسسە ۋە چەكلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۈچىنچى قاتلامدىكى روسىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرىمۇ ئىزچىل ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان ئىككىنچى قاتلامدىكى ھۆكۈمەتلەردەك چەكلەش، مۇرەسسە پوزىتسىيىسىنى تۇتتى.

يۇگوسلاۋىيىنىڭ پارچىلىنىشى 1991- يىلىدىن باشلاندى. ئۇ چاغدا سىلوۋېنىيە بىلەن كرودىيە مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۆرىشىۋاتقان ھەم غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشىنى ئىستەۋاتقانىدى. غەربنىڭ ئىنكاسى گېرمانىيىگە باغلىق ئىدى. ۋەھالەنكى، گېرمانىيىنىڭ ئىنكاسى بولسا زور دەرىجىدە ئۇنىڭ بىلەن بولغان كاتولىك دىنى ئالاقىسىگە باغلىق ئىدى. بونن ھۆكۈمىتى گېرمانىيىدىكى كاتولىك دىنى گۇرۇھلىرى، ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھەمراھى باۋارىيە خرىستىئان دىنى ئىجتىمائىي ئىتتىپاقى، «فرانكفورت دوكلاتى» ۋە باشقا ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ بېسىمىدا ھەرىكەت قوللاندى. بولۇپمۇ باۋارىيە ئاخبارات ۋاستىلىرى ئاممىنى قوزغىتىپ كرودىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللاش ئېتىراپ قىلغۇزۇش جەھەتتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. فىلورا لۇيس مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «باۋارىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ناھايىتى مۇتەئەسسىپ باۋارىيە ھۆكۈمىتى، شۇنداقلا كرودىيە دىنى جەمئىيىتى بىلەن زىچ ئالاقىسى بار، كۈچلۈك ھەم پوزىتسىيىسى قەتئىي باۋارىيە كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ غايەت زور بېسىمىغا ئۇچرىدى. ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، پۈتۈن دۆلەتكە قىزغىنلىق بىلەن خەۋەر قىلدى ھەمدە خەۋەردە يان بېسىش بەكلا ئېغىر بولدى». گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئىككى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش جەھەتتە ئىككىلىنىپ قالدى، ئەمما گېرمانىيە جەمئىيىتىنىڭ بېسىمىدا باشقىچە تاللاشقا يول بولمىدى. «گېرمانىيىدە، كرودىيىنى ئېتىراپ قىلىشنى قوللاش ھۆكۈمەتنىڭ كۈچى بىلەن ئەمەس جامائەت پىكرى بىلەن قوزغالغانىدى». گېرمانىيە ئاۋۋال ياۋروپا ئىتتىپاقىغا بېسىم ئىشلىتىپ، سىلوۋېنىيە ۋە كرودىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللاشنى تەلەپ قىلدى، ئاندىن بۇ مەسىلىدە خاتىرجەم بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزى ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن بۇرۇن 1991- يىلى 12- ئايدا يالغۇز بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. بىر گېرمانىيە ئالىمى 1995- يىلى مۇنداق دەيدۇ: «پۈتكۈل توقۇنۇشتا،

بونىن كرودىيە ۋە ئۇنىڭ رەھبىرى فىرانجو تۇجماننى گېرمانىيىنىڭ تاشقى سىياسىتىدىكى مەلۇم قوغداش نىشانى قىلدى، گەرچە كرودىيىنىڭ تولا تۇتۇرۇقسىز ئىشلىرى كىشىنى غەزەپلەندۈرسىمۇ، ئەمما يەنىلا گېرمانىيىنىڭ قەتئىي قوللىشىغا ئېرىشتى»[35].

ئاۋستىرىيە ۋە ئىتالىيە ئارقىدىنلا بۇ ئىككى يېڭى دۆلەتنى ئېتىراپ قىلدى، ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا غەرب دۆلەتلىرى ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا ئېتىراپ قىلدى. ۋاتىكانمۇ بۇ ئىككى دۆلەتنى ئېتىراپ قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. پاپا كرودىيىنى «(غەرب) خىرىستىئان دىنىنىڭ مۇداپىئە توسمىسى» دەپ جاكارلىدى ھەم ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن بۇرۇن بۇ ئىككى دۆلەتنى ئېتىراپ قىلدى[36]. شۇنىڭ بىلەن ۋاتىكانمۇ توقۇنۇشۇۋاتقان بىر تەرەپنىڭ قوللىغۇچىسى بولۇپ قالدى، شۇ سەۋەبتىن 1994- يىلى پاپانىڭ بۇ ئۈچ جۇمھۇرىيەتنى زىيارەت قىلىش پىلانى تەسىرگە ئۇچرىدى. سېربىيە پراۋوسلاۋىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ قارشى تۇرۇشى تۈپەيلىدىن، پاپا بېلگرادقا بارالمىدى. سېربىيە يەنە ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى خالىماي، ئۇنىڭ سارايېۋونى زىيارەت قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما، ئۇ زاگرېبنى زىيارەت قىلدى، ھەم ئۇ يەردە قىزىل تونلۇق ئېپىسكوپ سىپېتناككا ئېھتىرام بىلدۈردى. بۇ ئېپىسكوپىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا سېربلار، جىپسىلار، يەھۇدىيلارنى قىرغان ۋە زىيانكەشلىك قىلغان كرودىيە فاشىست ھۆكۈمىتى بىلەن باغلىنىشى بولغان.

كرودىيە غەربتە ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەندىن كېيىنلا، ھەربىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشلىدى. گەرچە ب د ت 1991- يىلى 9- ئايدا بارلىق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرىگە قورال توشۇشنى چەكلىگەنلىكىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، قوراللار يەنىلا گېرمانىيە، پولشا، ۋېنگرىيە قاتارلىق كاتولىك دىنى دۆلەتلىرى ۋە پاناما، چىلى، بولىۋىيە قاتارلىق لاتىن ئامېرىكا دۆلەتلىرى ئارقىلىق كرودىيىگە ئېقىپ كىردى. 1991- يىلى ئۇرۇش

كۆچىيىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىسپانىيىنىڭ قورال ئېكسپورتى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئالتە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ئېيتىلىشىچە، بۇ قورال-ياراغ ئېكسپورتىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئوپئوس دېگەن كونترول قىلغان». ئۇنىڭ كۆپىنچىسى ئېھتىمال ليۇبليانا ۋە زاگرېبقا كىردى. خەۋەر قىلىنىشىچە، 1993- يىلى كرودىيە، گېرمانىيە ۋە پولشادىن بىر نەچچە MIG-21 تىپلىق ئايروپىلان سېتىۋالدى ھەم بۇ ئىككى دۆلەت بۇنى ئېتىراپ قىلدى. كرودىيە دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسى نەچچە مىڭ «غەربىي ياۋروپادىكى كرودىيىنىڭ مۇھاجىرلىرى ۋە پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن كەلگەن» پىدائىيلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار «سېربىيە كوممۇنىزمى ۋە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىگە قارشى تۇرىدىغان خرىستىئان ئەھلىسەلىپ ئارمىيىسىدە ئۇرۇش قىلىشقا» تەقەززا بولۇپ كەتتى. غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرى يەنە تېخنىكا ياردىمى بەردى. بۇ تۇغقان دۆلەتلەرنىڭ (مەلۇم دەرىجىدىكى) ياردىمىدە، كرودىيە ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن سېربلار كونتروللۇقىدىكى يۇگوسلاۋىيە ئارمىيىسى بىلەن روبىرولىشالايدىغان بولدى[37].

غەربنىڭ كرودلارنى قوللىشى ئۇلارنىڭ ئىرقىي تازىلاش، كىشىلىك ھوقۇققا تاجاۋۇز قىلىشى، ئۇرۇش قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى كۆرمەسكە سېلىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ۋەھالەنكى بۇ ئىشلار تۆپەيلىدىن سېربلار تولا ئەيىبلىنەتتى. 1995- يىلى دېمىنى ئېلىۋالغان كرودىيە ئارمىيىسى كاراجىنادىكى سېربلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردە نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان سېربلارنى، بوسنىيە ۋە سېربىيىگە قوغلىۋەتكەندە، غەرب سۈكۈت قىلدى. كرودىيە ھەم ئۆزىنىڭ سىرتتىكى نۇرغۇن مۇھاجىرلىرىدىنمۇ كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشتى. غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى باي كرودلار قورال ۋە باشقا ئەسلىھە سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلدى. ئامېرىكىدىكى ھەر خىل

كىرودلار جەمئىيىتى ئانا دۆلىتىگە ۋاكالىتەن ئامېرىكا پارلامېنتى ۋە زۇڭتۇڭىغا ۋەزخانلىق قىلدى. ئالاھىدە مۇھىم ۋە تەسىرى زور بولغىنى گېرمانىيىدە ئولتۇراقلاشقان 600 مىڭ كىرود بولدى. «كانادا، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە ۋە گېرمانىيىدىكى كىرود ئىجتىمائىي گۇرۇھلىرى ھەرىكەتلىنىپ، يېڭى مۇستەقىل بولغان ئانا دۆلىتىنى ھىمايە قىلدى»، ئۇلار نەچچە يۈز پىدائىي يەتكۈزۈپ بەردى[38].

1994- يىلى، ئامېرىكىمۇ كىرودىيە ئارمىيىسىنى قۇرۇشنى قوللاش سېپىگە كىردى. ئامېرىكا كىرودىيىلىكلەرنىڭ ب د ت نىڭ قورال يۆتكەش كېلىشىمىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى كۆرمەسكە سېلىپ، ئارمىيىنى مەشىق قىلدۇردى، ھەربىيدىن چېكىنگەن ئالىي دەرىجىلىك گېنېراللارنى مەسلىھەتچىلىككە ئەۋەتىپ بەردى. 1995- يىلى ئامېرىكا ۋە گېرمانىيە ھۆكۈمىتى كىرودىيە ئارمىيىسىنىڭ كاراجىناغا ھۇجۇم قىلىشىغا يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى. ئامېرىكىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بۇ قېتىمقى ئامېرىكىچە ھۇجۇمغا قاتناشتى ۋە ئۇنى پىلانلىدى. كىرودىيىلىكلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا ئامېرىكىنىڭ جاسۇسلۇق سۈنئىي ھەمراھى تەمىنلىگەن ئاخباراتنىڭ پايدىسى بولغان. بىر ئامېرىكا گوۋۋېيۇەن ئەمەلدارى كىرودىيە ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان «بىزنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ھەمراھىمىز» بولۇپ قالدى، دېدى. ئېيتىلىشىچە، ئىشنىڭ بۇ خىل تەرەققىياتى «بىر ئۇزاق مۇددەتلىك پىلاننى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، يەنى دۇنيانىڭ بۇ قىسمىنى ئەڭ ئاخىرىدا ئىككى يەرلىك كۈچلۈك دۆلەت كونترول قىلىدۇ، بىرى زاگرېبتا، يەنە بىرى بېلگرادتا. ئالدىنقىسى ئامېرىكىغا باغلانغان، كېيىنكىسى موسكۋاغا سوزۇلغان سلاۋىيانلار گۇرۇھىغا كىردى»[39].

يۇگوسلاۋىيە ئۇرۇشى ئەمەلىيەتتە پراۋوسلاۋىيە دۇنياسىنى سېربىيىنىڭ ئارقىسىدا يېقىن ئىتتىپاقلاشتۇردى. رۇس مىللەتچىلىرى، ھەربىيلەر، پارلامېنت ئەزالىرى، پراۋوسلاۋىيە دىنى داھىيلىرى ئۆزىنىڭ سېربىيىگە بولغان قوللىشىنى، بوسنىيە

«تۈرك»لىرىنى مەنسىتمەسلىكنى، شۇنداقلا غەرب ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى جاھانگىرلىكىگە بولغان تەنقىدىنى قىلچە يوشۇرمىدى. روسىيە ۋە سېربىيىدىكى مىللەتچىلەر بىرلىكتە ئىككى دۆلەت ئىچىدە غەربنىڭ «يېڭى دۇنيا تەرتىپى»گە قارشى دولقۇن قوزغىۋەتتى. روسىيە ئاممىسىمۇ خېلى زور دەرىجىدە ھېسداشلىق پوزىتسىيىسىدە بولدى. مەسىلەن، 60%تىن ئارتۇق موسكۋالىقلار شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ 1995- يىلى قوزغىغان ھاۋا ھۇجۇمىغا قارشى تۇردى. رۇس مىللەتچىلەر گۇرۇھلىرى بىر نەچچە چوڭ شەھەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ياش رۇسلارنى «سلاۋىيان قېرىنداشلىرىنىڭ ئىشلىرى»غا قاتناشتۇردى. خەۋەر قىلىنىشىچە، 1000 نەپەر ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ رۇسلار رۇمىنىيە، گرېتسىيىدىن كەلگەن پىدائىيلار بىلەن بىللە سېربىيە ئارمىيىسىگە كىرىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئاتالمىش «كاتولىك فاشىستلىرى» ۋە «ئىسلام ئۇرۇشقاقلىرى» بىلەن ئۇرۇش قىلغان. 1992- يىلى، خەۋەر قىلىنىشىچە، بىر «كاتولىك ھەربىي فورمىسى كىيگەن» رۇس قىسىملىرى سېربىيىدە ھەرىكەت قىلغان. 1995- يىلى سېربىيىنىڭ سەرخىللار قىسمىدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان رۇسلار بولغان، ب د ت نىڭ بىر دوكلاتىغا قارىغاندا، روسىيە ۋە گرېتسىيە ئەسكەرلىرى سېربلارنىڭ ب د ت بىخەتەر رايونى زېپاغا قىلغان ھۇجۇمىغا قاتناشقان[40]. گەرچە قورال-ياراغ ئەمبارگوسى بولسىمۇ، سېربىيىنىڭ پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى دوستلىرى ئۇنىڭغا يەنىلا قورال-ئەسلىھە يەتكۈزۈپ بەردى. 1993- يىلىنىڭ بېشىدا. روسىيىنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋە ئاخبارات ئورگىنى سېربىيىگە 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق T-55 تىپلىق تانكا، باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى بومبا ۋە ھاۋا مۇداپىئە باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى سېتىپ بەردى. خەۋەر قىلىنىشىچە، روسىيىنىڭ ھەربىي تېخنىكا خادىملىرى سېربىيىگە بۇ ئەسلىھەلەرنى قوراشتۇرۇپ بېرىشكە ھەم سېربلارغا بۇنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن. سېربىيە يەنە باشقا پراۋوسلاۋىيە دۆلەتلىرىدىن قورال-

ياراغ سىتىۋالغاندى، رۇمىنىيە بىلەن بۇلغارىيە «ئەڭ ئاكتىپ» تەمىنلىگۈچى بولدى، ئۇكرائىنامۇ بىر مەنبەسى بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا، روسىيىنىڭ سىلوۋېنىيىدىكى تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرى ب د ت نىڭ بۇيۇملىرىنى سېربلارغا يەتكۈزۈپ بەردى، سېربىيىنىڭ ھەربىي ھەرىكىتى ئۈچۈن ئەسلىھە تەمىنلەپ بەردى ۋە ئۇلارنىڭ قورال-ياراغقا ئېرىشىشىگە ياردەم بەردى[41].

ئىقتىسادىي ئىمبارگو يۈرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، سېربلار يەنىلا خېلى يامان ئەمەس تىرىكچىلىكىنى ساقلىدى. چۈنكى، رۇمىنىيە ھۆكۈمىتى دېمىچۋارادىن زور مىقداردا يېقىلغۇ ۋە باشقا بۇيۇملارنى يەتكۈزۈپ بەردى؛ گرېتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سۈكۈت قىلىشى بىلەن، باشتا ئىتالىيە شىركەتلىرى، ئاندىن گرېتسىيە شىركەتلىرى ئالبانىيىدىن كىرگۈزۈپ بەردى. گرېتسىيىدىن توشۇپ كەلگەن يېمەكلىك، خىمىيىۋى دورىلار، كومپيۇتېر ۋە باشقا بۇيۇملار ماكېدونىيىدىن سېربىيىگە كىردى، ھەم يەنە خېلىلا نۇرغۇن سېربىيە مەھسۇلاتلىرى سىرتقا چىقىرىلدى[42]. پۇلغا بولغان ھېرىسمەنلىك ۋە ھەزارەت تۇغقاندارچىلىق ھېسسىياتى قوشۇلۇپ ب د ت نىڭ سابىق يۇگوسلاۋىيىگە قارىتىلغان ئۇرۇشىدا، گرېتسىيە ھۆكۈمىتى ئىزچىل شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ غەربتىكى ئەزا دۆلەتلىرى قوللانغان تەدبىرلەر بىلەن ئارىلىق ساقلاپ كەلدى، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ بوسنىيىدە قوللانغان ھەربىي ھەرىكىتىگە قارشى تۇردى. ب د ت دا بىلەت تاشلاپ سېربىيىنى قوللىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە سېربىيىگە قارىتىلغان ئىقتىسادىي ئىمبارگونى بىكار قىلىشقا ۋەزخانلىق قىلدى. 1994- يىلى گرېتسىيە زۇڭلىسى ئاندىرىئاس ئاپاندىرو گرېتسىيىنىڭ سېربىيە بىلەن بولغان پراۋوسلاۋىيە دىنى باغلىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. ۋاتىكان، گېرمانىيە، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ 1991- يىلى يىل ئاخىرىدا سىلوۋېنىيە ۋە كرودىيىنى ئۇڭايلا ئېتىراپ قىلىۋەتكىنىنى ئاشكارا ئەيىبلىدى[43].

ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلارنىڭ رەھبىرى يېلتسىننىڭكى ئارزۇنىڭ قوش بىسىمغا دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ بىر جەھەتتىن غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلىغۇسى، تەرەققىي قىلدۇرغۇسى بار. يەنە بىر تەرەپتىن سېربىيىلىكلەرگە ياردەم بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ھەمىشە غەربكە تىز پۈكتى دەپ ئەيىبلەيدىغان سىياسىي رەقىبلىرىنى قورالسىزلاندۇرغۇسى بار. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كېيىنكى ئارزۇسى ئۈستۈنلۈككە چىقتى. شۇنىڭ بىلەن روسىيە سېربىيىلىكلەرنى ئىزچىل دىپلوماتىيە جەھەتتە قوللاپ كەلدى. 1993- يىلى ۋە 1995- يىلى روسىيە ھۆكۈمىتى سېربىيىگە تېخىمۇ قاتتىق ئىقتىسادىي ئەمبارگو يۈرگۈزۈشكە قەتئىي قارشى تۇردى. روسىيە پارلامېنتى سېربىيىگە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئەمبارگونى بىكار قىلىش لايىھىسىنى ئاساسەن دېگۈدەك قارشى ئاۋازسىز ماقۇللىدى. روسىيە يەنە بوسنىيە-گېرتسوگوۋىنا مۇسۇلمانلىرىغا قورال توشۇشنى چەكلەشنى؛ كرودىيىگە ئىقتىسادىي ئەمبارگو يۈرگۈزۈشنى؛ 1993- يىلى 12- ئايدا، روسىيە سېربىيىگە قىشتا ئىسسىندىغان تەبىئىي گاز تەمىنلەپ بېرىش ئۈچۈن سېربىيىگە قارىتىلغان ئىقتىسادىي ئەمبارگونى بوشىتىشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەشەببۇس قىلدى. ئەمما، روسىيىنىڭ تەكلىپى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى. 1994-، 1995- يىلى روسىيە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ بوسنىيىدىكى سېربلارنى بومباردىمان قىلغانلىقىغا كۈچلۈك قارشى تۇردى. 1995- يىلى روسىيە دۆلەت دۇماسى دېگۈدەك تولۇق ئاۋاز بىلەن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ بومباردىمانىنى ئەيىبلەش قارارىنى ماقۇللىدى، ھەم روسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى ئاندرېي كوزرېۋنى روسىيىنىڭ بالقاندىكى دۆلەت مەنپەئىتىنى ئۈنۈملۈك قوغدىيالمىغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. يەنە 1995- يىلى روسىيە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ سېربلارغا قاراتقان «ئىرقىي تازىلاش ھەرىكىتى»نى ئەيىبلىدى. زۇڭتۇڭ يېلتسىن

ئاگاھلاندۇرۇپ: بومبارد ىمان قىلىۋېرىش روسىيە بىلەن غەربنىڭ ھەمكارلىقىغا ئېغىر دەرىجىسدە تەسىر يەتكۈزىدۇ، (روسىيىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىق ھەمراھى پىلانىغا قاتنىشىش پىلانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دېدى. ئۇ: «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى سېربلارنى بومبارد ىمان قىلغان تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئۇلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلالايمىز؟» دېدى. غەرب ئىبىنىقلا قوش ئۆلچەم قوللاندى: «مۇسۇلمانلار ھۇجۇم قىلغاندا، نېمىشقا ئۇنىڭغا ھەرىكەت قوللانمايدۇ؟ يەنە كرودىيە ھۇجۇم قىلغاندىچۇ؟»[44]. روسىيە يەنە ئەزەلدىن سابىق يۇگوسلاۋىيە جۇمھۇرىيەتلىرىگە قورال توشۇشنى چەكلەشنى توختىتىشقا قارشى تۇرۇپ كەلدى. (بۇ چەكلەش بوسنىيە مۇسۇلمانلىرىغا كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەندى)، ھەم يەنە چەكلەش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىشكە ھەمىشە ئۇرۇنۇپ كەلدى.

روسىيە يەنە ھەر خىل شەكىللەر بىلەن ئۆزىنىڭ ب د ت ۋە باشقا بەزى ئورگانلاردىكى ئورنىدىن پايدىلىنىپ سېربلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىدى. 1994- يىلى 12- ئايدا، روسىيە مۇسۇلمان دۆلەتلەر، ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە سۇنغان سېربىيىدىن بوسنىيە ۋە كرودىيىدىكى سېربلارغا يېقىلغۇ توشۇشنى چەكلەش ھەققىدىكى بىر قارارنى رەت قىلدى. 1994- يىلى 4- ئايدا روسىيە ب د ت نىڭ سېربلارنىڭ بىر ئىرقىي تازىلاش ھەرىكىتىنى ئەيىبلەيدىغان بىر قارارنى توستى ھەم شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى دۆلەتلىرىدىن كەلگەن يەنە ھەر قانداق بىر ئادەمنى سېربىيىگە قارشى خاھىشى بولۇشى مۇمكىن دېگەننى باھانە قىلىپ، ب د ت نىڭ ئۇرۇش جىنايىتى دەۋاگىرى قىلىپ تەيىنلىنىشىدىن توستى. ھەتتا، يەنە خەلقئارا ئۇرۇش جىنايىتى سوتىنىڭ بوسنىيىدىكى سېرب مىللىتىدىن بولغان قوماندان مىلادىچنى ئەيىبلىشىگە قارشى تۇردى ھەم ئۇنىڭ روسىيىدە پاناھلىنىشىغا رۇخسەت قىلدى[45]. 1993- يىلى 9- ئايدا، روسىيە يەنە ب د ت نىڭ

سابىق يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق 22 مىڭ نەپەر تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ تۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىشتىن توستى. 1995- يىلى يازدا روسىيە ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ قارارىدىن ئۆتكۈزمەيلا 12 مىڭ نەپەر تىنچلىق ساقلاش خادىمى كۆپەيتىشكە قارشى تۇردى، ھەم كرود ئىيلىكلەرنىڭ كاراجىنادىكى سېربلارغا قىلغان ھۇجۇمىنى، شۇنداقلا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بۇ ھۇجۇمغا ھەرىكەت قوللانمىغانلىقىنى ئەيىبلىدى.

ئەڭ كەڭ دائىرىلىك، ئەڭ ئۈنۈملۈك مەدەنىيەتلەر توپلىنىشى مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ بوسنىيە مۇسۇلمانلىرىنى قوللاشقا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى بولدى. بوسنىيىنىڭ ئىشلىرى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا چوڭقۇر ھېسداشلىقنى ئىرىشتى. بوسنىيىگە كەلگەن ياردەم ھەر تەرەپتىن كەلدى. ئاشكارا، مەخپىي ياردەملەر بولدى. مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرى، بولۇپمۇ ئىران ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى، ياردەمدە ئۆز ئارا بەسلىشىپ، ياردەم ئارقىلىق ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتمەكچى بولدى. مەراكەشتىن مالايسىياغىچە، سۈننىي مەزھىپى ۋە شىئە مەزھىپىدىكىلەر، ئەسلىيەتچىلەر، ئەلمانىيىچىلەر، ئەرەب ۋە غەيرىي ئەرەب مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرى، ھەممىسى ياردەم سېپىگە قېتىلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بوسنىيىگە قىلغان ياردىمى ھەر خىل شەكىلدە بولدى. ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى، (1995- يىلىدىكى سەئۇدى ئەرەبىستان بەرگەن 90 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) زورلۇق ھەرىكەتلىرىنى قوللايدىغان دىپلوماتىيە ۋە كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ياردەملەرمۇ بولدى. مەسىلەن، 1993- يىلى ئىسلام ئەشەددىيلىرى ئالجىرىيىدە 12 كرود ئىيلىكنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ «بوسنىيىدە بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزنى قىرغان جىنايەتلىرى ئۈچۈن قىساس ئالدى»[46]. بۇ خىل توپلىنىش ئۇرۇش جەريانىدا زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ بوسنىيە دۆلىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن، شۇنداقلا سېربلارنىڭ دەسلەپتە ھەممىنى سۈرۈتۇقاي قىلغان غەلىبىسىدىن كېيىن،

بوسنىيلىكلەرنىڭ يەنە مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا تىررىتورىيىسىنى قايتۇرۇۋېلىشىدا كەم بولسا بولمايتتى؛ ئۇ بوسنىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىسلاملىشىشىغا، بوسنىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ پۈتۈن دۇنيا ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن سالاھىيەتلىنىشىگە كۈچلۈك پىلتە بولدى. ئۇ يەنە ئامېرىكىدا بوسنىيىلىكلەرنىڭ تەلپىگە ھېسداشلىق پەيدا قىلدى.

مۇسۇلمان ھۆكۈمەتلىرى ئايرىم ۋە ئۇيۇشۇپ بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ بوسنىيە بىلەن بولغان دىنىي تۇغقانچىلىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. 1992- يىلى، ئىران باشتا بۇ ئۇرۇشنى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سېربلارنىڭ بوسنىيە مۇسۇلمانلىرىغا ئىرقىي تازىلاش ئېلىپ بارغان دىنىي توقۇنۇش، دەپ ئاتىدى. ئەجەمى، ئىران «بوسنىيىنىڭ تەشەككۇرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىقتىسادىي ياردەم بەردى»، دېدى ھەم تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭمۇ مۇشۇنداق قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. ئىراننىڭ قوزغىتىشى بىلەن ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتى بوسنىيە مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ھەم بىر گۇرۇپپا قۇرۇپ ب د ت دا بوسنىيىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ۋەزخانلىق قىلدى. 1992- يىلى 8- ئايدا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ب د ت نىڭ چوڭ يىغىنىدا ئىرقىي تازىلاش ھەرىكىتىنى ئەيىبلىدى، تۈركىيە ئىسلام مەجلىسىگە ۋاكالىتەن بىر ھەل قىلىش لايىھىسى ئۆتتۈرىغا قويۇپ، ب د ت ئاساسىي نىزامىنىڭ 7- ماددىسى بويىچە بۇ رايونغا ھەربىي ئارىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. 1993- يىلى باشتا، مۇسۇلمان دۆلەتلىرى غەربنىڭ ھەرىكەت قوللىنىپ بوسنىيىلىكلەرنى قوغدىشى ئۈچۈن ئاخىرقى چەك بەلگىلەپ بەردى. چەك توشقاندىن كېيىن، ئۇلار قىلچە چەكلىمىسىز ھالدا بوسنىيىگە قورال يەتكۈزۈپ بەردى. 1993- يىلى 5- ئايدا، ئىسلام مەجلىسى غەرب دۆلەتلىرى ۋە روسىيە تۈزگەن مۇسۇلمانلارغا پاناھلىق بېرىش، سېربىيە چېگراسىنى نازارەت قىلىش، ئەمما ھەربىي مۇداخىلىدىن ۋاز كېچىش پىلانىنى ئەيىبلىدى. ئۇ تۆۋەندىكى قورال يۆتكەشنى ئاخىرلاشتۇرۇش،

سىربىيىنىڭ ئېغىر تىپلىق قوراللىرىغا قوراللىق قارشى تۇرۇش، سىربىيە چېگراسىدا چارلاش ئېلىپ بېرىش، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ئارمىيىسىنى تىنچلىق ساقلاش قىسمىغا كىرگۈزۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى 6- ئايدا، غەرب ۋە روسىيىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتى ب د ت كېڭىشىنىڭ ھوقۇق كومىتېتىنى سىربىيە ۋە كرودىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى ئەيىبلەيدىغان، بىر قارار ماقۇللاتتى ھەمدە قورال يۆتكەشنى بىكار قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى. 1993- يىلى 7- ئايدا غەرب ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتىنىڭ ب د ت غا 18 مىڭ كىشىلىك تىنچلىق ساقلاش قىسمى يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغىنىدىن سەل گاڭگىراپ قالدى. بۇ ئەسكەرلەر ئىران، تۈركىيە، مالايسىيا، تۇنىس، پاكىستان ۋە بېنگالدىن كېلەتتى. ئامېرىكا ئىراننى رەت قىلدى، سىربلار تۈركىيىلىكلەرنىڭ تىنچلىق ساقلاش قىسمىغا كىرىشىگە قەتئىي قارشى تۇردى. ئەمما، تۈركىيە ئارمىيىسى يەنىلا 1994- يىلى يازدا بوسنىيىگە كىردى. 1995- يىلىغىچە، ب د ت دىكى 25 مىڭ قوغداش قىسمى ئىچىدە، 7000 نەپەر ئەسكەر، تۈركىيە، پاكىستان، مالايسىيا، ھىندونېزىيە ۋە بېنگالدىن كەلگەنىدى. 1993- يىلى 8- ئايدا، تۈركىيە ئۆمىكى ب د ت نىڭ باش كاتىپى غالى، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى كرىستوفقا ۋەزخانلىق قىلىپ، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ دەرھال ھاۋادىن زەربە بېرىشىنى، بوسنىيىنى سىربلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداشنى تەلەپ قىلدى. خەۋەر قىلىنىشىچە، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ھەرىكەت قوللانمىغانلىقتىن تۈركىيە بىلەن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى جىددىي ھالەتكە چۈشۈپ قالغان[47].

تۈركىيە ۋە پاكىستان زۇڭلىلىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ داغدۇغىلىق يوسۇندا سارايېۋونى زىيارەت قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا

بولغان كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئىپادىلىدى، ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتى بوسنىيىگە ھەربىي ياردەم بېرىشنى يەنە تەلەپ قىلدى. 1995- يىلى يازدا، غەرب بىخەتەرلىك رايونىنى سېربلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداپ قالالمىدى، نەتىجىدە تۆۋەندىكى ئەھۋاللار يۈز بەردى: تۈركىيە بوسنىيىگە ھەربىي ياردەم بەردى ھەم ئارمىيىسىنى مەشىق قىلدۇرۇپ بەردى، مالايسىيا ب د ت نىڭ توشۇشنى چەكلەش قارارىنغا خىلاپلىق قىلىپ، بوسنىيىگە قورال سېتىپ بەردى، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ھەربىي مەقسەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك مەقسىتى ئۈچۈن مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى. 1995- يىلى 8- ئايدا ئىسلام مەجلىسىگە ئەزا توققۇز دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىرى ب د ت نىڭ قورال توشۇشنى چەكلەش قارارىنىڭ ئىناۋەتسىزلىكىنى جاكارلىدى، 9- ئايدا ئىسلام مەجلىسىگە ئەزا 52 دۆلەت بوسنىيىنى قورال ۋە ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن تەمىنلەپ بېرىشكە قوشۇلدى.

بوسنىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىيىن ئەھۋالى، تۈركىيىدە ئالاھىدە ئىنكاس قوزغىدى، ۋەھالەنكى پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا ھېچقانداق مەسىلە بۇنداق بىردەك قوللاشقا ئېرىشەلمىگەنىدى. ئەمەلىيەتتە 1878- يىلىغىچە، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، 1908- يىلىغىچە، بوسنىيە ئەزەلدىن ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن. ھازىر بوسنىيە كۆچمەنلىرى ۋە مۇساپىرلىرى تۈركىيىنىڭ 5% يېقىن نوپۇسىنى ئىگىلەيدۇ. بوسنىيىلىكلەرنىڭ ئىشلىرىغا بولغان ھېسداشلىق، غەربنىڭ بوسنىيىلىكلەرنى قوغدىيالمىغانلىقىغا بولغان غەزەپ تۈركىيىدە ئىنتايىن ئومۇمىيۈزلۈك ئىدى. ئۆكتىچى پارتىيە ئىسلام گۈللىنىش پارتىيىسى بۇ مەسىلىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمەتكە قارشى تۇردى. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بولسا تۈركىيىنىڭ بالقاندىكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئالاھىدە مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى تەكىتلىدى، ھەمدە ب د ت نى ھەربىي مۇداخىلە يۈرگۈزۈپ بوسنىيە مۇسۇلمانلىرىنى قوغداشقا توختىماي ھەيدەكچىلىك قىلدى[48].

ئىسلام دۇنياسىنىڭ بوسىنىيە مۇسۇلمانلىرىغا بەرگەن ئەڭ مۇھىم ياردىمى قورال-ياراغ، قورال سېتىۋالىدىغان پۇل، ھەربىي مەشىق، پىدائىي ئەسكەرلەردىن ئىبارەت ھەربىي ياردەملەر بولدى. ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، بوسىنىيە ھۆكۈمىتى دەرھال ئافغانىستان مۇجاھىد پىدائىيلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى، ئېيتىلىشىچە پىدائىيلارنىڭ ئومۇمىي سانى 4000غا يېقىن ئادەمگە يەتكەن بولۇپ، سىربلارغا كەلگەن چەت ئەل پىدائىيلىرىدىن كۆپ بولغان. ئۇلار ئىران جۇمھۇرىيەت قوغدىغۇچىلار قىسمىدىن كەلگەن ۋە ئىلگىرى ئافغانىستاندا جەڭ قىلغان مۇجاھىدلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پاكىستان، تۈركىيە، ئىران، ئالجىرىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، مىسىر، سۇداندىن كەلگەنلەر، يەنە گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، شۋېيتسارىيىدىن كەلگەن ئالبان، تۈرك پۇشتىدىن بولغان ئىشچىلار بار. سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى دىنىي تەشكىلاتلار نۇرغۇن پىدائىي يىغدى. 20 نەچچە نەپەر سەئۇدى ئەرەبىستانلىق 1992- يىلى ئۇرۇش باشلانغان بىر نەچچە ئايدا شېھىت بولدى، دۇنيا مۇسۇلمان ياشلار قۇرۇلتىيى يارىلانغان ئەسكەرلەرنى جىددىيگە قايتۇرۇپ داۋالاتتى. 1992- يىلى كۈزدە، شىئە مەزھىپىدىكى لىۋان ئاللاھ پارتىيىسى پارتىزانلىرى كېلىپ بوسىنىيە ئارمىيىسىنى مەشىق قىلدۇردى، كېيىن بۇ ۋەزىپىنى ئىران جۇمھۇرىيەت قوغدىغۇچىلار قىسمى ئۈستىگە ئالدى. 1994- يىلى ئەتىيازدا غەرب ئاخبارات تارماقلىرى خەۋەر قىلىپ، بىر 400 كىشىلىك ئىران جۇمھۇرىيەت قوغدىغۇچىلار قىسمىنىڭ تارماق ئەترىتىنىڭ بىر ئەشەددىي پارتىزانلار ئەترىتى ۋە تېررورچىلار قوشۇنى تەشكىللەۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بىر ئامېرىكا ئەمەلدارى مۇنداق دېدى: «ئىران بۇنى ياۋروپانىڭ ئاجىز رايونىغا كىرىشتىكى بىر ئۇسۇل قىلدۇ». ب د ت نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا ئافغانىستان مۇجاھىدلىرى ئىسلام ئالاھىدە ئەترىتى ئۈچۈن 3000 دىن 5000 گىچە بوسىنىيە ئەسكىرىنى تەربىيىلەپ بەرگەن. بوسىنىيە ھۆكۈمىتى ئافغانىستان مۇجاھىدلىرىدىن

پايدىلىنىپ، (گەرچە بۇ قىسىملار يەرلىك ئاھالىنى تولا ئاۋارە قىلسىمۇ ۋە ھۆكۈمەتكە بەزى باشقا مەسىلىلەرنى تېپىپ بەرسىمۇ) «تېررورلۇق، قانۇنسىز ھەرىكەت ۋە تۇيۇقسىز زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى». دايتون كېلىشىمى بارلىق چەت ئەللىك ئەسكەرلەرنىڭ بوسنىيىدىن چېقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى، ئەمما بوسنىيە ھۆكۈمىتى بەزى ئەسكەرلەرگە بوسنىيە پۇقرالىقىنى بېرىش، بەزى ئىران جۇمھۇرىيەت قوغداش قىسمىنى ياردەمچى خادىملار دەپ قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ قالدى. بىر ئامېرىكا ئەمەلدارى 1996- يىلى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بوسنىيە ھۆكۈمىتى بۇ گۇرۇھلارغا قەرزدار، بولۇپمۇ ئىرانلىقلارغا، ئەمما ھۆكۈمەت بۇ كىشىلەرگە ئەمدى ئامال قىلالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ قويدى، 12 ئايدىن كېيىن بىز قايتىمىز، ئەمما ئافغانىستان مۇجاھىدلىرى قېلىپ قالماقچى»[49].

سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئىران باشچىلىقىدىكى باي ئىسلام دۆلەتلىرى، بوسنىيىنىڭ ھەربىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن زور مىقداردا پۇل يەتكۈزۈپ بەردى. 1992- يىلى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئىككى-ئۈچ ئېيىدا، سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى ۋە شەخسلەر بوسنىيىگە 150 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق ياردەم بىلەن تەمىنلىدى. بۇ پۇل قارىماققا ئىنسانپەرۋەرلىك مەقسىتى ئۈچۈن بېرىلدى، ئەمما كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك، بۇنىڭ كۆپ قىسمى ھەربىي مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىلدۇ، دەپ قارايدۇ. خەۋەر قىلىنىشىچە، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلىدا بوسنىيە 160 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى قورالغا ئېرىشكەن. 1993 — 1995- يىللىرى بوسنىيە يەنە سەئۇدىدىن 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق ھەربىي ياردەمگە، 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمىگە ئېرىشتى. ئىرانمۇ ئاساسلىق ھەربىي تەمىناتچى. ئامېرىكا ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىران ھەر يىلى قورال سېتىۋېلىش ئۈچۈن بوسنىيىگە نەچچە يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرى تەمىنلەيدۇ. يەنە بىر دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بوسنىيە

گىرىتسوگۋىناغا كىرگەن 2 مىلىيارد ئامېرىكا دوللىرىلىق قورالنىڭ 80% — 90%تى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا تەگكەن. بۇ ئىقتىسادىي ياردەملەر بولغاچقا، بوسنىيىلىكلەر نەچچە مىڭ تونىنا قورال سېتىۋالالىغان. بۇ قوراللارنىڭ توسۇپ قېلىنغان بىرىنچى تۈركۈمى ئىچىدە 4000 تال مىلتىق، 1 مىليون دىسكا ئوق، ئىككىنچى تۈركۈمدە 11 مىڭ تال مىلتىق، 30 دانە مىنامىيوت، 750 مىڭ دىسكا ئوق ۋە زەمبىرەك ئوقى؛ ئۈچىنچى تۈركۈمدە يەردە ئىتىلىدىغان راكىتا، ئوق-دورا، جىپ ماشىنا، تاپانچىلار چىققان. بۇلارنىڭ ھەممىسى قورالنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولغان ئىراندىن توشۇلغان، بۇنىڭدىن باشقا، تۈركىيە ۋە مالايسىيامۇ ئاساسلىق قورال تەمىنلىگۈچى. بەزى قوراللار بىۋاستە بوسنىيىگە توشۇلغان، ئەمما بۇنىڭ كۆپىنچىسى كرودىيە ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن، ئاۋۋال ھاۋادىن زاگرېبقا يەتكۈزۈلۈپ، ئاندىن قۇرۇقلۇق ياكى دېڭىز ئارقىلىق سپلىت ياكى باشقا كرودىيە پورتلىرىغا توشۇلۇپ، ئاندىن قۇرۇقلۇق ئارقىلىق كىرگەن. ئېيتىلىشىچە، كرودىيە توشۇغۇلى رۇخسەت قىلىنغانلىقىغا جاۋابەن، بۇ قوراللارنىڭ 1/3 ىگە ئېرىشكەن. كرودىيىلىكلەر كېيىن يەنە بوسنىيە بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى ئويلاپ، ئۆز زېمىنى ئارقىلىق تانكا ۋە ئېغىر زەمبىرەكلەرنى توشۇشقا رۇخسەت قىلمىغان[50].

ئىران، سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيە ۋە باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىن ئېرىشكەن پۇل، خادىم، مەشىق، قورال، كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىكى بوسنىيە «جۆندەكلەر» ئارمىيىسىنى، خېلى ئەسلىھەلىرى خىل، كۈچى بار بىر ئارمىيىگە ئايلاندۇردى. 1994- يىلى قىشتا، چەت ئەللىك بىر كۆزەتچى دوكلات قىلىپ، بوسنىيە ئارمىيىسى، جەڭگىۋارلىق، ئۇيۇشۇش كۈچى جەھەتلەردە زور ياخشىلىنىشقا ئېرىشتى»[51]. يېڭى ھەربىي كۈچىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئاۋۋال مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كرود خەلق ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئارقىدىنلا 1994- يىلى ئەتىيازدا سېربلارغا ھۇجۇم قىلدى.

1994- يىلى كۈزدە، بوسىنىيىنىڭ 5- ئارمىيىسى بىخاچ ب د ت بىخەتەرلىك رايونىدىن چىقىپ، سېربلار ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، بوسىنىيە ئۇرۇشى باشلانغاندىن بۇيانقى ئەڭ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى، سېربلارنىڭ قولىدىن خېلى كەڭ زېمىننى قايتۇرۇۋالدى، سېربلارنىڭ كۆچى زۇكتۇڭ مىلوشېۋىچنىڭ ئۇلارغا ياردەم بېرىشىنى چەكلىشى بىلەن ئاجىزلىشىپ قالدى. 1995- يىلى 3- ئايدا بوسىنىيە ئارمىيىسى، يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى بۇزۇپ، تۇزلاغا يېقىن رايونغا ئىچكىرىلىدى. ئارقىدىنلا 6- ئايدا سارايېۋوغا يېقىن جايلارغا ھۇجۇم قوزغىدى. مۇسۇلمان تۇغقانلارنىڭ قوللىشى، بوسىنىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بوسىنىيە ھەربىي كۈچى سېلىشتۇرمىسىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلالىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان، ھەل قىلغۇچ ئامىل.

بوسىنىيە ئۇرۇشى، مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش. ئۈچ ئاساسلىق قاتناشقۇچى ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتتىن كەلگەن، ئوخشاشمىغان دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدۇ. (بىر ئالاھىدە ئەھۋالدىن باشقا) ئىككىنچى قاتلام ۋە ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلار مەدەنىيەت ئەندىزىسى بويىچە ئىش ئېلىپ باردى. مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى يىغىلىپ بوسىنىيە مۇسۇلمانلىرىنى قوللاپ، كرودلار ۋە سېربلارغا قارشى تۇردى. پراۋوسلاۋىيە دۆلەتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى سېربلارنى قوللاپ، كرودلار ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇردى. غەرب دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە سەرخىللىرى كرودلارنى قوللاپ، سېربلارنى ئەيىبلىدى. مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئەندىشە، بىپەرۋالىقنى ئىپادىلىدى. ئۇرۇشنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، ھەر قايسى گۇرۇھلار ئارىسىدىكى ئاداۋەت، ئىختىلاپ تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، مەدەنىيەت ۋە دىننى سالاھىيىتى كۈچەيدى. بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بوسىنىيە ئۇرۇشىنىڭ ساۋىقى شۇكى: بىرىنچىدىن، ئۇزۇلۈك سەپ ئۇرۇشىغا ئاساسلىق قاتناشقۇچىلار ئۆز مەدەنىيىتىدىكى قېرىنداشلىرىدىن زور ياردەمگە ئېرىشىشتىن ئۈمىد كۈتەلەيدىغان

بولدى. ئىككىنچى، بۇ خىل ياردەم ئۇرۇشنىڭ جەريانىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۈچىنچى، بىر مەدەنىيەت ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ مېلى ۋە قېنى بىلەن يەنە باشقا بىر مەدەنىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۇرۇك سەپ ئۇرۇشىغا ياردەم بەرمەيدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

بۇ مەدەنىيەت ئەندىزىسىدىكى بىردىنبىر ئايرىم ئەھۋال ئامېرىكا. بۇنىڭ رەھبىرى گەپ سۆزدە مۇسۇلمانلارنى قوللىدى، ئەمما قوللىشى چەكلىك بولدى. كىلىنتون ھۆكۈمىتى يەر يۈزى قىسمى بىلەن ئەمەس، ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن ب د ت نىڭ بىخەتەرلىك رايونىنى قوغداشقا قوشۇلدى ھەم قورال توشۇشنى چەكلەشنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئامېرىكا ئىتتىپاقداشلىرىغا ھەقىقىي بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ بۇ تەشەببۇسىنى قوللىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، ئىراننىڭ بوسنىيىگە قورال توشۇپ بېرىشىغا، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ قورال ئالىدىغان پۇل بېرىشىگە سۈكۈت قىلدى، ھەم 1994- يىلى قورال ئىمبارگوسىنى ئىجرا قىلىشنى توختاتتى[62].

ئامېرىكىنىڭ بۇ ئىشلىرى ئىتتىپاقداشلىرىنى بىزار قىلىپ، بۇ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك زور كرىزىس دەپ قارىلىشتەك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دايتون ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىدىن كېيىن، ئامېرىكا بوسنىيە ئارمىيىسىنى قوراللاندۇرۇش ۋە مەشىق قىلدۇرۇش جەھەتتە سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلاشتى. ھازىرقى مەسىلە ئۇرۇش مەزگىلى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن، ئامېرىكا نېمە ئۈچۈن مەدەنىيەت قېلىپىنى بۇزۇپ، بوسنىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە مۇسۇلمان دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلاشقان بىردىنبىر غەيرىي مۇسۇلمان دۆلىتى بولۇپ قالىدۇ؟ ئامېرىكىنىڭ بۇ غەلىتە ئىشىنى قانداق چۈشەندۈرىمىز؟

بىر ئېھتىماللىق، بۇ ھەرگىز بىر غەلىتە ئىش ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر باش قاتۇرۇلغان بىر مەدەنىيەت رېئاللىقى سىياسىيسى. ئامېرىكا بوسنىيىلىكلەر تەرەپتە تۇرۇش ۋە قورال ئىمبارگوسىنى

ئاخىرلاشتۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلىش (گەرچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان بولسىمۇ) ئارقىلىق ئىران ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندەك بۇنداق ئەسلىيەتچى دۆلەتلەرنىڭ، ئەسلىدە بىر دىنىدىن خالىي، ياۋروپاغا مايىل بوسنىيىلىكلەرگە بولغان تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرماقچى. ئۇنداقتا، بۇ ھەقىقەتەن ئەسلىي مۇددىئا بولسا، ئۇنداقتا ئامېرىكا نېمە ئۈچۈن ئىران ۋە سەئۇدىنىڭ ياردىمىگە سۈكۈت قىلىدۇ؟ نېمىشقا غەربنىڭ ياردىمنى ھەقلىقلەشتۈرۈش ئۈچۈن قورال ئىمبارگوسىنى بىكار قىلىشقا تازا ئاكتىپ بولمايدۇ؟ ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى نېمە ئۈچۈن ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ بالقاندا خەتەر كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىماللىقىدىن ئاشكارا ئاگاھلاندۇرمايدۇ؟ يەنە بىر ئېھتىماللىق، ئامېرىكا مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى دوستلىرىنىڭ، بولۇپمۇ تۈركىيە ۋە سەئۇدىنىڭ بېسىمىغا دۇچ كەلدى. ئۇلار بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش كۆردى. ئەمما، بۇ مۇناسىۋەتلەر بوسنىيە بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئومۇمىي مەنپەئەتلەر ئاساسىغا قۇرۇلغان، بۇ مۇناسىۋەت ھەرگىز ئامېرىكىنىڭ بوسنىيىگە ياردەم بېرەلمەسلىكى بىلەن ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ كەتمەيدۇ. ئەمما، بۇمۇ باشقا جەھەتلەردە ھەمىشە ئىران بىلەن جەڭلىشىدىغان ئامېرىكىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىران بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستان بوسنىيىدە تەسىر تالىشىۋاتقاندا، ئىراننىڭ زور مىقداردىكى قوراللىرىنىڭ بوسنىيىگە كىرىشىگە سۈكۈت قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

مەدەنىيەت سىياسىيىدا رېئاللىقنى بەكرەك كۆزدە تۇتۇش ئامېرىكىنىڭ پوزىتسىيىسىگە بەزى تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن بولۇشى، ئەمما باشقا ئامىللار تېخىمۇ زورراق تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. چەت ئەلدىكى توقۇنۇشلارغا مۇئامىلە قىلغاندا، ئامېرىكىلىقلار ھەمىشە ياخشى كۆچلەر بىلەن رەزىل كۆچلەرنى ئايرىپ چىقىپ، ئالدىنقىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ. سېربلارنىڭ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ۋەھشىيانە قىلمىشلىرى ئامېرىكىلىقلارغا ئۇنى

بىگۇناھلارنى ئۆلتۈرگەن، ئىرقىي تازىلاش ئېلىپ بارغان «ياۋۇز ئەبلەخ» قىلىپ كۆرسەتتى؛ بوسىنىيىلىكلەر ئۆزى ئۈچۈن بىر يالغۇز يۆلەنچۈكسىز، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئوبرازىنى تىكلىدى. پۈتكۈل ئۇرۇش داۋامىدا، ئامېرىكا خەۋەر ساھەسى كىرودلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرقىي تازىلاش ۋە ئۇرۇش جىنايەتلىرىنى؛ بوسىنىيە ئارمىيىسىنىڭ، ب د ت نىڭ بىخەتەر رايونىغا كىرىشى ۋە ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى بۇزۇشلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلدى. رېبېك ۋېستىنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا، ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە بوسىنىيىلىكلەر «ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى بىگۇناھلار، ناھەق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار، باشقىلار تەرىپىدىن قىرىلغان، ئەمما باشقىلارنى قىرمىغان بالقانلىقلار»غا ئايلاندى[53].

ئامېرىكىنىڭ سەرخىللىرىمۇ بوسىنىيىلىكلەرگە مايىل، چۈنكى ئۇلار كۆپ ھەزارەتلىك دۆلەت قارىشىنى ياقتۇرىدۇ. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بوسىنىيە ھۆكۈمىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بۇنداق ئوبرازنى ياراتتى. پۈتكۈل ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئامېرىكا بىر كۆپ مىللەتلىك بوسىنىيىنى ھىمايە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، كۆپ ساندىكى سېرب، كرودلارنىڭ قارشىلىقى بىلەن كارى بولمىدى. ئۇلار بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتنى قىرغىن قىلىۋاتقىنىغا ئىشەنگەنىكەن، ئەلۋەتتە، بىر مىللەتلىك دۆلەت قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئامېرىكىنىڭ سەرخىللىرى بۇ ئىككى زىددىيەتلىك ئەھۋالنى يەنىلا بىرلەشتۈردى. شۇڭا، بوسىنىيىلىكلەرنىڭ ئىشلىرىغا كەڭ كۆلەملىك ھېسداشلىق پەيدا قىلدى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ غايىپەرەسلىكى، ئەخلاق، ئىنسانپەرۋەرلىك تەبىئىتى، گۆدەكلىكى، بالقاننى چۈشەنمەسلىكى، ئۇلارنىڭ بوسىنىيىنى قوللايدىغان، سېربلارغا قارشى مەيدانىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكىنىڭ بوسىنىيىدە مۇھىم بىخەتەرلىك مەنپەئىتى يوق. ھەزارەت باغلىنىشىمۇ يوق. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بوسىنىيىلىكلەرگە كۆچەپ ياردەم قىلىشىنىڭ ئاساسى يوق. شۇڭا، ئىران، سەئۇدى

ئەرەبىستانلارنىڭ ئۇلارنى قوراللاندۇرۇشىغا سۈكۈت قىلىدۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇرۇشنىڭ ئەسلىنى بىلىشنى رەت قىلغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن يىراقلىشىپ، ئۇرۇشنى سوزدى ھەم بالقاندا ئىراننىڭ غايەت زور تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەملەشتى. ئەكسىچە، بوسىنىيىلىكلەر تېخى ئامېرىكىلىقلاردىن رازى ئەمەس، ئۇنى گېپى تولا، ئىشى ئاز، دەپ قارايدۇ. ئەمما، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا بولغان تەشەككۈرى چەكسىز، چۈنكى ئۇلار ياشاش ۋە ئۇرۇشقا لازىم پۇل، قوراللار بىلەن تەمىنلىدى.

بېرناد ھېنرى مۇنداق دەيدۇ: «بوسىنىيە بىزنىڭ ئىسپانىيە». بىر سەئۇدى تەھرىرىمۇ ئۇنىڭ قارىشىغا قوشۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بوسىنىيە-گېرتسوگوۋىنادا يۈز بەرگەن بۇ ئۇرۇش، ھېسسىيات جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىدىكى فاشىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ مەنىداش سۆزىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇرۇشتا ئۆلگەن ئادەملەر مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن شېھىت بولغان شېھىتلەر دەپ قارالدى»[64]. بۇ تولىمۇ جايىدا ئوخشىتىش بولدى. ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئورتاق مەۋجۇت دۇنيادا، بوسىنىيە بارلىق كىشىلەرنىڭ ئىسپانىيىسى. ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى ئوخشاشمىغان سىياسىي تۈزۈم ۋە ئىدېئولوگىيە ئارىسىدىكى ئۇرۇش، بوسىنىيە ئۇرۇشى بولسا ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت ۋە دىن ئارىسىدىكى ئۇرۇش. دېموكراتچىلار، كوممۇنىستلار، فاشىستلار ئىسپانىيىگە بېرىپ ئۆزىنىڭ ئىدېئولوگىيە بۇرادەرلىرى بىلەن مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ ئۇرۇش قىلدى ھەم دېموكراتىك، كوممۇنىستىك ۋە ئەڭ ئاكتىپ فاشىست ھۆكۈمەتلەرمۇ ئۇلارنى ياردەم بىلەن تەمىنلىدى. يۇگوسلاۋىيە ئۇرۇشى ئوخشاشلا سىرتنىڭ غايەت زور قوللىشىغا ئېرىشتى. غەرب خرىستىئانلىرى، پراۋوسلاۋىيە دىنى مۇرىتلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ ھەزارەت تۇغقانلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قوللىغۇچىلار سېپىگە قېتىلدى. پراۋوسلاۋىيە دىنى، ئىسلام دىنى ۋە غەربتىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر بۇ ئۇرۇشقا چىرمالدى. تۆت يىلدىن كېيىن ئىسپانىيە ئۇرۇشى

فرانكو ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. بالقاندىكى دىنىي گۇرۇھلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشمۇ تىنچىشى، ھەتتا بىر مەزگىل توختاپ تۇرۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ھېچقايسى تەرەپ ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ، غەلىبىنىڭ بولماسلىقى تېخى بۇنىڭ ئاياغلاشمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى 2-قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. بوسنىيە ئۇرۇشى بولسا، توختىماي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ بىر قانلىق كارتىنىسى.

## ئۆزلۈك سەپ ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇش

«ھەر قانداق ئۇرۇش ئاخىرلىشىدۇ»، بۇ بىر قانۇنىيەت. ئۆزلۈك سەپ ئۇرۇشىمۇ ئاخىرلىشامدۇ؟ ھەئە ھەم ياق. ئۆزلۈك سەپ زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرى بىر مەزگىل توختىشى مۇمكىن. ئەمما، مەڭگۈ توختىشى ناتايىن. ئۆزلۈك سەپ ئۇرۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى: توختىماي دېمىنى ئالىدۇ، ئۇرۇش توختىتىدۇ، ئەمما ئاساسلىق سىياسىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان بىر ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىق شەرتنامىسى ھاسىل قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ گاھ كۆچىيىپ، گاھ يوقايدىغان ئالاھىدىلىكىنىڭ سەۋەبى ئۆزلۈك سەپ ئۇرۇشى ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت گۇرۇھلىرى ئارىسىدىكى ئۆزاققا سوزۇلغان قارشىلىشىش مۇناسىۋىتىگە چېتىلغان ئۆزلۈك سەپ توقۇنۇشىنى يىلتىز قىلغان. بۇ توقۇنۇشلار يەنە، قوشنا ئولتۇراقلىشىش، ئوخشاشمىغان دىن ۋە ھەزارەت، ئۆز ئارا ئوخشىمايدىغان ئىجتىمائىي قۇرۇلما، ئىككى جەمئىيەتنىڭ تارىخ ئەسلىمىلىرىدىنمۇ كېلىپ چىقىدۇ. نەچچە يۈز يىللىق تارىخ تەرەققىياتى داۋامىدا، بۇلار بەلكىم ئۆزگىرىشى، يوشۇرۇن توقۇنۇش ئامىللىرىمۇ يوقىشى مۇمكىن. ياكى بىر گۇرۇھ يەنە بىر گۇرۇھنى يوقىتىۋەتسە، بۇ خىل توقۇنۇش ئىنتايىن تېز، تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ۋەھالەنكى، يۇقىرىقى ئىككى خىل ئەھۋال مەيدانغا

كەلمىسە، توقۇنۇش يەنە داۋاملىشىدۇ، زوراۋانلىق يەنە باشلىنىدۇ. ئۇزۇن سەپ ئۇرۇشى گاھ-گاھىدا بولىدۇ. ئۇزۇن سەپ توقۇنۇشى چەكسىز داۋاملىشىدۇ.

ئۇزۇن سەپ ئۇرۇشىنىڭ ۋاقىتىنچە توختىشىمۇ ئادەتتە ئىككى ئامىلغا تايىنىدۇ. بىرىنچىدىن، ئاساسلىق قاتناشقۇچىنىڭ كۈچى خورىغانىدا، ئۆلگەنلەر نەچچە مىڭغا يېتىپ، سەرگەردانلار نەچچە يۈز مىڭغا يەتكەندە، شەھەرلەر — بېيرۇت، گروزنى، ۋۇكوۋر خارابىلىككە ئايلىنىپ كىشىلەر «غالجىرلىق! غالجىرلىق! ئەمدى بولدى قىلايلى!» دەپ توۋلاشقاندا، ئاندىن ئىككى تەرەپنىڭ ئەشەددىيلىرى ئاممىنىڭ غەزىپىنى يەنە قوزغىيالمايدۇ. توختاپ قالغىلى نەچچە يىل بولغان ئۈنۈمسىز سۆھبەتلەر قايتا ئەسلىگە كېلىشكە، مۆتىدىللەر تەشەببۇسىدا قايتا چىڭ تۇرۇپ، ئاخىر قان تۆكۈشنى توختىتىدىغان بىرەر كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا باشلايدۇ. 1994- يىلى ئەتىيازغىچە، ناگورنو-قاراباختا ئالتە يىل داۋاملاشقان ئۇرۇش ئەرمەنلەر ۋە ئەزەربەيجانلىقلارنىڭ «كۈچىنى خورىتىۋەتتى»، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختىتىشقا قوشۇلدى. 1995- يىلى كۈزدە، بەزى دوكلاتلاردا ئېيتىلىشىچە، بوسنىيىدىكى «ئۇرۇشقا قاتناشقان تەرەپلەرنىڭ كۈچى خوراپ كەتكەن» بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن دايتون كېلىشىمى مەيدانغا كەلدى. ۋەھالەنكى، بۇنداق ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالاش پەقەتلا بىر ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرۇش بولۇپ، ھەر ئىككىسىلا تەرەپ، روسلىنىۋېلىش، مادار توپلاش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. بىر تەرەپ پۇرسەت پېشتى، دەپ قارىغاندا ئۇرۇش قايتا باشلىنىدۇ.

ئىككىنچى ئامىل: بىرىنچى قاتلامدا بولمىغان قاتناشقۇچى، ئۆز مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ ئويلاپ، ئۆز تەسىرى ئارقىلىق ئۇ ئىككى تەرەپنى بىر يەرگە ئەكېلىدۇ. ئۇزۇن سەپ ئۇرۇشى ئەزەلدىن بىرىنچى قاتلامدىكىلەرنىڭ بىۋاسىتە سۆھبىتى ئارقىلىق توختاپ باققان ئەمەس، شۇنداقلا مەنپەئەت مۇناسىۋەتى يوقلارنىڭ سۆلھى-سالاسى بىلەنمۇ توختاپ باققان ئەمەس. ھەزارەت پەرقى، كۈچلۈك

ئۆچمەنلىك، ئۆز ئارا زوراۋانلىقلار بىرىنچى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئۇنۇملۇك
بىرەر سۆھبەت، سۆلھىگە ئولتۇرۇشىنى ئىنتايىن تەسلەشتۈرۈۋېتكەن.
كىم، قەيەرنى، كىملەرنى، قانداق كونترول قىلىدۇ؟ دېگەندەك تۈپ
سىياسىي مەسىلىلەر مۇشۇ ۋاقىتتا گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ-دە، ئۇلارنى
تېخىمۇ چەكلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىشتىن
توسۇپ قويىدۇ.

ئورتاق ھەزارەتكە ئىگە دۆلەت، گۇرۇھلار ئارىسىدىكى توقۇنۇش
بەزىدە، ئورتاق ھەزارەتكە ئىگە، ئەمما مەنپەئەت مۇناسىۋىتى يوق
ئۈچىنچى تەرەپنىڭ سالاسى بىلەنمۇ ھەل بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى مەزكۇر
ھەزارەت ئىچىدە، كىشىلەر ئۈچىنچى تەرەپنىڭ ھەقلىقلىقىنى ئېتىراپ
قىلىدۇ، شۇڭا ھەر ئىككى تەرەپ ئۇنىڭ ئورتاق ھەزارەت ئاساسىغا ئىگە
ھەل قىلىش لايىھىسى ئىزدەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. پاپا ئارگېنتىنا
بىلەن چىلى ئارىسىدىكى چېگرا ماجىراسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك
كېلىشتۈرەلەيدۇ. ئەمما، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى
توقۇنۇشتا، مەنپەئەت مۇناسىۋىتى يوق تەرەپ يوق. شۇڭا، ھەر ئىككىلا
تەرەپ ئىشىنەلەيدىغان شەخس، ئورگان ياكى دۆلەت تېپىش ئىنتايىن
قىيىن. ھەر قانداق مەلۇم بىر كېلىشتۈرگۈچى، چوقۇم توقۇنۇشتىكى
ئىككى مەدەنىيەتنىڭ بىرىگە تەۋە بولىدۇ، ئەگەر ئۈچىنچى بىر خىل
مەدەنىيەتكە تەۋە بولسا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىشەنچىسىگە
ئېرىشەلمەيدۇ. چېچەنلەر ۋە رۇسلار، تاملىلار ۋە سىنخالالار پاپانىڭ
ياردىمىنى ئىزدەپ يۈرمەيدۇ. خەلقئارا تەشكىلاتلار سۆلھى-سالا قىلغاندا
ھەمىشە مەغلۇپ بولىدۇ، سەۋەبى ئۇلاردا ئىككىلا تەرەپنى زور بەدەل
تۆلىتىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ مۇھىم مەنپەئىتىنى قاندۇرالايدىغان
ئىقتىدار يوق.

ئۆزلۈك سەپ ئۇرۇشى مەنپەئەت باغلىنىشى يوق، شەخس، گۇرۇھ،
تەشكىلاتلارنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن ئەمەس، بەلكى پەقەت مەنپەئەت
باغلىنىشى بار ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى قاتلامدىكى
قاتناشقۇچىلارنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن ھەل بولىدۇ. بىر جەھەتتىن

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلار تۇغقانلىرىغا ياردەم بېرەلەيدۇ ھەم ئۇنىڭ قارشى تەرىپى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزەلەيدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇلار تۇغقانلىرىنى ھاسىل بولۇپ بولغان كېلىشىمنى قوبۇل قىلىشقا قايىل قىلالايدۇ. گەرچە ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلارنىڭ يىغىلىشى ئۇرۇشنى ئۆتكۈزەلىشتۇرۇپ، ئۇزۇنغا سوزۇۋەتسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئۇرۇشنىڭ زۇرۇر شەرتلىرىنى چەكلىيەلەيدۇ ۋە ئاخىرلاشتۇرالايدۇ (گەرچە تولۇق شەرتلەر بولمىسىمۇ). ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قاتلامدىكى قوللىغۇچىلار بىرىنچى قاتلامدىكى بىۋاسىتە جەڭگە قاتناشقۇچى بولۇشنى خالىمايدۇ، ئۇرۇشنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىرىنچى قاتلامدىكى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلانغان قاتناشقۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى كۆپ تەرەپلىك بولىدۇ ھەم ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىدىكى باشقا مەسىلەرنىمۇ ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، مەلۇم بىر ۋاقىتتا، ئۇلار بەلكىم ئۇرۇشنى توختىتىش ئۆزىگە پايدىلىق دەپ قارىشى مۇمكىن. ئۇلار يىغىلىپ ئۆز تۇغقانلىرىنى قوغدىغاچقا، ئۇلاردا تۇغقانلىرىغا نىسبەتەن تەسىر كۈچى بولىدۇ. قوللىغۇچى شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشنىڭ كونتروللىرى ۋە ئاخىرلاشتۇرغۇچىلىرى بولۇپ قالىدۇ.

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلار بولمىغان ئۇرۇش باشقا ئۇرۇشقا قارىغاندا كېڭىيىپ كېتىش ئېھتىماللىقى كىچىك بولىدۇ، ئەمما ئاخىرلاشتۇرماق تېخىمۇ تەس بولىدۇ. يادرو دۆلىتى يوق مەدەنىيەت گۇرۇھلىرى ئارىسىدىكى ئۇرۇشمۇ شۇنداق بولىدۇ. قۇرۇلۇپ بولغان دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توپىلاڭغا چېتىلغان ھەم مۇھىم يىغىلىشلار بولمىغان ئۇزۇك سەپ ئۇرۇشىمۇ ئالاھىدە مەسىلە پەيدا قىلىدۇ، ئەگەر ئۇرۇش مەلۇم مەزگىل داۋاملاشسا، توپىلاڭچىلارنىڭ تەلىپى مەلۇم فورمىدىكى ئاپتونومىيەدىن پۈتۈنلەي مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىشقا ئالمىشىدۇ، بۇ دەل ھۆكۈمەت قارشى تۇرىدىغان مەسىلە. ھۆكۈمەت ئادەتتە ئىسيانچىلارنىڭ قورال تاشلىشىنى تەلەپ قىلىپ،

ئۇنى ئۇرۇش توختىتىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى قىلدۇ، ئەمما ئىسيانچىلار كۆپىنچە بۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. تەبىئىيكى، ھۆكۈمەت سىرتتىن كەلگۈچىنىڭ «جىنايەتچىلەر»گە چېتىشلىق دەپ قارىلىدىغان ئىچكى سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرىدۇ. بۇنى ئىچكى ئىشلار دەپ بەلگىلەيدۇ ھەم بۇنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئارىلاشماسلىق ئاساسى قىلىدۇ. مەسىلەن، غەرب دۆلەتلىرى بىلەن چېچەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتى مۇشۇنداق.

يادرو دۆلىتى يوق مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ مەسىلىلەر بىر ئۇنىۋېرسال مەسىلە پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، 1956- يىلى باشلانغان سۇدان ئۇرۇشى 1972- يىلى توختىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىككى تەرەپ قاتتىق خورىغان ئىدى، دۇنيا خرىستىئان دىنى جەمئىيىتى ۋە پۈتۈن ئافرىقا خرىستىئان دىنى جەمئىيىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىككى تەرەپنى سۆھبەت ئارقىلىق ئەددىس-ئەبەبە كېلىشىمى ئىمزالىتىپ، جەنۇبىي سۇدانني ئاپتونومىيىگە ئېرىشتۈردى. بۇ ئەمەلىيەتتە، غەيرىي ھۆكۈمەت خەلقئارالىق تەشكىلاتلىرى ئېرىشكەن بىردىنبىر غەلىبە. ئەمما ئون يىلدىن كېيىن سۇدان ھۆكۈمىتى كېلىشىمنى يىرتىپ تاشلىدى، ئۇرۇش قايتا باشلاندى، بۇ چاغدا ئىسيانچىلارنىڭ تەلىپى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھۆكۈمەتنىڭ مەيدانىمۇ تېخىمۇ قاتتىقلاشتى. يەنە بىر قېتىملىق ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەرەب دۇنياسىنىڭمۇ، ئافرىقىنىڭمۇ مەنپەئەتى باغلىنىشلىق، ئۇرۇشقا قاتناشقان تەرەپلەرگە بېسىم ئىشلىتەلەيدىغان يادرو دۆلەتلىرى يوق ئىدى. جىممى كارتېر ۋە بىر نەچچە ئافرىقا رەھبىرىنىڭ كېلىشتۈرۈشىمۇ مەغلۇپ بولدى. كېنىيە، ئېرىترىيە، ئۇگاندا ۋە ئېفئوپىيىدىن تەشكىللەنگەن بىر شەرقىي ئافرىقا دۆلەتلىرى كومىتېتىنىڭ تىرىشچانلىقىمۇ ئۈنۈمسىز بولدى. سۇدان بىلەن چوڭقۇر زىت مۇناسىۋەتكە ئىگە ئامېرىكىمۇ بىۋاسىتە ھەرىكەت قوللىنالمىدى ياكى سۇدان بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن ئىران، ئىراق، لىۋىيىنى

چىقىپ بىر نىمە دېيىشكە تەكلىپ قىلالمايتتى. قىپچاقلىغان بىردىنبىر تاللاش سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئەمما ئۇنىڭ سۇدانغا بولغان تەسىرىمۇ چەكلىك[56].

ئادەتتە، ئۇرۇش توختىتىش سۆھبىتى ئىككى تەرەپنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلىرىنىڭ بۇ سۆھبەتكە نىسبەتەن پاراللېل باراۋەر يوسۇندا قاتنىشىش دەرىجىسىگە تەرەققىي قىلىدۇ. ئەمما، مەلۇم خىل ئەھۋاللاردا، بىر كۈچلۈك دۆلەت ئىككى تەرەپنى ئۇرۇشتىن توختىتالىشى مۇمكىن. 1992- يىلى ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق مەجلىسى ئەرمېنىيە-ئەزەربەيجان ماجىراسىنى كېلىشتۈرۈپ بولۇپ بىر كومىتېت-مىنسك گۇرۇھىنى قۇردى. بۇ گۇرۇھ توقۇنۇشنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلىرىنى، (ناگورنو-قاراباختىكى ئەرمېنىيە، روسىيە، تۈركىيە) يەنە فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، شۋېتسىيە، چېخىيە، بېلوروسىيە ۋە ئامېرىكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. زور تۈركۈمدىكى مۇھاجىرلىرى ياشايدىغان ئامېرىكا بىلەن فرانسىيەدىن باشقىلارنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىمۇ، ئۇرۇشنى توختىتىش ئىقتىدارىمۇ يوق. ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچى روسىيە، تۈركىيە، ئامېرىكىنىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشكەن لايىھەمۇ، ناگورنو-قاراباختىكى ئەرمەنلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ئەمما، روسىيە ئۆزى يالغۇز موسكۋادا ئەرمېنىيە-ئەزەربەيجان ئارىسىدا بىر قاتار سۆھبەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، ئۇ «مىنسك گۇرۇھىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان يەنە بىر تاللاش ياراتتى... خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تىرىشچانلىقىنى ئاجىزلاتتى»[57]. ئەڭ ئاخىرىدا، بىرىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلار خورىغان، روسىيە ئىراننىڭ سۆھبەتنى قوللىشىغا ئېرىشىپ بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئاخىر روسىيەنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئىشقا ئاشتى. ئىككىنچى قاتلام قاتناشقۇچى روسىيە بىلەن ئىران تاجىكىستاندا ئۇرۇش توختىتىش مەسىلىسىدە ھەمكارلاشتى ھەم ئاستا-ئاستا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

روسىيىنىڭ تەسىرى كاۋكازدا يەنە داۋاملىق مەۋجۇت بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەقەت بۇنداق قىلىش ئۆزۈمگە پايدىلىق دەپلا قارىسا ئۇنىڭدا ئۆزى تەشەببۇس قىلغان ئۇرۇش توختىتىشنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلغىدەك ئىقتىدار بار. بۇ ئامېرىكىنىڭ بوسنىيىدىكى ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ. دايتون كېلىشىمى مەنپەئەت باغلىنىشىغا ئىگە يادرو دۆلەتلەر (گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، روسىيە، ئامېرىكا)دىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپىنىڭ تەكلىپى ئاساسىدا ئىمزالانغان، باشقا ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچى دۆلەتلەر ئەڭ ئاخىرقى كېلىشىمنى يېزىشقا ئاكتىپ قاتناشمىدى. ئۇرۇشقا قاتناشقان ئۈچ تەرەپنىڭ ئىككىسى كېلىشىمنىڭ گىرۋىكىدە تۇرۇۋالدى. كېلىشىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى قىسىملىرىغا تاياندى. ئەگەر ئامېرىكا ئۆزىنىڭ بوسنىيىدىكى ئارمىيىسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتسە، ئۇنداقتا مەيلى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە مەيلى روسىيىدە بولمىسۇن كېلىشىمنى توختاپ قالماي ئىجرا قىلغىدەك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولمايدۇ. بوسنىيە ھۆكۈمىتى، سېربلار ۋە كرودلارنىڭ ناۋادا ھاردۇقى تولۇق چىقسا، ئۇرۇش ئوتى قايتا تۇتۇشىدۇ. سېربىيە ھۆكۈمىتى ۋە كرودىيە ھۆكۈمىتىمۇ «بۈيۈك سېربىيە»، «بۈيۈك كرودىيە قۇرۇش» چۈشىنى ئىزدەيدۇ.

روبېرت پۇتنام ھەر قايسى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سۆھبەتلەرنىڭ بىر خىل «قوش قاتلاملىق ئويۇن»لىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. بۇنىڭدا دىپلوماتلار بىرلا ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ دۆلىتى ئىچىدىكى سايلىغۇچىلار بىلەن ھەم يەنە بىر دۆلەت بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. مۇشۇنداق يەنە بىر تەھلىلدە خانتىڭتون (بەلكىم ئاپتور بولماسلىقى مۇمكىن — ئۇ . ت) بىر مۇستەبىت دۆلەتنىڭ ئىسلاھاتچىنىڭ دېموكراتىنىڭ تۈزۈمگە ئۆتۈش مەسىلىسىدە مۆتىدىل گۇرۇھ بىلەن ھەم يەنە ھۆكۈمەتتىكى قاتتىق گۇرۇھ بىلەن قانداق سۆھبەتلىشىدىغانلىقىنى ۋە كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ مۆتىدىل

ئۆكتىچىلەرمۇ ئەشەددىي ئۆكتىچىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ ۋە كۈرەش قىلىدۇ[58]. بۇ خىل قوش قاتلاملىق ئويۇن ئاز دېگەندە تۆت قاتناشقۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز دېگەندە ئۈچ خىل، بولمىسا ئادەتتە كۆپىنچە تۆت خىل مۇناسىۋەت بار. ۋەھالەنكى، بىر مەيدان مۇرەككەپ ئۇزۇك سەپ ئۇرۇشى بولسا بىر خىل ئۈچ قاتلاملىق ئويۇن، ئۇنىڭ ئاز دېگەندىمۇ ئالتە تەرەپ قاتناشقۇچىسى بار ھەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاز دېگەندە يەتتە خىل مۇناسىۋەت بار. (11-1-رەسىمگە قاراڭ). ئۇزۇك سەپنى كېسىپ ئۆتكەن، گورىزونتال مۇناسىۋەت بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قاتلامدىكى ئىككى تەرەپ قاتناشقۇچىلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ۋېرتىكال مۇناسىۋەت ھەر قايسى مەدەنىيەتلەر ئىچىدىكى ئوخشاشمىغان قاتلاملاردىكى قاتناشقۇچىلار ئارىسىدا بولىدۇ. شۇڭا، بىر مەيدان «مۇكەممەل ئەندىزە»دىكى ئۇرۇشنى توختىتىش بەلكىم:

● ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلارنىڭ ئاكتىپ كىرىشىنى؛

● ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىنىڭ ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇش ھەققىدىكى كەڭ دائىرىلىك شەرتلىرى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىشىنى؛

●ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلار سەۋزە-كالتەك ۋاستىسى بىلەن ئىككىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلارنى بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلدۇرۇشىنى؛ بىرىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىغا بۇلارنى قوبۇل قىلىشقا بېسىم ئىشلىتىشىنى؛

● ئىككىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىنىڭ قوللىشىنى بىكار قىلىپ، ئەمەلىيەتتە بىرىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىنى تاشلىۋېتىشىنى؛

● بۇ بېسىملارنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، بىرىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچى بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلىشىنى؛ (ئەلۋەتتە، ئۇلار بۇ

شەرتلەرنى بۇزۇش ئۆزىمىزگە پايدىلىق دەپ قارىسا، يەنە ئۇلارنى بۇزۇۋېتىدۇ) تەلەپ قىلىدۇ.

بوسنىيىنىڭ ئىنچىلىق مۇساپىسى مۇشۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسىگە چېتىلىدۇ. خۇسۇسىي پائالىيەتچىلەر، ئامېرىكا، روسىيە، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ سۆھبەت ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنىڭ ئۈنۈمى بەكلا ئاز بولدى. غەرب دۆلەتلىرى روسىيىنىڭ بۇنىڭغا قاتنىشىدىغان ھەمراھ بولۇشىنى ياقتۇرمايدۇ. روسىيە بولسا ئۆزىنىڭ سىرتتا قالدۇرۇلغىنىغا قەتئىي ئېتىراز بىلدۈرۈپ، سېربىيە بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتىنىڭ، بالقاندا باشقا ھەر قانداق دۆلەتكە قارىغاندا تېخىمۇ بىۋاستە مەنپەئەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. روسىيە ئۆزىنىڭ توقۇنۇشنى ھەل قىلىشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قاتناشقۇچىسى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، «ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ خالىغىنى بويىچە شەرت بەلگىلەش خاھىشى»نى قاتتىق تەنقىد قىلدى. 1994- يىلى، روسىيىنىمۇ قاتناشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى ناھايىتى روشەنلىشىپ قالدى. روسىيە بىلەن تېخى مەسلىھەتلەشمىگەن ئەھۋالدا، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى بوسنىيىدىكى سېربلارغا ئاخىرقى ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سارايېۋو ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئېغىر تىپلىق قوراللارنى بىكار قىلىشنى، بولمىسا ھاۋا زەربىسىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. سېربلار بۇ تەلەپنى رەت قىلدى، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى بىلەن سوركىلىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقى زورىيىپ قالدى. يېلتسىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «بەزىلەر روسىيە قاتناشمىغان ئەھۋالدا، بوسنىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، بىز بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىگە قەتئىي يول قويمايمىز» دېدى، ئارقىدىنلا روسىيە ھۆكۈمىتى تەشەببۇسكارلىقنى قولغا ئېلىپ، سېربلارنىڭ روسىيە سارايېۋوغا ئىنچىلىق ساقلاش قىسمى كىرگۈزگەن ئەھۋالدا ئېغىر تىپلىق قوراللارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە نەسىھەت قىلدى. بۇ دىپلوماتىيە ھەرىكىتى توقۇنۇشنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنى توستى. غەربكە روسىيىنىڭ سېربلارغا

كۆرسىتەلەيدىغان تەسىرىنى كۆرسىتىپ قويىدى ھەم رۇس ئارمىيىسىنى بوسنىيە مۇسۇلمانلىرى بىلەن سېربلار توقۇنۇشۇۋاتقان رايوننىڭ يۈرىكىگە كىرگۈزدى[59]. بۇ تەدبىر ئارقىلىق، روسىيە ئۆزىنى «تىنچلىق ھەمراھى» قىلىپ، بوسنىيە مەسىلىرىنى ھەل قىلىش ھوقۇقى تەلىپىنى ئەمەلىي ئېتىراپقا ئېرىشتۈردى.

ئەمما، 4-ئايدا، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى يەنە روسىيە بىلەن مەسلىھەتلەشمەيلا سېربلار بازىسىنى بومباردىمان قىلىشقا ھوقۇق بەردى. بۇ ئىش پۈتكۈل روسىيىدە ئېغىر سەلبىي تەسىر قوزغاپ، مىللەتچىلەرنىڭ يېلىتسىن بىلەن كوزىرېۋغا قارشى تۇرۇشىنى كۈچەيتىۋەتتى. ئارقىدىنلا، ئۈچىنچى قاتلامدىكى مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، روسىيە ۋە ئامېرىكىلار ھەل قىلىش لايىھىسىنى تۈزىدىغان گۇرۇپپا بولۇپ تەشكىللەندى. 1994-يىلى 6-ئايدا بۇ گۇرۇپپا بىر پىلان ئوتتۇرىغا قويۇپ، بوسنىيىنىڭ 51% تېررىتورىيىسىنى مۇسۇلمانلار-كرودلار فېدېراتسىيىسىگە، 49% تېررىتورىيىسىنى بوسنىيىدىكى سېربلارغا بۆلۈپ بېرىشنى قارار قىلدى، بۇ پىلان كېيىن دايتون كېلىشىمىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. ئىككىنچى يىلى، رۇس قىسىملىرىنى دايتون كېلىشىمىنى ئىجرا قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈرىيەتكە ئايلاندى.

ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلار ئارىسىدا ھاسىل قىلىنىدىغان كېلىشىم بىرىنچى قاتلام ۋە ئىككىنچى قاتلام قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشىشى كېرەك. خۇددى رۇس دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ۋىتالى چۇركىن ئېيتقاندەك، ئامېرىكىلىقلار چوقۇم بوسنىيىلىكلەرگە تايىنىشى كېرەك، گېرمانىيىلىكلەر چوقۇم كرودىيىلىكلەرگە تايىنىشى كېرەك. رۇسلار بولسا سېربلارغا تايىنىشى كېرەك[60]. يۇگوسلاۋىيە ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، روسىيە زور دەرىجىدە يول قويۇپ، سېربلارغا ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزۈشكە قوشۇلغان. سېربلار ئىشىنىدىغان تۇغقان دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن روسىيە بەزىدە سېربلارغا بېسىم ئىشلىتەلەيدۇ، ئۇلارنى ئەسلىدە

رەت قىلىۋېتىش ئېھتىماللىقى بولغان مۇرەسسە لايىھىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىيالايدۇ. مەسىلەن، 1995- يىلى روسىيە ۋە گرېتسىيە بىرلىكتە بوسنىيىدىكى سېربلاردىن ئۇلار كونتىرول قىلىپ تۇرۇۋاتقان گوللاندىيىنىڭ تىنچلىق ساقلاش خادىملىرىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، بوسنىيە سېربلىرىمۇ بەزىدە ئۆزى روسىيىنىڭ بېسىمىدا ئىمزالىغان كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ، روسىيىنىڭ يۈزىگە سەت بولدى. مەسىلەن، 1994- يىلى 4- ئايدا، بوسنىيە سېربلىرى گورازدىغا تاجاۋۇز قىلماسلىق ھەققىدە روسىيىگە قوشۇلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كېلىشىمنى يىرتىۋەتتى. روسىيە بۇنىڭدىن چىچاڭشىپ كەتتى، بىر روسىيە دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بۇ ھەقتە سۆزلەپ بوسنىيە سېربلىرى «ئۇرۇش تەلۋىلىرى»گە ئايلىنىپ قالدى، دېدى. يىلتسىن «سېربىيە رەھبەرلىرىنىڭ روسىيىگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئادا قىلىش»نى قەتئىي تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە روسىيە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ بومباردىمانغا بىلدۈرگەن قارشىلىقىدىن يېنىۋالدى[61].

كرودىيىنىڭ كۈچىنى قوللاش ۋە كۈچەيتىش ئارقىلىق، گېرمانىيە ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرى كرودىيىلىكلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلىيەلىدى. زۆگتوۋ تۇجمان ئۇنىڭ كاتولىك دىنى دۆلىتىنى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا، ياۋروپا تەشكىلاتلىرىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىشىغا جىددىي تەقەززا ئىدى. غەرب دۆلەتلىرى دىپلوماتىيە، ئىقتىسادىي، ھەربىي ياردەم، شۇنداقلا، كرودىيىنىڭ «كۇلۇب»قا كىرىش ئارزۇسىدىن پايدىلىنىپ، تۇجماننى نۇرغۇن مەسىلىلەردە يول قويۇشقا قىزىقتۇردى. 1995- يىلى 3- ئايدا غەرب دۆلەتلىرى ئەگەر كرودىيە غەربنىڭ ئەزاسى بولغۇسى بولسا، چوقۇم ب د ت قوغداش قىسمىنىڭ كاراجىنادا تۇرۇشىغا قوشۇلۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بىر ياۋروپا دىپلوماتىيە ئەمەلدارى مۇنداق دېدى: «غەربكە قاتنىشىش تۇجمان ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ يالغۇز قېلىپ، سېربلار ۋە رۇسلارغا تاقابىل تۇرغۇسى يوق». غەرب دۆلەتلىرى تۇجماننى

قىسىملىرىنىڭ كاراجىچنا ۋە باشقا سېربلار تۇرغان يەرلەرنى بويسۇندۇرغاندا، ئىرقىي تازىلاش ئېلىپ بارماسلىقتا، ھۇجۇم قىلىدىغان رايوننى شەرقىي سلوۋېنىيىگىچە كېڭەيتمەسلىككە ئاگاھلاندۇردى. يەنە بىر مەسىلىدە، غەرب دۆلەتلىرى كرودىيىگە — خۇددى بىر ئامېرىكا ئەمەلدارى ئېيتقاندەك — ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىشىپ فېدىراتسىيە قۇرمىسا، «غەربنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۇلارغا مەڭگۈ ئېتىكلىكىنى» ئېيتىپ ئاگاھلاندۇردى[62]. كرودىيىنىڭ تاشقى مالىيە ياردىمىنىڭ ئاساسلىق تەمىناتچىسى گېرمانىيە، كرودىيىلىكلەرنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئالاھىدە كۈچلۈك ئورۇنغا ئىگە. ئامېرىكىنىڭ كرودىيە بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغان زىچ مۇناسىۋەتتى تۇجماننىڭ پات-پات ئېپادىلىنىپ قالىدىغان، كرودىيە بىلەن سېربىيىنىڭ بوسنىيە-گېرتسېگوۋىنانى بۆلۈشۈۋېلىش ئارزۇسىنى توسۇشقا ياردىمى بار ئىدى، ھېچبولمىغاندىمۇ 1995- يىلى شۇنداق بولدى.

روسسىيە بىلەن گېرمانىيىگە ئوخشىمايدىغىنى، ئامېرىكىنىڭ ياردەم قىلىنغۇچى بوسنىيە بىلەن ھەزارەت ئورتاقلىقى يوق. شۇڭا، مۇسۇلمانلارنى سۆلھىگە زورلاشتا ئاجىز كېلىپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئېغىزدىكى گەپتىن بۆلەك، ئامېرىكىنىڭ بوسنىيىگە قىلغان ياردىمى، پەقەت شۇ ئىران، سەئۇدى ئەرەبىستانلارنىڭ قورال ئېمبارگوسىغا خىلاپلىق قىلغىنىنى كۆرمەسكە سېلىش بولدى. نەتىجىدە، بوسنىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدىكى ئىسلام جامائىتىگە بولغان مىننەتدارلىقى ۋە سالاھىيەت تۇيغۇسى كۈنسېرى كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ئامېرىكىنى «قوش ئۆلچەم» قوللاندى، خۇددى ئىراق كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلدى دەپ زەربە بەرگەندەك، ئۇلارغا بولغان تاجاۋۇزغا زەربە بەرمىدى، دەپ ئەيىبلىدى. ئۇلار ئۆزىنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار قىلىۋالغاچقا، ئامېرىكىنىڭ ئۇلارنى يارىشىشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىشى بەك تەسكە چۈشتى. شۇنداق قىلىپ، بوسنىيە مۇسۇلمانلىرى تىنچلىق تەكلىپىنى رەت

قىلالىدى، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ ياردىمىدە ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتتى. ئەڭ ئاخىرىدا قولدىن بېرىپ قويغان خېلى كۆپ يېرىنى قايتۇرۇۋالدى.

بىرىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلاردا، مۇرەسسەگە قارشىلىشىش كەيپىياتى ئىنتايىن ئېغىر. كاۋكازدىكى ئۇرۇشتا، ئەرمىنىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ قەتئىي قوللىشىغا ئېرىشكەن مىللەتچىلەر تەشكىلاتى — ئەرمىنىيە ئىنقىلابىي ئىتتىپاق پارتىيىسى ناگورنى-قاراباغنى كونترول قىلىپ، تۈركىيە، روسىيە، ئامېرىكا 1993-يىلى 5-ئايدا ئوتتۇرىغا قويغان، ئەرمىنىيە ھۆكۈمىتى ۋە ئەزەربەيجان ھۆكۈمىتى قوبۇل قىلغان تىنچلىق تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ئىرقىي تازىلاش دەپ ئەيىبلەنگەن ھەربىي ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇرۇشنىڭ كېڭىيىپ كېتىش ئېھتىماللىقى كۈرۈلۈپ قالدى ھەم ئۇنىڭ مۆتىدىلرەك ئەرمىنىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يامانلاشتۇرۇپ قويدى. ناگورنو-قاراباغقا قىلغان ھۇجۇم ئەرمىنىيىگە مەسىلە ئېلىپ كەلدى. چۈنكى، ئۇ تۈركىيە ۋە ئىران مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، ئۇرۇش ۋە تۈركىيىنىڭ قامال قىلىشىدىن كېلىپ چىققان ئوزۇقلۇق، ئېنېرگىيە يېتىشمەسلىكىنى ھەل قىلىشقا ئالدىراپ قالدى. بىر غەرب ئەمەلدارى مۇنداق دەيدۇ: «قاراباختىكى ئۇرۇش ئەھۋالى قانچە ياخشىلانسا يېرىۋان ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىق شۇنچە ئېغىر بولىدۇ». ئەرمىنىيە زۇڭتۇڭى پېتروسىيان روسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىندەك، قانۇن تۈزۈش ئورگانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللەتچىلەردىن كەلگەن بېسىم ۋە باشقا دۆلەتلەر بىلەن يارىشىدىغان تىخمۇ چوڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى مەنپەئىتى ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا مەجبۇر بولدى. 1944-يىلى يىل ئاخىرىدا، ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى ئەرمىنىيە ئىنقىلابىي ئىتتىپاق پارتىيىسىنىڭ ئەرمىنىيىدىكى پائالىيەتلىرىنى چەكلىدى.

بوسنىيىدىكى سېربلار ۋە كروئاتلارمۇ خۇددى ناگورنو-قاراباختىكى ئەرمەنلەردەك، قاتتىق مەيداندا تۇردى. نەتىجىدە،

كرودىيە ھۆكۈمىتى ۋە سېربىيە ھۆكۈمىتى بېسىمغا ئۇچراپ تىنچلىق يولىغا ماڭغاندا، ئۇلارنىڭ بوسنىيىدىكى تۇغقانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە سەل مەسىلە پەيدا بولدى. كرودىيىلىكلەر ئارىسىدا بۇنداق مەسىلە ئانچە ئېغىر ئەمەس. چۈنكى، بوسنىيىدىكى كروتلار ھېچبولمىغاندا شەكىل جەھەتتە بولسىمۇ، (ئەمەلىيەتتە بولسىمۇ) مۇسۇلمان كروتلار فېدېراتسىيىسىگە كىرىشكە قوشۇلدى. مىلوشېۋىچ بىلەن بوسنىيە سېربلىرىنىڭ رەھبىرى كارادىچ ئارىسىدىكى خۇسۇسىي ئاداۋەتتىن كېلىپ چىققان توقۇنۇش كۆنسېرى جىددىيلىشىشكە، ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. 1994-يىلى 8- ئايدا كارادىچ مىلوشېۋىچ قوشۇلغان تىنچلىق پىلانىنى رەت قىلدى. غەربنى ئەمبارگونى بىكار قىلدۇرۇشقا ئالدىراپ كەتكەن سېربىيە ھۆكۈمىتى، بوسنىيە سېربلىرى بىلەن بولغان يىمەكلىك، دورىدىن باشقا ھەر قانداق سودا بېرىش-كېلىشنى توختاتتى. ئىككىنچى يىلى، مىلوشېۋىچ كرودىيە ئارمىيىسىنىڭ سېربلارنى كاراجىنادىن چىقىرىۋېتىشكە، كرودىيە ۋە مۇسۇلمان قوراللىق كۈچلىرىنىڭ سېربلارنى غەربىي شىمال رايونىغا قوغلىۋېتىشكە رۇخسەت قىلدى. ئۇ يەنە تۇجمان بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، سېربلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىۋېلىنغان شەرقىي سلوۋېنىيىنى تەدرىجىي قايتۇرۇۋېلىپ، كرودىيىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلدى. بىر نەچچە چوڭ دۆلەتنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئەينى ۋاقىتتا، ئۇ دايتون كېلىشىمى سۆھبىتىدە بوسنىيىدىكى سېربلار ئۈچۈن گەپ قىلدى ھەم بوسنىيە سېربلىرى ۋەكىلىنى ئۆزىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە كىرگۈزدى.

مىلوشېۋىچنىڭ ئىشى ب د ت نى سېربىيىگە قارىتىلغان ئەمبارگونى بىكار قىلغۇزدى ھەم ئۇنى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتۈردى. 1992-يىلىدىكى مىللەتچى، تاجاۋۇزچى، ئىرقىي قىرغىنچى، سېربىيە ئۇرۇش تەلۋىسى، 1995- يىلى بىر دىپلوماتىيلا، تىنچلىقنىڭ قۇرغۇچىسىغا

ئايلاندى. ئەمما، نۇرغۇن سېربىيىلىكلەرگە نىسبەتەن، ملوشېۋىچ خائىن بولۇپ قالدى، بېلگرادتا، ئۇ سېربىيە مىللەتچىلىرى ۋە پراۋوسلاۋىيە دىنى داھىيلىرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. كاراجىنا، بوسنىيىدىكى سېربلار ئۇنىڭ دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بار دەپ ئەيىبلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى، ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى يەھۇدىيلار ئاھالىلىرىنىڭ پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىغان ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتىگە قاراتقان ئەيىبلىشى بىلەن ئوپئوخشاش ئىدى. ئۆزلۈك سەپ ئۆرۈشىدا، تىنچلىقنىڭ بەدىلى تۇغقانلىرىغا ئاسىيلىق قىلىشتۇر.

ئۆرۈشتا خورىغان، ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلارنىڭ غىدىقلىشى شۇنداقلا بېسىمغا دۇچكەلگەن ئىككىنچى قاتلام، بىرىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلار مەيلى مۆتىدىللەر ئەشەددىيلەرنىڭ ئورنىغا دەسسگەنلىكىدىن بولسۇن ياكى ملوشېۋىچتەك ئۈچىغا چىققان ئەشەددىيلەر مۆتىدىل بولۇۋېلىشىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىدىن بولسۇن، پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى. ئەمما، ئۇلار ئۆزگىرىشتە بەلگىلىك خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق خائىن دەپ قارىلىدىغان كىشىلەر كىشىلەردە دۈشمەنلەرگە بولغان غەزىپىدىنمۇ كۈچلۈك غەزەپ قوزغىۋېتىدۇ. كەشمىر مۇسۇلمانلىرى، چېچەنلەر ۋە سىرىلانكىدىكى سىنخالالارنىڭ رەھبەرلىرى سادات ۋە رابىندەك تەقدىرگە يولۇقتى. ئۇلار ئىشلىرىمىزغا ئاسىيلىق قىلدى، دۈشمەنلىرىمىز بىلەن مۇرەسسەلىشىشكە ئۇرۇندى دەپ ئەيىبلەندى. 1914- يىلى بىر سېرب مىللەتچى ياش بىر ئاۋسترىيە كىنەزىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. دايتون كېلىشىمىدىن كېيىن ملوشېۋىچمۇ مىللەتچىلەرنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەگەر ئۆزلۈك سەپ ئۆرۈشنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان بىر كېلىشىم، بۇ رايوندىكى بىرىنچى قاتلام قاتناشقۇچىلار ئارىسىدىكى تەكپۇكلۇقنى، شۇنداقلا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قاتلامدىكىلەرنىڭ

مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسە، گەرچە ئۇ ۋاقىتلىق بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۇنى مۇۋەپپەقىيەت دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. بوسنىيىلىكلەرنى 49% ۋە 51% نىسبىتى بويىچە ئايرىيدىغان ئىش 1994- يىلى سېربلار 70% تېررىتورىيىنى كونترول قىلىپ تۇرغاندا، ئاقمايتتى، ئەمما بۇ ئىش كرودلار ۋە مۇسۇلمانلار ھۇجۇمى سېربلار كونترول قىلغان تېررىتورىيىنى يېرىملاشتۇرۇپ قويغاندا ئاندىن مۇمكىن بولدى. يۈز بېرىپ بولغان ئىرقىي تازىلاشمۇ تىنچلىق تەرەققىياتىغا پايدىلىق. ئۇ سېربلارنىڭ نوپۇسىنى كرودلار نوپۇسى ئىچىدە 3% كىمۇ يەتمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈردى ھەم بوسنىيىدىكى ئۈچ گورۇھنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى مەجبۇرىي ياكى ئۆزلۈكىدىن ئايرىۋەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلار (كېيىنكىسى كۆپىنچە مەدەنىيەت يادرو دۆلىتى) پەقەت ھەقىقىي بىخەتەرلىككە ئېرىشەلىسە ياكى ئۇرۇشتا ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە بولسا، ئاندىن بىرەر ئاقمدىغان ھەل قىلىش چارىسى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىرىنچى قاتلامدىكى قاتناشقۇچىلار ئۆزى يالغۇز ئۆزلۈك سەپ ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرالمايدۇ. بۇ ئۇرۇشلارنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-ئالالماسلىق، ئاساسلىقى، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئاساسلىق مەدەنىيەت يادرو دۆلەتلىرىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ھەرىكىتىگە باغلىق. ئۆزلۈك سەپ ئۇرۇشى تۆۋەندىن يۇقىرىغا پارتلايدۇ، ئۆزلۈك سەپلەر ئارىسىدىكى تىنچلىق بولسا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يۈرۈشىدۇ.

# V بۆلۇم مەدەنىيەتلەرنىڭ كەلگۈسى

## ئون ئىككىنچى باب

## غەرب، ھەرخىل مەدەنىيەتلەر ۋە دۇنيا مەدەنىيىتى

### غەربنىڭ تىرىلىشى

تارىختا، ھەر قانداق مەدەنىيەتنىڭ تارىخى بىر قېتىم گۈللەنگەن. بەزىدە بىر قېتىمدىلا توختاپ قالمىغان، بىر مەدەنىيەتنىڭ دۆلەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ خەلقى تويىنبى ئېيتقان «ئەبەدىيلىك چۈشى» بىلەن ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ، ئۆز مەدەنىيىتىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى فورمىسى دەپ ئىشىنىپ قالىدۇ. كىشىلەر رۇم ئىمپېرىيىسى، ئاباسىيە خەلىپىلىكى ۋە موغۇل ئىمپېرىيىسى، ئوسمان ئىمپېرىيىلىرىگە شۇنداق ئۈمىد باغلاشقان. بۇ ئۇنىۋېرسال دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرى «كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان روشەن پاكىتلارغا قارىماي ... ئۇنى قاراڭغۇ دالىدىكى پاناھ جاي ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلدىكىدەك ماكان، كۈرەش نىشانى دەپ قاراشقا مايىل» ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى تىنچلىق ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەندىمۇ، مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەنىدى. 1897- يىلىدىكى ئەنگلىيە ئوتتۇرا بۇرژۇئالىرى ئۆزچۈن ئېيتقاندا، «خۇددى ئۇلار كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، تارىخ ئاللىقاچان توگەللەندى... ئۇلار تارىخنىڭ بۇ توگۈنى ئۇلارغا

ئېلىپ كەلگەن مەڭگۈلۈك بەختلىك دۆلەت ئۈچۈن تەبرىكلەشكە ھەقلىق»[1]. ئەمما، تارىخ ئاخىرلاشتى دەپ قارىغان جەمئىيەت دەل تارىخ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان جەمئىيەتتۇر.

غەرب بۇ قىلىپنىڭ سىرتىدىمۇ؟ مىلكو مۇنداق ئىككى ئاچقۇچلۇق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى:

*بىرىنچى، غەرب مەدەنىيىتى ئۆزى سىستېمىلاشقان يېڭى بىر تىپمۇ؟ ئۇ ئىلگىرى مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەن بارلىق باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن تۈپتىن ئوخشاشمامدۇ؟*

*ئىككىنچى، ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى كېڭىيىشى باشقا بارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئاخىرلاشتۇرامدۇ؟ ياكى شۇنداق بولۇش ئېھتىمالى بارمۇ؟* [2]

كۆپ قىسىم غەربلىكلەر بۇ سوئالغا «ھەئە» دېيىشكە مايىل، بەلكىم ئۇلارنىڭ توغرىدۇ، ئەمما ئىلگىرى باشقا مەدەنىيەتلەردىكى مۇشۇنداق قاراشتىكىلەر خاتالاشقاندى.

روشەنكى غەرب، ئىلگىرىكى مەدەنىيەتلەر بىلەن ئوخشاشمايدۇ. چۈنكى ئۇ مىلادىيە 1500- يىلىدىن بۇيانقى بارلىق مەدەنىيەتلەرگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ دۇنيا مىقياسىدا زامانىۋىلىشىش ۋە سانائەتلىشىش مۇساپىسىنى ئاچتى. نەتىجىدە، بارلىق باشقا مەدەنىيەتلەر جەمئىيەتلىرى بايلىق ۋە زامانىۋىلىشىش جەھەتتە غەربكە يېتىشىۋېلىشنى كۆزلەيدىغان بولدى. ئەمما، غەربنىڭ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش جەريانى بولۇشتەك بۇ خىل ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ باشقا بارلىق مەدەنىيەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان ئەندىزىلەر بىلەن ئوخشاشمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ، يوق؟ تارىخنىڭ دەلىللىرى ۋە سېلىشتۇرما مەدەنىيەت تارىخشۇناسلىرى ھۆكۈمنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرغا قەدەر، غەربنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تارىختىكى ھەر قايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئارىسىدا زور ئوخشىماسلىق يوق.ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى ۋە ئاسىيا

ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ھالىتى، باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭمۇ جۇشقۇن كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەتتا غەربكە يوشۇرۇن تەھدىت پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىدى، بەزى غەرب ۋە باشقا مەدەنىيەت يادرو دۆلەتلىرىگە چېتىلىدىغان چوڭ ئۇرۇش ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىش ئەمەس، ئەمما يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن، غەربنىڭ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلانغان تەدرىجىي، ئەمما قانۇنىيەتسىز ئاجىزلىششى، ئېھتىمال نەچچە ئون يىل، ھەتتا نەچچە يۈز يىل داۋاملىشىشى مۇمكىن ياكى غەرب يەنە بىر گۈللىنىشنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇنىڭ دۇنيا ئىشلىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىر كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەر قوغلىشىدىغان، دورايدىغان داھىيلىق ئورنىنى يەنە بىر قېتىم تىكلىشى مۇمكىن.

مەدەنىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنى دەۋرلەرگە بۆلۈشتە، كاررول كىگلى بايقىغان يەتتە باسقۇچلۇق ئورتاق ئەندىزە ئەڭ ئۈنۈملۈك بولۇشى مۇمكىن③. (مەزكۇر كىتابنىڭ ئىككىنچى بابىغا قاراڭ). ئۇ غەرب مەدەنىيىتى مىلادىيە 370 — 750- يىللار ئىچىدە، كلاسسىك، سىمىتىك، ساراسېن، ياۋايى مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىنىڭ يۇغۇرۇلۇشى بىلەن شەكىللىنىشكە باشلىغان، دەپ قارايدۇ. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تۆرەلمىلىك مەزگىلى 8- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ 10- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا مەدەنىيەتلەردە ئانچە كۆپ كۆرۈلۈپ كەتمەيدىغان كېڭىيىش باسقۇچى ۋە توقۇنۇش باسقۇچلىرىنىڭ چېكىنىش-ئىلگىرىلەش ھەرىكىتى كۆرۈلدى. غەرب ۋە باشقا مەدەنىيەت ئالىملىرىنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، غەرب ھازىر توقۇنۇش باسقۇچىدىن چىقىپ بولدى. غەرب مەدەنىيىتى ئاللىقاچان بىر بىخەتەر رايون بولۇپ قالدى، پات-پات يۈز بېرىپ قالىدىغان ئۇرۇشتىن باشقا، غەربنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇرۇشنى ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. خۇددى مەن ئىككىنچى بابتا بايان قىلغاندەك، غەرب دۇنيا

ئىمپېرىيىسىگە تەڭ كېلىدىغان بىر سىستېما تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىدۇ. بۇ سىستېما ئىتتىپاق، فېدېراتسىيە، ھاكىمىيەت ۋە باشقا شەكىلدىكى ھەمكارلىشىش ئورگانلىرىدىن تەركىب تاپقان بىرىكمە سىستېما بولىدى. ئۇ مەدەنىيەت قاتلىمىدا دېموكراتىك ۋە كۆپ مەنبەلىك سىياسەت يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. قىسقىسى، غەرب بىر پىشقان جەمئىيەت بولۇپ قالدى، ئۇ ھازىر كېيىنكىلەر ئۆتمۈشنى ئەسلىگەندە، تارىختا تەكرار-تەكرار مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت تەرەققىيات ئەندىزىسى بويىچە «ئالتۇن دەۋر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەۋرگە كىرىۋاتىدۇ. كىگلىنىڭ كېيى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ دەۋر «بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئۆز رايونى ئىچىدە، ھېچقانداق رەقىبى بولمىغانلىقتىن، شۇنداقلا باشقا سىرتقى جەمئىيەتلەرنىڭ رىقابىتىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ھەتتا بۇنداق رىقابەتمۇ بولمىغانلىقتىن» مەيدانغا كەلگەن تىنچلىق ئۇ ھەم يەنە «ئىچكى ئۇرۇشلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىچكى سودىدىكى توسالغۇلارنى ئازايتىپ، ئورتاق ئۆلچەم، پۇل تۈزۈمى بەرپا قىلىپ، شۇنداقلا دۇنيا ئىمپېرىيىسى قۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كىرىم-چىقىم ئۆلچەم تۈزۈمىنى كەڭ دائىرىدە يولغا قويۇش» بىلەن مەيدانغا كەلگەن بىر گۈللەنگەن دەۋر.

ئىلگىرى ھەر قايسى مەدەنىيەتلەر ئىچىدە، مەدەنىيەت ئۆلمەيدۇ دەيدىغان خام خىيالغا چۆمۈلگەن ئالتۇن دەۋر، بىر تاشقى جەمئىيەتنىڭ تېزلا قولغا كەلتۈرگەن غەلبىسى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئاستا، ئەمما ئازابلىق ئىچكى يېمىرىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر، ئۇنىڭ تاشقى ۋەيران قىلغۇچ كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا ۋە ئىچكى زەئىپلىكىنى توختىتىشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم. كىگلى 1960- يىلى مۇنداق كۆرسىتىدۇ، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلالىشىدىكى سەۋەب ئۇ بىر «كېڭىيىش قورالى» غا ، يەنى بىر ھەربىي، دىنىي، سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي تەشكىلاتقا

ئىگە. ئۇ، جۇغلانما توپلاپ ئۇنى ئۈنۈملۈك يېگىلىق يارىتىشقا سەرپ قىلىدۇ، مەدەنىيەت «جۇغلانمىنى يېڭىلىق يارىتىشقا سەرپ قىلغاندا ياكى زامانىۋىراق دېگەندە مەبلەغ سېلىش نىسبىتى تۆۋەنلىگەندە» زەئىپلىشىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى، جۇغلانمىنى كونترول قىلغان ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ «ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدە بولمىغان، خۇسۇسلار بەھرىمەن بولىدىغان مەنپەئەتنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ... جۇغلانمىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئىختىرا قىلىشقا ئەمەس، ئىستېمالغا ئىشلەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بولىدۇ». كىشىلەر نوقۇل كاپىتالغىلا تايىنىپ ياشىغاندا، مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسال دۆلەتلىك ھالىتىدىن، زەئىپلىشىش باسقۇچىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇ مۇنداق بىر باسقۇچ:

*ئىقتىساد جىددىي زەئىپلىشىدۇ، تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلەيدۇ، ھەر قايسى قانۇنلۇق مەنپەئەت گۇرۇھلىرى ئارىسىدا ئىچكى ئۇرۇش يۈز بېرىدۇ، ساۋاتسىزلىق كۆپىيىپ، جەمئىيەت كۈنسايىن ئاجىزلىشىدۇ، كىشىلەرنىڭ قانۇن تۈزۈش ئارقىلىق ئىسراپچىلىقنى توختىتىش تىرىشچانلىقى بىھۇدە كېتىدۇ. ئەمما، زەئىپلىشىش توختىمايدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىلىم، ئىجتىمائىي سىياسىي قاتلاملىرى كەڭ دائىرىدە خەلقنىڭ ساداقىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. يېڭى دىنىي ھەرىكەت جەمئىيەتتە ئومۇملىشىشقا باشلايدۇ. كىشىلەر بارغانسېرى بۇ جەمئىيەت ئۈچۈن جەڭ قىلىشنى خالىمايدىغان، ھەتتا باج تۆلەش بىلەن بولسىمۇ ئۇنى قوللاشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ*

«زەئىپلىشىشتىن كېيىنلا كېلىدىغىنى تاجاۋۇز قىلىنىش باسقۇچى، ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغان بوپقالغاندا ئۇ ياۋايى تاجاۋۇزچىلارغا دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىدۇ». ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا «يەنە بىر ياش، كۈچلۈك مەدەنىيەتتىن» كېلىدۇ④.

ۋەھالەنكى، مەدەنىيەت تارىخىدا، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇھىم ساۋاق شۇكى، نۇرغۇن ئىشلار مۇمكىن بولۇپ قالىدۇ. ئەمما،

ھېچقانداق ئىش ساقلانغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئەمەس. مەدەنىيەت ئۆز-ئۆزىنى ئىسلاھ قىلالايدۇ ۋە يېڭىلىيالايدۇ ھەم ئاللىقاچان شۇنداق قىلدى. غەربنىڭ مەركىزىي مەسىلىسى ھەر قانداق تاشقى خىرىستىن باشقا، ئۇ ئىچكى قىسمىدىكى زەئىپلىشىش يۈزلىنىشىنى توختىتالامدۇ ۋە كونترول قىلالامدۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت. غەرب ئۆزىنى يېڭىلىيالامدۇ ياكى ئىچكى قىسمىدىكى داۋاملىشىۋاتقان چىرىش ئۇنىڭ ئاخىرلىشىشىنى ياكى باشقا ئىقتىسادىي، نوپۇس جەھەتلەردە تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە مەدەنىيەتلەرگە باش ئېگىشىنى تېزلىتىۋېتەمدۇ؟*

90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، غەربتە كىشىلى پىشقان مەدەنىيەتنىڭ زاۋاللىقى دەپ قارىغان ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، غەرب باشقا ھەر قانداق مەدەنىيەتتىن باياشات. ئەمما، بولۇپمۇ شەرقىي ئاسىيا جەمئىيىتىگە سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى، مەبلەغ سېلىش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن، غەربتە شەخسىي ۋە كوللېكتىپ كەلگۈسى ئۈچۈن بولغان ئىقتىسادىي، ھەربىي كۈچ قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. نوپۇسنىڭ تەبىئىي ئېشىش نىسبىتى، بولۇپمۇ ئىسلام دۆلەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى تۆۋەن. ئەمما، بۇ مەسىلەر ساقلانغىلى بولمايدىغان بالايىئاپەت كەلتۈرمەيدۇ. غەربنىڭ ئىقتىسادى يەنىلا ئېشىۋاتىدۇ. غەربلىكلەر يەنىلا باياشات تۇرمۇشتا، بۇنىڭدىن باشقا، غەرب پەن-تەتقىقات، تېخنىكا ئىختىراسى قاتارلىق جەھەتلەردە يەنىلا ئالدىنقى قاتاردا، تۆۋەن تۇغۇت نىسبىتى

---

* كىشىلى تۇغرا بولۇش ئېھتىمالى بار، ئەمما نەزەرىيىۋى تەھلىل ۋە تەجرىبىۋى تەھلىللەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمىگەن بۇ قىياستا مۇنداق خۇلاسىلەيدۇ: «غەرب مەدەنىيىتى تەخمىنەن مىلادىيە 500- يىللاردا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ئۇ مىلادىيە 1500- يىللاردا يۇكسەك پەللىسىگە يەتكەن، ئۇ كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر چاغدا چوقۇم يوقىلىدۇ، بەلكىم مىلادىيە 2500- يىلىدىن بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن، ئۇ مۇنداق كۆرسىتىدۇ، ئۇ چاغدا جۇڭگو، ھىندىستاننىڭ يېڭى مەدەنىيىتى غەرب بۇزۇۋەتكەن مەدەنىيەتنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، كېڭىيىش باسقۇچىغا كىرىدۇ، غەرب ۋە پراۋوسلاۋىيە مەدەنىيىتىگە تەھدىت پەيدا قىلىدۇ. كىگىلىنىڭ «مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى: تارىخىي تەھلىلگە مۇقەددىمە»گە قاراڭ. (ئىندىئانا پولىس: ئەركىنلىك نەشرىياتى، 1979- يىلى نەشر قىلغان بۇ كىتابنى ماكمىلان نەشرىياتى 1961- يىلى نەشر قىلغان، 127-بەت، 166 — 164- بەتلەر ئەسلىي كىتاب ئىزاھاتى).

مەسىلىسىنى ھۆكۈمەت ھەل قىلالمايدۇ. بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىق ئادەتتە نوپۇس ئېشىشىنى تۆۋەنلىتىشتىنمۇ بەك مۇۋەپپەقىيەتسىز بولىدۇ. ئەمما، تۆۋەندىكى ئىككى ئالدىنقى شەرتنى ھازىرلىغاندا، كۆچمەنلەر ھاياتىي كۈچكە تولغان نوپۇس بايلىقىنىڭ يوشۇرۇن مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ. ئاۋۋال، قوبۇل قىلغۇچى دۆلەت ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان ئىقتىدارلىق، لاياقەتلىك، زېھنىي كۈچى ئۇرغۇپ تاشقان، ئىختىساسلىق خادىملار ۋە كەسپىي خادىملارغا ئەۋزەللىك يارىتىپ بېرىشى كېرەك. ئاندىن، يېڭى كۈچلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى شۇ دۆلەت ۋە غەرب مەدەنىيىتىگە يۇغۇرۇلۇپ كېتىشى كېرەك. بىرىنچى شەرتنى ھازىرلاشتا ئامېرىكىدا، ئىككىنچى شەرتنى ھازىرلاشتا ياۋروپادا مەسىلە بولۇشى مۇمكىن، ئەمما غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تەجرىبىسى ۋە ئىقتىدارىغا تايىنىپ كۆچمەنلەرنى مۇۋاپىق باشقۇرىدىغان، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىدىغان كۆچمەنلەر سىياسىتىنى تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ.

غەربتە ئىقتىساد ۋە نوپۇستىنمۇ مۇھىم بولغان مەسىلە، ئەخلاقنىڭ چۈشكۈنلىشىشى، ھەزارەت يۇغۇرۇلۇشى ۋە سىياسىي پارچىلىنىشتۇر. ھەمىشە تىلغا ئېلىنىدىغان، ئەخلاق چۈشكۈنلۈكىنىڭ ئىپادىلىرى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) جىنايەت، زەھەر چېكىش، زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى دېگەندەك ئىجتىمائىي تەتۈر ئىللەتلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى؛

2) ئائىلىنىڭ زەئىپلىشىشى، ئاجرىشىشنىڭ كۆپىيىشى، ھازامەدىن بولغانلار، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قېلىشى، بويتاق، تۇل ئائىلەرنىڭ كۆپىيىشى؛

3) ئامېرىكىدىكى «ئىجتىمائىي كاپىتال» نىڭ تۆۋەنلىشى، يەنى پىدائىي تەشكىلاتلار ئەزالىرىنىڭ ئازىيىشى، شۇنداقلا شۇنىڭغا ئالاقىدار كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچنىڭ تۆۋەنلىشى؛

4) «كەسپىي ئەخلاق»نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلىشى ۋە ئۆزىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى؛

5) ئامېرىكىدا ئىلمىي نەتىجىلەرنىڭ سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىشى بىلەن ئىپادىلەنگەن بىلىم ۋە ئەقلىي، ئىلمىي پائالىيەتلەرگە بېرىلىشنىڭ ئازىيىشى قاتارلىقلار.

غەربنىڭ كەلگۈسىدىكى ساغلاملىقى ۋە باشقا جەمئىيەتلەرگە بولغان تەسىرى، زور دەرىجىدە ئۇنىڭ يۇقىرىقى يۈزلىنىشلەرگە مۇۋەپپەقىيەتلىك تاقابىل تۇرۇش-تۇرالماسلىقىغا باغلىق. ئەلۋەتتە، بۇ يۈزلىنىشلەر، مۇسۇلمانلار ۋە ئاسىيالىقلاردا ئۆزىنىڭ ئەخلاق كۈچىگە بولغان ئەۋزەللىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى.

غەرب ھەزارىتى غەرب جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گۇرۇھلاردىن كەلگەن خىرىسقا دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر خىل خىرىس باشقا مەدەنىيەتلەر كۆچمەنلىرىدىن كەلدى، ئۇلار غەرب جەمئىيىتىگە يۇغۇرۇلۇشنى رەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى جەمئىيىتىنىڭ قىممەت قارىشى، ئۆرپ-ئادىتى، ھەزارىتىدە ئىزچىل چىڭ تۇردى ۋە تەرغىب قىلدى، بۇ ھادىسە ياۋروپادىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولدى، ئەمما ئۇلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس. ئامېرىكىدىكى سانى كۆپ لاتىن ئامېرىكا مىللەتلىرىدىمۇ بۇ خىل ھادىسە دەرىجىسى سەل يەڭگىلرەك بولسىمۇ، يەنىلا كۆرۈنەرلىك، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەر كۆچمەنلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش مەغلۇپ بولسا، ئامېرىكا بىر پارچىلانغان دۆلەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ ھەم ئىچكى توقۇنۇش ۋە ئىچكى توقۇنۇشتىن پارچىلىنىش كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى مەۋجۇت بولۇپ قالىدۇ. ياۋروپادا غەرب مەدەنىيىتى ئۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى خىرىستىئان دىنىنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن ۋەيران بولىدۇ. ياۋروپادا دىنىي ئېتىقادنى ئۇلۇغلايدىغان، دىنى ئۆرپ-ئادەتلەرگە رىئايە قىلىدىغان، دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى ئازايماقتا[5]. بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغىنى دىنغا بولغان دۈشمەنلىك ئەمەس، بەلكى دىندىن سوۋۇشۇشتۇر. ئەمما، ياۋروپا مەدەنىيىتىدە يەنىلا خىرىستىئان دىنى ئىدىيىسى، قىممەت قارىشى ۋە ئەمەلىيەتلىرى

بار. بىر شۇپىتسىيلىك مۇنداق دەيدۇ: «شۇپىتلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ياۋروپادا ئېھتىمال بەك ئاجىز، ئەمما سىز ئۇلارنىڭ قورۇلمىسى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى، ئائىلىسى، سىياسىيسى، تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ لىيۇتېر مىراسلىرىدىن شەكىللەنگەنلىكىنى تونۇپ يەتمىسىڭىز، سىز بۇ دۆلەتنى چۈشىنەلمەيسىز». ياۋروپالىقلارغا ئوخشىمايدىغىنى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى خۇداغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۆزىنى دىنىي مىللەت دەپ قارايدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر چېركاۋغا بېرىپ ئىبادەت قىلىدۇ. پاكىستانلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئامېرىكىدا 80- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، دىنىي گۈللىنىش يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە، دىنىي پائالىيەتلەر كۆچىيىۋاتقاندەك بىر خىل يۈزلىنىش بار[6]. خىرىستىيان دىنىنىڭ غەربلىكلەرنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشى، چوڭ بولغاندىمۇ، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ساغلاملىقىغا ئاران تەسىرى ناھايىتى ئۇزاقتا كۆرۈلىدىغان بىر تەھدىت پەيدا قىلالايدۇ.

ئامېرىكا تېخىمۇ بىۋاستە، خەتەرلىك خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. تارىختا، ئامېرىكىنىڭ مىللىي سالاھىيىتى ھەزارەت جەھەتتە، غەرب مەدەنىيىتى مىراسلىرى تەرىپىدىن، سىياسىي جەھەتتە ئامېرىكا ئەقىدىسى پرىنسىپلىرى تەرىپىدىن، يەنى مۇتلەق كۆپ سانلىق ئامېرىكىلىق قوشۇلىدىغان ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، شەخسچىلىك، قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرلىك، ئاساسىي قانۇن، خۇسۇسىي بايلىق ھوقۇقى قاتارلىقلار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.20-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئامېرىكا سالاھىيىتىنىڭ بۇ ئىككى تەركىبى سانى ئاز، ئەمما تەسىرى ئىنتايىن زور زىيالىيلار ۋە خەلقئارا قانۇن مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ مەركەزلىك، ئەمما ئۇزاق مۇددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئۇلار ھەزارەت كۆپ مەنبەچىلىك نامى ئاستىدا ئامېرىكىنىڭ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن سالاھىيەتلىنىشىگە ھۇجۇم قىلدى ھەم بىر ئورتاق ئامېرىكا ھەزارىتى بارلىقىنى ئىنكار قىلدى،

ئىرقىي، مىللىي، ۋە باشقا ئىككىلەمچى مىللىي ھەزارەت سالاھىيتى ۋە گۇرۇھلىرىنى تەرغىب قىلدى. ئۇلارنىڭ مۇنداق بىر گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلار سىستېمىلىق ھالدا «ماتارىپتىكى ياۋروپا مەدەنىيتى ۋە ئۇنىڭ شاخچىلىرىغا بولغان سىستېمىلىق مايىللىقى»نى شۇنداقلا «ياۋرو-ئامېرىكا يەككە ھەزارەت قارىشىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئەيىبلىدى»، خۇددى ئارتۇر سىكلىسىنگېر ئېيتقاندەك، «ھەزارەت كۆپ مەنبەچىلىرى كۆپىنچە ئىرقىي مەركەزچىلىكتە چىڭ تۇرىدىغان بۆلگۈنچىلەر، غەربنىڭ مىراسلىرى ئىچىدە ئۇلار غەربنىڭ جىنايەتلىرىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ «پوزىتسىيىسى ئەخلاقلىق بولمىغان ياۋروپا مىراسلىرىنى تاشلىۋېتىپ، غەيرىي غەرب ھەزارەتلىرىدىن ئوزۇقلۇق ئىزدەش» [7].

60- يىللاردا خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىدىن كېيىن تۈزۈلگەن ھەر تۈرلۈك قانۇنلاردا ھەزارەت كۆپ مەنبەچىلىك يۈزلىنىشى ئىپادىلەندى، 90- يىللاردا بولسا، نىكسون ھۆكۈمىتى كۆپ خىللىقنى ئىلھاملاندۇرۇشنى ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق نىشانلىرىنىڭ بىرى قىلدى. بۇ ئىشلار ئىلگىرىكى ئەھۋاللار بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلدى. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت قۇرغۇچىسى ئىلگىرى كۆپ خىللىقنى بىر رېئاللىق ھەم بىر مەسىلە دەپ قارىغان. شۇڭا، دۆلەتنىڭ «قىبلىنامىسى» بېنجامىن فرانكلىن، توماس جېففېرسون، جون، ئادامىلاردىن تەركىب تاپقان كومىتېت بېكىتكەن «كۆپ خىللىقنى بىرلەشتۈرۈش» بولغان. كېيىنكى سىياسىي داھىيلارمۇ ئىرقىي، يەرلىك، مىللىي، ئىقتىسادىي، ھەزارەت كۆپ خىللىقلىرى پەيدا قىلغان تەھدىتلەردىن ئەنسىرەپ كەلدى، (ئەمەلىيەتتە بۇ ئامىللار ئامېرىكىدىكى 1815- يىلىدىن 1914- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەڭ زور ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى) ھەمدە «بىز ئىتتىپاقلىشايلى»، دېگەن شوئارلارغا ئاۋاز قېتىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئاساسلىق مەسئۇلىيتى دەپ قارىدى. تېئودور روزۋېلت ئاگاھلاندۇرۇپ: «بىر خىل ئەھۋال

دۆلەتنىڭ گۇمران بولۇشىنى ھەم ئامېرىكىنىڭ بىر دۆلەت بولۇپ مەۋجۇت بولۇشىغا توسالغۇ بولىدىغان بارلىق ئېھتىماللىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ئامېرىكىنىڭ بىر مىللىي ماجىراغا تولغان دۆلەت بولۇپ قېلىشىغا قاراپ تۈرۈش»[8]. ۋەھالەنكى، 90-يىللاردا ئامېرىكا رەھبەرلىرى باشقۇرۇۋاتقان خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەي، تېخى كۆپ خىللىقا رۇخسەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ.

خۇددى بىز كۆرگىنىمىزدەك، باشقا دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىمۇ بەزىدە ئۆز دۆلىتىنىڭ ھەزارەت مىراسلىرىنى تاشلىۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت سالاھىيىتىنى بىر مەدەنىيەتتىن يەنە بىر مەدەنىيەتكە بۇراشقا تىرىشىۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى، تا ھازىرغىچە، ئۇلار غەلىبە قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى دۆلىتىنى روھىي جەھەتتە پارچىلانغان بىر ئارىسالدى دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئامېرىكىنىڭ ھەزارەت كۆپ مەنبەچىلىرىمۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ ھەزارەت مىراسلىرىنى رەت قىلىۋاتىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئامېرىكىنى بىرەر باشقا مەدەنىيەت بىلەن سالاھىيەتلەندۈرمەكچى بولماستىن، بەلكى بىر نۇرغۇن مەدەنىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت قۇرماقچى، يەنى ھېچقانداق مەدەنىيەتكە تەۋە ئەمەس، بىرەر ھەزارەت يادروسى يوق دۆلەت قۇرماقچى. تارىخ كۆرسىتىدۇكى، بۇنداق دۆلەت بىر ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىگە ئىگە بولغان جەمئىيەت بولۇپ مەۋجۇت بولالمايدۇ. بىر كۆپ مەدەنىيەتلىك ئامېرىكا ھەرگىزمۇ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى بولماي، بىرلەشكەن دۆلەتلەر بولۇپ قالىدۇ.

ھەزارەت كۆپ مەنبەچىلىرى كوللېكتىپنىڭ ھوقۇقىنى شەخس ھوقۇقىغا دەسسىتىش ئارقىلىق، ئامېرىكا ئەقىدىسىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنىغا جەڭ ئېلان قىلدى. كوللېكتىپ ھوقۇق بولسا ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىرق، مىللەت، جىنس ۋە جىنسىي مايىللىققا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. گۇننار ماردال 1940- يىللاردا مۇنداق دەيدۇ: ئامېرىكا ئەقىدىسى «بۇ ئۇلۇغ، مىسلىسىز دۆلەتنىڭ يىلىمى»، بۇ سۆز خېكتور

جون، كىرىۋېكور، ئالېكس، توكۋېرلاردىن بۇيانقى چەت ئەللىك كۆزەتكۈچىلەرنىڭ پىكرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ دەلىللىدى. رىچارد خوفستادېر قوشۇلۇپ: «بىر دۆلەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىزنىڭ تەقدىرىمىز كۆپ خىل ئىدېئولوگىيىلەرگە ئەمەس، بەلكى بىرخىل ئىدېئولوگىيىگە تايىنىدۇ»[9]. ئەگەر بۇ ئىدېئولوگىيە ئۆزىنىڭ خېلى كۆپ قىسىم پۇقرالىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلسە، ئۇنداقتا ئامېرىكىدا قانداق ئەھۋال كۆرۈلەر؟ ئامېرىكىغا سېلىشتۇرغاندا، يەنە بىر چوڭ دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقى ئىدېئولوگىيىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ بىرلىكىنى بېكىتكەن. ئۇ ئامېرىكىغا نىسبەتەن كىشىنى سەگەكلەشتۈرىدىغان بىر مىسال. ياپون پەيلاسوپى تاكېشى ئۇمېخار مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «ماركسىزمنىڭ ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇبىيىتى... سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرەپ بىلەن يىمىرىلىشى، پەقەت غەرب لىبېرالىزمىدىن ئىبارەت ھازىرقى زاماندىكى غول ئىدىيىنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ بېشارىتى. لىبېرالىزم ھەرگىزمۇ ماركسىزمنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان ۋە تارىخ تۈگىگەنى پەيتىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىدىغان بىر خىل ئىدېئولوگىيە ئەمەس، ئۇ پات ئارىدا يىقىلغان ئىككىنچى دومىنو قارتىسى بولۇپ قالىدۇ»[10]. دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەت خەلقلىرى ھەزارەت بىلەن ئۆزلىرىگە تەسىر بېرىۋاتقان بىر دەۋردە، بىر ھەزارەت يادروسى يوق، پەقەت سىياسىي ئەقىدە بىلەنلا ئۆزىنى تەبىرلەيدىغان جەمئىيەتنىڭ نەدىمۇ پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان يېرى بولسۇن؟ سىياسىي پرىنسىپ بىر ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئورتاق گەۋدىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەقەتلا بىر ئۆزگىرىشچان ئۇلدىن ئىبارەت. ھەزارەت مۇھىملىشىۋاتقان كۆپ مەدەنىيەتلىك دۇنيادا ئامېرىكا بەلكىم پەقەت ئىدېئولوگىيىنى مۇھىم بىلىدىغان، يوقىلىۋاتقان غەرب دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئامېرىكا ئەقىدىسى ۋە غەرب مەدەنىيىتىدىن ۋاز كېچىش بىز بىلىۋاتقان ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئاخىرلىشىشىدىن دېرەك

بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئاخىرلىشىشىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر ئامېرىكا غەرب بولماي قالسا، ئۇنداقتا غەرب كىچىكلەپ، ياۋروپا ۋە ياۋروپا كۆچمەنلىرى ئاز-تولا ئولتۇراقلاشقان بىر نەچچە دۆلەتلەرگە قىپقالىدۇ. ئامېرىكا بولمىسا، غەرب دۇنيا نوپۇسىنىڭ تىلغا ئالغىلىمۇ بولمايدىغان، ئاجىزلىشىۋاتقان، ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ بىر بۇرجىكىگە جايلاشقان كىچىك، ئەرزىمەس بىر يېرىم ئاراللا بولۇپ قالىدۇ.

ھەزارەت كۆپ مەنبەچىلىرى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ۋە ئامېرىكا ئەقىدىسىنى قوغدىغۇچىلار ئارىسىدىكى توقۇنۇش جىمىس كۇرسىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئامېرىكا قىسمى ئىچىدىكى «بىر مەيدان ھەقىقىي توقۇنۇشى»دۇر[11]. ئامېرىكىلىقلار مۇنداق بىر مەسىلىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئامالسىز: بىز غەربلىكمۇ ياكى باشقا كىشىلەرمۇ؟ ئامېرىكا ۋە غەربنىڭ كەلگۈسى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ غەرب مەدەنىيىتىگە بولغان مەسئۇلىيىتىنى قايتا تونۇشىغا باغلىق. ئامېرىكا دۆلەت ئىچىدە، بۇ بۆلۈنۈش پەيدا قىلىدىغان ھەزارەت كۆپ مەنبەچىلىكىنىڭ جەلپكار چاقىرىقىنى رەت قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. خەلقئارادا بولسا ئامېرىكىنى ئاسىيا بىلەن سالاھىيەتلىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان، چۈشەنگىلى بولمايدىغان، بىر خىل خىيالىي چاقىرىقنى رەت قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئامېرىكا بىلەن ئاسىيا جەمئىيىتى ئارىسىدا مەيلى قانداق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت بولسۇن، تۈپكى ھەزارەت پەرقى يەنىلا بۇ ئىككىيلەننى بىر قازاندا قايناتمايدۇ. ھەزارەت كۆپ مەنبەچىلىرى بەلكىم بۇ خىل مۇناسىۋەتكە زىيان يەتكۈزۈشى، ھەتتا بۇزۇۋېتىشى مۇمكىن، ئەمما بۇ مۇناسىۋەتنى ئالماشتۇرۇۋېتەلمەيدۇ، ئامېرىكىلىقلار ناۋادا ئۆزىنىڭ ھەزارەت يىلتىزىنى ئىزدىسە، ئۇنى ياۋروپادىن تاپىدۇ.

90-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، كىشىلەر غەربنىڭ خاراكتېرى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە يېڭى مۇلاھىزە قانات يايدۇرۇپ بۇنىڭ رېئال

مەۋجۇت مەسىلە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تونۇپ يەتتى. ئۇنىڭ ئىزچىل مەۋجۇتلۇقىغا قانداق كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. بۇنىڭ بىر قىسمى غەربنى كېڭەيتىدىغان مۇھىم ئورگاننىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ئىكەنلىكىنى، شەرق تەرەپتىكى غەرب دۆلەتلىرىنى قوشۇۋېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەنلىكتىن، يەنە بىر قىسمى غەربنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۇگوسلاۋىيىنىڭ پارچىلىنىشىغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش مەسىلىسىدە زور ئىختىلاپ يۈز بەرگەنلىكىدىن بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى مەۋجۇت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، كىشىلەرنىڭ غەربنىڭ كەلگۈسىدىكى بىرلىككە بولۇپمۇ بۇنىڭ ئامېرىكىنىڭ غەربكە بولغان مەسئۇلىيىتىگە نىسبەتەن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ھەققىدە غەم قىلىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. غەرب دۇنياسى بىلەن كۇنسايىن كۈچىيىۋاتقان غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ بارغانسېرى قويۇقلىشىشى، ئۆز ئارا تەسىرلىشىشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، غەربلىكلەر ئۆزلىرىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى. ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى رەھبەرلەر ئاتلانتىك ئوكيان ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيدىغان بولدى. 1994-يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1995- يىلى، گېرمانىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى، ئەنگلىيە دۆلەت مۇداپىئە باش ۋەزىرى، فرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋە ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ھېنرى كىسىنگېر باشقا مۇھىم شەخسلەر بۇ نىشاننى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئەنگلىيە دۆلەت مۇداپىئە باش ۋەزىرى مالكوم رىفكىن ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنى خۇلاسىلەپ، 1994-يىلى 12- ئايدا «ئاتلانتىك ئوكيان ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇشنىڭ» زۆرۈرلۈكىنى دەلىللىدى ھەم ئۇنىڭ «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى رامكىسى ئىچىدىكى مۇداپىئە ۋە بىخەتەرلىك»، « قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋە پارلامېنت دېموكراتىيىسىگە بولغان ئورتاق ئېتىقاد»، « ئەركىن

كاپىتالىزم ۋە ئەركىن سودا»، « ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى ئارقىلىق ۋارىسلىق قىلىنغان يۇنان ۋە رىمنىڭ ئورتاق ياۋروپا ھەزارەت مىراسلىرىدىن باشلاپ، مۇشۇ ئەسىرىمىزگىچە بولغان ئورتاق قىممەت قاراش، ئېتىقاد، مەدەنىيەت»لەردىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى[12]. 1995-يىلى ياۋروپا كومىتېتى ئاتلانتىك ئوكيان مۇناسىۋىتىنى «يېڭىلايدىغان» بىر پىلاننى باشلاپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكىنى مەزمۇنى تېخىمۇ كەڭ بىر كېلىشىم ئىمزالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇرغۇن ياۋروپا سىياسىئونلىرى ۋە سودا ماگناتلىرى ئاتلانتىك ئوكيان ئارا بىر ئەركىن سودا رايونى قۇرۇشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. گەرچە ئامېرىكىنىڭ CLO — AFL بىرلەشمىسى شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا رايونى ۋە باشقا سودىنى ئەركىنلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىگە قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ رەھبەرلىرى ئاتلانتىك ئوكيان ئارا ئەركىن سودا رايونى قۇرۇشنى قىزغىن قوللاپ، بۇ ئامېرىكىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى مائاش تۆۋەن دۆلەتلەردىن كەلگەن خىرىسقا ئۇچراتمايدۇ دەپ قارىدى. ئۇ يەنە ياۋروپادىكى مۇتەئەسسىپلەر (مارگارىت ساچېر) ۋە ئامېرىكا مۇتەئەسسىپلىرىنىڭ (نىيوت گىنىرىچ) يەنە كانادا باشقا ئەنگلىيە رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

خۇددى ئىككىنچى بابتا بايان قىلىنغىنىدەك، غەربنىڭ تەرەققىياتى ۋە كېڭىيىشى نەچچە ئەسىرگە سوزۇلغان ئۈچىنچى باسقۇچ ياۋروپا باسقۇچىنى، ئارقىدىنلا 20-ئەسىردە ئۈچىنچى باسقۇچ ئامېرىكا باسقۇچىنى باشتىن كەچۈردى. ئەگەر شىمالىي ئامېرىكا ۋە ياۋروپا، ھەزارەت ئورتاقلىقى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەخلاق تۇرمۇشىنى يېڭىلىيالىسا ھەم يېقىن ئىقتىسادى، سىياسىي بىر گەۋدىلىشىش شەكلى بىلەن ئۇنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىخەتەرلىك ھەمكارلىقىنى تولۇقلىيالىسا، ئۇلار غەربنىڭ ئىقتىسادى باياشاتلاشقان، سىياسىي تەسىرى كېڭەيگەن ئۈچىنچى باسقۇچ ياۋرو-ئامېرىكا باسقۇچىنى

پارتىلايدۇ. ئەھمىيىتى زور سىياسىي بىر گەۋدىلىشىش غەربنىڭ دۇنيا نوپۇسى، ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش، ھەربىي ئىقتىدارلاردا ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ نىسپىي ئۆۋەنلىشىشىنى مەلۇم دەرىجىدە تولۇقلاپ، باشقا مەدەنىيەتنىڭ رەھبەرلىرىگە غەربنىڭ كۈچىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويالايدۇ. زۇڭلىي ماخادىر ئاسىيالىقلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: بىرلەشكەن ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئەركىن سودا كېلىشىمى ئۆزىنىڭ سودا تەسىرىگە تايىنىپلا، بەلكىم دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يۈرۈشى مۇمكىن دېدى[13]. ئەمما، غەرب سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر يەرگە كېلەلەمدۇ، كېلەلمەمدۇ؟ بۇ ئاساسلىقى، ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ غەرب سالاھىيىتىنى قايتا تونۇشىغا، ئۆزىنىڭ يەر شارىدىكى رولىنى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ داھىيلىقىغا مەركەزلەشتۈرۈشىگە باغلىق.

## دۇنيادىكى غەرب

بىر ھەزارەت سالاھىيىتى — ئىرق، مىللەت، دىن ۋە مەدەنىيەت سالاھىيىتىنى مەركەز قىلىپ، ھەزارەتنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى بويىچە ئىتتىپاق تۈزۈش، قارشىلىشىش مۇناسىۋىتى ۋە دۆلەت سىياسىتىنى بەلگىلەيدىغان دۇنيانىڭ پوتكۈل غەربكە، بولۇپمۇ ئامېرىكىغا نىسبەتەن مۇنداق ئۈچ كەڭ دائىرىلىك مەنىسى بار.

بىرىنچىدىن ، سىياسىئونلار پەقەت بۇنى ئېتىراپ قىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى خالىسا، رېئاللىقنى ئۈنۈملۈك ئۆزگەرتەلەيدۇ. ھەزارەت سىياسىيسى شەكىللىنىۋاتىدۇ، غەيرىي غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ كۈچى كۈچىيىۋاتىدۇ، بۇ جەمئىيەتلەر كۈنسايىن ئۆز مەدەنىيىتىنى تەكىتلەۋاتىدۇ، ئۇلار ئالىقاچان غەيرىي غەرب دۇنياسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ياۋروپا رەھبەرلىرى ئىلگىرىلا ، ھەزارەتنىڭ كۈچىنىڭ ھەم كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغانلىقىنى، ھەم

ئايرىۋېتەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. ئەكسىچە، ئامېرىكىنىڭ سەرخىللىرى بۇ شەكىللىنىۋاتقان رېئاللىقنى قوبۇل قىلىش ۋە ئىگىلەشتە ئىنكاسى بەكلا گال بولۇۋاتىدۇ. بۇش (چوڭ بۇش) ۋە كلىنتون ھۆكۈمىتى كۆپ خىل ھەزارەتلەر ئورتاق مەۋجۇت سوۋېت ئىتتىپاقى، يۇگوسلاۋىيە، بوسنىيە ۋە روسىيەلەرنىڭ بىرلىكىنى قوللايدۇ. ئەمما، پارچىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىرق، ھەزارەت كۈچىنى توختىتىشقا ئامالسىز قالدى. ئۇلار كۆپ مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىقتىسادى بىر گەۋدىلىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەمما، بۇ خىل بىر گەۋدىلىشىش يا ئاسىيا تىنچ ئوكيان ئىقتىسادى ئورتاق گەۋدىسىدەك ئەھمىيەتسىز بولۇپ قالىدۇ، يا مېكسىكا بىلەن بىللە شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا رايونى ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىمدەك ئويلاپ باقمىغان غايەت زور ئىقتىسادىي، سىياسىي بەدەل ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇلار باشقا مەدەنىيەتنىڭ يادرو دۆلەتلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتماقچى بولىدۇ. گەرچە بۇ دۆلەتلەر بىلەن تەبىئىي مەنپەئەت توقۇنۇشى بولسىمۇ، روسىيە بىلەن «يەر شارى ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى»، «نەتىجىلىك ئارىلىشىش مۇناسىۋىتى» ئورناتماقچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كلىنتون ھۆكۈمىتى روسىيىنى بوسنىيىدە تىنچلىق ئورنىتىشقا چىن كۆڭلىدىن قاتناشتۇرمىدى. پراۋوسلاۋىيە دىنىنىڭ يادرو دۆلىتى بولغان روسىيىنىڭ ئۇرۇشتا زور مەنپەئىتى بار ئىدى. بوسنىيىدە كۆپ مەدەنىيەتلىك دۆلەت قۇرۇش خام خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كلىنتون ھۆكۈمىتى سېربلار ۋە كۇردلاردىن ئىبارەت بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى بەرمىدى، ئەكسىچە بالقاندا، ئىراننىڭ بىر پارتىيە دىكتاتورلىقىدىكى ئىسلام ھەمراھىنى يۆلەپ قويۇردى. ئوخشاشلا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلارنىڭ پراۋوسلاۋىيە دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشىنى قوللىدى ھەمدە «چېچىنىيىنىڭ شۈبھىسىز روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى»دە چىڭ تۇردى⑭.

گەرچە ياۋروپالىقلار، بىر تەرەپ غەرب خرىستىئان دىنى بىلەن يەنە بىر تەرەپ پراۋوسلاۋىيە، ئىسلام دىنى ئارىسىدىكى چېگرىنىڭ تۈپكى مۇھىملىقىنى ئېتىراپ قىلىسمۇ، ئەمما ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئامېرىكا «ياۋروپادىكى كاتولىك دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى، ئىسلام دىنى ئارىسىدا كۆپ پەرق بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ»، دېدى، ئەمما دەل مۇشۇ تۈپكى پەرقلەرنى ئېتىراپ قىلمايدىغان كىشىلەر، مۇقەررەر مۇشۇ پەرقلەر تۈپەيلىدىن ۋەھىمىدە يۈرىدۇ. كلىنتون ھۆكۈمىتى باشتا ئامېرىكا بىلەن شەرقىي ئاسىيا ئارىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرمىگەن چېغى، شۇڭا سودا، كىشىلىك ھوقۇق، يادرو كېڭىشى ۋە باشقا ھەرگىز ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان نىشانلارنى تولا ئوتتۇرىغا قويۇپ يۈردى. ئومۇمەن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يەرشارى سىياسىيسى، ھەزارەت ۋە مەدەنىيەت دولقۇنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دەۋردە پەۋقۇلئاددە قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلدى.

ئىككىنچىدىن، ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسەت ئويلىرىمۇ سوغۇق ئۇرۇش ئېھتىياجىغا ماس سىياسەتلىرىدىن ۋاز كېچىشنى، ئۆزگەرتىشنى خالىماي، ھەتتا شۇنىڭغا ماسلىشىشنى قايتا ئويلىشىپ يۈرگەچكە، چوڭقۇر ئاۋارىچىلىككە پېتىپ قالدى. بەزى ئەھۋاللاردا بۇ يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىرىلىپ قېلىشىنى يوشۇرۇن تەھدىت بىلىپ ئەنسىرەشتە ئىپادىلىنىدۇ. تېخىمۇ كۆپ ئەھۋاللاردا، كىشىلەر، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ئىتتىپاقداشلارنى ۋە قوراللارنى باشقۇرۇش كېلىشىملىرىنى ھۆرمەت قىلىش كېرەك؛ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ھالەتنى ساقلىشى كېرەك؛ ياپونىيە-ئامېرىكا بىخەتەرلىك شەرتنامىسى شەرقىي ئاسىيانىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم؛ باللىستىك سىنارەدكە قارشى تۇرۇش شەرتنامىسىگە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ؛ ياۋروپا دائىمىي كۈچلەر كېلىشىمىگە چوقۇم رىئايە قىلىشى كېرەك، دەپ قاراشقا مايىل. ئەلۋەتتە، بۇلار ۋە باشقا سوغۇق

مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مىراسلىرىنى ئوڭايلا تەرك ئېتىشكە بولمايدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ۋاقتىدىكى شەكلىنى ئىزچىل ساقلاش، ئامېرىكا ۋە غەربنىڭ مەنپەئەتىگە لايىق كېلىشىمۇ ناتايىن. كۆپ مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ رېئاللىقى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى كېڭىيىشى، كىرىشنى خالايدىغان باشقا غەرب جەمئىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك، يەنە ئۆز-ئارا دۈشمەن ئىككى دۆلەتنى، يەنە كېلىپ باشقا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن ھەزارەت ئورتاقلىقى يوق دۆلەتنى ئەزا قىلىشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. باللىستىك سىنارەدكە قارشى تۇرۇش شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ بىر-بىرىگە زىيان يەتكۈزمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ يادرو ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەمما، بۇ شەرتنامە ئامېرىكا ۋە باشقا جەمئىيەتلەرنىڭ يادرو تەھدىتى، تېررورچىلار ۋە تەلۋە مۇستەبىتلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ياپونىيە-ئامېرىكا بىخەتەرلىك شەرتنامىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە ھۇجۇم قىلىشىغا تەھدىت پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىدى، ئەمدى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا ئۇنىڭ مەقسىتى يەنە نېمە؟ جۇڭگونى چەكلەشمۇ؟ ياكى تەھدىت سېلىشمۇ؟ ياپونىيىنىڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقان جۇڭگوغا ئەگىشىپ كېتىشىنى كېچىكتۈرۈشمۇ؟ ياپونىيىنىڭ يەنىمۇ ھەربىيلىشىشىنى توسۇشمۇ؟ ياپونلارنىڭ ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىدىكى ھەربىي مەۋجۇتلۇقىغا، شۇنداقلا، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆزىنىڭ ياپونىيىنى قوغداش ئۈچۈن ئۈستىگە ئالغان پايدا يەتمەيدىغان مەجبۇرىيىتىگە، بارغانسېرى كۆڭلىدە سوئال تۇغۇلۇشقا باشلىدى. ياۋروپادىكى دائىمىي قوراللار كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى بىلەن ۋارشاۋا شەرتنامىسى

تەشكىلاتىنىڭ ئوتتۇرا ياۋروپادىكى تىركىششىنى ئازايتىش ئۈچۈن ئىدى، ئەمما بۇ تىركىشىش ھازىر مەۋجۇت ئەمەس. ھازىر بۇ كېلىشىم روسىيىنىڭ جەنۇبىتىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەر پەيدا قىلغان بىخەتەرلىك تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇشىدا قىيىنچىلىق پەيدا قىلدى.

ئۈچىنچىدىن، ھەزارەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقى غەربكە، بولۇپمۇ ئامېرىكا ۋە غەربنىڭ مەدەنىيەت ھەممىباپچانلىق قارىشىغا خىرىس پەيدا قىلدى. بۇ قاراش شەرھلەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شەرھلەش ئۇسۇلى بارلىق جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى غەربنىڭ قىممەت قارىشى، تۈزۈلمىسى، ئەمەلىيىتىنى قوبۇل قىلغۇسى بار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇنداق ئارزۇسى بولمىسا ھەم ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ھەزارىتىدە چىڭ تۇرسا، ئۇلار «خاتا ئاڭ»نىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ماركسىزمچىلارنىڭ كاپىتالىزمنى قوللايدىغان ھېلىقى پرولېتارىياتلار ئىچىدىن بايقىغان «خاتا ئېڭى»غا ئوخشاپ كېتىدۇ. قېلىپلاشتۇرۇش ئۇسۇلى غەربنىڭ ھەممىباپچىلىق ئەقىدىسى پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرىنى غەربنىڭ قىممەت قارىشى، تۈزۈلمىسى، ھەزارىتىنى قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك، چۈنكى ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي، ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئەركىن، ئەڭ ئەقلىي، ئەڭ زامانىۋى، ئەڭ مەدەنىيەتلىك ئىدىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دەپ كېسىپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

بۈگۈنكى مىللىي توقۇنۇش، مەدەنىيەت توقۇنۇشى مەۋجۇت دۇنيادا، غەرب ھەزارىتىنىڭ ھەممىبابلىق قارىشى، ئۇ (غەرب ھەزارىتى) خاتا، ئەخلاقسىز، خەتەرلىك، دەيدىغان ئۈچ مەسىلىگە دۇچ كەلدى. بۇ دەل كىتابىمىزنىڭ مەركىزىي تېمىسى. مايكىل خوۋارد بۇنى ناھايىتى ئوبدان خۇلاسىلىگەن: «ھەزارەت كۆپ خىللىقى بولسا بىر ئالاھىدە تارىخىي ھادىسە، ئۇ ھازىر تېزلىكتە غەربكە مايىل، ئىنگلىز تىلىنى ئاساس قىلغان بىر ئورتاق دۇنيا ھەزارىتىنىڭ چىرىتىشىگە ئۇچراۋاتىدۇ، بۇ خىل ھەزارەت بىزنىڭ ئاساسلىق قىممەت قارىشىمىزنى ياراتتى دەيدىغان قاراش ھەرگىزمۇ توغرا

ئەمەس»[15]. ئەگەر ئوقۇرمەنلەر ھازىرغىچە مايكىل خوۋاردنىڭ بۇ گېپىدىكى ھېكمەتكە قايىل بولمىغان بولسا، ئۇ چوقۇم بۇ كىتابتا تەسۋىرلەنگەن دۇنيادىن يىراق بىر جايدا ياشاۋاتىدۇ.

دۇنيا خەلقى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قىممەت قارىشى، تۈزۈلمىسى، ھەزارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، دېيىش بىر ئەخلاقىي ئىش ئەمەس. چۈنكى، بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشمۇ ئەخلاقىي ئىش ئەمەس. 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى كېڭىيىشى ۋە 20 — ئەسىر ئاخىرلىرىدا ئامېرىكىنىڭ يەر شارىدىكى ھۆكۈمران ئورنى غەرب مەدەنىيىتىنى دۇنيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىغا تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئەمما، ياۋروپالىقلارنىڭ پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى كېڭەيمىچىلىكى ئاللىقاچان ئاخىرلاشتى. سوغۇق ئۇرۇش مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىدىغان تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈنلا بولۇپ كەتكەنلىكتىن (بۇ ئېھتىياج ھازىر مەۋجۇت بولمىسىمۇ) ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك ئورنىمۇ ئاجىزلاۋاتىدۇ. خۇددى بىز بايان قىلغاندەك، كۆچىنىڭ زورىيىشى ھەزارەتنىڭ تارقىلىشىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرى قايتا غەرب ھەزارىتى بىلەن قورۇلۇشقا دۇچ كېلىپ قالسا، ئۇ پەقەت غەربنىڭ كۆچىنىڭ كۆچەيگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ، خالاس. بۇ جاھانگىرلىك ھەممىباپچىلىقنىڭ مەنتىقىگە ئۇيغۇن مۇقەررەر نەتىجىسى. بۇنىڭدىن باشقا، پىشقان بىر مەدەنىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، غەرب ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى باشقا جەمئىيەتلەرگە تېڭىشقا ئېھتىياجلىق بولىدىغان ئىقتىسادىي ۋە نوپۇس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئىگە بولالمايدۇ. يەنە كېلىپ بۇنى مەقسەت قىلغان ھەر قانداق تىرىشچانلىق غەربنىڭ ئۆزى بەلگىلەش ۋە دېموكراتىيە قىممەت قارىشىغا خىلاپ، ئاسىيا مەدەنىيىتى ۋە مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتىنىڭ بارغانسېرى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ھەممىباپلىقىغا قەتئىي ئىشىنىشكە ئەگىشىپ،

غەربلىكلەرمۇ ھەممىباپچىلىق ۋە جاھانگىرلىكنىڭ ئارىسىدىكى باغلىنىشنى كۆنسايىن تونۇپ يېتىدۇ.

غەربنىڭ ھەممىباپچىلىقى دۇنياغا نىسبەتەن خەتەرلىك. ئۇ بەلكىم يادرو دۆلەتلەر ئارىسىدىكى زور مەدەنىيەتلەر ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئۇ غەربكە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ خەتەرلىك، چۈنكى ئۇ بەلكىم غەربنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گۇمران بولۇشى غەربلىكلەرنى ئۆز مەدەنىيىتىنى مىسلىسىز ھۆكۈمران ئورۇندا دەيدىغان قاراشقا ئەكېلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر قەدەر ئاجىز ئاسىيا، مۇسۇلمانلار ۋە باشقا جەمئىيەتلەرمۇ كۈچ توپلاشقا باشلىدى. ئۇلار بەلكىم برۇتۇسنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق مەنتىقىسىنى ئىجرا قىلىشقا بىلىپ-بىلمەي يېتەكلىنىپ قېلىشى مۇمكىن!

*تاپتى لەشكەرلەر قۇۋۋەت، پۇرسەتمۇ ھەم كەلدى يېتىپ،*
*دۈشمەننىڭ كۈچلەندى، ساقلان، ئېھتىياتنى دوست ئېتىپ.*
*چوققىدا تۇرغاندا، ھاڭغا غۇلىماستا چارە قىل،*
*ئۆرلىسە ھەم پەيلىسە دولقۇن، سەۋەب بار، ئال بىلىپ.*
*ئەگىشىپ دولقۇنغا ماڭساڭ بولغۇسى نۇسرەت نېسىپ،*
*پۇرسىتىڭ كەتسە ناۋادا قالىسەن ھەسرەت چېكىپ.*
*ۋاقتىدۇر چىقساڭ سەپەرگە ئۇشبۇ كۈن بىلسەڭ ئەگەر،*
*ئال قولۇڭغا بايرىقىڭ، مەردانە يۇر جەۋلان قىلىپ*.*

ۋەھالەنكى، بۇ مەنتىقە برۇتۇس*نىڭ فىلىپپىكى مەغلۇبىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. غەربكە نىسبەتەن ئاقىلانە تەدبىر كۈچنىڭ

* ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى.
* برۇتۇس (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 85 — 42 يىللار) قەدىمكى رىملىق قەيسەرگە سۇيىقەست قىلغانلارنىڭ كاتتىۋېشى. قەيسەرنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ماكېدونىيىگە قېچىپ بېرىۋېلىپ، ئەسكەر توپلاپ قەيسەرنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 42 - يىلى بىرىنچى قېتىملىق فىلىپپى ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغان، ئەمما ئۈچ ھەپتىدىن كېيىنكى 2 - قېتىملىق تۇتۇشۇشتا ئانتونىي ۋە ۋۇدېۋىينىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىگە مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. (خەنزۇچە تەھرىردىن)

يۈتكىلىشىنى توسسىقا ئۇرۇنۇش ئەمەس، بەلكى كىمنى تېپىش جايلاردىمۇ ھەيدەشنى، ئازابقا چىداشنى، تەۋەككۇلچىلىكنى ئازايتىپ، ئۆزىنىڭ ھەزارىتىنى قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىش.

ھەر قانداق مەدەنىيەت شەكىللىنىش، كۈتۈرۈلۈش، ئاجىزلىشىش دېگەندەك جەريانلارنى باشتىن كەچۈردى. غەرب مەدەنىيىتى بىلەن باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى تەرەققىي قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكىدە. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان خرىستىئان دىنى، كۆپ مەنبەچىلىك، شەخسچىلىك ۋە قانۇن-تۈزۈم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. غەرب بۇلار بىلەن زامانىۋىلىقنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، يەر شارى مىقياسىدا كېڭىيەلەيدۇ ھەم باشقا جەمئىيەتلەر زوقلىنىدىغان نىشان بولالايدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىدە پەقەت غەربتىلا مەۋجۇت. خۇددى ئارتۇر سكىلىسنگېر ئېيتقاندەك، ياۋروپا بولسا«شەخسىي ئەركىنلىك، سىياسىي دېموكراتىيە، قانۇن-تۈزۈم، كىشىلىك ھوقۇق، ھەزارەت ئەركىنلىكى ئىدىيىسىنىڭ مەنبەسى، بىردىنبىر بولىقى»، «بۇ ئىدىيىلەر ياۋروپانىڭ ئىدىيىسى، ئاسىيا، ئافرىقا ياكى ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىدىيىسى ئەمەس. پەقەت ئۇلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىسىلا»[16]. بۇ ئالاھىدىلىكلەر غەرب مەدەنىيىتىنى تەڭداشسىز يەككە-يېگانە مەدەنىيەتكە ئايلاندۇرغان. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ھەممىبابلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزگىچىلىكىدە. شۇڭا، غەرب رەھبەرلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى، غەرب ئوبرازى بويىچە باشقا مەدەنىيەتلەرنى قايتا قۇرۇشقا ئۇرۇنۇش ئەمەس (بۇ غەربنىڭ ئاجىزلىشىۋاتقان كۈچىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ) بەلكى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ يېگانە ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قىلىش، قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈشتۇر. ئامېرىكا ئەڭ كۈچلۈك غەرب دۆلىتى بولغاچقا، بۇ مەسئۇلىيەت رەت

قىلغىلى بولمايدىغان تەرزدە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى.

غەربنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىۋاتقان بۇ پەيتتە، غەرب مەدەنىيىتىنى قوغداش ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىگە پايدىلىق. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇلار:

● باشقا مەدەنىيەتكە تەۋە دۆلەتلەرنىڭ غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپتىن پايدىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي بىر گەۋدىلىشىشنى كۈچەيتىپ، سىياسەتنى تەڭشەشكە؛

● ئوتتۇرا ياۋروپادىكى غەرب دۆلەتلىرى، يەنى ۋايسگراد، دۆلەتلىرى، بالتىق جۇمھۇرىيەتلىرى، سلوۋېنىيە، كرودىيىلەرنى ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا قىلىشقا؛

● لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ «غەربلىشىشىگە» ئىلھام بېرىپ، ئامال قىلىپ لاتىن ئامېرىكا دۆلەتلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە؛

● ئىسلام ۋە جۇڭگولۇقلار دۆلەتلىرىنىڭ غەيرىي دائىمىي ھەربىي كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تورمۇزلاشقا؛

● ياپونىيىنىڭ غەربتىن ئايرىلىپ، جۇڭگو بىلەن قاملىشىپ قېلىشىنى ئاستىلىتىشقا؛

● روسىيىنىڭ پراۋوسلاۋىيە يادرو دۆلىتى ۋە رايونلۇق كۈچلۈك دۆلەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنىڭ روسىيىنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئەتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا؛

● غەربنىڭ تېخنىكا ھەربىي كۈچىنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەردىن ئۈستۈن ھالىتىنى ساقلاشقا موھتاج.

ئەڭ مۇھىمى غەربنىڭ باشقا مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنىڭ كۆپ مەدەنىيەتلىك دۇنيادىكى مۇقىمسىزلىق ۋە يوشۇرۇن يەرشارى خاراكتېرلىك توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان

ئەڭ خەتەرلىك بىردىنبىر ئامىل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە موھتاج.

ئامېرىكىدا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى توغرا بولغان تاشقى سىياسەت ھەققىدە كەڭ كۆلەملىك مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىلدى. بۇنداق بىر دەۋردە ئامېرىكا دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ، شۇنداقلا دۇنيادىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمايدۇ. مەيلى خەلقئاراچىلىق ياكى تەنھالىق، مەيلى كۆپ تەرەپچىلىك ياكى يەككە تەرەپچىلىك بولسۇن ھېچقايسىسى ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلالمايدۇ. پەقەت بەك چېكىدىن ئاشقان ئىشلاردىن ساقلىنىپ، ياۋروپادىكى باشقا ھەمراھلىرى بىلەن يېقىن ھەمكارلىشىدىغان ئاتلانتىك ئوكيان سىياسىتى قوللىنىپ، ئۇلاردا ئورتاق بولغان تەگداشسىز يېگانە مەدەنىيەتنىڭ مەنپەئەتى ۋە قىممەت قارىشىنى ئىلگىرى سۈرسە ۋە قوغدىسا، ئاندىن ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

## مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش ۋە تەرتىپ

دۇنيادىكى ئاساسلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ يادرو دۆلەتلىرىگە چېتىلىدىغان يەرشارى ئۇرۇشىنىڭ پارتلىماسلىق ئېھتىمالى زور، ئەمما پارتلىشىنى مۇمكىن ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ. يۇقىرىدا ئاللىقاچان تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. بۇنداق ئۇرۇش ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت گۇرۇھلىرى ئارىسىدىكى ئۆزۈك سەپ ئۇرۇشىدىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ بىر تەرەپ مۇسۇلمان يەنە بىر تەرەپ غەيرىي مۇسۇلمانلاردىن بولغاندا. ئەگەر مەلۇم غەرەزگە ئىگە مۇسۇلمان يادرو دۆلەتلىرى ئۇرۇشقا قاتناشقان مۇسۇلمان دىنداشلىرى ئۈچۈن بەس-بەستە ياردەم بېرىشسە، ئۇرۇش بەلكىم تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر ئىككىنچى، ئۈچىنچى قاتلامدىكى تۇغقان دۆلەتلەر ئۇرۇشقا بەك چوڭقۇر ئارىلىشىپ قالماسلىق مەنپەئەتىمىزگە

مۇۋاپىقكەن دەپ قارىسا، كۆچىيىپ كېتىش ئېھتىماللىقى كىچىكرەك بولىدۇ. مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى يەرشارى ئۇرۇشىنى قوزغايدىغان تېخىمۇ خەتەرلىك ئامىل ھەر قايسى مەدەنىيەتلەر ۋەئۇلارنىڭ يادرو دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنىڭ ئۆزگىرىشى. ئەگەر بۇخىل ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، جۇڭگونىڭ كۆتۈرۈلىشى ۋە بۇ «ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ رىقابەتچىنىڭ كۈنسېرى ئۆزىنى تەكىتلىشى»، 21- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيانىڭ مۇقىملىقىغا غايەت زور بېسىم پەيدا قىلىدۇ، جۇڭگونىڭ شەرقىي ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ ھۆكۈمران كۈچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى ئامېرىكىنىڭ تارىختا ئاللىقاچان ئىسپاتلانغان مەنپەئىتىگە خىلاپ كېلىدۇ⑰.

ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىنى نەزەرگە ئالغاندا ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى ئۇرۇش قانداق مەيدانغا كېلىدۇ؟ پەرەز قىلايلى، 2010- يىلى ئامېرىكا ئارمىيىسى بىرلىككە كېلىپ بولغان چاۋشيەندىن چېكىنىپ چىقىدۇ، ياپونىيىدىكى ئارمىيىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئازلايدۇ، بۇ چاغدا تەيۋەن ۋە جۇڭگو قۇرۇقلۇقى ئاللىقاچان يارىشىپ قالغان بولىدۇ، ئەمما تەيۋەن يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىش يۈزىدىكى كۆپ قىسىم مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالىدۇ، ئەمما بېيجىڭنىڭ تاشقى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېنىق ئېتىراپ قىلىدۇ، ھەتتا 1946- يىلىدىكى ئۇكرائىنا، بېلورۇسىيە ئەندىزىسى بويىچە، جۇڭگونىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن ب د ت غا كىرىدۇ، جۇڭگونىڭ نەنخەي دېڭىزىدىكى نېفىتنىڭ ئېچىلىشى تېز بولۇپ، كۆپ قىسىم رايون جۇڭگونىڭ ھامىيلىقى ئاستىدا بولۇپ قالىدۇ، ۋېيتنام كونترول قىلغان بەزى رايونلارنى ئامېرىكا شىركەتلىرى ئاچىدۇ. جۇڭگو يېڭى ئەسكىرىي كۈچ ئىشلىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقتىن، ئىشەنچىسى زور دەرىجىدە ئېشىپ، پۈتكۈل نەنخەينى كونترول قىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. جۇڭگو ئۆزىنىڭ پۈتكۈل دېڭىز رايونىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىزچىل تەكىتلەپ

كەلگەنىدى. ۋېيتنام قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلايدۇ، بۇلار ئارىسىدا دېڭىز ئۇرۇشى يۈز بېرىدۇ. 1979- يىلىدىكى ئار-نومۇسنى يۇيۇشقا ئالدىراپ كەتكەن جۇڭگو ۋېيتنامغا تاجاۋۇز قىلىدۇ، ۋېيتنام ئامېرىكىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. جۇڭگولۇقلار ئامېرىكىنى ئارىلاشماسلىققا ئاگاھلاندۇرىدۇ. ياپونىيە ۋە باشقا ئاسىيا دۆلەتلىرى بۇنىڭدىن چۆچۈپ، ئالاقزادە بولۇپ كېتىدۇ، ئامېرىكا جۇڭگونىڭ ۋېيتنامغا تاجاۋۇز قىلىشىغا چىداپ تۇرالماي، جۇڭگوغا ئىقتىسادىي ئېمبارگو يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەم قېپقالغان ناھايىتى ئاز ئاۋئاماتكا فىلوتىنىڭ بىرىنى جۇڭگو نەنخەيگە ئەۋەتىدۇ. جۇڭگو ئامېرىكىنى دېڭىز تەۋەلىكىمىزگە ھۇجۇم قىلدى، دەپ ئەيىبلەپ، فلوتقا ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىدۇ، ب د ت نىڭ باش كاتىپى ۋە ياپونىيە باش ۋەزىرىنىڭ ئۇرۇش توختىتىش تىرىشچانلىقلىرى مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇرۇش ئوتى شەرقىي ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىغا تۇتىشىدۇ. ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىدىكى بازىسىنى ئىشلىتىپ، جۇڭگوغا قارشى ھەرىكەت قىلىشىنى چەكلەيدۇ، ئامېرىكا چەكلەشكە پەرۋا قىلمايدۇ، ياپونىيە ئۆزىنىڭ بىتەرەپلىكىنى جاكارلايدۇ ھەم ئامېرىكا ئارمىيىسى بازىسىنى قامال قىلىدۇ، جۇڭگولۇقلارنىڭ تەيۋەن ۋە چوڭ قورۇقلىقتىن ئەۋەتكەن سۇ ئاستى پاراخوتلىرى ۋە ئايروپىلانلىرى ئامېرىكا دېڭىز فلوتى ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىگە ئېغىر زەربە بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ قۇرۇقلۇق قىسمى خانويغا (ۋېيتنامنىڭ پايتەختى) كىرىپ ۋېيتنامنىڭ زور بىر قىسمىنى ئىشغال قىلىدۇ.

جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ بىر-بىرىنىڭ زېمىنىغا يادرو بومبىسى ئاتالايدىغان ئىقتىدارى بولغاچقا، ھەر ئىككىلىسى ئىچىدە بىلىپ، ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا يادرو بومبىسى ئىشلەتمەيدۇ. ئەمما، ئىككى دۆلەت ئىچىدە يادرو ھۇجۇمىغا نىسبەتەن ۋەھىمە مەۋجۇت، بولۇپمۇ ئامېرىكىدا ئالاھىدە كۈچلۈك. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىلىقلار بىز نېمىدەپ بۇنداق خەتەرگە يۈزلىنىپ

يۇرىمىز؟ جۇڭگو نەنخەينى، ۋېيتنامنى، ھەتتا پۈتۈن شەرقىي جەنۇبى ئاسىيانى كونترول قىلغان تەقدىردىمۇ بىزگە نېمە تەسىرى بولماقچىدى؟ دەپ سوراشقا باشلايدۇ. ئۇرۇشقا قارشى كەيپىيات ئامېرىكىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى لاتىن ئامېرىكىلىقلارنىڭ يۆشتىلىرى كونترول قىلغان شتاتلاردا ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇ يەردىكى خەلق ۋە ھۆكۈمەت بۇ «بىزنىڭ ئۇرۇشىمىز ئەمەس»، دەپ جاكارلايدۇ ھەم 1812- يىلىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشتىكى يېڭى ئەنگلىيىنى دوراپ ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىدۇ. جۇڭگولۇقلار شەرقىي ئاسىيادىكى ئەڭ دەسلەپكى ئۇرۇش نەتىجىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن، ئامېرىكا جامائەت پىكرى ياپونلار 1942- يىلى ئۈمىد قىلغان ھېلىقى يۆنىلىشكە ئېغىشقا باشلايدۇ. ئۇلار بۇ يېڭى زومىگەر دۆلەتنى مەغلۇپ قىلىشنىڭ بەدىلى بەك زور، بىز يەنىلا تىنچ ئوكياندىكى پارچە-پۇرات ئۇرۇش ياكى «يالغان ئۇرۇش»لارنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلايلى دەپ قارايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئۇرۇش باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق دۆلەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھىندىستان جۇڭگونىڭ دىققىتىنىڭ شەرقىي ئاسىياغا مەركەزلىشىپ قالغىنىدىن پايدىلىنىپ، پاكىستانغا ئەجەللىك ھۇجۇم قوزغاپ، بۇ دۆلەتنىڭ يادرو قورالى ۋە دائىمىي ھەربىي كۈچىنى ئۈزۈل-كېسىل ۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھىندىستان ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسىگە ئېرىشىدۇ، ئەمما ئىران، پاكىستان جۇڭگونىڭ ھەربىي ئىتتىپاقى، بۇ ۋاقىتتا رەسمىي قۇرۇلىدۇ. ئىران زامانىۋىلاشقان، ئەسلىھەلىرى خىل ئارمىيىسىنى ئەۋەتىپ پاكىستانغا ياردەم بېرىدۇ. ئىران ئارمىيىسى ۋە ئوخشاشمىغان مىللىي گۇرۇھلاردىن تەركىب تاپقان پاكىستان پارتىزانلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغان ھىندىستان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. پاكىستان بىلەن ھىندىستان ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ياردىمىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. ھىندىستان ئىران غەربىي جەنۇبىي ئاسىيانى كونترول قىلىۋېلىشى مۇمكىن دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئەمما،

جۇڭگونىڭ ئامېرىكا ئۈستىدىن قىلغان دەسلەپكى غەلىبىسى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە غەربكە قارشى داغدۇغىلىق ھەرىكەت قوزغاپ، قىپىقالغان بىر نەچچە ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە تۈركىيىدىكى غەربپەرەس ھۆكۈمەتلەر ئارقا-ئارقىدىن ئىسلامىزم ھەرىكىتى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلىدۇ. بۇ ھەرىكەتنىڭ غول كۈچى مۇسۇلمانلار نوپۇسىدىكى پارتلىغان ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلاد ياشلاردىن كېلىدۇ. غەربنىڭ ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان، غەربكە قارشى ھەرىكەت ئەرەبلەرنىڭ ئىسرائىلىيىگە زور كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئاللىقاچان كىچىكلەپ قالغان ئامېرىكىنىڭ ئالتىنچى فلوتى بۇنى توسۇشقا ئامالسىز قالىدۇ.

جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا باشقا مۇھىم دۆلەتلەردىن ياردەم ئىزدەيدۇ، جۇڭگو ھەربىي جەھەتتە غەلىبە قىلغاچقا، ياپونىيە جىددىيلىشىپ جۇڭگوغا ئەگىشىشكە باشلايدۇ. ئىلگىرى رەسمىي بىتەرەپلىك مەيدانىنى جۇڭگوپەرەس مەيدانغا ئۆزگەرتىدۇ، كېيىنلا جۇڭگونىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇرۇشقا قاتناشقۇچى تەرەپ بولىدۇ، ياپونىيە ئارمىيىسى ياپونىيىدىكى ئامېرىكا بازىسىنى ئىشغال قىلىدۇ، ئامېرىكا ئالدىراپ چېكىنىدۇ، ئامېرىكا ياپونىيىگە قامال يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ، ئامېرىكا-ياپونىيە فىلوتلىرى تىنچ ئوكياندا پارچە-پۇرات جەڭ قىلىشىدۇ، ئۇرۇشنىڭ بېشىدا، جۇڭگو روسىيە بىلەن ئورتاق بىخەتەرلىك كېلىشىمى ئىمزالاشنى تەكلىپ بېرىدۇ، (بۇ كىشىگە گىتلېر ستالىن شەرتنامىسىنى ئەسلىتىپ قويىدۇ) ۋەھالەنكى، جۇڭگونىڭ غەلىبىسى روسىيىگە ياپونىيىنىڭ ئەكسىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ، جۇڭگونىڭ غەلىبىسى ۋە شەرقىي ئاسىيانى ئومۇمىيۈزلۈك كونترول قىلىشى موسكۋانى قورقۇتۇۋېتىدۇ، روسىيە جۇڭگوغا قارشى تۇرۇشقا قاراپ مېڭىپ، سىبىرىيىگە ئەسكەر كۆپەيتىدۇ، سىبىرىيىگە ئولتۇراقلاشقان سانسىز جۇڭگولۇقلار بۇ ھەرىكەتلەرگە ئارىلىشىدۇ. جۇڭگو ھەربىي مۇداخىلە ئارقىلىق ئىتتىپاقداشلىرىنى قوغدايدۇ ھەم ۋىلادىۋوستوكنى، خېيلۇڭجياڭ

ۋادىسى ۋە شەرقىي سىبىرىيىدىكى باشقا مۇھىم جايلارنى ئىشغال قىلىدۇ، روسىيە بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ سىبىرىيىدە يامرىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدە جۇڭگونىڭ «قوغدىشى» ئاستىدىكى موڭغۇلىيىدە توپىلاڭ يۈز بېرىدۇ.

نېفىتنى كونترول قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ھەممە تەرەپ ئۈچۈن مۇھىم، ياپونىيە گەرچە يادرو ئېنېرگىيىسىگە غايەت زور مەبلەغ سالغان بولسىمۇ، نېفىت ئىمپورتىغا تايىنىشى يەنىلا ئىنتايىن ئېغىر، بۇ ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا ئەگىشىش، شۇنداقلا پارس قولتۇقى، ھىندونېزىيە ۋە نەنخەيدىكى نېفىت يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش خاھىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىسلام ئۇرۇشقاقلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىشىغا، پارس قولتۇقىنىڭ غەربكە تەمىنلەيدىغان نېفىتىنىڭ پىيالىدە، ئىستاكاندا قىلىشىغا ئەگىشىپ، غەرب كۆنسايىن روسىيە، كاۋكاز، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نېفىتقا تايىنىدۇ. بۇ غەربنىڭ روسىيىنى تىرىشىپ ئۆزىنىڭ ئەزاسى قىلىشىنى ھەم روسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى كونترول قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا ياۋروپا ئىتتىپاقىنى ياردەمگە جىددىي سەپەرۋەر قىلىدۇ. ياۋروپا دۆلەتلىرى گەرچە ئامېرىكىغا دىپلوماتىيە ۋە ئىقتىسادىي ياردەمنى كېچىكتۈرمەي بولسىمۇ، ھەربىي جەھەتتىن ئارىلىشىپ قىلىشنى خالىمايدۇ، ئەمما، جۇڭگو ۋە ئىران غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئاخىرى توپلىشىپ خۇددى ئامېرىكا 2- قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيىنى قوللىغاندەك ئامېرىكىنى قوللىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. بۇ ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلار مەخپىي ھالدا بوسىنىيە ۋە ئالجىرىيىدە ئوتتۇرا مۇساپىلىك يادرو بومبىسى ئورنىتىپ ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ئۇرۇشقا قاتناشماسلىققا ئاگاھلاندۇرىدۇ. ياپونىيىدىن باشقا، جۇڭگونىڭ باشقا دۆلەتلەرگە بولغان ۋەھىمىسى جۇڭگونىڭ مۆلچىرىنىڭ ئەكسىچە ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولىدۇ. ئامېرىكا ئاخبارات ئورگانلىرى بۇ

ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى بايقاپ دوكلات قىلىدۇ، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى دەرھال باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ھەرىكەت قوللىنىشتىن ئىلگىرى، ئىزچىل تۈركىيىگە قارشى خرىستىئان دىنى مۇداپىئەچىلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي رولىنى قايتا ئوينىغۇسى بار سېربىيە بوسنىيىگە تاجاۋۇز قىلىدۇ ھەم باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارغا ئېرىشىپ، 90- يىللاردا مەجبۇرىي توختاپ قالغان ئىرقىي تازىلاشنى قايتا باشلايدۇ. ئالبانىيە بىلەن تۈركىيە بوسنىيىگە ياردەم بەرمەكچى بولىدۇ. گرېتسىيە ۋە بۇلغارىيە تۈركىيىنىڭ ياۋروپادىكى رايونىغا تاجاۋۇز قىلىدۇ. تۈركلەر بوسفور بوغۇزىدىن قېچىپ ئۆتىدۇ، ئىستامبۇلنى ئالاقزادىلىك قاپلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالجىرىيىدىن قويۇپ بېرىلگەن يادرو ئوق بېشى ئېلىپ ماڭغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا، مارسېل (فرانسىيىنىڭ بىر شەھىرى) غا يېقىن جايغا چۈشىدۇ، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى شىمالىي ئافرىقىدىكى نىشانلارنى ۋەيران قىلغۇچ بومباردىمان قىلىپ ئۆچ ئالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئامېرىكا، ياۋروپا، روسىيە ۋە ھىندىستان جۇڭگو، ياپونىيە ۋە مۇتلەق كۆپ قىسىم ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن بىر مەيدان ھەقىقىي يەرشارى ئۇرۇشى ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق ئۇرۇش قانداق ئاخىرلىشىدۇ؟ ھەر ئىككى تەرەپتە زور تۈركۈمدە يادرو قورالى بار. روشەنكى، ئۇلارنى ئىشلىتىش ئەڭ تۆۋەن چەكتىن ئېشىپ كەتكەندە، ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسلىق دۆلەتلىرى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ، ئەگەر ئۆز-ئارا چەكلىمە رول ئوينىسا، خورىغان ئىككى تەرەپ، بەلكىم ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ جۇڭگونىڭ شەرقىي ئاسىيانىڭ زومىگەرلىكىدىن ئىبارەت توپ مەسىلىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. يەنە بىر ئېھتىماللىق، غەرب دائىمىي ھەربىي كۈچ بىلەن جۇڭگونى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئەمما، ياپونىيە جۇڭگو بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ بولغانلىقتىن، ياپونىيە ئارىلى جۇڭگونىڭ

مۇداپىئە گەۋدىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئامېرىكىنىي دېڭىز ئارمىيىسى بىلەن جۇڭگونىڭ دېڭىز بويىدىكى نوپۇس، سانائەت مەركەزلىرىگە هۇجۇم قىلىشىقا ئامالسىز قالدۇرىدۇ. يەنە بىر چارە جۇڭگونىڭ غەربىدىن كېلىش. جۇڭگو روسىيە ئارىسىدىكى ئۇرۇش، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ روسىيىنى ئەزالىققا قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ غەربنىڭ جۇڭگوغا تاقابىل تۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەم روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نېفىتى مول مۇسۇلمان دۆلەتلەرگە بولغان كونتروللۇقىنى ساقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زاكسىزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇللارنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ، بېيجىڭ، مانجۇرىيە ۋە خەنزۇلارنىڭ مەركىزىي رايونلىرىغا ئەڭ ئاخىرقى هۇجۇم قوزغاش مەقسىتىدە ئارمىيىنى شەرقىي سىبىرىيىگە تەدرىجىي يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ يەرشارى مەدەنىيەتلەر ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولسۇن ياكى ئۆز ئارا يادرو قورالى ئىشلىتىشىپ، ئىككى تەرەپ خورىغاندا سۆھبەت ئارقىلىق ئۇرۇش توختاتسۇن ۋە ياكى روسىيە بىلەن غەرب ئارمىيىسى ئەڭ ئاخىردا تيەنئەنمېن مەيدانىغا كىرسۇن، ساقلانغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەت شۇكى، ئۇرۇشقا قاتناشقان ئاساسلىق تەرەپلەر، ئىقتىساد، نوپۇس، ھەربىي كۈچ جەھەتتە جىددىي ئاجىزلايدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە نەچچە ئەسىردىن بۇيان يەرشارىدىكى كۈچ ئاۋۋال شەرقتىن غەربكە، ئاندىن غەربتىن شەرققە يۆتكەلگەن بولسا، ئەمدى شىمالدىن جەنۇبقا يۆتكىلىدۇ. مەدەنىيەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ زور پايدا كۆرگۈچىلىرى ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەتلەر. غەرب، روسىيە، جۇڭگو، ياپونىيىلەر ئوخشاشمىغان دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. ئەگەر ھىندىستان بۇ ئاپەتتىن ساقلىنىپ قالسا، ئۇ ئۇرۇشقا قاتناشقۇچى بولغان تەقدىردىمۇ، ھىندىستانغا ھىندىستان يولىنى بويلاپ دۇنيانى قايتا قۇرۇش ئۇچۇن ئىشىك ئېچىپ بېرىدۇ. زور تۈركۈمدىكى ئامېرىكا خەلقى، ئانگلو-ساكسون

ئاق تەنلىك پىروتېستانت مۇرىتلىرى سەرخىللىرى تار غەرب خاھىشى ئامېرىكىنىڭ ئىنتايىن دەرىجىدە ئاجىزلاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دەپ ئەيىبلەيدۇ. لاتىن پۈشتى رەھبەرلىرى ئۇرۇشنىڭ سىرتىدا قالغان، گۈللەنگەن لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىگە يەنە مارشال پىلانىچە ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ھوقۇق بېشىغا چىقالايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئافرىقىنىڭ ياۋروپانىڭ قايتا قۇرۇلۇشىغا ياردىمى بولمايلا قالماستىن، جەمئىيەت تەرىپىدىن ھەركەتلەندۈرۈلگەن ئاما، ياۋروپانىڭ قېپقالغان بايلىقلىرىنى بۇلايدۇ. ئاسىيادا، جۇڭگو، ياپونىيە، چاۋشيەن ئېغىر ئۇرۇش بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن، كۈچ جەنۇبقا يۆتكىلىپ، ئۇرۇشتا بىتەرەپ مەيداندا تۇرغان ھىندونېزىيە يېتەكچى دۆلەت بولۇپ قالىدۇ ھەم ئاۋسترالىيە مەسلىھەتچىلىرىنىڭ كۆرسەتمىسىدە شەرقتە يېڭى زېلاندىيىدىن غەربتە بېنگال، سىرىلانكىغىچە، شىمالدا ۋيېتنامغىچە بولغان دۆلەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا قول سىلتىپ يۈرىدۇ. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كەلگۈسىدە ھىندونېزىيە، ھىندىستان بىلەن گۈللەنگەن جۇڭگونىڭ ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، مەيلى قانداق بولمىسۇن، دۇنيا سىياسىيسىنىڭ مەركىزى، جەنۇبقا يۆتكىلىدۇ.

ئەگەر ئوقۇرمەن بۇ مەنزىرىنى كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان غەلىتە خىيال دەپ قارىسا، ئۇنداقتا ئۇ بىزنىڭ تەلىپىمىز. بىز يەنىلا ئۇنىڭدىنمۇ ئېھتىماللىقى زور بولغان ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلايلى. ئەمما، بۇنىڭ ئېھتىماللىقى ئەڭ زور، ئادەمنى ئەڭ ئەنسىرىتىدىغىنى دەل ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى: بىر مەدەنىيەتنىڭ يادرو دۆلىتى ئامېرىكا، يەنە بىر مەدەنىيەتنىڭ يادرو دۆلىتى (جۇڭگو) بىلەن، بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئەزا دۆلىتى (ۋيېتنام) ئارىسىدىكى ماجىراغا ئارىلىشىدۇ. ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خەلقئارا قانۇننى قوغداش، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش، دېڭىز-ئوكيان ئەركىنلىكىنى قوغداش، نەنخەيدىكى نېفىتكە ئېرىشىشكە

كاپالەتلىك قىلىش، شۇنداقلا بىر دۆلەتنىڭ شەرقىي ئاسىيانى كونترول قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئوخشاش ئورتاق مەنپەئەتلىرى بولۇشقا ئوخشاش. ئەمما، جۇڭگوغا نىسبەتەن، ئامېرىكىنىڭ ئارىلىشىشىغا قەتئىي چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ. جۇڭگو بۇنى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگوغا ھاقارەت قىلىش، قورقىتىش غەرىزى، جۇڭگونىڭ قانۇنلۇق تەسىر دائىرىسى ئىچىدە باشقا دۆلەتنى جۇڭگوغا قارشى تۇرۇشقا قۇترىتىش، جۇڭگونىڭ دۇنيا ئىشلىرىدا ئويناشقا تېگىشلىك رولىنى ئىنكار قىلغانلىق دەپ قارايدۇ.

قىسقىسى، يېتىپ كېلىدىغان دەۋردە، مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى زور ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇشىغا ئارىلىششتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەمما، پاكىت شۇكى، بەزى دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ئامېرىكا، شۈبھىسىزكى بۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ. «ساقلىنىش پرىنسىپى»، يەنى يادرو دۆلەتلەرنىڭ باشقا مەدەنىيەت توقۇنۇشلىرىغا ئارىلىششتىن ساقلىنىش، كۆپ مەدەنىيەتلىك، كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيادا تىنچلىقنى ساقلاشنىڭ باش شەرتى. ئىككىنچى شەرت بولسا، «ئورتاق تەڭشەش پرىنسىپى»، يەنى يادرو دۆلەتلەر ئۆز ئارا سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ دۆلەت-گۇرۇھلىرى ئارىسىدىكى ئۆزۈك سەپ ئۇرۇشىنى چەكلەش ۋە توختىتىش.

غەربكە نىسبەتەن، شۇنداقلا غەربنىڭ ھۆكۈمرانلىق رولىنى تولۇقلىماقچى ۋە ئورنىنى ئالماقچى بولغان مەدەنىيەتلەرگە نىسبەتەن، بۇ پرىنسىپلارنى ۋە مەدەنىيەتلەر ئۆز ئارا باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغان دۇنيانى قوبۇل قىلىش ئاسان ئىش ئەمەس. مەسىلەن، بۇنداق دۇنيادا يادرو دۆلەتلەر يادرو قورالللىرىغا ئىگە بولۇشنى ئۆزلىرىنىڭلا ئىمتىيازى دەپ قاراپ، شۇ مەدەنىيەتنىڭ باشقا دۆلەتلىرىنىڭ ئىگە بولۇشىغا يول قويماسلىقى مۇمكىن. زۇلپىقار ئەلى بۇتتو ئۆزىنىڭ پاكىستاننىڭ «ئومۇميۈزلۈك يادرو ئىقتىدارىنى» تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى ئەسلىگەندە، ئۇ ئاقلاپ: «ئىسرائىلىيە، جەنۇبىي ئافرىقا ئومۇميۈزلۈك يادرو ئىقتىدارى

ھازىرلىغان. خرىستىئان دىنى، يەھۇدىي دىنى ۋە ھىندى دىنى مەزھەپلىرىمۇ بۇ خىل ئىقتىدارنى ھازىرلىغان. پەقەت ئىسلام مەدەنىيىتىلا ھازىرلىمىغان، ئەمما بۇ خىل ھالەت پات يېقىندا ئۆزگىرىدۇ» دەيدۇ[18]. يادرو دۆلىتى يوق مەدەنىيەتتە رەھبەرلىك ھوقۇقى ئۈچۈن رىقابەتلىشىش، يادرو قورالىغا ئىگە بولۇش رىقابىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىراننىڭ گەرچە پاكىستان بىلەن يېقىن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى بولسىمۇ، روشەنكى ئۇمۇ پاكىستانغا ئوخشاش يادرو قورالىغا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ، برازىلىيە ئارگېنتىنا بۇ نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلىشتىن ۋاز كەچتى. جەنۇبىي ئافرىقىمۇ يادرو قوراللىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئەگەر نىگىرىيە ئۆزىنىڭ يادرو ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى باشلىسا، جەنۇبىي ئافرىقىمۇ يادرو قورالىغا قايتا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىشى مۇمكىن. يادرو كېڭىيىشى ھەقىقەتەن خەتەرلىك. خۇددى، سكوت ساگان ۋە باشقىلار كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ئاساسلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر ياكى ئىككى يادرو دۆلىتى يادرو قورالغا ئىگە بولغان، باشقا دۆلەتلەر يادرو قورالىغا ئىگە بولمىغان دۇنيا، بەلكىم بىر قەدەر مۇقىم دۇنيا بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي قۇرۇلغان كۆپ قىسىم ئاساسلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى غەربنىڭ مەنپەئىتى، قىممەت قارىشى، ئەمەلىيىتى بويىچە قۇرۇلغان. غەربنىڭ كۈچى باشقا مەدەنىيەتلەرگە قارىغاندا ئاجىزلاشقان ۋاقىتتا، بۇ خەلقئارالىق تەشكىلاتلار باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن بېسىم ئاستىدا قايتا تەشكىللىنىدۇ. ئەڭ روشەن، ئەڭ مۇھىم ، شۇنداقلا تالاش تارتىش ئەڭ زور مەسىلە ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ دائىمى ھەيئەت دۆلەتلىرىنىڭ ئورنى مەسىلىسى. دائىمىي ھەيئەتلەر 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئاساسلىق غەلىبە قىلغۇچى دۆلەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئەمما بۇ ھازىرقى دۇنيانىڭ كۈچ رېئاللىقى بىلەن كۆنسايىن ماسلاشمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ

ئۇچۇن بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزۇن مەزگىل ئىچىدە ئىككى خىل ئۆزگىرىش كۆرۈلىدۇ. بىرى، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. يەنە بىرى، ھەتتا خۇددى يەتتە دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى يەر شارى ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغانغا ئوخشاش، بەزىبىر ئانچە رەسمىي بولمىغان كونتەرتىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىخەتەرلىك مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشى مۇمكىن. كۆپ مەدەنىيەتلىك دۇنيادا، كۆڭۈلدىكىدەك ھالەت ھەر بىر ئاساسلىق مەدەنىيەت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە ئاز دېگەندىمۇ بىر مەڭگۈلۈك ئورۇنغا ئىگە بولۇش. ئەمما، ھازىر ئۈچىلا مەدەنىيەتنىڭ ئورنى بار. ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە گېرمانىيىگە ئورۇن بېرىشنى قوللايدۇ، ئەلۋەتتە پەقەت باشقا دۆلەتلەرمۇ كىرگەن ئەھۋالدا، ئاندىن بۇ ئىككى دۆلەت دائىمىي ھەيئەت بولالايدۇ. بىرازىلىيە رەت قىلىش ھوقۇقى يوق بەش دائىمىي ھەيئەت كۆپەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇلار گېرمانىيە، ياپونىيە، ھىندىستان، نىگېرىيە، برازىلىيە. ئەمما، ئۇنداقتا، نىگېرىيىنى ھېسابقا ئالمىسا، دۇنيادىكى 1 مىليارد مۇسۇلماننىڭ ۋەكىلى بولمايدۇ. مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ياپونىيە ۋە ھىندىستان ھەيئەت بولۇشقا تېگىشلىك. بۇ ئورۇندا بۇ مەدەنىيەتلەردىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر نۆۋەتلىشىپ ئولتۇرسا بولىدۇ. بۇنى ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتى، ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى، ئامېرىكا قىتئەسى دۆلەتلىرى تەشكىلاتى (ئامېرىكا ۋازكەچكەن) تاللىسا بولىدۇ. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ ئورنىنى بىرلەشتۈرۈپ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئورنى قىلىش ياكى ياۋروپا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى قارار قىلىشىمۇ مۇۋاپىق. شۇنداق قىلىپ يەتتە مەدەنىيەتنىڭ بىردىن ۋەكىلى بولىدۇ. غەربنىڭ ئىككىسى بولىدۇ. بۇ بۆلۈش لايىھىسى دۇنيانىڭ نوپۇس، بايلىق، كۈچ تارقىلىشىنى كەڭ دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

## مەدەنىيەتنىڭ ئورتاقلىقى

بەزى ئامېرىكىلىقلار دۆلەت ئىچىدە ھەزارەت كۆپ مەنبەچىلىكىنى، دۆلەت سىرتىدا بولسا ھەممىباپچىلىقنى تەرغىب قىلىدۇ. يەنە بەزى ئامېرىكىلىقلار ھەر ئىككىسىنى تەرغىب قىلىدۇ. دۆلەت ئىچىدىكى ھەزارەت كۆپ مەنبەچىلىرى ئامېرىكا ۋە غەربكە تەھدىت پەيدا قىلىدى. ھەممىباپچىلار بولسا غەرب ۋە دۇنياغا تەھدىت پەيدا قىلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى غەرب ھەزارىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. يەر شارى يەككە ھەزارەت تەرغىباتچىلىرى دۇنيانى ئامېرىكىغا ئوخشاتماقچى بولىدۇ. ئامېرىكا دۆلەت ئىچىدىكى ھەزارەت كۆپ مەنبەچىلىرى بولسا ئامېرىكىنى دۇنياغا ئوخشاتماقچى بولىدۇ. كۆپ ھەزارەتلىك ئامېرىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، غەربنىڭ بولمىغان ئامېرىكا، ئامېرىكا بولالمايدۇ. كۆپ ھەزارەتلىك دۇنيا مۇقەررەردۇر. چۈنكى، يەر شارى ئىمپېرىيىسى قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئامېرىكا ۋە غەربنى قوغداش، غەرب سالاھىيىتىنى قايتا تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. دۇنيا بىخەتەرلىكىنى قوغداش بولسا يەر شارىدا ھەزارەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

غەرب ھەممىباپچىلىرىنىڭ خام خىيالى ۋە يەر شارىدا ھەزارەتنىڭ كۆپ خىللىقىدىن ئىبارەت رېئاللىق مۇقەررەر تەرزدە ھەم ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ھالدا ئەخلاق ۋە ھەزارەتنىڭ نىسپىيلىكىگە ئېلىپ بارامدۇ؟ ئەگەر ھەممىباپچىلىق جاھانگىرلىكنى ھەقلىقلەشتۈرسە، ئۇنداقتا نىسپىيچىلىك تۇنجۇقتۇرۇشنى ھەقلىقلەشتۈرەمدۇ؟ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى «ھەئە ھەم ياق». ھەزارەت نىسپىي بولىدۇ، ئەخلاق مۇتلەق بولىدۇ. مايكىل ۋالزېر ئېيتقاندەك، ھەزارەت «چوڭقۇر» بولىدۇ، ئۇ تۈزۈلمە ۋە ھەرىكەت ئەندىزىلىرىنى بەلگىلەپ، كىشىلەرنى بەلگىلىك جەمئىيەتتە توغرا دەپ قارالغان يولغا يېتەكلەيدۇ. ئەمما، بۇ ئەڭ ئالىي ئۆلچەمدىكى ئەخلاقنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان، ئۇنىڭدىن ھالقىيدىغان

ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغىنى «چوڭقۇر ۋە ئەڭ ئالىي ئەخلاقنىڭ قايتا-قايتا سۆزلەنگەن ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنى» ئەكس ئەتتۈرگەن ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمدىكى تېيىز ئەخلاق. ھەقىقەت ۋە ئادالەت ھەققىدىكى ئەڭ تۆۋەن ئەخلاق قارىشى بارلىق چوڭقۇر ئەخلاقلاردا مەۋجۇت، ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ ھەم يەنە ئەڭ تۆۋەن ئەخلاق ھېسابلىنىدىغان «چەكلىمىلەر (ئەڭ ئېھتىماللىقى چوڭى)، ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئالدامچىلىق، ۋەھشىي جازا، زۇلۇم، زالىملارغا قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى قائىدىلەرمۇ مەۋجۇت. كىشىلەردە ئورتاق بولغىنى كۆپىنچە ئورتاق دۈشمەن ياكى (جىنايەتلەر)، ھەرگىزمۇ ئورتاق ھەزارەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئەمەس». ئىنسانلار جەمئىيىتى «ئۇنىۋېرسال بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۇ بىر جەمئىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن». «بەزىدە بىز باشقىلار بىلەن بىللە ئىلگىرىلەيمىز، ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىز ئۆزىمىز يالغۇز ماڭىمىز»[19]. ۋەھالەنكى، «تېيىز» ئەڭ تۆۋەن ئەخلاق ھەقىقەتەن ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئەھۋالىدىن مەيدانغا كېلىدۇ، يەنە كېلىپ «ئورتاق خاھىش» بارلىق ھەزارەتلەردە مەۋجۇت بولىدۇ[20]. ھەزارەتلەرنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولمىقى كۆپىنچە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئورتاق نۇقتىلىرىنى ئىزدەشكە ئېھتىياجلىق، ھەرگىزمۇ ئۆزىمىز ياقتۇرىدىغان مەلۇم مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەمەس. كۆپ مەدەنىيەتلىك دۇنيادا، ئۇنۇملۇك يول ھەممىبابلىقنى تاشلاپ كۆپ خىللىقنى قوبۇل قىلىش، ئورتاقلىقنى ئىزدەش.

90- يىللارنىڭ باشلىرىدا كىچىك دۆلەت سىنگاپور بۇنداق ئورتاقلىقنى تونۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. سىنگاپور نوپۇسىنىڭ 76% نى جۇڭگولۇق، 15% مالايلار ۋە مۇسۇلمانلار، 6% ھىندى مۇرتلىرى ۋە سىكھلار ئىگىلەيدۇ. ئىلگىرى سىنگاپور ھۆكۈمىتى خەلق ئارىسىدىكى «كۇڭزى قىممەت قارىشى»نى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەممە كىشىلەر چوقۇم ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش، ئىنگلىز تىلىدا راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولۇشنى بەلگىلىدى. 1989- يىلى

1- ئايدا زۇڭتۇڭ خۇاڭ جىنخۇي پارلامېنتتىكى دەسلەپكى نۇتقىدا، 2 مىليون 700 مىڭ سىنگاپورلۇقنىڭ غەربتىن كەلگەن تاشقى ھەزارەتكە نىسبەتەن ئىنتايىن ئوچۇق ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۇلارنى «چەت ئەلنىڭ يېڭى ئىدىيە يېڭى تېخنىكىلىرى بىلەن يېقىن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانلىقىنى، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنى «چەت ئەلنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، قىممەت قارىشى»غىمۇ ئېچىۋەتكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇ يەنە: «ئىلگىرى بىزنىڭ تەرەققىياتىمىزغا تۈۋرۈك بولغان ئەنئەنىۋى ئاسىيا ئەخلاقى، مەسئۇلىيەت ئېڭى، ئىجتىمائىي قاراش، ھازىر تېخىمۇ غەربلەشكەن، شەخسچىلىك تۇرمۇش قارىشىغا ئورۇن بېرىۋاتىدۇ»، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە «سىنگاپوردىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ۋە دىنىي گۇرۇھلارغا ئورتاق بولغان يادرولۇق قىممەت قاراش تىكلەش زۆرۈر. ئۇلار بىر سىنگاپورلۇقنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلىشى كېرەك» دەپ قارىدى.

خۇاڭ جىنخۇي زۇڭتۇڭ تۆت ئاساسلىق قىممەت قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى: « جەمئىيەتنى شەخسنىڭ ئۈستىگە قويۇش، ئائىلىنى جەمئىيەتنىڭ ئاساسى قىلىش، مۇھىم ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرنى كۆرەش بىلەن ئەمەس، ئورتاق تونۇش بىلەن ھەل قىلىش، مىللەت، دىنلارنىڭ سىغىشىشى ۋە چىقىشىشىنى تەكىتلەش». ئۇنىڭ سۆزى سىنگاپورنىڭ قىممەت قارىشى ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك مۇزاكىرە قوزغىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن، بىر ئاق تاشلىق كىتاب ھۆكۈمەتنىڭ مەيدانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاق تاشلىق كىتاب زۇڭتۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان تۆت خىل قىممەت قارىشىغا يەنە بىرنى قوشۇپ قويدى، يەنى شەخسنى ھۆرمەتلەش. مەقسىتى تۇغقانپەرەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كۇڭزىچە دەرىجە قارىشى ۋە ئائىلە قارىشى ئۈستۈنلۈككە چىقىۋالماسلىقى ئۈچۈن شەخسنىڭ قىممىتىنىڭ سىنگاپور جەمئىيىتىدىكى ئورنىنى تەكىتلىدى. ئاق تاشلىق كىتاب سىنگاپورلۇقلارنىڭ ئورتاق قىممەت قارىشىنى تۆۋەندىكىدەك تەكىتلىدى:

● دۆلەت (مىللىي) گۇرۇھ، جەمئىيەت شەخستىن ئۈستۈن، ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئۇلى.

● شەخسكە ئەھمىيەت بېرىلىشى، شەخس ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشى كېرەك. كۆرەشكە ئەمەس ئورتاق تونۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

● ئىرقلار، مىللەتلەر ۋە دىنلار چىقىشىشى لازىم.

«ئورتاق قىممەت قارىشى» باياناتى سىنگاپورلۇقلارنىڭ پارلامېنت دېموكراتىيىسىگە بولغان ئېتىقادى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى تىلغا ئالغاندا، سىياسىي قىممەت قاراش توغرىلىق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ھۆكۈمەت سىنگاپورنىڭ «ھالقىلىق تەرەپتە، يەنىلا بىر ئاسىيا جەمئىيىتى» ئىكەنلىكىنى ھەم كېيىنمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. «گەرچە بىز ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىسەكمۇ، كاستۇم كىيسەكمۇ بىز يەنىلا سىنگاپورلۇقلار، ھەرگىزمۇ ئانگلو-ساكسونلار ئەمەس. ئەگەر تېخىمۇ ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە سىنگاپورلۇقلار ئامېرىكىلىقلار، ئەنگلىيىلىك ۋە ئاۋستىرالىيىلىكلەردەك بولۇپ قېلىپ، پەرق ئەتكىلى بولمىسا ياكى تېخىمۇ بەتتەرلىشىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ بىچارە نۇسخىلىرى بولۇپ قالسا (يەنى بىر ئارىسالدى دۆلەت بولۇپ قالسا)، ئۇنداقتا بىز ئۆزىمىزنىڭ خىسلەتلىرىدا ئۆزلۈكىمىزنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان غەرب جەمئىيىتى بىلەن بولغان پەرقىمىزنى يوقىتىپ قويغان بولىمىز[21].

سىنگاپورنىڭ ھەر قايسى مىللىي، دىنىي گۇرۇھلارغا ئورتاق بولغان، غەربنىڭكىدىن پەرقلىنىدىغان ھەزارەت سالاھىيىتى بېكىتىپ بېرىشى بىر دادىل، ئاقىلانە سىناق. ئەلۋەتتە، غەربنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ قىممەت قارىشى، كوللېكتىپنىڭ ھوقۇقىدىن بەكرەك شەخس ھوقۇقىنى، سۆز ئەركىنلىكىنى، ھەقىقەتنىڭ ئىدىيىلەر مۇنازىرىسىدىن كېلىدىغانلىقىنى، سىياسىي ئىشتىراك ۋە رىقابەتنى، دۆلەتنى مۇتەخەسسىسلەر، ئاقىللار ياكى مەسئۇلىيەتچان ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەمەس، قانۇن-تۈزۈمنىڭ باشقۇرۇشىنى تەكىتلەيدۇ. گەرچە غەربلىكلەر سىنگاپورنىڭكىدە يوق بەزى قىممەت قاراشلىرىنى تولۇقلاپ،

سىنگاپورلۇقلارنىڭ بەزى قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئۈستۈن ئورنىنى تۆۋەنلىتەلىسىمۇ، ئەمما ھېچقانداق غەربلىك، سىنگاپورنىڭ بۇ قىممەت قاراشلىرىنى رەت قىلمايدۇ. ھېچبولمىغاندا ئاساسلىق «تېيىز» ئەخلاق قاتلىمىدا ئاسىيا ۋە غەرب ئارىسىدا بەزى ئورتاقلىقلار بار. بۇنىڭدىن باشقا، خۇددى نۇرغۇن كىشىلەر كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، دۇنيادىكى بىر نەچچە دىن — ئىسلام دىنى، خرىستىئان دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى، ھىندى دىنى، بۇددا دىنى، كۇڭزىچىلىق، داۋجياۋ دىنى، يەھۇدىي دىنلىرى كىشىلەرنى قانچىلىك بۆلۈۋەتسۇن، ئىنسانلار بەزىبىر مۇھىم ئورتاق قىممەت قاراشلارغا ئىگە. ئەگەر ئىنسانلار كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بىر ئورتاق دۇنيا مەدەنىيىتى پەيدا قىلالىسا (ئۇ دەل بۇ ئورتاقلىقلارنى ئىېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن شەكىللىنىدۇ)، ئۇلار كۆپ مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن «ساقلىنىش پرىنسىپى» ۋە «ئورتاق تەگشەش پرىنسىپى»دىن باشقا، يەنە ئۈچىنچى پرىنسىپقا، يەنى «ئورتاقلىق پرىنسىپى»غا موھتاج. ھەر قايسى مەدەنىيەتلەر خەلقلىرى باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن ئورتاق بولغان قىممەت قاراش، تۈزۈم ۋە ئەمەلىيەتلەرنى ئىزدەش ۋە كېڭەيتىش كېرەك.

بۇنداق تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەر قايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇشلىرىنى ئازايتىشقا ياردىمى بولۇپلا قالماستىن، يەنە يەككە يەرشارى مەدەنىيىتىنى كۈچەيتىشكىمۇ ياردىمى بار، بۇنداق مەدەنىيەت بەلكىم تېخىمۇ ئالىي قانلامدىكى ئەخلاق، دىن، بىلىم، سەنئەت، پەلسەپە، تېخنىكا، ماددىي پاراۋانلىق قاتارلىقلارنىڭ يۇغۇرۇلمىسى بولۇشى مۇمكىن. روشەنكى، بۇلارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئۆزگىرىشى ناتايىن. ئالىملار مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن نۇقتىلىرىنى ئوگايلا پەرقلەندۈرەلەيدۇ. ئۇنداقتا بۇ يەردىكى مەسىلە، كىشىلەر ئىنسانلار مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ-پەسىيىشىنى قانداق ئىپادىلەيدۇ؟ دىندىن خالىي بولغان، بەزى ئايرىم مەدەنىيەتلەردىن ھالقىغان، تېخىمۇ يۇكسەك سەۋىيىدىكى مەدەنىيەتكە قاراپ ماڭغان بىر ئورتاق يۈزلىنىش ھازىر بارمۇ؟ ئەگەر بۇنداق يۈزلىنىش

ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولسا، ئۇ زامانىۋىلىشىش جەريانىنىڭ نەتىجىسىمۇ، ئەمەس؟ (بۇ جەريان ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن سەۋىيىسى بارغانسىرى يۇقىرىلاۋاتقان ئىلغار تېخنىكا ۋە پاراۋان ماددىي تۇرمۇش يارىتىلدى). بۈگۈنكى دەۋردە تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدىكى زامانىۋىلىشىش تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدىكى مەدەنىيەتنىڭ ئالدىنقى شەرتىمۇ، ئەمەس؟ ياكى مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئايرىم مەدەنىيەتلەر تارىخى ئىچىدە پەرقلىق بولامدۇ؟

بۇ مەسىلە تارىخىي تەرەققىيات تۈز سىزىقلىقمۇ ياكى ھالقىسىمانمۇ؟ دېيىلگەن مۇنازىرىنىڭ يەنە بىر خىل ئىپادىسى. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، مائارىپنى ۋە ئاڭلىقلىقنى كۈچەيتىش، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ جەمئىيەت ۋە تەبىئەت مۇھىتىغا بولغان چۈشىنىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن كېلىپ چىققان زامانىۋىلىشىش ۋە ئىنسانىيەت ئەخلاقىنىڭ تەرەققىياتى مەدەنىيەتنى تېخىمۇ يۈكسەك سەۋىيىگە توختىماي تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. يەنە بىر خىل ئېھتىماللىق، مەدەنىيەتنىڭ سەۋىيىسى پەقەت ھەر قايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەققىي قىلىش باسقۇچلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى مۇمكىن. بىر مەدەنىيەتنىڭ دەسلەپكى شەكىللىنىش باسقۇچىدا، بۇنىڭ خەلقلىرى كۆپىنچە ھاللاردا جۇشقۇن، ھاياتىي كۈچى مول، قارام، كېڭىيىشچانلىقتا، ئېقىشچانلىقتا ئىگە بولىدۇ. ئۇلارنى نىسبەتەن مەدەنىي ئەمەس دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر كۆنسېرى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ مەدەنىي قىلىۋېتىدىغان تېخنىكا، ھۈنەر-سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئۆز ئىچىدىكى ئاساسلىق بۆلەكلەر رىقابىتىنىڭ ئازىيىشى ۋە ئۇنىۋېرسال دۆلەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، مەزكۇر مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي پەللىسىگە، يەنى ئۆزىنىڭ ئالتۇن دەۋرىگە يېتىدۇ. ئەخلاق، سەنئەت، ئەدەبىيات، پەلسەپە، تېخنىكا، شۇنداقلا ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي كۈچى، يۈكسەك گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ.

مەدەنىيەت ئاجىزلىشىشقا يۈز تۇتقاندا، ئۇنىڭ سەۋىيىسىمۇ تۆۋەنلەشكە باشلاپ، سەۋىيىسى سەل تۆۋەنرەك، ئەمما جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىۋاتقان يەنە بىر مەدەنىيەتنىڭ ھۇجۇمىدا يوقىلىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، زامانىۋىلىشىش پۈتۈن دۇنيادا مەدەنىيەتنىڭ ماددىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئەمما، ئۇ مەدەنىيەتنىڭ ئەخلاق ۋە ھەزارەت سەۋىيىسىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈردىمۇ؟ بەزى جەھەتلەردە شۇنداقتەك. بۈگۈنكى دۇنيادا قۇللارلىق، ۋەھشىي جازا، كىشىلەرنى قەستەن ھاقارەتلەش دېگەنلەردىن كىشىلەر بارغانسېرى سەسكىنىۋاتىدۇ. ئەمما، بۇ پەقەت غەرب مەدەنىيىتىنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ مەھسۇلىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، غەرب مەدەنىيىتى ئاجىزلىشىۋاتقاندا، ئەخلاقنىڭ تىرىلىشى مەيدانغا كېلەمدۇ، يوق؟ 90-يىللاردا دۇنيانىڭ ئىشلىرىدا نۇرغۇن «چوڭ قالايمىقانچىلىق» ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىسپاتلار مەۋجۇت ئىدى. دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا قانۇن ۋە تەرتىپ گۇمران بولدى. دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشى كۈچسىز بولۇپ قالدى، ھۆكۈمەتسىزلىك يامرىدى. نۇرغۇن جەمئىيەتلەردە يەر شارى خاراكتېرلىك جىنايەت بورىنى كۆتۈرۈلدى. دۆلەت ھالقىغان جىنايەتچىلەر گۇرۇھى ۋە ئەتكەسچىلەر غالجىرلاشتى. زەھەر چېكىش ئەۋج ئالدى. نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئائىلىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئاجىزلاشتى. ئىشەنچ ۋە ئىجتىمائىي ئىتتىپاقلىق ئاجىزلىدى. دۇنيانىڭ ناھايىتى كۆپ قىسىم جايلىرىدا، مىللەت، دىن، مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئالدى. نۇرغۇن شەھەرلەردە، موسكۋا، رىئودېي-ژانىيرو، باڭكوك، شاڭخەي، لوندون، رىم، ۋارشاۋا، توكيو، يوھاننىسبورگ، دېھلى، كاراچى، قاھىرە، بوگوتا، ۋاشىنگتونلاردا جىنايەت تېز سۈرئەتتە ئۆرلىدى. مەدەنىيەتنىڭ بەزى تۈپكى ئامىللىرى يوقىلىۋاتىدۇ. كىشىلەر يەر شارى خاراكتېرلىك ھۆكۈمەت كرىزىسىنى تولا تىلغا ئالىدىغان بولۇپ قالدى. دۆلەت ھالقىغان، جىنايەتچىلەر تەشكىلاتى، ئەتكەسچىلەر تەشكىلاتى، شۇنداقلا مەدەنىيەتلەرگە زورلۇق كۈچى بىلەن زەربە بېرىدىغان تەشكىلاتلارنىڭ

جانلىنىشىنى، بارغانسېرى دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر ئىشلەپ چىقارغان ئىقتىسادىي مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشىشى بىلەن سىلىشتۇرغىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى. قانۇن ۋە تەرتىپ مەدەنىيەتنىڭ باش شەرتى. ۋەھالەنكى، دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، جەنۇبىي ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرقلەردە بۇلار يوقىلىشقا باشلىدى. ئۇ يەنە جۇڭگو، ياپونىيە ۋە غەربتە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. دۇنيا مىقياسىدا، مەدەنىيەت نۇرغۇن جەھەتلەردە ياۋايىلىققا ئورۇن بوشىتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ھادىسىنى مەيدانغا كەلتۈردى. يەر شارىنىڭ «قاراڭغۇ دەۋرى» بەلكىم ھازىر يېتىپ كېلىۋاتقاندۇ.

50- يىللاردا لېستىر پېئارسون ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدى: ئىنسانلار «ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەر چوقۇم تىنچ ئورتاق ياشاشنى ئۆگىنىشى بولمايدىغان، ئۆز ئارا ئۆگىنىدىغان، بىر-بىرىنىڭ تارىخى، غايىسى، سەنئىتى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىدىغان، بىر-بىرىنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتىدىغان دەۋرگە كىرىدۇ. بولمىسا، بۇ قىستاڭ تار دۇنيادا ئۇقۇشماسلىق، جىددىيچىلىك، توقۇنۇش، ئاپەت چوقۇم يۈز بېرىدۇ»[22].

تىنچلىق ۋە مەدەنىيەتنىڭ كەلگۈسى، دۇنيادىكى ھەر قايسى چوڭ مەدەنىيەتلەرنىڭ سىياسىي، مەنىۋى، ئىلىم داھىيلىرى ئارىسىدىكى چۈشىنىشىش ۋە ھەمكارلىققا باغلىق. مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىدا، ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا ئۆز ئارا قول تۇتىشىدۇ ياكى ئايرىلىدۇ. مەدەنىيەت بىلەن ياۋايىلىق ئارىسىدىكى تېخىمۇ زور توقۇنۇشتا، يەنى يەرشارى خاراكتېرلىك ھەقىقىي توقۇنۇشتا، ئاللىقاچان دىن، سەنئەت، ئەدەبىيات، پەلسەپە، ئىلىم-پەن، تېخنىكا، ئەخلاق، ھېسسىيات جەھەتلەردە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغان دۇنيادىكى ھەر قايسى چوڭ مەدەنىيەتلەرمۇ يا قول تۇتۇشىدۇ، يا ئايرىلىشىدۇ. يېتىپ كېلىۋاتقان دەۋردە، مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن ئەڭ زور تەھدىت. كۆپ مەدەنىيەت ئاساسىغا قۇرۇلغان خەلقئارا تەرتىپ بولسا، دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك كاپالەتتۇر.

# ئىزاھات

بىرىنچى باب


I. Henry A. Kissinger, Diplomacy (New York: Simon & Schuster, 1994), pp 23 – 24.

2. H. D. S. Greenway's phrase, Boston Globe, 3 December 1992, p. 19.

3. Vaclav Havel, "The New Measure of Man," New York Times, 8 July 1994, p. A27; Jacques Delors, "Questions Concerning European Security," Address, International Institute for Strategic Studies, Brussels, 10 September 1993, p. 2.

4. Thomas S. Kuhn, The Structure of Scientific Revolutions, (Chicago: University of Chicago Press, 1962), pp. 17 – 18.

5. John Lewis Gaddis, "Toward the Post – Cold War World." Foreign Affairs, 70 (Spring 1991), 101; Judith Goldstein and Robert O. Keohane, "Ideas and Foreign Policy: An Analytical Framework," in Goldstein and Keohane, eds., Ideas and Foreign Policy: Beliefs, Institutions, and Political Change (Ithaca: Cornell University Press, 1993), pp. 8 – 17.

6. Francis Fukuyama, "The End of History," The National Interest, 16(Summer 1989), 4, 18.

7. "Address to the Congress Reporting on the Yalta Conference," 1 March 1945, in Samuel I. Rosenman, ed., Public Papers and Addresses of Franklin D. Roosevelt (New York: Russell and Russell, 1969), XIII, 586.

8. See Max Singer and Aaron Wildavsky, The Real World Order: Zones of Peace, Zones of Turmoil (Chatham, NJ: Chatham House, 1993); Robert o. Keohane and Joseph S. Nye, "Introduction: The End of the Cold War in Europe," in Keohane, Nye, and Stanley Hoffmann, eds., After the Cold War: International Institutions and State Strategies in Europe, 1989 – 1991 (Cambridge: Harvard University Press, 1993), p. 6; and James M. Goldgeier and Michael McFaul, "A Tale of Two Worlds: Core and Periphery in the Post – Cold War Era," International Organization, 46(Spring 1992), 467 – 491.

9. See F. S. C. Northrop, The Meeting of East and West: An Inquiry Concerning World Understanding (New York: Macmillan, 1946).

10. Edward W. Said, Orientalism (New York: Pantheon Books, 1978), pp. 43–44.

11. See Kenneth N. Waltz, "The Emerging Structure of International Politics," International Security, 18 (Fall 1993), 44–79; John J. Mearsheimer, "Back to the Future: Instability in Europe after the Cold War," International Security, 15 (Summer 1990), 5–56.

12. Stephen D. Krasner questions the importance of Westphalia as a dividing point. See his "Westphalia and All That," in Goldstein and Keohane, eds., Ideas and Foreign Policy, pp. 235–264.

13. Zbignew Brzezinski, Out of Control: Global Turmoil on the Eve of the Twenty-first Century (New York: Scribner, 1993); Daniel Patrick Moynihan, Pandaemonium: Ethnicity in International Politics (Oxford: Oxford University Press, 1993); see also Robert Kaplan, "The Coming Anarchy," Atlantic Monthly, 273 (Feb. 1994), 44–76.

14. See New York Times, 7 February 1993, pp. 1, 14; and Cabriel Schoenfeld, "Outer Limits," Post-Soviet Prospects, 17 (Jan. 1993), 3, citing figures from the Russian Ministry of Defense.

15. See Gaddis, "Toward the Post-Cold War World"; Benjamin R. Barber, "Jihad vs. McWorld," Atlantic Monthly, 269 (March 1992), 53–63, and Jihad vs. McWorld (New York: Times Books, 1995); Hans Mark, "After Victory in the Cold War: The Global Village or Tribal Warfare," in J. J. Lee and Walter Korter, eds., Europe in Transition: Political, Economic, and Security Prospects for the 1990s (LBJ School of Public Affairs, University of Texas at Austin, March 1990), pp. 19–27.

16. John J. Mearsheimer, "The Case for a Nuclear Deterrent," Foreign Affairs, 72 (Summer 1993), 54.

17. Lester B. Pearson, Democracy in World Politics (Princeton: Princeton University Press, 1955), pp. 82–83.

18. Quite independently Johan Galtung developed an analysis that closely parallels mine on the salience to world politics of the seven or eight major civilizations and their core states. See his "The Emerging Conflict Formations," in Katharine and Majid Tehranian, eds., Restructuring for World Peace: On the Threshold of the Twenty-First Century (Cresskill NJ: Hampton Press, 1992), pp. 23–24. Galtung sees seven regional-cultural groupings emerging dominated by hegemons: the United States, European Commu-

nity, Japan, China, Russia, India, and an "Islamic core." Other authors who in the early 1990s advanced similar arguments concerning civilizations include: Michael Lind, "American as an Ordinary Country," American Enterprise, 1 (Sept./Oct. 1990), 19－23; Barry Buzan, "New Patterns of Global Security in the Twenty－first Century," International Affairs, 67 (1991), 441, 448－449; Robert Gilpin, "The Cycle of Great Powers: Has It Finally Been Broken?" (Princeton University, unpublihed paper, 19 May 1993), pp. 6ff.; William S. Lind, "North－South Relations: Returning to a World of Cultures in Conflict," Current World Leaders, 35 (Dec. 1992), 1073－1080, and "Defending Western Culture," Foreign Policy, 84 (Fall 1994), 40－50; "Looking Back from 2992: A World History, chap. 13: The Disastrous 21st Century," Economist, 26 December 1992－8 January 1993, pp. 17－19; "The New World Order: Back to the Future," Economist, 8 January 1994, pp. 21－23; "A Survey of Defence and the Democracies," Economist, 1 September 1990; Zsolt Rostovanyi, "Clash of Civilizations and Cultures:" Unity and Disunity of World Order," (unpublished paper, 29 March 1993); Michael Vlahos, "Culture and Foreign Policy," Foreign policy, 82 (Spring 1991), 59-78; Donald J. Puchala, "The History of the Future of International Relations," Ethics and International Affairs, 8 (1994), 177－202; Mahdi Elmandjra, "Cultural Diversity: Key to Survival in the Future," (Paper presented to First Mexican Congress on Future Studies, Mexico City, September 1994). In 1991 Elmandjra published in Arabic a book which appeared in French the following year entitled Premiere Guerre Civilisationnelle (Casablanca: Ed, Toubkal, 1982, 1994).

19. Fernand Braudel, On History (Chicago: University of Chicago Press, 1980), pp. 210－211.

## ئىككىنچى باب

1. "World history is the history of large cultures." Oswald Spengler, Decline of the West (New York: A. A. Knopf, 1926－1928), Ⅱ, 170. The major works by these scholars analyzing the nature and dynamics of civilizations include: Max Weber, The Sociology of Religion (Boston: Beacon Press, trans. Ephraim Fischoff, 1968); Emile Durkheim and Marcel Mauss, "Note on the Notion of Civilization," Social Research, 38 (1971), 808－813; Oswald Spengler, Decline of the West; Pitirim Sorokin, Social and Cultural Dynamics (New York: American Book Co., 4 vols., 1937－1985); Arnold Toynbee, A Study of History (London: Oxford University Press, 12 vols., 1934－1961); Alfred Weber, Kulturgeschichte als Kultursoziologie (Leiden: A. W. Sijthoff's

Uitgerversmaatschappij N. V., 1935); A. L. Kroeber, Configurations of Culture Growth (Berkeley: University of California Press, 1944), and Style and Civilizations (Westport, CT: Greenwood Press, 1973); Philip Bagby, Culture and History: Prolegomena to the Comparative Study of Civilizations (London: Longmans, Green, 1958); Carroll Quigley, The Evolution of Civilizations: An Introduction to Historical Analysis (New York: Macmillan, 1961); Rushton Coulborn, The Origin of Civilized Societies (Princeton: Princeton University Press, 1959); S. N. Eisenstadt, "Cultural Traditions and Political Dynamics: The Origins and Modes of Ideological Politics," British Journal of Sociology, 32 (June 1981), 155-181; Fernand Braudel, History of Civilizations (New York: Allen Lane—Penguin Press, 1994) and On History (Chicage: University of Chicago Press, 1980); William H. McNeill, The Rise of the West: A History of the Human Community (Chicago: University of Chicago Press, 1963); Adda B. Bozeman, "Civilizations Under Stress," Virginia Quarterly Review, 51 (Winter 1975), 1 – 18, Strategic Intelligence and Statecraft (Washington: Brassey's (US), 1992), and Politics and Culture in International History: From the Ancient Near East to the Opening of the Modern Age (New Brunswick, NJ: Transaction Publishers, 1994); Christopher Dawson, Dynamics of World History (LaSalle, IL: Sherwood Sugden Co., 1978), and The Movement of World Revolution (New York: Sheed and Ward, 1959); Immanuel Wallerstein, Geopolitics and Geoculture: Essays on the Changing World – system (Cambridge: Cambridge University Press, 1992); Felipe Fernandez – Armesto, Millennium: A History of the Last Thousand Years (New York: Scribners, 1995). To these works could be added the last, tragically marked work of Louis Hartz, A Synthesis of World History (Zurich: Humanity Press, 1983), which "with remarkable prescience," as Samuel Beer commented, "foresees a division of mankind very much like the present pattern of the post – Cold War world" into five great "culture areas": Christian, Muslim, Hindu, Confucian, and African. Memorial Minute, Louis Hartz, Harvard university Gazette, 89 (May 27, 1994). An indispensable summary overview and introduction to the analysis of civilizations is Matthew Melko, The Nature of Civilizations (Boston: Porter Sargent, 1969). I am also indebted for useful suggestions to the critical paper on my Foreign Affairs article by Hayward W. Alker, Jr., "If Not Huntington's 'Civilizations,' Then Whose?" (unpublished paper, Massachusetts Insitute of Technology, 25 March 1994).

2. Braudel, On History, pp. 177 – 181, 212 – 214, and History of Civilizations, pp. 4 – 5; Gerrit W. Gong, The Standard of "Civilization" in International Society (Oxford;

Clarendon Press, 1984), 81ff., 97－100; Wallerstein, Geopolitics and Geoculture, pp. 160ff. and 215ff.; Arnold J. Toynbee, Study of History, X, 274－275, and Civilization on Trial (New York: Oxford University Press, 1948), p.24.

3. Braudel, On History, p.205. For an extended review of definitions of culture and civilization, especially the German distinction, see A. L. Kroeber and Clyde Kluckhohn, Culture: A Critical Review of Concepts and Definitions (Cambridge: Papers of the Peabody Museum of American Archaeology and Ethnology, Harvard Vniversity, Vol. XI Ⅶ, No. 1, 1952), passim but esp. pp. 15－29.
4. Bozeman, "Civilizations Under Stress," p. 1.
5. Durkheim and Mauss, "Notion of Civilization," p. 811; Braudel, On History, pp. 177, 202; Melko, Nature of Civilizations, p. 8; Wallerstein, Geopolitics and Geoculture, p. 215; Dawson, Dynamics of World History, pp. 51, 402; Spengler, Decline of the West, I, p. 31. Interestingly, the International Encyclopedia of the Social Sciences (New York: Macmillan and Free Press, ed. David L. Sills, 17 vols., 1968) contains no primary article on "civilization" or "civilizations." The "concept of civilization" (singular) is treated in a subsection of the article called "Urban Revolution," while civilizations (plural) receive passing mention in an article called "Culture."
6. Herodotus, The Persian Wars (Harmondsworth, England: Penguin Books, 1972), pp. 543－544.
7. Edward A. Tiryakian, "Reflections on the Sociology of Civilizations," Sociological Analysis, 35(Summer 1974), 125.
8. Toynbee, Study of History, I, 455, quoted in Melko, Nature of Civilizations, pp. 8－9; and Braudel, On History, p. 202.
9. Braudel, History of Civilizations, p. 35, and On History, pp. 209－210.
10. Bozeman, Strategic Intelligence and Statecraft, p.26.
11. Quigley, Evolution of Civilizations, pp. 146ff.; Melko, Nature of Civilizations, pp. 101ff. See D. C. Somervell, "Argument" in his abridgment of Arnold J. Toynbee, A Study of History, vols. I－VI (Oxford: Oxford University Press, 1946), pp. 569ff.
12. Lucian W. Pye, "China: Erratic State, Frustrated Society," Foreign Affairs, 69 (Fall 1990), 58.
13. See Quigley, Evolution of Civilizations, chap. 3, esp. pp. 77, 84; Max Weber, "The Social Psychology of the World Religions," in From Max Weber: Essays in Sociology (London: Routledge, trans. and ed. H. H. Gerth and C. Wright Mills, 1991), p.

267; Bagby, Culture and History, pp. 165－174; Spengler, Decline of the West, Ⅱ, 31ff; Toynbee, Study of History, Ⅰ, 133; Ⅻ, 546－547; Braudel, History of Civilizations, passim; McNeill, The Rise of the West, passim; and Rostovanyi, "Clash of Civilizations," pp. 8－9.

14. Melko, Nature of Civilizations, p. 133.

15. Braudel, On History, p. 226.

16. For a major 1990s addition to this literature by one who knows both cultures well, see Claudio Veliz, The New World of the Gothic Fox (Berkelely: University of California Prees, 1994).

17. See Charles A. and Mary R. Beard, The Rise of American Civilization (New York: Macmillan, 2 vols., 1927) and Max Lerner, America as a Civilization (New York: Simon & Schuster, 1957). With patriotic boosterism, Lerner argues that "For good or ill, America is what it is－a culture in its own right, with many characteristic lines of power and meaning of its own, ranking with Greece and Rome as one of the great distinctive civilizations of history." Yet he also admits, "Almost without exception the great theories of history find no room for any concept of America as a civilization in its own right" (pp. 58－59).

18. On the role of fragments of European civilization creating nwe societies in North America, Latin America, South Africa, and Australia, see Louis Hartz, The Founding of New Societies: Studies in the History of the United States, Latin America, South Africa, Canada, and Australia (New York: Harcourt, Brace & World, 1964).

19. Dawson, Dynamics of World History, p. 128. See also Mary C. Bateson, "Beyond Sovereignty: An Emerging Global Civilization," in R. B. J. Walker and Saul H. Mendlovitz, eds., Contending Sovereignties: Redefining Political Community (Boulder: Lynne Rienner, 1990), pp. 148－149.

20. Toynbee classifies both Therevada and Lamaist Buddhism as fossil civilizations, Study of History, Ⅰ, 35, 91－92.

21. See, for example, Bernard Lewis, Islam and the West (New York: Oxford University Press, 1993); Toynbee, Study of History, chap. Ⅸ, "Contacts between Civilizations in Space (Encounters between Contemporaries)," Ⅷ, 88ff; Benjamin Nelson, "Civilizational Complexes and Intercivilizational Encounters," Sociological Analysis, 34 (Summer 1973), 79－105.

22. S. N. Eisenstadt, "Cultural Traditions and Political Dynamics: The Origins and Modes

of Ideological Politics,"British Journal of Sociology, 32 (June 1981), 157, and "The Axial Age: The Emergence of Transcendental Visions and The Rise of Clerics," Archives Europeennes de Sociologie, 22(No. 1, 1982), 298. See also Benjamin I. Schwartz, "The Age of Transcendence in Wisdom, Revolution, and Doubt: Perspectives on the First Millennnium B. C., "Daedalus, 104 (Spring 1975), 3. The concept of the Axial Age derives from Karl Jaspers, Vom Ursprung und Ziel der Geschichte (Zurich: Artemisverlag, 1949).

23. Toynbee, Civilization on Trial, p. 69. Cf. William H. McNeill, The Rise of the West, pp. 295 – 298, who emphasizes the extent to which by the advent of the Christian era, "Organized trade routes, both by land and by sea, …linked the four great cultures of the continent."

24. Braudel, On History, p. 14: "…cultural influence came in small doses, delayed by the length and slowness of the journeys they had to make. If historians are to be believed, the Chinese fashions of the T'ang period [618 – 907] travelled so slowly that they did not reach the island of Cyprus and the brilliant court of Lusignan until the fifteenth century. From there they spread, at the quicker speed of Méditerranean trade, to France and the eccentric court of Charles Ⅵ, where hennins and shoes with long pointed toes became immensely popular, the heritage of a long vanished world – much as light still reaches us from stars already extinct."

25. See Toynbee, Study of History, Ⅷ, 347 – 348.

26. McNeill, Rise of the West, p. 547.

27. D. K. Fieldhouse, Economics and Empire, 1830 – 1914 (London: Macmillan, 1984), p. 3; F. J. C. Hearnshaw, Sea Power and Empire (London: George Harrap and Co, 1940), p. 179.

28. Geoffrey Parker, The Military Revolution: Military Innovation and the Rise of the West (Cambridge: Cambridge University Press, 1988), p. 4; Michael Howard, "The Military Factor in European Expansion," in Hedley Bull and Adam Watson, eds., The Expansion of International Society (Oxford: Clarendon Press, 1984). pp. 33ff.

29. A. G. Kenwood and A. L. Lougheed, The Growth of the International Economy 1820 – 1900 (London: Routledge, 1992), pp. 78 – 79; Angus Maddison, Dynamic Forces in Capitalist Development (New York: Oxford University Press, 1991), pp. 326 – 27; Alan S. Blinder, reported in the New York Times, 12 March 1995, p. 5E. See also Simon Kuznets, "Quantitative Aspects of the Economic Growth of Nations – Ⅹ.

Level and Structure of Foreign Trade: Long - term Trends," Economic Development and Cultural Change, 15 (Jan. 1967, part Ⅱ), pp. 2 - 10.

30. Charles Tilly, "Reflections on the History of European State - making," in Tilly, ed., The Formation of National States in Western Europe (Princeton: Princeton University Press, 1975), p. 18.

31. R. R. Palmer, "Frederick the Great, Guibert, Bulow: From Dynastic to National War," in Peter Paret, ed., Makers of Modern Strategy from Machiavelli to the Nuclear Age (Princeton: Princeton University Press, 1986), p. 119.

32. Edward Mortimer, "Christianity and Islam," International Affairs, 67 (Jan. 1991), 7.

33. Hedley Bull, The Anarchical Society (New York: Columbia University Press, 1977), pp. 9 - 13. See also Adam Watson, The Evolution of International Society (London: Routledge, 1992), and Barry Buzan, "From International System to International Society: Structural Realism and Regime Theory Meet the English School," International Organization, 47(Summer 1993); 327 - 352, who distinguishes between "civilizational" and "functional" models of international society and concludes that "Civilizational international societies have dominated the historical record" and that there "appear to be no pure cases of functional international societies." (p. 336).

34. Spengler, Decline of the West, Ⅰ, 93 - 94.

35. Toynbee, Study of History, Ⅰ, 149ff, 154, 157ff.

36. Braudel, On History, p. xxxiii.

## ئۈچىنچى باب

1. V. S. Naipaul, "Our Universal Civilization," The 1990 Wriston Lecture, The Manhatten Institute, New York Review of Books, 30 October 1990, p. 20.

2. See James Q. Wilson, The Moral Sense (New York: Free Press, 1993); Michael Walzer, Thick and Thin: Moral Argument at Home and Abroad (Notre Dame: University of Notre Dame Press, 1994), esp. chaps. 1 and 4; and for a brief overview, Frances V. Harbour, "Basic Moral Values: A Shared Core," Ethics and International Affairs, 9 (1995), 155 - 170.

3. Vaclav Havel, "Civilization's Thin Veneer," Harvard Magazine, 97 (July - August 1995), 32.

4. Hedley Bull, The Anarchical Society: A Study of Order in World Politics (New York: Columbia University Press, 1977), p. 317.

5. John Rockwell, "The New Colossus: American Culture as Power Export," and several authors, "Channel – Surfing Through U. S. Culture in 20 Lands," New York Times; 30 January 1994, sec. 2, pp. 1ff; David Rieff, "A Global Culture," World Policy Journal, 10(Winter 1993 – 94), 73 – 81.
6. Michael Vlahos, "Culture and Foreign Policy," Foreign Policy, 82 (Spring 1991), 69; Kishore Mahbubani, "The Dangers of Decadence: What the Rest Can Teach the West," Foreign Affairs, 72 (Sept./Oct. 1993), 12.
7. Aaron L. Friedberg, "The Future of American Power," Political Science Quarterly, 109 (Spring 1994), 15.
8. Richard Parker, "The Myth of Global News," New Perspectives Quarterly, 11 (Winter 1994), 41 – 44; Michael Gurevitch, Mark R. Levy, and Itzhak Roeh, "The Global Newsroom: convergences and diversities in the globalization of television news," in Peter Dahlgren and Colin Sparks, eds., Communication and Citizenship: Journalism and the Public Sphere in the New Media (London: Routledge, 1991), p. 215.
9. Ronald Dore, "Unity and Diversity in World Culture," in Hedley Bull and Adam Watson, eds., The Expansion of International Society (Oxford: Oxford University Press, 1984), p. 423.
10. Robert L. Bartley, "The Case for Optimism—The West Should Believe in Itself," Foreign Affairs, 72(Sept./Oct. 1993), 16.
11. See Joshua A. Fishman, "The Spread of English as a New Perspective for the Study of Language Maintenance and Language Shift," in Joshua A. Fishman, Robert L. Cooper, and Andrew W. Conrad, The Spread of English: The Sociology of English as an Additional Language (Rowley, MA: Newbury House, 1977), pp. 108ff.
12. Fishman, "Spread of English as a New Perspective," pp. 118 – 119.
13. Randolf Quirk, in Braj B. Kachru, The Indianization of English (Delhi: Oxford, 1983), p. ii; R. S. Gupta and Kapil Kapoor, eds., English in India—Issues and Problems (Delhi: Academic Foundation, 1991), p. 21. Cf. Sarvepalli Gopal, "The English Language in India," Encounter, 73 (July/Aug. 1989), 16, who estimates 35 million Indians "Speak and write English of some type or other." World Bank, World Development Report 1985, 1991(New York: Oxford University Press), table 1.
14. Kapoor and Gupta, "Introduction," in Gupta and Kapoor, eds., English in India, p. 21; Gopal, "English Language," p. 16.
15. Fishman, "Spread of English as a New Perspective," p. 115.

16. See Newsweek, 19 July 1993, p. 22.
17. Quoted by R. N. Srivastava and V. P. Sharma, "Indian English Today," in Gupta and Kapoor, eds., English in India, p. 191; Gopal, "English Language," p. 17.
18. New York Times, 16 July 1993, p. A9; Boston Globe, 15 July 1993, p. 13.
19. In addition to the projections in the World Christian Encyclopedia, see also those of Jean Bourgeois – Pichat, "Le nombre des hommes: Etat et prospective," in Albert Jacquard et al., Les Scientifiques Parlent (Paris: Hachette, 1987), pp. 140, 143, 151, 154 – 156.
20. Edward Said on V. S. Naipaul, quoted by Brent Staples, "Con Men and Conquerors," New York Times Book Review, 22 May 1994, p. 42.
21. A. G. Kenwood and A. L. Lougheed, The Growth of the International Economy 1820 – 1990 (London: Routledge, 3rd ed., 1992), pp. 78 – 79; Angus Maddison, Dynamic Forces in Capitalist Development (New York: Oxford University Press, 1991), pp. 326 – 327; Alan S. Blinder, New York Times, 12 March 1995, p. 5E.
22. David M. Rowe, "The Trade and Security Paradox in International Politics," (unpublished manuscript, Ohio State University, 15 Sept. 1994), p. 16.
23. Dale C. Copeland, "Economic Interdependence and War: A Theory of Trade Expectations," International Security 20 (Spring 1996), 25.
24. William J. McGuire and Claire V. McGuire, "Content and Process in the Experience of Self," Advances in Experimental Social Psychology, 21 (1988), 102.
25. Donald L. Horowitz, "Ethnic Conflict Management for Policy – Makers," in Joseph V. Montville and Hans Binnendijk, eds., Conflict and Peacemaking in Multiethnic Societies (Lexington, MA: Lexington Books, 1990), p. 121.
26. Roland Robertson, "Globalization Theory and Civilizational Analysis," Comparative Civilizations Review, 17 (Fall 1987), 22; Jeffery A. Shad, Jr., "Globalization and Islamic Resurgence," Comparative Civilizations Review, 19 (Fall 1988), 67.
27. See Cyril E. Black, The Dynamics of Modernization: A Study in Comparative History (New York: Harper & Row, 1966), pp. 1 – 34; Reinhard Bendix, "Tradition and Modernity Reconsidered," Comparative Studies in Society and History, 9 (April 1967), 292 – 293.
28. Fernand Braudel, On History (Chicago: University of Chicago Press, 1980), p. 213.
29. The literature on the distinctive characteristics of Western civilization is, of course, immense. See, among others, William H. McNeill, Rise of the West: A History of the Human Community (Chicago: University of Chicago Press, 1963); Braudel, On History

and earlier works; Immanuel Wallerstein, Geopolitics and Geoculture: Essays on the Changing World – System, (Cambridge: Cambridge University Press, 1991). Karl W. Deutsch has produced a comprehensive, succinct, and highly suggestive comparison of the West and nine other civilizations in terms of twenty – one geographical, cultural, economic, technological, social, and political factors, emphasizing the extent to which the West differs from the others. See Karl W. Deutsch, "On Nationalism, World Regions, and the Nature of the West," in Per Torsvik, ed., Mobilization, Center – Periphery Structurs, and Nation – building: A Volume in Commemoration of Stein Rokkan (Bergen: Universitetsforlaget, 1981), pp. 51 – 93. For a succinct summary of the salient and distinctive features of Western civilization in 1500, see Charles Tilly, "Reflections on the History of European State – making," in Tilly, ed., The Formation of National States in Western Europe (Princeton: Princeton University Press, 1975), pp. 18ff.

30. Deutsch, "Nationalism, World Regions, and the West," p. 77.

31. See Robert D. Putnam, Making Democracy Work: Civil Traditions in Modern Italy (Princeton: Princeton University Press, 1993), p. 121ff.

32. Deutsch, "Nationalism, World Regions, and the West," p. 78. See also Stein Rokkan, "Dimensions of State Formation and Nation – building: A Possible Paradigm for Research on Variations within Europe," in Charles Tilly, The Formation of National States in Western Europe (Princeton: Princeton University Press, 1975), p. 576, and Putnam, Making Democracy Work, pp. 124 – 127.

33. Geert Hofstede, "National Cultures in Four Dimensions: A Research – based Theory of Cultural Differences among Nations," International Studies of Management and Organization, 13(1983), 52.

34. Harry C. Triandis, "Cross – Cultural Studies of Individualism and Collectivism," in Nebraska Symposium on Motivation 1989 (Lincoln: University of Nebraska Press, 1990), 44 – 133, and New York Times, 25 December 1990, p. 41. See also George C. Lodge and Ezra F. Vogel, eds., Ideology and National Competitiveness: An Analysis of Nine Countries (Boston: Harvard Business School Press 1987), passim.

35. Discussions of the interaction of civilizations almost inevitably come up with some variation of this response typology. See Arnold J. Toynbee, Study of History (London: Oxford University Press, 1935 – 61), II, 187ff., VIII, 152 – 153, 214; John L. Esposito, The Islamic Threat: Myth or Reality (New York: Oxford University Press, 1992), pp. 53 – 62; Daniel Pipes, In the Path of God: Islam and Political Power (New York: Basic

Books, 1983), pp. 105 – 142.
36. Pipes, Path of God, p. 349.
37. William Pfaff, "Reflections: Economic Development," New Yorker, 25 December 1978, p. 47.
38. Pipes, Path of God, pp. 197 – 198.
39. Ali Al – Amin Mazrui, Cultural Forces in World Politics (London: James Currey, 1990), pp. 4 – 5.
40. Esposito, Islamic Threat, p. 55; See generally, pp. 55 – 62; and Pipes, Path of God, pp. 114 – 120.
41. Rainer C. Baum, "Authority and Identity—The Invariance Hypothesis Ⅱ," Zeitschrift für Soziologie, 6(Oct. 1977), 368 – 369. See also Rainer C. Baum, "Authority Codes: The Invariance Hypothesis," Zeitschrift für Soziologie, 6(Jan. 1977), 5 – 28.
42. See Adda B. Bozeman, "Civilizations Under Stress," Virginia Quarterly Review, 51 (Winter 1975), 5ff.; Leo Frobenius, Paideuma: Umrisse einer Kultur – und Seelenlehre (Munich: C. H. Beck, 1921), pp. 11ff; Oswald Spengler, The Decline of the West (New York: Alfred A. Knopf, 2 vols., 1926, 1928), Ⅱ, 57ff.
43. Bozeman, "Civilizations Under Stress," p. 7.
44. William E. Naff, "Reflections on the Question of 'East and West' from the Point of View of Japan," Comparative Civilizations Review, 13/14 (Fall 1985 & Spring 1986), 222.
45. David E. Apter, "The Role of Traditionalism in the Political Modernization of Ghana and Uganda," World Politics, 13 (Oct. 1960), 47 – 68.
46. S. N. Eisenstadt, "Transformation of Social, Political, and Cultural Orders in Modernization," American Sociological Review, 30(Oct. 1965), 659 – 673.
47. Pipes, Path of God, pp. 107, 191.
48. Braudel, On History, pp. 212 – 213.

**تۆتىنچى باب**

1. Jeffery R. Barnett, "Exclusion as National Security Policy," Parameters, 24 (Spring 1994), 54.
2. Aaron L. Friedberg, "The Future of American Power," Political Science Quarterly, 109 (Spring 1994), 20 – 21.
3. Hedley Bull, "The Revolt Against the West," in Hedley Bull and Adam Watson, eds., Expansion of International Society (Oxford: Oxford University Press, 1984), p. 219.

4. Barry G. Buzan, "New Patterns of Global Security in the Twenty-first Century," International Affairs, 67 (July 1991), 451.

5. Project 2025, (draft)20 September 1991, p. 7; World Bank, World Development Report 1990 (Oxford: Oxford University Press, 1990), pp. 229, 244; The World Almanac and Book of Facts 1990 (Mahwah, NJ: Funk & Wagnalls, 1989), p. 539.

6. United Nations Development Program, Human Development Report 1994 (New York: Oxford University Press, 1994), pp. 136-137, 207-211; World Bank, "World Development Indicators," World Development Report 1984, 1986, 1990, 1994; Bruce Russett et al., World Handbook of Political and Social Indicators (New Haven: Yale University Press, 1994), pp. 222-226.

7. Paul Bairoch, "International Industrialization Levels from 1750 to 1980," Journal of European Economic History, 11 (Fall 1982), 296, 304.

8. Economist, 15 May 1993, p. 83, citing International Monetary Fund, World Economic Outlook; "The Global Economy," Economist, 1 October 1994, pp. 3-9; Wall Street Journal, 17 May 1993, p. A12; Nicholas D. Kristof, "The Rise of China," Foreign Affaris, 72 (Nov./Dec. 1993), 61; Kishore Mahbubani, "The Pacific Way," Foreign Affairs, 74 (Jan./Feb. 1995), 100-103.

9. International Institute for Strategic Studies, "Tables and Analyses," The Military Balance 1994-95 (London: Brassey's, 1994).

10. Project 2025, p. 13; Richard A. Bitzinger, The Globalization of Arms Production: Defense Markets in Transition (Washington, D. C.: Defense Budget Project, 1993), passim.

11. Joseph S. Nye, Jr., "The Changing Nature of World Power," Political Science Quarterly, 105 (Summer 1990), 181-182.

12. William H. McNeill, The Rise of the West: A History of the Human Community (Chicago: University of Chicago Press, 1963), p. 545.

13. Ronald Dore, "Unity and Diversity in Contemporary World Culture," in Bull and Watson, eds., Expansion of International Society, pp. 420-421.

14. William E. Naff, "Reflections on the Question of 'East and West' from the Point of View of Japan," Comparative Civilizations Review, 13/14 (Fall 1985 and Spring 1986), 219; Arata Isozaki, "Escaping the Cycle of Eternal Resources," New Perspectives Quarterly, 9 (Spring 1992), 18.

15. Richard Sission, "Culture and Democratization in India," in Larry Diamond, Political

Culture and Democracy in Developing Countries (Boulder: Lynne Rienner, 1993), pp. 55–61.

16. Graham E. Fuller, "The Appeal of Iran," National Interest, 37(Fall 1994), 95.

17. Eisuke Sakakibara, "The End of Progressivism: A Search for New Goals," Foreign Affairs, 74 (Sept./Oct. 1995), 8–14.

18. T. S. Eliot, Idea of a Christian Society (New York: Harcourt, Brace and Company, 1940), p. 64.

19. Gilles Kepel, Revenge of God: The Resurgence of Islam, Christianity and Judaism in the Modern World (University Park, PA: Pennsylvania State University Press, trans. Alan Braley 1994), p. 2.

20. George Weigel, "Religion and Peace: An Argument Complexified," Washington Quarterly, 14 (Spring 1991), 27.

21. James H. Billington, "The Case for Orthodoxy," New Republic, 30 May 1994, p. 26; Suzanne Massie, "Back to the Future," Boston Globe, 28 March 1993, p. 72.

22. Economist, 8 January 1993, p. 46; James Rupelt, "Dateline Tashkent: Rost – Soviet Central Asia; Foreign Policy, 87(Summer 1992), 180.

23. Fareed Zakaria, "Culture Is Destiny: A Conversation with Lee Kuan Yew," Foreign Affairs, 73, (Mar./Apr., 1994), 118.

24. Hassan Al – Turabi, "The Islamic Awakening's Second Wave," New Perspectives Quarterly, 9(Summer 1992), 52–55; Ted G. Jelen, The Political Mobilization of Religious Belief (New York: Praeger, 1991), pp. 55ff.

25. Bernard Lewis, "Islamic Revolution," New York Review of Books, 21 January 1988, P. 47; Kepel, Revenge of God, p. 82.

26. Sudhir Kakar, "The Colors of Violence: Cultural Identities, Religion, and Conflict" (Unpublished manuscript), chap. 6, "A New Hindu Identity," p. 11.

27. Suzanne Massie, "Back to the Future," p. 72; Rupert, "Dateline Tashkent," p. 180.

28. Rosemary Radford Ruther, "A World on Fire with Faith," New York Times Book Review, 26 January 1992, p. 10; William H. McNeill, "Fundamentalism and the World of the 1990s," in Martin E. Marty and R. Scott Appleby, eds., Fundamentalisms and Society (Chicago: University of Chicago Press, 1993), p. 561.

29. New York Times, 15 January 1993, p. A9; Henry Clement Moore, Images of Development: Egyptian Engineers in Search of Industry (Cambridge: M.I.T. Press, 1980), pp. 227–228.

30. Henry Scott Stokes, "Korea's Church Militant," New York Times Magazine, 28 November 1972, p. 68.

31. Rev. Edward J. Dougherty, S. J., New York Times 4 July 1993, p. 10; Timothy Goodman, "Latin America's Reformation," American Enterprise, 2 (July – August 1991), 43; New York Times, 11 July 1993, p. 1; Time, 21 January 1991, p. 69.

32. Economist, 6 May 1989, p. 23; 11 November 1989, p. 41; Times (London), 12 April 1990, p. 12; Observer, 27 May 1990, p. 18.

33. New York Times, 16 July 1993, p. A9; Boston Globe, 15 July 1993, p. 13.

34. See Mark Juergensmeyer, The New Cold War? Religious Nationalism Confronts the Secular State (Berkeley: University of California Press, 1993).

35. Zakaria, "Conversation with Lee Kuan Yew," p. 118; Al – Turabi, "Islamic Awakening's Second Wave," p. 53. See Terrance Carroll, "Secularization and States of Modernity," World Politics, 36 (April 1984), 362 – 382.

36. John L. Esposito, The Islamic Threat: Myth or Reality (New York: Oxford University Press, 1992), p. 10.

37. Régis Debray, "God and the Political Planet," New Perspectives Quarterly, 11 (Spring 1994), 15.

38. Esposito, Islamic Threat, p. 10; Gilles Kepel quoted in Sophie Lannes, "Larevanche de Dieu—Interview with Gilles Kepel," Geopolitique, 33 (Spring 1991), 14; Moore, Images of Development, pp. 214 – 216.

39. Juergensmeyer, The New Cold War, p. 71; Edward A. Gargan, "Hindu Rage Against Muslims Transforming Indian Politics," New York Times, 17 September 1993, p. Al; Khushwaht Singh, "India, the Hindu State," New York Times, 3 August 1993, p. A17.

40. Dore in Bull and Watson, eds., Expansion of International Society, p. 411; McNeill in Marty and Appleby, eds., Fundamentalisms and Society, p. 569.

## بەشىنچى باب

1. Kishore Mahbubani, "The Pacific Way," Foreign Affairs, 74 (Jan./Feb. 1995), 100 – 103; IMD Executive Opinion Survey, Economist, 6 May 1995, p. 5; World Bank, Global Economic Prospects and the Developing Countries 1993 (Washington: 1993) pp. 66 – 67.

2. Tommy Koh, America's Role in Asia: Asian Views (Asia Foundation, Center for Asian Pacific Affairs, Report No. 13, November 1993), p. 1.

3. Alex Kerr, Japan Times, 6 November 1994, p. 10.

4. Yasheng Huang, "Why China Will Not Collapse, "Foreign Policy, 95(Summer 1995), 57.

5. Cable News Network, 10 May 1994; Edward Friedman, "A Failed Chinese Modernity," Daedalus, 122(Spring 1993), 5; Perry Link, "China's 'Core' Problem, "ibid., pp. 201 – 204.

6. Economist, 21 January 1995, pp. 38 – 39; William Theodore de Bary, "The New Confucianism in Beijing, "American Scholar, 64(Spring 1995), 175ff.; Benjamin L. Self, "Changing Role for Confucianism in China," Woodrow Wilson Center Report, 7 (September 1995), 4 – 5; New York Times, 26 August 1991, A19.

7. Lee Teng – hui, "Chinese Culture and Political Renewal, "Journal of Democracy, 6(October 1995), 6 – 8.

8. Alex Kerr, Japan times, 6 November 1994, p. 10; Kazuhiko Ozawa, "Ambivalence in Asia, "Jopan Update, 44(May 1995), 18 – 19.

9. For some of these problems, see Ivan P. Hall, "Japan's Asia Card, "National Interest, 38(Winter 1994 – 95), 19ff.

10. Casimir Yost, "America's Role in Asia: One Year Later, "(Asia Foundation, Center for Asian Pacific Affairs, Report No, 15, February 1994), p. 4; Yoichi Funabashi, "The Asianization of Asia, "Foreign Affairs, 72(Nov./Dec. 1993), 78; Anwar Ibrahim, International Herald Tribune, 31 January 1994, p.6.

11. Kishore Mahbubani, "Asia and a United States in Decline, "Washington Quarterly, 17 (Spring 1994), 5 – 23; For a counteroffensive, see Eric Jones, "Asia's Fate: A Response to the Singapore School, "National Interest, 35 (Spring 1994), 18 – 28.

12. Mahathir bin Mohamad, Mare jirenma (The Malay Dilemma) (Tokyo: Imura Bunka Jigyo, trans. Takata Masayoshi, 1983), p. 267, quoted in Dgura Kazuo, "A Call for a New Concept of Asia," Japan Echo, 20 (Autumn 1993), 40.

13. Li Xiangiu, "A Post – Cold War Alternative from East Asia," Straits Times, 10 February 1992, p. 24.

14. Yotaro Kobayashi, "Re – Asianize Japan," New Perspectives Quarterly, 9 (Winter 1992), 20; Funabashi, "The Asianization of Asia," pp. 75ff; George Yong – Soon Yee, "New East Asia in a Multicultural World," International Herald Tribune, 15 July 1992, p. 8.

15. Yoichi Funabashi, "Globalize Asia," New Perspectives Quarterly, 9(Winter 1992), 23

-24; Kishore M. Mahbubani, "The West and the Rest," National Interest, 28 (Summer 1992), 7; Hazuo, "New Concept of Asia," p. 41.

16. Economist, 9 March 1996, p. 33.

17. Bandar bin Sultan, New York Times, 10 July 1994, p. 20.

18. John L. Esposito, The Islamic Threat: Myth or Reality (New York: Oxford University Press, 1992), p. 12; Ali E. Hillal Dessouki, "The Islamic Resurgence," in Ali E. Hillal Dessouki, ed., Islamic Resurgence in the Arab World (New York: Praeger, 1982), pp. 9-13.

19. Thomas Case, quoted in Michael Walzer, The Revolution of the Saints: A Study in the Origins of Radical Politics (Cambridge: Harvard University Press, 1965), pp. 10-11; Hassan Al-Turabi, "The Islamic Awakening's Second Wave," New Perspectives Quarterly, 9 (Summer 1992), 52. The single most useful volume for understanding the character, appeal, limitations, and historical role of late-twentieth-century Islamic fundamentalism may well be Walzer's study of sixteenth- and seventeenth-century English Calvinist Puritanism.

20. Donald K. Emerson, "Islam and Regime in Indonesia: Who's Coopting Whom?" (unpublished paper, 1989), p. 16; M. Nasir Tamara, Indonesia in the Wake of Islam, 1965-1985 (Kuala Lumpur: Institute of Strategic and International Studies Milaysia, 1986), p. 28; Economist, 14 December 1985, pp. 35-36; Henry Tanner, "Islam Challenges Secular Society," International Herald Tribune, 27 June 1987, pp. 7-8; Sabri Sayari, "Politicization of Islamic Re-traditionalism: Some Preliminary Notes," in Metin Heper and Raphael Israeli, eds., Islam and Politics in the Modern Middle East (London: Croom Helm, 1984), p. 125; New York Times, 26 March 1989, p. 14; 2 March 1995, p. A8. See, for example, reports on these countries in New York Times, 17 November 1985, p. 2E; 15 November 1987, p. 13; 6 March 1991, p. A11; 20 October 1990, p. 4; 26 December 1992, p. 1; 8 March 1994, p. A15; and Economist, 15 June 1985, pp. 36-37 and 18 September 1992, pp. 23-25.

21. New York Times, 4 October 1993, p. A8; 29 November 1994, p. A4; 3 February 1994, p. 1; 26 December 1992, p. 5; Erika G. Alin, "Dynamics of the Palestinian Uprising: An Assessment of Causes, Character, and Consequences," Comparative Politics, 26 (July 1994), 494; New York Times, 8 March 1994, p. A15; James Peacock, "The Impact of Islam," Wilson Quarterly, 5 (Spring 1981), 142; Tamara, Indonesia in the Wake of Islam, p. 22.

22. Olivier Roy, The Failure of Political Islam (London: Tauris, 1994), p. 49ff., New York Times, 19 January 1992, p. E3; Washington Post, 21 November 1990, p. A1. See Gilles Keppel, The Revenge of God: The Resurgence of Islam, Christianity, and Judaism in the Modemrn World (University Park, PA: Pennsylvania State University Press, 1994), p.32; Farida Faouzia Charfi, "When Galileo Meets Allah," New Perspectives Quarterly, 11 (Spring 1994), 30; Esposito, Islamic Threat, p. 10.
23. Mahnaz Ispahani, "Varieties of Muslim Experience," Wilson Quarterly, 13 (Autumn 1989), 72.
24. Saad Eddin Ibhrahim, "Appeal of Islamic Fundamentalism," (Paper presented to the Conference on Islam and Politics in the Contemporary Muslim World, Harvard University, 15–16 October 1985), pp. 9–10, and "Islamic Militancy as a Social Movement: The Case of Two Groups in Egypt," in Dessouki, ed., Islamic Resurgence, pp. 128–131.
25. Washington Post, 26 October 1980, p. 23; Peacock, "Impact of Islam," p. 140; Ilkay Sunar and Binnaz Toprak, "Islam in Politics: The Case of Turkey," Government and Opposition, 18 (Autumn 1983), 436; Richard W. Bulliet, "The Israeli – PLO Accord: The Future of the Islamic Movement," Foreign Affairs, 72 (Nov/Dec. 1993), 42.
26. Ernest Gellner, "Up from Imperialism," New Republic, 22 May 1989, p. 35; John Murray Brown, "Tansu Ciller and the Question of Turkish Identity," World Policy Journal, 11 (Fall 1994), 58; Roy, Failure of Political Islam, p. 53.
27. Fouad Ajami, "The Impossible Life of Muslim Liberalism," New Republic, 2 June 1986, p. 27.
28. Clement Moore Henry, "The Mediterranean Debt Crescent," (Unpublished manuscript), p. 346; Mark N. Katz, "Emerging Patterns in the International Relations of Central Asia," Central Asian Monitor, (No. 2, 1994), 27; Mehrdad Haghayeghi, "Islamic Revival in the Central Asian Republics," Central Asian Survey, 13 (No. 2, 1994), 255.
29. New York Times, 10 April 1989, p. A3; 22 December 1992, p. 5; Economist, 10 October 1992, p. 41.
30. Economist, 20 July 1991, p. 35; 21 December 1991 – 3 January 1992, p. 40; Mahfulzul Hoque Choudhury, "Nationalism, Religion and Politics in Bangladesh," in Rafiuddin Ahmed, ed., Bangladesh: Society, Religion and Politics (Chittagong: South Asia Studies Group, 1985), p. 68; New York Times, 30 November 1994, p. A14; Wall

Street Journal, 1 March 1995, pp. 1, A6.

31. Donald L. Horowitz, "The Qur'an and the Common Law: Islamic Law Reform and the Theory of Legal Change," American Journal of Comparative Law, 42 (Spring and Summer, 1994), 234ff.

32. Dessouki, "Islamic Resurgence," p. 23.

33. Daniel Pipes, In the Path of God: Islam and Political Power (New York: Basic Books, 1983), pp. 282-283, 290-292; John Barrett Kelly, Arabia, the Gulf and the West (New York: Basic Books, 1980), pp. 261, 423, as quoted in Pipes, Path of God, p. 291.

34. United Nations Population Division, World Population Prospects: The 1992 Revision (New York: United Nations, 1993), table A18; World Bank, World Development Report 1995 (New York: Oxford University Press, 1995), table 25; Jean Bourgeois Pichat, "Le Nombre des Hommes: Etat et Prospective," in Albert Jacquard, ed., Les Scientifiques Parlent (Paris: Hachette, 1987), pp. 154, 156.

35. Jack A. Goldstone, Revolution and Rebellion in the Early Modern World (Berkeley: University of California Press, 1991), passim, but esp. 24-39.

36. Herbert Moeller, "Youth as a Force in the Modern World," Comparative Studies in Society and History, 10 (April 1968), 237-260; Lewis S. Feuer, "Generations and the Theory of Revolution," Survey, 18 (Summer 1972), pp. 161-188.

37. Peter W. Wilson and Douglas F. Graham, Saudi Arabia: The Coming Storm (Armonk, NY: M. E. Sharpe, 1994), pp. 28-29.

38. Philippe Fargues, "Demographic Explosion or Social Upheaval," in Ghassen Salame, ed., Democracy Without Democrats? The Renewal of Politics in the Muslim World (London: I. B. Tauris, 1994), pp. 158-162, 175-177.

39. Economist, 29 August 1981, p. 40; Denis Dragounski, "Threshold of Violence," Freedom Review, 26 (March/April 1995), 11.

## ئالتىنچى باب

1. Andreas Papandreou, "Europe Turns Left," New Perspectives Quarterly, 11 (Winter 1994), 53; Vuk Draskovic, quoted in Janice A. Broun, "Islam in the Balkans," Freedom Review, 22 (Nov./Dec. 1991), 31; F. Stephen Larrabee, "Instability and Change in the Balkans," Survival, 34 (Summer 1992), 43; Misha Glenny, "Heading Off War in the Southern Balkans," Foreign Affairs, 74 (May/June 1995), 102-103.

2. Ali Al-Amin Mazrui, Cultural Forces in World Politics (London: James Currey,

1990), p. 13.

3. See e.g., Economist, 16 November 1991, p. 45, 6 May 1995, p. 36.
4. Ronald B. Palmer and Thomas J. Reckford, Building ASEAN: 20 Years of Southeast Asian Cooperation (New York: Praeger, 1987), p. 109; Economist, 23 July 1994, pp. 31 – 32.
5. Barry Buzan and Gerald Segal, "Rethinking East Asian Security," Survival, 36(Summer 1994), 16.
6. Far Eastern Economic Review, 11 August 1994, p. 34.
7. An interview between Datsuk Seri Mahathir bin Mohamad of Malaysia and Kenichi Ohmae, pp. 3, 7; Rafidah Azia, New York Times, 12 February 1991, p. D6.
8. Japan Times, 7 November 1994, p. 19; Economist, 19 November 1994, p. 37.
9. Murray Weidenbaum, "Greater China: A New Economic Colossus?" Washington Quarterly, 16 (Autumn 1993), 78 – 80.
10. Wall Street Journal, 30 September 1994, p. A8; New York Times, 17 February 1995, p. A6.
11. Economist, 8 October 1994, p. 44; Andres Serbin, "Towards an Association of Caribbean States: Raising Some Awkward Questions," Journal of Interamerican Studies, 36 (Winter 1994), 61 – 90.
12. Far Eastern Economic Review, 5 July 1990, pp. 24 – 25, 5 September 1991, pp. 26 – 27; New York Times, 16 February 1992, p. 16; Economist, 15 January 1994, p. 38; Robert D. Hormats, "Making Regionalism Safe," Foreign Affairs, 73 (March/April 1994), 102 – 103; Economist, 10 June 1994, pp. 47 – 48; Boston Globe, 5 February 1994, p. 7. On Mercosur, see Luigi Manzetti, "The Political Economy of MERCOSUR," Journal of Interamerican Studies, 35 (Winter 1993/94), 101 – 141, and Felix Pena, "New Approaches to Economic Integration in the Southern Cone," Washington Quarterly, 18 (Summer 1995), 113 – 122.
13. New York Times, 8 April 1994, p. A3, 13 June 1994, pp. D1, D5, 4 January 1995, p. A8; Mahathir Interview with Ohmae, pp. 2, 5; "Asian Trade New Directions," AMEX Bank Review, 20 (22 March 1993), 1 – 7.
14. See Brian Pollins, "Does Trade Still Follow the Flag?" American Political Science Review, 83 (June 1989), 465 – 480; Joanne Gowa and Edward D. Mansfield, "Power Politics and International Trade," American Political Science Review, 87 (June 1993), 408 – 421; and David M. Rowe, "Trade and Security in International Relations," (un-

published paper, Ohio State University, 15 September 1994), passim.

15. Sidney W. Mintz, "Can Haiti Change?" Foreign Affairs, 75 (Jan./Feb. 1995), 73; Ernesto Perez Balladares and Joycelyn McCalla quoted in "Haiti's Traditions of Isola-tion Makes U.S. Task Harder," Washington Post, 25 July 1995, p. A1.

16. Economist, 23 October 1993, p. 53.

17. Boston Globe, 21 March 1993, pp. 1, 16, 17; Economist, 19 November 1994, p. 23, 11 June 1994, p. 90. The similarity between Turkey and Mexico in this respect has been pointed out by Barry Buzan, "New Patterns of Global Security in the Twenty-first Century," International Affairs, 67 (July 1991), 449, and Jagdish Bhagwati, The World Trading System at Risk (Princeton: Princeton University Press, 1991), p. 72.

18. See Marquis de Custine, Empire of the Czar: A Journey Through Eternal Russia (New York: Doubleday, 1989; originally published in Paris in 1844), passim.

19. P. Ya. Chaadayev, Articles and Letters [Statyi i pisma] (Moscow: 1989), p. 178 and N. Ya. Danilevskiy, Russia and Europe [Rossiya i Yevropa] (Moscow: 1991), pp. 267-268, quoted in Sergei Vladislavovich Chugrov, "Russia Between East and West," in Steve Hirsch, ed., MEMO 3: In Search of Answers in the Post-Soviet Era (Washington, D.C.: Bureau of National Affairs, 1992), p. 138.

20. See Leon Aron, "The Battle for the Soul of Russian Foreign Policy," The American Enterprise, 3 (Nov/Dec. 1992), 10ff; Alexei G. Arbatov, "Russia's Foreign Policy Alternatives," International Security, 18 (Fall 1993), 5ff.

21. Sergei Stankevich, "Russia in Search of Itself," National Interest, 28 (Summer1992), 48-49.

22. Albert Motivans, "'Openness to the West' in European Russia," RFE/RL Research Report, 1 (27 November 1992), 60-62. Scholars have calculated the allocation of votes in different ways with minor differences in results. I have relied on the analysis by Sergei Chugrov, "Political Tendencies in Russia's Regions: Evidence from the 1993 Parliamentary Elections" (Unpublished paper, Harvard University, 1994).

23. Chugrov, "Russia Between," p. 140.

24. Samuel P. Huntington, Political Order in Changing Societies (New Haven: Yale University Press, 1968), pp. 350-351.

25. Duygo Bazoglu Sezer, "Turkey's Grand Strategy Facing a Dilemma," International Spectator, 27 (Jan./Mar. 1992), 24.

26. Clyde Haberman, "On Iraq's Other Front," New York Times Magazine, 18 November

1990, p. 42; Bruce R. Kuniholm, "Turkey and the West," Foreign Affairs, 70(Spring 1991), 35-36.

27. Ian Lesser, "Turkey and the West after the Gulf War," International Spectator, 27 (Jan./Mar. 1992), 33.

28. Financial Times, 9 March 1992, p. 2; New York Times, 5 April 1992, p. E3; Tansu Ciller, "The Role of Turkey in 'the New World,'" Strategic Review, 22 (Winter 1994), p. 9; Haberman, "Iraq's Other Front," p. 44; John Murray Brown, "Tansu Ciller and the Question of Turkish Identity," World Policy Journal, 11 (Fall 1994), 58.

29. Sezer, "Turkey's Grand Strategy," p. 27; Washington Post, 22 March 1992; New York Times, 19 June 1994, p. 4.

30. New York Times, 4 August 1993, p. A3; 19 June 1994, p. 4; Philip Robins, "Between Sentiment and Self-Interest: Turkey's Policy toward Azerbaijan and the Central Asian States," Middle East journal, 47(Autumn 1993), 593-610; Economist, 17 June 1995, pp. 38-39.

31. Bahri Yilmaz, "Turkey's new Role in International Politics," Aussenpolitik, 45 January 1994), 94.

32. Eric Rouleau, "The Challenges to Turkey," Foreign Affairs, 72 (Nov./Dec. 1993), 119.

33. Rouleau, "Challenges," pp. 120-121; New York Times, 26 March 1989, p. 14.

34. Ibid.

35. Brown, "Question of Turkish Identity," p. 58.

36. Sezer, "Turkey's Grand Strategy," pp. 29-30.

37. Ciller, "Turkey in 'the New World,'" p. 9; Brown, "Question of Furkish Identity," p. 56; Tansu Ciller, "Turkey and NATO: Stability in the Vortex of Change," NATO Review, 42 (April 1994), 6; Suleyman Demirel, BBC Summary of World Broadcasts, 2 February 1994. For other uses of the bridge metaphor, see Bruce R. Kuniholm, "Turkey and the West," Foreign Affairs, 70 (Spring 1991), 39; Lesser, "Turkey and the West," p. 33.

38. "Octavio Paz, "The Border of Time,' interview with Nathan Gardels, New Perspectives Quarterly, 8 (Winter 1991), 36.

39. For an expression of this last concern, see Daniel Patrick Moynihan, "Free Trade with an Unfree Society: A Commitment and its Consequences," National Interest, (Summer

1995), 28－33.

40. Financial Times, 11－12 September 1993, p. 4; New York Times, 16 August 1992, p. 3.

41. Economist, 23 July 1994, p. 35; Irene Moss, Human Rights Commissioner (Australia), New York Times, 16 August 1992, p. 3; Economist, 23 July 1994, p. 35; Boston Globe, 7 July 1993, p. 2; Cable News Network, News Report, 16 December 1993; Richard Higgott, "Closing a Branch Office of Empire: Australian Foreign Policy and the UK at Century's End," International Affairs, 70 (January 1994), 58.

42. Jat Sujamiko, The Australian, 5 May 1993, p. 18 quoted in Higgott, "Closing a Branch," p. 62; Higgott, "Closing a Branch," p. 63; Economist, 12 December 1993, p. 34.

43. Transcript, Interview with Keniche Ohmae, 24 October 1994, pp. 5－6. See also Japan Times, 7 November 1994, p. 19.

44. Former Ambassador Richard Woolcott (Australia), New York Times, 16 August 1992, p. 3.

45. Paul Kelly, "Reinventing Australia," National Interest, 30 (Winter 1992), 66; Economist, 11 December 1993, p. 34; Higgott, "Closing a Branch," p. 58.

46. Lee Kuan Yew quoted in Higgott, "Closing a Branch," p. 49.

يەتتىنچى باب

1. Economist, 14 January 1995, p. 45; 26 November 1994, p. 56, summarizing Juppe article in Le Monde, 18 November 1994; New York Times, 4 September 1994, p. 11.

2. Michael Howard, "Lessons of the Cold War," Survival, 36 (Winter 1994), 102－103; Pierre Behar, "Central Europe: The New Lines of Fracture," Geopolitique, 39 (English ed., August 1992), 42; Max Jakobson, "Collective Security in Europe Today" Washington Quarterly, 18 (Spring 1995), 69; Max Beloff, "Fault Lines and Steeples: The Divided Loyalties of Europe," National Interest, 23 (Spring 1991), 78.

3. Andreas Oplatka, "Vienna and the Mirror of History," Geopolitique, 35 (English ed., Autumn 1991), 25; Vytautas Landsbergis, "The Choice," Geopolitique, 35 (English ed., Autumn 1991), 3; New York Times, 23 April 1995, p. 5E.

4. Carl Bildt, "The Baltic Litmus Test," Foreign Affairs, 73 (Sept./Oct. 1994), 84.

5. New York Times, 15 June 1995, p. A10.

6. RFE/RL Research Bulletin, 10 (16 March 1993), 1, 6.

7. William D. Jackson, "Imperial Temptations: Ethnics Abroad," Orbis, 38 (Winter

1994), 5.

8. Ian Brzezinski, New York Times, 13 July 1994, p. A8.

9. John F. Mearsheimer, "The Case for a Ukrainian Nuclear Deterrent: Debate," Foreign Affairs, 72 (Summer 1993), 50 – 66.

10. New York Times, 31 January 1994, p. A8.

11. Quoted in Ola Tunander, "New European Dividing Lines?" in Valter Angell, ed., Norway Facing a Changing Europe: Perspectives and Options (Oslo: Norwegian Foreign Policy Studies No. 79, Fridtjof Nansen Institute et al., 1992), p. 55.

12. John Morrison, "Pereyaslav and After: The Russian – Ukrainian Relationship," International Affairs, 69 (October 1993), 677.

13. John King Fairbank, ed., The Chinese World Order: Traditional China's Foreign Relations (Cambridge: Harvard University Press, 1968), pp. 2 – 3.

14. Perry Link, "The Old Man's New China," New York Review of Books, 9 June 1994, p. 32.

15. Perry Link, "China's 'Core' Problem", Daedalus, 122 (Spring 1993), 205; Wei – ming Tu, "Cultural China: The Periphery as the Center," Daedalus, 120 (Spring 1991), 22; Economist, 8 July 1995, pp. 31 – 32.

16. Economist, 27 November 1993, p. 33; 17 July 1993, p. 61.

17. Economist, 27 November 1993, p. 33; Yoichi Funabashi, "The Asianization of Asia," Foreign Affairs, 72 (Nov./Dec. 1993), 80. See in general Murray Weidenbaum and Samuel Hughes, The Bamboo Network (New York: Free Press, 1996).

18. Christopher Gray, quoted in Washington Post, 1 December 1992, p. A30; Lee Kuan Yew, quoted in Maggie Farley, "The Bamboo Network," Boston Globe Magazine, 17 April 1994, p. 38; International Herald Tribune, 23 November 1993.

19. International Herald Tribune, 23 November 1993; George Hicks and J. A. C. Mackie, "A Question of Identity: Despite Media Hype, They Are Firmly Settled in Southeast Asia," Far Eastern Economic Review, 14 July 1994, p. 47.

20. Economist, 16 April 1994, p. 71; Nicholas D. Kristof, "The Rise of China," Foreign Affairs, 72 (Nov./Dec. 1993), 48; Gerrit W. Gong, "China's Fourth Revolution," Washington Quarterly, 17 (Winter 1994), 37; Wall Street Journal, 17 May 1993, p. A7A; Murray L. Weidenbaum, Greater China: The Next Economic Superpower? (St. Louis: Washington University Center for the Study of American Business, Contemporary Issues Series 57, February 1993), pp. 2 – 3.

21. Steven Mufson, Washington Post, 14 August 1994, p. A30; Newsweek, 19 July 1993, p. 24; Economist, 7 May 1993, p. 35.

22. See Walter C. Clemens, Jr. and Jun Zhan, "Chiang Ching – Kuo's Role in the ROC – PRC Reconciliation," American Asian Review, 12 (Spring 1994), 151 – 154.

23. Koo Chen Foo, quoted in Economist, 1 May 1993, p. 31; Link, "Old Man's New China," p. 32. See "Cross – Strait Relations: Historical Lessons," Free China Review, 44 (October 1994), 42 – 52. Gong, "China's Fourth Revolution," p. 39; Economist, 2 July 1994, p. 18; Gerald Segal, "China's Changing Shape: The Muddle Kingdom?" Foreign Affairs, 73 (May/June 1994), 49; Ross H. Munro, "Giving Taipei a Place at the Table," Foreign Affairs, 73 (Nov./Dec. 1994), 115; Wall Street Journal, 17 May 1993, p. A7A; Free China Journal, 29 July 1994, p. 1.

24. Economist, 10 July 1993, pp. 28 – 29; 2 April 1994, pp. 34 – 35; International Herald Tribune, 23 November 1993; Wall Street Journal, 17 May 1993, p. A7A.

25. Ira M. Lapidus, History of Islamic Societies (Cambridge, UK: Cambridge University Press, 1988), p. 3.

26. Mohamed Zahi Mogberbi, "Tribalism, Religion and the Challenge of Political Participation: The Case of Libya," (Paper presented to Conference on Democratic Challenges in the Arab World, Center for Political and International Development Studies, Cairo, 22 – 27 September 1992, pp. 1, 9; Economist, (Survey of the Arab East), 6 February 1988, p. 7; Adlan A. El – Hardallo, "Sufism and Tribalism: The Case of Sudan," (Paper prepared for Conference on Democratic Challenges in the Arab World, Center for Political and International Development Studies, Cairo, 22 – 27 September 1992), p. 2; Economist, 30 October 1987, p. 45; John Duke Anthony, "Saudi Arabia: From Tribal Society to Nation – State," in Ragaei El Mellakh and Dorotliea H. El Mellakh, eds., Saudi Arabia: Energy, Developmental Planning, and Industrialization (Lexington, MA: Lexington, 1982), pp. 93 – 94.

27. Yalman Onaran, "Economics and Nationalism: The Case of Muslim Central Asia," Central Asian Survey, 13 (No. 4, 1994), 493; Denis Dragounski, "Threshold of Violence," Freedom Review, 26 (Mar./April 1995), 12.

28. Barbara Daly Metcalf, "The Comparative Study of Muslim Societies," Items, 40 (March 1986), 3.

29. Metcalf, "Muslim Societies," p. 3.

30. Boston Globe, 2 April 1995, p. 2. On PAIC generally, see "The Popular Arab and Is-

lamic Conference (PAIC): A New 'Islamist International'? "'TransState Islam, 1 (Spring 1995), 12-16.

31. Bernard Schechterman and Bradford R. McGuinn, "Linkages Between Sunni and Shi'i Radical Fundamentalist Organizations: A New Variable in Middle Eastern Politics?" The Political Chronicle, 1 (February 1989), 22-34; New York Times, 6 December 1994, p. 5.

## سەككىزىنچى باب

1. Georgi Arbatov, "Neo-Bolsheviks of the I.M.F.," New York Times, 7 May 1992, p. A27.

2. North Korean views summed up by a senior U.S. analyst, Washington Post, 12 June 1994, p. Cl; Indian general quoted in Les Aspin, "From Deterrence to Denuking: Dealing with Proliferation in the 1990's," Memorandum, 18 February 1992, p. 6.

3. Lawrence Freedman, "Great Powers, Vital Interests and Nuclear Weapons," Survival, 36 (Winter 1994), 37; Les Aspin, Remarks, National Academy of Sciences, Committee on International Security and Arms Control, 7 December 1993, p. 3.

4. Stanley Norris quoted, Boston Globe, 25 November 1995, pp. 1, 7; Alastair Iain Johnston, "China's New 'Old Thinking': The Concept of Limited Deterrence," International Security, 20 (Winter 1995-96), 21-23.

5. Philip L. Ritcheson, "Iranian Military Resurgence: Scope, Motivations, and Implications for Regional Security," Armed Forces and Society, 21 (Summer 1995), 575-576. Warren Christopher Address, Kennedy School of Government, 20 January 1995; Time, 16 December 1991, p. 47; Ali Al-Amin Mazrui, Cultural Forces in World Politics (London: J. Currey, 1990), pp. 220, 224.

6. New York Times, 15 November 1991, p. A1; New York Times, 21 February 1992, p. A9; 12 December 1993, p. 1; Jane Teufel Dreyer, "U.S./China Military Relations: Sanctions or Rapprochement?" In Depth, 1 (Spring 1991), 17-18; Time, 16 December 1991, p. 48; Boston Globe, 5 February 1994, p. 2; Monte R. Bullard, "U.S.-China Relations: The Strategic Calculus," Parameters, 23 (Summer 1993), 88.

7. Quoted in Karl W. Eikenberry, Explaining and Influencing Chinese Arms Transfers (Washington, D.C.: National Defense University, Institute for National Strategic Studies, McNair Paper No. 36, February 1995), p. 37; Pakistani government statement, Boston Globe, 5 December 1993, p. 19; R. Bates Gill, "Curbing Beijing's Arms Sales," Orbis, 36 (Summer 1992), p. 386; Chong-pin Lin, "Red Army," New Re-

public, 20 November 1995, p. 28; New York Times, 8 May 1992, p. 31.

8. Richard A. Bitzinger, "Arms to Go: Chinese Arms Sales to the Third World," International Security, 17 (Fall 1992), p. 87; Philip Ritcheson, "Iranian Military Resurgence," pp. 576, 578; Washington Post, 31 October 1991, pp. A1, A24; Time, 16 December 1991, p. 47; New York Times, 18 April 1995, p. A8; 28 September 1995, p. 1; 30 September 1995, p. 4; Monte Bullard, "U.S. – China Relations," p. 88, New York Times, 22 June 1995, p. 1; Gill, "Curbing Beijing's Arms," p. 388; New York Times, 8 April 1993, p. A9; 20 June 1993, p. 6.

9. John E. Reilly, "The Public Mood at Mid – Decade," Foreign Policy, 98(Spring 1995), p. 83; Executive Order 12930, 29 September 1994; Executive Order 12938, 14 November 1994. These expanded on Executive Order 12735, 16 November 1990, issued by President Bush declaring a national emergency with respect to chemical and biological weapons.

10. James Fallows, "The Panic Gap: Reactions to North Korea's Bomb," National Interest, 38 (Winter 1994), 40 – 45; David Sanger, New York Times, 12 June 1994, pp. 1, 16.

11. New York Times, 26 December 1993, p. 1.

12. Washington Post, 12 May 1995, p. 1.

13. Bilahari Kausikan, "Asia's Different Standard," Foreign Policy, 92(Fall 1993), 28 – 29.

14. Economist, 30 July 1994, p. 31; 5 March 1994, p. 35; 27 August 1994, p. 51; Yash Ghai, "Human Rights and Governance: The Asian Debate," (Asia Foundation. Center for Asian Pacific Affairs, Occasional Paper No. 4, November 1994), p. 14.

15. Richard M. Nixon, Beyond Peace (New York: Random House, 1994), pp. 127 – 128.

16. Economist, 4 February 1995, p. 30.

17. Charles J. Brown, "In the Trenches: The Battle Over Rights," Freedom Review, 24 (Sept./Oct. 1993), 9; Douglas W. Payne, "Showdown in Vienna," ibid., pp. 6 – 7.

18. Charles Norchi, "The Ayatollah and the Author: Rethinking Human Rights," Yale Journal of World Affairs, 1 (Summer 1989), 16; Kausikan, "Asia's Different Standard," p. 32.

19. Richard Cohen, The Earth Times, 2 August 1993, p. 14.

20. New York Times, 19 September 1993, p. 4E; 24 September 1993, pp. 1, B9, B16; 9 September 1994, p. A26; Economist, 21 September 1993, p. 75; 18 September

1993, pp. 37 – 38; Financial Times, 25 – 26 September 1993, p. 11; Straits Times, 14 October 1993, p. 1.

21. Figures and quotes are from Myron Weiner, Global Migration Crisis(New York: Harper Collins, 1995), pp. 21 – 28.

22. Weiner, Global Migration Crisis, p. 2.

23. Stanley Hoffmann, "The Case for Leadership," Foreign Policy, 81(Winter 1990 – 91), 30.

24. See B. A. Roberson, "Islam and Europe: An Enigma or a Myth?" Middle East Journal, 48 (Spring 1994), p. 302; New York Times, 5 December 1993, p. 1; 5 May 1995, p. 1; Joel Klotkin and Andries van Agt, "Bedouins: Tribes That Have Made it," New Perspectives Quarterly, 8 (Fall 1991), p. 51; Judith Miller, "Strangers at the Gate," New York Times Magazine, 15 September 1991, p. 49.

25. International Herald Tribune, 29 May 1990, p. 5; New York Times, 15 September 1994, p. A21. The French poll was sponsored by the French government, the German poll by the American Jewish Committee.

26. See Hans – George Betz, "The New Politics of Resentment: Radical Right – Wing Populist Parties in Western Europe," Comparative Politics, 25(July 1993), 413 – 427.

27. International Herald Tribune, 28 June 1993, p. 3; Wall Street Journal, 23 May 1994; p. B1; Lawrence H. Fuchs, "The Immigration Debate: Little Room for Big Reforms," American Experiment, 2 (Winter 1994), 6. 28. James C. Clad, "Slowing the Wave," Foreign Policy, 95 (Summer 1994), 143; Rita J. Simon and Susan H. Alexander, The Ambivalent Welcome: Print Media, Public Opinion and Immigration (Westport, CT: Praeger, 1993), p. 46.

29. New York Times, 11 June 1995, p. E 14.

30. Jean Raspail, The Camp of the Saints (New York: Scribner, 1975) and Jean – Claude Chesnais, Le Crepuscule de l'Occident: Demographie et Politique (Paris: Robert Laffont, 1995); Pierre Lellouche, quoted in Miller, "Strangers at the Gate," p. 80.

31. Philippe Fargues, "Demographic Explosion or Social Upheaval?" in Ghassan Salame, ed., Democracy Without Democrats? The Renewal of Politics in the Muslim World (London: I. B. Taurus, 1994), pp. 157ff.

### توققۇزىنچى باب

1. Adda B. Bozeman, Strategic Intelligence and Statecraft: Selected Essays (Washington: Brassey's (US), 1992), p. 50; Barry Buzan, "New Patterns of Global Security in the

Twenty – first Century," International Affairs, 67 (July 1991), 448 – 449.

2. John L. Esposito, The Islamic Threat: Myth or Reality (New York: Oxford University Press, 1992), p. 46.

3. Bernard Lewis, Islam and the West (New York: Oxford University Press, 1993), p. 13.

4. Esposito, Islamic Threat, p. 44.

5. Daniel Pipes, In the Path of God: Islam and Political Power (New York: Basic Books, 1983), 102 – 103, 169 – 173; Lewis F. Richardson, Statistics of Deadly Quarrels (Pittsburgh: Boxwood Press, 1960), pp. 235 – 237.

6. Ira M. Lapidus, A History of Islamic Societies (Cambridge: Cambridge University Press, 1988), pp. 41 – 42; Princess Anna Comnena, quoted in Karen Armstrong, Holy War: The Crusades and Their Impact on Today's World (New York: Doubleday – Anchor, 1991), pp. 3 – 4 and in Arnold J. Toynbee, Study of History (London: Oxford University Press, 1954), VIII, p. 390.

7. Barry Buzan, "New Patterns," pp. 448 – 449; Bernard Lewis, "The Roots of Muslim Rage: Why So Many Muslims Deeply Resent the West and Why Their Bitterness Will Not Be Easily Mollified," Atlantic Monthly, 266 (September 1990), 60.

8. Mohamed Sid – Ahmed, "Cybernetic Colonialism and the Moral Search", New Perspectives Quarterly, 11 (Spring 1994), 19; M. J. Akbar, quoted Time, 15 June 1992, p. 24; Abdelwahab Belwahl, quoted ibid., p. 26.

9. William H. McNeill, "Epilogue: Fundamentalism and the World of the 1990's," in Martin E. Marty and R. Scott Appleby, eds., Fundamentalisms and Society: Reclaiming the Sciences, the Family, and Education (Chicago: University of Chicago Press), p. 569.

10. Fatima Mernissi, Islam and Democracy: Fear of the Modern World (Reading, MA: Addison – Wesley, 1992).

11. For a selection of such reports, see Economist, 1 August 1992, pp. 34 – 35.

12. John E. Reilly, ed., American Public Opinion and U.S. Foreign Policy 1995 (Chicago: Chicago Council on Foreign Relations, 1995), p. 21; Le Monde, 20 September 1991, p. 12, cited in Margaret Blunden, "Insecurity on Europe's Southern Flank," Survival, 36 (Summer 1994), 138; Richard Morin, Washington Post (National Weekly Ed.), 8 – 14 November 1993, p. 37; Foreign Policy Association, National Opinion Ballot Report, November 1994, p. 5.

13. Boston Globe, 3 June 1994, p. 18; John L. Esposito, "Symposium: Resurgent Islam in the Middle East," Middle East Policy 3 (No. 2, 1994), 9; International Herald Tribune, 10 May 1994, pp. 1, 4; Christian Science Monitor, 24 February 1995, p. 1.

14. Robert Ellsworth, Wall Street Journal, 1 March 1995, p. 15; William T. Johnson, NATO's New Front Line: The Growing Importance of the Southern Tier (Carlisle Barracks, PA: Strategic Studies Institute, U.S. Army War College, 1992), p. vii; Robbin Laird, French Security Policy in Transition: Dynamics of Continuity and Change (Washington, D.C.: Institute for National Strategic Studies, McNair paper 38, March 1995), pp. 50 – 52.

15. Ayatollah Ruhollah Khomeini, Islam and Revolution (Berkeley CA: Mizan Press, 1981), p. 305.

16. Economist, 23 November 1991, p. 15.

17. Barry Buzan and Gerald Segal, "Rethinking East Asian Security," Survival, 36 (Summer 1994), 15.

18. Can China's Armed Forces Win the Next War?, excerpts translated and published in Ross H. Munro, "Eavesdropping on the Chinese Military: Where It Expects War – Where It Doesn't," Orbis, 38 (Summer 1994), 365. The authors of this document went on to say that the use of military force against Taiwan "would be a really unwise decision."

19. Buzan and Segal, "Rethinking East Asian Security," p. 7; Richard K. Betts, "Wealth, Power and Instability: East Asia and the United States After the Cold War," International Security, 18 (Winter 1993/94), 34 – 77; Aaron L. Friedberg, "Ripe for Rivalry: Prospects for Peace in Multipolar Asia," International Security, 18 (Winter 1993/94), 5 – 33.

20. Can China's Armed Forces Win the Next War? excerpts translated in Munro, "Eavesdropping on the Chinese," pp. 355ff.; New York Times, 16 November 1993, p. A6; Friedberg, "Ripe for Rivalry," p. 7.

21. Desmond Ball, "Arms and Affluence: Military Acquisitions in the Asia – Pacific Region," International Security, 18 (Winter 1993/94), 95 – 111; Michael T. Klare, "The Next Great Arms Race," Foreign Affairs, 72 (Summer 1993), 137ff.; Buzan and Segal, "Rethinking East Asian Security," pp. 8 – 11; Gerald Segal, "Managing New Arms Races in the Asia/Pacific," Washington Quarterly, 15 (Summer 1992), 83 – 102; Economist, 20 February 1993, pp. 19 – 22.

22. See, e. g., Economist, 26 June 1993, p. 75; 24 July 1995, p. 25; Time, 3 July 1995, pp. 30 – 31; and on China, Jacob Heilbrunn, "The Next Cold War," New Republic, 20 November 1995, pp. 27ff.

23. For discussion of the varieties of trade wars and when they may lead to military wars, see David Rowe, Trade Wars and International Security: The Political Economy of International Economic Conflict (Working paper no. 6, Project on the Changing Security Environment and American National Interests, John M. Olin Institute for Strategic Studies, Harvard University, July 1994), pp. 7ff.

24. New York Times, 6 July 1993, p. A1, A6; Time, 10 February 1992, pp. 16ff.; Economist, 17 February 1990, pp. 21 – 24; Boston Globe, 25 November 1991, pp. 1, 8; Dan Oberdorfer, Washington Post, 1 March 1992, p. A1.

25. Quoted New York Times, 21 April 1992, p. A10; New York Times, 22 September 1991, p. E2; 21 April 1992, p. A1; 19 September 1991, p. A7; 1 August 1995, p. A2; International Herald Tribune, 24 August 1995, p. 4; China Post (Taipei), 26 August 1995, p. 2; New York Times, 1 August 1995, p. A2, citing David Shambaugh report on interviews in Beijing.

26. Donald Zagoria, American Foreign Policy Newsletter, October 1993, p. 3; Can China's Armed Forces Win the Next War? in Munro, "Eavesdropping on the Chinese Military," pp. 355ff.

27. Roger C. Altman, "Why Pressure Tokyo? The US – Japan Rift," Foreign Affairs, 73 (May – June 1994), p. 3; Jeffrey Garten, "The Clinton Asia Policy," International Economy, 8 (March – April 1994), 18.

28. Edward J. Lincoln, Japan's Unequal Trade, (Washington, D. C.: Brookings Institution, 1990), pp. 2 – 3. See C. Fred Bergsten and Marcus Noland, Reconcilable Differences? United States – Japan Economic Conflict (Washington: Institute for International Economics, 1993); Eisuke Sakakibara, "Less Like You," International Economy, (April – May 1990), 36, who distinguishes the American capitalistic market economy from the Japanese noncapitalistic market economy; Marie Anchordoguy, "Japanese – American Trade Conflict and Supercomputers," Political Science Quarterly, 109 (Spring 1994), 36, citing Rudiger Dornbush, Paul Krugman, Edward J. Lincoln, and Mordechai E. Kreinin; Eamonn Fingleton, "Japan's Invisible Leviathan," Foreign Affairs, 74 (Mar./April 1995), p. 70.

29. For a good summary of differences in culture, values, social relations, and attitudes, see

Seymour Martin Lipset, American Exceptionalism: A Double – Edged Sword (New York: W. W. Norton, 1996), chapter 7, "American Exceptionalism – Japanese Uniqueness."

30. Washington Post, 5 May 1994, p. A38; Daily Telegraph, 6 May 1994, p. 16; Boston Globe, 6 May 1994, p. 11; New York Times, 13 February 1994, p. 10; Karl D. Jackson, "How to Rebuild America's Stature in Asia," Orbis, 39 (Winter 1995), 14; Yohei Kono, quoted in Chalmers Johnson and E. B. Keehn, "The Pentagon's Ossified Strategy," Foreign Affairs, 74 (July – August 1995), 106.

31. New York Times, 2 May 1994, p. A10.

32. Barry Buzan and Gerald Segal, "Asia: Skepticism About Optimism," National Interest, 39 (Spring 1995), 83 – 84; Arthur Waldron, "Deterring China," Commentary, 100 (October 1995), 18; Nicholas D. Kristof, "The Rise of China," Foreign Affairs, 72 (Nov./Dec. 1993), 74.

33. Stephen P. Walt, "Alliance Formation in Southwest Asia: Balancing and Bandwagoning in Cold War Competition," in Robert Jervis and Jack Snyder, eds., Dominoes and Bandwagons: Strategic Beliefs and Great Power Competition in the Eurasian Rimland (New York: Oxford University Press, 1991), pp. 53, 69.

34. Randall L. Schweller, "Bandwagoning for Profit: Bringing the Revisionist State Back In," International Security, 19 (Summer 1994), 72ff.

35. Lucian W. Pye, Dynamics of Factions and Consensus in Chinese Politics: A Model and Some Propositions (Santa Monica, CA: Rand, 1980), p. 120; Arthur Waldron, From War to Nationalism: China's Turning Point, 1924 – 1925 (Cambridge: Cambridge University Press, 1995), pp. 48 – 49, 212; Avery Coldstein, From Bandwagon to Balance – of – Power Politics: Structured Constraints in Politics in China, 1949 – 1978 (Stanford, CA: Stanford University Press: 1991), pp. 5 – 6, 35ff. See also, Lucian W. Pye, "Social Science Theories in Search of Chinese Realities," China Quarterly, 132 (December 1992), 1161 – 1171.

36. Samuel S. Kim and Lowell Dittmer, "Whither China's Quest for National Identity," in Lowell Dittmer and Samuel S. Kim, eds., China's Quest for National Identity (Ithaca, NY: Cornell University Press, 1991), p. 240; Paul Dibb, Towards a New Balance of Power in Asia (London: International Institute for Strategic Studies, Adelphi Paper 295, 1995), pp. 10 – 16; Roderick MacFarquhar, "The Post – Confucian Challenge," Economist, 9 February 1980, pp. 67 – 72; Kishore Mahbubani, "'The Pacific Impulse,'"

Survival, 37 (Spring 1995), 117; James L. Richardson, "Asia – Pacific: The Case for Geopolitical Optimism," National Interest, 38 (Winter 1994 – 95), 32; Paul Dibb, Towards a New Balance," p. 13. See Nicola Baker and Leonard C. Sebastian, The Problem with Parachuting: Strategic Studies and Security in the Asia/Pacific Region," Journal of Strategic Studies, 18 (September 1995), 15ff. for an extended discussion of the inapplicability to Asia of European – based concepts, such as the balance of power and the security dilemma.

37. Economist, 23 December 1995; 5 January 1996, pp. 39 – 40.

38. Richard K. Betts, "Vietnam's Strategic Predicament," Survival, 37 (Autumn 1995) 61ff, 76.

39. New York Times, 12 November 1994, p. 6; 24 November 1994, p. A1 2; International Herald Tribune, 8 November 1994, p. 1; Michel Oksenberg, Washington Post, 3 September 1995, p. Cl.

40. Jitsuo Tsuchiyama, "The End of the Alliance? Dilemmas in the U. S. – Japan Relations," (Unpublished paper, Harvard University, John M. Olin Institute for Strategic Studies, 1994), pp. 18 – 19.

41. Ivan P. Hall, "Japan's Asia Card," National Interest, 38 (Winter 1994 – 95), 26; Kishore Mahbubani, "The Pacific Impulse," p. 117.

42. Mike M. Mochizuki, "Japan and the Strategic Quadrangle," in Michael Mandelbaum, ed., The Strategic Quadrangle: Russia, China, Japan, and the United States in East Asia (New York: Council on Foreign Relations, 1995), pp. 130 – 139; Asahi Shimbon poll reported in Christian Science Monitor, 10 January 1995, p. 7.

43. Financial Times, 10 September 1992, p. 6; Samina Yasmeen, "Pakistan's Cautious Foreign Policy," Survival, 36 (Summer 1994), p. 121, 127 – 128; Bruce Vaughn, "Shifting Geopolitical Realities Between South, Southwest and Central Asia," Central Asian Survey, 13 (No. 2, 1994), 313; Editorial, Hamshahri, 30 August 1994, pp. 1, 4, in FBIS – NES – 94 – 173, 2 September 1994, p. 77.

44. Graham E. Fuller, "The Appeal of Iran," National Interest, 37 (Fall 1994), p. 95; Mu'ammar al – Qadhdhafi, Sermon, Tripoli, Libya, 13 March 1994, in FBIS – NES – 94 – 049, 14 March 1994, p. 2 1.

45. Fereidun Fesharaki, East – West Center, Hawaii, quoted in New York Times, 3 April 1994, p. E3.

46. Stephen J. Blank, Challenging the New World Order: The Arms Transfer Policies of

the Russian Republic (Carlisle Barracks, PA: U.S. Army War College, Strategic Studies Institute, 1993), pp. 53–60.

47. International Herald Tribune, 25 August 1995, p. 5.

48. J. Mohan Malik, "India Copes with the Kremlin's Fall," Orbis, 37(Winter 1993), 75.

## ئونىنچى باب

1. Mahdi Elmandjra, Der Spiegel, 11 February 1991, cited in Elmandjra, "Cultural Diversity: Key to Survival in the Future," (First Mexican Congress on Future Studies, Mexico City, 26–27 September 1994), pp. 3, 11.

2. David C. Rapoport, "Comparing Militant Fundamentalist Groups," in Martin E. Marty and R. Scott Appleby, eds., Fundamentalisms and the State: Remaking Polities, Economies, and Militance, (Chicago: University of Chicago Press, 1993), p. 445.

3. Ted Galen Carpenter, "The Unintended Consequences of Afghanistan," World Policy Journal, 11 (Spring 1994), 78–79, 81, 82; Anthony Hyman, "Arab Involvement in the Afghan War," Beirut Review, 7 (Spring 1994), 78, 82; Mary Anne Weaver, "Letter from Pakistan: Children of the Jihad," New Yorker, 12 June 1995, pp. 44–45; Washington Post, 24 July 1995, p. A1; New York Times, 20 March 1995, p. 1,. 28 March 1993, p. 14.

4. Tim Weiner, "Blowback from the Afghan Battlefield," New York Times Magazine, 13 March 1994, p. 54.

5. Harrison J. Goldin, New York Times, 28 August 1992, p. A25.

6. james Piscatori, "Religion and Realpolitik: Islamic Responses to the Gulf War," in James Piscatori, ed., Islamic Fundamentalisms and the Gulf Crisis (Chicago: Fundamentalism Project, American Academy of Arts and Sciences, 1991), pp. 1, 6–7. See also Fatima Mernissi, Islam and Democracy: Fear of the Modern World (Reading, MA: Addison–Wesley), pp. 16–17.

7. Rami G. Khouri, "Collage Of Comment: The Gulf War and the Mideast Peace: The Appeal of Saddam Hussein," New Perspectives Quarterly, 8 (Spring 1991), 56.

8. Ann Mosely Lesch, "Contrasting Reactions to the Persian Gulf Crisis: Egypt, Syria, Jordan, and the Palestinians," Middle East Journal, 45(Winter 1991), p. 43; Time, 3 December 1990, p.70; Kanan Makiya, Cruelty and Silence: War, Tyranny, Uprising and the Arab World (New York: W. W. Norton, 1993), pp. 242ff.

9. Erie Evans, "Arab Nationalism and the Persian Gulf War," Harvard Middle Eastern and

Islamic Review, 1 (February 1994), p. 28; Sari Nusselbeh, quoted Time, 15 October 1990, pp. 54 – 55.

10. Karin Haggag, "One Year After the Storm," Civil Society (Cairo), 5(May 1992), 12.

11. Boston Globe, 19 February 1991, p. 7; Safar al – Hawali, quoted by Mamoun Fandy, New York Times, 24 November 1990, P. 21; King Hussein, quoted by David S. Landes, "Islam Dunk: the Wars of Muslim Resentment," New Republic, 8 April 1991, pp. 15 – 16; Fatima Mernissi, Islam and Democracy, p. 102.

12. Safar Al – Hawali, "Infidels, Without, and Within," New Perspectives Quarterly, 8 (Spring 1991), 51.

13. New York Times, 1 February 1991, p. A7; Economist, 2 February 1991, p. 32.

14. Washington Post, 29 January 1991, p. A10; 24 February 1991, p. Bl; New York Times, 20 October 1990, p. 4.

15. Quoted in Saturday Star (Johannesburg), 19 January 1991, p. 3; Economist, 26 January 1991, pp. 31 – 33.

16. Sohail H. Hasmi, review of Mohammed Haikal, "Illusions of Triumph," Harvard Middle Eastern and Islamic Review, 1 (February 1994), 107; Mernissi, Islam and Democracy, p. 102.

17. Shibley Telhami, "Arab Public Opinion and the Gulf War," Political Science Quarterly, 108 (Fall 1993), 451.

18. International Herald Tribune, 28 June 1993, p. 10.

19. Roy Licklider, "The Consequences of Negotiated Settlements in Civil Wars, 1945 – 93," American Political Science Review, 89 (September 1995), 685, who defines communal wars as "identity wars," and Samuel P. Huntington, "Civil Violence and the Process of Development," in Civil Violence and the International System (London: International Institute for Strategic Studies, Adelphi Paper No. 83, December 1971), 12 – 14, who cites as the five major characteristics of communal wars a high degree of PO larization, ideological ambivalence, particularism, large amounts of violence, and protracted duration.

20. These estimates come from newspaper accounts and Ted Robert Gurr and Barbara Harff, Ethnic Conflict in World Politics (Boulder: Westview Press, 1994), pp. 160 – 165.

21. Richard H. Shultz, Jr. and William J. Olson, Ethnic and Religious Conflict: Emerging Threat to U.S. Security (Washington, D.C.; National Strategy Information Center),

pp. 17ff.; H. D. S. Greenway, Boston Globe, 3 December 1992, p. 19.
22. Roy Licklider, "Settlements in Civil Wars," p. 685; Gurr and Harff, Ethnic Conflict, p. 11; Trent N. Thomas, "Global Assessment of Current and Future Trends in Ethnic and Religious Conflict," in Robert L. Pfaltzgraff, Jr. and Richard H. Shultz, Jr., eds., Ethnic Conflict and Regional Instability: Implications for U. S. Policy and Army Roles and Missions (Carlisle Barracks, PA: Strategic Studies Institute, U. S. Army War College, 1994), p. 36.
23. See Shultz and Olson, Ethnic and Religious Conflict, pp. 3–9; Sugata Bose, "Factors Causing the Proliferation of Ethnic and Religious Conflict," in Pfaltzgraff and Shultz, Ethnic Conflict and Regional Instability, pp. 43–49; Michael E. Brown, "Causes and Implications of Ethnic Conflict," in Michael E. Brown, ed., Ethnic Conflict and International Security (Princeton, NJ: Princeton University Press, 1993), pp. 3–26. For a counterargument that ethnic conflict has not increased since the end of the Cold War, see Thomas, "Global Assessment of Current and Future Trends in Ethnic and Religious Conflict," pp. 33–41.
24. Ruth Leger Sivard, World Military and Social Expenditures 1993 (Washington, D. C.: World Priorities, Inc., 1993), pp. 20–22.
25. James L. Payne, Why Nations Arm (Oxford: B. Blackwell, 1989), p. 124.
26. Christopher B. Stone, "Westphalia and Hudaybiyya: A Survey of Islamic Perspectives on the Use of Force as Conflict Management Technique" (unpublished paper, Harvard University), pp. 27–31, and Jonathan Wilkenfeld, Michael Brecher, and Sheila Moser, eds., Crises in the Twentieth Century (Oxford: Pergamon Press, 1988–89), II, 15, 161.
27. Gary Fuller, "The Demographic Backdrop to Ethnic Conflict: A Geographic Overview," in Central Intelligence Agency, The Challenge of Ethnic Conflict to National and International Order in the 1990's: Geographic Perspectives (Washington, D. C.: Central Intelligence Agency, RTT 95–10039, October 1995), pp. 151–154.
28. New York Times, 16 October 1994, p. 3; Economist, 5 August 1995, p. 32.
29. United Nations Department for Economic and Social Information and Policy Analysis, Population Division, World Population Prospects: The 1994 Revision (New York: United Nations, 1995), pp. 29, 51; Denis Dragounski, "Threshold of Violence," Freedom Review, 26 (March–April 1995), 11.
30. Susan Woodward, Balkan Tragedy: Chaos and Dissolution after the Cold War (Wash-

ington, D.C.: Brookings Institution, 1995), pp. 32 – 35; Branka Magas, The Destruction of Yugoslavia: Tracking the Breakup 1980 – 92 (London: Verso, 1993), pp. 6, 19.

31. Paul Mojzes, Yugoslavian Inferno: Ethnoreligious Warfare in the Balkans (New York: Continuum, 1994), pp. 95 – 96; Magas, Destruction of Yugoslavia, pp. 49 – 73; Aryeh Neier, "Kosovo Survives," New York Review of Books, 3 February 1994, p. 26.

32. Aleksa Djilas, "A Profile of Slobodan Milosevic," Foreign Affairs, 72 (Summer 1993), 83.

33. Woodward, Balkan Tragedy, pp. 33 – 35, figures derived from Yugoslav censuses and other sources; William T. Johnsen, Deciphering the Balkan Enigma: using History to Inform Policy (Carlisle Barracks: Strategic Studies Institute, 1993), p. 25, citing Washington Post, 6 December 1992, p. C2; New York Times, 4 November 1995, p. 6.

34. Bogdan Denis Denitch, Ethnic Nationalism: "The Tragic Death of Yugoslavia (Minneapolis: University of Minnesota Press, 1994), pp. 108 – 109.

35. Payne, Why Nations Arm, pp. 125, 127.

36. Middle East International, 20 January, 1995, p. 2.

## ئون بىرىنچى باب

1. Roy Licklider, "The Consequences of Negotiated Settlements in Civil Wars, 1945 – 93," American Political Science Review, 89 (September 1995), 685.

2. See Barry R. Posen, "The Security Dilemma and Ethnic Conflict," in Michael E. Brown, ed., Ethnic Conflict and International Security (Princeton: Princeton University Press, 1993), pp. 103 – 124.

3. Roland Dannreuther, Creating New States in Central Asia (International Institute for Strategic Studies/Brassey's, Adelphi Paper No. 288, March 1994), pp. 30 – 31; Dodjoni Atovullo, quoted in Urzula Doroszewska, "The Forgotten War: What Really Happened in Tajikistan," Uncaptive Minds, 6 (Fall 1993), 33.

4. Economist, 26 August 1995, p. 43; 20 January 1996, p. 21.

5. Boston Globe, 8 November 1993, p. 2; Brian Murray, "Peace in the Caucasus: Multi-Ethnic Stability in Dagestan," Central Asian Survey, 13 (No. 4, 1994), 514 – 515; New York Times, 11 November 1991, p. A7; 17 December 1994, p. 7; Boston Globe, 7 September 1994, p. 16; 17 December 1994, pp. 1ff.

6. Raju G. C. Thomas, "Secessionist Movements in South Asia," Survival, 36 (Summer 1994), 99 - 101, 109; Stefan Wagstyl, "Kashmiri Conflict Destroys a Paradise,'" Financial Times, 23 - 24 October 1993, p. 3.
7. Alija Izetbegovic, The Islamic Declaration (1991), pp. 23, 33.
8. New York Times, 4 February 1995, p. 4; 15 June 1995, p. A12; 16 June 1995, p. A12.
9. Economist, 20 January 1996, p. 21; New York Times, 4 February 1995, p. 4.
10. Stoijan Obradovic, "Tuzla: The Last Oasis," Uncaptive Minds, 7 (Fall - Winter 1994), 12 - 13.
11. Fiona Hill, Russia's Tinderbox: Conflict in the North Caucasus and Its Implications for the Future of the Russian Federation (Harvard University, John F. Kennedy School of Government, Strengthening Democratic Institutions Project, September 1995), p. 104.
12. New York Times, 6 December 1994, p. A3.
13. See Mojzes, Yugoslavian Inferno, chap. 7, "The Religious Component in Wars"; Denitch, Ethnic Nationalism: The Tragic Death of Yugoslavia, pp. 29 - 30, 72 - 73, 131 - 133; New York Times, 17 September 1992, p. A14; Misha Glenny "Carnage in Bosnia, for Starters," New York Times, 29 July 1993, P. A23.
14. New York Times, 13 May 1995, p. A3; 7 November 1993, p. E4; 13 March 1994, P. E3; Boris Yeltsin, quoted in Barnett R. Rubin, "The Fragmentation of Tajikistan," Survival, 35 (Winter 1993 - 94), 86.
15. New York Times, 7 March 1994, p. 1; 26 October 1995, p. A25; 24 September 1995, p. E3; Stanley Jeyaraija Tambiah, Sri Lanka: Ethnic Fratricide and the Dismantling of Democracy (Chicago: University of Chicago Press, 1986), p. 19.
16. Khalid Duran, quoted in Richard H. Schultz, Jr. and William J. Olson, Ethnic and Religious Conflict: Emerging Threat to U. S. Security (Washington, D. C.: National Strategy Information Center), p. 25.
17. Khaching Tololyan, "The Impact of Diasporas in U.S. Foreign Policy," in Robert L. Pfaltzgraff, Jr. and Richard H. Shultz, Jr., eds., Ethnic Conflict and Regional Instability: Implications for U.S. Policy and Army Roles and Missions (Carlisle Barracks, PA: Strategic Studies Institute, U.S. Army War College, 1994), p. 156.
18. New York Times, 25 June 1994, p. A6; 7 August 1994, p. A9; Economist, 31 October 1992, p. 38; 19 August 1995, p. 32; Boston Globe, 16 May 1994, p. 12; 3 April 1995, p. 12.

19. Economist, 27 February 1988, p. 25; 8 April 1995, p. 34; David C. Rapoport "The Role of External Forces in Supporting Ethno – Religious Conflict," in Pfaltzgraff and Shultz, Ethnic Conflict and Regional Instability, p. 64.

20. Rapoport, "External Forces," p. 66; New York Times, 19 July 1992, p. E 3; Carolyn Fluehr – Lobban, "Protracted Civil War in the Sudan: Its Future as a Multi – Religious, Multi – Ethnic State," Fletcher Forum of World Affairs, 16 (Summer 1992), 73.

21. Steven R. Weisman, "Sri Lanka: A Nation Disintegrates," New York Times Magazine, 13 December 1987, p. 85.

22. New York Times, 29 April 1984, p. 6; 19 June 1995, p. A3; 24 September 1995, P. 9; Economist, 11 June 1988, p. 38; 26 August 1995, 21P. 29; 20 May 1995, p. 35; 4 November 1995, p. 39.

23. Barnett Rubin, "Fragmentation of Tajikistan," pp. 84, 88; New York Times, 29 July 1993, p. 11; Boston Globe, 4 August 1993, p. 4. On the development of the war in Tajikistan, I have relied largely on Barnett R. Rubin, "The Fragmentation of Tajikistan," Survival, 35 (Winter 1993 – 94), 71 – 91; Roland Dannreuther, Creating New States in Central Asia (International Institute for Strategic Studies, Adelphi Paper No. 288, March 1994); Hafizulla Emadi, "State, Ideology, and Islamic Resurgence in Tajikistan," Central Asian Survey, 13 (No. 4, 1994), 565 – 574; and newspaper accounts.

24. Urszula Doroszewska, "Caucasus Wars," Uncaptive Minds, 7 (Winter – Spring 1994), 86.

25. Economist, 28 November 1992, p. 58; Hill, Russia's Tinderbox, p. 50.

26. Moscow Times, 20 January 1995, p. 4; Hill, Russia's Tinderbox, p. 90.

27. Economist, 14 January 1995, pp. 43ff.; New York Times, 21 December 1994, p. A18; 23 December 1994, pp. A1, A10; 3 January 1995, p. 1; 1 April 1995, p. 3; 11 December 1995, p. A6; Vicken Cheterian, "Chechnya and the Transcaucasian Republics," Swiss Review of World Affairs, February 1995, pp. 10 – 11; Boston Globe, 5 January 1995, pp. 1ff.; 12 August 1995, p. 2.

28. Vera Tolz, "Moscow and Russia's Ethnic Republics in the Wake of Chechnya," Center for Strategic and International Studies, Post – Soviet Prospects, 3 (October 1995), 2; New York Times, 20 December 1994, p. A14.

29. Hill, Russia's Tinderbox, p. 4; Dmitry Temin, "Decision Time for Russia," Moscow Times, 3 February 1995, p. 8.

30. New York Times, 7 March 1992, p. 3; 24 May 1992, p. 7; Boston Globe, 5 February 1993, p. 1; Bahri Yiimaz, "Turkey's New Role in International Politics," Aussenpolitik, 45 (January 1994), 95; Boston Globe, 7 April 1993, p. 2.

31. Boston Globe, 4 September 1993, p. 2; 5 September 1993, p. 2; 26 September 1993, p. 7; New York Times, 4 September 1993, p. 5; 5 September 1993, p. 19; 10 September 1993, p. A3.

32. New York Times, 12 February 1993, p. A3; 8 March 1992, p. 20; 5 April 1993, p. A7; 15 April 1993, p. A9; Thomas Goltz, "Letter from Eurasia: Russia's Hidden Hand," Foreign Policy, 92 (Fall 1993), 98 – 104 ; Hill and jewett, Back in the USSR, p. 15.

33. Fiona Hill and Pamela Jewett, Back in the USSR: Russia's Intervention in the Internal Affairs of the Former Soviet Republics and the Implications for the United States Policy Toward Russia (Harvard University, John F. Kennedv School of Government, Strengthening Democratic Institutions Project, January 1994), P. 10.

34. New York Times, 22 May 1992, p. A29; 4 August 1993, p. A3; 10 July 1994, p. E4; Boston Globe, 25 December 1993, p. 18; 23 April 1995, pp. 1, 23.

35. Flora Lewis, "Between TV and the Balkan War," Germany New Perspectives Quarterly, 11 (Summer 1994), 47. Hanns W. Maull, "in the Yugoslav Crisis," Survival, 37 (Winter 1995 – 96), 112; Wolfgang Krieger , "Toward a Gaullist Germany? Some Lessons from the Yugoslav Crisis," World Policy Journal, 11 (Spring 1994), 31 – 32.

36. Misha Glenny, "Yugoslavia: The Great Fall," New York Review of Books, 23 March 1993, p. 61; Pierre Behar, "Central Europe: The New Lines of Fracture," Geopolitique, 39 (Autumn 1994), 44.

37. Pierre Behar, "Central Europe and the Balkans Today: Strengths and Weaknesses," Geopolitique, 35 (Autumn 1991), p. 33; New York Times, 23 September 1993, p. A9; Washington Post, 13 February 1993, p. 16; Janusz Bugajski, "The Joy of War," Post – Soviet Prospects, (Center for Strategic and International Studies), 18 March 1993, p. 4.

38. Dov Ronen, The Origins of Ethnic Conflict: Lessons from Yugoslavia (Australian National University, Research School of Pacific Studies, Working Paper No. 155, November 1994), pp. 23 – 24; Bugajski, "Joy of War," p. 3.

39. New York Times, 1 August 1995, p. A6; 28 October 1995, pp. 1, 5; 5 August 1995, p. 4; Economist, 11 November 1995, pp. 48 – 49.

40. Boston Globe, 4 January 1993, p. 5; 9 February 1993, p.6; 8 September 1995, p.7; 30 November 1995, p. 13; New York Times, 18 September 1995, p. A6; 22 June 1993, p. A23; Janusz Bugajski, "Joy of War," p.4.

41. Boston Globe, 1 March 1993, p. 4; 21 February 1993, p.11; 5 December 1993, p. 30; Times (London), 2 March 1993, p. 14; Washington Post, 6 November 1995, p. A15.

42. New York Times, 2 April 1995, p. 10; 30 April 1995, p. 4; 30 July 1995, p. 8; 19 November 1995, p. E3.

43. New York Times, 9 February 1994, p. A12; 10 February 1994, p. A1; 7 June 1995, p. A1; Boston Globe, 9 December 1993, p. 25; Europa Times, May 1994, p. 6; Andreas Papandreou, "Europe Turns Left," New Perspectives Quarterly, 11 (Winter 1994), 53.

44. New York Times, 10 September 1995, p. 12; 13 September 1995, p. All; 18 September 1995, p. A6; Boston Globe, 8 September 1995, p. 2; 12 September 1995, p.1; 10 Septemiber 1995, p. 28.

45. Boston Globe, 16 December 1995, p. 8; New York Times, 9 July 1994, p. 2.

46. Margaret Blunden, "Insecurity on Europe's Southern Flank,'"Survival, 36 (Summer 1994), 145; New York Times, 16 December 1993, p. A7.

47. Fouad Ajami, "Under Western Eyes: The Fate of Bosnia" (Report prepared for the International Commission on the Balkans of the Carnegie Endowment for International Peace and The Aspen Institute, April 1996), pp. 5ff.; Boston Globe, 14 August 1993, p. 2; Wall Street Journal, 17 August 1992, p. A4.

48. Yilmaz, "Turkey's New Role," pp. 94, 97.

49. Janusz Bugajski, "Joy of War," p. 4; New York Times, 14 November 1992, p.5; 5 December 1992, p. 1; 15 November 1993, p. 1; 18 February 1995, p. 3; 1 December 1995, p. A14; 3 December 1995, p.1; 16 December 1995, p. 6; 24 January 1996, pp. AI, A6; Susan Woodward, Balkan Tragedy: Chaos and Dissolution After the Cold War (Washington, D. C.: Brookings Institution, 1995), pp. 356 – 357; Boston Globe, 10 November 1992, p. 7; 13 July 1993, p.10; 24 June 1995, p.9; 22 September 1995, pp. 1, 15; Bill Gertz, Washington Times, 2 June 1994, p. A1.

50. Jane's Sentinel, cited in Economist, 6 August 1994, p. 41; Economist, 12 February 1994, p. 21; New York Times, 10 September 1992, p. A6; 5 December 1992, p. 6; 26 January 1993, p. A9; 14 October 1993, p. A14; 14 May 1994, p 6; 15 April

1995, p. 3; 15 June 1995, p. A12; 3 February 1996, p. 6; Boston Globe, 14 April 1995, p. 2; Washington Post, 2 February 1996, p.1.

51. New York Times, 23 January 1994, p. 1; Boston Globe, 1 February 1994, p. 8.

52. On American acquiescence in Muslim arms shipments, see New York Times, 15 April 1995, p. 3; 3 February 1996, p. 6; Washington Post, 2 February 1996, p. 1; Boston Globe, 14 April 1995, p . 2.

53. Rebecca West, Black Lamb and Grey Falcon: The Record of a Journey through Yugoslavia in 1937 (London: Macmillan, 1941), p. 22 quoted in Charles G. Boyd, "Making Peace with the Guilty: the Truth About Bosnia ," Foreign Affairs, 74 (Sept. / Oct. 1995), 22.

54. Quoted in Timothy Garton Ash, "Bosnia in Our Future," New York Review of Books, 21 December 1995, p. 27; New York Times, 5 December 1992, p. 1.

55. New York Times, 3 September 1995, p. 6E; Boston Globe, 11 May 1995 , p.4.

56. See U.S. Institute of Peace, Sudan: Ending the War, Moving Talks Forward (Washington, D.C. : U.S. Institute of Peace Special Report, 1994) ; New York Times, 26 February 1994, p.3.

57. John J. Maresca, War in the Caucasus (Washington: United States Institute of Peace, Special Report, no date), p. 4.

58. Robert D. Putnam, "Diplomacy and Domestic Politics: The Logic of Two Level Games," International Organization, 42 (Summer 1988), 427 – 460; Samuel P. Huntington, The Third Wave: Democratization in the Late Twentieth Century (Norman, OK: University of Oklahoma Press, 1991), pp .121 – 163.

59. New York Times, 27 January 1993, p. A6; 16 February 1994, p.47. On the Russian February 1994 initiative, see generally Leonard J. Cohen, "Russia and the Balkans: Pan – Slavism, Partnership and Power," International Journal, 49 (August 1994), 836 – 845.

60. Economist, 26 February 1994, p. 50.

61. New York Times, 20 April 1994, p. A1 2; Boston Globe, 19 April 1994 , p.8.

62. New York Times, 15 August 1995, p.13.

63. Hill and Jewitt, Back in the USSR, p. 12; Paul Henze, Georgia and Armenia – Toward Independence (Santa Monica, CA: RAND P – 7924, 1995), p. 9; Boston Globe, 22 November 1993, p. 34.

## ئون ئىككىنچى باب

1. Arnold J. Toynbee, A Study of History (London: Oxford University Press, 12 vols., 1934 – 1961), VII, 7 – 17; Civilization on Trial: Essays (New York: Oxford University Press, 1948), 17 – 18; Study of History, IX, 421 – 422.
2. Matthew Melko, The Nature of Civilizations (Boston: Porter Sargent, 1969), p. 155.
3. Carroll Quigley, The Evolution of Civilizations: An Introduction to Historical Analysis (New York: Macmillan, 1961), pp. 146ff.
4. Quigley, Evolution of Civilizations, pp. 138 – 139, 158 – 160.
5. Mattei Dogan, "The Decline of Religious Beliefs in Western Europe," International Social Science Journal, 47 (Sept. 1995), 405 – 419.
6. Robert Wuthnow, "Indices of Religious Resurgence in the United States, " in Richard T. Antoun and Mary Elaine Hegland, eds., Religious Resurgence; Contemporary Cases in Islam, Christianity, and Judaism(Syracuse: Syracuse University Press, 1987), pp. 15 – 34. Economist, 8(July 1995), 19 – 21.
7. Arthur M. Schlesinger, Jr., The Disuniting of America: Reflections on a Multicultural Society (New York: W. W. Norton, 1992), pp. 66 – 67, 123.
8. Quoted in Schlesinger, Disuniting of America, p. 118.
9. Gunnar Myrdal, An American Dilemma (New York: Harper & Bros., 1944), 1, 3. Richard Hofstadter quoted in Hans Kohn, American Nationalism: An Interpretive Essay (New York: Macmillan, 1957), p. 13.
10. Takeshi Umehara, "Ancient Japan Shows Post – Modernism the Way" New Perspectives Quarterly, 9 (Spring 1992), 10.
11. James Kurth, "The Real Clash," National Interest, 37 (Fall 1994), 3 – 15.
12. Malcolm Rifkind, Speech, Pilgrim Society, London, 15 November 1994 (New York: British Information Services, 16 November 1994), p. 2.
13. International Herald Tribune, 23 May 1995, p. 13.
14. Richard Holbrooke, "America: A European Power," Foreign Affairs, 74 (March/April 1995), 49.
15. Michael Howard, America and the World (St. Louis: Washington University, the Annual Lewin Lecture, 5 April 1984), p. 6.
16. Schlesinger, Disuniting of America, p. 127.
17. For a 1990s statement of this interest, see "Defense Planning Guidance for the Fiscal Years 1994 – 1999," draft, 18 February 1992; New York Times, 8 March 1992, p.

14.

18. Z. A. Bhutto, If I Am Assassinated (New Delhi: Vikas Publishing House, 1979), pp. 137 – 138, quoted in Louis Delvoie, "The Islamization of Pakistan's Foreign Policy," International Journal, 51 (Winter 1995 – 96), 133.

19. Michael Walzer, Thick and Thin: Moral Argument at Home and Abroad(Notre Dame: University of Notre Dame Press, 1994), pp. 1 – 11.

20. James Q. Wilson, The Moral Sense (New York: Free Press, 1993), p. 225.

21. Government of Singapore, Shared Values (Singapore: Cmd. No. 1 of 1991, 2 January 1991), pp. 2 – 10.

22. Lester Pearson, Democracy in World Politics (Princeton: Princeton University Press, 1955), pp. 83 – 84.

# تۇران سودا چەكلىك شىركىتى نەشرگە ئۇيۇشتۇرغان كىتابلار

## ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئەرلەر كېسەللىكلىرىنى داۋالاش

بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئەرلەر كېسەللىكلىرىگە دېئاگنوز قويۇش ۋە ئەرلەر كېسەللىكلىرىنى ئائىلىدە داۋالاشنىڭ 58 خىل ئاددىي ئۇسۇلى، 92 خىل ئاددىي دورا ئۇسخىسى، 80 خىل مۇرەككەپ دورا ئۇسخىسى قاتارلىق مەزمۇنلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

## كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى

بۇ كىتاب پەرزەنتلەرنىڭ دەسلەپكى تەربىيىسىگە دائىر ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا كارل ۋىتېرنىڭ ئوغلى كىچىك كارلنى ھامىلە ۋاقتىدىن باشلاپ 14 ياشقىچە بولغان تەربىيىلەش جەريانى ۋە ئۇسۇلى بايان قىلىندۇ.

## چىرايلىق ئىملا مەشقى

بىرىنچى قىسمىدا ئۇيغۇر تىلى ھەرپلىرىنى، ئىككىنچى قىسمىدا بوغۇم ۋە سۆزلەرنى، ئۈچىنچى قىسمىدا تاللانغان تېكىستلەرنى ئىملاپ يېزىش ئارقىلىق تېز ساۋات چىقىرىش ۋە خەتنى چىرايلىق، ئۆلچەملىك يېزىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ياخشى قوللانما.

## مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇتلۇقىمىز

بۇ كىتابقا ئابدۇرېھىم دۆلەتنىڭ ئىلگىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان «ئەمدى قانداق قىلىمىز؟»، «مائاشلىقلار قانداق ياشاۋاتىدۇ؟»، «ئىلىم كۆكىدىكى گىگانت چولپان»، «مەۋجۇتلۇق نېمىلەرگە باغلىق؟»، «بىلىم ھەققىدە ئويلىغانلىرىم» قاتارلىق يېڭى ماقالىلىرى كىرگۈزۈلگەن.

**ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 0903-2024884**

**تۇران لايىھىلەش مەركىزى تېلېفون نومۇرى: 0991-8205391**

URL: http//www.buyukturan.com, E-mail: info@buyukturan.com

本书根据新华出版社 2002 年1月第三版 2002 年1月第一次印刷本版翻译出版。

بۇ كىتاب شىنخۇا نەشرىياتىنىڭ 2002- يىلى 1- ئاي 3- نەشرى، 2002- يىلى 1- ئاي 1- باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئەزىز تۇردى**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ھەجەرگۈل تۇرسۇن**
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: **تۇران**

SUB
217
2005

# مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى

ئاپتورى: سەيمىل خانتىڭتون (ئامېرىكا)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئادىل ئابدۇقادىر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 22 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2003- يىلى 11- ئاي 1- نەشرى
2003- يىلى 11- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000
ISBN 7-228-08373-3
باھاسى: 25.00 يۈەن

1977- يىلىغا قەدەر مەزكۇر ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن. سەيمىل خانتىڭتون سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە دۇنيادىكى ھەر قايسى سىياسىي پىكىر مۇنبەرلىرىدە دائىم تىلغا ئېلىنىپ تۇرۇدىغان شەخس بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ كوسوۋو توقۇنۇشى، 11- سىنتەبىر ۋەقەسى قاتارلىق زور ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى ئاپتورنىڭ بۇ كىتابتا ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرىنى ئىسپاتلاپ، دۇنيا سىياسىيسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى.

سىز سېتىۋالغان كىتابتا بېسىش، تۈپلەش جەھەتلەردە خاتالىقلار كۆرۈلسە بىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ، ئالماشتۇرۇپ بېرىمىز.

سېتىۋالغاندا ساختىلىقتىن ساقلىنىش بەلگىسىگە دىققەت قىلىڭ.

تېلېفون: 0991 - 8205391
URL:http://www.buyukturan.com
E-mail: info@buyukturan.com

ÜBERREICHT VON DER
DEUTSCHEN
FORSCHUNGSGEMEINSCHAFT

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: تۇران

● «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» ناملىق كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىشى دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمىلىق نەزەر بىلەن كۆزىتىدىغان كىشىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك، ئۈنۈملۈك رول ئوينىغۇسى.

*—— ئابدۇقادىر جالالىدىن*

● بۇ بىر ئەقلىي رەۋىشتىكى نادىر ئەسەر، ئۇنىڭ پىكرى يارقىن، تەسەۋۋۇرى مول، كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان بولۇپ، بىزنىڭ خەلقئارادىكى ئىشلارنى چۈشىنىشىمىزدە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ .

*—— ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسى ـ برژىنىسكىي*

● خانتىڭتون غەربتىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر سىياسىيئونلارنىڭ بىرى. ئۇ نۆۋەتتىكى يەر شارى سىياسىيسىنىڭ رېئاللىقىنى چۈشىنىشتە پەۋقۇلئاددە چاقىرىق خاراكتېرلىك ئانالىز رامكىسىنى تەمىن ئەتتى.

*—— ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى باش كاتىپى ـ ھېنرىي كىسىنگىر*

● بۇ كىتابتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، پارس قولتۇقى ئۇرۇشى، كوسوۋودىكى ئۈچ تەرەپ توقۇنۇشى، 11- سېنتەبىر ۋەقەسى، ئامېرىكىنىڭ ئىراققا ھۇجۇم قىلىشى، ئافغانىستان ئۇرۇشى ... قاتارلىقلارنىڭ ماھىيەتلىك ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلىۋالايسىز ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى، يېڭى تەرتىپى ھەققىدە يېڭى چۈشەنچىگە ۋە ئۇلارنى ئىلمىي پەرەز قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيسىز.

ISBN 7-228-08373-3

ISBN 7-228-08373-3
(民文) 定价:25.00元